ئىنسانلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

ساپىيانس

يۇۋال نوھ ھارارى

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

تارىخ يىلنامىسى
(قەدىمدىن بۈگۈنگە قەدەر)

13 مىليارد 500 مىليون يىل: ماددا ۋە ئېنېرگىيە پەيدا بولدى؛ فىزىكىنىڭ باشلىنىشى. ئاتوم ۋە مولېكۇلالار پەيدا بولدى؛ خىمىيەنىڭ باشلىنىشى.

4 مىليارد 500 مىليون يىل: يەر شارىنىڭ شەكىللىنىشى.

3 مىليارد 800 مىليون يىل: جانلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى. بىيولوگىيەنىڭ باشلىنىشى.

6 مىليون يىل: ئىنسانلار ۋە شىمپەنزەلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورتاق ئانىسى (ئەجدادى).

2 مىليون 500 مىڭ يىل: ئافرىقىدا هومونىدلار (ئادەم تۈرى) نىڭ تەدرىجىي يېتىلىشى. تۇنجى تاش قوراللار.

2 مىليون يىل: ئىنسانلارنىڭ ئافرىقىدىن ياۋروئاسىياغا تارىلىشى. ئوخشىمىغان ئىنسان تۈرلىرىنىڭ تەدرىجىي يېتىلىشى.

500 مىڭ يىل: نېئاندېرتاللارنىڭ ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرققە تارىلىشى.

300 مىڭ يىل: ئوتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشى.

200 مىڭ يىل: ساپىيانسلار (ئەقىللىق ئادەم)نىڭ شەرقىي ئافرىقىدا تەدرىجىي يېتىلىشى.

70 مىڭ يىل: ئەقىل (بىلىش) ئىنقىلابى. خىيالىي تىلنىڭ بارلىققا كېلىشى. تارىخنىڭ باشلىنىشى. ساپىيانسلارنىڭ ئافرىقىدىن سىرتقا تارىلىشى.

45 مىڭ يىل: ساپىيانسلارنىڭ ئاۋىستىرالىيەگە ماكانلىششى. ئاۋىستىرالىيەدىكى غايەت زور هايۋانلارنىڭ قىرىلىپ كېتىشى.

30 مىڭ يىل: نېئاندېرتاللارنىڭ قىرىلىپ كېتىشى.

16 مىڭ يىل: ساپىيانسلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە ماكانلىششى. ئامېرىكىدىكى غايەت زور هايۋانلارنىڭ قىرىلىپ كېتىشى.

13 مىڭ يىل: فلورېس ئادىمىنىڭ قىرىلىپ كېتىشى. ساپىيانسلارنىڭ هايات قالغان بىردىنبىر ئىنسان تۈرىگە ئايلىنىشى.

12 مىڭ يىل: يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى. ئۆسۈملۈك ۋە هايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى. مۇقىم ئولتۇراقلىششى.

5 مىڭ يىل: تۇنجى پادىشاھلىقلار، يېزىق ۋە پۇل. كۆپ ئىلاهلىق دىنلار.

4250 يىل: تۇنجى ئىمپېرىيە — سارگوننىڭ ئاككاد ئىمپېرىيەسى.

2500 يىل: تەڭگىنىڭ كەشپ قىلىنىشى — ھەممباپ پۇل. پارس ئىمپېرىيەسى — «بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن» قۇرۇلغان ئومۇمىي سىياسىي تۈزۈم. ھىندىستاندا بۇددا دىنى — «بارلىق جانلىقلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش» ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي ھەقىقەت.

2000 يىل: خىتايدا خەن ئىمپېرىيەسى. ئوتتۇرا دېڭىزدا رىم ئىمپېرىيەسى. خرىستىيان دىنى.

1400 يىل: ئىسلام دىنى.

500 يىل: ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابى. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشىشكە باشلىدى. ياۋروپالىقلار ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئوكيانلارنى بويسۇندۇرۇشقا باشلىدى. پۈتكۈل يەر شارى بىر پۈتۈن تارىخىي سەھنىگە ئايلاندى. كاپىتالىزمنىڭ قەد كۆتۈرۈشى.

200 يىل: سانائەت ئىنقىلابى. ئائىلە ۋە مەھەللىنىڭ ئورنىنى دۆلەت ۋە بازار ئىگىلىدى. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قىرىلىپ كېتىشى.

ھازىر: ئىنسانلار يەر شارىنىڭ چېگرالىرىدىن ھالقىپ چىقتى. يادرو قورالىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سالماقتا. جانلىقلارنىڭ شەكلى تەبىئىي تاللىنىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بارغانسېرى ئەقلىي لايىھەلەش ئارقىلىق بەلگىلەنمەكتە.

كەلگۈسى: ئەقلىي لايىھەلەش ھاياتلىقنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئايلىنامدۇ؟ ساپىيانسلارنىڭ ئورنىنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنسانلار ئىگىلەمدۇ؟

بىرىنچى قىسىم

ئەقىل ئىنقىلابى

1. تەخمىنەن 30 مىڭ يىل ئىلگىرى فرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كاۋېت پونت قەدىمىي غارىنىڭ دىۋارىغا قالدۇرۇلغان ئادەمزات ئىزى، بىرسى گويا «مەن بۇ يەردە!» دېمەكچى بولغان.

1. ئەرزىمەس بىر هايۋان

تەخمىنەن 13.5 مىليارد يىل ئاۋۋال بىگ باڭ دەيدىغان بىر نەرسە بىلەن ماددا، ئېنېرگىيە، زامان ۋە ئالەم ئوتتۇرىغا چىقتى. ئالەممىزنىڭ بۇ خىل شەكىللىنىش ھېكايىسىنى فىزىكا دەپ ئاتايمىز.

بۇلار ئوتتۇرىغا چىقىپ تەخمىنەن 300 مىڭ يىلدىن كېيىن ماددا، ئېنېرگىيە، ئاتوم دەيدىغان تېخىمۇ مۇرەككەپ نەرسىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرلىشىپ مالېكۇلىلارنى شەكىللەندۇردى. ئاتوملار، مالېكۇلىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەسىرلەرنىڭ ھېكايىسىنى خىمىيە دەپ ئاتايمىز.

تەخمىنەن، 3.8 مىليارد يىل ئاۋۋال، دۇنيا دەپ ئاتالغان سەييارىدە بەزى مالېكۇلىلار ئورگانىزم دەپ ئاتىلىدىغان تېخىمۇ كەڭ ۋە مۇرەككەپ بىرىكمىلەرنى ـ جانلىقلارنى شەكىللەندۇردى، بۇلارنىڭ ھېكايىسىنى بىئولوگىيە دەپ ئاتايمىز.

تەخمىنەن 70 مىڭ يىل ئاۋۋال ھومو ساپىيانسقا مەنسۇپ جانلىقلار كۇلتۇر دەپ ئاتىلىدىغان تېخىمۇ مۇرەككەپ سىستېما شەكىللەندۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ داۋاملاشقان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تارىخ دەپ ئاتايمىز.

تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم ئىنقىلاب تارىخنىڭ جەريانىنى شەكىللەندۇردى: تەخمىنەن 70 مىڭ ئاۋۋال باشلانغان ئاڭ ـ ئەقىل ئىنقىلابى، 12 مىڭ يىل ئاۋۋال بۇنى تېزلەشتۇرگەن تېرىقچىلىق ئىنقىلابى ۋە بۇ تارىخنى ئاياغلاشتۇرۇپ يېپيېڭى بىر دەۋرنى مەيدانغا كەلتۇرگەن، 5 مىڭ يىل ئاۋۋال باشلانغان بىلىم ئىنقىلابى. بۇ كىتاب بۇ ئۈچ ئىنقىلابنىڭ ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھېكايىسىنى بايان قىلىدۇ.

*****

تارىختىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار مەۋجۇت ئىدى. ھازىرقى ئىنسانلارغا ئوخشايدىغان ھايۋانلار تۇنجى بولۇپ تەخمىنەن 2.5 مىليون يىل ئاۋۋال مەيدانغا كەلدى. ئەمما ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نۇرغۇن يىللار ياشاپمۇ، شۇ جايدا ياشىغان باشقا جانلىقلاردىن ئايرىلىپ چىقالمىدى.

2 مىليون يىل ئاۋۋال شەرقىي ئافرىقىنى ساياھەت قىلغان بولسىڭىز، كۆپلىگەن تونۇش ئىنسان تىپلىرىنى——بالىلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ئەنسىز ئانىلارنى، پاتقاقتا ئويناۋاتقان بالىلارنى ، قۇلاقىنىڭ تىنچلىقىنى خالايدىغان قېرىلارنى، جامائەت نىزامىغا بويسۇنمايدىغان ياشلارنى، ئادەم باشقۇرۇپ كۆنۈپ كەتكەن كاتىۋاشلارنى، مەھەللە گۈزەللىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن مۇسكۇل چىقىرىپ يۈرگەن پالۋانلارنى ئۇچراتقان بولاتتىڭىز. بۇ قەدىمي ئىنسانلار بىرلىرىگە ئاشىق بولدى، بىر ـ بىرى بىلەن دوستلاشتى، ئويۇن ـ تاماشا قىلدى، ھوقۇق ـ مەرتىۋە ئۈچۈن سوقۇشتى. ئەمما بۇلارنى شىمپانزىلار، ئىتباش مايمۇنلار ۋە پىللارمۇ قىلاتتى. ئىنسانلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى. ئىنسان نەسلىدىن بولغانلارنىڭ

بىر كۈنى ئايغا چىقىپ ماڭىدىغانلىقىنى، ئاتومنى پارچىلايدىغانلىقىنى، گېن شىفىرىسىنى يېشىدىغانلىقىنى ۋە تارىخ كىتابىنى يازىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى. تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلارغا ئائىت بىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نەرسە شۇكى، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدا گورىللا، پارقىراق قوڭغۇز ۋە دېڭىزدىكى مېدوزىلاردىن ئۆتە تەسىر پەيدا قىلالمايدىغان ئادەتتىكى ھايۋانلار ئىدى.

بىئولوگلار جانلىقلارنى تۈرلەرگە بۆلىدۇ. ئەگەر ھايۋانلار بىر ـ بىر بىلەن جۈپلىشىپ نەسىل قالدۇرالىسا، بىر تۈرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ. كېلىپ چىقىش جەھەتتىن، ئات بىلەن ئېشەكنىڭ ئەجدادى بىر ھېسابلىنىدۇ ھەمدە بۇ ئىككى ھايۋان كۆپ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلىشىشكە قىزىقمايدۇ. ئەگەر قىزىقتۇرۇلسا، بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلىشىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن قېچىر دېگەن قىسىر ئەۋلادى تۇغۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئېشەكنىڭ DNA سىدىكى مۇتاسيونلار (توساتتىن ئۆزگىرىشلەر) ئاتلارغا ئەسلا ئۆتمەيدۇ، ئاتنىڭمۇ ئېشەكلەرگە ئۆتمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى تىپ ھايۋان ئايرىم تۈرلەر بولۇپ تەرەققىي قىلغان دەپ قارىلىدۇ.

بۇنىڭغا باققاندا، بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان بۆرە ئىت بىلەن تايغان بىر تۈرگە مەنسۇپ ۋە ئوخشاش DNA غا ئىگە. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلىشىدۇ ۋە كۈچۈكلىرىمۇ باشقا ئىتلار بىلەن جۈپلىشىپ، باشقا كۈچۈكلەرنى تۇغىدۇ.

ئەجدادى بىر بولغان تۈرلەر «ئۇرۇقداش» نامى ئاستىدا جەملىنىدۇ. شىرلار، قاپلانلار، يىلپىزلار، ئامېرىكا يولۋىسى قاتارلىقلار يىلپىز ئۇرۇقدىشىغا تەۋە تۈرلەر ھېسابلىنىدۇ. بىئولوگلار جانلىقلارنى ئىككى تەركىپتىن تۈزۈلگەن لاتىنچە ئىسىم بىلەن ئاتىغان بولۇپ، ئالدىنقىسى ئۇرۇق، كېيىنكىسى تۈر. مەسىلەن، شىرلارنى **Panthera Leo** ، يەنى يىلپىز ئۇرۇقدىشىنىڭ شىر تۈرى دەپ ئاتىغان. بۇ كىتابنى ئوقۇغانلارنى ھومو ساپىيانس (**Homo sapiens**) دېسەك، ئۇلار ھومو (ئىنسان) ئۇرۇقدىشىنىڭ ساپىيانس (ئەقىللىق) تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرۇقداشلارمۇ ئۆز ئىچىدە ئائىلەلەرگە ئايرىلىدۇ، مەسىلەن شىرلار، قاپلانلار، ئۆي مۈشۈكلىرى مۈشۈك ئائىلىسىگە كىرىدۇ؛ پىللار، ئۇزۇن تۈكلۈك پىللار (ماموتلار)، ئۇزۇن چىشلىق پىللار (ماستودونلار) پىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ قانداشلىقى ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بىر ئاتا ياكى ئانىغا تايىنىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ كىچىك ئۆي مۈشۈكىدىن تارتىپ ئەڭ ۋەھشى ئارسلانغىچە ھەممىسى 25 مىڭ يىل ئاۋۋال ياشىغان بىر مۈشۈك ئاتىدىن كەلگەن.

ھومو ساپىيانسمۇ بىر ئائىلىگە مەنسۇپ. بۇ بىلىم تارىختىن بېرى سىر بولۇپ ساقلانغان ئەڭ ئادەتتىكى بىلىم ئىدى. ھومو ساپىيانس ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئۆزىنى باشقا ھايۋانلاردىن ئايرىم، ئائىلىسىز (قەۋم ـ قېرىندىشى، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى يوق) بىر يېتىمدەك كۆردى. ئەمما ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى. نېمىلا بولسا بولسۇن، بىز ئىنسانلار چوڭ مايمۇنلار دەپ

ئاتالغان غەۋغاچى بىر توپنىڭ ئەزالىرى. ھازىرغىچە ياشاۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز ئارىسىدا شىمپانزا، گورىللا ۋە ئورانگوتانلار بار؛ شىمپانزىلار بولسا بىزگە ئەڭ يېقىنلىرىدۇر. 6 مىليون يىل ئىلگىرى بىر چىشى مايمۇننىڭ ئىككى قىزى تۇغۇلدى، بۇلاردىن بىرى بارلىق شىمپانزىلارنىڭ ئاتىسىنى تۇغدى، يەنە بىرى بولسا بىزنىڭ چوڭ ئانىمىز بولدى.

ئىشكاپتىكى ئىسكېلىتلار

ھومو ساپىيانس بىزنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدىغان بىر سىر ساقلاۋاتاتتى. بىر زامانلاردا باشقا كۆپلىگەن تاغىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە، بىزنىڭ بىر قانچە ئوغۇل ۋە قىز قېرىنداشلىرىمىز بار ئىدى؛ ئۆزىمىزنى بىردىنبىر ئىنسان تۈرى دەپ بىلەتتۇق، چۈنكى ئاخىرقى 10 مىڭ يىلدا تۈرىمىز ھەقىقەتەن دۇنيادىكى بىردىنبىر ئىنسان تۈرى ئىدى. ئەسلىدىمۇ «ئىنسان» دېگەن سۆز ھەقىقەتەن «ھومو ئۇرۇقىدىكى مەنسۇپ بىر ھايۋان» دېگەنلىك بولاتتى ۋە قەدىمدە بۇ ئۇرۇقداش تەۋەلىكىدە ھومو ساپىيانستىن باشقا كۆپلىگەن تۈرلەر مەۋجۇت ئىدى. كىتابنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا، ساپىيانس بولمىغان ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمىز. بۇ ئىككىسىنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن، «ساپىيانس» ئاتالغۇسىنى ھومو ساپىيانس (ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىق تۈرى) ئەزالىرىنى ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىمەن، «ئىنسان» ئاتالغۇسىنى بولسا، ھومو ئۇرۇقىدىشنىڭ قەدىمكى ئەزالىرىنى ئاتاش ئۈچۈن قويۇپ قويىمەن.

ئىنسانلار تۇنجى بولۇپ، 2.5 مىليون ئىلگىرى شەرقىي ئافرىقىدا «جەنۇب مايمۇنى» مەنىسىدە كەلگەن ئاۋسترالوپىتىكوس (**Australopithecus**) نامى بېرىلگەن مايمۇن ئۇرۇقىدىشىدىن كېلىپ چىققاندى. تەخمىنەن 2 مىليون ئىلگىرى بۇ قەدىمقى ئەرلەر ۋە ئاياللاردىن بەزىلىرى يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ، شىمالىي ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كۆچتى. شىمالىي ياۋروپانىڭ قارلىق ئورمانلىقلىرىدا ھايات ياشاش، ھىندونېزىيەنىڭ نەم جاڭگاللىقلىرىدا تىرىك قېلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش ئۈچۈن، ئىنسان گۇرۇپپىلىرى ئۆزىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. نەتىجىدە ھەر خىل تۈرلەر مەيدانغا كەلدى، ئالىملار ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە دەبدەبىلىك لاتىنچە ئىسىملار قويىدى.

2. قىياسەن سىزىلغان قېرىنداشلىرىمىز (سولدىن ئوڭغا) : هومو رودولفېنسىس (شەرقىي ئافرىقا)؛ هومو ئېرېكتوس (شەرقىي ئاسىيا)؛هومو نىياندېرتالېنسىس (ياۋروپا بىلەن غەربىي ئاسىيا).ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئىدى.

ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئىنسانلار ئاساسەن «نىياندېرتاللار» دەپ ئاتالغان هومو نىياندېرتالىلقلار **(Homo Neanderthals)** ، يەنى «نىياندېرتال ۋادىسى ئىنسانلىرى» غا ئايلاندى. نىياندېرتاللار ساپىيانسلاردىن كۈچلۈك، مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان ۋە مۇز ئېراسىنىڭ غەربىي ياۋرو ـ ئاسىيا ئىقلىمغا ماسلاشقاندى. ئاسىيانىڭ يىراق شەرق تەرەپلىرىدە «ئۆرە ئادەم» مەنىسىدىكى هومو ئېرېكتوس **(Homo Erectors)** ماكانلاشقاندى. ئۇلار بۇ جايلاردا 2 مىليون يىلغا يېقىن ياشاپ، بۇگۈنگىچە كۆرۈلگەن ئەڭ چىداملىق ئىنسان تۈرى بولدى. بۇ رېكورتنى بىزنىڭ تۈرىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ بۇزالىشى خېلىلا قىيىن بولسا كېرەك. هومو ساپىيانسنىڭ ئۇ جايلاردا مىڭ يىل ياشىيالىشىمۇ ناتايىن. شۇ سەۋەبتىن 2 مىليون يىل ياشاش بىزلەر مۇۋەپپەق بولالايدىغان ئىش ئەمەس.

ھىندونېزىيەدىكى جاۋا ئارىلىدا «سولو ۋادىسىدىكى ئىنسان» مەنىسىدىكى «هومو سولېنسىس»لار ياشايتتى. بۇ ئىنسانلار تروپىك ئىقلىمغا ماسلاشقاندى. ھىندونېزىيەنىڭ يەنە بىر ئارىلى بولغان فلورىستا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار كىچىكلەش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. دېڭىز سۇلىرى تېيىز ۋاقىتدا ئىنسانلار فلورېس ئارىلىغا كەلدى، ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ ئارالغا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئاسانلا كېلەلەيتتى. دېڭىز سۇلىرى قايتا ئۆرلىگەندە بەزى ئىنسانلار تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئاش ـ ئوزۇق كەم بولغان ئاراللارغا قامىلىپ قالدى، قورساققا كۆپ يەيدىغان بەستلىك ئىنسانلار ئاۋۋال ئۆلدى، ۋىجىك ئىنسانلار بولسا ئۇزۇنراق جان ساقلاپ قالدى، شۇنداق قىلىپ فلورىس ئىنسانلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىچىكلەپ باردى. ئالىملار «هومو فلورىس» دەپ ئاتىغان بۇ ئىنسانلارنىڭ بويى ئاران بىر مېتىر كېلەتتى، ئېغىرلىقى 25 كىلوگرامدىن ئاشمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تاشتىن قورال ياسىيالايتتى، بەزىدە ھەتتا شۇ

ئارالدىكى پىللارنى ئوۋلايتتى. (راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ چاغدىكى پىللارمۇ كىچىك ھايۋانلار ئىدى).

2010 ـ يىلى ئالىملار سىبىرىيەدىكى دېنىسوۋا غارىنى قېزىۋاتقاندا، تاشقا ئايلانغان بىر بارماق سۆڭىكىنى بايقىدى ـ دە، يەنە بىر غايىب قېرىنداشىمۇ يوقلىپ كېتىشتىن قۇتۇلدى. گېن ئانالىزى بۇ بارماقنىڭ ئىلگىرى ھېچ مەلۇم بولمىغان بىر ئىنسان تۈرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈرگە «ھومو دېنىسوۋا» دەپ نام بېرىلدى. كىم بىلىدۇ، يەنە قانچە غايىب قېرىندىشىمىز باشقا غارلاردا، ئارالاردا، ھەر خىل ئىقلىمدىكى جايلاردا بىزنىڭ بايقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

بۇ ئىنسانلار ياۋروپا ۋە ئاسىيادا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقاندا، شەرقىي ئافرىقىدىكى تەرەققىياتمۇ داۋاملاشتى. ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكى بولغان بۇ جاي «رۇدولف كۆلى ئىنسانى» مەنىسىدىكى «ھومو رۇدولفېنسىس»، «ئىشچان ئىنسان» مەنىسىدىكى «ھومو ئېرگاستېر» ۋە بىز كەمتەرلىك قىلمايلا «ئەقىللىق ئىنسان» دەپ نام بەرگەن ھومو ساپىيانس قاتارلىق كۆپلىگەن تۈرلەرنىڭ ئانا ماكانى بولۇشنى داۋام قىلدى.

بۇ تۈرلەرنىڭ بەزىلىرى دىۋىدەك يوغان بولسا، بەزىلىرى ۋىجىك ئىدى. بەزىلىرى قارام ئوۋچىلار بولسا، بەزىلىرى مېۋە توپلىغۇچىلار ئىدى. بەزىلىرى بىر ئارالدا ياشىسا، كۆپلىرى قىتئەلەرنى ھالقىدى، ئەمما ھەممىسى ھومو ئۇرۇقدىشىغا مەنسۇپ ئىدى، يەنى ھەممىسى ئىنسان ئىدى.

بۇ تۈرلەرنى بىر تۈز سىزىق بويىچە «ئېرگاستېر» دىن «ئېراكتۇس»قا، ئېراكتۇسدىن نياندېرتاللارغا، نياندېرتاللاردىن بىزگە تەرەققىي قىلدى دەپ ئويلاش خاتادۇر. بۇنداق تۈز سىزىق مودېلى دۇنيادا مەلۇم دەۋردە پەقەت بىرلا ئىنسان تۈرى ياشىغان ۋە باشقا بارلىق ئىنسان تۈرلىرى بىزنىڭ قەدىمقى مودېللىرىمىز دەيدىغان خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا، تەخمىنەن 2 مىليون يىل بۇرۇنقىدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنغىچە دۇنيا بىرلا ۋاقىتتا بەك كۆپ ئىنسان تۈرىنىڭ ماكانى بولدى. نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن؟ بۈگۈن دۇنيادا بەك كۆپ تۈلكە، ئېيىق ۋە چوشقا تۈرى بار. 100 مىڭ يىل بۇرۇنقى دۇنيا ئاز دېگەندە 6 خىل ئىنسان تۈرىنىڭ ماكانى ئىدى. كۆپ تۈرلۈك ئىنسانلار ياشىغان تارىخىمىزغا باققاندا، بۈگۈنكى يالغۇزلۇقىمىز پەۋقۇلئاددە ئايرىم بىر ھالدۇر، بەلكى تەھدىتكاردۇر. كېيىنكى بابتا شۇنى كۆرىسلەركى، ساپىيانس تۈرىمىزنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن قالتىس سەۋەبلىرى بار.

تەپەككۇرنىڭ بەدىلى

بارلىق ئىنسان تۈرلىرى كۆپلىگەن پەرقلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي يەنە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىدى. ئالدى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە چوڭ ئىدى. 60 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئوتتۇرىچە مېڭە ھەجمى 200 كۇپ سانتىمېتىر بولسا، زامانىۋى ساپىيانسنىڭ ئوتتۇرىچە مېڭە ھەجمى 1200 بىلەن 1400 كۇپ سانتىمېتىر ئارىلىقىدا ئىدى.

تەدرىجىي تەرەققىياتتا چوڭ مېڭىلەرنىڭ تاللىنىشى بىزگە ئادەتتىكىچە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەقلىمىزگە شۇ قەدەر ئىشىنىمىزكى، مېڭە قانچە چوڭ بولسا شۇنچە ياخشى دەپ ئويلايمىز. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئىدى، مۈشۈك ئائىلىسىمۇ ھېساب-كىتاب قىلالايدىغان مۈشۈكلەرنى تۇغاتتى. ھايۋاناتلار پادىشاھلىقىدا نېمىشقا ھومو ئۇرۇقدىشى بۇنچە چوڭ تەپەككۇر ئورگانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن بىردىنبىر تۈر بولۇپ قالدى؟

ئەسلىدە چوڭ مېڭە بەدەن ئۈچۈن يۈك دېمەكتۇر، ئۇنى ئېلىپ يۈرۈش، بولۇپمۇ باش سۆڭىكىنىڭ ئىچىدە تۇرغان مېڭىنى ئېلىپ يۈرۈش تېخىمۇ تەس. ھومو ساپىيانسلارنىڭ مېڭىسى ئۇلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئارام ئالغاندا مېڭىسى بەدەن ئېنېرگىيەسىنىڭ 25 پىرسەنتىنى سەرپ قىلسا، باشقا مايمۇنلار ئارام ئالغاندا مېڭىسى بەدەن ئېنېرگىيەسىنىڭ 8 پىرسەنتىنى سەرپ قىلىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلار يوغان مېڭىلىرىنىڭ بەدىلىنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا تۆلىدى، بىرىنچىسى، ئوزۇقلۇق ئىزدەشكە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلدى. ئىككىنچىسى، مۇسكۇللىرى يىگىلەشكە باشلىدى. ئىنسانلار خۇددى دۆلەت مۇداپىئەسىگە كېتىدىغان پۇلنى مائارىپقا سەرپ قىلغان ھۆكۈمەتكە ئوخشاش، ئېنېرگىيەنى ئىككى باشلىق مۇسكۇلدىن مېڭە نېرۋىلىرىغا ماڭدۇردى. تروپىك بەلۋاغ يايلاقلىرىدا ھايات قېلىش ئۈچۈن بۇنىڭ ياخشى ئىستراتېگىيە بولغانلىقى گۇمانلىق. بىر شىمپانزا ھومو ساپىيانس بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇنى يېڭەلمەيدۇ، ئەمما بىر مايمۇن بىر ئىنساننى لاتا قوچاقتەك پارچىلىۋېتىشى مۇمكىن.

بۈگۈن چوڭ مېڭىمىز نۇرغۇن ئىشلارغا يارايدۇ، چۈنكى ئۇ شىمپانزىلاردىن نەچچە ھەسسە تېز ھەرىكەت قىلىشىمىزنى ساقلايدۇ ھەمدە بىز بىخەتەر ئارىلىقتا تۇرۇپ ئۇلارغا ئوق ئاتالايدىغان ماشىنا ۋە قوراللارنى ئىشلەپچىقىرالايمىز. ئەمما ماشىنىلار ۋە قوراللار نىسبەتەن يېڭى نەرسىلەر. 2 مىليون يىلدىن كۆپ ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى بارا-بارا تەرەققىي قىلدى، ئەمما چاقماق تېشىدىن بىر قانچە پىچاق، كالتەك ياسىغاندىن باشقا تۈزۈك نەرسە ياسىيالمىدى. ئۇنداقتا، بۇ 2 مىليون يىلدا ئىنسان مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە ئىدى؟ راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭ جاۋابىنى بىلمەيمىز.

ئىنسانلارغا خاس يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئىككى پۇتلاپ ئۆرە مېڭىشتۇر. ئۆرە ماڭغاندا تروپىك بەلۋاغ يايلاقلىرىدا ئوۋ ھايۋانلىرى ياكى دۈشمەننى ئىزدەش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ؛

مېڭىشقا ھاجىتى قالمىغان قوللار تاش ئېتىش ياكى تەرەپنى ئىشارەت قىلىشقا قوللىنىلىدۇ. قوللىرىمىز تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلغانچە، بۇ قولنىڭ ساھىبلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىشلارغا مۇۋەپپەق بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ بېسىمى ئالقانلاردا ۋە بارماقلاردا تېخىمۇ كۆپ نېرۋا شاخلىرى ۋە مۇسكۇللارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ساقلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۈگۈنكى ئىنسانلار قوللىرى بىلەن تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلارنى قىلالايدىغان، بولۇپمۇ، مۇرەككەپ قورال ـ سايمانلارنى ياساپ، ئۇلارنى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. قورال ـ سايمان ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت دەسلەپكى دەلىللەر 2.5 مىليون يىل بۇرۇنقىغا تەۋە بولۇپ، قورال ـ سايمان ياساش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئارخېئولوگلارنىڭ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆرە مېڭىشنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىمۇ بار. تۇنجى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇستىخانلىرى مىليون يىللار بويىچە تۆت پۇتلاپ ماڭغان، قارىماققا مېڭىسى كىچىك بولغان بىر جانلىقتىن تەرەققىي قىلدى. ئۆرە مېڭىشقا ئۆتۈش قىيىن، بولۇپمۇ بەدەن يوغان بىر باشنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغاندا تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ئىنسانلار كۆرۈش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ماھارەتلىك قوللىرىنىڭ بەدىلىنى بەل ئاغرىقى ۋە بويۇن قېتىش ئازابى بىلەن تۆلىدى.

ئاياللار تېخىمۇ كۆپ بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۆرە مېڭىش ساغرىنىڭ كىچىكلىشىگە ھەم تۇغۇت يولىنىڭ تارىيىشىغا سەۋەب بولدى، يەنە كېلىپ بوۋاقلارنىڭ بېشى بارغانسېرى يوغىنىماقتا ئىدى. تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىش ئاياللار ئۈچۈن جىددىي مەسىلىگە ئايلاندى. بوۋاقلارنىڭ بېشى كىچىك ۋاقتىدىلا بالدۇر تۇغۇۋەتكەن ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ھايات قالدى ۋە كۆپ باللىق بولدى؛ تەبىئىي تاللىنىش مانا مۇشۇ ئۇسۇلدا بالدۇر تۇغقانلارغا ھايات قېلىش پۇرسىتى بەردى. شۇنداق قىلىپ، باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا جان ساقلاش ئىقتىدارى تولۇق يېتىلمىگەن بۇ ئىنسانلار بۇرۇن تۇغىدىغان ھالغا كەلدى. بىر تاي تۇغۇلۇپلا ماڭالايدۇ، بىر ئاسلان تۇغۇلۇپ بىر قانچە ھەپتە بولغاندا، ئانىسى ئوزۇق ئىزدىگىلى كەتكەندە ئۇنى يالغۇز قويالايدۇ. ئىنسان بوۋاقلىرى بولسا نەچچە يىلغىچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېقىشىغا، پەرۋىش قىلىشىغا، تەربىيەلىشىگە مۇھتاجدۇر.

بۇ ئەھۋال ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەسسە قوشتى. يالغۇز ياشايدىغان ئانىلار ئېتەكلىرىنى ئېچىپ، ياردەمگە مۇھتاج بالىلىرى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوزۇق تويلىغىلى چىققاندا كۆپ قىينالدى. بىر بالىنى بېقىش ئۈچۈن ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ۋە قوشنىلاردىن داۋاملىق ياردەم ئېلىش كېرەك ئىدى، شۇ سەۋەبتىن بىر ئىنساننى چوڭ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن بىر قەبىلىگە ئېھتىياج چۈشەتتى. نەتىجىدە، تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا كۈچلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت باغلىيالىغانلار ياردەمگە ئېرىشتى. يەنە كېلىپ، ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، ئۇلارنى باشقا ھايۋانلارغا باققاندا كۆپرەك تەربىيەلەش ھەم ئىجتىمائىي

ئالاقىسىنى كۆپەيتىش ئىمكانى بولدى. كۆپلىگەن سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئانىسىنىڭ قارنىدىن خۇمداندىن چىققان خىشتەك پىشىپ چىقىدۇ؛ ئۇلارنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئىنسانلار بولسا ئانىسىنىڭ قارنىدىن بىر پېچەتىن چىققان ئېرىگەن ئەينەكتەك چىقىدۇ ھەم ئۇلارنى ھەيران قالارلىق ھالدا ھەر خىل شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۈگۈن بالىلىرىمىزنى مۇسۇلمان ياكى بۇددىست، كاپىتالىزىمچى ياكى سوتسىيالىزىمچى، ئۇرۇشپەرەس ياكى تىنچلىقپەرۋەر قىلىپ يېتىشتۈرەلەيمىز.

***

چوڭ مېڭە، قورال ئىشلىتىش، يۇقىرى ئۆگىنىش قابىلىيىتى ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تەشكىللىنى ناھايىتى مۇھىم ئەۋزەللىك دەپ ئويلايمىز ھەم بۇلارنىڭ ئىنساننى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ھايۋان قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. شۇنداقتىمۇ، ئىنسانلار ئاجىز ۋە ئادەتتىكى جانلىقلار بولۇپ ياشىغان 2 مىليون مابەينىدە بۇ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىدى. يەنى 1 مىليون يىل بۇرۇن ياشىغان ئىنسانلار چوڭ مېڭىسى ۋە ئۆچلۈق تاش قوراللىرى بولسىمۇ، ئوۋچى ھايۋانلاردىن قورقۇپ ياشىدى، چوڭ ھايۋانلارنى ئاندا ـ ساندا ئوۋلىغان بولدى، ئەمما ھايات قېلىش ئۈچۈن ئاساسەن گىياھ توپلىدى، قۇرت ـ قوڭغۇز يېدى، كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلىدى ياكى چوڭ ھايۋانلاردىن ئېشىپ قالغان تاپلارنى يېدى.

تاش قوراللىرىنىڭ ئەڭ ئەسقاتىدىغان يېرى سۆڭەكلەرنى چېقىپ يىلىكىنى ئېلىش ئىدى. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كەشپىياتى دەپ قارايدۇ. تۆمۈرتۇمشۇقلار دەرەخ قوۋزاقلىرىنى چوقۇپ، ئىچىدىكى قۇرتلارنى ئېلىشقا قانداق ماھىر بولغان بولسا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارمۇ سۆڭەكلەرنى چېقىپ يىلىكىنى ئېلىشقا شۇنداق ماھىر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنداقتا، نېمىشقا سۆڭەك يىلىكى؟ بىر توپ شىرنىڭ زىراپىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يېگەنلىكىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئۇلار زىراپىنى يەپ بولغىچە بىر ياقتا قاراپ تۇرىسىز. سىزگە تېخى نۆۋەت كەلمىدى، چۈنكى ئارقىدىن بۆرە ـ تۈلكىلەر كېلىپ، ئاشقان ـ تاشقانىنى يەپ تۈگىتىدۇ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايسىز. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن، ئەتراپىڭىزغا ئوبدان قاراپ، ئۆلجىغا يېقىنلىشىپ، ئېشىپ قالغان تاپىتىن يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىسىز.

بۇ ئەھۋال تارىخىمىز ۋە پىسخىكىمىزنى بىلىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. ھومو ئۇرۇقدىشىنىڭ ئوزۇقلۇق زەنجىرىدىكى ئورنى تېخى يېقىنقى دەۋرگىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيەدە ئىدى. ئىنسانلار مىليونلارچە يىل بويى كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلىدى، نېمە تاپسا شۇنى يېدى، شۇنداقلا يىرتقۇچ ھايۋانلار تەرىپىدىن ئوۋلاندى. پەقەت 400 مىڭ يىل ئاۋۋال ئىنسانلار چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا باشلىدى، 100 مىڭ يىل ئاۋۋالقى دەۋرگە كەلگەندە ھومو ساپىيانسنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلۇق زەنجىرىدىكى ئورنى كۆتۈرۈلدى.

ئوزۇقلۇق زەنجىرىدە ئوتتۇرا سەۋىيەدىن يۇقىرى سەۋىيەگە ئۆرلەشنىڭ پايدىسى بولدى. پىرامىدانىڭ چوققىسىدىكى شىر ۋە لەھەڭ قاتارلىق ھايۋانلار بۇ ئورۇنغا مىليون يىل بويى قەدەممۇ قەدەم يۇكسەلگەنىدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىنىڭ كونترول قىلىش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۇرۇپ، شىر ۋە لەھەڭلەرنىڭ ھەممە يەرگە قورقۇنچ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شىرلار قانچە ۋەھشى بولغانچە، كىيىكلەر تېخىمۇ تېز قېچىشقا، بۆرىلەر تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىششقا، كەركىدانلار تېخىمۇ ھۇجۇمكار بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانلار ئوزۇقلۇق زەنجىرىنىڭ بىراقلا ئۇستىگە چىقتى ـ دە، ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ ئۇنىڭغا كىرەكلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىشىغا ۋاقتى بولمىدى، ئىنسانلارمۇ بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشالمىدى. يەر شارىدىكى چوڭ ئوۋچىلارنىڭ كۆپىنچىسى غايەت زور مەخلۇقلار ئىدى؛ مىليونلارچە يىل سۇرگەن ھۆكۇمرانلىقى سايىسىدە ئۆزلىرىگە قالتىس ئىشىنەتتى. ساپىيانس بولسا گويا بانان دۆلىتىنىڭ دىكتاتورى ئىدى، تاكى يېقىنقى دەۋرگىچە بىز تروپىك بەلۋاغ يايلاقلىرىدىكى ئوتتۇرا ھال مەخلۇقلار بولغىنىمىز ئۇچۇن ھازىرمۇ قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە ياشايمىز. بۇ بىزنى تېخىمۇ زالىم ۋە خەتەرلىك مەخلۇق قىلدى. قانلىق ئۇرۇشلاردىن تارتىپ مۇھىت بۇزغۇنچىلىقىغا قەدەر كۆپلىگەن تارىخىي قاباھەتلەر ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان ئىنسانلاردىن چىقتى.

يېمەكلىك پىشۇرالايدىغان ھايۋان

ئىنسانلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى قەدەم باسقۇچلىرىدىن بىرى ئوتتىن پايدىلىنىشنى بايقاش بولدى. بەزى ئىنسان تۇرلىرى 800 يىلدىن بېرى ئوتتىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە ئىدى؛ تەخمىنەن 300 مىڭ يىل ئاۋۋال ھومو ئېرېكتوس، نياندېرتاللار ۋە ھومو ساپىيانسنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ ھەر كۇنى ئوتتىن پايدىلىناتتى. ئىنسانلار نىھايەت ئىشەنچلىك بىر يورۇقلۇق ۋە ئىسسىنىش مەنبەسىگە، شۇنداقلا ئەتراپىدا خىرىس قىلىپ يۇرگەن شىرلارغا قارشى جان ئالغۇچ قورالغا ئېرىشكەنىدى. ئىنسانلار بۇ قورالنى مەلۇم مەزگىل قوشنىلىرىغا قارشى قوللانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئوتتىن مۇۋاپىق پايدىلانغاندا، ئۇ قويۇق چاتقاللارنى ئوۋ ھايۋانلىرىغا تولغان ئاجايىپ بىر دالىغا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، تاش قورال دەۋرى سودىگەرلىرى تېخىچە ئىس ـ تۈتەك ئۆرلەپ تۇرغان ھايۋان جەسەتلىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ، ئىسلانغان ھايۋانلارنى، قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنى، يىلتىزلارنى توپلىيالايتتى.

ئەمما ئوتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يېمەكلىك پىشۇرۇش ئىدى. ئىنسانلار ئادەتتە بۇغداي، گۇرۇچ، ياڭيو قاتارلىق ئاسان ھەزىم قىلالمايدىغان يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش ئارقىلىق بۇگۇنكى ئوزۇقلىنىشىمىزنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۇردى. ئوت ئوزۇقلۇقنىڭ تەركىۋىنى

ئۆزگەرتىپلا قالماي، ئىنسانلارنىڭ بىئولوگىيەلىك تۈزۈلۈشىنىمۇ ئۆزگەرتتى. يېمەكلىك پىشۇرۇش يېمەكلىكلەردىكى پارازىت ۋە مىكروپلارنى يوق قىلدى. ئىنسانلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مېۋە، پوستلۇق يەل-يېمىش، قۇرت-قوڭغۇز ۋە ھايۋان لەشلىرىنى پىشۇرۇپ يېگەندە، ئۇلارنى تېخىمۇ ئاسان چايناپ ھەزىم قىلالايتتى. شىمپانزىلار ھەر كۈنى خام ئوزۇقلۇقنى چايناشقا بەش سائەت ۋاقتىنى سەرپ قىلسا، ئىنسانلار پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئۈچۈن پەقەت بىر سائەت ۋاقتىنى سەرپ قىلاتتى.

يېمەكلىك پىشۇرۇشنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئىنسانلار تېخىمۇ كۆپ خىل يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلىنىش، يېمەكلىرىنى تېخىمۇ قىسقا ۋاقىتتا يەپ بولۇش، يېمەكلىكلىرىنى تېخىمۇ كىچىك چىش بىلەن چايناپ، تېخىمۇ قىسقا ئۈچەيدە ماگدۇرۇش ئىمكانىغا ئېرىشتى. بەزى تەتقىقاتچىلار يېمەكلىك پىشۇرۇشنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ قىسقىرىشى بىلەن مېڭىلىرىنىڭ چوڭىيىشى ئارىسىدا بىۋاستە مۇناسىۋەت بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇزۇن ئۈچەيلەر ۋە چوڭ مېڭىلەر بەك كۆپ ئېنېرگىيە سەرپ قىلغاچقا، ھەر ئىككىسىگە تەڭ ئىگە بولۇش قىيىندۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ يېمەكلىك پىشۇرۇشى ئۈچەيلەرنى قىسقارتىپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ئازايتىپ ، نىياندېرتاللار ۋە ساپىيانسلارنىڭ مېڭىسىنىڭ چوڭىيىشىغا يول ئاچتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئوت ئىشلىتىش ئىنسانلار بىلەن باشقا ھايۋانلار ئارىسىدا چوڭ پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بارلىق ھايۋانلارنىڭ كۈچى ئومۇمەن بەدىنىگە——مۇسكۇللىرىنىڭ كۈچىگە، چىشلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا، قاناتلىرىنىڭ كەڭلىكىگە باغلىق بولۇپ، شاماللار ۋە سۇ ئېقىنلىرىدىن پايدىلىنىشنى بىلسىمۇ، بۇنداق تەبىئىي كۈچلەرنى كونترول قىلالمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، بۈركۈتلەر ئىسسىق ھاۋا ئېقىمىنى سېزەلەيدىغان چوڭ قاناتلىرىنى ئېچىپ، ئىسسىق ھاۋانىڭ ئۆزلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىنى ساقلايدۇ. ئەمما بۇ ئىسسىق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ ھەمدە ئەڭ چوڭ ئېغىرلىق توشۇش ئىقتىدارى قانات كېرىشلىرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن كېيىن باشقىسىنى ئىنتائەت قىلدۇرۇش ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدار جەھەتتە چەكسىز بىر كۈچكە ئېرىشتى. بۈركۈتلەرنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانلار بىر ئوتنى قاچان، نەدە ياقىدىغانلىقنى قارار قىلالايتتى ھەمدە ئوتتىن ھەر خىل مەقسەت ئۈچۈن پايدىلىنالايتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئوتنىڭ كۈچى ئىنسانلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە جىسمانىي كۈچىگە باغلىق ئەمەس ئىدى. بىر ئىنسان چاقماق تېشى ياكى بىر چۈۋىق بىلەن بىر قانچە سائەت ئىچىدە غايەت چوڭ ئورمانغا ئوت ياقالايتتى. ئوتنى كونترول قىلىش ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتلارنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى.

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى

150 مىڭ يىل ئاۋۋال، ئىنسانلار ئوتنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئاجىز ۋە ئەرزىمەس مەخلۇقلار ئىدى. ئۇلار ئوت بىلەن باشقىلارنى قورقۇتالايتتى، سوغۇق كېچىلەردە ئۆزلىرىنى ئىسسىتالايتتى ۋە ئالدىنى توسۇۋالغان ئورمانلارنى كۆيدۈرەلەيتتى. شۇنداقتىمۇ، باشقا جانلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئىنسانلار بەلكىم ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرى، ئىبېريا يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان، بىر مىليون ئەتراپىدا نوپۇسى بولغان، ئېكولوگىيەلىك رادارىدىكى كىچىك بىر نۇقتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئۆز تۈرىمىز بولغان ھومو ساپىيانس ئۇ زامانلاردا يەر شارىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئافرىقانىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھومو ساپىيانس دەپ قاراشقا بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىر ئىنسان تۈرىدىن قاچان ۋە نەدە ئايرىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئەمما ئالىملار تەخمىنەن 150 مىڭ يىل ئاۋۋال، شەرقىي ئافرىقىنىڭ خۇددى بىزگە ئوخشاش ساپىيانسلار بىلەن تولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۈگۈنمۇ بىر پاتالوگىيە مۇتەخەسسىسى بىز بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق تاپالمايدۇ. ئوتتىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ جاۋغايلىرى ۋە چىشلىرى كىچىك، ئەمما مېڭىلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشاش چوڭ ئىدى.

ئالىملار 70 مىڭ يىل ئاۋۋال شەرقىي ئافرىقىدىن كەلگەن ساپىيانسلارنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كۆچكەنلىكىنى ۋە ئۇ يەردىن پۈتۈن ياۋرو-ئاسىياغا تارالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ھومو ساپىيانس ئەرەبىستانغا بارغانلىرىدا، ياۋرو-ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىغا باشقا ئىنسانلار ماكانلاشقانىدى. ئۇ ئىنسانلارغا نېمە بولدى؟ بۇنىڭغا جاۋاب سۈپىتىدە، بىر-بىرىگە قارشى ئىككى نەزەرىيە بار. بىرىنچى نەزەرىيە بولغان «ئىرقىي قوشۇلۇش نەزەرىيەسى» ئىنسانلار ئارىسىدىكى جەلپكارلىق، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ئىرق جەھەتتە قوشۇلۇپ كېتىش ھېكايىسىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭغا كۆرە، ئافرىقالىق كۆچمەنلەر دۇنياغا تارىلىپ باشقا ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى ۋە بۈگۈنكى ئىنسانلار بۇ قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

مەسىلەن، ساپىيانسلار ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپاغا بارغىنىدا نىياندېرتاللار بىلەن ئۇچراشتى. ساپىيانسلارغا باققاندا بۇ ئىنسانلارنىڭ مۇسكۇلى تەرەققىي قىلغان، مېڭىلىرى تېخىمۇ چوڭ، سوغۇق ئىقلىمغا ماسلىششچان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر خىل قورال-سايمانلىرى بار ئىدى ھەمدە ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلەتتى. يەنە كېلىپ، ئۇلار ئۇستا ئوۋچىلار ئىدى؛ مەلۇم بولۇشىغا كۆرە، ئۇلار يەنە كېسەللەر ۋە قېرىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى (ئارخېئولوگلار ئۇزۇن يىل مېيىپ ياشىغان نىياندېرتاللارنىڭ سۆڭەكلىرىنى بايقىغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە).

نياندېرتاللار ئومۇمەن قوپال ۋە ئەخمەق ‹ئۆڭكۈر ئادەملىرى› سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئەمما يېقىنقى تارىخىي بايقاشلار بۇ ئوبرازنى ئۆزگەرتتى.

ئىرقلارنىڭ قوشۇلۇشى نەزەرىيىسىگە كۆرە، ساپىيانسلار نياندېرتاللارنىڭ زېمىنىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تامامەن قوشۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر ئارىلىشىپ ياشىدى. ئەگەر بۇ راست بولسا، بۈگۈنكى ياۋرو ـ ئاسىيالىقلار ساپ ساپىيانسلار ئەمەس، بەلكى ساپىيانسلار بىلەن نياندېرتاللارنىڭ قوشۇلمىسىدۇر. شەرقىي ئاسىياغا بارغان ساپىيانسلارمۇ شۇ جايدىكى يەرلىك ئېرېكتوسلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شۇڭا بۈگۈنكى خىتايلار بىلەن كورىيانلار ساپىيانسلار بىلەن ئېرېكتوسلارنىڭ قوشۇلمىسىدۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە، «ئورنىنى ئېلىش نەزەرىيىسى» باشقا بىر ھېكايىنى—پېتىشماسلىق، قارشى چىقىش، ھەتتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېكايىسىنى بايان قىلىدۇ. بۇ نەزەرىيەگە كۆرە، ساپىيانسلار بىلەن باشقا ئىنسانلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ئوخشىمايتتى، جىنسىي مۇناسىۋەت ئادەتلىرى ۋە بەدەن پۇراقلىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىدى؛ شۇ سەۋەبتىن بىر ـ بىرىنى جىنسىي جەھەتتىن جەلپ قىلىش ئېھتىمالى تۆۋەن ئىدى. يەنى، بىر نياندېرتال رومىئو بىلەن ساپىيانس جۇلىيا بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئەۋلاد قالدۇرالايدىغان باللارنى تاپالمايتتى، چۈنكى بۇ ئىككى تۈر ئارىسىدىكى گېن پەرقى بەك چوڭ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى تۈر بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ياشىدى، ئاندىن نياندېرتاللار تامامەن ئۆلۈپ تۈگىگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، گېنلىرىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ يوق بولدى. بۇ قاراشقا كۆرە، ساپىيانسلار باشقا تۈرلەر بىلەن ھېچ قوشۇلماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، بۈگۈنكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى 70 مىڭ يىل بۇرۇن جەنۇبى ئافرىقىدا ياشىغان بولىدۇ. ئۇ ھالدا ھەممىمىز ساپ ساپىيانسلار ھېسابلىنىمىز.



1- خەرىتە: ھومو ساپىيانسنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشى

ئۆتكەن 10 يىلدا «ئورنىنى ئېلىش نەزەرىيىسى» بۇ ساھەدە قوبۇل قىلىنغان ئاساسلىق نەزەرىيە ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلىرى بار ئىدى ھەمدە سىياسەت جەھەتتىن بەكرەك توغرا ئىدى (ئالىملار زامانىۋى ئىنسانلار ئارىسىدىكى گېن پەرقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق پاندورانىڭ قۇتىسىنى ئېچىشنى، يەنى بالايى ئاپەت تېرىشنى خالىمايتتى)؛ ئەمما 4 يىللىق تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە نىياندېرتاللارنىڭ گېن خەرىتىسى 2010 ـ يىل ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ۋەزىيەت ئاياغلاشتى. گېن ئالىملىرى تاشقاتمىلاردىن يېتەرلىك مىقداردا نىياندېرتاللار DNA سىنى توپلاپ، ئۇنى بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ DNA سى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ نەتىجىسى، ئىلىم دۇنياسىنى ھەيران قالدۇردى.

بۈگۈنكى ئوتتۇرا شەرقلىقلەر بىلەن ياۋروپالىقلار DNA سىنىڭ يۈزدە 1 پىرسەنت بىلەن 4 پىرسەنتىنىڭ نىياندېرتال DNA سى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ نىسبەت چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر قانچە ئايدىن كېيىن، دېنىسوۋادىكى تاشقاتما بارماقلاردىن ئېلىنغان DNA نىڭ خەرىتىسى چىقىرىلغاندا ئىككىنچى قېتىملىق ھەيرانلىق يۈز بەردى. نەتىجىلەرگە كۆرە، بۈگۈنكى مېلانېزىيالىقلار بىلەن ئاۋسترالىيەلىك ئابورجىنلەر DNA سىنىڭ دېنىسوۋا DNA سى بىلەن يۈزدە 6 پىرسەنت ئوخشايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئەگەر بۇ نەتىجىلەر توغرا بولسا (شۇنى دەپ قويۇش كېرەككى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار داۋاملىشىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە بۇ بايقاشلار ئىسپاتلىنىدۇ ياكى ئۆزگىرىدۇ)، «ئىرقىي قوشۇلۇش

نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرىنى بەزى جەھەتتىن ھەقلىق دېيىشكە بولىدۇ . شۇنداقتىمۇ، بۇ بايقاشلارغا كۆرە، «ئورنىنى ئېلىش نەزەرىيىسى»نى پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ گېن خەرىتىسىدە پەقەت ئازغىنە بىر نىسبەتتە نياندېرتال ۋە دېنىسوۋا DNA سى مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ساپىيانسلار بىلەن باشقا تۈرلەرنى تامامەن قوشۇلۇپ كەتتى دېيەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئۇلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ باللىق بولۇشىغا توسقۇن بولغۇدەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنداق مۇناسىۋەت قىلىشىغا كەمدىن كەم يول قويىدىغان دەرىجىدە چوڭ ئىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا، ساپىيانس، نياندېرتال ۋە دېنىسوۋالارنىڭ بىئولوگىيەلىك تۇغقانچىلىقىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ ناھايىتى روشەنكى، ئۇلار ئاتلار بىلەن ئېشەكلەرگە ئوخشاش تامامەن پەرقلىق تۈرلەر ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا، بۆرە ئىتلار بىلەن تايغانلارغا ئوخشاش بىر تۈردىكى پەرقلىق ھايۋانلار ئەمەس ئىدى. بىئولوگىيەلىك ھەقىقەتلەر ئاق بىلەن قارىدەك ئېنىق ئايرىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مۇھىم بولغان ″كۈلرەڭ تەرەپلىرى»مۇ بولىدۇ. بىر ئۇرۇقتىن تۆرەلگەن ئىككى تۈر، مەسىلەن، ئاتلار بىلەن ئېشەكلەر مەلۇم دەۋردە خۇددى بۆرە ئىتلىرى بىلەن تايغانلارغا ئوخشاش بىر تۈردىكى ئىككى ھايۋان ئىدى. ئۇلار بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ تارىخنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە ئاندا-ساندا جۈپلىشىپ نەسىل قالدۇرغان بولۇشى كېرەك. كېيىن گېنلىرىدىكى تۈيۇقسىز ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە، ئىككىسىنىڭ ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ تامامەن ئۈزۈلۈپ، تەدرىجىي تەرەققىيات يولىنى ئايرىم داۋام قىلدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 50 مىڭ يىللار ئاۋۋال ساپىيانسلار، نياندېرتاللار ۋە دېنىسوۋالىقلار دەل شۇ كېيىنكى باسقۇچتا ئىدى؛ پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، ئاساسەن پەرقلىق تۈرلەر ئىدى. كېيىنكى بۆلۈمدە كۆرىمىزكى، ساپىيانسلار ئۇ زاماندا تېخى نياندېرتاللار ۋە دېنىسوۋالىقلاردىن گېن ئالاھىدىلىكى ۋە بەدەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىنلا ئەمەس، ئەقىل-ئىدراك ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتتىنمۇ كۆپ پەرقلىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ساپىيانسلار بىلەن نياندېرتاللار ئاندا-ساندا جۈپلىشىپ، ئەۋلاد قالدۇرالايتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ نوپۇسى قوشۇلۇپ كەتمىدى، ئەمما بەزى تەلەيلىك نياندېرتاللارنىڭ گېنى ساپىيانسلارغا ئۆتۈشكە ئاخىرقى رەت مۇۋەپپەق بولالىدى. بىز ساپىيانسلارنىڭ بىر زامانلار باشقا تۈردىكى بىر ھايۋان بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بالا تېپىشى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان، شۇنداقلا ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر ئەھۋالدۇر.

3. قىياسەن سىزىلغان نىياندېرتال بالا. گېن ئىسپاتلىرى ئاز دېگەندە بىر قىسىم نىياندېرتاللارنىڭ چېچى ۋە تېرىسىنىڭ سېرىق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەگەر نىياندېرتاللار، دېنوسوۋالىقلار ۋە باشقا ئىنسان تۈرلىرى ساپىيانسلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگەن بولسا، نېمىشقا يەر شارىدىن يوقىلىپ كەتتى؟ ئېھتىماللىقلاردىن بىرى شۇكى، ھومو ساپىيانس ئۇلارنى يوقىلىشقا مەجبۇرلىدى. بىر توپ ساپىيانسنىڭ نىياندېرتاللار 100 مىڭلارچە يىل ياشىغان بالقان ۋادىسىغا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلايلى. ئۇلار نىياندېرتاللارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى بولغان مېۋە ۋە يەل-يېمىشلەرنى توپلاپ، كىيىكلەرنى ئوۋلاشقا باشلىدى. ساپىيانسلار توپلىشىپ ياشاش ئىقتىدارى يۇقىرى ۋە بىر ئاز ئىلغار ھۈنەر-تېخنىكىلىرى بولغان ياخشى ئوۋچىلار ھەم مېۋە توپلىغۇچىلار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ ئەتراپقا تارالدى. ئەمما تەبىئىي شارائىتى چەكلىك بولغان نىياندېرتاللارنىڭ جان بېقىشى تەسلەشتى، نوپۇسلىرى ئازىيىپ بارا-بارا يوقىلىپ كەتتى، بەلكى ئۇلارنىڭ بەزى ئەزالىرى ساپىيانس قوشنىلىرىغا قېتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر ئېھتىماللىق بولسا، تەبىئىي بايلىق تالىشىپ ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ بارا-بارا كۈچىيىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە بېرىشىدۇر. كەڭ قورساقلىق ساپىيانسلارنىڭ تۈپ خاراكتېرى ئەمەس ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ساپىيانسلار ئىرق، تىل ۋە دىني پەرق سەۋەبىدىن بىر-بىرىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماقتا. بۇرۇنقى ساپىيانسلار باشقا بىر ئىنسان تۈرىگە كەڭچىل مۇئامىلە قىلالىغانمىدى؟ ساپىيانسلار بىلەن

نىياندېرتاللار بىر ـ بىرى بىلەن تۇنجى رەت ئۇچراشقاندا تارىختىكى ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ چوڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇش ئېھتىمالى چوڭدۇر.

نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نىياندېرتاللار (ۋە باشقا ئىنسان تۈرلىرى) ئەڭ قىزىقارلىق تارىخىي تېمىلارنىڭ بىرىدۇر. نىياندېرتاللارنىڭ ۋە دېنىسوۋالىقلارنىڭ ھومو ساپىيانس بىلەن بىللە ھايات قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ھەر خىل ئىنسان تۈرلىرى بىللە ياشىغان دۇنيادا مەدەنىيەتلەر، جەمئىيەتلەر ۋە سىياسىي بىرلىك قانداق مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن؟ مەسىلەن، دىنىي ئېتىقادلار قانداق تەرەققىي قىلاتتى؟ دىنىي كىتابلار «ئادەم بىلەن ھاۋۋا نىياندېرتاللارنىڭ ئەجدادى» دېگەن بولارمىدى؟ ياكى ئىسا پەيغەمبەر دېنىسوۋالىقلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلگەن، قۇرئاندا بولسا ھەر قانداق ئىنسان تۈرىنىڭ جەننەتتە ئورنى بولغان بولارمىدى؟ نىياندېرتاللار رىم قوشۇنىدا ياكى خىتاي خاندانلىرىنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان بولارمىدى؟ ئامېرىكانىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى بارلىق ھومو تۈرلىرىنىڭ تەڭ ـ باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان بولارمىدى؟ ياكى كارل ماركس بارلىق ئىنسان تۈرلىرىدىن بولغان ئىشچىلارنى بىرلىشىشكە چاقىرغان بولارمىدى؟

ئۆتكەن 10 مىڭ يىلدا ھومو ساپىيانس دۇنيادا بىردىنبىر ئىنسان تۈرى بولۇشقا شۇ قەدەر ماسلىشىپ كەتتىكى، باشقا ئېھتىماللىقلارنى ئويلىشىمىز ناھايىتى تەس. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بولماسلىقى ئۆزىمىزنى يارىتىلىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە كۆرۈشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا بۈگۈنگىچە ياشاپ كېلىۋاتقان ھايۋانلار بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقىمىز بار دەپ قارىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. چارلىز دارۋىن ھومو ساپىيانسنىڭ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاشلا بىر ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، ئىنسانلارنىڭ ئاچچىقى كەلگەن، بۈگۈنمۇ نۇرغۇن ئىنسانلار بۇنى رەت قىلىدۇ. ئەگەر نىياندېرتاللار ھايات قالغان بولسا، بىز بۈگۈن ئۆزىمىزنى يەنە ئايرىم بىر مەخلۇق سۈپىتىدە كۆرەرمىدۇق؟ بەلكى شۇ سەۋەبتىن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نىياندېرتاللارنى يوقاتتى، چۈنكى نىياندېرتاللار بىزگە سەل قارىغۇسىز دەرىجىدە يېقىن، ئەمما ئارىمىزغا سىغدۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە پەرقلىق تۈرلەر ئىدى.

***

ساپىيانسلارنىڭ گۇناھ ـ جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىنمۇ قانداق، بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن جايدا يەرلىك نوپۇسلار يوقالدى. ھومو سولونسىسنىڭ ئاخىرقى ئىزلىرى 50 مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ھومو دېنىسوۋا ئۇلاردىن سەل كېيىن يوق بولدى. نىياندېرتاللار بولسا بۇنىڭدىن 30 مىڭ يىل ئاۋۋال يوق بولدى. فلورېس ئارىلىدىكى ۋىجىك ئىنسانلار 12 مىڭ يىل ئاۋۋال يوق بولدى، ئۇلاردىن پەقەت سۆڭەكلەر، تاش قوراللار، DNA مىزدىكى بەزى گېنلار، جاۋابى يوق سوئاللار ۋە ئاخىرقى ئىنسان تۈرى بولغان ھومو ساپىيانسلار قالدى.

ساپىيانسلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ سىرى نېمە ئىدى؟ ئۇلار بىر ـ بىرىدىن يىراق، ھاۋا ئىقلىمى بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان يەرلەرگە شۇنچە تېز ماكانلىششقا قانداق مۇۋەپپەق بولالىدى؟ باشقا ئىنسانلار تۈرلىرىنى قانداق قىلىپ تەدرىجىي ھالاك قىلدى؟ ھەتتا مۇسكۇللىرى كۈچلۈك، مېڭىسى تەرەققىي قىلغان، سوغۇققا چىداملىق نياندېرتاللارمۇ بىزنىڭ قەتلىئامىمىزدىن نېمشقا قۇتۇلالمىدى؟ بۇ ھەقتىكى تالاش ـ تارتىشلار داۋام قىلماقتا. مۇنازىرىنىڭ داۋاملىششىغا سەۋەب بولغان جاۋاب شۇكى، ھومو ساپىيانس بۇ دۇنيانى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن بويسۇندۇردى.

2. ئىلىم دەرىخى

ئالدىنقى بۆلۈمدە، 150 مىڭ يىل بۇرۇن شەرقىي ئافرىقىدا ياشايدىغان ھومو ساپىيانسنىڭ كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تاراپ، تەخمىنەن 70 مىڭ يىل بۇرۇن باشقا ئىنسان تۈرلىرىنى يوقىتىشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۇق. ئارىدىكى مىڭ يىللار بويىچە بۇ ئىپتىدائىي ساپىيانسلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىزگە ئوخشىسىمۇ، مېڭىسى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، باشقا ئىنسان تۈرلىرىگە باققاندا ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى. يەنە كېلىپ، ئىلغار قورال ـ سايمان ياساش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ كۆرسىتەلمىگەنىدى.

ئەسلىدە، ساپىيانسلار بىلەن نىياندېرتاللار تۇنجى ئۇچراشقاندا، نىياندېرتاللار ئۈستۈنلۈك قازانغانىدى. 100 مىڭ يىل بۇرۇن، بەزى ساپىيانسلار شىمالغا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىگە كۆچتى. بۇ جايلار نىياندېرتاللارنىڭ ماكانى ئىدى، ساپىيانسلار بۇ جايلارغا تامامەن ماكانلىشالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، دۈشمەنچە مۇئامىلە قىلغان يەرلىكلەر، مۇۋاپىق كەلمىگەن ئىقلىم ياكى ساپىيانسلارنى يەكلەيدىغان پارازىتلار ۋە كېسەللىكلەر بولۇشى مۇمكىن. نېمە سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ساپىيانسلار بۇ جايلاردىن ئايرىلدى ۋە نىياندېرتاللار ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ قېلىپ قالدى.

بۇ مەغلۇبىيەتكە ئاساسەن، ئالىملار بۇ ساپىيانسلارنىڭ مېڭە تۈزۈلۈشىنىڭ بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: قارىماققا بىزنىڭكىدەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئىدراك قابىلىيىتى——ئۆگىنىش، ئەسلەش، ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى بىزگە قارىغاندا تولىمۇ چەكلىك ئىدى. بۇ ساپىيانسلارغا تۈركچە ئۆگىتىش، ئىسلامنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى بايان قىلىش ياكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى چۈشەندۈرۈش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىدى. شۇنداقلا، بىزمۇ ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى چۈشىنىش ياكى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى چۈشىنىشتە قىينىلاتتۇق.

شۇنداق بولسىمۇ، ھومو ساپىيانس 70 مىڭ بۇرۇنقى دەۋردىن باشلاپ ئۆزگىچە ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ساپىيانس قەبىلىلىرى ئافرىقىدىن ئىككىنچى قېتىم چىقتى ۋە بۇ قېتىم باشقا تۈرلەرنى ئوتتۇرا شەرقتىنلا ئەمەس، دۇنيانىڭ ھەممە جايىدىن يوقاتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ساپىيانسلار ياۋروپا ۋە شەرقىي ئاسىياغا يېتىپ باردى. تەخمىنەن 45 مىڭ يىل بۇرۇن، ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈپ، شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئىنسان ئايىغى تېگىپ باقمىغان ئاۋستراليىگە باردى. 70 مىڭ يىلدىن 30 مىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتقا قەدەر، قولۋاق، كىرىسىن چىراغ، ئوقيا ۋە يىڭنە (بەدەننى ئىسسىق تۇتىدىغان كىيىملەرنى تىكىشتە ناھايىتى مۇھىم) قاتارلىق نەرسىلەر كەشىپ قىلىندى. سەنئەت دەپ قارالغان تۇنجى زىبۇ ـ زىننەتلەر ۋە دىنلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تۇنجى يادىكارلىقلار، تىجارەت ۋە جەمئىيەت قاتلىمى شۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىقتى.

كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ساپىيانسلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ.

نياندېرتاللارنى يوق قىلغان، ئاۋستىرالىيەگە قەدەر بېرىپ ماكانلاشقان، ستادېل[1] شىر باشلىق ئادەم ھەيكىلىنى ياسىغان ئىنسانلار ھېچ بولمىغاندا بىزدەك ئەقىللىق، ئىجادكار ۋە ھېسسىياتچان دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ستادېل غارى سەنئەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، بىز ئۇلارنىڭ، ئۇلار بولسا بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆگىنەلىگەن بولاتتى. ئۇلارغا بىز بىلىدىغان ھەممە نەرسىنى («ئەلىس ئاجايىباتلار دۇنياسىدا» دېگەن كىتابتىن تارتىپ كۋانتوم فىزىكىسىنىڭ سىرلىرىغىچە) چۈشەندۈرەلىگەن، ئۇلارمۇ بىزگە ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئۇقتۇرالىغان بولاتتى.

ئىلىم ئىنقىلاۋى 70 مىڭ يىل بىلەن 30 مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى پىكىر ۋە ئالاقە ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى تولۇق بىلگىلى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئەڭ نوپۇزلۇق نەزەرىيەگە كۆرە، گېنېتىك مۇتاسىيونلار (تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلەر) ساپىيانسنىڭ مېڭە تۈزۈلۈشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرى مۇمكىن بولمىغان يېڭى ئۇسۇلدا پىكىر قىلىشى ۋە يېڭى تىلدا ئالاقە باغلىشىنى ساقلىدى. بىز «ئىلىم دەرىخى» دەپ ئاتىغان بۇ مۇتاسىيون نېمىشقا نياندېرتاللارنىڭ ئەمەس، ساپىيانسلارنىڭ **DNA** سىدا ئەمەلگە ئاشتى؟ ھازىرچە بىلىدىغىنىمىز شۇكى، بۇنىڭ سەۋەبى تامامەن تەساددىپىيلىق. ئىلىم دەرىخى مۇتاسىيونىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشتىن كۆرە، نەتىجىلىرىنى بىلىش بەكرەك مۇھىم. يېڭى ساپىيانسنىڭ تىلىنى پۈتۈن دۇنيانى ئىگىلىگىدەك كۈچلۈك قىلغان ئالاھىدىلىك نېمە ئىدى؟

يەنە كېلىپ بۇ تىل ئەڭ ئىپتىدائىي تىل ئەمەس ئىدى، ھەر قانداق ھايۋان تۈرىنىڭ بىر تىلى بار. مەسىلەن، چۈمۈلىلەر بىلەن ھەرىلەردەك جانلىقلارنىڭمۇ مۇرەككەپ بىر تىلدا ئالاقىلىشىدىغانلىقى، بۇ تىلنىڭ ئاساسەن ئوزۇقلۇقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغانلىقى مەلۇم. ساپىيانسلارنىڭ تىلى ئەڭ بۇرۇنقى ئاۋازلىق تىلمۇ ئەمەس ئىدى؛ بارلىق مايمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىق تىلى بار؛ مەسىلەن، يېشىل مايمۇنلار ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ. ھايۋانشۇناسلار بۈگۈنگىچە مايمۇنلارنىڭ «دىققەت قىل! بۈركۈت كېلىۋاتىدۇ!» دېگەن مەنىدىكى تىل تاۋۇشىنى ئېنىقلىيالىدى. بۇنىڭغا بىر ئاز ئوخشمايدىغان يەنە بىر ئاۋاز «دىققەت قىل، شىر!» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. تەتقىقاتچىلار بىرىنچى ئاۋازنى مايمۇنلارغا قويۇپ بەرگەندە، ئۇلار ئاسمانغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىغان. ئىككىنچى ئاۋازنى قويۇپ بەرگەندە، ئۇلار دەرھال دەرەخكە ياماشقان. ساپىيانسلار يېشىل مايمۇنلاردىنمۇ كۆپ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرالايتتى، ئەمما كىتلار بىلەن پىللارنىڭمۇ شۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ماھارەتلىرى بار. بىر شاتۇتى ئالبېرت ئېينشتېيننىڭ سۆزلىرىنى دورىيالىغىنىدەك، سايرىغان تېلېفون، قاتتىق يېپىلغان ئىشىك ۋە پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازلىرىنىمۇ دورىيالايدۇ. ئېينشتېين بىر شاتۇتىغا باققاندا يۇكسەك

1 گېرمانىيەدىكى ستادېل غارى، 124 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارىلىدۇ.

ئىقتىدارلىق، ئەمما ئاۋاز جەھەتتە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا تىلىمىزنى بۇنچىلىك ئالاھىدە قىلىۋەتكەن نەرسە نېمە؟

بۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئومۇمىي جاۋاب تىلىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەۋرىشىم بولۇشىدۇر. چەكلىك تاۋۇشلار بىلەن ئىشارەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ھەر بىرى باشقا مەنىدە كېلىدىغان چەكسىز جۈملىلەرنى ياساپ چىقالايمىز. بۇنىڭ سايىسىدە، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا ھەققىدە غايەت كۆپ ئۇچۇرلارنى ئالالايمىز، توپلىيالايمىز ۋە يەتكۈزەلەيمىز. بىر يېشىل مايمۇن ئۆز دوستلىرىغا «دىققەت قىل! شىر!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسا، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۆز دوستلىرىغا ئەتىگىنى دەريانىڭ دوناي قىرغىقىدا بىر توپ ياۋا كالىنى قوغلاپ كېتىۋاتقان شىرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن؛ ۋەقە يۈز بەرگەن جاينىلا ئەمەس، ئۇ يەرگە بارىدىغان ھەر خىل يوللارنى دەپ بېرەلىشى مۇمكىن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر باش قوشۇپ، دەريا بويىغا بېرىپ شىرنى قاچۇرۇپ ياۋا كالىنى ئوۋلاش پىلانى تۈزۈشى مۇمكىن.

4. گېرمانىيەدىكى 32 مىڭ يىل بۇرۇنقى تارىخقا ئائىت ستادىل غارىدىن بايقالغان «شىر ئادەم» (ياكى چىشى شىر ئايال) ، بەدىنى ئادەمگە، بېشى شىرغا ئوخشايدۇ. بۇ بىر سەنئەت بۇيۇمى ھەم دىنىي سىمۋول بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا ئۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغانلىقىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كۈچلۈك ئىسپاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى نەزەرىيە بولسا، تىلىمىزنىڭ دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ھەمبەھىرلەش جەريانىدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ مۇھىم ئۇچۇرلار شىر بىلەن ياۋا كالىلارغا ئەمەس، ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلاردۇر. بۇ نەزەرىيەگە كۆرە، تىلىمىز

غەيۋەت قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغان، ھومو ساپىيانس ئالدى بىلەن بىر ئىجتىمائىي ھايۋاندۇر، ئىجتىمائىي ھەمكارلىق جان ساقلاش ۋە كۆپىيىش ئۈچۈن ھالقىلىق رولغا ئىگە. ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن شىرلار بىلەن ياۋا كالىلارنىڭ ئورنىنى بىلىشنىڭ بەك ئەھمىيىتى يوق؛ ئۇلارغا مۇھىم بولغىنى، قەبىلىدە كىمنىڭ كىمگە ئۆچ ئىكەنلىكى، كىمنىڭ كىم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغانلىقى، كىمنىڭ دۇرۇس، كىمنىڭ ساختىپەز ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر.

نەچچە ئونلىغان بىر گۇرۇپپىتا داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىگىلەش ۋە توپلاش كېرەك بولغان ئۇچۇر مىقدارى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپتۇر (50 كىشىلىك بىر گۇرۇپپىدا كىشى بېشىغا 1.225 نىسبەتتە توغرا كېلىدىغان ھەر خىل مۇناسىۋەت ھەمدە بۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولغان بىرلەشمە مۇناسىۋەت مەۋجۇت). بارلىق مايمۇنلار بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلىسىمۇ، ئۇنچىلىك غەيۋەتچى ئەمەس. نىياندېرتاللار بىلەن ئىپتىدائىي ھومو ساپىيانسلارمۇ بەلكىم بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىپ يۈرمەيتتى. غەيۋەت ـ شىكايەت دائىم ئەيىبلىنىدىغان، ئەمما ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىشىغا ئاساس تىكلىگەن بىر ئىقتىداردۇر. يېڭى دەۋر ساپىيانسلىرى تەخمىنەن 70 مىڭ يىل بۇرۇن ئىگە بولغان يېڭى تىل ئىقتىدارى، ئۇلارغا سائەت ـ سائەتلەپ غەيۋەت قىلىش ئىمكانىيىتى بەردى.كىمگە ئىشىنىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار كىچىك گۇرۇپپىلارنىڭ چوڭ گۇرۇپپىلارغا ئايلىنىشىغا، بۇ ئارقىلىق ساپىيانسلارنىڭ تېخىمۇ زىچ ۋە مۇرەككەپ ھەمكارلىق ئۇسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

غەيۋەت نەزەرىيىسى دەسلەپتە چاقچاقتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆپلىگەن تەتقىقاتلار بۇ قاراشنى قوللايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ كۆپ قىسمى، مەيلى ئۇ تېلېفوندا پاراڭلىشىش بولسۇن ياكى گېزىت سەھىپىلىرىگە ماقالە يېزىش بولسۇن، كۆپ قىسمى غەيۋەتتىن ئىبارەت. بۇ ئەھۋال بىزگە شۇ قەدەر تەبىئىي تۇيۇلىدۇكى، تىلىمىز گويا مەخسۇس غەيۋەت قىلىش ئۈچۈن تەرەققىي قىلغاندەك بىلىنىدۇ. بولمىسا، سىز تارىخ پروفېسسورلىرىنى چۈشلۈك تاماقتا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتىدۇ، ئاتوم فىزىكىچىلىرىنى بولسا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ دەم ئېلىش مىنۇتلىرىدا قەھۋە ئىچكەچ ئاتوم زەررىچىلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بەزىدە شۇنداقتۇ، ئەمما ئۇلار كۆپ ھالدا ئېرى ئالدىغاندا ئۇنى تۇتۇۋالغان ئايال پروفېسسور، بۆلۈم باشلىقى بىلەن فاكۇلتېت مۇدىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ياكى كەسپداشلىرىنىڭ بىرەر تەتقىقات فوندى بىلەن ئۆزلىرىگە ئېسىل ماشىنا ئالغانلىقى ھەققىدە غەيۋەت قىلىشىدۇ. غەيۋەت ـ شىكايەتلەر كۆپ ھالدا خاتا قىلمىشلارغا مەركەزلىشىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى مەتبۇئاتلىرىمىزدا، سەتچىلىكلەرنى ئاشكارىلاش كىشىلەرنى ئالدامچى، ساختىپەزلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن قوغدايدىغان مۇخبىرلىق پائالىيەتلىرىگە ئوخشايتتى.

غەيۋەت ـ شكايەت ۋە «دەريا بويىدا شىر بار» نەزەرىيىسى بەلكىم توغرا. ئىنسانلار ۋە شىرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ھەمبەھىرلەشكە ئىمكان بېرىشتىن زىيادە، ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشمۇ تىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدىن بىرىدۇر. بىلىشىمىزچە، پەقەت ساپىيانسلارلا ئۆزلىرى ھېچ كۆرمىگەن، تۇتۇپ باقمىغان ياكى پۇراپ باقمىغان نەرسىلەر ھەققىدە پاراڭلىشالىغان.

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، تەڭرىلەر ۋە دىنلار تۇنجى بولۇپ ئىلىم ئىنقىلاۋى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپلىگەن ھايۋان ۋە ئىنسان تۈرلىرى «دىققەت قىل! بىر شىر بار!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرەلەيتتى. ئەمما بىلىم ئىنقىلاۋى سايىسىدە ھومو ساپىيانسلار «شىرلار قەبىلىمىزنى قوغدىغۇچى روھتۇر» دېيىش ئىقتىدارىغا ئېرىشتى. تەسەۋۋۇرلار ھەققىدە گەپ قىلىش ساپىيانسلار تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدۇر.

پەقەت ھومو ساپىيانسلارلا رېئاللىقتا يوق نەرسىلەر ھەققىدە پاراڭلىشالىغان دېگەن قاراش كۆپلىگەن كىشىلەر قوبۇل قىلىدىغان بىر قىياستۇر. بىر مايمۇننى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بارىدىغان مايمۇنلار جەننىتىدىكى ھەددى ـ ھېسابسىز بانانلار ئارقىلىق ئالداپ، قولىدىكى بانانىنى بېرىۋېتىشكە دەپ قايىل قىلالمايسىز. ئەمىسە بۇ نېمىشقا بۇنچە مۇھىم؟ تەسەۋۋۇر ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارنى خاتا يولغا باشلايدىغان ياكى دىققىتىنى بۇرىۋېتىدىغان بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن. پەرىشتىلەر ۋە بىر مۆڭگۈزلۈك ھايۋانلارنى كۆرىمەن دەپ ئورمانلىققا بارغان ئىنسانلارنىڭ ھايات قېلىش پۇرسىتى ئۇ يەردىن يەر مەدىكى ۋە كىيىك تاپىمەن دەپ بارغان ئىنسانلارنىڭكىدىن ئاز بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئەگەر ۋاقتىڭىزنى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان قوغدىغۇچى روھلارغا دۇئا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزسىڭىز، ئوزۇقلۇق توپلاش، ئۇرۇش قىلىش، ئەۋلاد كۆپەيتىش ئىشلىرى ئۈچۈن سىرپ قىلىدىغان ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلغان بولماسمىز؟

يەنە بىر جەھەتتىن، تەسەۋۋۇر بىر نەرسىلەرنى خىيال قىلىشىمىزنىلا ئەمەس، ئۇنى كوللېكتىپ ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنى ساقلىدى. بۇ سايىدە، ئىنجىلدىكى يارىتىلىش ھېكايىسى، ئاۋستىرالىيە يەرلىك قەبىلىلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋر ئەپسانىلىرى ۋە زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك ئەپسانىلىرىگە ئوخشاش ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلىدۇق. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ساپىيانسلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا جانلىق ھەمكارلىق ئورنىتىشىغا تۈرتكە بولدى. چۈمۈلىلەر بىلەن ھەرىلەر كوللېكتىپ ھەمكارلىشىدۇ، ئەمما بۇنى قاتتىق ئىنتىزام ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق قىلىدۇ. بۆرىلەر بىلەن شىمپانزىلار چۈمۈلىلەردىن بەكرەك ھەرىكەتچان ئۇسۇلدا ھەمكارلىشىدۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ئۆز يېقىنلىرى ۋە ئاز ساندىكى شېرىكلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. ساپىيانسلار بولسا سان ـ ساناقسىز ساپىيانسلار بىلەن، ھەرىكەتچان شەكىلدە ھەمكارلىشالايدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن ساپىيانسلار دۇنيانى ئىدارە قىلغاندا، چۈمۈلىلەر ئۇلار تاشلىۋەتكەن نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، شىمپانزىلارمۇ ھازىر تەجرىبىخانىلاردا ۋە ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى قەپەزلەردە تۇتۇلماقتا.

پيۇگوت (Peugeot) ئەپسانىسى

شىمپانزا تاغىلىرىمىز ئاساسەن بىر قانچە ئون مايمۇندىن تەشكىل تاپقان كىچىك گۇرۇپپىلار شەكلىدە ياشايدۇ؛ بىر ـ بىرى بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورنىتىدۇ، بىرلىكتە ئوۋغا چىقىدۇ، چوڭ پىللارغا، يىلپىزلارغا ۋە دۈشمەن شىمپانزىلارغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلىدۇ. تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ھوقۇق ـ مەرتىۋە دەرىجىسى بويىچە تۈزۈلۈشكە مايىل. تەشكىلنىڭ ئەڭ يامان ئەزاسى (ئۇ ھەر زامان بىر ئەر شىمپانزىدۇر) «پالۋان ئەركەك» دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا ئەركەك ۋە چىشى مايمۇنلار «پالۋان ئەركەك»كە باش ئېگىش ۋە ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خۇددى ئاۋام پۇقرالارنىڭ پادىشاھ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. پالۋان ئەركەك ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى مايمۇنلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى ساقلايدۇ؛ ئىككىسى سوقۇشۇپ قالسا ئوتتۇرىغا كىرىپ ئۇلارنى بېسىقتۇرىدۇ؛ ئۇ ھەر قاچان بىۋاستە قول سېلىپ، ئەڭ ئېسىل ئوزۇقلۇقنى تارتىۋالىدۇ ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەركەك مايمۇنلارنىڭ چىشى مايمۇنلار بىلەن جۈپلىشىشىگە يول قويمايدۇ.

ئىككى ئەركەك مايمۇن «پالۋان ئەركەك» ئورنىنى تالىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندا، ئومۇمەن ئەركەك ۋە چىشى مايمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان قوللىغۇچىلارغا تايىنىدۇ. گۇرۇپپا ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قۇچاقلىشىش، تېگىشىش، سۆيۈشۈش، تۈكلىرىنى تاراش ۋە بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق يېقىن مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. خۇددى سىياسەتچىلەر بۆگۈن سايلام پائالىيەتلىرى داۋامىدا جايلارنى ئايلىنىپ، كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، بوۋاقلارنى سۆيۈپ قويغاندەك، بىر شىمپانزا گۇرۇپپىسىدا يۇقىرى مەرتىۋە ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارمۇ باشقا مايمۇنلار بىلەن قۇچاقلىشىش، دۈمبىسىنى سىلاش ۋە بوۋاق مايمۇنلارنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. پالۋان ئەركەك پەقەت كۈچتۈڭگۈر بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، كۆپ ساندا كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. بۇ جەرياندا مايمۇنلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەردىن باشقا يەنە، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ ۋاقىت بىللە ياشايدۇ، تاپقانلىرىنى تەڭ يەيدۇ، بىرسى پالاكەتكە ئۇچرىسا قالغانلىرى ياردەمگە كېلىدۇ.

بۇ شەكىلدە قۇرۇلغان ۋە داۋام قىلغان گۇرۇپپىلارنىڭ كۆلىمى چەكلىك. گۇرۇپپىنىڭ نورمال ئىشلىشى ئۈچۈن ئەزالىرى بىر ـ بىرىنى يېقىندىن تونۇشى كېرەك؛ بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان، سوقۇشۇپ باقمىغان، بىر ـ بىرىنى دەڭسەپ باقمىغان ئىككى شىمپانزا بىر ـ بىرىگە قانداق ئىشىنىدىغانلىقىنى، ياردەم قىلىشقا ئەرزىيدىغان ـ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ھەممىدىن نوچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. ئادەتتە بىر شىمپانزا گۇرۇپپىسى 20 دىن 50 كىچە ئەزادىن تەشكىل تاپىدۇ. بىر گۇرۇپپىدىكى شىمپانزىلارنىڭ سانى ئېشىپ كەتسە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق بۇزۇلىدۇ ۋە ئوتتۇرىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ يېڭى گۇرۇپپا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ھايۋانشۇناسلار پەقەت بىر نەچچە قېتىملا 100دىن ئارتۇق ئەزاسى بار گورىللىلارنى كۆزەتكەن. ئاندا ـ ساندا ھەمكارلىشىپ قالىدىغان ھەر خىل گورىللىلار ئاساسەن زېمىن ۋە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشۋاتقان بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار شىمپانزا گورىللىلىرى ئارىسىدا ئۇزۇن داۋاملاشقان ئۇرۇشلارغا، ھەتتا بىر قېتىم ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە بارغۇدەك قەتلىئام ۋەقەسىگە شاھىد بولغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش جەمئىيەت شەكلى ئەڭ بۇرۇنقى ھومو ساپىيانسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغىمۇ ھۆكۈمران ئىدى. شىمپانزىلارغا ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دوستلۇق ئورنىتىشىغا، ھوقۇق ـ دەرىجە پەرقى شەكىللەندۈرۈشىگە، بىللە ئوۋغا چىقىپ ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشىغا سەۋەب بولغان تەبىئىي ئىستەكلىرى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەلەپلىرى شىمپانزىلارغا ئوخشاش كىچىك ۋە بىر ـ بىرىگە سەممىمىي بولغان گورىللىلار شەكلىدە ياشاشقا ئۇيغۇن ئىدى. گورىللىلا بەك چوڭىيىپ كەتسە، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، گورىللىلا تارقىلىپ كېتەتتى. مۇنبەت بىر بوستانلىق 500 ئىپتىدائىي ساپىيانسنى باقالىسىمۇ، بىر ـ بىرىگە يات بۇنچە كۆپ ساپىيانسنىڭ بىر جايدا ياشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنچە جىق ساپىيانس ئارىسىدا كىمنىڭ رەھبەر بولىدىغانلىقى، كىمنىڭ قەيەردە ئوۋچىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ كىم بىلەن جۈپلىشىدىغانلىقىنى قانداق بەلگىلىگىلى بولسۇن؟

بىلىم ئىنقىلاۋى ئىزاسىدا غەيۋەت ـ شىكايەتلەر ھومو ساپىيانسنىڭ تېخىمۇ چوڭ ۋە مۇقىم گورىللىلارنى قۇرۇشىغا ئىمكان ياراتتى. ئەمما غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭمۇ بىر چېكى بار. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى، غەيۋەت ـ شىكايەت سايىسىدە مۇقىملىق ساقلىغان «تەبىئىي» بىر گورىللىنىڭ 150 كىشى بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەگەر گورىللىلا بۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ كەتسە، ھېچكىم باشقا بىرىنى يېتەرلىك تونۇيالمايتتى ۋە باشقىلارغا پۈر كەتكۈدەك غەيۋەت ـ شىكايەت قىلالمايتتى.

بۈگۈن ئىنسانلار تەشكىللىگەن جامائەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىمۇ بۇ سېھىرلىك سان بىر بوسۇغا، يەنى باشلىنىش ئۆلچىمىدۇر. بۇ ئۆلچەم ئاستىدا جامائەتلەر، ئىش ئورۇنلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ھەربىي قوشۇنلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەخسلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى يېقىندىن تونۇشى ۋە غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشى بىلەن داۋام قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ تەشكىلنى قوغداش ئۈچۈن رەسمىي ئۇنۋان ـ مەنسەپلەر، سۇپەتلەر ۋە قائىدىلەرنى قوللىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. 30 ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان بىر باتالىيون، ھەتتا 100 ئەسكەرلىك بىر قوشۇنمۇ يېقىن مۇناسىۋەتلەر سايىسىدە ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلالايدۇ، ئىنتىزامغا ئانچە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر قوماندان قوشۇننىڭ باشلىقىدۇر، ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بىر ئوفىتسېردىنمۇ كۈچلۈك ئېتىبارغا ئىگە بولالايدۇ. كىچىك بىر ئائىلە شىركىتى ئىجرائىيە كېڭەشى، مۇدىرلار، باش مۇدىر ۋە مالىيە بۆلۈمى بولماي تۇرۇپمۇ ئىشىنى داۋام قىلالىشى ۋە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى مۇمكىن.

ئەمما ئادەم سانى 150 تىن ئېشىپ كەتكەندە ئىشلار ئۆزگىرىدۇ. مىڭلارچە ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان بىر قوشۇننى بىر باتالىيوننى باشقۇرغاندەك باشقۇرالمايسىز. ئائىلە شىركەتلىرى تەرەققىي قىلىپ چوڭىيىپ، تېخىمۇ كۆپ خىزمەتچىلەرنى ئىشلەتكەندە كۆپ ھاللاردا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئوڭشىمىسا ۋەيران بولىدۇ.

ھومو ساپىيانسلار قانداق بولۇپ بۇ مۇھىم بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئون مىڭلارچە كىشىدىن تەشكىل تاپقان شەھەرلەرنى قۇرۇشتا ۋە مىليونلارچە ئىنسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىمپېراتورلۇقنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؟ بۇنىڭ سىرى بەلكىم تەسەۋۋۇرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئورتاق بىر ئەپسانە-رىۋايەتكە ئىشىنىدىغان كۆپ ساندىكى ئادەم بىرلىكتە ئىش قىلالايدۇ.

كۆپ ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمكارلىق — زامانىۋى بىر دۆلەت، ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر چېركاۋ، بىر قەدىمىي شەھەر ياكى ئىپتىدائىي بىر قەبىلە ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تەسەۋۋۇرى ياراتقان ئورتاق ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى مەركەز قىلىپ شەكىللەندى. چېركاۋلار ئورتاق دىنىي رىۋايەتلەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلدى. بىر-بىرىنى تونۇمايدىغان ئىككى كاتولىك مۇرىتى بىرلىكتە ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى ياكى بىر دوختۇرخانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ھەر ئىككىسى تەڭرىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدا جانلاندۇرۇلغىنىغا ۋە گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىرىستقا مىقلىنىشىغا رازى بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. دۆلەتلەر بولسا مىللىي ئەپسانىلەرنى ئاساس قىلىپ شەكىللىنىدۇ، بىر-بىرىنى ھېچ تونۇمايدىغان ئىككى سىلاۋىيان بىر-بىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكە رازى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھەر ئىككىسى سىلاۋىيان مىللىتىنىڭ بارلىقىغا، ئانا ۋەتىنىگە ۋە سېرىبىيە بايرىقىغا ئىشىنىدۇ. قانۇن سىستېمىلىرى قانۇنغا دائىر ئورتاق رىۋايەتلەنى ئاساس قىلىپ شەكىللىنىدۇ. بىر-بىرىنى پەقەت تونۇمايدىغان ئىككى ئادۋوكات ھەر ئىككىسى تونۇمايدىغان بىرسىنى ئاقلاش ئۈچۈن بىر يەرگە كېلىپ ھەمكارلىشىدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىسى قانۇن ۋە ئادالەتنىڭ، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتلىق ھەققىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىككى ئىنساننىڭ بىر-بىرىگە دەپ يۈرگەن ھېكايىلىرىنىڭ سىرتىدا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئالەمدە ھېچقانداق تەڭرى، مىللەت، پۇل، كىشىلىك ھوقۇق، قانۇن ۋە ئادالەت ئىنسانلارنىڭ ئورتاق خىيال كۈچىدىن سىرت مەۋجۇت بولالمايدۇ.

ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرتىپىنى شۇ ئىنسانلارنىڭ خىيالەتلەر ۋە ئەرۋاھلارغا ئىشىنىش يولى بىلەن شەكىللەندۈرگەنلىكىگە، ئايدا بىر قېتىم باش قوشۇپ، چېدىر ئەتراپىدا ياققان ئوتنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىزنى گاڭگىرىتىپ قويغان مەسىلە شۇكى، بۈگۈنكى جەمئىيەت تەرتىپىمۇ خۇددى ئاشۇ پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. خۇسۇسىي شىركەتلەرنى مىسال ئالساق، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئادۋوكاتلار ئەسلىدە يامان سېھىرگەرلەردۇر. ئۇلار بىلەن قەبىلە شامانلىرى ئارىسىدىكى پەرق شۇكى،

زامانىۋى ئادۋوكاتلار تېخىمۇ كۆپ غەلىتە ھېكايىلەرنى بايان قىلىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈرنىكى پيۇگوت ئەپسانىسىدۇر.

بۇگۈن ستادېل شىرىغا ئوخشايدىغان بىر سىمۋولنى پارىژدىن سىدنېيغىچە، پۈتۈن دۇنيادىكى ماشىنىلار، يۈك ئاپتوموبىللىرى ۋە موتوسىكىلىتتا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، ياۋروپانىڭ ئەڭ كونا ۋە ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل شىركەتلىرىدىن بىرى بولغان «**Peugeot**» ماركىسىدىكى ماشىنىلارنى زىننەتلىگەن بىر بەلگەدۇر. پيۇگوت شىركىتى ستادېل غارىغا 300 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋالىنتىگنېي (**Valentigney**) يېزىسىدا كىچىك بىر ئائىلە شىركىتى سۈپىتىدە ئىش باشلىدى. بۇگۈن بۇ شىركەت دۇنيا مىقياسىدا 200 مىڭ كىشىگە ئىش ئورنى تەمىنلىدى ۋە بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر ـ بىرىنى تونۇمايدۇ. بۇ كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن شۇ قەدەر ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدۇكى، 2008 ـ يىلى پيۇگوت شىركىتى 1 مىليون 500 مىڭدىن كۆپ ماشىنا ئىشلەپچىقاردى ۋە 55 مىليارد ياۋرۇ كىرىم قىلدى.

5. پيۇگوت شىرى ئەپسانىسى

پيۇگونى بىز قايسى جەھەتتىن مەۋجۇت دېيەلەيمىز؟ پيۇگوت ماركىلىق نۇرغۇن ماشىنا بار، ئەمما بۇلار ئەلۋەتتە شىركەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. دۇنيادىكى بارلىق پيۇگوت ماشىنىلىرى بىرلا ۋاقىتتا تۆمۈر ـ تەسەككە ئايلاندۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، پيۇگوت يوقالمىغان، يېڭى ماشىنىلار ئىشلەپچىقىرىلىپ، يىللىق دوكلاتلار داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرغان بولاتتى. شىركەت زاۋۇتلارغا، سېخلارغا، كۆرگەزمە دۇكانلىرىغا، رېمونتخانىلارغا، مالىيە ئىشلىرى ۋە كاتىبات بۆلۈمگە ئادەم ئالىدۇ، ئەمما بۇلار پيۇگوتنى تەشكىل قىلمايدۇ. بىر بالايى قازا پيۇگوت شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بارلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، ھەممە زاۋۇتنىڭ مەمۇرى ئورۇنلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنى يوق قىلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ شىركەت يەنە قەرز ئېلىپ، يېڭى خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئېلىشى، يېڭى زاۋۇتلارنى قۇرۇشى، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشى مۇمكىن. پيۇگوتنىڭ دىرېكتورلىرى ۋە پايچىكلىرىغا كەلسەك،

ئۇلارمۇ شىركەتنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. بارلىق دىرېكتورلار ئىشتىن ھەيدىلىشى، پايچىكلار بارلىق پايلىرىنى سېتىۋېتىشى مۇمكىن، ئەمما شۇ ھالدىمۇ بۇ شىركەت مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلالايدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى پېۋگوتنىڭ يېڭىلمەس ۋە ئۆلۈمسىز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. سوت ئەگەر بۇ شىركەتنىڭ تاقىلىشىغا ھۆكۈم قىلسا، شىركەتنىڭ زاۋۇتلىرى، ئىشچىلىرى، بوغالتىرلىرى، دىرېكتورلىرى ۋە پايچىكلىرى ئۆز ئورنىدا قالىدۇ، ئەمما پېۋگوت مەۋجۇت بولمايدۇ. قىسقىسى، پېۋگوتنىڭ ماددىي دۇنيا بىلەن چېتىشلىقى يوق، ئەمما بۇ شىركەت ھەقىقەتەن بارمۇ؟

پېۋگوت بىزنىڭ كوللېكتىپ خىيال كۆچىمىزنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئادۋۇكاتلار بۇنى «قانۇنلۇق تەسەۋۋۇر» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ماددىي نەرسە ئەمەس، پەقەت قانۇني بىر بارلىق. ئۇمۇ سىز بىلەن ماڭا ئوخشاش، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا باغلىنىدۇ؛ بانكىدا ھېساب ئاچالايدۇ، مال ـ دۇنيا تاپالايدۇ، باج تۆلەيدۇ، ئىشچى ـ خىزمەتلىرى ياكى خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ئەرز قىلىنالايدۇ.

پېۋگوت «قانۇنلۇق تەسەۋۋۇر» بولغان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنداق شىركەتلەرنىڭ ئارقىسىدىكى پىكىر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كاتتا كەشپىياتلىرىدىن بىرىدۇر. ھومو ساپىيانسلار 1000 يىللارچە بۇ شىركەتلەر بولمىسىمۇ ياشىدى. مال ـ مۈلۈككە پەقەت گۆش بىلەن سۆڭەكتىن پۈتۈلگەن، ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىدىغان، مېڭىسى يوغان ئىنسانلار ئىگە بولالايتتى. ئەگەر 13 ـ ئەسىردە فرانسىيەدە جېن ئىسىملىك بىر ئادەم يۈك ئاپتوموبىلى كارخانىسىنى قۇرغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئىش مەيدانىدا قۇرغان بولاتتى؛ ياسىغان بىر يۈك ئاپتوموبىلى سېتىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇزۇلۇپ قالسا، ئۇنى سېتىۋالغان كىشى جېن ئۇستىدىن ئەرز قىلغان بولاتتى. جېن ئەگەر قايتا ئىش باشلاش ئۈچۈن مىڭ سەر ئالتۇن قەرز ئېلىپ، ئاندىن ۋەيران بولسا، قەرز تۆلەش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىنى ــ ئۆيىنى، ئات ـ كالىسىنى ياكى يېرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولاتتى؛ ھەتتا باللىرىنى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىشكە بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر قەرزنى ئۈزەلمىسە دۆلەت تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىناتتى ۋە قەرز ئىگىلىرى تەرىپىدىن قۇل قىلىناتتى. جېن ئۆز كارخانىسىدا چىققان چاتاقلارغا تامامەن ئۆزى جاۋابكار ئىدى.

ئەگەر ئۇ زاماندا ياشىغان بولسىڭىز، كارخانا ئېچىشتىن ئاۋۋال يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسەتتىڭىز. ئۇنداق قانۇني ۋەزىيەت ئەلۋەتتە ئىگىلىك تىكلەش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزەتتى. ئىنسانلار خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، يېڭى كارخانا قۇرۇشقا پېتىنالمايتتى. يېڭى كارخانا قۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى تامامەن مۇھتاج ئەھۋالدا قويۇش خەتىرىگە تەۋەككۈل قىلىشىغا ئانچە ئەرزىمەيتتى.

شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار كوللېكتىپ ھالدا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل شىركەتلەر قانۇنلۇق ھالدا بۇ شىركەتنى قۇرغان، شىركەتكە مەبلەغ

سالغان ياكى باشقۇرغان ئىنسانلارغا چوڭ جەھەتتە بېقىنىپ قالمايدىغان ئورۇنلار ئىدى. ئۆتكەن بىر قانچە ئەسىردە بۇ خىل شىركەتلەر ئىقتىسادىي دۇنيانىڭ باش رولچىلىرى ھالىغا كەلدى. بىز ھازىر ئۇلارغا شۇنچىلىك كۆنۈپ كەتتۇقكى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە تەسەۋۋۇرىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. ئۇلار پەقەت كالليمىزدا مەۋجۇت بولغىنىغا قارىماي، قانۇن سىستېمىلىرىمىز ئۇلارنى قانۇنلۇق ئورۇن، يەنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان مەۋجۇتلۇق قاتارىدا كۆرىدۇ.

1896 ـ يىلىدا، ھەرە، ۋەلىسپىت ۋە ھالقا ئىشلەيدىغان كارخانىنى ئائىلىسىدىن مىراس ئالغان ئارماند پيۇگوت (**Armand Peugeot**) ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ئىشىغا كىرىشكەندە، فرانسىيە قانۇن سىستېمىسىدىكى ئورنى ئەنە شۇ ھالەتتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى. ئۇز نامىنى بەرگەن بۇ شىركەت ئەمدى ئۇلارغا بېقىنمايدىغان بىر ئورۇن ئىدى، ئاپتوموبىللاردىن بىرى بۇزۇلغىنىدا ئۇنى سېتىۋالغان كىشى ئارماند پيۇگوت ئۇستىدىن ئەمەس، پيۇگوت ئۇستىدىن ئەرز قىلالايتتى. ئەگەر بۇ شىركەت **1** مىليون فرانك قەرز ئېلىپ ئارقىدىن ۋەيران بولسا، ئارماند پيۇگوت بۇ شىركەتكە مەبلەغ سالغۇچىلارغا **1** فرانكمۇ قەرز بولمايتتى. چۈنكى قەرز ھومو ساپىيناس ئارماند پيۇگوتقا ئەمەس، شىركەت پيۇگوتقا بېرىلگەنىدى. ئارماند پيۇگوت **1915** ـ يىلى ئۆلدى، ئەمما ئۇنىڭ شىركىتى پيۇگوت بولسا ھازىرغىچە مەۋجۇت ھەم سودىسى ناھايىتى ياخشى.

ئىنسان بولغان ئارماند پيۇگوت شىركەت بولغان پيۇگوتنى قانداق قۇردى؟ سېھرىگەرلەر تارىختىن بۇيان تەڭرىلەر بىلەن شەيتانلارنى ياراتقاندەك، فرانسىيەلىك كاتولىك پوپلىرى ھەر يەكشەنبە كۈنى چېركاۋدا ئىسا پەيغەمبەرنىڭ ۋۇجۇدىنى يېڭىدىن ياراتقاندەك، بارلىق ئىشلار ھېكايە بايان قىلىش ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى نەتىجىسىدە زورايدى. فرانسىيەلىك پوپلارغا كۆرە مۇھىم بولغان ھېكايىلەر ئىسا پەيغەمبەرنىڭ كاتولىك چېركاۋلىرى بايان قىلغان شەكلىدىكى ھاياتى ۋە ئۆلۈمى ئىدى. بۇ ھېكايىلەرگە كۆرە، مۇقەددەس كىيىملىرىنى كىيگەن بىر كاتولىك پوپ توغرا سۆزلەرنى توغرا زاماندا سالماقلىق بىلەن سۆزلىگىنىدە، نان بىلەن شاراپ تەڭرىنىڭ بەدىنى بىلەن قېنىغا ئايلىنىدۇ. پوپ ھاياجان بىلەن: «بۇ مېنىڭ بەدىنىم» دەيدۇ، نان شۇ ھامان ئىسا پەيغەمبەرنىڭ بەدىنىگە ئايلىنىدۇ. پوپنىڭ بۇ ئەستايىدىل، جانلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن مىليونلارچە كاتولىك مۇرىتلىرى تەڭرىنىڭ ھەقىقەتەن مۇقەددەس نان ۋە شاراپتا ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

پيۇگوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسلى ھېكايە بولسا فرانسىيە پارلامېنتى تەرىپىدىن يېزىلغان فرانسىيە قانۇنلىرى ئىدى. فرانسۇز قانۇن تۈزگۈچىلىرىگە كۆرە، لاياقەت گۇۋاھنامىسى بار بىر ئادۋوكات زۆرۈر بولغان بارلىق قائىدە ـ رەسمىيەتلەرنى ئىجرا قىلغىنىدا، كېرەكلىك قەسەم ۋە كاپالەت سۆزلىرىنى چىرايلىق بىر قەغەزگە يازغىنىدا، كېلىشىم ئاستىغا ئىمزاسىنى ھەيۋەت بىلەن قويغىنىدا، بىر شىركەت دەرھال قۇرۇلغان بولىدۇ. ئارماند پيۇگوت

1896 ـ يىل شىركەتنى قۇرىدىغان چاغدا بىر ئادۋوكاتقا پۇل تۆلەپ، يۇقىرىقىلارنى تاماملىدى. ئادۋوكات بارلىق قائىدە ـ رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈرۈپ، قەسەم ۋە كېلىشىم سۆزلىرىنى قەغەزگە تۆكتى، شۇنىڭ بىلەن مىليونلارچە فرانسىيەلىكلەر پيۇگوت شىركىتى ھەقىقەتەن مەۋجۇتتەك مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى.

تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىش ئاسان ئەمەس، بۇ يەردىكى قىيىنلىق ھېكايىنى قانداق بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئۇ ھېكايىگە قانداق ئىشەندۈرۈش. تارىخنىڭ كۆپ قىسمى شۇ سوئاللار بىلەن تولغان: كىملەر قانداق قىلىپ مىليونلارچە ئىنساننى تەڭرىلەرگە، مىللەتلەرگە ياكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىگە ئىشىنىشكە قايىل قىلالىدى؟ بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولغان ساپىيانسلار بۈيۈك كۈچ قازاندى، چۈنكى بۇ، مىليونلارچە ناتونۇش ئىنساننىڭ ئورتاق نىشان ئۈچۈن ھەمكارلىششىغا تۈرتكە بولدى. ئۆز ئارىمىزدا پەقەت بۇ دۇنيادا ماددىي شەكىلدە مەۋجۇت بولغان نەرسىلەر، مەسىلەن دەريالار، دەرەخلەر ۋە شىرلار ھەققىدە گەپلىشىپلا ئولتۇردۇق دەيلى، ئۇ ھالدا دۆلەتلەر، چېركاۋلار ۋە قانۇن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ نە قەدەر مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ.

يىللار بويىچە ئىنسانلار ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەرنى توقۇدى، بۇ توقۇلما ئىچىدە پيۇگوتقا ئوخشاش تىپلار مەۋجۇتلۇقۇقىنى داۋام قىلىپلا قالماي، زور مىقداردا كۈچ ـ ھوقۇق توپلىدى. ئىنسانلار توقۇپ چىققان ھېكايىلەر ئىلمىي ئاتالغۇدا «توقۇلما ۋەقەلەر»، «كوللېكتىپ ئىجادىيەت» ياكى «خىيالدىكى رېئاللىق» دەپ قارالماقتا. خىيالىي ھەقىقەت يالغانچىلىق ئەمەس. مەن بىر دەريانىڭ بويىدا شىر تۇرىدۇ دېگەن بولسام، ئۇ يەردە شىرنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن بولسام يالغان سۆزلىگەن بولىمەن. يالغانچىلىق تولىمۇ ئاددىي بولىدۇ؛ بېشىل مايمۇنلار بىلەن شىمپانزىلار يالغان سۆزلىيەلەيدۇ. مەسىلەن، بىر يېشىل مايمۇننىڭ ھېچنەدە شىر بولمىسىمۇ «دىققەت قىل! شىر!» دېگەنلىكى كۆزىتىلگەن. بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بانان تاپقان باشقا مايمۇننى تەبىئىي ھالدا قورقۇتۇپ قاچۇرۇپ، يالغانچى مايمۇننىڭ ئۇ بانانىنى ئۆزى يالغۇز يېيىشىنى ساقلايدۇ.

يالغاندىن پەرقلىق بولغان «خىيالدىكى رېئاللىق» ھەر كىم ئىشىنىدىغان بىر نەرسىدۇر ھەمدە ئورتاق ئېتىقاد ھۆكۈم سۈرگەن مۇددەتچە، خىيالدىكى رېئاللىق دۇنيادا مۇئەييەن بىر كۈچكە ساھىب بولىدۇ. ستادېل غارىدىكى ھەيكەلتاراش، شىر ـ ئىنسان شەكلىدىكى قوغدىغۇچى روھقا ھەقىقەتەن ئىشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى سېھىرگەرلەر ئالدامچىدۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەڭرىلەر بىلەن شەيتانلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ؛ مىليونېرلار پۇل ۋە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ؛ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بولسا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2011 ـ يىلى لىۋىيە ھۆكۈمىتىدىن ئۆز پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغىنىدا ھېچكىم يالغان سۆزلىمىگەنىدى؛ ھالبۇكى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تامامەن بىزنىڭ بەرىكەتلىك خىيال كۈچىمىزنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

گېن گۇرۇپپىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈش

سۆزلەرنىڭ خىيالدىكى رېئاللىقنى يارىتىش كۈچى ناتونۇش ئىنسانلارنىڭ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىشىنى ساقلاشتىنمۇ ھالقىپ كەتتى. كۆپ سانلىق جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىقى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە تايانغانلىقتىن، باشقىچە ھېكايىلەرنى بايان قىلىش، يەنى ئۇ ھېكايىلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئىدى. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر شارائىتلار پىشىپ يېتىلگەندە تېزلا ئۆزگىرەلەيدۇ. 1789 ـ يىل فرانسىيە ئاھالىسى بىر كېچىدىلا پادىشاھنىڭ ئىلاھىي كۈچىگە ئىشىنىشنى تاشلاپ، ھوقۇقنىڭ خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىغانىدى. دېمەككى، بىلىم دەۋرىدىن باشلاپ ھومو ساپىيانسلار ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە گېنېتىك تەرەققىيات جەريانىدىكى توسقۇنلۇقلاردىن ھالقىپ، مەدەنىيەتتە تېز تەرەققىي قىلىشنىڭ يولىنى ئاچتى. بۇ يولدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىگەن ھومو ساپىيانسلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىش جەھەتتە باشقا ئىنسان ۋە ھايۋان تۈرلىرىنى ئارقىدا قويىدى.

توپلىشىپ ياشايدىغان باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ گېنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. DNA مۇتلەق بەلگىلىگۈچى ئەمەس، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە شۇ ھايۋاننىڭ ئۆزىگە خاس قىلىقلىرى تەرىپىدىنمۇ شەكىللىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىر تۈردىكى ھايۋانلار مۇئەييەن مۇھىتتا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. ھەمدە گېنېتىك بىر مۇتاسىيون (تۈيۈقسىز ئۆزگىرىش) يۈز بەرمەي تۇرۇپ، ئۆز توپىدىكى ھەرىكەتلىرىدە ئېنىق بىر ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلمەيدۇ. مەسىلەن، شىمپانزىلار باش ئەركەك شىمپانزا تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، دەرىجە ـ قاتلاملارغا ئايرىلغان گۇرۇپپىلار ئىچىدە ياشاشقا مايىل كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بولغان ۋىجىك شىمپانزىلار بولسا چىشى شىمپانزىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان باراۋەر گۇرۇپپىلار ھالىتىدە ياشايدۇ؛ چىشى شىمپانزىلار ۋىجىك شىمپانزىلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، «ئاياللار ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ئىنقىلاۋى» قوزغىمايدۇ. ئەركەك شىمپانزىلار بولسا قانۇنلۇق بىر مەجلىستە توپلىنىپ، باش ئەركەك شىمپانزىنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق شىمپانزىلارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىمايدۇ. بۇنداق پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلەر پەقەت شىمپانزىلارنىڭ DNA سى ئۆزگەرگەندە ئاندىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى. بىلىشىمىزچە، جەمئىيەتتىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يېڭى تېخنىكىلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، يېڭى مۇھىتقا ماكانلىشىش، مەدەنىيەتتىكى ئەۋزەللىكلەردىن بەكرەك، گېنېتىك مۇتاسىيونلار ۋە مۇھىتنىڭ بېسىمى بىلەن بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ بۇ قەدەمنى بېسىشى يۈز مىڭلارچە يىل داۋاملاشتى. ئىككى مىليون يىل ئاۋۋال گېنېتىك

مۇتاسيونلار هومو ئېرېكتوس دەپ ئاتالغان يېڭى بىر ئىنسان تۈرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ساقلىدى. بۇ تۈرنىڭ مەيدانغا كېلىشى يېڭى تاش قورال تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن زاماندىش بولۇپ، بۇ دەل، ئاشۇ ئىنسانلارنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە بىلىنمەكتە. هومو ئېرېكتوس باشقا گېنېتىك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرمىگەنلىكتىن، ساق 2 مىليون يىل تاش قوراللار دەۋرىدە قالدى!

بۇنىڭ ئەكسىچە، بىلىم دەۋرىدىن بۇيان ساپىيانسلار تېز تەرەققىي قىلدى، ھېچقانداق گېنېتىك ئۆزگىرىش ياكى مۇھىت ئۆزگىرىشىگە تايانماي تۇرۇپ، يېڭى ھەرىكەتلىرىنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇردى. كاتولىك پوپلار، بۇددىست راھىبلار، چېركاۋ مۇرىتلىرى ۋە خىتاي ئاغۋاتلارغا ئوخشاش ئەۋلادسىزلارنى بۇنىڭ باش مىساللىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنداقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ. چۈنكى باشقىلارنى كونترول قىلىۋالىدىغان بۇ شەخسلەر بالا تېپىشنى قەستەن رەت قىلغان. شىمپانزىلارنىڭ باش ئەركەكلىرى پۈتۈن كۈچ ـ مادارىنى چىشى شىمپانزىلار بىلەن جۈپلىشىشكە سەرپ قىلىپ، مايمۇن باللىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا ئاتىدارچىلىق قىلسا، كاتولىك ئەركەكلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ۋە بالا تېپىشتىن قاچىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ياكى خوتۇنىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە سوغۇق قارىشى دېگەندە تەبىئىي سەۋەب ئەمەس، شۇنداقلا غەلىتە بىر گېنېتىك مۇتاسيوندىن ئوتتۇرىغا چىققان سەۋەب ئەمەس. كاتولىك چېركاۋلىرى ئەسىرلەر بويى بىر پوپتىن يەنە بىر پوپقا ئۆتكەن «بوۋىتاقلىق گېنى» ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىنجىل قىسسەلىرى ۋە كاتولىك چېركاۋىنىڭ ھوقۇقىغا دائىر ھېكايىلەرنىڭ داۋاملىق سۆزلىنىشى ئارقىلىق ساقلىنىپ قالدى.

باشقىچە ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت قېلىپلىرى ئون مىڭلارچە يىل مۇقىم قالغان بولسا، ساپىيانسلار جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن ھەرىكەت ـ ئادەتلىرىنى ئون ياكى يىگىرمە يىلدا ئۆزگەرتەلەيتتى. 1900 ـ يىلدا تۇغۇلۇپ يۈز ياشقىچە ياشىغان بىر بېرلىنلىق ئادەمنى ئالايلى، ئۇ باللىق دەۋرىنى ۋىلىيام II نىڭ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىنى ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى ۋە ناتسىستلارنىڭ 3 ـ ئىمپېراتولۇقى دەۋرىدە ئۆتكۈزگەن بولسا، ئاخىرقى ئۆمرىنى دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە بىرلەشكەن گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈپ ئۆلگەن بولىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ DNA سى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان جەمئىيەتتە ياشىغان بولىدۇ.

ساپىيانسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سىرى دەل مۇشۇ. بىر نياندېرتال بىر ساپىيانس بىلەن بىرگە بىر ئۇرۇشسا، ساپىيانسنى يېڭىۋالىدۇ. ئەمما يۈزلەرچە ساپىيانسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇشتا نياندېرتاللارنىڭ ھېچقانداق يېڭىۋېلىش پۇرسىتى يوقتۇر. نياندېرتاللار بىر شىرنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بىر ـ بىرىگە دەپ بېرەلىسىمۇ، قەبىلە ئەرۋاھلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ، ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. ھېكايە توقۇش

ئىقتىدارى بولمىغان نىياندېرتاللار چوڭ گۇرۇپپا، چوڭ جەمئىيەت ھالىتىدە ھەمكارلىشالمايتتى، دائىملىق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە توسقۇنلۇقلار ئالدىدا كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلالمايتتى.

بىز نىياندېرتالنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقالمىساقمۇ، ئۇلارنىڭ ساپىيانس رەقىبلىرىگە باققاندا بىلىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە قولىمىزدا ئىسپاتلار بار. ياۋروپاغا ماكانلاشقان ساپىيانسلارنىڭ 30 مىڭ يىللىق تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئاخېئولوگلار ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن كېلىپ قالغان قۇلۇلە قاپلىرىنى تاپتى. بۇ قۇلۇلە قاپلىرى ساپىيانسلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تىجارەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىغا تارقالغانىدى. نىياندېرتاللار ماكانلاشقان جايلاردا سودا ـ تىجارەتنىڭ بۇنداق دەلىللىرى يوق. ھەر قەبىلە ئۆز قوراللىرىنى يەرلىك مەھسۇلاتتىن ئىشلەيتتى.

6. ۋاتىكاننىڭ كاتولىك پاپىسى گەرچە گېپ ۋە مۇھىت جەھەتتىن بىر-بىرىدىن سەۋەب بولمىسىمۇ، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ھەم بالىلىق بولۇشتىن قاچىدۇ.

جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىن بىر مىسال ئالساق، يېڭى گىۋىنىيەنىڭ شىمالىدىكى يېڭى ئىرلاندىيە ئارىلىدا ياشايدىغان ساپىيانسلار ۋولقاندىن پەيدا بولغان، «ئوبسىدىيەن» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئەينىكىنى قوللىنىپ، ناھايىتى كۆچلۈك ۋە ئۆتكۈر قوراللارنى ياسىغان. ئادەتتە يېڭى ئىرلاندىيەدە ۋولقان تاغ ئەينىكى كانلىرى يوق ئىدى. تەجرىبىخانىدىكى سىناقلار، بۇ ئارالدا ئىشلىتىلگەن تاغ ئەينىكىنىڭ 400 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى يېڭى بىرىتانىيە ناملىق بىر ئارالدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، بۇ ئارالدا ياشىغان بىر قىسىم ساپىيانسلار ئاراللار ئارىسىدىكى ئۇزاق مۇساپىلەرگە قاتنىماي، سودا ـ تىجارەت قىلالىغان دېڭىزچىلار بولۇشى مۇمكىن.

سودا ـ تىجارەت ھېچقانداق خىيال ـ تەسەۋۋۇرنى كېرەك قىلمايدىغان ئەمەلىي بىر پائالىيەت دەپ قارىلىشى مۇمكىن، ئەمما ساپىيانسلاردىن باشقا ھېچقانداق ھايۋان تىجارەت قىلمىغان. ساپىيانسلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تىجارەت تورى تامامەن تەسەۋۋۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىشەنچ بولمىسا تىجارەتمۇ بولمايدۇ، شۇڭا ياتلارغا ئىشىنىش بەك تەس. بۈگۈنكى خەلقئار سودا تورى دوللارغا، ئامېرىكا مەركىزى بانكىسىغا ۋە شىركەتلەرنىڭ داڭلىق ماركىلىرىغا بولغان ئىشەنچىمىز سايىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. قەبىلىدىكى ئىككى ئادەم سودا قىلماقچى بولسا، ئورتاق بىر تەڭرىگە، ئەپسانىۋى بىر ئاتىغا ياكى توتېم قىلغان بىر ھايۋانغا تايىنىش ئارقىلىق ئۆزئارا ئىشەنچ ساقلايدۇ.

ئەگەر بۇنداق تەسەۋۋۇرلارغا ئىشىنىدىغان ئىپتىدائى ساپىيانسلار ئوبسىدىيەن ۋە قۇلۇلە قېپى تىجارىتى قىلغان بولسا، ئۇلارنى ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرغان، شۇ ئارقىلىق نىياندېرتاللار ۋە باشقا ئىپتىدائىي ئىنسان تۈرلىرىگە باققاندا تېخىمۇ كۆپ ۋە كەڭ ئۇچۇر تورى بەرپا قىلغان دېيەلەيمىز.

ئوۋچىلىق ماھارەتلىرىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. نىياندېرتاللار ئاساسەن يالغۇز ۋە كىچىك گۇرۇپپا بولۇپ ئوۋچىلىق قىلاتتى. توپ ـ توپ بولۇپ ئوۋچىلىق قىلىدىغان ساپىيانسلار بولسا كوللېكتىپ ھەمكارلىشىش ئۇسۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن بىرى، ھايۋانلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ، ئۇلارنى تار بىر بوغازغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، بىراقلا ئۆلتۈرۈشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئىدى. ئەگەر پىلانلىرى ئوڭۇشلۇق بولسا، ئۇلار بىر قېتىمدىلا نەچچە توننا گۆش، ياغ، تېرىلەرگە ئىگە بولالايتتى، ئاندىن گۆشلەرنى بىر قېتىملىق چوڭ زىياپەتتە يەيتتى ياكى قۇرۇتۇپ ئىسلاپ، كېيىنكى ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ساقلايتتى. ئارخېئولوگلار ھەر يىلى توپ ـ توپ ھايۋانلار ئوخشاش ئۇسۇلدا بوغۇزلانغان چېدىرلارنى بايقىدى، بەزى ماكانلاردا ھەتتا ئادەملەر ياسىغان توزاقلار، چىت ـ توساقلار بار ئىدى.

ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ساپىيانسلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى قۇشخانىلارغا ئايلىنىشىدىن نىياندېرتاللارنىڭ بىزار بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ سەۋەبتىن،

ئىككى تۈر ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇش ـ جېدەل چىققان بولسا، نىياندېرتاللارنىڭ تەلىيى قاچاتتى. ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە ھەمكارلىشىدىغان ئەللىك نىياندېرتال ئادىمىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىققا مايىل بەش يۈز ساپىيانسقا يېڭىلىدىغانلىقى ئېنىق. يەنە كېلىپ، ساپىيانسلار تۇنجى قېتىمدا يېڭىلگان تەقدىردىمۇ، تېزدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلالىغۇدەك تاكتىكىلارنى بارلىققا كەلتۈرەلەيتتى.

بىلىمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدا نېمىلەر يۈز بەردى؟

ييڭى ئىقتىدار	كەڭ دائىرىلىك نەتىجىلىرى
ھومو ساپىيانسنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر (بىلىم) تارقىتىش ئىقتىدارى	مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى پىلانلاش ۋە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى. مەسىلەن، شىرلاردىن يىراق تۇرۇپ، ياۋا كالا ئوۋلاش دېگەندەك.
ھومو ساپىيانسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە دائىر تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر تارقىتىش ئىقتىدارى	150 كىشىگە قەدەر يەتكەن تېخىمۇ چوڭ ۋە ئىناق گۇرۇپپىلار
قەبىلە روھلىرى، مىللەتلەر، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان ئىنسان ھەقلىرى دېگەندەك مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر تارقىتىش ئىقتىدارى	a. نۇرغۇن ناتونۇشلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق. b. ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە يېڭىلىنىشى

تارىخ ۋە بىئولوگىيە

ساپىيانسلار ئىجاد قىلغان خىيالىي رېئاللىقنىڭ كۆپ خىللىقى ھەمدە بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغان ئادەتلەرنىڭ كۆپلۈكى بىز «كۇلتۇر» دەپ ئاتايدىغان نەرسىنىڭ دەسلەپكى تەركىپلىرىدۇر. كۇلتۇرلەر مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان توختىماي ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولۇپ، تارىخ دېگەن نەرسىمۇ تىنىمسىز ئۆزگىرىشلەردىن بارلىققا كېلىدۇ.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، بىلىمنىڭ تەرەققىياتى تارىخنىڭ بىئولوگىيەدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغان كۇنگە توغرا كېلىدۇ. بارلىق ئىنسان تۇرلىرىنىڭ بىلىم ئىنقىلابىغا قەدەر قىلغان ـ ئەتكەنلىرى بىئولوگىيەگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىتتۇر («تارىختىن بۇرۇنقى» دېگەن ئاتالغۇدىن ساقلىنىشقا تىرىشىمەن، چۇنكى بۇ ئاتالغۇ خاتا ھالدا، بىلىم ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر كاتېگورىيە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قالىدۇ). بىلىم ئىنقىلاۋىدىن بۇيان، تارىخىي بايانلار بىئولوگىيەلىك نەزەرىيەلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ھومو ساپىيانسنىڭ تەرەققىياتىنى بايان قىلىشتا بىز قوللىنىۋاتقان ئاساسلىق قورال ھالىتىگە كەلدى. ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ياكى جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ تەرەققىياتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن گېنلار، ھورمونلار ياكى ئورگانىزملارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى بايان قىلىش يېتەرلىك بولمايدۇ؛ پىكىرلەر، خىياللار ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىمۇ ھېسابقا ئېلىشىمىز كېرەك.

بۇ، ھومو ساپىيانسلار ئىنسان كۇلتۇرىنىڭ بىئولوگىيەلىك قانۇنلىرىدىن مۇستەسنا دېگەنلىك ئەمەس، بىز ھازىرمۇ ھايۋان ھېسابلىنىمىز؛ تېنىمىز، ھېسسىياتىمىز ۋە بىلىش ئىقتىدارىمىز ھازىرمۇ DNA رىمىز تەرىپىدىن شەكىللەندۇرۇلمەكتە. نياندېرتاللار ياكى شىمپانزىلارنىڭ بەدىنى نېمىدىن تۈزۈلگەن بولسا، بىزگىمۇ ئىنسانلارنىڭ بەدىنىمۇ شۇنىڭدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى كۆزەتكىنىمىزدىمۇ، باشقا مايمۇنلار بىلەن بولغان پەرقىمىزنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

يەنە بىر جەھەتتىن، شەخس ياكى ئائىلە سەۋىيىسىدىكى پەرقلەرگە قاراش خاتادۇر. بىرگە بىر، ياكى ئونغا ئون نىسبەتتە سېلىشتۇرغاندىمۇ، شىمپانزىلار بىلەن بىز كىشىنى بىئارام قىلغۇدەك دەرىجىدە ئوخشايمىز. ئوتتۇرىدىكى پەرق پەقەت ئادەم سانى 150تىن ئاشقان گۇرۇپپىلاردا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مىڭ بىلەن ئىككى مىڭ ئارىسىدىكى كىشىلەر سانىغا يەتكەندە شەكىللىنىدىغان پەرقلەر تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. مىڭلارچە شىمپانزىنى ئىستانبۇلنىڭ كاپالى چارشىسىغا، ئاتاتۈرك ئولىمپىك سارىيىغا، ئەنقەرەدىكى مەجلىس بىناسىغا ياكى مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمگە توپلاشقا تىرىشسىڭىز، چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ساپىيانسلار بۇنداق يەرلەرگە مىڭلارچە كىشىلىك جامائەت ھالىتىدە تەرتىپلىك توپلىنىدۇ، شۇنداقلا بىر شەخس ئۆز ئالدىغا قۇرالمايدىغان تىجارەت تورى، كوللېكتىپ بايراملار، سىياسىي تەشكىلاتلار دېگەندەك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

شىمپانزىلار بىلەن ئارىمىزدىكى تۈپ پەرق شەخسلەرنى، ئائىلىلەرنى ۋە گۇرۇپپىلارنى بىرلەشتۈرىدىغان سېھىرلىك يىلىمدۇر. بۇ يىلىم بىزنى ئىجادكار ئۇستىلار ھالىغا ئېلىپ كەلگەندۇر.

ئەلۋەتتە، بىزگە قورال ياساپ ئىشلىتىش دېگەندەك باشقا ئىقتىدارلارمۇ كېرەك. ئەمما قورال ياساش ئىقتىدارى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىسە، چوڭ رول ئوينىيالمايدۇ. 30 مىڭ يىل ئاۋۋال ئۇچى چاقماق تېشىدىن ياسالغان كالتەكلىرىمىز بولغان بولسا، بۈگۈن قانداقسىگە قىنىئەلەر ئارا يادرو ئوقبېشى ئېلىپ يۈرەلەيدىغان راكېتالىرىمىز مەۋجۇت بولالايدۇ؟ 30 مىڭ يىللىق فىزىئولوگىيەلىك تەرەققىياتىمىزدا، قورال ـ سايمان ياساش قابىلىيىتىمىزدە ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. قەدىمكى بىر ئوۋچى ئىنسانغا سىلىشتۇرغاندا، ئالبېرت ئېينشتېيننىڭ قول ئىشلىتىش ماھارىتىنى تۆۋەن دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزنىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىمىز ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئۇچى چاقماق تېشىدىن ياسالغان كالتەك بىرلا كىشى تەرىپىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ياسىلىپ پۈتەتتى ھەمدە ئۇ كىشى بىر قانچە دوستىنىڭ تەۋسىيەسى ۋە ياردىمىغا مۇھتاج ئىدى. ھالبۇكى، يادرو ئوقبېشى بولسا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن توپلانغان كىشىلەر، ئۇران ئىشلەپچىقىرىدىغان كان ئىشچىلىرىدىن تارتىپ، ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان تەسىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىر تالاي ماتېماتېكىلىق فورمۇلالارنى ئىشلەيدىغان نەزەرىيىۋى فىزىكىچىلارغا قەدەر مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىلىم ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى بىئولوگىيە بىلەن تارىخنىڭ مۇناسىۋىتىنى خۇلاسىلىسەك:

1. بىئولوگىيە ھومو ساپىيانسنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىپ بەرسە، بارلىق تارىخ بىئولوگىيە دائىرىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ.
2. ئەمما بۇ بىئولوگىيەلىك دائىرە پەۋقۇلئاددە كەڭ بولۇپ، ساپىيانسلارنى ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ساپىيانسلار تەسەۋۋۇرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ ئويۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ھەمدە كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇ ئويۇننى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.
3. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن، ساپىيانسلارنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى بايان قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىئولوگىيەلىك دائىرە بىلەن چەكلىنىپ قالساق، دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىنى خەۋەر قىلىۋاتقان بىر مۇخبىرنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا پۇتبول مەيدانىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ قويۇپلا، پۇتبولچىلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى دېمىگىنىگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ.

تاش دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىز تارىختا قانداق ئويۇنلارنى ئوينىدى؟ ھازىرچە شۇ بىلىمىزكى، 30 مىڭ ئاۋۋال ستادىل شىرىنى ياسىغان ئىنسانلار بىزگە ئوخشاش جىسمانىي،

مەنۋى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇلار ئەتىگەندە قوپقاندا نېمە قىلاتتى؟ ناشتىلىقىدا ۋە چۈشلۈك تامىقىدا نېمە يەيتتى؟ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى قانداق ئىدى؟ بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق ئائىلە ۋە جەمەتنى ئاساس قىلغان ئائىلىلىرى بارمىدى؟ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئەخلاق ئادەتلىرى، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرى بارمىدى؟ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلارمىدى؟ كېيىنكى بابلاردا ئالدى پەردىنى قايرىۋېتىپ، بىلىم ئىنقىلاۋىنى تېرىقچىلىق ئىنقىلاۋىدىن ئايرىغان مىڭ يىللاردىكى ھاياتنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشىمىز.

3. ئادەم بىلەن ھاۋۋانىڭ بىر كۈنى

تەبىئەت تارىخى ۋە پسىخولوگىيەنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوۋچى ئاتىلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىغا كىرەلىشىمىز كېرەك. ئىنسانلىق تۈرىمىز ئومۇمەن تارىخ بويىچە ئوۋچى ساپىيانسلار بولۇپ ياشىغان. كۆپلىگەن ساپىيانسلار شەھەرلەرگە كىرىپ تىرىكچىلىك قىلغان يېقىنقى 200 يىل ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ساپىيانسلارنىڭ ھەممىسى دېھقان بولۇپ ياشىغان 10 مىڭ يىل ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق قىلىپ ياشىغان نەچچە ئون مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتكەن ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ.

زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەرەققىي قىلغان پسىخولوگىيە ساھەسى، بۈگۈنكى كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ۋە پسىخولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئۇزۇن دەۋردە شەكىللەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىمىز، ئۇرۇش ـ جېدەللىرىمىز، جىنسىي تۇرمۇشىمىز ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم قالغان ئوۋچى تەپەككۇرى بىلەن كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن چوڭ شەھەرلەر، ئايروپىلانلار، تېلېفونلار ۋە كومپيۇتېرلار بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. زامانىۋى شارائىت بىزگە بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز ئىگە بولغاندىنمۇ كۆپ ماددىي مەنبە ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر ساقلىغان بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن بىزنى ئۆزىمىزدىن ياتلاشتۇرۇپ، چۈشكۈنلۈك ۋە بېسىم ئاستىدا قالغان تۇيغۇنى ھېس قىلدۇرماقتا. تەدرىجىي تەرەققىيات پسىخولوگلىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن يۇشۇرۇن ئېڭىمىزدا مەۋجۇت بولغان ۋە بىزنى شەكىللەندۈرگەن ئوۋچىلىق دەۋرىنى بىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مەسىلەن، ئىنسانلار نېمىشقا ئۆزىگە ئانچە پايدىسى بولمىغان يۇقىرى كالورىيەلىك يېمەكلىكلەرگە ئامراق؟ زامانىمىزدا باياشات ياشاۋاتقانلار تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تېز يامراۋاتقان سېمىزلىك كېسىلىدىن بىزار بولماقتا. ئوۋچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىنى بىلمىگىچە، نېمىشقا ئەڭ تاتلىق ۋە ياغلىق يېمەكلىكلەرگە بېرىلىپ كېتىشىمىزنىڭ

سەۋەبىنى بىلەلمەيمىز. ئۇۋچى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان تروپىك بەلۋاغ يايلاقلىرى ۋە ئورمانلىقلىرىدا يۇقىرى كالورىيەلىك تاتلىقلار كەم ئۇچرايتتى ھەم يەيدىغان نەرسىلەرمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. 30 مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان ئادەتتىكى بىر ئۇۋچىنىڭ يېيەلەيدىغان تاتلىق يېمەكلىكى پەقەت پىشقان مېۋىلەر ئىدى. تاش قوراللار دەۋرىدە ياشىغان بىر ئايال مېۋىلىرى مەي باغلىغان بىر ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرۈپ قالسا، قىلالايدىغان ئەڭ ئەقىللىق ئىشى ئۇنىڭدىن تويغىچە يېيىش ئىدى، بولمىسا ئۇ يەردىكى چوڭ پىللار ئەنجۈرنى قۇرۇۋېتىپ قوياتتى. يۇقىرى كالورىيەلىك يېمەكلىكلەرگە ئامراقلىق ئەنە شۇ سەۋەبتىن گېنلىرىمىزغا سىڭىپ كىرگەن. بۈگۈن بىز كۆپ قەۋەتلىك بىنالاردا، توڭلاتقۇمىز لىق تولغان ئۆيلەردە ياشاۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن، ئەمما DNA مىز بىزنى ھېلىمۇ تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدا ياشاۋاتىدۇ دەپ بىلىدۇ. مانا بۇ بۈگۈن بىر قاپ مۇزقايماقنى قوشۇۋېتىپ يەپ، ئارقىدىن يوغان ئىستاكانلىق كوكا كولانى ئىچىشىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر.

بۇ «تويغىچە يەپ ـ ئىچىش گېنى» نەزەرىيىسى بۈگۈن قوبۇل قىلىنماقتا. باشقا نەزەرىيەلەر بولسا ھازىرمۇ تالاش ـ تارتىش ئىچىدە. مەسىلەن، بەزى تەدرىجىي تەرەققىيات پىسخولوگلىرى بۇرۇنقى ئۇۋچى ئىنسانلارنىڭ بىر ئەر ـ بىر خوتۇننى مەركەز قىلغان ئۇرۇقداش ئائىلىلەردىن شەكىللەنمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئۇلارغا كۆرە، ئۇۋچى ئىنسانلار كۆپ ھالدا ئۇرۇقداش ئائىلە بويىچە ئەمەس، شەخسىي مۈلۈك، بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، ھەتتا ئاتىلىق تۇزۇممۇ بولمىغان كوممۇنا شەكلىدە ياشىغان. بۇ خىل جەمئىيەتتە بىر ئايال بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئەر بىلەن، بىر ئەرمۇ بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ يېقىنلىق ھاسىل قىلالايتتى، ئاندىن بۇ گۇرۇپپىنىڭ چوڭلىرى بالىلارغا تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ئارقىلىق ھەمكارلىق ئورنىتاتتى. ئەرلەر قايسى بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ھەممە بالىلارغا تەڭ كۆڭۈل بۆلەتتى.

بۇنداق جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئۇتوپىيە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ھالەتنىڭ بەزى ھايۋانلاردا، بولۇپمۇ بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان شىمپانزىلار ۋە پاكىنەك شىمپانزىلاردا مەۋجۇت ئىكەنلىكى بايقالدى. بۈگۈنمۇ بەزى ئىنسانلاردا، مەسىلەن ئىتالىيەدىكى بارى يەرلىك خەلقلىرىدە كوللېكتىپ ئاتىلىقنىڭ ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خەلقنىڭ قارىشىچە، بىر بالا بىرلا ئەرنىڭ مەنىيسىدىن ئەمەس، كۆپ ئەرنىڭ مەنىيسىنىڭ بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدا قوشۇلۇشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. ياخشى بىر ئانا ھامىلە ۋاقتىدا كۆپلىگەن ئەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئۇ بالا ئەڭ ياخشى ئۇۋچىنىڭلا ئەمەس، ئەڭ ياخشى مەدداھنىڭ، ئەڭ كۈچلۈك جەڭچىنىڭ، ئەڭ تەلۋە ئاشىقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە (شۇنداقلا ئۇ ئەرلەرنىڭ ئاتىلىق غەمخورلۇقىغا) ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش سىزگە غەلىتە تۇيۇلسا، شۇنى ئۇنۇتماڭكى، زامانىۋى تۆرەلمەشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىدىن ئىلگىرى، ئىنسانلارنىڭ بوۋاقلارنىڭ كۆپ ئاتىدىن ئەمەس، بىرلا ئاتىدىن كەلگىنىگە دائىر ئېنىق بىر دەلىلى يوق ئىدى.

بۇ خىل «قەدىمكى كوممۇنا» نەزەرىيىچىلىرى بۈگۈنكى ئەر ـ خوتۇنلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان ساداقەتسىزلىك، ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، چوڭلار ۋە باللار دائىم يولۇقىدىغان پسىخولوگىيەلىك مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئىنسانلارنىڭ بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق تۇرمۇشقا، ئۇرۇقداش ئائىلىلەردە ياشاشقا مەجبۇرلىنىشىدىن كۆرىدۇ ۋە ھەمدە بۇنداق تۇرمۇش بىزنىڭ بىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىمىزگە ماس كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ نەزەرىيىنى رەت قىلىدىغان كۆپلىگەن ئاكادىمىكلار بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ۋە ئۇرۇقداش ئائىلە قۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئادەتلىرىدىن بىرى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ. بۇ ئاكادېمىكلارغا كۆرە، قەدىمكى ئوۋچى ئىنسانلار بۈگۈنكى ئىنسانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ باراۋەر ۋە كوللېكتىپ ياشاشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ھۇجرىلاردا ياشىغان ھەمدە ئۇلار بىر ـ بىرىنى باشقىلاردىن كۈنلەيدىغان ئەر ـ خوتۇن ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ بالىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. شۇ سەۋەبتىن بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ۋە ئۇرۇقداش ئائىلىلەر ئىنسانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمىنى شەكىللەندۈرگەن، ئەر ـ خوتۇنلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ھالىدىن ھەم بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ھەتتا شۇ سەۋەبتىن بۈگۈن شىمالىي كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت ئاتىدىن بالىغا مىراس قالماقتا.

كۆز قاراشتىكى بۇ ئىختىلاپنى ھەل قىلىش، شۇنداقلا جىنسىي ھاياتىمىزنى، جەمئىيىتىمىزنى ۋە سىياسەتلىرىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش شارائىتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىلىشىمىز، 70 مىڭ يىل بۇرۇنقى بىلىم ئىنقىلاۋى بىلەن 12 مىڭ يىل بۇرۇنقى تارىم ئىنقىلاۋى ئارىسىدىكى دەۋردە ساپىيانسلارنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز كېرەك.

***

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئوۋچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتى ھەققىدە كۆپ نەرسە ئېنىق ئەمەس. «ئىپتىدائىي كوممۇنا» بىلەن «بىر ئەر ـ خوتۇنلۇق تۈزۈمنىڭ ئەبەدىيلىكى» نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئاجىز دەلىللەرگە تايانماقتا. قولىمىزدا ئوۋچى ئەجدادلار دەۋرىگە ئائىت يازما بەلگىلەر يوق، ئارخېئولوگىيەلىك دەلىللەرمۇ ئاساسەن تاشقاتمىغا ئايلانغان سۆڭەكلەر ۋە تاشتىن ياسالغان قوراللاردۇر؛ تېز چىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەر (مەسىلەن، تاختا، بامبۇك ياكى تېرە) دىن ياسالغان نەرسىلەر پەقەت مۇئەييەن شارائىتتا بوزۇلماي ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئارخېئولوگىيەلىك ۋەزىيەت تېرىقچىلىق دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ تاش قوراللىرى دەۋرىدە ياشىغانلىقىغا دائىر خاتا چۈشەنچىنىڭ ئومۇملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تاش قوراللىرى دەۋرى ئەسلىدە ياغاچ قوراللىرى دەۋرى دەپ ئاتىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ دەۋردە ئوۋچى ئىنسانلار ياسىغان قوراللارنىڭ تولىسى ياغاچتىن ياسالغان.

قەدىمكى ئوۋچى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى بۈگۈن قولىمىزدىكى قوراللار بىلەن جانلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزىلا مەسىلە پەيدا قىلىدۇ. ئوۋچى ئىنسانلار بىلەن ئۇلارنىڭ سانائەت دەۋرى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئېنىق پەرقلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئوۋچى ئىنسانلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەر تولىمۇ چەكلىك ئىدى؛ بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ھاياتىدا چەكلىك رول ئوينىدى. بۈگۈن باياشات ۋە زامانىۋى بىر جەمئىيەتتە ئادەتتىكى ئادەمنىڭمۇ ئۆيىدىن تارتىپ ماشىنىغىچە، بىر قېتىم ئىشلىتىدىغان رەختلەردىن تارتىپ قاپلىق سۈتلەرگىچە مىڭلارچە ئەشياسى بولىدۇ. ئۆزىمىز لايىھەلىگەن نەرسىلەرنى قاتمىغان ھېچقانداق پائالىيەت، ئېتىقاد، ھەتتا تۇيغۇمىز يوقتۇر. يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىمىز كۆز قاماشتۇرغۇچى ئاجايىپ نەرسىلەر ـ قوشۇقتىن تارتىپ ئىستاكانغىچە، گېن قۇرۇلۇشى تەجرىبىخانىسىدىن تارتىپ چوڭ كېمىلەرگىچە كۆپلىگەن ئەشيالار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئويۇن ئويناش ئۈچۈن سۇلياۋ قەرتلەردىن تارتىپ 100 مىڭ كىشىلىك تەنتەربىيە مەيدانلىرىغىچە كۆپ مىقداردا ئويۇنچۇق ئىشلىتىمىز. رومانتىك مۇھەببەت ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىمىزمۇ ئۈزۈكلەر، كارىۋاتلار، چىرايلىق كىيىملەر، ھەۋەس قوزغايدىغان ئىچ كىيىملەر، گاندونلار، ئېسىل رېستورانلار، ئەرزان مېھمانخانىلار، ئايروپورتتىكى دەم ئېلىش ئۆيلىرى، توي زاللىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك شىركەتلىرىنىڭ قېتىلىشى بىلەن گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈلىدۇ. دىنلارمۇ مۇقەددەس بولغان مۇسۇلمان مەسچىتلىرى، كاتولىك چېركاۋلىرى، ھىندى ئىبادەتخانىلىرى، تىبەتلەرنىڭ دۇئا نۇرچاقلىرى، قۇرئان ھۆسنخەتلىرى، جايىنامازلار، پوپنىڭ تونلىرى، شاملار، ئىسرىقلار، روژدىستۋا دەرەخلىرى، مازار تاشلىرى، ئالتۇن ھەيكەللەر ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئۆمرىمىزنىڭ ھەر باسقۇچىدا بىز قانچىلىك كۆپ ئەشيالىرىمىز بارلىقىنى ئۆي كۆچكەندە بايقايمىز. ئوۋچى ئىنسانلار ھەر ئاي، ھەر ھەپتە، ھەتتا بەزىدە ھەر كۈنى كۆچۈپ يۈرەتتى ۋە بۇ ئەسنادا يېنىدا نېمە بولسا ئۇنى خۇرجۇنىغا سالاتتى. جاپاسىنى بىر ئاز يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ يېنىدا يۈك ھارۋىلىرى، ھەتتا يۈك توشۇيدىغان ئۇلاغلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەڭ مۇھىم نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىش بىلەنلا بولدى قىلاتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلارنى تەپەككۇر، دىن ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن ماددىي ئەشيالارغا باغلانماستىن ياشىغان دېيىشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى ۋاقىتتىن 100 يىل كېيىن يادىكارلىق قازغان بىر ئارخىئولوگ، بىرەر جامەنىڭ خارابىلىكىدىن تاپقان سانسىز ئەشيالار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىبادىتىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرىنى سىزىپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئىپتىدائىي ئوۋچى ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىلمەكچى بولساق، چوقۇم غايىب نەرسىلەردىن باشلايمىز. بۇ خۇددى كېلەچەكتىكى بىر تارىخچىنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكالىق ياشلارنىڭ كوللېكتىپ ھاياتىنى پەقەت خەت ـ چەكلەر قاراپ بىلىشكە ئۇرۇنغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ چاغدا تېلېفوندىكى پاراڭلىشىشلار، ئېلخەتلەر، بلوگلار ۋە قىسقا ئۇچۇرلارنىڭ ھېچقايسىسى قالمىغان بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ماددىي ئەشيالارغا قاراپ ھۆكۈم قىلىش ئىپتىدائىي ئوۋچى ئىنسانلار ھەققىدە بىر تەرەپلىمە يەكۈن چىقىرىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى، بۈگۈنكى ئوۋچى ئىنسانلارنى كۆزىتىشتۇر. ئۇلار بىۋاستە ئانتروپولوگىيەلىك كۆزىتىش يولى بىلەن تەھلىل قىلىنىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى ئوۋچى ئىنسانلارغا قاراپ، ئىپتىدائىي دەۋرگە دائىر ھۆكۈم چىقارغاندا دىققەت قىلىش كېرەكلىك بولغان سەۋەبلەر بار.

بىرىنچىسى، بۈگۈنكى دەۋرگىچە ھاياتتا قېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بارلىق ئوۋچى ئىنسانلار ئۆز ئەتراپىدىكى دېھقانلار ۋە ئىشچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؛ شۇڭا ئۇلار قوبۇل قىلغان نەرسىنى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئوۋچى ئىنسانلارمۇ قوبۇل قىلغان دېيىش خاتا بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىسى، بۈگۈنكى ئوۋچى ئىنسانلار ئاساسەن تېرىقچىلىققا ماس كەلمەيدىغان يەرلەردە، ئىقلىم شارائىتى ناچار جايلاردا جان ساقلاپ قالغان. ئافرىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كالاھارى چۆلىگە ئوخشاش دەشتى باياۋاندا ياشاشقا كۆنگەنلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، خىتاينىڭ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى بەرىكەتلىك جايلاردا ياشىغان ئىنسانلارنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇش خاتالىششقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ، كالاھارى چۆلدەك بىر رايوندىكى نوپۇس چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى نوپۇسقا قارىغاندا كۆپ ئاز بولۇپ، بۇلار ئىنسان گۇرۇپپىلىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئوۋچى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن قانداق ئايرىلغانلىقىدۇر. ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ياشاپلا قالماستىن، ئوخشاش بىر جايدا ياشاپ تۇرۇپمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان. بۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى، ياۋروپادىن ئاۋستىرالىيەگە دەسلەپتە كۆچۈپ بارغانلار ئاۋستىرالىيەدىكى ئابورجىنلەر ئارىسىدا كۆرگەن چوڭ پەرقلەردۇر. ئىنگلىزلار ئاۋستىرالىيەنى بېسىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ قىتئەدىكى 200 دىن 600 گىچە بولغان قەبىلىدە 300 مىڭدىن 700 مىڭگىچە ئوۋچى ئىنسانلار ياشايتتى. بۇ قەبىلىلەر ئۆز ئىچىدە كۆپلىگەن گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغانىدى. ھەر قەبىلىنىڭ ئۆز تىلى، دىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بار ئىدى. جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەدە، بۈگۈنكى ئادىلېد ئەتراپىدا، ئاتا جەمەتىنى ئاساس قىلغان ئاتىلىق ئۇرۇقداش جەمەتلىرى ياشايتتى. بۇ جەمەتلەر زېمىن تەۋەلىكى بويىچە بىرلىككە كېلىپ قەبىلىلەرنى ھاسىل قىلاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، شىمالىي ئاۋستىرالىيەدىكى بەزى قەبىلىلەردە ئانا جەمەتىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلەتتى، قەبىلە مەنسۇبىيىتى بىر زېمىندا ياشاشتىن ئۆتە، ئۇ كىشىنىڭ توتېمغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

شۇنىڭدەك، ئىپتىدائىي ئوۋچى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مىللەت ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئايرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىدى. تېرىقچىلىق دەۋرى ھارپىسىدا دۇنياغا تارالغان 5 مىليوندىن 8 مىليونغىچە ئوۋچى ئىنسانلار مىڭلارچە پەرقلىق تىل ۋە

مەدەنىيەتكە ئىگە قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەندى. بۇ ئەسلىدىنلا بىلىم ئىنقىلاۋىدىن قالغان مىراسلاردىن بىرى ئىدى. تەسەۋۋۇرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭ، گېن تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولغان ھەمدە ئوخشاش مۇھىتتا ياشايدىغان ئىنسانلار خىلمۇ خىل خىيالىي رېئاللىقلارنى يارىتالىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇنلار ۋە قىممەت قاراشلىرى ئارقىلىق نامايەن قىلالىغانىدى.

مەسىلەن، 30 مىڭ يىل بۇرۇن بۇگۈنكى ئىستانبۇل جايلاشقان زېمىندا ياشىغان ئوۋچى ئىنسانلارنىڭ تىلىنىڭ ، بۇگۈنكى ئىزمىر جايلاشقان زېمىندا ياشىغان ئوۋچى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىرى تىنچلىقسۆيەر، يەنە بىرى ئۇرۇشخۇمار بولۇشى مۇمكىن. ئىستانبۇل گۇرۇپپىسى «كوممۇنا ھاياتى» نى ياشىغان بولسا، ئىزمىردىكىلەر ئۇرۇقداش ئائىلىلەر بويىچە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئىستانبۇل گۇرۇپپىسى قوغدىغۇچى روھلار ئۈچۈن ياغاچتىن ھەيكەللەر ياساشقا بىر مۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسا، ئىزمىردىكىلەر ئۇسسۇل ئويناپ ئىبادەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئىستانبۇل گۇرۇپپىسى رېيانكارناسيونغا2 ئىشەنگەن بولسا، ئىزمىردىكىلەر ئۇنى بىمەنىلىك دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن؛ بىرسىدە ھەمجىنسلىق قوبۇل قىلىنغان بولسا، يەنە بىرسىدە چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

باشقىچە ئېيتقاندا، بۇگۈنكى ئوۋچى ئىنسانلار ھەققىدىكى ئانتروپولوگىيەلىك كۆزىتىش، قەدىمكى ئوۋچى ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە بەزى ئېھتىماللىقلارنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلسىمۇ، ئۇ دەۋردە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلار بەك كۆپ ئىدى ھەم ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرمىدى. ھومو ساپىيانسلارنىڭ «تەبىئىي ياشاش ئادىتى» ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئەسلى مەسىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلماقتا. بىلىم ئىنقىلاۋىدىن بۇيان، ساپىيانسلارنىڭ بىرلا قېلىپتىكى ياشاش ئادىتى بولمىدى. بەلكى ئۇلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تاللىشىنى ھەيران قالارلىق مۇمكىنچىلىك دۇنياسىدىن ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ئەڭ بۇرۇنقى باياشات جەمئىيەت

تېرىقچىلىق دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ھايات ھەققىدە قانداق خۇلاسە چىقىرالايمىز؟ بۇ ھەقتە ھېچ بولمىغاندا، ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى نەچچە ئونلىغان ياكى يۈزلىگەن شەخسلەردىن تەركىپ تاپقان چېدىرلاردا ياشىغان ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئىدى دېيەلەيمىز. كېيىنكى جۈملىگە دىققەت قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇنى ئۇنداق ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدۇ. يېزا

---

2 رېيانكارناسيون–ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى باشقا جانلىقلارغا كۆچىدۇ دەپ قارايدىغان تەلىمات.

ئىگىلىك ۋە سانائەت جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغان ئەزالارنىڭ كۆپ قىسمى كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلاردۇر. ئۇلار ئۆز ئىگىلىرى بىلەن تەڭ باراۋەر بولمىسىمۇ، يەنىلا شۇ جەمئىيەتنىڭ تەركىۋى قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈن يېڭى زېلاندىيە جەمئىيىتى 4 مىليون 500 مىڭ ساپىيانس بىلەن 50 مىليون قويدىن تەشكىل تاپماقتا.

بۇ قائىدىدىن بىر نەرسە مۇستەسنا، ئۇ بولسىمۇ ئىت. ئىت ھومو ساپىيناس تەرىپىدىن تۇنجى كۆندۈرۈلگەن ھايۋان بولۇپ، تېرىقچىلىق دەۋرىدىن ئىلگىرىلا قولغا ئۆگىتىلگەنىدى. مۇتەخەسسىلەر بۇنىڭ قايسى دەۋر ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كېلەلمىدى، ئەمما بۇنىڭدىن 15 مىڭ يىل ئىلگىرى كۆندۈرۈلگەن ئىتلار ھەققىدە قولىمىزدا قايىل قىلارلىق ئىسپاتلار بار، ھەتتا ئىتلار ئىنسان گۇرۇپپىلىرىغا ئۇنىڭدىن مىڭلارچە يىل ئىلگىرى قېتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىتلار ئوۋچىلىقتا ھەم ئۇرۇش قىلىشقا سېلىنىشتىن باشقا، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە تۇيۇقسىز كەلگەن ئادەملەردىن خەۋەر بەرگۈچى سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى. ئىنسانلار بىلەن ئىتلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بىر-بىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرغاچ بىرلىكتە تەرەققىي قىلدى. ئىتلار ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ھېسسىياتىغا ئەڭ دىققەت قىلىدىغان ھايۋان بولۇپ، باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا ئىنسانلارنىڭ غەمخورلۇقىغا بەكرەك ئېرىشتى، شۇ سەۋەبتىن جان ساقلاش پۇرستى كەڭرەك بولدى. ئىتلار تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن قانداق چىقىشنى ئۆگەندى، 15 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇستىخانلار ئىنسانلار بىلەن ئىتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنسانلار بىلەن باشقا ھايۋانلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا چوڭقۇرراق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بەزىدە ئىتلار ھەتتا ئىنسانلارغا ئوخشاش دەپنە مۇراسىمى بىلەن كۆمۈلگەن.

گۇرۇپپا ئەزالىرى بىر-بىرى بىلەن يېقىن بولۇپ، ئەتراپىدىكى دوستلىرى ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ياشايتتى. يالغۇز قېلىشى ياكى ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىشى كەم ئۇچرايتتى. قوشنا گۇرۇپپىلار بەلكىم باشقا گۇرۇپپىلار بىلەن ياشاش مەنبەسى تالىشىپ رىقابەتلىشەتتى، ھەتتا سوقۇشاتتى، ئەمما ئۇلار يەنىلا دوستانە ئالاقىسىنى ساقلايتتى. ئۇلار گۇرۇپپا ئەزالىرىنى بىر-بىرى بىلەن ئالماشتۇراتتى، بىرلىكتە ئوۋغا چىقاتتى، قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئۆزئارا ئالماشتۇراتتى، سىياسىي ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەيتتى، شۇنداقلا دىنىي بايراملىرىنى بىرلىكتە تەبرىكلەيتتى. بۇنداق ھەمكارلىق ھومو ساپىيانسلارنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلار بىلەن باشقا ئىنسان تۈرلىرىنىڭ تۈپ پەرقىنى ساقلىغانىدى. بەزىدە قوشنا گۇرۇپپىلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۈچىيىپ، قەبىلە بولۇپ شەكىللىنىش دەرىجىسىگە بارغان بولۇپ، ئۇلار ئورتاق تىل، ئورتاق ئېتىقاد، ئورتاق ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئىگە بولغانىدى.

ئەلۋەتتە بىز بۇنداق تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇھىملىقىغا بەك يۇقىرى باھا بېرىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە قوشنا گۇرۇپپىلار گەرچە بىر-بىرىنى يېقىنغا تارتسىمۇ، ئاندا-ساندا توپلىشىپ، بىرلىكتە ئوۋچىلىق قىلىپ زىياپەتلەر ئۆتكۈزسىمۇ، كۆپ

ۋاقىتلىرىدا ئۇلار ئايرىم ۋە مۇستەقىل ياشىغان. ئۇلارنىڭ قىلىشقان سودىلىرىمۇ ئاساسەن قۇلۇلە قاپلىرى، ئىپار ـ ئەنبەر، بوياق ماتېرىياللىرى دېگەندەك ئەتىۋارلىق نەرسىلەر بىلەن چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ مېۋە ـ چېۋە، گۆش دېگەندەك ئاساسلىق نەرسىلەر بىلەن سودا قىلىشقانلىقىغا ياكى بىر گۇرۇپپىنىڭ باشقا گۇرۇپپىدىن مال ئىمپورت قىلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق دەلىل يوق.

The Upper Galilee Museum of Prehistory

7. تۇنجى ئەرمەك ھايۋان؟
ئىسرائىلىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا بايقالغان 12 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر قەبرىدە 50 ياشلاردىكى ئايالنىڭ ئىسكىلېتى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر كۈچۈكنىڭ ئىسكېلىتى (سول تەرەپ ئاستىدا) تېپىلغان. بۇ ئەرمەك ھايۋان ئۇ ئايالنىڭ باش تەرىپىگە يېقىن كۆمۈلگەن، ئايالنىڭ سول قولى كۈچۈكنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ئايالنىڭ ئۇ كۈچۈكنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا باشقىچە ئىزاھاتلارنى بەرگىلىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، بۇ كۈچۈك ئۇ دۇنيادى كى ئىشىك باقارغا بېرىلىدىغان سوۋغات بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىمۇ شالاڭ ئىدى. قەبىلىمۇ دائىملىق سىياسىي قۇرۇلما سۈپىتىدە خىزمەت قىلمايتتى، گەرچە پەسىللىك يىغىن مەيدانلىرى بولسىمۇ، مۇقىم شەھەر ـ بازارلىرى ياكى مۇئەسسەسەلىرى يوق ئىدى. ئادەتتىكى كىشى بىر نەچچە ئاي ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن باشقا كىشلەرنى كۆرمەي ياكى ئاڭلىماي ياشايتتى؛ ئۆمرىدە ئۇچراشقان ئادەملىرى بىر نەچچە يۈز كىشىدىن ئاشمايتتى. ساپىيانسلارنىڭ نوپۇسى كەڭ

رايونلارغا تارقاق جايلاشقانىدى. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، پۈتۈن يەر شارىدىكى كىشىلەرنىڭ سانى بۈگۈنكى قاھىرە شەھىرىنىڭ نوپۇسىدىنمۇ ئاز ئىدى.

ساپىيانسلارنىڭ كۆپ قىسىم گۇرۇپپىلىرى يول ئۈستىدە ياشاپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىزدەپ بىر جايدىن باشقا جايغا كۆچۈپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى پەسىل ئۆزگىرىشلىرى، ھايۋانلارنىڭ يىللىق كۆچۈشلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش دەۋرىگە باغلىق ئىدى. ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق مەركىزى ھېسابلىنىدىغان، دائىرىسى نەچچە ئون كۇۋادرات كىلومېتىردىن نەچچە يۈز كۇۋادرات كىلومېتىرغىچە كېلىدىغان جايدا كېلىپ ـ كېتىپ يۈرەتتى.

ئۇ گۇرۇھلار بەزىدە تەبىئىي ئاپەتلەر، توقۇنۇشلار، نوپۇس بېسىمى ياكى بىرەر نوچى رەھبەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق ماكانىدىن چىقىپ يېڭى جايلارنى ئىزدەپ يۈرەتتى. بۇنداق كۆچۈشلەر ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېڭىيىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىدى. ئەگەر بىر ئوۋچى گۇرۇھى ھەر قىرىق يىلدا بىر قېتىم بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان يېڭى گۇرۇھ شەرققا قاراپ يۈز كىلومېتىر يىراقلىققا كۆچسە، شەرقىي ئافرىقىدىن خىتايغىچە بولغان مۇساپىنى تەخمىنەن 10 مىڭ يىلدا بېسىپ ئۆتەتتى.

بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، ئوزۇقلۇق مەنبەلىرى ناھايىتى مول بولغاندا، گۇرۇپپىلار پەسىللىك، ھەتتا دائىملىق تۇرالغۇلارغا جايلاشقان. يېمەكلىكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىسلاش ۋە مۇزلىتىش تېخنىكىلىرى ئۇلارنىڭ بىر جايدا ئۇزۇنراق ۋاقىت ئولتۇراقلىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى، دېڭىز ۋە دەريالار بويىدىكى مول بېلىق ۋە سۇ قۇشلىرى مەنبەلىرىنىڭ يېنىدا، ئىنسانلار تۇنجى بولۇپ دائىملىق تۇرالغۇلار بولغان بېلىقچىلىق كەنتلىرىنى قۇرغان بولۇپ، بۇ كەنتلەر يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان. بېلىقچىلىق كەنتلىرى 45 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ھىندونېزىيە ئاراللىرىنىڭ ساھىللىرىدا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ جايلار ھومو ساپىيانسلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئوكيان ھالقىغان سەپىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى——ئاۋستىرالىيەگە قەدەم بېسىشىنىڭ ئاساسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ساپىيانس گۇرۇپپىلىرى كۆپ ھاللاردا مۇھىتقا ماسلىشىپ، ھەر خىل ئۇسۇلدا جېنىنى باققان. ئۇلار چۈمۈلىلەرنى ئىزدەپ يېگەن، مېۋىلەرنى تەرگەن، يەر ئاستىدىكى غول ئۆسۈملۈكلەرنى قېزىپ چىقارغان، توشقانلارنى قوغلىغان، بۇقا ۋە مامونتلارنى ئوۋلىغان. بىزنىڭ «ئوۋچى ئادەم» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشى ئوزۇقلۇق توپلاش بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلار ئۆزىگە ئېھتىياجلىق كالورىيە، خام ئەشيا، چاقماق تېشى، ياغاچ ۋە بامبۇك قاتارلىق خام ئەشيالارغا ئېرىشكەن.

ساپىيانسلار ئوزۇقلۇق ۋە خام ئەشيالارنى توپلاپ قالماي، بىلىم ـ ساۋاتلارنىمۇ توپلاپ ماڭغان. ھايات قېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرى ياشايدىغان رايوننىڭ زېھنىي خەرىتىسىگە ئېھتىياجلىق ئىدى؛ كۈندىلىك يېمەكلىك ئىزدەشنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈش قائىدىسى ۋە ھەر بىر ھايۋاننىڭ ئادىتى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا

ئېرىششى كېرەك ئىدى. قايسى يېمەكلىكنىڭ قۇۋۋەتلىك، قايسى يېمەكلىكنىڭ كېسەل قىلىدىغانلىقىنى، باشقا يېمەكلىكلەرنى قانداق داۋالاشقا ئىشلىتىشنى بىلمىسە بولمايتتى. ئۇلار پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى، چاقماقلىق يامغۇر ياكى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلىرىنىمۇ بىلىشى زۆرۈر ئىدى. ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەر بىر ئېقىن سۇ، ياڭاق دەرىخى، ئېيىق ئۇۋىسى ياكى چاقماق تېشى مەنبەسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تەپسىلىي ئۆگەندى. ھەر كىشى تاش پىچاق ياساش، يىرتىلغان كىيىمنى ياماش، توشقان تۇزاقلىرىنى قويۇشنى، قار كۆچۈش، يىلان چېقىش ياكى ئاچ شىرلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىشى كېرەك ئىدى. كۆپكە ماھىر بولۇش ئۈچۈن يىللارچە شاگىرتلىق ۋە مەشىق قىلىش زۆرۈر ئىدى. قەدىمكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر ئادەتتىكى بىر چاقماق تېشىنى بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا نەيزە ئۇچىغا ئايلاندۇرالايتتى. بىز بۇ ئىشنى تەقلىد قىلىمىز دېسەك، كۆپ ھالدا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايمىز. كۆپچىلىكىمىز چاقماق تاش ۋە قارار مەرمەر تاشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەمدە ئۇلارنى نەپىس ئىشلىيەلەيدىغان ئىنچىكە قول ماھارەتلىرىنى بىلمەيمىز.

باشقىچە ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر ئۆزى ئولتۇراقلاشقان مۇھىت ھەققىدە ھازىرقى ئەۋلادلىرىدىن كۆپ، چوڭقۇر ۋە كۆپ خىل مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە سانائەتلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھايات قېلىش ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلىشكە مۇھتاج ئەمەس. كومپيۇتېر ئىنژېنېرى، سۇغۇرتا خادىمى، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ياكى زاۋۇت ئىشچىسى بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى بىلىشىڭىز كېرەك؟ پەقەت ئۆز ساھەيىڭىزگە دائىر بىلىملەرنى كۆپ بىلىشىڭىز كېرەك، ئەمما ھاياتنىڭ كۆپ قىسىم ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن باشقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمىگە قارىغۇلارچە تايىنىسىز، ئۇلارنىڭمۇ بىلىمى ئۆز دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي بىلىمى قەدىمكى ئىنسان گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىلىمىدىن ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما يەككە كىشىنىڭ ئىلىم دەرىجىسىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر تارىختىكى ئەڭ بىلىملىك ۋە ئەڭ ماھارەتلىك كىشىلەر ئىدى.

قەدىمكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر دەۋرىدىن بۇيان، ئادەتتىكى ساپىيانسلارنىڭ مېڭە چوڭلۇقىنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكىگە دائىر بەزى ئىسپاتلار بار. ئۇ دەۋردە ھايات قېلىش ئۈچۈن ھەر بىر كىشىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئەقلىي قابىلىيىتى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ھايات قېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ماھارىتىگە تېخىمۇ كۆپ تايىنىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىكارتەلەپلەر ئۈچۈن يېڭى ئىمكانىيەت ھازىرلاندى. سىز پەقەت سۇ توشىغۇچى ياكى زاۋۇت ئىشچىسى بولسىڭىزمۇ ھايات قالالايسىز ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئادەتتىكى گېنىڭىزنى كېيىنكى ئەۋلادقا يەتكۈزەلەيسىز.

قەدىمكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر تاشقى دۇنياغا——ئۆز ئەتراپىدىكى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئەشيالارغىلا ئەمەس، ئىچكى دۇنياغا——ئۆز بەدەنلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىغىمۇ ھاكىم بولغان. ئۇلار ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىكى كىچىككىنە شەپىنى تۇيسىمۇ، ئۇ يەردە

يىلاننىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان ـ ياتمىغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلەيتتى؛ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇ يەردىن مېۋە ـ چېۋە، ھەسەل كۆنىكى ياكى قۇش ئۇۋىلىرىنى تاپالايتتى. ئۇلار كۆپ كۈچىمەيلا ئېگىشىش، ئولتۇرۇش، مېڭىش ۋە يۈگرەشنىڭ ئەڭ چاققان، ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى بىلەتتى. ئۇلار بەدەنلىرىنى داۋاملىق ۋە كۆپ خىل ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى مارافون يۈگۈرگۈچىلىرىدەك ساغلام ۋە چىدامىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ بەدەن سۈپىتى شۇنداق يۇقىرى ئىدىكى، ھازىرقى كىشىلەر نەچچە يىل يوگا ياكى تەيجى گۇمپىسى ئىشلىسىمۇ ئۇ دەرىجىگە يېتەلمەيدۇ.

ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى رايون ۋە پەسىلگە قاراپ ئوخشىمىسىمۇ، ئۇلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى دېھقانلار، چارۋىچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە ئىشخانا خادىملىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ راھەت ۋە بەرىكەتلىك ياشىغان بولسا كېرەك.

بۈگۈنكى باي جەمئىيەتلەردە ئادەملەر ھەپتىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 ـ 45 سائەت ئىشلەيدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە بولسا ھەپتىدە 60 ـ 80 سائەت ئىشلەيدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ قىيىن مۇھىتتا ياشاۋاتقان ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرمۇ (مەسىلەن، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كالاھارى چۆللىرىدىكىلەر) ھەپتىدە تەخمىنەن 35 ـ 45 سائەتلا ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئۈچ كۈندە بىر قېتىملا ئوۋچىلىق قىلىدۇ، كۈندە تەخمىنەن 3 ـ 6 سائەتنى ئولجا توپلاشقا سەرپ قىلىدۇ. ئادەتتە، بۇ ئولجىلار گۇرۇپپا ئەزالىرىنى بېقىشقا يېتىدۇ. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر كالاھارىدىنمۇ مۇنبەت رايونلاردا ياشىغاندا، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تېپىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئاز ۋاقىت سەرپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ئۆي ئىشلىرى يۈكى ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ قاچا ـ قۇچا يۇيىدىغان، گىلەم تازىلايدىغان، پوللارنى سۈرتۈپ پارقىرىتىدىغان، سۈيدۈك لاتىسى ئالماشتۇرىدىغان ۋە ئۆينىڭ چىقىملىرىنى تۆلەيدىغان ئىشلىرى يوق ئىدى.

ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى يېزا ئىگىلىك ياكى سانائەت بىلەن تەمىنلىنىدىغان تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. بۈگۈن خىتايدىكى بىر زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى ئەتىگەن سائەت 7 لەردە ئۆيدىن چىقىپ، مەينەت كوچىلاردىن ئۆتۈپ زاۋۇتقا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە ئوخشاش ماشىنا ـ ئۈسكۈنىنى ئوخشاش ئۇسۇلدا ماشىنىدا ماڭدۇرىدۇ، كۈنىگە 10 سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىتنى زېرىكىشلىك مەشغۇلات بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، كەچ سائەت 7، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كەچ ۋاقىتتا ئۆيىگە قايتىپ، قاچا ـ قۇچا يۇيۇش ياكى كىر يۇيۇش ئىشلىرىنى قىلىدۇ. 30 مىڭ يىل بۇرۇن، خىتايدىكى بىر ئوۋچى ـ غەنىمەتچى ئەتىگەن سائەت 8 لەردە ھەمراھلىرى بىلەن چېدىرىدىن چىقىپ، ئەتراپىدىكى ئورمان ۋە يايلاقلاردا موگو يىغقان، يىلتىز كولىغان، پاقا تۇتقان بولۇشى، گاھىدا يولۋاسلاردىن قاچقان بولۇشى مۇمكىن. چۈشتىن بۇرۇن ئۇلار چېدىرغا قايتىپ تاماق تەييارلىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلىرىدا پاراڭ سېلىشقان، ھېكايە ئېيتىشقان، باللار بىلەن تەڭ ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە،

يولۋاسلار گاھدا ئۇلارنى تۇتۇۋالغان ياكى بىر يىلان ئۇلارنى چېقىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار بۈگۈنكىدەك ماشىنا ۋەقەسى ۋە سانائەت بۇلغىنىشىغا ئۇچرىمىغانىدى.

كۆپ جايلار، كۆپ زامانلاردا ، ئىنسانلار ئوزۇق ـ تۈلۈك توپلاپ، ئۆزلىرىگە ئىنتايىن ماس كېلىدىغان ئوزۇقلۇق بىلەن ئۆزلىرىنى تەمىنلىگەن. بۇنىڭغا ھەيران قېلىش كەتمەيدۇ، چۈنكى ئىنسانلار يۈز مىڭ يىللاردىن بېرى ئاشۇ ئۇسۇلدا ئوزۇقلىنىپ كەلگەن، ئادەمنىڭ بەدىنىمۇ بۇنداق يېمەكلىككە تولۇق ماسلاشقان. تاشقا ئايلىنىپ قالغان قەدىمكى ئادەم سۆڭەكلىرىدىن ئېلىنغان پاكىتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر كېيىنكى دېھقان ئەۋلادلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاچارچىلىق ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىككە ئانچە دۇچار بولمىغان، ئۇلارنىڭ بويىمۇ ئېگىزرەك بولۇپ، ساغلاملىقىمۇ ياخشى بولغان. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى قارىماققا 30 ـ 40 ياش ئەتراپىدا بولسىمۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بالا چاغدىكى ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ئىدى. ئەگەر باللار خەتەرلىك بولغان تۇنجى بىر نەچچە يىلنى بىخەتەر ئۆتكۈزسە، ئۇلارنىڭ 60 ياشقىچە ياشاش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىدى، بەزىلەر ھەتتا 80 ياشقىچە ياشىغان. زامانىۋى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئارىسىدا، 45 ياشلىق ئاياللار يەنە 20 يىل ياشىيالايدۇ، 60 ياشتىن ئاشىدىغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 5 پىرسەنتىدىن 8 پىرسەنتىگىچە ئىگىلەيدۇ.

ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ئاچارچىلىق ۋە ئوزۇقلۇق يېتەرسىزلىكىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلىنىشىدىكى سىرى، ئۇلارنىڭ كۆپ خىل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشى ئىدى. دېھقانلار ئادەتتە ئىنتايىن چەكلىك ۋە تەڭپۇڭ بولمىغان يېمەكلىكلەر بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بولۇپمۇ زامانىۋى دەۋردە، دېھقانلارنى تەمىنلەيدىغان كالورىيەنىڭ كۆپ قىسمى بىرلا خىل يېزا مەھسۇلاتىدىن، مەسىلەن بۇغداي، ياڭيۇ ياكى گۈرۈچ قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن كەلگەن بولۇپ، بۇلاردا ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان بەزى ۋىتامىن، مىنېرال ۋە باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلىرى كەم. ئەڭ چىداملىق كېلىدىغان خىتاي دېھقانلىرى ئادەتتە ئەتىگەنلىك تاماققا گۈرۈچ، چۈشتىمۇ گۈرۈچ، كەچلىكىمۇ يەنىلا گۈرۈچ يېگەن. ئەگەر تەلىيى ياخشىراق بولسا، كېيىنكى كۈنىمۇ شۇنى يېيىشنى ئارزۇ قىلغان. ھالبۇكى، قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر دائىم خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغان. دېھقانلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ناشتىلىقتا مېۋە ـ چېۋە بىلەن موگو، چۈشلۈك تاماقتا مېۋە ـ چېۋە بىلەن قۇلۇلە، كەچلىك تاماقتا توشقان كاۋىپى بىلەن ياۋا پىياز يېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى كۈنىنىڭ تاماق تىزىملىكىمۇ پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق كۆپ خىل ئوزۇقلىنىش قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنى ئۇلارغا كېرەكلىك بارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلا خىل ئوزۇقلۇققا تايىنىپ قالماسلىق ئۇلارنى مۇھىم ئاشلىق مەنبەسى قەھەتچىلىكىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. شۇڭا بىرەر ئوزۇقلۇق مەنبەسى يوقاپ كەتسىمۇ، ئۇلارغا چوڭ تەسىر قىلمىغان. يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرى كۆپىنچە گۈرۈچ ياكى ياڭيۇ

دېگەندەك بىرلا خىل زىرائەتلەرگە كۆپ تايىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرغاقچىلىق، ئوت ئاپىتى ياكى يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن بۇ زىرائەتلەر نابۇت بولغاندا، دېھقانلار ئوڭايلا قەھەتچىلىككە ئۇچرايدۇ. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭمۇ تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك كەمچىل دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىيىنچىلىقلارغا دەرھال ماسلىشىپ، باشقا ھايۋانلارنى ئوۋلاش، ئوزۇقلۇق توپلاش ياكى ئاپەت تەسىرى ئازراق بولغان رايونغا كۆچۈپ بېرىش ئارقىلىق قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ ئاسان يەڭگەن.

قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ دەردىنى ئاز تارتقان. يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت جەمئىيەتلىرىگە زىيان سالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر (مەسىلەن، چېچەك، قىزىل ۋە تەرەت كېسىلى) ئۆي ھايۋانلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ كېسەللىكلەر ئادەملەرگە پەقەت يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىنلا تارقالغان. ئىتلارنى كۆندۈرگەن قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر جەمئىيىتى بۇنداق ئاپەتلەردىن خالىي بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت جەمئىيەتلىرىدىكى كىشىلەر كۆپىنچە نوپۇسى زىچ ۋە ساغلاملىققا ماس كەلمەيدىغان جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان بولۇپ، بۇنداق مۇھىت كېسەللىكلەرنىڭ يامرىشىغا بەكمۇ ماس كەلگەن. ئەمما ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر كىچىك توپلارغا بۆلۈنۈپ ھەر ياقتا كۆچۈپ يۈرىدىغان بولۇپ، ئۇلاردا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يامرىشى مۇمكىن بولمىغان.

ساغلام ۋە خىلمۇ ـ خىل يېمەكلىكلەر، نىسبەتەن قىسقا ئىش ھەپتىسى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئازلىقىغا قاراپ، كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر يېزا ئىگىلىكتىن بۇرۇنقى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ جەمئىيىتىنى «ئەسلىدىكى باياشات ۋە راھەت جەمئىيەتلەر» دەپ ئاتىغان. ئەمما ئۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى غايىۋىلەشتۈرسەك خاتالاشقان بولىمىز. ئۇلار يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت جەمئىيەتلىرىدىكى ئىنسانلارغا قارىغاندا ياخشىراق ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۇنياسى يەنىلا مۇشەققەتلىك ۋە رەھىمسىز بولغان. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە مۇھتاجلىق ۋە قىيىنچىلىق ئادەتتىكى ئىش بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولغان، بۈگۈنكى كۈندە ئاددىيلا كۆرۈلىدىغان بىر ھادىسە ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن دېرەك بېرەتتى. كۆپىنچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆچمە گۇرۇپپىلىرىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتتىن ھۇزۇرلانغان بولسىمۇ، بەزى تەلەيسىزلىرى ئۆز توپىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ياكى مەسخىرىسىگە ئۇچراپ ناھايىتى ئازاپلانغان بولۇشى مۇمكىن. زامانىۋى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر قېرىلار ياكى توپقا ئەگىشىپ ماڭالمىغان ئاقساق ـ چولاقلارنى بەزىدە تاشلاپ قويغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاتا ـ ئانىسى خالىمىغان بوۋاقلار بىلەن بالىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان، ھەتتا دىنىي تەشەببۇس بىلەن ئادەملەرنى قۇربان قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان.

ئاچە خەلقى، 1960 ـ يىلغىچە پاراگۋاي ئورمانلىرىدا ياشاپ كەلگەن ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرگە تەۋە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىدىن ئىشارەت بېرىدۇ. قەبىلىنىڭ مۇھىم بىر

ئەزاسى ئۆلۈپ قالغاندا، ئاچە خەلقىنىڭ ئادەتتە بىر كىچىك قىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى بىرلىكتە كۆمىدىغان ئادىتى بار. ئاچە خەلقى بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئانتروپولوگلار مۇنداق بىر ئەھۋالنى خاتىرىلىگەن: ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمگە كېسەل تېگىپ، باشقىلارغا ئەگىشىپ ماڭالمىغانلىقى ئۈچۈن، قەبىلىسى ئۇنى تاشلاپ كەتكەن ھەم بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويغان. قۇشلار ئۇنىڭ بېشىغا توپلىنىپ ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى، قۇشلارغا يەم بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان. ئەمما ئۇ كىشى ساقىيىپ كەتكەن ۋە تېز قەدەم بىلەن يۈرۈپ، قەبىلىسىگە قوشۇلغان. ئۇنىڭ بەدىنى قۇشلارنىڭ پوقى بىلەن بۇلغانغان بولۇپ، شۇنىدىن كېيىن ئۇنىڭغا «قۇش پوقى» دەپ لەقەم قويۇلغان.

قېرىپ قالغان ئاچە ئاياللىرى قەبىلىگە يۈك دەپ قارالغاندا، ياشراق ئەرلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا تۇيدۇرماستىن كېلىپ، بېشىغا پالتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋاللار بولغان. بىر ئاچە ئەر ئانتروپولوگلارغا ئۆزىنىڭ ئورماندا ئۆتكۈزگەن ياشلىق دەۋرىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ: «مەن ئادەتتە قېرى ئاياللارنى ئۆلتۈرەتتىم. ھەتتا هاماچاممۇ ئۆلتۈرگەن. ئاياللار مەندىن قورقاتتى. ئەمما ھازىر ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىللە ياشاپ، ئاجىزلىشىپ قالدىم» دېگەن. ئانتروپولوگلارنىڭ خاتىرىلىشىچە، قەبىلىدە چاچسىز تۇغۇلغان بوۋاقلار، تولۇق يېتىلمىگەن دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن دەرھال ئۆلتۈرۈلگەن. بىر ئايال ئۆزىنىڭ تۇنجى قىز بوۋاقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئەسلەپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى قەبىلىدىكى ئەرلەرنىڭ يەنە بىر قىزنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن دەپ چۈشەندۈرگەن. يەنە بىر ۋەقەدە، بىر ئەر كەيپى ئۈچۈپ ئولتۇرغاندا باللاردىن بىرسى يىغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. يەنە بىر بالا بولسا «مىجەزى غەلىتە كۆرۈنگەنلىكى ۋە باشقا باللار ئۇنى مەسخىرە قىلغانلىقى» ئۈچۈن تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن.

بىز ئاچە خەلقىگە دەرھال ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئۇلار بىلەن يىللارچە بىرگە ياشىغان ئانتروپولوگلارنىڭ دوكلاتلىرىغا قارىغاندا، چوڭلار ئارىسىدىكى زورلۇق-زومبۇلۇق ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن. ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۆزى خالىغانچە جۆرە ئالماشتۇرالىغان ۋە دائىم خۇشال-خۇرام يۈرگەن. ئۇلاردا رەھبەرلىك تۈزۈمى بولمىغان ۋە كىشىلەر بىر-بىرىنى باشقۇرۇشتىن ساقلانغان. ئۇلار ئازغىنە مۈلكىنى باشقىلار بىلەن بۆلۈشۈشتە ناھايىتى سېخىي بولغان؛ مۇۋەپپەقىيەت ۋە بايلىققا قىلچە بېرىلمىگەن. ئۇلار ياخشى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە دوستلۇققا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار باللارنى، كېسەل كىشىلەرنى ۋە قېرىلارنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق قارىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بەزى كىشىلەر تۇغماسلىق ۋە ئۆزى خالاپ ئۆلۈشكە شۇنداق قارىماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، پاراگۋاي دېھقانلىرىنىڭ ئاچە خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە ئوۋلاپ ئۆلتۈرگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك. دۈشمەنلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئېھتىياجى، ئاچە خەلقىنى قەبىلىگە يۈك بولغان ھەر قانداق كىشىنى ئاياپ قويماسلىققا مەجبۇر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئاچە جەمئىيتى، تارىختىكى ھەر قانداق جەمئىيەتكە ئوخشاش مۇرەككەپ بولغان. بىز ئۇلارنى يۈزەكى تونۇپلا شەيتانلاشتۇرۇش ياكى غايىۋىلەشتۈرۈشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئاچە خەلقى پەرىشتىمۇ ئەمەس، شەيتانمۇ ئەمەس، ئۇلار ئادەم ئىدى. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرمۇ شۇنداق.

سۆزلەيدىغان روھلار

قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ روھىي ۋە ئەقلىي ھاياتى ھەققىدە نېمە دېسەك بولىدۇ؟ ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىرىنى بەزى سانلىق مەلۇمات ۋە ئوبيېكتىپ ئامىللارغا تايىنىپ تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن كۈندە قانچە كالورىيەگە مۇھتاج ئىكەنلىكى، بىر كىلوگىرام ياڭاقتىن قانچە كالورىيە ئېلىنىدىغانلىقى ۋە بىر كۇادرات كىلومېتىر ئورماندىن قانچە ياڭاق يىغىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ھېسابلىيالايمىز. بۇ مەلۇماتلارغا تايىنىپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىدە ياڭاقنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيمىز.

ئەمما ئۇلار ياڭاقنى مېزىلىك تاماق دەپ قارىغانمۇ ياكى ئادەتتىكى بىر ئوزۇقلۇق دەپلا قارىغانمۇ؟ ئۇلار ياڭاق دەرەخلىرىدە روھلار بار دەپ ئېتىقاد قىلغانمۇ؟ ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى گۈزەل دەپ باھالىغانمۇ؟ ئەگەر بىر ئوۋچى ـ توپلىغۇچى يىگىت بىر ئوۋچى ـ توپلىغۇچى قىزنى رومانتىكلىق بىر جايغا ئېلىپ بارماقچى بولسا، ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ سايىسى ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك بولغانمۇ؟ ئوي ـ خىيال، ئېتىقاد ۋە ھېسسىيات دۇنياسى چۈشەنمەك ئەڭ قىيىن دۇنيادۇر.

كۆپچىلىك ئالىملار قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئارىسىدا ئانىمىستلىك (ھەممە نەرسىدە رۇھ بار دەپ قارايدىغان) ئېتىقادلارنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىغا قوشۇلىدۇ. ئانىمىزم (لاتىنچىدا «ئانىما» دېگەن سۆز رۇھنى بىلدۈرىدۇ) ئېتىقادى «ھەر بىر جايدا، ھەر بىر ھايۋاندا، ھەر بىر ئۆسۈملۈك ۋە تەبىئەت ھادىسلىرىدە ئاڭ ـ سەزگۈ بار، ئۇلار كىشىلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشەلەيدۇ» دەپ قارايدۇ. ئانىمىستلار تاغ چوققىسىدىكى قىيا تاشنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېھتىياجلىرى بار دەپ ئېتىقاد قىلىشى مۇمكىن. بۇ قىيا تاش ئادەملەرنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن خاپا بولۇشى، بەزى ئىشلىرىدىن خۇشال بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرۇشى ياكى ئۇلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. ئادەملەر بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ قىيا تاشقا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى يۇمشاتماقچى ياكى قورقۇتماقچى بولۇشى مۇمكىن. بۇ قىيا تاشلا ئەمەس، تاغنىڭ تۆۋىدىكى بامبۇكلار، ئۇنىڭ ئاستىدا ئېقىۋاتقان دەريا، ئورماننىڭ بوش يېرىدىكى بۇلاق، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆسۈپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەر، بۇلاققا ئېلىپ بارىدىغان يول ۋە بۇلاقتىن سۇ ئىچىدىغان چاشقانلار، بۆرىلەر ۋە قاغىلارمۇ جانلىق مەۋجۇداتلاردۇر. ئانىمىست دۇنياسىدا نەرسىلەر ۋە تىرىك مەخلۇقلارلا جانلىق بولۇپ قالماي، كۆرۈنمەس

مەۋجۇداتلار، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھلىرى، بىز بۈگۈن «ئىبلىس» ياكى «پەرىشتە» دەپ ئاتايدىغان رۇھلارغا ئوخشاش ياخشى ـ يامان ئەرۋاھلارنىڭ ھەممىسى جانلىقتۇر.

ئانىمىستلار (ھەممە نەرسىدە رۇھ بار دەپ قارىغۇچىلار) ئىنسانلار بىلەن باشقا جانلىق ـ مەۋجۇداتلار ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە يوق دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى گەپ ـ سۆز، ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇراسىم ئارقىلىق بىۋاستە ئالاقىلەشكەن بولۇشى مۇمكىن؛ بىر ئوۋچى كىيىك توپىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىشىنى سورىشى مۇمكىن. ئەگەر ئوۋلاش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئوۋچى ئۆلگەن ھايۋاندىن كەچۈرۈم سورىشى مۇمكىن. بىرەرسى كېسەل بولسا، داخانلار كېسەللىككە سەۋەب بولغان روھ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ياكى قورقۇتۇپ قاچۇرۇشقا تىرىشىشى مۇمكىن. زۆرۈر بولغاندا، داخانلار باشقا روھلاردىن ياردەم سورىشى مۇمكىن. بۇ ئالاقىلىششلارنىڭ ھەممىسىگە خاس بولغان نەرسە شۇكى، ئۇلار مۇراجىئەت قىلىۋاتقان مەۋجۇداتلار يېقىن ئەتراپتىكى مەۋجۇداتلار بولۇپ، ئۇلار ھەممىگە قادىر خۇدا ئەمەس، بەلكى بىر كىيىك، بىر دەرەخ، بىر ئېقىن سۇ ياكى بىر جىن ئىدى.

ئىنسانلار بىلەن باشقا جانلىق ـ مەۋجۇداتلار ئارىسىدا پەردە بولمىغاندەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دەرىجە پەرقىمۇ يوق ئىدى. ئىنسانلاردىن باشقا مەۋجۇداتلار ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولمىغان، ياكى ئۇلار ھەممە ئىشقا قادىر ھەم دۇنيانى خالىغانچە باشقۇرالايدىغان تەڭرىلەرمۇ بولمىغان. دۇنيا ئىنسانلار ياكى باشقا توپ ـ توپ مەۋجۇداتلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلىمىگەن.

ئانىمىزم بىر دىنىي ئېتىقاد ئەمەس، بەلكى مىڭلىغان دىنلار، مەزھەپلەر ۋە ئېتىقادلار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئومۇمىي نام. ئانىمىستلارنى «ئانىمىست» قىلغان نەرسە ئۇلارنىڭ دۇنياغا ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭدىكى ئورنىغا بولغان ئورتاق چۈشەنچىسىدۇر. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئانىمىست بولۇشى مۇمكىن دېيىش، قەدىمكى دېھقانلارنىڭ تولىسى دىندار دېگەنگەن ئوخشايدۇ. تېيىزىم (دىندارلىق) (گرېكچە «**Theos**» دېگەن سۆز «تەڭرى» نى بىلدۈرىدۇ) تەڭرىلەر دەپ ئاتىلىدىغان سىرلىق كۈچلەر بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان كۆز قاراشتۇر. قەدىمكى دېھقانچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دىندارلىققا مايىل ئىكەنلىكى ھەقىقەت، ئەمما ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى بىزگە نامەلۇم. دىندارلىق دائىرىسىگە 18 ـ ئەسىردىكى پولشا يەھۇدى رابىيلىرى، 17 ـ ئەسىردىكى ماسساچۇسېتسنىڭ جىن چاپلىشىپ قالغانلارنى ئوتقا ياققۇچى پىروتېستانتلىرى، 15 ـ ئەسىردىكى مېكسىكانىڭ ئازتېك روھانىيلىرى، 12 ـ ئەسىردىكى ئىراننىڭ ئىسلاھاتچى سوپىلىرى، 10 ـ ئەسىردىكى ۋايكىڭ3 جەڭچىلىرى، 2 ـ ئەسىردىكى رىم قوشۇنى ۋە 1 ـ ئەسىردىكى ختاي مەمۇرلىرىنىڭ

3 ۋايكىڭلار–بۈگۈنكى ئىسكاندىنوۋىيە ئارىلى، يەنى شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشايدىغانلارنىڭ ئەجداتلىرى، ئۇلار قارام، باتۇر خەلق بولۇپ،

ھەممىسى كىرىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئېتىقاد ـ ئەمەللىرىنى بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇق دەپ قارىغان. ئانىمىست ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ـ ئەمەللىرى ئارىسىدىكى پەرقمۇ چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ دىنىي ھاياتى بەلكىم قىزغىن، مۇنازىرە، ئىسلاھات ۋە ئىنقىلابلار بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن.

بىراق ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش مۇشۇنچىلىك بولسا بولار. قەدىمكى روھىيەت ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بېرىش كىشىنى قالايمىقان پەرەزگە باشلاپ بارىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى ئېچكىرىلەپ دەلىللەيدىغان پاكىتلار يوق، بار بولغان ئازغىنە دەلىللەر ــ بىر قانچە قەدىمكى ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ئۆڭكۈر رەسىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىمۇ خىلمۇ خىل تەبىرلەش مۇمكىن. تاش قورال دەۋرىدىكى دىنلارغا باققاندا، قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى بىلىمىز دەپ دەۋا قىلغۇچى ئالىملارنىڭ نەزەرىيەلىرى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

دەپنە بۇيۇملىرى، ئۆڭكۈر رەسىملىرى ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان ھەيكەلچاقلارغا قاراپ، ئاساسسىز نەزەرىيەلەرنى پەيدا قىلىشنىڭ ئورنىغا، قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى ھەققىدە مۇجمەل تەسراتىمىز بارلىقىنى ئوچۇق ئېيتقىنىمىز ياخشى. ئۇلارنىڭ ئانىمىست بولغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز، ئەمما بۇ بىزگە ناھايىتى ئاز ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى روھلارغا دۇئا قىلغانلىقىنى، قايسى بايراملارنى تەبرىكلىگەنلىكىنى ياكى قايسى پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ قايسى ھېكايىلەرنى بايان قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. بۇ بىزنىڭ ئىنسانلار تارىخى ھەققىدىكى بىلىمىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بوشلۇقىدۇر.

قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز يوق دېيەرلىك. يۇقىرىدا دېيىلگەنگە ئوخشاش، ئالىملار ھەتتا شەخسىي مۈلۈكچىلىك، يادرولۇق ئائىلە ۋە بىرخوتۇنلۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئوخشاش ئاساسىي مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ بىر پىكىرگە كېلەلمەيدۇ.

پاگانىزم (ھەممە نەرسىدە روھ بار دەيدىغان) ئېتىقادىدىكى خەلق ئىدى، كېيىن خرىستىيانلاشتۇرۇلغان.

8. 15 ـ20 مىڭ يىل بۇرۇنقى تارىخقا ئائىت لاسكاۋكوس (Lascaoux) غارى قىيا تاش رەسىملىرى، بىز ئۇنىڭدىن نېمىنى كۆرەلەيمىز؟ رەسىملەر نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، رەسىمدە قۇشنىڭ بېشى ۋە زەكىرى قايىم بولغان بىر ئەر بار، ئۇنى ياۋا كالا ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە بىر قۇش بولۇپ، ئۇ قۇش بەلكىم ئەرنىڭ روھىغا سىمۋول قىلىنغان، ئەر ئۆلگەندە روھى قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ تېنىدىن ئۇچۇپ چىققان. ئۇ هالدا بۇ رەسىم ئادەتتىكى ئوۋچىلىق قازاسىنى ئەمەس، بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كۆچۈش هېكايىسىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما بۇ پەرەزلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە قانچىلىك ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئۇ پەقەت رەڭ ئىزى سىنىقى بولۇپ، هازىرقى ئالىملارنىڭ ئالدىن بېكىتىۋالغان قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، هالبۇكى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەرنىڭ ئېتىقادى هەققىدە بىلىدىغانلىرى ناهايىتى ئاز.

1955-يىلى روسىيەنىڭ سۇنگىر دېگەن جايىدا، ئارخېئولوگلار ماموت ئوۋلاش مەدەنىيىتىگە تەۋە 30 مىڭ يىللىق بىر قەبرىستاننى بايقىغان. بىر قەبرىدە، ئۇلار 3 مىڭغا يېقىن ماموت چىشىدىن ياسالغان سەدەپ بىلەن قاپلانغان 50 ياشلىق بىر ئەرنىڭ ئىسكېلىتىنى بايقىغان. بۇ ئىسكېلىتنىڭ بېشىدا تۈلكە چىشى بىلەن زىننەتلەنگەن بىر قالپاق بار ئىكەن،

قوللىرىدا بولسا 25 دانە ماموت چىشى بىلەيزۈك تاقالغانىكەن. شۇ جايدىكى باشقا قەبرىلەردە مۇنداق مول دەپنە بۇيۇملىرى تېپىلمىغان. ئالىملار بۇنىڭدىن مۇنداق نەتىجە چىقارغان:

سۇنگىردىكى ماموت ئوۋچىلىرى دەرىجە ـ قاتلاملىق بىر جەمئىيەتتە ياشىغان، دەپنە قىلىنغان بۇ ئادەم مەلۇم قەبىلىنىڭ ياكى بىر قانچە كىچىك قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ئۇلۇسنىڭ داھىيسى، بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان نەچچە ئون ئادەمنىڭ بۇ قەدەر كۆپ دەپنە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشى تەس.

ئارخېئولوگلار ئاندىن تېخىمۇ قىزىقارلىق بىر قەبرىنى بايقىغان. بۇ قەبرىدە باشلىرى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ كۆمۈلگەن ئىككى ئادەم سۆڭىكى بار ئىدى. بىرى 12 ياكى 13 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىغا، يەنە بىرى 9 ياكى 10 ياشلاردىكى بىر قىز بالىغا تەۋە ئىدى. ئوغۇل بالا ماموت چىشىدىن ياسالغان 5 مىڭ سەدەپ بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بېشىدا تۈلكە چىشى قاپلانغان بىر قالپاق، بېلىدە 250 تۈلكە چىشى بىلەن زىننەتلەنگەن بىر بەلباغ بار ئىكەن (بۇنچە كۆپ تۈلكە چىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا 60 تۈلكىنىڭ چىشىنى چىقىرىش كېرەك). قىز بالا بولسا 5 مىڭ 250 ماموت چىشى بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىككى بالا ھەيكەللەر ۋە ماموت چىشىدىن ياسالغان بۇيۇملار بىلەن تەڭ دەپنە قىلىنغان. بىر ماھىر ھۈنەرۋەننىڭ بىر ماموت چىشىدىن سەدەپ تەييارلاشقا تەخمىنەن 45 مىنۇت ۋاقتى كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. باشقا بۇيۇملارنى ھېسابلىمىغاندا، بۇ ئىككى بالىنى قاپلىغان 10 مىڭ ماموت چىشى سەدەپلىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن تەخمىنەن 7 مىڭ 500 سائەت، يەنى بىر ئۇستىنىڭ ئۈچ يىللىق ئەمگىكى سەرپ بولغان!

9. بۈنىڭدىن 9000 يىللار بۇرۇن ئارگېنتېنادىكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر بىر غاردا قالدۇرۇپ كەتكەن قول ئىزلىرى. ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن شۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرى گويا قىيا تاشتىن بىزگە سوزۇلغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ قەدىمكى ئوۋچى-غەنىمەتچىلەرنىڭ دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ تەسىرلىك ئىزلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇنداق ياشتىكى سۇنگىر باللىرىنىڭ ئۆزىنى رەھبەر ياكى ماموت ئوۋچىسى سۈپىتىدە ئىسپاتلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەشەمەتلىك دەپنە قىلىنىشىنى پەقەت مەدەنىيەت ئېتىقادى ئارقىلىقلا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بىر نەزەرىيەگە كۆرە، بۇ باللار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىلزادىلىكىنى ئاتا-ئانىسىدىن مىراس ئالغان. ئۇلار جەمەت روھى ئۇلۇغلىنىدىغان ياكى ئۆرپ-ئادەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان جەمئىيەتتىكى رەھبەر-داھىيلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر نەزەرىيەگە كۆرە، بۇ باللار تۇغۇلغان ۋاقتىدىلا، بۇرۇن ئۆلگەن روھلارنىڭ قايتىدىن دۇنياغا كېلىشى دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچى نەزەرىيەگە كۆرە، بۇ باللارنىڭ بۇنداق دەپنە قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئېسىلزادىلىك دەرىجىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلار قەبىلە رەھبىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا قۇربان قىلىنغان، ئاندىن زور تەنتەنىلەر بىلەن دەپنە قىلىنغان.

يۇقىرىقىلارنىڭ قايسىسى توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 30 مىڭ يىل بۇرۇنقى ساپىيانسلار بىزنىڭ **DNA** كۆچمىز ھەمدە باشقا ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەت ئادەتلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىجتىمائىي ـ سىياسىي قائىدىلەرنى يارىتالىغان بولۇپ، سۇنگىر بالىلىرى بۇنى كۆرستىدىغان ئەڭ ياخشى دەلىللەردىن بىرىدۇر.

تىنچلىق ياكى ئۇرۇش؟

ئاخىرىدا، ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر جەمئىيىتىدە ئۇرۇشنىڭ رولى توغرىسىدىكى قىيىن سوئال تۇغۇلىدۇ. بەزى ئالىملار قەدىمىي ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر جەمئىيىتىنى تىنچلىق جەننىتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ۋە ئۇرۇش بىلەن زوراۋانلىقنىڭ پەقەت كىشىلەر شەخسىي مۈلۈك توپلاشقا باشلىغان يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى بىلەن باشلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. باشقا ئالىملار بولسا، قەدىمىي ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر جەمئىيىتى ناھايىتى قەبىھ ۋە زوراۋان بىر جەمئىيەت بولغان دەيدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەممىسى قۇرۇق پاراڭ، ئۇلار پەقەت ئازغىنە ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار بىلەن بۈگۈنكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنى كۆزىتىشتىن كەلگەن پىكىرلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ قويغان، خالاس.

ئانتروپولوگىيەلىك دەلىللەر قىزىقارلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۈگۈنكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئاساسەن ئارتۇقا ياكى كالىھارىدەك خىلۋەت، ئەمما ياشاشقا ماس كەلمەيدىغان رايونلاردا ياشايدۇ، بۇ يەردە ئاھالىنىڭ زىچلىقى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا باشقا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىمكانىيىتى چەكلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، كېيىنكى نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان، ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر تەدرىجىي ھالدا زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى، بۇنىڭ بىلەن زور كۆلەمدىكى توقۇنۇشلار يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ياۋروپالىق ئالىملار ئاھالىسى نىسبەتەن كۆپ ۋە زىچ بولغان ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئاھالىسىنى ئىككى قېتىم كۆرەلىدى. ئۇلاردىن بىرى، 19 ـ ئەسىردىكى شىمالىي ئامېرىكانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر؛ يەنە بىرى، 19 ـ ئەسىر بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىمالىي ئاۋستىرالىيەنىڭ ئوۋچى ـ توپلىغۇچىلىرى. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىئانلار بىلەن ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى يەرلىك قەبىلىلەردە كەڭ كۆلەملىك قورallىق توقۇنۇشلار كۆرۈلگەن. ئەمما دائىم شۇنداق بولغانمۇ ياكى بۇنى ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ، بۇ مۇنازىرە قىلىدىغان بىر مەسىلە.

ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ناھايىتى ئاز ۋە ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىش تەس. تۈمەن مىڭ يىللار بۇرۇن بولغان ھەر قانداق ئۇرۇش قانداق ئىز قالدۇرۇشى مۇمكىن؟ ئۇ دەۋردە مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە سېپىل ـ قورغانلار، توپ ـ زەمبىرەكلەر، ھەتتا قىلىچ ۋە قالقانلارمۇ يوق ئىدى. بىر قەدىمىي نەيزە ئۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن بولۇشىمۇ، ئوۋچىلىققا ئىشلىتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. تاشقاتمىغا ئايلانغان ئادەم ئىسكىلىتلىرىنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ تەس. سۆڭەكتىكى

بىر سۇنئۇق ئۇرۇشتىكى يارىدارلىقنى ياكى بىر قازانى كۆرستىشى مۇمكىن. قەدىمىي ئىسكىلىتلاردا سۇنئۇقلار ۋە كېسەك ئىزلىرىنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ زوراۋانلىققا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. ئۇ، سۆڭەكلەردە ئىز قالدۇرمايدىغان يۇمشاق توقۇلمىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئارقىلىقمۇ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنى دېيىش مۇھىمكى، كونا سانائەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى چېپىلىپ ياكى ئېتىلىپ ئەمەس، ئاچلىق، سوغۇق ۋە كېسەللىكتىن ئۆلگەن. تەسەۋۋۇر قىلىڭ، 30 مىڭ يىل بۇرۇن بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ قوشنىسىنى ئۇرۇشتا مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنى ئوزۇق توپلاش رايونلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان دەيلى. ھەل قىلغۇچ جەڭدە يېڭىلگەن قەبىلىدىن ئون ئادەم ئۆلگەن بولسا، كېيىنكى يىلدا بۇ قەبىلىدىن يۈز ئادەم ئاچلىق، سوغۇق ۋە كېسەللىكتىن ئۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى بايقىغان ئارخېئولوگلار ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تەبىئىي ئاپەتنىڭ قۇربانى بولغان دەپ ئاسانلا خۇلاسە چىقىرىشى مۇمكىن. بىز ئۇلارنى رەھىمسىز ئۇرۇشنىڭ قۇربانى دېيەلەيمىزمۇ؟

بۇلارغا دىققەت قىلغان ئاساستا، ھازىرقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارغا نەزەر سالايلى. پورتۇگالىيەدە يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە 400 ئىسكىلىت تەكشۈرۈلدى. ئۇلاردىن پەقەت ئىككىسىدىلا زوراۋانلىق ئىزلىرى بايقالدى. ئىسرائىلىيەدىمۇ شۇ دەۋرگە ئائىت 400 ئىسكىلىت تەكشۈرۈلگەندە، بىر باش سۆڭىكىدە يېرىق بايقالغان بولۇپ، بۇمۇ زوراۋانلىقنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى دوناي دەرياسى4 ۋادىسىدا تېپىلغان، يېزا ئىگىلىك دەۋرىدىن بۇرۇنقى 400 ئىسكىلىت تەكشۈرۈلگەندە ، 18 ئىسكىلىتتا زوراۋانلىق ئىزى بايقالغان. 400 ئىسكىلىتتىن 18 ئىسكىلىت شۇنداق چىقسا، كۆپ ئەمەس دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما بۇ ناھايىتى يۇقىرى نىسبەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ 18 ئادەمنىڭ ھەممىسى راستىنلا زوراۋانلىققا ئۇچراپ ئۆلگەن بولسا، دېمەك بۇ ۋادىدا ئۆلگەنلەرنىڭ 4.5 پىرسەنتى زوراۋانلىققا ئۇچراپ ئۆلگەن بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇرۇش ۋە جىنايەتنى بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلىغاندا، دۇنيادا زوراۋانلىققا ئۇچراپ ئۆلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن 1.5 پىرسەنتكە بارىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قانلىق ئۇرۇشلار ۋە ئەڭ چوڭ قىرغىنچىلىقلار يۈز بەرگەن 20ـ ئەسىردە، زوراۋانلىققا ئۇچراپ ئۆلگەنلەر 5 پىرسەنتكە يەتكەن. ئەگەر بۇنى ئوتتۇرىچە نىسبەت دېسەك، ئۇ ھالدا دوناي دەرياسى ۋادىسىدا 20ـ ئەسىردىكىگە ئوخشاش زوراۋانلىقلار يۈز بەرگەن.

دوناي دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق بايقاشلار باشقا رايونلاردىكى شۇ خىل بايقاشلار بىلەن بىردەك. سۇداندىكى جابىل ساھابادا 12 مىڭ يىللىق بىر قەبرىستان بايقىلىپ،

4دوناي دەرياسى ياۋروپادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريا بولۇپ، بۈگۈنكى ئاۋستىرىيە، گېرمانىيەنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭدىن 59 ئىسكىلىت تېپىلغان. 24 ئىسكىلىتتا ئوق ۋە نەيزە ئۇچلىرى بايقالغان بولۇپ، ئۇلار بارلىق ئۆلۈكلەرنىڭ 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بىر ئايالنىڭ ئىسكىلىتىدا 12 يارا ئىزى بايقالغان. باۋارىيەدىكى ئوفنەت غارىدا، ئارخېئولوگلار 38 ئوۋچى ـ غەنىمەتچىنىڭ ئىسكىلىتىنى بايقىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ۋە بالىلار بولۇپ، ئىككى لەھەتكە تاشلانغان. بالىلار ۋە بوۋاقلارنىڭ ئىسكىلىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭ يېرىم ئىسكىلىتتا، كالتەك ۋە پىچاق بىلەن يارىلانغان ئىزلار بار. ياش قورامىغا يەتكەن ئەرلەرگە تەۋە بىر قىسىم ئىسكىلىتتا زوراۋانلىق ئىزلىرى بايقالغان. ئېھتىمال بۇ ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئوفنەت غارىدا قەتلىئامغا ئۇچرىغان.

ئىسرائىلىيە ۋە پورتۇگالىيەدىن تېپىلغان ھەم تىنچ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىسكىلىتلار، ياكى جابىل ساھابا ۋە ئوفنەتتە قەتلىئامغا ئۇچراپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىسكىلىتلارنىڭ قايسىسى قەدىمىي ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ دۇنياسىغا بەكرەك ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ھەر ئىككىسى ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر خىلمۇخىل دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە ياشىغانلىقىنى قانداق كۆرسەتكەن بولسا، زوراۋانلىق نىسبىتىدىكى پەرقىنىمۇ شۇنداق كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى رايونلار بەزى دەۋرلەردە تىنچ ـ ئامان ئۆتكەن بولسا، بەزى رايونلار قاتتىق توقۇنۇش تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئارخېئولوگىيەلىك دەلىللەر قەدىمىي ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئارىسىدىكى زوراۋانلىقنىڭ بىر تەرەپلىمە ئەمەس، بەلكى ئورۇن ۋە مەھەللىۋى شارائىت، بايلىق ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەرگە باغلىق بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈكۈت پەردىسى

قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەسۋىرىنى قايتا سىزىپ چىقىش تەس دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئالاھىدە ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ مۇشكۈل. مەسىلەن، بىر سەپىيانسلار گۇرۇپپىسى تۇنجى قېتىم نياندېرتاللار ئولتۇراقلاشقان بىر ۋادىغا كىرگەندە، كېيىنكى يىللاردا شىددەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدىن پەقەت تاشقاتمىغا ئايلانغان بىر قانچە سۆڭەك، ئەڭ قىزغىن تەكشۈرۈشلەرگىمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم تاش قورالدىن باشقا ھېچنېمە قالمايدۇ. ئۇلاردىن ئادەم ئاناتومىيەسى، ئۇ ئىنسانلار قوللانغان تېخنىكا، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە بەلكىم ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ھەققىدە ئۇچۇر ئالالىساقمۇ، قوشنا ساپىيانسلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ئىتتىپاق، بۇ ئىتتىپاقنى قوغدىغۇچى روھلار ياكى ئۇنىڭ بەرىكىتىنى قوغداش ئۈچۈن يەرلىك داخانغا مەخپىي تارتۇق قىلىنغان پىل چىشى ھەققىدە ھېچنېمە بىلەلمەيمىز.

بۇ سۈكۈت پەردىسى ئون مىڭلارچە يىللىق تارىخنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇزۇن ئەسىرلەردە ئۇرۇشلار ۋە ئىنقىلابلار، ئەسەبىي دىنىي ھەرىكەتلەر، چوڭقۇر پەلسەپەۋى

نەزەرىيلەر، تەڭداشسىز سەنئەت ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ بەلكىم لۇكسېمبۇرگنىڭ يېرىمچە چوڭلۇقتىكى ئىمپېرىيەنى باشقۇرغان ناپولېئونلىرى، سىمفونىيە ئوركېستىرى بولمىسىمۇ، بامبۇكتىن ياسالغان نەي بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتالايدىغان بېتخوۋېنلىرى، ھەممىگە قادىر خۇداسى بولمىسىمۇ، كىشىلەرگە شۇ جايدىكى بامبۇك دەرىخىنىڭ سىرلىرىنى ئېيتالايدىغان كاتتا پەيغەمبەرلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرەز. بۇ سۈكۈت پەردىسى شۇنچە قېلىنكى، ئۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىش ئەمەس، شۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنىمۇ ئېنىق بىلىش قىيىن.

ئالىملار ئادەتتە پەقەت جاۋاب بېرەلەيدىغان سوئاللارنى سورايدۇ. يېڭى تەتقىقات قوراللىرىنى كەشىپ قىلماي تۇرۇپ، قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ نېمىگە ئىشەنگەنلىكىنى ياكى قانداق سىياسىي ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. ئەمما جاۋابى يوق سوئاللارنى سوراش ناھايىتى مۇھىم، بولمىسا، «ئۇ دەۋردىكى كىشىلەر ھېچقانداق مۇھىم ئىش قىلمىغان» دېگەن باھانە بىلەن، 70 مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ 60 مىڭ يىلىنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە مايىل بولۇپ قالىمىز.

ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنى قىلغان. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى كۆپىنچە كىشىلەر ئويلىغاندىنمۇ چوڭ بولغان. سىبىرىيەنىڭ توڭ تۇپرىقىدا، ئاۋستىرالىيە چۆللىرىدە ۋە ئامازون ئورمانلىرىدا ساياھەت قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئىنسان ئايىغى تېگىپ باقمىغان «ساپ» مەنزىرىلىك جايغا كەلدىم دەپ ئويلايدۇ. ئەمما بۇ بىر خاتا تۇيغۇ. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر بىزدىن بۇرۇن بۇ يەرلەرگە كەلگەن ۋە ئۇلار ئەڭ قويۇق ئورمانلىقلاردا، ھەتتا ئەڭ قۇرغاق چۆللەردە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ياراتقان. كېيىنكى بابتا، ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ تۇنجى يېزا ئىگىلىك كەنتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا قانداق قىلىپ يەر شارىمىزنىڭ ئېكولوگىيەسىنى تولۇق ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىمىز.

ئىزاھاتلار:

* «ئىمكانىيەت دائىرىسى» دېگىنىمىز بىر جەمئىيەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك، تېخنىكىلىق ۋە مەدەنىيەت چەكلىمىلىرى ئاستىدا ئېرىشەلەيدىغان بارلىق ئېتىقاد، ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق جەمئىيەت ۋە شەخس ئادەتتە ئۆز ئىمكانىيەت دائىرىسىنىڭ پەقەت كىچىك بىر قىسمىنىلا كۆزىتەلەيدۇ.

* قەدىمكى دوناي دەرياسى ۋادىسىدا ئۆلگەن 18 ئادەمنىڭ ھەممىسىنى زوراۋانلىقتىن ئۆلگەن دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بەزىلىرى يارىلانغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا يۇمشاق توقۇلمىلىرى جاراھەتلەنگەن ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدىكى يوقسۇللۇقتىن ئۆلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

4. كەلكۈن

ئەقىل ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، ھەممە خىل ئادەمزات پەقەت ئافرىقا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقلىرىدىلا ياشىغان. ئۇلار ھەقىقەتەن قىسقا سۇ بۆلىكىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ ياكى قولۋاقلارغا ئولتۇرۇپ بەزى ئاراللارغا يېتىپ بارغان. مەسىلەن، ئۇلار 850 مىڭ يىل بۇرۇنلا فلورېس ئارىلىغا يېتىپ بارغان. ئەمما ئۇلارنىڭ كەڭ دېڭىزغا چىقىشقا قۇربى يەتمىگەن ۋە ھېچبىر ئادەمزات ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ياكى ماداگاسقار، يېڭى زېلاندىيە ۋە ھاۋاي قاتارلىق يىراق ئاراللارغا يېتىپ بارالمىغان.

دېڭىز توسۇقى پەقەت ئادەمزاتنىلا ئەمەس، ئاسىيا، ئافرىقادىكى كۆپلىگەن ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ «سىرتقى دۇنيا»غا يېتىپ بارالمايدىغان قىلىپ قويغان. نەتىجىدە، ئاۋستىرالىيە ۋە ماداگاسقارغا ئوخشاش يىراق رايونلاردىكى جانلىقلار مىليونلىغان يىل بويى مۇستەقىل شەكىلدە تەرەققىي قىلغان، ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە تەبىئىتىمۇ ئاسىيا ـ ئافرىقىدىن يىراقراق جايلاردىكى تۇغقانلىرىدىن پەرقلىق بولغان. دۇنيادا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان بىر قانچە ئالاھىدە ئېكولوگىيەلىك سىستېما مەۋجۇت بولۇپ، ھەر بىر سىستېما ئۆزگىچە ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن تەشكىل تاپقان. ھومو ساپىيانس بۇ بىئولوگىيىلىك گۈللىنىشنى ئاياغلاشتۇرغان.

ئەقىل ئىنقىلابىدىن كېيىن، ساپىيانسلار تېخنىكا، تەشكىللىنىش ماھارىتى ۋە ھەتتا ئوي ـ پىكىرگە ئىگە بولۇپ، ئافرىقا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن چىقىپ، سىرتقى دۇنياغا يېتىپ بارغان. ئۇلارنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇلار تەخمىنەن 45 مىڭ يىل بۇرۇن ئاۋستىرالىيەنى كۆچمەنلەر دۇنياسىغا ئايلاندۇرغان. مۇتەخەسسىلەر بۇ ئىشنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتە قىينىلىدۇ. ئاۋستىرالىيەگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىنسانلار بىر قانچە دېڭىز بۆلىكىدىن ئۆتۈشى كېرەك، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى دېڭىز بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇلار يېتىپ بارغاندا، تەخمىنەن بىر كېچىدە ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى بىر ئېكولوگىيەلىك سىستېمىغا ماسلىششىغا توغرا كەلگەن.

ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق نەزەرىيە شۇكى، تەخمىنەن 45 مىڭ يىل بۇرۇن، ھىندونېزىيە ئاراللىرىدا ياشايدىغان ساپىيانس (بۇ ئاراللار ئاسىيا قىتئەسىدىن ۋە بىر ـ بىرىدىن پەقەت تار دەريالار بىلەن ئايرىلغان) تۇنجى دېڭىزچىلىق جەمئىيىتىنى قۇرغان. ئۇلار دېڭىزدا يۈرەلەيدىغان كېمە ياساشنى ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىپ، ئۇزاق مۇساپىلىك بېلىقچىلىق، سودا ۋە ئېكسپېدىتسىيە بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئىشلار ئىنسانلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. دېڭىزغا كىرگەن سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن تيۇلېن، دېڭىز كالىسى ۋە دېلفىنلار مەخسۇس ئورگىنى ۋە سۇ ئۈزىدىغان بەدىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مىڭلىغان، مىليونلىغان يىلنى سەرپ قىلغان. ئەمما ئافرىقا يايلاقلىرىدا ياشايدىغان مايمۇنلارنىڭ نەسلى بولغان ھىندونېزىيەدىكى ساپىيانسلار

ئۆزلىرىگە بىلىق قۇيرۇقى ياكى لەھەڭلەرنىڭ تۇمشۇقىدەك بۇرۇن چىقىشىنى كۆتۈپ ئولتۇرمايلا تىنچ ئوكيان دېڭىزچىلىرىغا ئايلانغان. ئۇلار كېمە ياساپ، ئۇنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىپ، تېخىمۇ ئىلغار دېڭىزچىلىق ماھارىتىنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئارخېئولوگلار 45 مىڭ يىل بۇرۇنغا تەۋە سال، قېيىق ياكى بېلىقچىلىق يېزىسىنى تاپقان ئەمەس، ئەلۋەتتە (بۇلارنى تېپىش قىيىن، چۈنكى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە قەدىمكى ئىندونېزىيە قىرغاقلىرى 100 مېتىر دېڭىز ئاستىدا قالغان). شۇنداقتىمۇ، بۇ نەزەرىيەنى قوللايدىغان كۈچلۈك ھەم ۋاستىلىق دەلىل مەۋجۇت. مىسال ئالايلۇق، ساپىيانسلار ئاۋستىرالىيەگە كۆچمەن بولغاندىن كېيىنكى نەچچە مىڭ يىل ئىچىدە، شىمالدىكى بىر قانچە كىچىك ۋە يىراق ئاراللارنى ئىگىلىگەن. مەسىلەن، بۇكا ۋە مانۇس ئاراللىرى يېقىن قۇرۇقلۇقتىن 200 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى سۇ بىلەن ئايرىلغان. بىرەر ياخشى كېمە ۋە دېڭىزچىلىق ماھارىتى بولماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مانۇسقا يېتىپ بارغانلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئىلگىرى تەكىتلەنگەندەك، بۇ ئاراللارنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن يېڭى ئىرلاندىيە ۋە يېڭى برىتانىيە ئارىسىدا مۇقىم دېڭىز سودا ئالاقىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىغا دائىر دەلىل بار.

ئىنسانلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئاۋستىرالىيەگە سەپەر قىلىشى تارىختىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەردىن بىرى بولۇپ، كولومبۇسنىڭ ئامېرىكىغا قىلغان سەپىرى ياكى «ئاۋرورا 11» نىڭ ئايغا قىلغان سەپىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئادەمزاتنىڭ تۇنجى قېتىم ئاسىيا ـ ئافرىقا ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىدىن چىقىشى، شۇنداقلا قۇرۇقلۇقتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئاۋستىرالىيەگە ئۆتۈشىدۇر. ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئاۋستىرالىيەگە ـ بۇ يېڭى دۇنياغا تۇنجى قەدەم باسقان ئىنسانلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدۇر. تۇنجى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئاۋستىرالىيە قۇملۇقىغا قەدەم قويغان ۋاقىت دەل ھومو ساپىيانسلار بۇ قۇرۇقلۇقتىكى يېمەكلىك زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىققان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق تۈرگە ئايلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتتۇر.

بۇ ۋاقىتقىچە، ئىنسانلار بىر قانچە يېڭى ماسلىشىش ۋە پائالىيەت شەكىللىرىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇھىتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ئاز بولغان. ئۇلار بىر قانچە ئىقلىمغا كۆچۈپ، ئۇلارغا ماسلىشىش جەھەتتە ئۇتۇق قازانغان بولسىمۇ، مۇھىتنى ئاساسەن ئۆزگەرتمەي كەلگەن. ئەمما ئاۋستىرالىيەگە يېتىپ بارغان كۆچمەنلەر، ياكى توغرىسى «ئاۋستىرالىيەنى بويسۇندۇرغۇچىلار»، مۇھىتقا ماسلىشىپلا قالماي، ئۇ جاينىڭ ئېكولوگىيەسىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئاۋستىرالىيە قۇملۇقىغا تۇنجى قەدەم قويغان ئىنسانلارنىڭ ئىزلىرىنى دېڭىز دولقۇنلىرى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «تاجاۋۇزچىلار» قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، ھېچۋاقىت يوقاتقىلى بولمايدىغان باشقا «ئىز» لارنى قالدۇرغان. ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭغاندا، ئېغىرلىقى 200 كىلوگرام، بويى ئىككى مېتىر كېلىدىغان كېنگۇرۇ، بۆگۈنكى

يولۋاستەك چوڭ ھەم ئافرىقىدىكى ئەڭ زور يىرتقۇچىلارنىڭ بىرى بولغان يوغان قورساق شىر قاتارلىق ئاجايىپ-غارايىپ ھايۋانلارغا يولۇققان. چوڭلۇقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خالتا قورساق ئېيىقلار دەرەخلەرنى شىلدىرلىتىپ يۈرگەن بولسا، تۆگە قۇشىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ قۇشلار تۈزلەڭلىكلەردە چېپىپ يۈرگەن. ئەجدىھاغا ئوخشايدىغان كەسلەنچۈكلەر ۋە نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يىلانلار ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتكەن؛ 2.5 توننا ئېغىرلىقىدىكى گىگانت دىپروتودون5 ئورمانلاردا ئولتۇرغان. قۇشلار ۋە ھاشاراتتىن باشقا، يوغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى خالتا قورساق ھايۋانلار بولۇپ، ئۇلار كېنگۇرۇغا ئوخشاش، كىچىك، ئاجىز بالىلىرىنى تۇغۇپ، ئاندىن ئۇلارنى قورسىقىدا سۈت بىلەن باققان. خالتا قورساق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنى ئۇ چاغدا ئاسىيا-ئافرىقىدىكى ئىنسانلار بىلمەيتتى، ئەمما ئۇلار ئاۋستىرالىيەدە مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىدى.

بىر قانچە مىڭ يىل ئىچىدە، بۇ غايەت چوڭ ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقاپ كەتكەن. 50 كىلوگىرام ياكى ئۇنىڭدىن ئېغىر 24 تۈرنىڭ ئىچىدە، 23 تۈر يوقاپ كەتكەن. شۇنداقلا، كىچىك ھايۋانلارنىڭمۇ كۆپلىرى يوقاپ كەتكەن. ئاۋستىرالىيە ئېكولوگىيەسىدىكى يېمەكلىك زەنجىرىنىڭ ھەممىسى بۇزۇلۇپ، قايتا تەشكىللەنگەن. بۇ، مىليونلارچە يىلدىن بۇيان ئاۋستىرالىيە ئېكولوگىيەسىدە يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ھومو ساپىيانسنىڭ گۇناھىمۇ؟

ئۇلارنىڭ گۇناھى بار دەپ قارالدى

بەزى ئالىملار ئادەمزات تۈرلىرىنى گۇناھسىز دەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كۆپ ھاللاردا كىلىمات ئۆزگىرىشىگە ئارتىپ قويىدۇ (بۇ ئەھۋالدا كىلىمات ئۆزگىرىشى دائىم بالاغا قالىدۇ). ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھومو ساپىيانسنى پۈتۈنلەي گۇناھسىز دېگىلى بولمايدۇ. كىلىماتنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ئۈچ دەلىل بار. بۇ دەلىللەر ئادەمزاتنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى گىگانت ھايۋان تۈرلىرىنى يوقىتىشقا قاتناشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

بىرىنچىسى، ئاۋستىرالىيەنىڭ كىلىماتى 45 مىڭ يىل بۇرۇن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزگىرىش چوڭ بولمىغان. كىلىماتتىكى ئۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۆزىلا چوڭ تۈرلەرنىڭ يوقاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىشنىڭ ئۆزى قىيىن. بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئىشنى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن چۈشەندۈرۈش ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەر شارىنىڭ كىلىماتى ھەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تارىختىكى ھەر بىر ۋەقە كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىدە بولغان.

---

5 دىپروتودون—كېنگۇرۇ تۈرىدىكى خالتا قورساق ھايۋانلار.

بولۇپمۇ، يەر شارىمىز كۆپ قېتىم سوۋۇش ۋە ئىسسىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئاخىرقى بىر مىليون يىل ئىچىدە ھەر 100 مىڭ يىلدا بىر قېتىم مۇز دەۋرى كۆرۈلگەن. ئاخىرقى مۇز دەۋرى 75 مىڭ يىلدىن 15 مىڭ يىلغىچە داۋام قىلغان. بۇ مۇز دەۋرىدە سوغۇق ئالاھىدە قاتتىق بولۇپ كەتمىگەن، سوغۇق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ۋاقىتلاردىن بىرى 70 مىڭ يىل بۇرۇن، يەنە بىرى 20 مىڭ يىل بۇرۇن. گىگانت دىپروتودون ئاۋستىرالىيەدە 1 مىليون 500 مىڭ يىلدىن بۇرۇن كۆرۈلگەن. ئۇ ئاز دېگەندە ئون قېتىملىق مۇز دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، 70 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئاخىرقى مۇز دەۋرىنىڭ ئەڭ قاتتىق سوغۇق دەۋرىدىنمۇ ئامان قالغان. ئەمما ئۇ 45 مىڭ يىل بۇرۇن نىمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەن؟ ئەگەر دىپروتودون بۇ ۋاقىتتا يوقاپ كەتكەن بىردىنبىر چوڭ ھايۋان بولغان بولسا، بۇنى بىر تەسادىپىيلىق دەپ قاراشقا بولاتتى. ئەمما ئاۋستىرالىيەدىكى گىگانت ھايۋان تۈرلىرىنىڭ 90 پىرسەنتى دىپروتودون بىلەن بىر ۋاقىتتا يوقاپ كەتكەن. بۇ دەلىل مەلۇم دەرىجىدە ۋاستىلىك دەلىل بولسىمۇ، ئادەمزاتنىڭ ئاۋستىرالىيەگە يېتىپ بارغان ۋاقتى بىلەن بۇ ھايۋانلارنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىشىنى تەسادىپىيلىق دېيىش قىيىن .

ئىككىنچىسى، كىلىمات ئۆزگىرىشى كۆپ ھاللاردا قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلارغا تەسىر قىلغاندەك، دېڭىزدىكى ھايۋانلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما 45 مىڭ يىل بۇرۇن دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ كۆپلەپ يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل يوق. ئادەمزاتنىڭ تەسىرىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى گىگانت ھايۋان تۈرلىرىنى يوقىتىپ، دېڭىز ھايۋانلىرىغا ئانچە تەگمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئاسان. **ھومو ساپىيانس** بۇ ۋاقىتتا يېڭى دېڭىز سەپىرىنى باشلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاساسلىقى قۇرۇقلۇققا قارىتىلغاندى .

ئۈچىنچىسى، ئاۋستىرالىيەدىكى گىگانت ھايۋان تۈرلىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە ئوخشاش ۋەقەلەر كېيىنكى مىڭ يىللاردا، ئادەمزاتى باشقا جايلارغا كۆچۈپ بارغان ۋاقىتىدا قايتا ـ قايتا كۆرۈلگەن. بۇ ئەھۋالدا ھومو ساپىيانسنىڭ گۇناھى ئىسپاتلانغان. مەسىلەن، يېڭى زېلاندىيەدىكى گىگانت ھايۋان تۈرلىرى 45 مىڭ يىل بۇرۇن كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئادەمزاتنىڭ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەنلا چوڭ كۆلەمدە قۇرۇپ كەتكەن. ماۋرىلەر ـ يېڭى زېلاندىيەنىڭ تۇنجى ساپىيانس مۇستەملىكىچىلىرى تەخمىنەن 800 يىل بۇرۇن يېتىپ بارغان بولۇپ، بىر ـ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئۇ يەردىكى گىگانت ھايۋان تۈرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى، شۇنداقلا ئاتمىش پىرسەنت قۇش تۈرى يوقاپ كەتكەن.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، **ۋرانگېل ئارىلى** (سىبىرىيە قىرغىقىدىن 200 كىلومېتىر شىمالدا) دەك جايلاردا ماموت (ياۋا پىل) تۈرلىرىنىڭ ئاخىرقى قېتىم يوقاپ كەتكەنلىكى مەلۇم. ماموتلار مىليونلىغان يىللاردىن بۇيان شىمالي يېرىم شارنىڭ كۆپ جايلىرىدا ياشىغان بولۇپ، **ھومو ساپىيانس**نىڭ ياۋرو ـ ئاسىياغا، ئارقىدىن شىمالي ئامېرىكىغا تارقىلىشى بىلەنلا ماموتلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن. 10 مىڭ يىل بۇرۇن دۇنيادا، يىراق شىمالي ئاراللاردىن باشقا ھېچ قانداق جايدا ماموت تۈرى قالمىغان. ۋرانگېل ئارىلىدىكى ماموتلار يەنە نەچچە مىڭ يىل جان

ساقلىغان بولسىمۇ، 4 مىڭ يىل بۇرۇن، ئادەمزاتنى ئۇ ئارالغا يېتىپ بارغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.

ئاۋسترالىيەدىكى گىگانت ھايۋان تۈرلىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى بىرلا قېتىملىق ۋەقە بولغان بولسا، بىز ئادەمزاتنى گۇناھسىز دەپ قارىساق بولاتتى. ئەمما تارىخىي ئىزلار ھومو ساپىيانسنى گويا « تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئېكولوگىيە قاتىلى» دەك كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ئاۋسترالىيەدىكى كۆچمەنلەر تاش قورال دەۋرى تېخنىكىسى بىلەن قانداق قىلىپ بۇنداق ئەڭ چوڭ ئېكولوگىيەلىك بالايى ئاپەتنى پەيدا قىلالىغان؟

بۇنىڭ ئۈچ خىل چۈشەندۈرۈشى بار :

1. چوڭ ھايۋانلارنىڭ، يەنى ئاۋسترالىيەدە ئاساسلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى ئاستا بولىدۇ.

ئاۋسترالىيەدە ياشايدىغان چوڭ ھايۋانلارنىڭ ھامىلدارلىق مۇددىتى ئۇزۇن، ھەر قېتىم ئازلا تۇغۇپ، ئوتتۇرىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئارام ئالىدۇ. شۇڭا، ئادەمزات ھەر ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىر قېتىم بىر گىگانت ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۇغۇلۇش نىسبىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، نەچچە مىڭ يىل ئىچىدە دىپروتودونلار ئازلاپ ئاخىرقى دىپروتودون قالىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تەڭ بارلىق دىپروتون تۈرى يوقىلىپ كېتىدۇ.

دىپروتودونلار ۋە ئاۋسترالىيەنىڭ باشقا يوغان ھايۋانلىرى گەرچە چوڭ بولسىمۇ، ئۇلارنى ئوۋلاش ئانچە قىيىن بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار ئىككى پۇتلۇق ھۇجۇمچىلاردىن پۈتۈنلەي غاپىل قالغان. ھەر خىل ئىنسان تۈرلىرى ئافرىقا ـ ئاسىيادا 2 مىليون يىل داۋامىدا ئوۋچىلىق قىلىپ تەرەققىي قىلغان. ئۇلار ئوۋچىلىق ماھارىتىنى ئاستا ـ ئاستا يېتىلدۈرۈپ، تەخمىنەن 400,000 يىل بۇرۇن چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا باشلىغان.

ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى چوڭ ھايۋانلار ئىنسانلاردىن ساقلىنىشنى ئۆگەنگەن، شۇڭا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن چوڭ يىرتقۇچ ـ ھومو ساپىيانس ئافرىقا ـ ئاسىيا سەھنىسىگە چىققاندا، چوڭ ھايۋانلار ئۇنىڭغا ئوخشاش مەخلۇقلاردىن يىراق تۇرۇشنى ئاللىقاچان بىلگەن. ئەمما، ئاۋسترالىيەدىكى يوغان ھايۋانلارنىڭ ئۇلاردىن قېچىشنى ئۆگىنىشكە ۋاقتى بولمىدى.

ئىنسانلار ئالاھىدە خەتەرلىك كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن، ئۆتكۈر چىشلىرى ياكى مۇسكۇللۇق، چەبدەس بەدەنلىرى يوق ئىدى. شۇڭا يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ خالتىلىق ھايۋان بولغان دىپروتودون تۇنجى قېتىم بۇ ئاجىز كۆرۈنگەن مايمۇنغا كۆزى چۈشكەندە، ئۇنىڭغا بىر قاراپلا قويۇپ، يەنە يوپۇرماق چايناشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ ھايۋانلار ئىنسانلاردىن قورقۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنداق قىلىشتىن بۇرۇنلا يوقاپ كەتكەن.

2. ساپىيانسلار ئاۋستراليە قىتئەسىگە بارغاندا ئاللىقاچان تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولغانىدى. ئۇلار يات مۇھىتقا ماسلىشىش، تەھدىتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن، كەڭ ۋە قويۇق ئورمانلارغا قەستەن ئوت قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوۋچىلىق قىلىشىغا قولايلىق بولغان ۋە ئېھتىياجلىرىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن بولغان يايلاقلارنى ئاچقان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قىسقىغىنە نەچچە مىڭ يىلدا ئاۋستراليە قىتئەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئۆسۈملۈكلەردىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئوتخور ھايۋانلارغا ۋە ئۇلارنى يەيدىغان گۆشخور ھايۋانلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. پەقەت ئېۋكالىپت يوپۇرماقلىرى بىلەنلا ئوزۇقلىنىدىغان خالتىلىق ئېيىقلار يېڭى رايونلارغا خۇشاللىق بىلەن تارقالغان. باشقا ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. ئاۋستراليە ئوزۇقلۇق زەنجىرلىرى بۇزۇلۇپ، ئەڭ ئاجىز ھالقىلار يوقىلىپ كەتكەن.

3. ئوۋچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك ئاۋستراليەدىكى چوڭ ھايۋانلارنىڭ يوقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، ئەمما ئىقلىمنىڭ رولىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. تەخمىنەن 45,000 يىل بۇرۇن ئاۋستراليەدە يۈز بەرگەن ئىقلىم ئۆزگىرىشلىرى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى تەڭپۇڭسىزلاشتۇرۇپ، ئۇنى بەكلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن. نورمال ئەھۋالدا، ئىلگىرىمۇ كۆرۈلگىنىدەك سىستېما بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كېلەلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، دەل مۇشۇ مۇھىم پەيتتە ئىنسانلار مەيدانغا چىقىپ، نازۇك ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى ھالاكەتكە ئىتتەرگەن. ئىقلىم ئۆزگىرىشى بىلەن ئىنسان ئوۋچىلىقىنىڭ بىرلىشىشى چوڭ ھايۋانلارغا ئەجەللىك زەربە بولغان، ئۇلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان. بۇنداق كۆپ خىل تەھدىتلەرگە قارشى ھايۋانلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۈنۈملۈك بولىدىغان جان ساقلاش ئۇسۇلىنى تېپىش تەس بولغان.

يېتەرلىك دەلىل بولمىغاچقا، بۇ ئۈچ خىل ئېھتىماللىقنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما شۇنى ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، ئەگەر ھومو ساپىيېنس ئاۋستراليەگە بارمىغان بولسا، خالتىلىق شىرلار، دىپروتودونلار ۋە يوغان كېنگۇرۇلار ھازىرمۇ شۇ يەردە ياشاۋاتقان بولاتتى.

چوڭ ھايۋانلارنىڭ يوقىلىشى

ئاۋستراليە گىگانت ھايۋان تۈرلىرىنىڭ يوقاپ كېتىشى ھومو ساپىيانسنىڭ يەر شارىمىزغا قالدۇرغان تۇنجى مۇھىم ئىزى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ چوڭ بىر ئېكولوگىيەلىك ئاپەت ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن. ھومو ساپىيانس غەربىي يېرىم شارغا يېتىپ بارغان تۇنجى ۋە يېگانە ئادەمزات تۈرى بولۇپ، ئۇلار تەخمىنەن 16 مىڭ يىل بۇرۇن، يەنى بىزنىڭ زامانىمىزدىن بۇرۇن 14 مىڭ يىللاردا، ئۇ قۇرۇقلۇققا يېتىپ بارغان. تۇنجى ئامېرىكىلىقلار

قۇرۇقلۇق ئارقىلىق سەپەر قىلغان، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا دېڭىز سۈيى ئېگىزلىكى تۆۋەن بولۇپ، شەرقىي شىمالى سىبىرىيە بىلەن غەربىي شىمالى ئالياسكا ئارىسىدا بىر قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى مەۋجۇت ئىدى. ئەمما بۇ سەپەر ئاسان بولمىغان، يەنى بۇ سەپەر ئاۋستىرالىيەگە قىلغان دېڭىز سەپىرىدىنمۇ قىيىن بولغان. شىمالىي قۇتۇپتىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ھومو ساپىيانس ئاۋۋال سىبىرىيەنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى قۇتۇب سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ جايلاردا قىش پەسىللىرىدە قۇياش پۈتۈنلەي كۆرۈنمەيتتى، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 50 گرادۇسقا چۈشۈپ كېتەتتى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق ئادەمزات تۈرى شىمالىي سىبىرىيەگە ئوخشاش جايلارغا بارالمىغان؛ ھەتتا سوغۇق ئىقلىمغا ماسلىشىپ قالغان نىياندېرتاللارمۇ جەنۇبتىكى ئىللىقراق رايونلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ھومو ساپىيانسنىڭ بەدىنى شىمالىي قۇتۇب رايونلىرىدا ئەمەس، ئافرىقا يايلاقلىرىدا ياشاشقا ماسلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلغان. سوغۇق ئىقلىمغا كۆچكەن ساپىيانس ئوۋچى-غەنىمەتچىلىرى قوپال يىڭنىلەرنىڭ ياردىمىدە، قاردا كىيىدىغان ئۆتۈك ۋە يۇڭ-تېرىدىن ئىشلەنگەن، ئىسسىق ساقلايدىغان كىيىملەرنى تىكىشنى ئۆگەنگەن. ئۇلار يېڭى قوراللار ۋە تاكتىكىلىق ئوۋچىلىق ئۇسۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىمالدىكى ماموتلار ۋە باشقا چوڭ ھايۋانلارنى ئىز قوغلاپ، ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈشنى باشلىغان. ساپىيانسلار قىشلىق كىيىملىرى ۋە ئوۋچىلىق ئۇسۇللىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەھرىتان سوغۇق رايونلارغا تېخىمۇ چوڭ تەۋەككۇلچىلىك بىلەن كىرىشكە باشلىغان. ئۇلار شىمالغا يۆتكىلىپ بارغانسېرى، كىيىملىرى، ئوۋچىلىق ئىقتىدارلىرى ۋە باشقا تىرىكچىلىك ماھارەتلىرى تېخىمۇ يۇكسەلگەن.

ئەمما ئۇلار نېمىشقا ئۆزىنى قىيىنىغان؟ نىمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سىبىرىيەگە «سۈرگۈن» قىلغان؟ بەلكىم، بەزى گۇرۇپپىلار ئۇرۇش، نوپۇس بېسىمى ياكى تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن شىمالغا سۈرۈلگەن. باشقىلىرى بولسا، ياخشى سەۋەبلەر، مەسىلەن، ھايۋان ئاقسىلى (ھايۋان گۆشى) نىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن شىمالغا ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. شىمالىي قۇتۇپ زېمىنلىرى شىمال بۇغىسى ۋە ماموتلارغا ئوخشاش جۇغى چوڭ، گۆش-قېنى تولۇق ھايۋانلارغا تولغان ئىدى. ھەر بىر ماموت كۆپ مىقداردىكى گۆشنىڭ مەنبەسى(سوغۇق تېمپېراتۇردا گۆشنى ساقلاش يېپىشكىمۇ بولىدۇ) بولۇپلا قالماي، مەززىلىك ماي، ئىسسىق تېرە ۋە قىممەتلىك پىل سۆڭكى بىلەن تەمىنلەيتتى. سۇنگىردىن تېپىلغان نەرسىلەر كۆرسەتكەندەك، ماموت ئوۋچىلىرى قار-مۇزلۇق شىمالدا جېنىنى ساقلاپلا قالماي، بەلكى بارغانسېرى گۈللەپ ياشىغان. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ قەبىلىلەر ماموت، ماستودون، كىچىك پىل ۋە شىمال بۇغىسى قاتارلىق ھايۋانلارنى قوغلاپ، كەڭ رايونلارغا تارقالغان. بۇنىڭدىن 14 مىڭ يىل بۇرۇن، ئۇلار ھايۋان قوغلاپ يۇرۇپ شەرقىي شىمالىي سىبىرىيەدىن ئالياسكا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇ زاماندا يېڭى بىر دۇنيا ئېچىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ماموت ۋە ئادەمزات ئۈچۈن، ئالياسكا پەقەت سىبىرىيەنىڭ يىراققا سوزۇلغان قىسمى ئىدى.

ئەڭ دەسلەپتە قاتمۇ قات مۇزلۇقلار ئالىيەسكادىن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ باشقا زېمىنلىرىغا بارىدىغان يولنى توسۇپ قويغان بولۇپ، بۇ ئەھۋالدا پەقەت بىر قانچە يالغۇز تەۋەككۇلچىلەر جەنۇبتىكى زېمىنلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مىلادىيەدىن 12 مىڭ يىل بۇرۇن، يەر شارىدىكى مۇزلار ئېرىپ، تېخىمۇ ئاسان ئۆتۈش يولى ئېچىلغان. ئىنسانلار بۇ يېڭى يولدىن پايدىلىنىپ، كۆپ ساندا جەنۇبقا يۆتكىلىپ، پۈتۈن قۇرۇقلۇققا تارقالغان. ئەسلىدە شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا چوڭ هايۋانلارنى ئوۋلاشقا ماسلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەمزات تۈرى، هەر خىل كىلىمات ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا تېزلا ماسلىشىپ كەتكەن. سىبىرىيەلىكلەرنىڭ نەسىللىرى شەرقىي ئامېرىكىنىڭ قېلىن ئورمانلىرى، مىسسىسسىپپى دېلتىسىدىكى سازلىقلار، مېكسىكىنىڭ قۇملۇقلىرى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىغا ماكانلاشقان. بەزىلىرى ئامازون دەرياسى ۋادىسىدا، بەزىلىرى ئاندىيان تاغ جىلغىسى ياكى ئارگېنتىنانىڭ كەڭ كەتكەن پامپاس يايلاقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ هەممىسى پەقەت بىر ـ ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن! مىلادىيەدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇن، ئىنسانلار ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي نۇقتىسى بولغان تېرادېل فۇئېگو ئارىلىغا يېتىپ كەتكەن. ئىنسانلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى بويلاپ تېز سۈرئەتتە كۆچۈشى هومو ساپىيانسنىڭ تەڭداشسىز ئىجادكارلىقى ۋە هېچكىمگە ئوخشىمىغان ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا هېچقانداق هايۋان بۇنداق تېز سۈرئەتتە، بۇنداق چوڭ ۋە ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغان مۇھىتلارغا كۆچەلمىگەن ۋە هەممە مۇھىتتا ئاساسەن بىرلا خىل گېن بىلەن ياشىيالمىغان.

ئامېرىكا قىتئەسىدە ماكانلىشىش هېچقانداق ئۈرۈش ـ تالاشسىز بولغان ئەمەس، ئۇنىڭغا كۆپلىگەن قۇربانلار بېرىلگەن. 14 مىڭ يىل بۇرۇن ئامېرىكىدىكى هايۋاناتلار بۈگۈنكىدىن مول ئىدى. تۇنجى ئامېرىكالىقلار ئالياسكادىن شىمالىي ئامېرىكىنىڭ تۇپرىقىغا كىرگەندە، ماموت ۋە ماستودونلار، ئېيىقتەك چوڭ هايۋانلار، ئات، تۆگە، غايەت چوڭ شىر ۋە بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان نەچچە ئون تۈرلۈك يوغان هايۋانلار، مەسىلەن، چىشلىرى ئۇزۇن قورقۇنچلۇق مۈشۈكلەر، ئېغىرلىقى 8 توننا ، ئېگىزلىكى 6 مېتىر كېلىدىغان گىگانت هايۋانلارغا دۇچ كەلگەن. جەنۇبىي ئامېرىكا تېخىمۇ غەلىتە چوڭ هايۋانات، هاشارات ۋە قۇشلار بىلەن تولغان ئىدى. ئامېرىكا قىتئەسى غايەت زور تەدرىجىي تەرەققىيات تەجرىبىخانىسى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئاسىيا بىلەن ئافرىقادا يوق هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بۇ زېمىندا تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن.

ئەمما هازىر ئۇنداق ئەمەس. ساپىيانس بۇ زېمىنغا يېتىپ كېلىپ ئىككى مىڭ يىلدىن كېيىن، بۇ ئۆزگىچە تۈرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يوقاپ كەتكەن. هازىرقى هېسابلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىمالىي ئامېرىكادىلا 47 چوڭ سۈت ئەمگۈچى هايۋاندىن 34 تۈرى، جەنۇبىي ئامېرىكادا بولسا 60 هايۋاندىن 50 تۈرى يوقالغان. 30 مىليون يىلدىن ئارتۇق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇزۇن چىشلىق مۈشۈكلەر، باشقا گىگانت هايۋانلار، چوڭ شىرلار، يەرلىك ئاتلار ۋە تۆگىلەر، غايەت چوڭ چاشقانلار ۋە ماموتلارمۇ يوقاپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، مىڭلىغان كىچىك سۈت ئەمگۈچىلەر، ھاشاراتلار، قۇشلار ۋە ھەتتا پارازىت تۇرلىرىمۇ يوقاپ كەتكەن (مەسلەن، ماموتلارنىڭ يوقاپ كېتىشى بىلەن، ئۇلارغا خاس بولغان ماموت پارازىتلىرىمۇ يوقالغان).

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، پالېئونتولوگلار (قەدىمكى ھايۋانلارنى تەتقىق قىلغۇچىلار) ۋە ھايۋانشۇناسلىق ئارخېئولوگلىرى (ھايۋانلارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرىنى ئىزدەپ تەتقىق قىلغۇچىلار) ئامېرىكا تۈزلەڭلىكى ۋە تاغ جىلغىلىرىدا قەدىمىي تۆگىلەرنىڭ تاشقاتما سۆڭەكلىرى ھەمدە چوڭ ھايۋانلارنىڭ قېتىپ قالغان تېزەكلىرىنى ئىزدەش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇلار ئىزدەيدىغىنىنى تاپقاندا، بۇ قىممەتلىك قالدۇقلار نېپىز ساندۇقلارغا ئورالغان ھالدا لابوراتورىيەگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەر بىر سۆڭەك ۋە ھەر بىر كوپرولىت (قېتىپ قالغان قەدىمىي تېزەكنىڭ تېخنىكىلىق ئاتىلىشى) ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەتقىق قىلىنىپ، تارىخىي دەۋرى بېكىتىلگەن.

قايتا ـ قايتا تەتقىقاتلار بىر خىل نەتىجە بەرگەن: ئەڭ يېڭى تېزەك ۋە تۆگە سۆڭىكى ئادەمزاتنىڭ ئامېرىكىغا كۆچۈپ كىرگەن مەزگىلىگە، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 12 مىڭ يىلدىن 9 مىڭ يىلغىچە بولغان دەۋرگە توغرا كەلگەن. پەقەت بىرلا رايوندا، يەنى بىر قانچە كارىب دېڭىزى ئارىلىدا، ئالىملار تېخىمۇ يېڭى تېزەكلەرنى بايقىغان. مەسىلەن، كۇبا ۋە گىسپانىئولا ئاراللىرىدا، مىلادىيەدىن بۇرۇن 5 مىڭ يىللارغا تەۋە چوڭ ھايۋان تېزىكى بايقالغان. بۇ، دەل تۇنجى ئادەمزاتنىڭ كارىب دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، بۇ چوڭ ئاراللارغا ماكانلاشقان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ .

يەنە بەزى ئالىملار ھومو ساپىيانسنى ئاقلاپ، بۇنى كلىمات ئۆزگىرىشىگە باغلىماقچى بولىدۇ. (ئۇلار شۇنى پەرەز قىلغان بولۇشى كېرەككى، كارىب دېڭىزى ئاراللىرىدىكى كلىمات قانداقتۇر بىر سەۋەبتىن 7 مىڭ يىل بويى ئۆزگەرمەي تۇرغان بولسىمۇ، غەربىي يېرىم شارنىڭ باشقا جايلىرى ئىسسىپ كەتكەن.) ئەمما ئامېرىكىدا، تېزەكلەرنى تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. بىز گۇناھكارمىز، ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. كلىمات ئۆزگىرىشى بىزگە ياردەم قىلغان، ئەمما بىز ئىنسانلارنىڭ تەسىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى

ئەگەر ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكىدىكى ئومۇمىي يوقىلىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ھومو ساپىيانسنىڭ ئافرىقا، ئاسىياغا تارقىلىشى بىلەن يۈز بەرگەن كىچىك دائىرىدىكى يوقىلىشلارنى، مەسىلەن، باشقا ئادەم تۈرلىرىنىڭ يوقىلىشىنى ۋە ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ كۇبا قاتارلىق يىراق ئاراللارغا جايلىشىشى بىلەن يۈز بەرگەن يوقىلىشلارنى قوشۇپ ھېسابلايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، ساپىيانسنىڭ تۇنجى زېمىن ئىگىلەش دولقۇنى ھايۋانلار دۇنياسىغا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ تېز ئېكولوگىيەلىك يوقىتىش بولغان. ئەڭ

ئېغىر يوقىتىشقا ئۇچرىغانلىرى تۆكلۈك گىگانت ھايۋانلار بولغان. ئەقىل ئىنقىلابى مەزگىلىدە، يەر شارىدا 50 كىلوگرامدىن ئېغىر بولغان 200 تۈرلۈك چوڭ قۇرۇقلۇق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بار ئىدى. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۇلاردىن پەقەت 100 تۈرىلا قالغان. ھومو ساپىيانس چاقماق تېشى، يېزىق، ياكى تۆمۈر قوراللارنى ئىجاد قىلىشتىن بۇرۇنلا، يەر شارىدىكى چوڭ ھايۋانلارنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى يوق قىلىپ بولغان.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، بۇ ئېكولوگىيەلىك تراگېدىيە كىچىك كۆلەمدە قايتا ـ قايتا كۆرۈلدى. ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار شۇ خىل ئېچىنىشلىق ھېكايىلەرنى قايتا ـ قايتا سۆزلەپ بەردى. تراگېدىيەنىڭ بىرىنچى سەھنىسىدە، ئادەمزاتنىڭ ئىزلىرى يوق، خىلمۇ خىل چوڭ ھايۋانلار بىلەن تولغان بىر دۇنيا بار. ئىككىنچى سەھنىسىدە، ساپىيانسنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنىدۇ، بۇنى ئادەم سۆڭىكى، ئۇچلۇق تاش ياكى ساپال بۇيۇملار ئىسپاتلايدۇ. ئۈچىنچى سەھنىدە، ئەر ـ ئاياللار مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، چوڭ ھايۋانلار ۋە كىچىك ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقاپ كەتكەن بولىدۇ.

10. ئىككى چوڭ كالاڭپاي ھايۋان بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ئىككى ئارمادىلو (قۇرت-قوڭغۇز تۇتۇپ يەيدىغان قۇرۇقلۇق ھايۋىنى) نىڭ قىياسەن سىزىلىشى. ھازىر يوقاپ كەتكەن بۇ غايەت چوڭ ھايۋانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىردىن ئېشىپ، ئېغىرلىقى 2 توننىغا يەتكەن. بەزى گىگانت ھايۋانلارنىڭ ئىگىزلىكى 6 مېتىرغا، ئېغىرلىقى 8 توننىغا يەتكەن.

ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ 400 كىلومېتىر شەرقىدىكى چوڭ ماداغاسقار ئارىلى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. نەچچە مىليون يىل دۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئارالدا ئۆزگىچە ھايۋانلار توپى شەكىللەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە پىل قۇشلىرى بولۇپ، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇش ئىدى، ئەمما ئۇچالمايتتى؛ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، ئېغىرلىقى يېرىم توننا كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پىرىماتلار (مايمۇن تۈرلىرى) دىن غايەت چوڭ تۈلكىسىمان مايمۇنلار بار ئىدى. پىل قۇشلىرى ۋە تۈلكىسىمان مايمۇنلار، ماداغاسقارنىڭ باشقا چوڭ ھايۋانلىرى بىلەن بىرلىكتە، 1500 يىل بۇرۇن يوقاپ كەتكەن. بۇ دەل تۇنجى تۈركۈمدىكى ئادەمزاتنىڭ ئۇ ئارالغا قەدەم قويغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ.

تىنچ ئوكياندىكى نەسىل قۇرۇتۇش ھەرىكىتى مىلادىيەدىن بۇرۇن تەخمىنەن 1500 يىللاردا يۈز بەرگەن بولۇپ، پولىنېزىيە دېھقانلىرى سولومون ئاراللىرى، فىجى ۋە يېڭى كالېدونىيە ئاراللىرىغا جايلىشىپ، يۈزلىگەن قۇش، ھاشارات، قۇرت ۋە باشقا يەرلىك تۈرلەرنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن. بۇ يوقىتىش دولقۇنى ئاستا ـ ئاستا شەرق، جەنۇب ۋە شىمالغا يۆتكىلىپ، تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن؛ نەتىجىدە ساموا ۋە تونگا (مىلادىيەدىن بۇرۇن 1200 يىللار)، ماركىز ئاراللىرى (مىلادىيە 1 ـ يىل)، پاسخا بايرىمى ئاراللىرى، كوك ئاراللىرى ۋە ھاۋاي (مىلادىيە 500 ـ يىل)، ئاخىرىدا يېڭى زېلاندىيە (مىلادىيە 1200 ـ يىل) دىكى ئۆزگىچە ھايۋان تۈرلىرى يوق قىلىنغان.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئېكولوگىيەلىك بۇزغۇنچىلىق ئاتلانتىك ئوكيان، ھىندى ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيان ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى مىڭلىغان ئاراللارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش كۆرۈلگەن. ئەڭ كىچىك ئاراللاردىمۇ، قۇش، ھاشارات ۋە قۇرتلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئىزى بايقالغان، ئەمما تۇنجى يېزا ئىگىلىك ئىنسانلىرى كەلگەندە ئۇلار يوقاپ كەتكەن. پەقەت ئەڭ يىراق ئاراللارلا ئادەمزاتنىڭ دىققەت ـ نەزەرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان، بۇ ئاراللار ئۆز ھايۋان تۈرلىرىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، گالاپاغوس ئاراللىرى ئىنسانلار 19 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغانغا قەدەر، ئۆزگىچە ھايۋان تۈرلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ ئارالدا غايەت چوڭ تاشپاقىلار بار بولۇپ، قەدىمكى گىگانت كېنگۇرۇلارغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ئادەمزاتتىن قورقمىغان.

بىرىنچى قېتىملىق يوقىتىش دولقۇنى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ كېڭىيىشى بىلەن باشلانغان بولسا، ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن دېھقانلارنىڭ كېڭىيىشى بىلەن داۋاملاشقان. بۇلار بىزگە ئۈچىنچى قېتىملىق يوقىتىش دولقۇنى، يەنى سانائەت ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېكولوگىيەلىك بۇزغۇنچىلىق ھەققىدە پىكىر بېرىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تەبىئەت بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەن، ئۇلار تەبىئەتنى ئاسرايتتى دېگەندەك گەپلەرگە ئىشەنمەڭ. سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنلا، ھومو ساپىيانس كۆپلىگەن ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان تۈرلىرىنى تۈپتىن يوقىتىشتا بارلىق مەخلۇقلار ئىچىدە رېكورت ياراتقان. بىز ئۆزىمىزنى بىئولوگىيە تارىخىدىكى ئەڭ ۋەھشىي مەخلۇقلار دەپ گۇمان قىلساق بولىدۇ.

ئەگەر كۆپ ئادەملەر بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق يوقىتىش دولقۇنى ھەققىدە بىر نەرسە بىلگەن بولسا، ئۆزلىرى قاتناشۋاتقان ئۈچىنچى قېتىملىق يوقىتىش دولقۇنىغا بۇنداق بىپەرۋا قارىماس ئىدى. ئەگەر بىز قايسى تۈرلەرنى يوق قىلىۋەتكەنلىكىمىزنى بىلگەن بولساق، ھازىر ساق قالغان تۈرلەرنى قوغداشتا تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى ھېس قىلغان بولاتتۇق. بۇ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى چوڭ ھايۋانلار ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم. قۇرۇقلۇقتىكى ھەمراھلىرىغا باققاندا، چوڭ دېڭىز ھايۋانلىرى ئەقىل ئىنقىلابى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىگە نىسبەتەن ئاز ئۇچرىغان. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر سانائەت زەھەرلىنىشى ۋە دېڭىز بايلىقىدىن ئىنسانلارنىڭ ئارتۇقچە پايدىلىنىشى نەتىجىسىدە يوقىلىش گىردابىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال داۋاملاشسا، كىتلار، لەھەڭلەر، تۇنا بېلىقلىرى ۋە دېلفىنلارمۇ خۇددى چوڭ كېنگۇرولار، ماموتلار ۋە باشقا گىگانت ھايۋانلارغا ئوخشاش يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا، يەر شارىدىكى بارلىق چوڭ مەخلۇقلار ئىچىدە، ئىنسانلارنىڭ بالايى ئاپەت كەلكۈنىدىن تىرىك قالدىغانلىرى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ۋە نۇھ پايغەمبەرنىڭ كېمىسىدىكى ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى قىسىم
يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى

11. مىسىر قەبرە تاشلىرىغا سىزىلغان تام رەسىملىرى، بۇنىڭ تارىخىنى 3500 يىللاردىن بۇرۇن دېيىشكە بولىدۇ. رەسىمدە تىپىك دېھقانچىلىق كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتكەن.

5. تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق

ئىنسانلار 2مىليون 500 مىڭ يىل بويىچە ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىپ، ئۆزلىرى باقمىسىمۇ ئۆسۈپ، كۆپىيىدىغان ھايۋانلارنى ئوۋلاپ جېنىنى بېقىپ كەلدى. ھومو ئېرېكتۇس، ھومو ئېرگاستېر ۋە نېئاندېرتاللار ياۋا ئەنجۈرلەرنى توپلاپ، ياۋا قويلارنى ئوۋلاپ ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئەنجۈر دەرەخلىرىنى نەگە تىكىش، قويلارنى قايسى يايلاقتا بېقىش ياكى قايسى تېكىنى قايسى ساغلىق ئۆچكىگە سېلىپ ئۇرۇقلاندۇرۇش دېگەنلەرنى ئويلىمايتتى. ھومو ساپىيانس شەرقىي ئافرىقىدىن ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپا ۋە ئاسىياغا، ئاندىن ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكىغا تارقالغان. ئەمما قەيەرگە بارمىسۇن، ئۇلار ياۋا مېۋىلەرنى توپلاش ۋە ئوۋچىلىق ئارقىلىق تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەگەر بۇنداق تۇرمۇش شەكلى سىزگە جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، دىنىي ئېتىقاد ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلەرگە باي بىر جەمئىيەت ئاتا قىلسا ھەم ئۇنى قوللاپ بەرسە، باشقا ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

بۇ ئەھۋال تەخمىنەن 10 مىڭ يىل بۇرۇن تامامەن ئۆزگەردى. ساپىيانس ۋاقتى ۋە كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىر قانچە ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكنى بېقىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە يەرگە ئۇرۇق چاچتى، زىرائەتلەرگە سۇ قۇيۇپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىپ، قويلارنى ئەڭ ياخشى ئوتلاققا ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ مېۋە، ئاشلىق ۋە گۆشكە ئىگە بولىمىز دەپ قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدىكى بۈيۈك بىر ئىنقىلاپ ـ يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى ئىدى.

يېزا ئىگىلىك دەۋرىگە ئۆتۈش مىلادىيەدىن بۇرۇن تەخمىنەن 9500 ـ 8500 يىللاردا شەرقىي جەنۇبىي تۈركىيە، غەربىي ئىران ۋە لېۋەنت (بۈگۈنكى لىۋان)دىكى تاغلىق رايونلاردىن باشلانغان. بۇ ئۆزگىرىش جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن چەكلىك رايونلاردا تەدرىجىي يۈز بەرگەن. بۇغداي بىلەن قوي مىلادىيەدىن 9000 يىل بۇرۇن كۆندۈرۈلگەن؛ نوقۇت ـ پۇرچاقلار تەخمىنەن 8000 يىل بۇرۇن، زەيتۇن دەرەخلىرى 5000 يىل بۇرۇن، ئاتلار 4000 يىل بۇرۇن، ئۈزۈم دەرىخى 3500 يىل بۇرۇن كۆندۈرۈلگەن. بەزى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن تۆگە ۋە مۇقاتىل مېۋىسى تېخىمۇ كېيىن كۆندۈرۈلگەن. ئەمما مىلادىيەدىن بۇرۇن 3500 يىللارغا كەلگەندە، ئاساسلىق كۆندۈرۈش دولقۇنى ئاخىرلاشقان. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندە ئىلغار تېخنىكىلىرىمىز بولغان ھالەتتىمۇ، ئىنسانلارنى 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق كالورىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر شۇ مەزگىلدە كۆندۈرۈلگەن بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، ياڭيۇ، سۆك ۋە ئارپىدىن ئىبارەت. ئاخىرقى 2000 يىلدا ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولغۇدەك ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋان كۆندۈرۈلمىگەن. ئەگەر بىزنىڭ ئەقلىمىز قەدىمكى

ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ئەقلى بولسا، بىزنىڭ تائاملىرىمىز قەدىمكى دېھقانلارنىڭ تائاملىرىدۇر.

دەسلەپكى دەۋردە ئالىملار يېزا ئىگىلىكنى بىر نۇقتىدىن ـ ئوتتۇرا شەرقتىن باشلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان دەپ قارىشاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئالىملار يېزا ئىگىلىكنىڭ پەقەت ئوتتۇرا شەرقتىكى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىنقىلابىنى باشقا جايلارغا ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي مۇستەقىل ھالدا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىنسانلار گۈرۈچ بىلەن پۇرچاق تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزلىرى مۇستەقىل ئۆگەنگەن بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىنسانلارنىڭ بۇغداي ۋە نوقۇت يېتىشتۈرگەنلىكىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى؛ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىنسانلار ياڭيۇ تېرىشنى ۋە تۆگە بېقىشنى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن بولۇپ، مېكسىكا ياكى لېۋانتا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. خىتايدىكى دەسلەپكى دېھقان ئىنقىلابچىلار شال بىلەن سۆك تېرىشنى ۋە چوشقا بېقىشنى باشلىغان؛ شىمالى ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى باغۋەنلىرى پاكار دەرەخلەر ئارىسىدا يېگىلى بولىدىغان قاپاق ئىزدەشتىن زېرىكىپ، ئۆزلىرى بىۋاستە كاۋا ئۆستۈرۈشنى قارار قىلغان. يېڭى گىۋىنىيەلىكلەر شېكەر قومۇشى بىلەن بانان يېتىشتۈرۈشنى ئۆگەنگەن، غەربىي ئافرىقىدىكى دەسلەپكى دېھقانلار بولسا ئۆز ھاجەتلىرىگە ماسلىشىدىغان ئافرىقا گۈرۈچى، سۆك، قوناق ۋە بۇغداي تېرىغان. يېزا ئىگىلىك ئەنە شۇ دەسلەپكى نۇقتىلاردىن پۈتۈن دۇنياغا كەڭ تارقالغان. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىدا ئىنسانلار يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتكەن.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلاۋى نېمىشقا ئوتتۇرا شەرق، خىتاي ۋە مەركىزى ئامېرىكىدا يۈز بېرىپ، ئاۋستىرالىيە، ئالياسكا ۋە جەنۇبى ئافرىقىدا يۈز بەرمىگەن؟ سەۋەبى ئاددىي: ئۇ جايدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان تۈرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆندۈرگىلى بولمايدۇ. ئىنسانلار تەملىك يەر مەدىكىنى قېزىش ياكى يۇڭلۇك ماموتلارنى ئوۋلاشنى بىلگەن بولسىمۇ، بۇ تۈرلەرنى بويسۇندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، تەملىك يەر مەدىكىنى قانداق يېتىشتۈرۈشنى بىلگىلى بولمايتتى، ماموتلار بولسا خەتەرلىك ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئوۋلىغان، توپلىغان مىڭلىغان تۈرلەر ئىچىدە پەقەت ئازغىنە تۈرلەرلا يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىققا ماس كەلگەن. بۇ تۈرلەر پەقەت ئايرىم جايلاردا ياشايدىغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىمۇ شۇ جايلاردا يۈز بەرگەن.

ئالىملار بىر ۋاقىتلاردا يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور ئىلگىرىلەش دەپ ئاتىغان ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆز مېڭىسىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلغانلىق ھېكايىسىنى بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئىنسانلار بارغانسىرى ئەقىللىق بولۇپ، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىپ، قويلارنى كۆندۈرۈپ، بۇغداي ئۆستۈرۈشنى ئۆگەنگەن. بۇ تەرەققىيات يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ئېغىر، خەتەرلىك ۋە قوپال

ياشاش ئۇسۇلىنى تەرك ئېتىپ، مۇقىم بىر جايغا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانلارنىڭ خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇشنى باشلىغان.



2-خەرىتە: يېزا ئىگىلىك ئىنقىلاۋىنىڭ باشلانغان جايى ۋە تارىخى، بۇ سانلىق مەلۇماتلار يەنىلا تالاش-تارتىش ئۈستىدە، يەنە كېلىپ ئەڭ يېڭى ئارخىئولوگىيەلىك بايقاشلارغا ئەگىشىپ بۇ خەرىتىمۇ يېڭىلىنىپ بارماقتا.

بۇ ھېكايە فانتازىيەدۇر. زاماننىڭ ئۆتۈش بىلەن ئىنسانلارنىڭ بارغانسىرى ئاقىللىق بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل يوق. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كۆپ بۇرۇن بىلگەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىگى ئوۋ ئوۋلاش ۋە ياۋا مېۋە توپلاش ھەققىدىكى بىلىمگە تايانغان. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىمىغان، بەلكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشنى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قىيىن ۋە غورىگۈل قىلىپ قويغان. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئۆز ۋاقتىنى ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن تېخىمۇ چاغ ئۆتكۈزگەن، ئاچلىق ۋە كېسەللىك خەۋپىگە ناھايىتى ئاز دۇچ كەلگەن. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى ئىنسانىيەتنىڭ قولىدىكى ئاشلىق مىقدارىنى كۆپەيتكەن، ئەمما بۇ ئاشلىق ياخشى ئوزۇققا ئايلانمىغان ياكى ئۇلارغا ئارامبەخش ۋاقىت ئاتا قىلمىغان. ئەكسىچە، بۇ ئاشلىق نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە ئايرىم ساندىكى يۇقىرى قاتلامنىڭ راھەتلىنىشىگە تۈرتكە بولغان. ئوتتۇراھال بىر دېھقان ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىشلىگەن ۋە ناچار ئوزۇقلانغان. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق بولغان.

بۇنىڭغا كىم جاۋابكار؟ پادىشاھلارمۇ، روھانىيلارمۇ، سودىگەرلەرمۇ بۇنىڭغا جاۋابكار ئەمەس. جاۋابكارلار پەقەت بىر قانچە ئۆسۈملۈك تۈرى، بۇغداي، گۈرۈچ ۋە ياڭيۇ قاتارلىقلار. ھومو ساپىيانس بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى ئەمەس، بۇ ئۆسۈملۈكلەر ھومو ساپىيانسنى ئۆزگەرتىپ ئۆزلىرىگە ماسلاشتۇرغان. بۇغداينىڭ نۇقتىسىدىن قاراپ، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىنى بىر ئاز ئويلاپ بېقىڭ. 10 مىڭ يىل بۇرۇن، بۇغداي پەقەت ئوتتۇرا شەرقتىكى كىچىك بىر رايوندا ئۆسىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تۈرى ئىدى. كېيىن ئۇ بىر قانچە مىڭ يىل ئىچىدىلا، دۇنيا بويىچە ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈككە ئايلىنىپ قالغان. نەسىل قالدۇرۇش ۋە كۆپىيىشنى ئاساس قىلغان تەدرىجي تەرەققىيات ئۆلچىمىگە ئاساسلانغاندا، بۇغداي يەر شارى تارىخىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. 10 مىڭ يىل بۇرۇن، شىمالىي ئامېرىكانىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە بىر تۈپ بۇغداي ئۆسمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەردە نەچچە يۈز كىلومېتىر يۈرۈپمۇ، بۇغدايدىن باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە ئۇچرىماسلىقىڭىز مۇمكىن. دۇنيا بويىچە ھازىر بۇغدايلىق كۆلىمى 2 مىليون 250 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ يەر كۆلىمىدىن تەخمىنەن ئون ھەسسە چوڭ چىقىدۇ. ئادەتتىكى كىچىككىنە بىر ئۆسۈملۈك بۈگۈن قانداقلارچە ھەممە جايغا تارالغان ئۆسۈملۈككە ئايلاندى؟

بۇغداي ھومو ساپىيانستىن پايدىلىنىپ ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇ مايمۇنسىمان ئىنسان ئون مىڭ يىل بۇرۇنغىچە ئوۋچىلىق قىلىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغىپ، ناھايىتى راھەت تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى بۇغداينى تېرىشقا سەرپ قىلىشقا باشلىغان. پەقەت بىر قانچە مىڭ يىل ئىچىدە، دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدىكى كىشىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە بۇغدايغا قاراش بىلەن ئالدىراش بولغان. بۇ ئىش ئاسان بولمىغان، بۇغداي ئۇلارنىڭ ئالاھىدە پەرۋىش قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇغداي تاشلىق ۋە قۇمساڭغۇ يەرلەرنى ياقتۇرمىغاچقا، ساپىيانسلار تاشلارنى ئېلىپ تاشلاپ، يەر ئېچىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىپ، ئومۇرتقىسىنى بۇزۇپ قويغان. بۇغداي باشقا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن يەر، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تالىشىدىغان بولغاچقا، ساپىيانس ئەرلەر ۋە ئاياللار قىززىق ئاپتاپتا دۈمچىيىپ، بۇغدايلىقتىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش بىلەن ئاۋارە بولغان. بۇغدايغا كېسەل تېگەتتى، شۇڭا ساپىيانسلار زىيانداش قۇرت ۋە بۇغداينىڭ سولىشىپ قۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولغان.
بۇغداي توشقاندىن تارتىپ چېكەتكىلەرگىچە زىيانداش جانلىقلارغا قارشى ئۆزىنى قوغدىيالمىغاچقا، ساپىيانس دېھقانلار بۇغداينى داۋاملىق قوغدىغان.
بۇغداي سۇ تەلەپ قىلاتتى، شۇڭا ئىنسانلار بۇغداينى سۇغىرىش ئۈچۈن بۇلاق ۋە دەريا ـ ئۆستەڭلەردىن سۇ باشلىغان. بۇغداينى ئوغۇتلاش ئۈچۈن، ئىنسانلار ھايۋانلارنىڭ قىغ ـ گەندىلىرىنى يىغىپ، يەرگە چېچىشقا مەجبۇر بولغان.

ھومو ساپىيانسنىڭ بەدىنى بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن تەرەققىي قىلمىغانىدى. ئۇلارنىڭ بەدىنى يەردىكى تاشلارنى تازىلاش ياكى سۇ توشۇشقا ئەمەس، ئالما دەرىخىگە يامىشىش ۋە قېچىپ كەتكەن بۆكەننى قوغلاشقا ماسلىشىپ كەتكەنىدى. ساپىيانسنىڭ ئومۇرتقىسى، بوينى، تىزى ۋە تېقىملىرى دېھقانچىلىقنىڭ بەدىلىنى تۆلىدى. قەدىمكى ئىسكېلىتلارنى تەتقىق قىلىشتىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىك دەۋرىگە ئۆتۈشتىن كېيىن ئىنسانلاردا بەل تەخسىسى پولتىيىپ قېلىش، بوغۇم ياللۇغى ۋە چۇقۇق كېسىلى قاتارلىق كۆپلىگەن كېسەللەر كېلىپ چىققان.

بۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى ئىنسانلارنىڭ ۋاقتىنى شۇنچىلىك كۆپ ئالغانكى، ئۇلار بۇغدايلىقلىرى يېنىدا مۇقىم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن. دېمەك، بىز بۇغداينى بويسۇندۇرمىدۇق، بۇغداي بىزنى بويسۇندۇردى.6

بۇغداي قانداق قىلىپ ئىنسانلارنى ياخشى تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، ناچار تۇرمۇشتا ياشاشقا قايىل قىلدى؟ ئۇنىڭ مۇكاپاتى نېمە بولدى؟ ئۇ ئىنسانلارنى ياخشى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىمىدى. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىنسانلار ھەر خىل يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان مايمۇنسىمان مەخلۇقلار. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، دانلىق زىرائەتلەر ئىنسان يېمەكلىكىنىڭ كىچىك بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلاتتى. دانلىق زىرائەتلەرگە ئاساسلانغان يېمەكلىكتە مىنېرال ماددىلار ۋە ۋىتامىن كەم بولىدۇ، ئۇلارنى ھەزىم قىلىش تەس بولۇپلا قالماي، چىشىڭىز ۋە چىش مىلىڭىزگە ناھايىتى زىيانلىق.

---

6 كۆندۈرۈش، بويسۇندۇرۇش، ئۆيلەشتۈرۈش مەنىسىدىكى domesticate دېگەن سۆز لاتىنچىدىكى domes (ئۆي) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۆيدە ياشايدىغنى كىم؟ بۇغداي ئەمەس، بەلكى ساپىيانس. -ئاپتوردىن

12. يېڭى گىۋىنىيەدىكى ئىككى يېزا قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ (1960). بۇ كۆرۈنۈش يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى نەچچە مىڭ يىلدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن.

بۇغداي كىشىلەرگە ئىقتىسادىي كاپالەتمۇ بەرمىدى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن بىخەتەر دېگىلى بولمايتتى. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ھايات قېلىش ئۈچۈن نەچچە ئون تۈرلۈك ئوزۇقلۇققا تايىناتتى، شۇڭا ئوزۇق ـ تۈلۈك ساقلىۋالمىسىمۇ قىيىن يىللارنى باشتىن كەچۈرەلەيتتى؛ ئەگەر بىر تۈرنىڭ مىقدارى ئازايسا، باشقا تۈرلەرنى كۆپرەك ئوۋلايتتى. يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە، يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرى كالورىيە ئېھتىياجىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاز ساندا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئۆسۈملۈكلەردىن قامداپ كەلدى. نۇرغۇن رايونلاردا، ئۇلار پەقەت بۇغداي، ياڭيۇ ياكى گۈرۈچتەك بىرلا ئاساسلىق زىرائەتكە تايىناتتى. ئەگەر يامغۇر ياغمىسا، چېكەتكە توپى كەلسە ياكى بىرەر زەھەرلىك زەمبۇرۇغ بۇ ئاساسلىق زىرائەتنى بۇلغىۋەتسە، مىڭلىغان ـ مىليونلىغان دېھقانلار ئۆلەتتى.

بۇغداي ئىنسانلارنى زوراۋانلىقتىن قوغدىيالمىدى. دەسلەپكى دېھقانلار ئوۋچى ئەجدادلىرىدەك يامان، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ زوراۋان ئىدى. دېھقانلار تېخىمۇ كۆپ مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش تېرىقچىلىق قىلىشقا، تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يەرگە موھتاج ئىدى. بىر يايلاقنىڭ بۇلاقچى قوشنىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىشى توقچىلىق بىلەن ئاچارچىلىق

ئارىسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇنىڭدا مۇرەسسە قىلىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. كۈچلۈك رەقىب تەھدىت سالغاندا، ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئادەتتە كۆچۈپ كېتەلەيتتى. بۇ تەس ۋە خەتەرلىك بولسىمۇ، مۇمكىن ئىدى. كۈچلۈك دۈشمەن بىر يېزىغا تەھدىت سالغاندا، ئۇ يەردىن چېكىنىش ئېتىزلار، ئۆيلەر ۋە ئامبارلاردىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ هال قاچقۇنلارنى كۆپ ئەھۋاللاردا ئاچارچىلىققا مەھكۇم قىلاتتى. شۇڭا دېھقانلار ئۆز يېرىدە مەھكەم تۇرۇپ، ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشقا مايىل ئىدى.

نۇرغۇن ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، يېزا قەبىلىسىدىن چوڭ سىياسىي قۇرۇلما بولمىغان ئاددىي يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرىدە، ئىنسانىي زوراۋانلىق پۈتۈن ئۆلۈملەرنىڭ 15 پىرسەنتىنى، ئەرلەر ئۆلۈمىنىڭ 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. هازىرقى يېڭى گۋىنېيەدىكى دانى قەبىلىسىدە زوراۋانلىق ئەرلەر ئۆلۈمىنىڭ 30 پىرسەنتىنى، ئېنگا قەبىلىسىدە 35 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئېكۋادوردا، ۋائورانى قەبىلىسىدىكى چوڭلارنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتى باشقا ئىنسانلارنىڭ قولىدا زوراۋانلىق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن!

شەھەر، پادىشاھلىق ۋە دۆلەتلەردەك چوڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئىنسانىي زوراۋانلىق كونترول قىلىندى. ئەمما بۇنداق چوڭ ۋە ئۈنۈملۈك سىياسىي قۇرۇلمىلارنى قۇرۇشقا نەچچە مىڭ يىل كەتتى.

يېزا تۇرمۇشى شۈبھىسىزكى دەسلەپكى دېھقانلارغا يىرتقۇچ هايۋانلار، يامغۇر ۋە سوغۇقتىن قوغدىنىشتەك بەزى نەق پايدىلارنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما ئوتتۇرا هال كىشىلەر ئۈچۈن، زىيىنى پايدىسىدىن كۆپ بولدى. بۈگۈنكى باياشات جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بۇنى چۈشىنىشى تەس. بىز باياشاتلىق ۋە بىخەتەرلىكتىن بەھرىمەن بولغاچقا، شۇنداقلا بىزنىڭ باياشاتلىقىمىز ۋە بىخەتەرلىكىمىز يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى سالغان ئاساسقا قۇرۇلغاچقا، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىنى ئاجايىپ ئىلگىرىلەش دەپ پەرەز قىلىمىز. ئەمما مىڭلىغان يىللىق تارىخنى بۈگۈنكى نۇقتىدىن باھالاش خاتا. كۆپرەك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر نۇقتا شۇكى، مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى خىتايدا ئۈچ ياشلىق بىر قىز دادىسىنىڭ زىرائەتلىرى هوسۇل بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاچ قېلىپ ئۆلگەن بولسا، ئۇ «مەن ئوزۇقلانماسلىقتىن ئۆلۈۋاتىمەن» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ «2000 يىلدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ يەيدىغان نەرسىلىرى كۆپ بولىدۇ، هاۋا تەڭشىگۈچلۈك چوڭ ئۆيلەردە ياشايدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىشىم ھەقلىق» دەمدۇ؟

ئۇنداقتا بۇغداي دېھقانلارغا، جۈملىدىن ئاچلىقتىن قىينالغان شۇ خىتاي قىزغا نېمە بەردى؟ ئۇ ھېچكىمگە بىر نەرسە بەرمىدى. ئەمما ئۇ هومو ساپىيانس تۈرىگە بىر نەرسە تەقدىم قىلدى. بۇغداي تېرىش ھەر بىر مو يەردە تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا، شۇ ئارقىلىق هومو ساپىيانسنىڭ تېز كۆپىيىشىگە ئىمكان ياراتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 13000 ـ يىلى، كىشىلەر ياۋا مېۋىلەرنى توپلاپ، ياۋايى هايۋانلارنى ئوۋلاپ ئۆزىنى بېقىۋاتقاندا،

پەلەستىندىكى يېرىخو بوستانلىقى ئەڭ كۆپ بولغاندا ساغلام ۋە ياخشى ئوزۇقلانغان 100 كىشىلىك كۆچمەن گۇرۇپپىنى باقالايتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 8500 ـ يىلى، بۇغداي ئېتىزلىرى ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورنىنى ئالغاندا، ئۇ بوستانلىق كېسەللىك ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئازابىنى تارتقان 1000 كىشىلىك چوڭ، ئەمما قىستاڭ يېزىنى باقالايدىغان بولغان.

تەرەققىياتنىڭ ئۆلچىمى ئاچلىق ياكى ئاغرىق ئەمەس، بەلكى DNA زەنجىرىنىڭ كۆپەيگەن نۇسخىلىرىدۇر. بىر شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتى خىزمەتچىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى بانكا ھېسابىدىكى دوللار سانى بىلەن ئۆلچەنگەندەك، بىر تۈرنىڭ تەكامۇللۇق مۇۋەپپەقىيىتمۇ ئۇنىڭ DNA نۇسخىلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر DNA نۇسخىسى قالمىسا، پۇلسىز قالغان شىركەت ۋەيران بولغاندەك، بۇ تۈرمۇ يوقىلىدۇ. ئەگەر بىر تۈر كۆپ DNA نۇسخىسىغا ئىگە بولسا، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، 1000 نۇسخا ھەمىشە 100 نۇسخىدىن ياخشى. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى شۇنچە ناچار شارائىتتا تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتىدۇر.

ئەمما ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن تەدرىجىي تەرەققىياتنى ھېسابلاشقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن ساغلام ئەقىللىق بىر ئادەم ھومو ساپىيانس گېنىنىڭ نۇسخا سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىدۇ؟ ھېچكىم بۇ كېلىشىمگە قوشۇلمىغان، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى ئەمەلىيەتتە بىر تۇزاق ئىدى.

باياشاتلىق تۇزىقى

يېزا ئىگىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان يىللارغا سوزۇلغان تەدرىجىي جەريان ئىدى. موگو ۋە ياڭاق يىغىپ، بۆكەن ۋە توشقان ئوۋلايدىغان ھومو ساپىيانس گۇرۇپپىسى تۇيۇقسىزلا يېزا ـ قىشلاقلارغا مەڭگۈلۈك ئورۇنلىشىپ، يەر ھەيدەپ، بۇغداي تېرىپ، دەريادىن سۇ باشلاپ ياشاپ كەتمىگەن. بۇ ئۆزگىرىش باسقۇچلار بويىچە، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق يۈز بەرگەن.

ھومو ساپىيانس تەخمىنەن 70 مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا شەرققە يېتىپ كەلگەن. كېيىنكى 50 مىڭ يىل جەريانىدا، ئەجدادلىرىمىز يېزا ئىگىلىكسىز گۈللەپ ياشىغان. رايوننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ئىنسان نوپۇسىنى بېقىشقا يېتەرلىك ئىدى. مولچىلىق ۋاقىتلاردا ئىنسانلار كۆپرەك باللىق بولسا، قىيىن ۋاقىتلاردا ئازراق بالا تاپقان. ئىنسانلاردا، نۇرغۇن سۈت ئەمگۈچىلەردىكىگە ئوخشاش، كۆپىيىشنى كونترول قىلىدىغان ھورمونلۇق ۋە گېنېتىكىلىق مېخانىزملار بار. ياخشى ۋاقىتلاردا قىزلار بالاغەتكە بالدۇر يېتىدۇ ۋە ھامىلدار بولۇش

ئېھتىماللىقى سەل يۇقىرى بولىدۇ. يامان ۋاقىتلاردا بالاغەتكە يېتىش كېچىكىدۇ ۋە تۇغۇت نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ.

بۇ تەبىئىي نوپۇس كونتروللىرىغا مەدەنىيەت مېخانىزملىرىمۇ قوشۇلغان. ئاستا ماڭىدىغان ۋە كۆپ دىققەت تەلەپ قىلىدىغان بوۋاقلار بىلەن كىچىك بالىلار كۆچمەن ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرگە يۈك ئىدى. كىشىلەر بالىلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئۈچ ـ تۆت يىل قىلىشقا تىرىشقان. ئاياللار بۇنى بالىلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز ۋە ئۇزۇن مەزگىل ئېمىتىش ئارقىلىق قىلغان (توختىماي ئېمىتىش ھامىلدار بولۇش ئېھتىماللىقىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىدۇ). باشقا ئۇسۇللار تولۇق ياكى قىسمەن جىنسىي پەرھىز (بەلكىم مەدەنىيەت پەرھىزلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن)، بالا چۈشۈرۈش ۋە بەزىدە بوۋاقنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ ئۇزۇن مىڭ يىللار جەريانىدا كىشىلەر بەزىدە بۇغداي دانلىرىنى يېگەن، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئىدى. تەخمىنەن 18 مىڭ يىل بۇرۇن، ئاخىرقى مۇز دەۋرىدە كىلىمات ئىسسىشقا باشلىدى. تېمپېراتۇرا كۆتۈرۈلگەنسېرى، يامغۇرمۇ كۆپەيدى. يېڭى ئىقلىم ئوتتۇرا شەرقتىكى بۇغداي ۋە باشقا دانلىق زىرائەتلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. بۇغدايلارنىڭ كۆپىيىپ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ بۇغداي يېيىشكە باشلىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇغداي تېرىشنى داۋاملىق كېڭەيتتى. ياۋا دانلارنى سورۇش، تارتىش ۋە ئۇنلىرىنى پىشۇرماي يېيىش مۇمكىن بولمىغاچقا، بۇ دانلارنى يىغقان ئىنسانلار ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق چېدىرگاھلىرىغا ئېلىپ باردى. بۇغداي دانلىرى كىچىك ۋە كۆپ بولغاچقا، بەزىلىرى چېدىرگاھقا بارىدىغان يولدا چۈشۈپ قېلىپ يوقالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كىشىلەر دائىم ماڭىدىغان يوللار بويىدا ۋە چېدىرگاھلار ئەتراپىدا تېخىمۇ كۆپ بۇغداي ئۆسۈشكە باشلىدى.

ئىنسانلار ئورمانلىقلار ۋە چاتقاللارنى كۆيدۈرگەندە، بۇمۇ بۇغدايغا پايدىلىق بولدى. ئوت دەرەخ ۋە چاتقاللارنى تازىلاپ، بۇغداي ۋە باشقا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قۇياش نۇرى، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى مونوپول قىلىشىغا يول قويدى. بۇغداي ئالاھىدە مول ئۆسكەن، ئوۋ ھەم باشقا يېمەكلىك مەنبەلىرى مول بولغان جايلاردا، ئىنسان گۇرۇپپىلىرى ئاستا ـ ئاستا كۆچمەن تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، پەسىللىك، ھەتتا دائىمىي چېدىرگاھلاردا تۇرۇشقا باشلىدى.

دەسلەپتە ئۇلار ھوسۇل مەزگىلىدە تۆت ھەپتە چېدىر تىكىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىر ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن، بۇغداي كۆپلەپ تارقالغاچقا، ھوسۇل چېدىرگاھى بەش ھەپتىگە، ئاندىن ئالتە ھەپتىگە سوزۇلۇپ، ئاخىرى دائىم تۇرىدىغان يېزىغا ئايلانغان. بۇنداق ئولتۇراق جايلارنىڭ ئىزلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقتە، بولۇپمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 12،500 ـ يىللاردىن 9500 ـ يىللارغىچە ناتۇفىيە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن لېۋانت (بۈگۈنكى لىۋان) رايونىدا بايقالغان. ناتۇفىيەلىكلەر ئونلىغان ياۋايى تۈرلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئىدى، ئەمما ئۇلار دائىمىي يېزىلاردا ياشاپ، كۆپ ۋاقتىنى ياۋا زىرائەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە يىغىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلغان. ئۇلار تاش ئۆيلەر ۋە ئامبارلار سېلىپ، ئېھتىياجى

ئۈچۈن ئاشلىق ساقلىغان. ئۇلار ياۋا بۇغداينى ئورۇش ئۈچۈن تاش ئورغاق، ئۇنى تارتىش ئۈچۈن تاش سوقا ۋە هاۋانچىلارغا ئوخشاش يېڭى قوراللارنى ئىجاد قىلغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 9500 ـ يىلدىن كېيىنكى يىللاردا، ناتۇفىيەلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئاشلىق زىرائەتلەرنى يىغىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، شۇنداقلا ئۇلارنى بارغانسېرى مۇرەككەپ ئۇسۇللار بىلەن ئاشلىق ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. هوسۇل يىغقاندا، ئۇلار كېلەر مەۋسۇمدە تېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ قويۇشقا دىققەت قىلدى. ئۇلار دانلارنى يەرگە چېچىشنىڭ ئورنىغا يەرگە كۆمۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەتمەن چېپىشقا ۋە يەر هەيدەشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇلار ئېتىزلارنى ئوتاش، مايسىلارنى پارازىتلاردىن قوغداش، سۇغۇرۇش ۋە ئوغۇتلاشنىمۇ باشلىدى. دانلىق زىرائەت ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنغانسېرى، ياۋا مېۋىلەرنى توپلاش ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا ۋاقتى بولمىدى، شۇنداق قىلىپ ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئاخىر دېھقانلارغا ئايلاندى.

ياۋا بۇغداي يىغىدىغان ئايال بىلەن ئۆي بۇغدىيى تېرىيدىغان ئايالنى ئايرىيدىغان ئېنىق بىر باسقۇچ بولمىغاچقا، يېزا ئىگىلىك دەۋرىگە ئۆتۈشنىڭ هەل قىلغۇچ نۇقتىسىنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكىنى دېيىش تەس. ئەمما مىلادىدىن بۇرۇنقى 8500 ـ يىلغا كەلگەندە، ئوتتۇرا شەرق رايونى يېرىخو بوستانلىقىدىكى دائىم تۇرۇشلۇق يېزىلارغا ئوخشايدىغان يېزىلار بىلەن تولغانىدى. بۇ يېزىلارنىڭ ئاهالىلىرى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆندۈرۈلگەن بىر قانچە ئۆي هايۋىنىنى بېقىشقا سەرپ قىلاتتى.

دائىم تۇرۇشلۇق يېزىلارغا كۆچۈش ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، نوپۇسمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆچمەن تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىش ئاياللارنىڭ هەر يىلى بىر بالا تۇغۇشىغا ئىمكان ياراتتى. بوۋاقلار بالدۇر ئەمچەكتىن ئايرىلدى، ئۇلارنى بۇلماق ۋە سۇيۇق ئاش بىلەن بېقىشقا بولاتتى. ئېتىزلاردا قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. ئارتۇق نوپۇس ئېشىنچا ئاشلىقنى تېزلا تۈگەتكەچكە، تېخىمۇ كۆپ يەر تېرىش كېرەك بولدى. كىشىلەر كېسەللىك كۆپ تارقىلىدىغان يېزىلاردا ياشاشقا باشلىغاندا، بالىلار بۇلماق ناننى كۆپ يەپ، ئانا سۈتىنى ئاز ئىچكەندە، هەر بىر بالا تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرى بىلەن بۇلماق ئۈچۈن رىقابەتلەشكەندە، بالىلاردىكى ئۆلۈم نىسبىتى ئۆرلىدى. كۆپىنچە يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرىدە، هەر ئۈچ بالىنىڭ ئاز دېگەندە بىرى يىگىرمە ياشقا يەتمەي تۇرۇپلا ئۆلەتتى. شۇنداقتىمۇ تۇغۇلۇش نىسبىتى ئۆلۈش نىسبىتىدىن يەنىلا ئېشىپ كەتتى؛ ئىنسانلار تېخىمۇ كۆپ بالا تۇغۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، «بۇغداي سودىسى» بارغانسېرى كۆپەيدى. بالىلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۆلدى، چوڭلار ماڭلاي تەرى تۆكۈپ نان يېدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 8500 ـ يىلدىكى يېرىخو بوستانلىقىدا ئوتتۇراهال ياشىغان ئىنسانلار، مىلادىدىن بۇرۇنقى 9500 ـ يىل ياكى 13000 ـ يىلدىكى يېرىخودا ئوتتۇراهال ياشىغان ئىنسانلارغا قارىغاندا قىيىنراق تۇرمۇش

كەچۈردى. ئەمما ھېچكىم نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ھەر بىر ئەۋلاد ئالدىنقى ئەۋلادتەك ياشاشنى داۋاملاشتۇردى، پەقەت ئىش قىلىش ئۇسۇللىرىدا ئازراق ئىسلاھاتلارنى قىلدى. ئەمما تۇرمۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئەكسىچە دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى يۈك بولۇپ قالدى.

نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار بۇنداق مۇھىم مەسىلىدە چوتنى خاتا سوقتى؟ بۇنىڭ سەۋەبى تارىختىكى ئىنسانلارنىڭ خاتا ھېساب ـ كىتاب قىلىشىدىكى سەۋەب بىلەن ئوخشاش. كىشىلەر ئۆز قارارلىرىنىڭ تولۇق ئاقىۋىتىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇلار ئىش ئۈستىگە ئىش قوشۇشنى قارار قىلغاندا، مەسىلەن، ئۇرۇقلارنى يەرگە چېچىشنىڭ ئورنىغا يەرنى يۇمشىتىپ ئۇرۇق كۆمگەندە «شۇنداق، بىز يەرگە قاتتىق ئىشلىسەك، ھوسۇل شۇنچە مول بولىدۇ! قەھەتچىلىك بولۇشتىن ئەنسىرىمەيمىز. باللىرىمىز ھەرگىز ئاچ قورساق ئۇخلىمايدۇ» دەپ ئويلىدى. بۇ مەنتىقىلىق ئىدى. قاتتىق ئىشلىسىڭىز، ياخشىراق تۇرمۇشقا ئېرىشىسىز. پىلان مانا مۇشۇنداق ئىدى.

پىلاننىڭ بىرىنچى قىسمى راۋان ماڭدى. كىشىلەر ھەقىقەتەن تېخىمۇ قاتتىق ئىشلىدى. ئەمما ئۇلار بالىلار سانىنىڭ كۆپىيىدىغانلىقىنى، ئېشىنچا بۇغدايىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بالىلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلمىدى. دەسلەپكى دېھقانلار بالىلارغا بۇلماقنى كۆپ، ئانا سۈتىنى ئاز بېرىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى، دائىم تۇرۇشلۇق يېزىلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئۇۋىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۇلار يەنە بىر خىل ئوزۇق مەنبەسىگە بولغان تايىنىشنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى قۇرغاقچىلىقنىڭ ۋەيران قىلىشىغا تېخىمۇ دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلمىدى. دېھقانلار يەنە مول ـ ھوسۇللۇق يىللاردا لىق تولغان ئامبارلىرىنىڭ ئوغرىلار ۋە دۈشمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن سېپىل سېلىشقا ۋە قاراۋۇللۇق قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلمىدى.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار پىلانلىرى ئاقمىغاندا يېزا ئىگىلىكتىن ۋاز كەچمىدى؟ بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبلىرىدىن بىرى، كىچىك ئۆزگىرىشلەر توپلىنىپ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد ۋاقىت كەتتى ۋە شۇ چاغدا ھېچكىم ئىلگىرى باشقىچە ياشىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. يەنە بىر سەۋەب بولسا، نوپۇس كۆپىيىپ ئىنسانلار ئەسلىدىكى ياشاش يولىغا قايتالمايدىغان بولۇپ قالدى. يەر ھەيدەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىر يېزىنىڭ نوپۇسىنى يۈزدىن ئىككى يۈزگە كۆپەيتكەن تەقدىردە، ئون كىشى چىقىپ «باشقىلار ئۆتمۈشتىكى باي دەۋرىگە قايتسۇن» دەپ ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازى بولارمىدى؟ قايتىش يولى يوق ئىدى. ھەممىسى تۇزاققا چۈشۈپ بولغانىدى.

راھەت تۇرمۇشقا ئىنتىلىش نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇ بۈگۈنمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. قانچە ستۇدېنت ئوقۇش پۈتتۈرگەندە يۇقىرى مائاشلىق شىركەتلەردە جاپالىق خىزمەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، قاتتىق ئىشلەپ پۇل تېپىپ، 35 ياشقا كىرگەندە پېنسىيەگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي قىزىقىشلىرىنى قوغلىشىش ئۈچۈن قەسەم قىلىدۇ؟ ئەمما شۇ ياشقا

يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۆي قەرزلىرى، مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلىرى بولىدۇ، ئەگەر ئۆيى شەھەر ئەتراپىدا بولسا ئۇنىڭغا ئاز دېگەندە ئىككى ماشىنا كېرەك بولىدۇ، ئەگەر ئىچىدىغان ياخشى ئۈزۈم ھارىقى بولمىسا، پۇل خەجلەپ چەتئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلالمىسا تۇرمۇشنىڭ قىممىتى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئاندىن ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ، ئەجدادلىرىنىڭ يولىغا قايتامدۇ؟ ياق، ئۇلار تىرىشچانلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ قۇللۇقتا ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

تارىخنىڭ پولاتتەك قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، قىممەتلىك بۇيۇملار كۆپ ھاللاردا زۆرۈر نەرسىلەرگە ئايلىنىدۇ ۋە ئۇ يېڭى مەجبۇرىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەر بىرەر ھەشەمەتكە كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى نورمال دەپ قارايدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا تايىنىشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئۆز زامانىمىزدىن يەنە بىر تونۇش مىسالنى ئالايلى. ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىلدا، بىز تۇرمۇشنى تېخىمۇ راھەت قىلىمىز دەپ، ۋاقىت تېجەيدىغان كىرئالغۇ، چاڭ سۈمۈرگۈچ، قاچا ـ قۇچا يۇيۇش ماشىنىسى، تېلېفون، يانفون، كومپيۇتېر قاتارلىق نۇرغۇن ئۈسكۈنىلەرنى ئىجاد قىلدۇق. ئىلگىرى بىر پارچە خەت يېزىش، كونۋېرتقا سېلىش، ماركا چاپلاش ۋە پوچتىخانىغا ئاپىرىش خېلى كۆپ ۋاقىت ئالاتتى. جاۋاب كېلىشكە كۈنلەر، ھەپتىلەر، بەلكىم ئايلار كېتەتتى. ھازىر مەن بىر ئېلخەت يېزىپ، ئۇنى يەر شارىنىڭ ئۇ چېتىگە ئەۋەتەلەيمەن ۋە (ئەگەر قوبۇل قىلغۇچى تورغا ئۇلانغان بولسا) بىر مىنۇتتىن كېيىن جاۋاب ئالالايمەن. مەن شۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىك ۋە ۋاقىتنى تېجىدىم، ئەمما مەن تېخىمۇ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتامدىمەن؟

ئەپسۇسكى، ياق. پوچتا خېتى دەۋرىدە، كىشىلەر ئادەتتە پەقەت دەيدىغان مۇھىم گەپلىرى بولغاندىلا خەت يازاتتى. كاللىسىغا كەلگەن بىرىنچى نەرسىنى يېزىشنىڭ ئورنىغا، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ۋە قانداق ئىپادىلەشنى ئەستايىدىل ئويلايتتى. ئۇلار ئوخشاشلا ئويلىنىپ يېزىلغان جاۋاب كۈتەتتى. كۆپىنچە كىشىلەر ئايدا بىر نەچچە پارچىدىن ئارتۇق خەت يازمايتتى ھەم جاۋاب ئالمايتتى. شۇنداقلا دەرھال جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولمايتتى. بۈگۈن مەن ھەر كۈنى ئونلىغان ئېلخەت ئالىمەن، ھەممىسى تېز جاۋاب كۈتىدۇ. بىز ۋاقىت تېجەۋاتىمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق؛ ئەمما ئەكسىچە تۇرمۇشنىڭ ئايلانما يولىنى ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە تېزلىتىپ، كۈنلىرىمىزنى تېخىمۇ بىئارام ۋە جىددىي قىلىۋەتتۇق.

نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن بەزى ئىنسان گۇرۇپپىلىرى يېزا ئىگىلىكىنى رەت قىلىپ، باياشاتلىق تۇزىقىدىن قۇتۇلغاندەك، بۈگۈنمۇ ئېلخەت ھېسابى ئېچىشنى رەت قىلىدىغان يېڭىلىق دۈشمەنلىرى ھەممە جايدا مەۋجۇت. ئەمما يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى ئۈچۈن مەلۇم رايوندىكى گۇرۇپپىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بىر گۇرۇپپا قاتناشسىمۇ بولاتتى. مەيلى ئوتتۇرا شەرق ياكى ئوتتۇرا ئامېرىكىدا بولسۇن، بىر گۇرۇپپا ئولتۇراقلىشىپ يەر ھەيدەشكە باشلىغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك قارشى تۇرغۇسىز ئىگىلىككە ئايلاندى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشىگە شارائىت ھازىرلىغاچقا، دېھقانلار ئادەتتە سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنى يېڭەلەيتتى. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر يا قېچىپ،

ئوۋچىلىق رايونلىرىنى ئېتىز ۋە يايلاقلارغا تاشلاپ بېرىشى، ياكى ئۆزلىرى ساپانىنىڭ سېپىنى تۇتۇشى كېرەك ئىدى. قايسى يولنى تاللىسۇن، كونا تۇرمۇش مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم ئىدى.

باياشاتلىق تۇزىقى ھېكايىسى بىزگە مۇھىم بىر ساۋاق بېرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ راھەت تۇرمۇشقا ئىنتىلىشى غايەت زور ئىسلاھات كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھېچكىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن ياكى خالىمىغان شەكىلدە دۇنيانى ئۆزگەرتتى. ھېچكىم يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىنى پىلانلىمىغان ياكى ئىنسانلارنىڭ ئاشلىققا تايىنىشىنى قوغلاشمىغان. ئۇ ئاساسەن بىر نەچچە ئادەمنىڭ قارنىنى تويغۇزۇش ۋە بىر ئاز بولسىمۇ بىخەتەرلىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىچىك قارارلاردىن كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى يىغىلىپ كېلىپ، ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنى پىژغىرىن ئىسسىقتا سۇ توشۇشقا مەجبۇرلاشتەك ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلغان.

ئىلاھىي مۇداخىلە

يۇقىرىقى ئەھۋال يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىنى بىر خاتالىشىش دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تامامەن مۇمكىن. تارىخ تېخىمۇ ئەخمىقانە خاتالىقلار بىلەن تولغان. ئەمما يەنە بىر ئېھتىماللىق بار. بەلكىم بۇ ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كەلگىنى راھەت تۇرمۇشنى قوغلىشىش ئەمەس. ساپىيانسنىڭ بەلكىم باشقا ئارزۇلىرى بار ئىدى ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تۇرمۇشنى قىيىنلاشتۇرۇشنى خالىغان.

ئالىملار ئادەتتە تارىخىي تەرەققىياتلارنى ئىقتىساد ۋە نوپۇس ئامىللىرىغا باغلاشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىيەتچى ۋە ماتېماتىكىلىق مېتودلىرىغا ماس كېلىدۇ. زامانىۋى تارىخ مەسىلىسىدە، ئالىملار ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەتتەك مەنىۋى ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ. يېزىقلىق دەلىللەر ئۇلارنى شۇنىڭغا مەجبۇرلايدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئوزۇق ـ تۈلۈك كەملىكى ياكى نوپۇس كۆپىيىش بېسىملىرىدىن كېلىپ چىقمىغان، بۇنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك ھۆججەت، خەت ـ چەك ۋە ئەسلىمىلەر بار. ئەمما بىزدە ناتۇفىيە مەدەنىيىتىگە ئائىت ھېچقانداق ھۆججەت يوق، شۇڭا قەدىمكى دەۋرلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا،

ماتېرىيالىزم ئۈستۈنلۈككە ئىگە. يېزىقسىز خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي زۆرۈرىيەتتىن ئەمەس، ئېتىقادتىن ئىلھاملانغانلىقىنى ئىسپاتلاش قىيىن.

13. گۆبەكلى تېپەدىكى خاتىرە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزلىرى،
ئوڭ تەرەپتىكىسى نەقىشلىرى كۆركەم تاش تۈۋرۈك.

شۇنداقتىمۇ، بەزى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋاللاردا، تەلىيىمىزگە يارىشا يېتەرلىك يىپ ئۇچلىرىنى تېپىۋالىمىز. 1995 ـ يىلى ئارخېئولوگلار تۈركىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى گۆبەكلى تېپە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورۇننى قېزىشقا باشلىدى. ئەڭ قەدىمكى قاتلامدا ئۇلار يېزا، ئۆي ياكى كۈندۈلۈك پائالىيەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئىزىنى تاپالمىدى. ئەمما ئۇلار ھەيۋەتلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن غايەت چوڭ تۈۋرۈك قۇرۇلمىلىرىنى تاپتى. ھەر بىر تاش تۈۋرۈك يەتتە توننىغىچە ئېغىرلىقتا بولۇپ، بەش مېتىر ئېگىزلىككە يېتەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تاش كانىدا ئۇلار يېرىم ئويۇلغان، ئەللىك توننا ئېغىرلىقتىكى بىر تۈۋرۈكنى تاپتى. ئۇلار يەنە

جەمئىي 10 غا يېقىن خاتىرە تېشى بايقىغان بولۇپ، ئەڭ چوڭى ئوتتۇز مېتىرغا يېقىن كەڭلىكتە ئىدى.

ئارخېئولوگلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بۇنداق خاتىرە تاش قۇرۇلۇشلىرى بىلەن تونۇش، ئەڭ تونۇلغىنى ئەنگلىيەدىكى گىگانت تاش قۇرۇلمىسى. ئەمما ئۇلار گۆبەكلى تېپەنى تەتقىق قىلغاندا، ھەيران قالارلىق بىر پاكىتنى بايقىدى. گىگانت تاش قۇرۇلمىسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2500 ـ يىلغا تەۋە بولۇپ، تەرەققىي قىلغان يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. گۆبەكلى تېپەدىكى خاتىرە تاش مىلادىدىن بۇرۇنقى 9500 ـ يىلغا تەۋە بولۇپ، بارلىق دەلىللەر ئۇلارنىڭ ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر تەرىپىدىن ياسالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئارخېئولوگىيە ساھەسى دەسلەپتە بۇ بايقاشلارغا ئىشىنىشتە قىينالدى، ئەمما بىر قاتار سىناقلار بۇ خاتىرە تاش ۋە ئۇنى ياسىغۇچىلار تارىخنىڭ يېزا ئىگىلىكتىن بۇرۇنقى جەمئىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى كىشىلەر بۇرۇن ئويلىغاندىنمۇ كۆپ ئاجايىپ بولۇپ چىقتى.

نېمە ئۈچۈن ئوۋچى ـ غەنىمەتچى جەمئىيەت بۇنداق قۇرۇلۇشنى قىلىدۇ؟ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ جانغا ئەسقاتىدىغان يېرى يوق ئىدى. ئۇلار ماموت سويىدىغان ئۆي ياكى

يامغۇردىن دالدىلىنىدىغان، شىرلاردىن يوشۇرۇنىدىغان جاي ئەمەس ئىدى. ئۇ بىزنى ئارخېئولوگلار چۈشىنىشتە قىينىلىدىغان سىرلىق مەدەنىي مەقسەت ئۈچۈن قۇرۇلغان دېگەن پىكىرگە ئېلىپ بارىدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئۇنى زور مىقداردا كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان. گۆبەكلى تېپەنى ھەر خىل گۇرۇپپا ۋە قەبىلىلەرگە تەۋە مىڭلىغان ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئۇزۇن مەزگىل ھەمكارلاشقاندىلا قۇرۇپ چىقالايتتى. پەقەت مۇرەككەپ دىنىي ياكى ئىدېئولوگىيەلىك سىستېمىلا بۇنداق تىرىشچانلارغا مەدەت بېرەلەيتتى.

گۆبەكلى تېپە يەنە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر سىرنى ساقلاپ كەلگەن. كۆپ يىللاردىن بېرى، گېنشۇناسلار بۇغداينىڭ قانداق سورتلاشتۇرۇلغانلىق مەنبەسىنى ئىزدەۋاتاتتى. يېقىنقى بايقاشلار ئەڭ ئاز دېگەندە بىر سورتلۇق بۇغداي تۈرى، يەنى ئېينكورن بۇغدىيىنىڭ قاراجاداغ تاغلىرى ـ گۆبەكلى تېپەدىن ئوتتۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسەتتى.

بۇنىڭ تاسادىپىيلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گۆبەكلى تېپە مەدەنىيەت مەركىزى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپتە بۇغداينى بويسۇندۇرۇشى ۋە بۇغداينىڭ ئىنسانىيەتنى بويسۇندۇرۇشى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. خاتىرە قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلغان ۋە ئىشلەتكەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئوزۇق ـ تۈلۈك كېرەك بولغان. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ياۋا بۇغداي يىغىشتىن بۇغداي تېرىشقا ئۆتۈشى، نورمال ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشىنى قوللاش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. ئەنئەنىۋى تەسەۋۋۇردا، تەۋەككۈلچىلەر ئاۋۋال يېزا قۇرغان، يېزا گۈللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىبادەتخانا قۇرغان. ئەمما گۆبەكلى تېپە ئىبادەتخانىنىڭ ئاۋۋال قۇرۇلغانلىقىنى، كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا يېزىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىنقىلابنىڭ قۇربانلىرى

ئىنسانلار بىلەن دانلىق زىرائەتلەر ئارىسىدىكى فائۇستىيان سودا كېلىشىمى بىزنىڭ تۈرىمىز تۈزگەن بىردىنبىر كېلىشىم ئەمەس ئىدى. يەنە بىر كېلىشىم قوي، ئۆچكە، چوشقا ۋە توخۇلارغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە تۈزۈلدى. ياۋا قويلارنى ئوۋلايدىغان كۆچمەن گۇرۇپپىلار ئاستا ـ ئاستا ئوۋ پادىلىرىنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتتى. بۇ جەريان ئېھتىمال تاللاپ ئوۋلاش بىلەن باشلانغان. ئىنسانلار پەقەت چوڭ قوچقارلار ۋە قېرى ياكى كېسەل قويلارنى ئوۋلاشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئۆگەندى. يەرلىك پادىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاينىشنى ساقلاش ئۈچۈن تۆللەش قابىلىيىتى بار چىشى قويلار ۋە قوزىلارنى ئايىدى
.ئىككىنچى قەدەمدە ئۇلار پادىنى يىرتقۇچلاردىن ئاكتىپ قوغدىغان، شىر، بۆرە ۋە ئۇلارغا

دۇشمەنلىك قىلغۇچى ئىنسانلارنى قوغلىغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى قەدەمدە ئۇلار پادىنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن، ئۇلارنى تار جىلغىغا قامىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاخىرىدا، ئۇلار قويلارنى ئۆز ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ دىققەت بىلەن تاللاشقا باشلىدى. ئەڭ يامان قوچقارلار، يەنى ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ئاۋۋال سويۇلدى. ئەڭ ئورۇق ۋە ئەڭ قاچقاق چىشى قويلارمۇ شۇنداق بولدى. (پادىچىلار پادىدىن يىراقلاپ كېتىدىغان قاچاق قويلارنى ياقتۇرمايدۇ.) شۇنداق قىلىپ قويلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تېخىمۇ سېمىز، رايىش ۋە ئاز قاچىدىغان بولۇپ كەتتى. مانا! مەريەم كىچىك قوزىغا ئىگە بولدى ۋە مەريەم نەگە بارسا قوزا شۇ يەرگە ئەگىشىدىغان بولدى.

ياكى ئوۋچىلار قوزىنى تۇتۇپ «بېقىۋالغان»، مول پەسىلدە ئۇنى سەمرىتىپ، قەھەتچىلىك پەسىلدە سويغان بولۇشى مۇمكىن. مەلۇم مەزگىلدە ئۇلار كۆپرەك قوزا بېقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يوغىناپ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەڭ يامان، باشباشتاق قوزىلار بىرىنچى بولۇپ سويۇلدى. ئەڭ مۇلايىم، جەلپ قىلارلىق قوزىلار ئۇزۇنراق ياشاپ كۆپىيىشكە قويۇپ بېرىلدى. نەتىجىدە ئۆي ھايۋىنى بولغان، بويسۇنۇشچان قوي پادىسى شەكىللەندى.

كۆندۈرۈلگەن ئۆي ھايۋانلىرىدىن قوي، توخۇ، ئېشەك ۋە باشقا ھايۋانلار ئىنسانلارنى يېمەكلىك (گۆش، سۈت، تۇخۇم)، خام ماتېرىيال (تېرە، يۇڭ) ۋە كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. بۇرۇن ئادەم كۈچى بىلەن قىلىنغان يۈك توشۇش، يەر ھەيدەش، ئۇن تارتىش ۋە باشقا ئىشلار بارغانسېرى ھايۋانلارغا يۈكلەندى. كۆپىنچە يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرىدە كىشىلەر زىرائەت تېرىشقا مەركەزلەشتى ; چارۋا بېقىش ئىككىنچى تۈردىكى ئىشلار ئىدى. ئەمما بەزى جايلاردا ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ ئۇلاردىن پايدىلىنىدىغان بىر خىل جەمئىيەت ـ چارۋىچى قەبىلىلەر پەيدا بولدى.

ئىنسانلار دۇنياغا تارقالغانسېرى، ئۇلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىمۇ تارقالدى. ئون مىڭ يىل ئىلگىرى، ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ بەزى رايونلىرىدا بىر نەچچە مىليون ئەتراپىدا قوي، كالا، ئۆچكە، توڭگۇز ۋە توخۇلار ياشايتتى. بۈگۈن دۇنيادا تەخمىنەن بىر مىليارد قوي، بىر مىليارد چوشقا، بىر مىلياردتىن ئارتۇق كالا ۋە 25 مىلياردتىن ئارتۇق توخۇ بار. ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان. ئۆي توخۇسى ئەڭ كەڭ تارقالغان قۇش. ھومو ساپىيانسلاردىن كېيىن، ئۆي كالىسى، چوشقا ۋە قويلار دۇنيادىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردۇر. تار مەنىدىكى تەدرىجي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يەنى **DNA** نۇسخىلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىگەندە، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى توخۇ، كالا، چوشقا ۋە قويلارغا بەخت ئېلىپ كەلگەن.

ئەمما تەدرىجي تەرەققىيات نۇقتىسى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تولۇق ئۆلچىمى ئەمەس. ئۇ ھەممە نەرسىنى ھايات قېلىش ۋە كۆپىيىش مىزانى بىلەن باھالايدۇ، شەخسنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى ۋە بەخت ـ سائادىتىگە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۆي توخۇلىرى ۋە كالىلار تەدرىجي

تەرەققىيات جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار تارىختىن بېرى ئېزىلگەن ئەڭ بەختسىز مەخلۇقلار قاتارىدىندۇر. ھايۋانلارنى ئۆي ھايۋىنى قىلىش بىر قاتار رەھىمسىز ئۇسۇللارغا تايانغان بولۇپ، ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ رەھىمسىزلەشتى.

ياۋا توخۇلارنىڭ تەبىئىي ئۆمرى 7 يىلدىن 12 يىلغىچە، كالىلارنىڭكى 20 يىلدىن 25 يىلغىچە. كۆپىنچە توخۇ ۋە كالىلار تەبىئەتتە ئەركىن ياشىغان بولسا، ئۇ ياشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسىمۇ، يەنىلا خېلى كۆپ يىل ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. يەنە كېلىپ، كۆپ ساندىكى ئۆي توخۇلىرى ۋە كالىلار بىر قانچە ھەپتىدىن بىر قانچە ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا سويۇلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ھەمىشە ئەڭ مۇۋاپىق سويۇش يېشى بولۇپ كەلگەن. (ئەگەر خوراز ئۈچ ئايدىلا ئەڭ يۇقىرى ئېغىرلىقىغا يەتكەن بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۈچ يىل بېقىش كېرەك؟)

تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇلار، سۈت كالىلىرى ۋە يۈك تارتىدىغان ھايۋانلار بەزىدە كۆپ يىل ياشاشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەمما بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار تەبىئىي تەلەپ-ئارزۇلىرىغا پۈتۈنلەي يات بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بويسۇندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، بۇقىلارنى قامچا تۇتقان مايمۇننىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ھارۋا ۋە ساپان تارتىشتىن كۆرە، باشقا بۇقا ۋە كالىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كەڭ دالىلاردا ئەركىن يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

بۇقا، ئات، ئېشەك ۋە تۆگىلەرنى گەپ ئاڭلايدىغان يۈك ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئىستەكلىرى ۋە ئىجتىمائىي باغلىنىشلىرى بۇزۇلۇشى، ئۇلارنىڭ غالجىرلىقى ۋە جىنسىي ئىقتىدارى تىزگىنلىنىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكى چەكلىنىشى كېرەك ئىدى. دېھقانلار ھايۋانلارنى قوتان ۋە قەپەسلەرگە سولاش، يۈگەن ۋە ئارغامچىلار بىلەن باغلاش، قامچا ۋە تاياقلار بىلەن ساۋاش ياكى مېيىپ قىلىۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى تەرەققىي قىلدۇردى. قولغا كۆندۈرۈش جەريانى ھەمىشە ئەركەك ھايۋانلارنى پىچىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئەركەك ھايۋانلارنىڭ شاشلىقىنى چەكلەپ، پادىنىڭ كۆپىيىشىنى مەقسەتلىك كونترول قىلالىدى.

14. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1200-يىللىرىغا ئائىت بىر مىسىر قەبرىسىدىكى رەسىم: بىر جۇپ ئۆكۈز يەر ئاغدۇرماقتا. ياۋا تەبىئەتتە، كالا پادىلىرى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا ئىگە هالدا ئۆز مەيلىچە ئەركىن-ئازادە ياشايتتى. پىچىۋېتىلگەن ۋە كۆندۈرۈلگەن ئۆكۈز بولسا، ئۆزىنىڭ جىسمانىي، ئىجتىمائىي ۋە ھېسسىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھالەتتە، يالغۇز ياكى بىر جۈپتىن بولۇپ تار قوتاندا ۋە قامچا ئاستىدا جاپا-مۇشەققەت بىلەن ھاياتىنى خورىتاتتى. ئۆكۈز قوش سۆرىيەلمەيدىغان ھالغا يەتكەندە بوغۇزلىناتتى. (دىققەت قىلىڭكى، رەسىمدىكى مىسىرلىق دېھقانىنىڭ دۈمچىيىپ قالغان ھالىتىمۇ خۇددى شۇ ئۆكۈزگە ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ تېنىگە، زېھنىگە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگە ئېغىر بېسىم ئېلىپ كېلىدىغان مۇشەققەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ).

يېڭى گىۋىنىيەدىكى نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە، بىر كىشىنىڭ بايلىقى ئادەتتە ئۇنىڭ قانچە چوشقىسى بارلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. شىمالىي يېڭى گىۋىنىيەدىكى دېھقانلار چوشقىلارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھەر بىر چوشقىنىڭ بۇرنىنىڭ بىر قىسمىنى كېسىۋېتىدۇ. بۇ چوشقا بىر نېمىنى پۇراشقا ئۇرۇنغان ھامان بۇرنى ئېچىشىدۇ. چوشقىلار پۇراش ئارقىلىق يېمەكلىك تاپالمايدىغان ياكى يولىنىمۇ تاپالمايدىغان بولغاچقا، بۇ مېيىپلەشتۈرۈش ئۇلارنى خوجايىنلىرىغا

پۈتۈنلەي تايىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. يېڭى گىۋىنىيەنىڭ يەنە بىر رايونىدا، چوشقىلارنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋېتىش ئادەتكە ئايلانغان، شۇنداق قىلغاندا چوشقىلار نەگە مېڭىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

سۈت سانائىتىنىڭ ھايۋانلارنى ئۆز ئىرادىسىگە مەجبۇرلايدىغان ئۆزىگە خاس ئۇسۇللىرى بار. كالا، ئۆچكە ۋە قويلار پەقەت موزاي، ئوغلاق ۋە قوزا تۇغقاندىن كېيىن، بالىلىرى ئېمىۋاتقان مەزگىلدىلا سۈت چىقىرىدۇ. ھايۋان سۈتىنىڭ داۋاملىق تەمىنلىنىشىنى ساقلاش ئۈچۈن، دېھقانلار ئېمىدىغان موزاي، ئوغلاق ياكى قوزىلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك، ئەمما ئۇلارنىڭ سۈتنى تامامەن ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. تارىختىكى ئەڭ ئومۇمىي ئۇسۇل موزاي ۋە ئوغلاقلارنى تۇغۇلغاندىن كېيىنلا سويۇۋېتىش، ئانىسىنىڭ سۈتىنى سېغىۋېلىش، ئاندىن ئۇنى قايتا بوغاز قىلىش ئىدى. بۇ ھازىرمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئۇسۇل. زامانىۋى سۈت فېرمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە سۈت كالىسى ئادەتتە سويۇلۇشتىن بۇرۇن بەش يىل ياشايدۇ. بۇ بەش يىل ئىچىدە ئۇ دائىم دېگۈدەك بوغاز بولىدۇ، ھەمدە ئەڭ كۆپ سۈت ئىشلەپچىقىرىشنى ساقلاش ئۈچۈن تۇغۇتتىن كېيىنكى 60 ـ 120 كۈن ئىچىدە قايتا بوغاز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ موزايلىرى تۇغۇلغاندىن كېيىن دەرھال ئايرىۋېتىلىدۇ. چىشىلىرى كېيىنكى ئەۋلاد سۈت كالىلىرى بولۇشقا تەربىيىلىنىدۇ، ئەركەكلىرى بولسا قۇشخانىلارغا تاپشۇرۇلىدۇ.

يەنە بىر ئۇسۇل موزاي ۋە ئوغلاقلارنى ئانىلىرىنىڭ يېنىدا تۇتۇش، ئەمما ھەر خىل ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بەك كۆپ سۈت ئېمىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. بۇنى قىلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي يولى ئوغلاق ياكى موزاينىڭ ئېمىشىگە يول قويۇش، ئەمما سۈت ئاققاندا ئۇنى قوغلىۋېتىش. بۇ ئۇسۇل ئادەتتە ئوغلاق ۋە ئانىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بەزى پادىچى قەبىلىلەر ئوغلاق ياكى موزايىنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى يەپ، ئاندىن تېرىسىنى تولدۇرۇپ، ئانىسىغا كۆرسىتەتتى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئانىسىنىڭ سۈتىنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولاتتى. سۇداندىكى نۇئېر قەبىلىسى ھەتتا تۇلۇمنى قونچاق موزايغا ئانىسىنىڭ سۈيدۈكىنى چېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا جانلىق پۇراق بېرەتتى. نۇئېرلارنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى موزاينىڭ ئاغزىغا تىكەنلىك چەمبەر سېلىش ئىدى، تىكەنلەر ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە سانجىلىپ، موزاينىڭ ئېمىشىگە قارشىلىق قىلىشىغا سەۋەب بولاتتى. سەھرايى كەبىردىكى تۇئارېگ تۆگە باققۇچىلىرى بوتىلاقلارنىڭ كۆپ سۈت ئېمىۋېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇرنى ۋە ئۈستۈنكى كالپۇكىنىڭ بىر يېرىنى تېشىۋېتەتتى ياكى كېسىۋېتەتتى، شۇنداق قىلسا ئۇلارنىڭ سۈت ئېمىشى قىيىن بولاتتى.

بارلىق يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرى ئۆز چارۋىلىرىغا بۇنداق رەھىمسىز بولغان ئەمەس. كۆندۈرۈلگەن بەزى ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشى بولغان. يۈڭ ئۈچۈن بېقىلغان قويلار، ئۆي ئىتلىرى ۋە مۈشۈكلەر، ئۇرۇش ئاتلىرى ۋە چاپقۇر ئاتلار كۆپىنچە قۇلايلىق شارائىتلاردىن بەھرىمەن بولاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىم ئىمپېراتورى كالىگۇلا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى كونسۇللۇققا تەيىنلەشنى پىلانلىغان. تارىختىن بېرى پادىچىلار ۋە دېھقانلار

خۇددى نۇرغۇن قۇلدارلار ئۆز قۇللىرىغا غەمخورلۇق قىلغىنىدەك، ئۆز ھايۋانلىرىغا كۆيۈنگەن ۋە ئۇلارنى ياخشى ئاسرىغان. پادىشاھلار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى پادىچىغا، خەلقكە كۆرسەتكەن غەمخورلۇقنى پادىچىنىڭ پادىغا كۆرسەتكەن غەمخورلۇقىغا ئوخشىتىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

15.سانائەتلەشكەن قوشخانىلاردىكى موزايلار. ئۇلار تۇغۇلۇپلا ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ئۆز جۇغىدىنمۇ كىچىك تار قوتانغا سولىنىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە پەقەت تۆت ئايدەك ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۇلار مۇسكۇللىرىنىڭ يوغىناپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوتاندىن چىقىرىلمايدۇ، باشقا موزايلار بىلەن ئويناشقا، ھەتتا بىر قەدەم مېڭىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ يوغىناپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر، مۇسكۇللىرى قاتمىسا گۆشلىرى تېخىمۇ يۇمشاق، مەززىلىك بولىدۇ. موزايلار تۇنجى قېتىم قوشخانىغا بېرىش يولىدىلا مۇسكۇللىرىنى نامايەن قىلالايدۇ ھەم باشقا موزايلار بىلەن ئۇچرىشالايدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كالىلار تارىختىن بېرى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلىنىپ قالغان تۈرلەردىن بىرى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغان ھايۋانلاردىن بىرى.

پادىچىنىڭ كۆز قارىشىدىن ئەمەس، پادىنىڭ كۆز قارىشىدىن قارىغاندا، كۆپ ساندىكى كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى دەھشەتلىك بىر پاجىئە بولغان دېگەن

تەسراتتىن قېچىش تەس. ئۇلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان. نەسلى تۈگەش گىردابىدا تۇرۇۋاتقان ئاز ساندىكى ياۋا كەركىدان، لەززەتلىك گۆش ئۇچۇن سەمرىتىلىپ، كىچىككىنە قەپەستە قىسقا ئۆمۈر كەچۈرىدىغان موزايغا قارىغاندا ھاياتىدىن بەكرەك رازى بولۇشى مۇمكىن. بۇ كەركىدان يەنە ئۆز تۈرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىلىرىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ رازى. موزاي تۈرىنىڭ سان جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ شەخسىي ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە تەسەللى بولالمايدۇ.

تەدرىجىي تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن شەخسىي ئازاب ـ ئوقۇبەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەت بەلكىم بىز يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن ئالالايدىغان ئەڭ مۇھىم ساۋاق بولۇشى مۇمكىن. بۇغداي ۋە قوناقتا ئوخشاش زىرائەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدىلا تەدرىجىي تەرەققىيات كۆز قارىشى توغرا چىقىشى مۇمكىن. بىراق كالا، قوي ۋە ھومو ساپىيانسلارغا ئوخشاش مۇرەككەپ سېزىم ۋە ھېس ـ تۇيغۇ دۇنياسىغا ئىگە ھايۋانلار مەسىلىسىدە، بىز تەدرىجىي تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ قانداق قىلىپ شەخسىي تەجرىبىگە ئايلانغانلىقىنى ئويلىشىمىز كېرەك. كېيىنكى بابلاردا بىز ئىنسان تۈرىمىزنىڭ كوللېكتىپ كۈچىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ۋە كۆرۈنۈشتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ قانداق قىلىپ كۆپلىگەن شەخسىي ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن بىللە مېڭىپ كەلگەنلىكىنى قايتا ـ قايتا كۆرىمىز.

6. پىرامىدا ياساش

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى تارىختىكى ئەڭ مۇنازىرىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بەزىلەر ئۇنى ئىنسانىيەتنى گۈللىنىش ۋە تەرەققىيات يولىغا باشلىغان دېسە، بەزىلەر ئۇنى ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە باشلىغان دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىنقىلاپ ھومو ساپىيانسنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى تەرك ئېتىپ، نەپسانىيەتچىلىككە ۋە ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. يول قايسى يۆنىلىشكە ئېلىپ بارسۇن، ئەمدى قايتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېزا ئىگىلىكى نوپۇسنىڭ بىراقلا كۆپىيىشىگە يول ئاچقان بولۇپ، مۇرەككەپ قاتلامغا ئىگە ھېچقانداق يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى ئوۋچىلىق ۋە تېرىمچىلىققا قايتسا ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 10،000 ـ يىللار ئەتراپىدا، ئىنسانلار يېزا ئىگىلىك دەۋرىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، يەر يۈزىدە تەخمىنەن 5 ـ 8 مىليون كۆچمەن ئوۋچى ـ غەنىمەتچى ياشايتتى. مىلادى 1 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، پەقەت 1 ـ 2 مىليون ئوۋچى ـ غەنىمەتچى (ئاساسەن ئاۋسترالىيە، ئامېرىكا ۋە ئافرىقىدا) قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى دۇنيادىكى 250 مىليون دېھقانغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز ئىدى.

كۆپ ساندىكى دېھقانلار دائىمىي ماكانلاردا ياشىغان؛ پەقەت ئاز ساندىكىلىرىلا كۆچمەن پادىچىلار ئىدى. ئولتۇراقلىشىش كۆپ ساندىكى خەلقلەرنىڭ ماكانلىشىش دائىرىسىنىڭ بىراقلا

تارىيشىغا سەۋەب بولدى. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئادەتتە نەچچە ئون ھەتتا نەچچە يۈز كىۋادرات كىلومېتىر زېمىندا ياشايتتى. «ئۆي» پۈتۈن تېررىتورىيە بولۇپ، ئۇ تاغلار، ئېقىنلار، ئورمانلار، ۋە ئوچۇق ئاسماننىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەكسىچە، دېھقانلار كۆپىنچە كۈنلىرىنى كىچىك ئېتىز ياكى مېۋىلىكتە ئىشلەپ ئۆتكۈزەتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ياغاچ، تاش ياكى لايدىن ياسالغان، ئۈزۈنلۇقى بىر قانچە ئون مېتىردىن ئاشمايدىغان تار بىر قۇرۇلۇشقا ـ ئۆيگە مەركەزلەشكەنىدى. دېھقانلارنىڭ بۇنداق ئۆيلەرگە چىن كۆڭلىدىن باغلىنىپ قېلىشى يېزا ئىگىلىك ئىنقىلاۋىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ تەسىر پىسخىك جەھەتتىنلا ئەمەس، ئۆي قۇرۇلۇشىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مېنىڭ ئۆيۈم دەيدىغان مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن باشقىلاردىن قوشنا بولۇپ ئايرىلىش، ئۆزىنى مەركەز قىلغان مەخلۇقلارنىڭ پىسخىك بەلگىسى بولۇپ قالغان.

يېڭى يېزا ئىگىلىك رايونلىرى قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭكىدىن كۆپ كىچىك بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ سۈنئىي ئىدى. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ئوت ئىشلىتىشتىن باشقا، ئۆزلىرى كەزگەن يەرلەردە ئانچە كۆپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمىغان. ئەكسىچە، دېھقانلار ئەتراپتىكى يەر ـ زېمىندىن جاپالىق ھالدا بۆلۈپ تاشلىغان سۈنئىي ئىنسان ئاراللىرىدا ياشىغان. ئۇلار ئورمانلارنى كېسىپ قانال قازغان، ئېتىزلارنى ئاچقان، ئۆي سالغان، يەر ھەيدىگەن ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىككەن. بۇنىڭدىن بەرپا قىلىنغان سۈنئىي ياشاش مۇھىتى پەقەت ئىنسانلار ۋە «ئۇلارنىڭ» زىرائەت ـ ھايۋانلىرى ئۈچۈنلا ھازىرلانغان بولۇپ، كۆپىنچىسى تام ۋە چىتلار بىلەن توسۇلغان.

تارىخنىڭ كۆپ يىللىرىدا، ئىنسانلار بەرپا قىلغان بۇ قورۇقلار ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئەتراپىنى بويسۇندۇرۇلمىغان تەبىئەت قورشاپ تۇراتتى. يەر شارى يۈزىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 510 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ 155 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىسى قۇرۇقلۇقتۇر. مىلادى 1400 ـ يىلىغىچە، كۆپ ساندىكى دېھقانلار زىرائەت ۋە ھايۋانلىرى بىلەن بىرلىكتە پەقەت 11 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە، يەنى يەر شارىنىڭ 2 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن رايونغا توپلانغان. باشقا جايلار بەك سوغۇق، بەك ئىسسىق، بەك قۇرغاق، بەك نەم ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېزا ئىگىلىككە ماس كەلمەيتتى.

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سۈنئىي ئاراللىرىنى تاشلاپ كېتىشتە قىينالدى. ئۇلار ئېغىر زىيان تارتىش خەۋپى تۈپەيلىدىن ئۆيلىرى، ئېتىزلىرى ۋە ئامبارلىرىنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ـ يۆتكەش قىيىن بولغان ۋە ئۇلارنى چەكلەپ قويىدىغان بۇيۇملارنى توپلىدى. قەدىمكى دېھقانلار بىزگە ئىنتايىن نامرات كۆرۈنسىمۇ، تىپىك بىر دېھقان ئائىلىنىڭ پۈتۈن بىر ئوۋچى ـ غەنىمەتچى قەبىلىسىدىنمۇ كۆپ تۇرمۇش ئەشيالىرى بار ئىدى.

كەلگۈسىنىڭ كېلىشى

يېزا ئىگىلىك ماكانى قىسقارغان بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىك ۋاقتى كېڭەيدى. ئوۋچى ــ غەنىمەتچىلەر ئادەتتە كېلەر ھەپتە ياكى كېلەر ئاينى ئويلاپ ۋاقت ئىسراپ قىلمايتتى. دېھقانلار بولسا خىيالىدا يىللار ۋە ئون يىللار كېيىنكى كەلگۈسىگە قاراپ پىلان تۈزەتتى.

ئوۋچى ــ غەنىمەتچىلەر كەلگۈسىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى، چۈنكى ئۇلار كۈنلۈك تۇرمۇشتا ياشاپ، ئوزۇق ــ تۈلۈك ساقلاش ياكى نەرسە ــ كېرەك توپلاشتا قىينىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە كەلگۈسىنى ئالدىن ئويلىغان. چاۋېت، لاسكو ۋە ئالتامىرا ئۆڭكۈر رەسىملىرىنى سىزغۇچىلار جەزمەن بۇلارنىڭ ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا قېلىشىنى كۆزدە تۇتقان. ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلار ۋە سىياسىي رىقابەتلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلار ئىدى. ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ياكى خاتالىقتىن ئىنتىقام ئېلىش كۆپ ھاللاردا يىللارغا سوزۇلاتتى.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى كەلگۈسىنى بۇرۇنقىدىن كۆپ مۇھىم قىلدى. دېھقانلار ھەمىشە كەلگۈسىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك ئىدى. يېزا ئىگىلىكى پەسىللىك ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىگە ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇزۇن ئايلىق تېرىقچىلىق ۋە قىسقا ھوسۇل يىغىش مەزگىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مول ھوسۇل يىغىلغاندىن كېيىنكى كېچىدە دېھقانلار خالىغانچە تەبرىكلىسىمۇ، بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە تاڭ سەھەردە ئېتىزغا چىقاتتى. گەرچە بۈگۈن، كېلەر ھەپتە ۋە كېلەر ئايغا يېتەرلىك ئوزۇق بولسىمۇ، ئۇلار كېلەر يىل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللارنى ئويلىشى كېرەك ئىدى.

كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئەندىشە پەقەت پەسىللىك ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىگىلا ئەمەس، يەنە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىمسىزلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. كۆپىنچە يېزىلار چەكلىك تۈردىكى كۆندۈرۈلگەن ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى ئۆستۈرۈش بىلەن جان باققاچقا، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن ۋە ئاپەتلەرگە دۇچ كېلەتتى. دېھقانلار زاپاس ئاشلىق توپلاش ئۈچۈن ئادەتتە قورساققا يەيدىغان نورمىدىن كۆپرەك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇر ئىدى. ئامباردا ئاشلىق، گەمىدە نەچچە قاپاق زەيتۇن يېغى، ئاشخانىدا پىشلاق ۋە تورۇسقا ئېسىلغان كولباسا بولمىسا، ئېغىر يىللاردا ئاچ قالاتتى. بۇنداق يىللار بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ھامان كېلەتتى.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلاۋى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، كەلگۈسىگە بولغان شۇ خىل ئەندىشىلەر ئىنسانلارنىڭ ئاڭ ــ ئىدىيە سەھنىسىدە مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى. دېھقانلار يامغۇرغا تايىنىپ يەرلىرىنى سۇغىراتتى، شۇڭا يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلگەندە ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوپۇققا قارايتتى، شامالنى پۇرايتتى، قاراپ ــ قاراپ كۆزلىرى تېلىپ كېتەتتى، ئۇ بۇلۇتمۇ؟ ۋاقتىدا يامغۇر ياغامدۇ؟ يېتەرلىك ياغامدۇ؟ بوران ــ چاپقۇنلار ئېتىزدىكى ئۇرۇقلارنى ئۇچۇرتۇپ، ھويلىدىكى ئاسلانلارنى سوقۇۋېتەرمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېفرات، ھىندى ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى دېھقانلار ئوخشاشلا

دەريا سۇيىنىڭ كۆتۈرلۈپ ـ پەسىيىشىگە دىققەت قىلاتتى. ئۇلار دەريا سۇيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە مۇھتاج ئىدى، شۇندىلا ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىگە سۇ چىقاتتى، مۇنبەت ئېتىزلىرىغا سۇ باشلىيالايتتى. ئەمما دەريا سۇيى بەك كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ياكى بىمەھەل ۋاقىتتا تاشقىن يۈز بەرسە، ئېتىزلىرىنى سۇ بېسىپ كېتىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئوخشاشلا سۇ ئاپىتى يۈز بېرەتتى.

دېھقانلارنىڭ كەلگۈسىدىن غەم قىلىشىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار ئىدى، شۇنداقلا ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن نىملەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلايتتى. ئۇلار يېڭىدىن ئېتىز ئېچىپ، يېڭىدىن ئېرىق چېپىپ، تېخىمۇ كۆپ زىرائەت تېرىسا بولاتتى. تۇرمۇش غېمى بېسىۋالغان ئۇ دېھقانلار گويا ياز كۈنى ئوزۇقلۇق توپلاشقان چىققان چۈمۈلىلەردەك تىنىپ تاپماي ئىشلەيتتى، چىلىق ـ چىلىق تەر تۆكۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ زەيتۇن يېغى تارتىپ يېيىشى ئۈچۈن زەيتۇن دەرەخلىرى تىكەتتى. شۇ كۈنى يېيىشكە تەشنا بولغان ئوزۇق ـ تۈلۈكنى قىشلىق ياكى كېلەر يىللىق ئوزۇقى ئۈچۈن ساقلاپ قوياتتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ بېسىمى ئىنسانلارغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، تارىختىكى چوڭ سىياسىي ھاكىمىيەتلەر ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئىشچان دېھقانلار تا بۈگۈنگىچە ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىدى، ئۆزلىرى كۈتكەن ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. دۇنيانىڭ ھەممە جايىدا ھۆكۈمدارلار بىلەن يۇقىرى قاتلام سەر خىللىرى پەيدا بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئوزۇق ـ تۈلۈكىگە تايىنىپ ياشىدى، دېھقانلارغا پەقەت تۇرمۇشىنى ئاران قامدىغۇدەك ئىمكان بەردى.

بۇ ئارتۇق ئاشلىقلار سىياسەت، ئۇرۇشلار، سەنئەت ۋە پەلسەپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلىدى. ئوردىلار، قەلئەلەر، ئابىدىلەر ۋە ئىبادەتخانىلار قۇرۇلدى. زامانىۋى دەۋرنىڭ ئاخىرىغىچە، ئىنسانلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ھەر كۈنى پىشانىسىدىن تەر تۆكۈپ يەر ھەيدەيدىغان دېھقانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارتۇق ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئاز بىر قىسىم كاتتىلارنى ـ پادىشاھلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئەسكەرلەر، روھانىيلار، سەنئەتكارلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنى ئوزۇقلاندۇردى. تارىخ دېگىنىمىز ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر قىلغان ئىشلار بولۇپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى يەر ھەيدەش ۋە سۇ توشۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

تەسەۋۋۇر قىلىنغان تەرتىپ

دېھقانلارنىڭ ئارتۇق ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقلىرى ۋە يېڭى قاتناش تېخنىكىسى، بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن چوڭ يېزىلارغا، ئاندىن بازارلارغا، ئاخىرىدا

شەھەرلەرگە توپلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى پادىشاھلىقلار ۋە سودا تورلىرى بىلەن تۇتاشتى.

ئەمما بۇ يېڭى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئېشىنچا ئاشلىق ۋە ياخشىلانغان قاتناش يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. بىر ئادەم بىر بازاردا مىڭ ئادەمنى ياكى بىر پادىشاھلىقتىكى مىليون ئادەمنى باقالىسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەر-سۇلارنى قانداق بۆلۈشۈش، نىزا-ماجىرالارنى قانداق ھەل قىلىش، قۇرغاقچىلىق ياكى ئۇرۇش ۋاقتىدا قانداق ھەرىكەت قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلىشكە كاپالەتلىك قىلالمايتتى. ئەگەر كېلىشىم بولمىسا، ئامبارلار لىق تولغان تەقدىردىمۇ ماجىرا كېڭىيەتتى. تارىختىكى كۆپىنچە ئۇرۇشلار ۋە ئىنقىلابلار ئوزۇق-تۈلۈك يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقمىغان. فرانسىيە ئىنقىلابىغا ئاچ قالغان دېھقانلار ئەمەس، باي ئادۋوكاتلار يېتەكچىلىك قىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە، ئوتتۇرا دېڭىزدىن كەلگەن بايلىقلار رىملىقلارنى ئەجدادلىرىنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن دەرىجىدە بېيىتقان چاغدا، رىم جۇمھۇرىيىتى كۈچلىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئەمما دەل شۇ ئەڭ باياشات مەزگىلدە، رىم سىياسىي تۈزۈمى ئەجەللىك ئىچكى ئۇرۇشلاردا پارچىلانغان. 1991-يىلى يۇگوسلاۋىيە بارلىق پۇقرالىرىنى باققۇدەك يېتەرلىك بايلىققا ئىگە تۇرۇقلۇق، يەنىلا قورقۇنچلۇق قىرغىنچىلىق، قان تۆكۈشلەر تۈپەيلىدىن پارچىلانغان.

بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئىنسانلار نەچچە مىليون يىل داۋامىدا نەچچە ئونلىغان كىشىلىك كىچىك گۇرۇپپىلاردا تەرەققىي قىلغان. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن شەھەرلەر، پادىشاھلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگىچە بولغان بىر نەچچە مىڭ يىل، ئىنسانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ئەمەس ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ بۇنداق ھەمكارلىشىش ئىقتىدارى كەم بولسىمۇ، ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر دەۋرىدە كۆپلىگەن ناتونۇش ئىنسانلار ئورتاق ئەپسانىلەر سەۋەبىدىن ھەمكارلىشالىغان. ھالبۇكى، بۇ ھەمكارلىق تارقاق ۋە چەكلىك ئىدى. ھەر بىر ساپىيانس گۇرۇپپىسى ئۆز تۇرمۇشىنى مۇستەقىل باشقۇرۇپ، كۆپىنچە ئېھتىياجلىرىنى ئۆزى قامدايتتى. 20 مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ۋەقەلەردىن خەۋىرى يوق بىر جەمئىيەتشۇناس، ئەپسانىلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى ناھايىتى چەكلىك دەپ خۇلاسىلىشى مۇمكىن. ئەجدادلار روھى ۋە قەبىلە توتېملىرى ھەققىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر 500 كىشىنىڭ قۇلۇلە قېپى ئالماشتۇرۇشىغا، مەلۇم بايراملارنى تەبرىكلىشىگە ۋە نېئاندېرتال گۇرۇپپىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرلىشىشىگە سەۋەب بولالىسىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇ

قەدىمكى جەمئىيەتشۇناس بەلكى ئەپسانىنى بىر ـ بىرىگە ناتونۇش مىليونلىغان ئادەمنى ھەر كۈنى ھەمكارلاشتۇرالايدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

16. خاممۇرابى قانۇنى پۈتۈلگەن تاش ئابىدە،
تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1776 ـ يىلىغا تەۋە.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 8500 ـ يىللاردا، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان چوڭراق جايلار يېرىخو بوستانلىقى قاتارلىق نەچچە يۈز كىشىلىك يېزىلار ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 7000 ـ يىلى ئاناتولىيەدىكى چاتالخۆيۈك شەھرىدە 5000 ـ 10000 كىشى ياشايتتى. بۇ بەلكىم شۇ چاغدىكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئولتۇراق جاي بولۇشى مۇمكىن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ۋە 4 ـ ئەسىردە، مۇنبەت تۈزلەڭلىكتە ئون مىڭلىغان ئاھالىسى بار شەھەرلەر پەيدا بولدى، بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئەتراپتىكى نۇرغۇن يېزىلارنى باشقۇراتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3100 ـ

يىلى تۆۋەنكى نىل ۋادىسى تۇنجى مىسىر پادىشاھلىقىغا بىرلەشتۈرۈلدى. مىسىر پىرئەۋنلىرى نەچچە كىۋادرات كىلومېتىر زېمىن ۋە يۈز مىڭلىغان كىشىلەرنى ئىدارە قىلاتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2250 ـ يىلى سارگون بۈيۈك تۇنجى ئىمپېرىيە ـ ئاككاد ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. بۇ ئىمپېرىيە بىر مىليوندىن ئارتۇق پۇقرا ۋە 5400 كىشىلىك مۇقىم قوشۇنغا ئىگە ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ 500 يىللار ئارىسىدا، ئوتتۇرا شەرقتە كېيىنكى ئاسسۇر ئىمپېرىيەسى، بابىل ئىمپېرىيەسى ۋە پارس ئىمپېرىيەسى قاتارلىق تۇنجى چوڭ ئىمپېرىيەلەر پەيدا بولدى: ئۇلار مىليونلىغان پۇقرالارنى باشقۇرۇپ، ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلاتتى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلى چىن سۇلالىسى خىتاينى بىرلىككە كەلتۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا رىم ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنى بىرلەشتۈردى. 40 مىليون خىتاي پۇقراسىدىن يىغىلغان باج ـ سېلىق يۈز مىڭلىغان ئەسكەردىن تەركىب تاپقان مۇنتىزىم قوشۇن ۋە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەمەلدارنى ئىشلىتىدىغان خان ئوردىسىنى تەمىنلىدى. رىم ئىمپېرىيەسى كۈچەيگەن ۋاقىتتا، 100 مىليوندەك پۇقرادىن باج ـ سېلىق يىغاتتى. بۇ كىرىم 250 ـ 500 مىڭ كىشىلىك قوشۇن، 1500 يىلدىن كېيىنمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان يول ـ قاتناش تورى ۋە بۈگۈنگىچە تاماشا كۆرسىتىدىغان تىياتىرخانا ۋە يۇمىلاق تىياتىرخانىلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ ئەلۋەتتە كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ، ئەمما بىز قەدىمكى مىسىر ياكى رىم ئىمپېرىيەسىدىكى «كەڭ كۆلەملىك ھەمكارلىق تورى» ھەققىدە گۈزەل خىياللارغا بېرىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. «ھەمكارلىق» دېگەن سۆز خەير ـ ساخاۋەت دېگەندەك يېقىملىق ئاڭلانسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئۇ ئىختىيارىي بولمايدۇ ياكى بەك باراۋەر بولۇپ كەتمەيدۇ. كۆپىنچە ھەمكارلىق تورلىرى كىشىگە زۇلۇم قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. دېھقانلار كېڭەيگەن ھەمكارلىق تورىنىڭ بەدىلىنى قىممەتلىك ئېشىنچا ئاشلىقلىرى بىلەن ئۆتىگەن، ئىمپېرىيە باجگىرى بىرلا قەلەم سىلكىش بىلەن، دېھقانلارنىڭ پۈتۈن يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنى سۈپۈرۈپ كەتكەندە، ئۇلار ئۇمىدسىزلىككە چۆمگەن. رىمنىڭ داڭلىق يۇمىلاق تىياتىرخانىلىرىنى كۆپىنچە قۇللار قۇرغان بولۇپ، باي ۋە بىكار تەلەپ رىملىقلار باشقا قۇللارنىڭ رەھىمسىز گىلادىئاتورلۇق جەڭلىرىنى كۆرەتتى. ھەتتا تۈرمىلەر ۋە جازا لاگېرلىرىدىمۇ ھەمكارلىق تورى قۇرۇلغان بولۇپ، مىڭلىغان ناتونۇش ئادەملەر قانداقتۇر ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولالىغان.

قەدىمكى مېسوپوتامىيە شەھەرلىرىدىن تارتىپ چىن ۋە رىم ئىمپېرىيەلىرىگىچە، بۇ ھەمكارلىق تورى تامامەن «تەسەۋۋۇر قىلىنغان تەرتىپ» ئىدى. ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرغان


IN CONGRESS, JULY 4, 1776.

The unanimous Declaration of the thirteen united States of America.

17.ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى، 1776-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى ئىمزالانغان.

نىزام ـ ئادەتلەر ئىنسانلارنىڭ تۇغما ئىستەكلىرىگە ياكى شەخسىي تونۇشلۇقىغا ئەمەس، ئورتاق ئەپسانىلەرگە ئىشىنىشكە ئاساسلانغان.

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر قانداق قىلىپ بارلىق ئىمپېرىيەلەرنى ساقلاپ تۇرالىدى؟ بىز ئالدىنقى بابلاردا پېگوت ئەپسانىسىنى مۇھاكىمە قىلغانىدۇق. ئەمدى تارىختىكى ئەڭ مەشھۇر ئىككى ئەپسانىنى كۆرۈپ چىقايلى: بۇنىڭ بىرى، مىلادىدىن بۇرۇن 1776 ـ يىلدىكى يۈز مىڭلىغان قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ ھەمكارلىق قوللانمىسى بولغان خامۇرابى قانۇنى؛ يەنە بىرى، مىلادىيە 1776 ـ يىلدىكى بۈگۈنمۇ يۈز مىليونلىغان ئامېرىكىلىقنىڭ ھەمكارلىق قوللانمىسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1776 ـ يىلى بابىل دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ئىدى. بابىل ئىمپېرىيەسى ئۆز ۋاقتىدا بىر مىليوندىن ئارتۇق پۇقراسى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مېسوپوتامىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى، يەنى ھازىرقى ئىراقنىڭ كۆپ قىسمىنى، ھازىرقى سۇرىيە ۋە ئىراننىڭ بىر قىسمىنى باشقۇراتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ مەشھۇر بابىل پادىشاھى خامۇرابى ئىدى. ئۇنىڭ شۆھرىتى ئاساسەن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تاش پۈتۈك ـ خامۇرابى قانۇنىدىن كەلگەن. ئۇ بىر يۈرۈش قانۇن ۋە سوت قارارلىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى خامۇرابىنى ئادىل پادىشاھنىڭ ئۆلگىسى قىلىپ كۆرسىتىش، بابىل ئىمپېرىيەسى بويىچە تېخىمۇ بىرلىككە كەلگەن قانۇن سىستېمىسىغا ئاساس بولۇش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئادىل پادىشاھنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىش ئىدى.

كېيىنكى ئەۋلادلار بۇنىڭغا دىققەت قىلدى. قەدىمكى مېسوپوتامىيەنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملىرى ۋە بيۇروكراتىك كاتىپلىرى بۇ تېكىستنى مۇقەددەسلەشتۇردى، خامۇرابى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى خارابىلىققا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ كاتىپ شاگىرتلار ئۇنى كۆچۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. شۇڭا خامۇرابى قانۇنى قەدىمكى مېسوپوتامىيەلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپ ئىدىيەسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ياخشى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خامۇرابى قانۇنىنىڭ بېشىدا، مېسوپوتامىيە ئىبادەتخانىسىنىڭ ئانۇ، ئېنلىل ۋە ماردۇك قاتارلىق باش ئىلاھلىرىنىڭ خامۇرابىنى «زېمىندا ئادالەتنى ھاكىم قىلىش، رەزىللىك ۋە يامانلىقنى يوقىتىش، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى ئېزىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ئۈچۈن تەيىنلىگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئاندىن «ئەگەر مۇنداق ئىش يۈز بەرسە، مۇنداق ھۆكۈم قىلىنىدۇ» دېگەن قېلىپتا 300 گە يېقىن ھۆكۈم تىزىپ چىقىلغان. مەسىلەن، 196 ـ 199 ۋە 214 ـ 209 ـ ھۆكۈملەردە مۇنداق دېيىلگەن:

196 .ئەگەر يۇقىرى تەبىقىلىق كىشى باشقا بىر يۇقىرى تەبىقىلىق كىشىنىڭ كۆزىنى كور قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ كۆزى كور قىلىنسۇن.

197 .ئەگەر ئۇ باشقا بىر يۇقىرى تەبىقىلىق كىشىنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋەتسە، ئۇنىڭ سۆڭىكى سۇندۇرۇلسۇن.

198 .ئەگەر ئۇ پۇقرانىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋەتسە ياكى سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋەتسە، 60 سەر كۈمۈش تۆلىسۇن.

199 .ئەگەر ئۇ يۇقىرى تەبىقىلىق كىشىنىڭ قۇلىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋەتسە ياكى سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋەتسە، قۇلنىڭ قىممىتىنىڭ يېرىمىنى كۈمۈش بىلەن تۆلىسۇن.

209 .ئەگەر يۇقىرى تەبىقىلىك كىشى يۇقىرى تەبىقىلىق ئايالنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ھامىلىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە، ھامىلىسى ئۈچۈن 10 سەر كۈمۈش تۆلىسۇن.

210 . ئەگەر شۇ ئايال ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قىزى ئۆلتۈرۈلسۇن.

211 .ئەگەر ئۇ پۇقرا تەبىقىسىدىكى ئايالنى ئۇرۇپ ھامىلىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە، 5 سەر كۈمۈش تۆلىسۇن.

212 .ئەگەر شۇ ئايال ئۆلۈپ كەتسە، 30 سەر كۈمۈش تۆلىسۇن.

213 .ئەگەر ئۇ يۇقىرى تەبىقىلىق كىشىنىڭ دېدىكىنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ھامىلىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە، 2 سەر كۈمۈش تۆلىسۇن.

214 .ئەگەر شۇ دېدەك ئۆلۈپ كەتسە، 20 سەر كۈمۈش تۆلىسۇن.

ھۆكۈملەرنى تىزىپ بولغاندىن كېيىن، خاممۇرابى يەنە مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ:

«بۇلار قابىل پادىشاھ خاممۇرابى بەلگىلىگەن ئادىل قارارلار بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىننى ھەقىقەت يولى ۋە توغرا تۇرمۇش يولىغا باشلىدىم... مەن خاممۇرابى، ئېسىل پادىشاھ. مەن ئىلاھ ئېنلىل ماڭا ئامانەت قىلغان ۋە ئىلاھ ماردۇك ماڭا ئىنسانىيەتكە پادىچىلىق قىل دەپ تاپشۇرغان ۋەزىپىگە بىپەرۋالىق قىلمىدىم».

خاممۇرابى قانۇنى بابىل جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپى ئىلاھلار بەلگىلىگەن ئۇنىۋېرسال ۋە مەڭگۈلۈك ئادالەت پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان دەپ جاكارلايدۇ. دەرىجە پرىنسىپى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قانۇنغا كۆرە، كىشىلەر ئىككى جىنس ۋە ئۈچ تەبىقىگە: يۇقىرى تەبىقىلىكلەر، پۇقرالار ۋە قۇللارغا بۆلۈنگەن. ھەر بىر جىنس ۋە تەبىقىنىڭ ئەزالىرىنىڭ قىممىتى ئوخشاش ئەمەس. پۇقرا ئايالنىڭ جېنى 30 سەر كۈمۈشكە، دېدەكنىڭ جېنى 20 سەر كۈمۈشكە، ئەمما پۇقرا ئەرنىڭ كۆزى 60 سەر كۈمۈشكە توختىغان.

قانۇن يەنە ئائىلە ئىچىدىكى قاتتىق دەرىجە پەرقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا كۆرە، بالىلار مۇستەقىل شەخسلەر ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۈلكى. شۇڭا، ئەگەر بىر يۇقىرى تەبىقىلىق كىشى يەنە بىر يۇقىرى تەبىقىلىق كىشىنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، قاتىلنىڭ قىزى جازا سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بىزگە قاتىل جازاغا تارتىلماي، ئۇنىڭ گۇناھسىز قىزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما خاممۇرابى ۋە بابىللىقلارغا بۇ مۇتلەق ئادىل كۆرۈنگەن. خاممۇرابى قانۇنى مۇنداق بىر ئالدىنقى شەرتكە ئاساسلانغان، ئۇ بولسىمۇ ئەگەر پادىشاھنىڭ پۇقرالىرى دەرىجە تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھەرىكەت قىلسا، ئۇنۇملۇك ھەمكارلىشالايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ھەر بىر پۇقرا ئۈچۈن يېتەرلىك ئاشلىق ـ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇلارنى ئادىل تەقسىملەيدۇ، پۇقرالارنى دۈشمەنىنىڭ

زىيانكەشلىكتىن قوغدايدۇ؛ شۇنداقلا زېمىننى كېڭەيتىپ، پۇقرالارنى تېخىمۇ كۆپ بايلىق ۋە بەختەتەرلىككە ئېرىشتۈرىدۇ.

خامۇرابىنىڭ ۋاپاتىدىن 3500 يىل كېيىن، شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىنىڭ ئاھالىسى ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ئۆزلىرىگە ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى فىلادېلفىيە شەھىرىگە يىغىلدى، 1776 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇل كۈنى مۇستەملىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنگلىيە پادىشاھلىقىغا تەۋە ئەمەسلىكىنى جاكارلىدى. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى خۇددى خامۇرابىنىڭكىگە ئوخشاش ئىلاھىي كۈچتىن ئىلھام ئالغان ئۇنىۋېرسال ۋە مەڭگۈلۈك ئادالەت پرىنسىپلىرىنى جاكارلىدى. ئەمما ئامېرىكىنىڭ تەڭرىسى بەلگىلىگەن ئەڭ مۇھىم پرىنسىپ بابىل ئىلاھلىرىنىڭكىدىن بىر ئاز پەرقلىق ئىدى. ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى مۇنداق دەيدۇ:

«بىزنىڭچە بۇ ھەقىقەت ئۆزلۈكىدىن ئايانكى، بارلىق ئىنسانلار باراۋەر يارىتىلغان، ئۇلار ياراتقۇچى ئاتا قىلغان تارتىۋېلىنمايدىغان ھوقۇقلارغا ئىگە، بۇ ھوقۇقلار ياشاش ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

خامۇرابى قانۇنىغا ئوخشاشلا، ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىمۇ ئەگەر ئىنسانلار ئىلاھىي پرىنسىپقا كۆرە ئىش قىلسا، مىليونلىغان ئىنسانلار ئۇنۇملۇك ھەمكارلىشىپ، ئادىل ۋە گۈللەنگەن بىر جەمئىيەتتە خاتىرجەم، تىنچ ياشىيالايدۇ دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى خامۇرابى قانۇنىغا ئوخشاشلا شۇ دەۋر ۋە ماكاندىن قالغان مۇھىم ھۆججەت بولۇپلا قالماي، كېيىنكى ئەۋلادلا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، 200 يىلدىن بۇيان ئامېرىكادىكى مەكتەپ بالىلىرى يادلايدىغان، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدىغان قانۇنغا ئايلاندى.

بۇ ئىككى قانۇن بىزنى زىددىيەتكە سېلىپ قويىدۇ. خامۇرابى قانۇن بىلەن ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق ۋە مەڭگۈلۈك ئادالەت پرىنسىپىنى بايان قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەمما ئامېرىكالىقلارغا كۆرە ھەممە ئادەم باراۋەر، قەدىمكى بابىللىقلارغا كۆرە ھەممە ئادەم باراۋەر ئەمەس. ئامېرىكالىقلار ئۆزىنىڭكىنى توغرا، خامۇرابىنىڭ ئىدىيەسىنى خاتا دەيدۇ. خامۇرابىمۇ تەبىئىي ھالدا بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەيدۇ، ئامېرىكالىقلار خاتالاشتى دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاتالاشقان. خامۇرابى بىلەن ئامېرىكا دۆلىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئومۇمىي ۋە ئۆزگەرمەس ئادالەت پرىنسىپى (مەسىلەن باراۋەرلىك ياكى دەرىجە تۈزۈمى) تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان جەمئىيەتنى ئويلاپ چىققان. ھالبۇكى بۇنداق ئومۇمىي پرىنسىپ پەقەت ھومو ساپىيانسلارنىڭ مول تەسەۋۋۇرىدا، ئۇلار ئىجاد قىلغان ۋە بىر ـ بىرىگە ئېيتقان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىلا مەۋجۇت ئىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئاقمايتتى.

كىشىلەرنىڭ «يۇقىرى تەبىقىلىكلەر» ۋە «پۇقرالار» دەپ بۆلۈنۈشى خىيالنىڭ مەھسۇلى دېگەننى قوبۇل قىلىش ئاسان. ئەمما بارلىق ئىنسانلار باراۋەر دېگەن ئىدىيەمۇ بىر ئەپسانە. بارلىق ئىنسانلار قايسى مەنىدە بىر ـ بىرىگە باراۋەر؟ ئىنسان تەسەۋۋۇرىنىڭ سىرتىدا،

بىز ھەقىقەتەن باراۋەر بولغان بىرەر ئوبيېكتىپ رېئاللىق بارمۇ؟ بارلىق ئىنسانلار بىئولوگىيەلىك جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە باراۋەرمۇ؟ ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدىكى ئەڭ داڭلىق جۈملىنى بىئولوگىيەلىك ئاتالغۇلارغا سېلىپ تەرجىمە قىلىپ باقايلى:

«بىزنىڭچە بۇ ھەقىقەت ئۆزلۈكىدىن ئايانكى، بارلىق ئىنسانلار **باراۋەر يارىتىلغان،** ئۇلار **ياراتقۇچى ئاتا قىلغان تارتىۋېلىنمايدىغان ھوقۇقلارغا** ئىگە، بۇ ھوقۇقلار ياشاش ھوقۇقى، **ئەركىنلىك ھوقۇقى** ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

بىئولوگىيە ئىلمىگە كۆرە، ئىنسانلار «يارىتىلغان» ئەمەس. ئۇلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ئۇلار «باراۋەر» ھالەتتە تەرەققىي قىلمىغان. باراۋەرلىك ئىدىيەسى يارىتىلىش ئىدىيەسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئامېرىكىلىقلار باراۋەرلىك ئىدىيەسىنى خرىستىئان دىنىدىن ئالغان. خرىستىئانلار «ھەر بىر ئىنسان ئىلاھىي روھقا ئىگە ۋە بارلىق روھلار خۇدا ئالدىدا باراۋەر» دەپ قارايدۇ. ئەمما ئەگەر بىز خۇدا، يارىتىلىش ۋە روھ توغرىسىدىكى خرىستىئان ئەپسانىلىرىگە ئىشەنمىسەك، بارلىق ئىنسانلارنىڭ «باراۋەر» بولۇشى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

تەدرىجىي تەرەققىيات باراۋەرلىككە ئەمەس، پەرقلەرگە ئاساسلانغان. ھەر بىر ئىنسان ئوخشىمىغان گېن كودىغا ئىگە ۋە تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئوخشىمىغان مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان سۈپەت تەرەققىياتى، ئاندىن ئوخشىمىغان ياشاش پۇرستى مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا «باراۋەر يارىتىلغان» دېگەننى «پەرقلىق تەرەققىي قىلغان» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

بىئولوگىيە ئىلمىگە كۆرە، ئىنسانلار ھېچقاچان يارىتىلمىغاندەك، ئۇلارغا بىرەر نەرسە «ئاتا قىلىدىغان» بىر «ياراتقۇچى»مۇ يوق. پەقەت مەلۇم شەخسنى دۇنياغا كەلتۈرىدىغان مەقسەتسىز تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىلا بار. «ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان» دېگەننى پەقەت «تۇغۇلغان» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

شۇنىڭدەك، بىئولوگىيەدە ھوقۇق دېگەن نەرسە يوق. پەقەت ئورگانلار، ئىقتىدارلار ۋە ئالاھىدىلىكلەرلا بار. قۇشلار ئۇچۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قانىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇچىدۇ. بۇ ئورگانلار، ئىقتىدارلار ۋە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ «تارتىۋېلىنمايدىغان» بولۇشىمۇ ناتايىن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇتاتسىيەگە (تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە) ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. تۆگىقۇش ئۇچۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بىر قۇش. شۇڭا «تارتىۋېلىنمايدىغان ھوقۇقلار» دېگەننى «ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىكلەر» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

ئىنسانلاردا تەرەققىي قىلغان ئالاھىدىلىكلەر نېمە؟ «ياشاش ئىقتىدارى» چوقۇم بار. ئەمما «ئەركىنلىك»چۇ؟ بىئولوگىيەدە بۇنداق نەرسە يوق. ئەركىنلىك خۇددى ھوقۇق، باراۋەرلىك ۋە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىگە ئوخشاشلا، ئىنسانلار ئويدۇرۇپ چىققان ۋە پەقەت ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت بولغان نەرسە. بىئولوگىيەلىك نۇقتىدىن قارىغاندا،

دېموكراتىك جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار ئەركىن، دىكتاتورلۇق ئاستىدىكى ئىنسانلار ئەركىن ئەمەس دېيىش ئاقمايدۇ. «بەخت ـ سائادەت»چۇ؟ ھازىرغىچە بىئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار بەخت ـ سائادەتنىڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈلۈشى ياكى ئۇنى ئوبيېكتىپ ئۆلچەش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالمىدى. كۆپىنچە بىئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار پەقەت ئېنىقراق چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆلچەش مۇمكىن بولغان ھۇزۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا «ياشاش، ئەركىنلىك ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلىش» دېگەننى «ھايات ۋە ھۇزۇرغا ئىنتىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

مانا بۇ ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدىكى جۈملىنىڭ بىئولوگىيەلىك ئاتالغۇلار بويىچە تەرجىمە قىلىنىشى:

«بىزنىڭچە بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئايانكى، بارلىق ئىنسانلار ئوخشىمىغان تەرەققىي قىلغان، ئۇلار مەلۇم ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تۇغۇلغان، بۇلارنىڭ قاتارىدا ھايات ۋە ھۇزۇرغا ئىنتىلىش بار».

باراۋەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەرەپدارلىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سەۋەبلەردىن تېرىكىپ: «بىز كىشىلەرنىڭ بىئولوگىيەلىك جەھەتتىن باراۋەر ئەمەسلىكىنى بىلىمىز! ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ ماھىيەتتە باراۋەر ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنسەك، بۇ بىزنى مۇقىم ۋە گۈللەنگەن جەمئىيەت قۇرۇشقا قادىر قىلىدۇ» دېيىشى مۇمكىن. مەن بۇنىڭغا قارشى ئەمەس. مەن دەل «تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ» دېگەندە مۇشۇنى كۆرسىتىمەن. بىز مەلۇم بىر تەرتىپكە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئىشىنىش بىزنى ئۈنۈملۈك ھەمكارلىششقا ۋە تېخىمۇ ياخشى جەمئىيەت قۇرۇشقا قادىر قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىشىنىمىز. تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپلەر رەزىل سۇيىقەست ياكى قۇرۇق خىيالەت ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلار كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىششىنىڭ بىردىنبىر يولى. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، خامۇرابى ئۆزىنىڭ دەرىجە پرىنسىپىنى ئوخشاش مەنتىقە بىلەن قوغداپ: «مەن يۇقىرى تەبىقىلىكلەر، پۇقرالار ۋە قۇللارنىڭ ماھىيەتتە ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ پەرقلىق ئىنسانلار ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، بۇ بىزنى مۇقىم ۋە گۈللەنگەن جەمئىيەت قۇرۇشقا قادىر قىلىدۇ» دېيىشى مۇمكىن.

ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەر

يۇقىرىقى ئابزاسلارنى ئوقۇش جەريانىدا نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرالماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە كۆپىنچىمىز بۈگۈن مۇشۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇشقا تەربىيىلەنگەن. خامۇرابى قانۇنىنىڭ ئەپسانە ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش ئاسان، ئەمما كىشىلىك ھوقۇقنىڭمۇ ئەپسانە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاشنى خالىمايمىز. ئەگەر كىشىلەر كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پەقەت تەسەۋۋۇردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ۋەيران

بولۇش خەۋپى يوقمۇ؟ ۋولتېر خۇدا ھەققىدە: «خۇدا يوق، ئەمما بۇنى خىزمەتكارىمغا ئېيتماڭلار، بولمىسا ئۇ مېنى كېچىدە ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن» دېگەن. خاممۇرابىمۇ ئۆزىنىڭ دەرىجە پرىنسىپى ھەققىدە، توماس جېففېرسونمۇ كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە ئاشۇنداق گەپنى قىلىشى مۇمكىن. ئۆمۈچۈك، سىرتلان ۋە شىمپانزىلارنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى بولمىغىنىدەك، ھومو ساپىيانسنىڭمۇ تەبىئىي ھوقۇقى يوق، ئەمما بۇنى خىزمەتكارلىرىمىزغا ئېيتماڭلار، بولمىسا ئۇلار بىزنى كېچىدە ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

بۇنداق قورقۇنچلار ئورۇنلۇق. تەبىئىي تەرتىپ مۇقىم تەرتىپتۇر. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قالسىمۇ، ئەتە يەر تارتىش كۈچىنىڭ توختاپ قېلىش ئېھتىماللىقى يوق. ئەكسىچە، تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ ھەمىشە ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەپسانىلەرگە تايىنىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قالسا ئەپسانىلەر يوقىلىپ كېتىدۇ. تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن توختاۋسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش زۆرۈر. بۇ كۈچلەرنىڭ بەزىلىرى زوراۋانلىق ۋە مەجبۇرلاش شەكلىدە بولىدۇ. قوشۇنلار، ساقچىلار، سوتلار ۋە تۈرمىلەر كىشىلەرنى تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپكە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئىشلەيدۇ. قەدىمكى بابىللىق بىرى قوشنىسىنىڭ كۆزىنى كور قىلسا، «كۆزگە كۆز» قانۇنىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئادەتتە زوراۋانلىق قوللىنىش زۆرۈر بولغان. 1860 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق پۇقرالارنىڭ كۆپ قىسمى ئافرىقىلىق قۇللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى، شۇڭا ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە خۇلاسىگە كەلگەندە، جەنۇبىي شتاتلارنى بۇنىڭغا قوشۇلدۇرۇش ئۈچۈن قانلىق ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەن.

بىراق، تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنى پەقەت زوراۋانلىق بىلەنلا ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا يەنە بەزى ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەر كېرەك. شاھزادە تالىيران ئۆزىنىڭ خامىلىيوندەك ئۆزگىرىشچان سىياسىي ھاياتىنى 16 ـ لۇئىس دەۋرىدە باشلاپ، كېيىن ئىنقىلابقا ۋە ناپولېئون ھۆكۈمەتلىرىگە خىزمەت قىلغان؛ ساداقىتىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، پادىشاھلىققا خىزمەت قىلىش كۈنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇ نەچچە ئون يىللىق ھۆكۈمەت تەجرىبىسىنى خۇلاسىلەپ: «سىز ملتىق نەيزىسى بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايسىز، ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش بەك بىئەپ» دېگەن. بىر پوپ كۆپ ھاللاردا يۈز ئەسكەرنىڭ ئىشىنى تېخىمۇ قولاي ۋە ئۈنۈملۈك قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ملتىق نەيزىسى قانچىلىك ئۈنۈملۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى بىر كىم تۇتۇشى كېرەك. نېمە ئۈچۈن ئەسكەرلەر، تۈرمە باشقۇرغۇچىلار، سوتچىلار ۋە ساقچىلار ئۆزلىرى ئىشەنمەيدىغان تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك؟ بارلىق ئىنسانىي كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ئىچىدە، تەشكىللەش ئەڭ قىيىن بولغىنى زوراۋانلىقتۇر. بىر ئىجتىمائىي تەرتىپنى ھەربىي كۈچ بىلەن ساقلىغىلى بولىدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ھەربىي تەرتىپنى نېمە ساقلايدۇ؟ قوشۇننى پەقەت مەجبۇرلاش بىلەنلا تەشكىللەش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ كەم دېگەندە، بەزى قوماندانلار ۋە ئەسكەرلەر مەيلى ئۇ خۇدا، شەرەپ، ۋەتەن، ئەرلىك ياكى پۇل بولسۇن، بىر نەرسىگە ھەقىقىي ئىشىنىشى كېرەك.

تېخمۇ قىزىقارلىق مەسىلە جەمئىيەت پىرامىدىسىنىڭ چوققىسىدا تۇرغانلارغا مۇناسىۋەتلىك. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرى ئىشەنمەيدىغان تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنى يۇرگۈزۈشنى خالايدۇ؟ جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي قاراش شۇكى، يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر شەخسىيەتچى ھەم نەپسانىيەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىغان تەركى دۇنياچىنىڭ نەپسانىيەتچى بولۇشى ناتايىن. ھومو ساپىيانسنىڭ ئوبيېكتىپ بىئولوگىيەلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ نەرسە كەتمەيدۇ. بۇ ئېھتىياجلار قاندۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپرەك پۇلنى پىرامىدا قۇرۇشقا، دۇنيانى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىشقا، سايلام تەشۋىقاتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە، ئۆزى ياقتۇرىدىغان تېررورلۇق تەشكىلاتىنى قوللاشقا ياكى پاي بازىرىغا مەبلەغ سېلىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشقا خەجلىگىلى بولىدۇ؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى تەركى دۇنياچى پۈتۈنلەي مەنىسىز دەپ قارايدىغان پائالىيەتلەردۇر. تەركى دۇنيا ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى گرېك پەيلاسوپى دىئوگېنېس بىر تۇڭنىڭ ئىچىدە ياشىغان. بىر قېتىم ئۇ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغاندا، بۈيۈك ئىسكەندەر ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، سىنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەمدىمەن دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھەئە، سەن قۇياشنى توسۇۋالماي نېرىراق تۇرساڭ، مەن ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بەرگەن بولىسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مانا بۇ تەركى دۇنياچىلارنىڭ ئىمپېرىيە قۇرمايدىغانلىقىنىڭ ۋە تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنىڭ پەقەت نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ سەر خىللار ۋە بىخەتەرلىك كۈچلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىشەنگەندىلا ساقلىنىپ قالالايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئەگەر ئېپىسكوپلار ۋە روھانىيلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەيساغا ئىشەنمىگەن بولسا، خرىستىيانلىق 2000 يىل داۋاملاشمىغان بولاتتى. ئەگەر پرېزىدېنتلار ۋە كونگرېس ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى كىشىلىك ھوقۇققا ئىشەنمىگەن بولسا، ئامېرىكا دېموكراتىيەسى 250 يىل داۋاملاشمىغان بولاتتى. ئەگەر مەبلەغچىلەر ۋە بانكىرلارنىڭ كۆپ قىسمى كاپىتالىزمغا ئىشەنمىگەن بولسا، زامانىۋى ئىقتىسادىي سىستېما بىر كۈنمۇ داۋاملاشمىغان بولاتتى.

تۈرمە تاملىرى

سىز كىشىلەرنى خرىستىئانلىق، دېموكراتىيە ياكى كاپىتالىزمغا ئوخشاش تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپكە قانداق ئىشەندۈرىسىز؟ بىرىنچىدىن، سىز تەرتىپنىڭ تەسەۋۋۇردا ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايسىز. سىز جەمئىيەتنى ساقلاپ تۇرغان تەرتىپنىڭ ئۇلۇغ ئىلاھلار ياكى تەبىئەت قانۇنلىرى ياراتقان ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىسىز. كىشىلەر باراۋەر ئەمەس، چۈنكى خاممۇرابى شۇنداق دېگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېنلىل ۋە ماردۇك شۇنداق بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن. كىشىلەر باراۋەر، چۈنكى توماس جېففېرسون شۇنداق دېگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدا ئۇلارنى شۇنداق ياراتقانلىقى ئۈچۈن. ئەركىن بازار ئەڭ ياخشى

ئىقتىسادىي سىستېما، چۈنكى ئادەم سىمىس شۇنداق دېگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇلار ئۆزگەرمەس تەبىئەت قانۇنلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن.

سىز يەنە كىشىلەرنى تولۇق تەربىيلەيسىز. ئۇلار تۇغۇلغان ۋاقتتىن باشلاپ، سىز ئۇلارغا تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنىڭ پرىنسىپلىرىنى توختىماي ئەسلىتىپ تۇرىسىز، بۇ پرىنسىپلار ھەر نەرسىگە ـ ھېكايە ـ چۆچەكلەر، دراما، رەسىم، ناخشا، ئەدەپ ـ ئەخلاق، سىياسىي تەشۋىقات، مېمارچىلىق، تاماق تەييارلاش ئۇسۇللىرى ۋە باشقا مودا نەرسىلەرگە سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، بۈگۈن كىشىلەر باراۋەرلىككە ئىشىنىدۇ، شۇڭا باي بالىلارنىڭ ئەسلىدە ئىشچىلار كىيىدىغان پادىچىلار شىمى كىيىشى مودا بولۇپ قالغان. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كىشىلەر سىنىپىي پەرقلەرگە ئىشەنگەن، شۇڭا ھېچقانداق ياش ئاقسۆڭەك دېھقاننىڭ كۆڭلىكىنى كىيمىگەن. ئۇ چاغدا «جانابلىرى» ياكى «خانىم» دەپ خىتاب قىلىنىش ئاقسۆڭەكلەرگىلا خاس نادىر ئىمتىياز بولۇپ، ئۇ ئىمتىيازلارمۇ كۆپ ھاللاردا قان تۆكۈپ جەڭ قىلىش بەدىلىگە سېتىۋېلىنغان. بۈگۈن بارلىق سىپايە خەتلەر، قوبۇل قىلغۇچىنىڭ كىملىكىدىن قەتئىينەزەر، «ھۆرمەتلىك جانابلىرى ياكى خانىم» دەپ باشلىنىدۇ.

ئادەمىيەتشۇناسلىق (فىلولوگىيە) ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنىڭ تۇرمۇشنى قانداق گۈزەللەشتۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە بەكرەك كۈچ سەرپ قىلىدۇ. بىز پەقەت كۈچىمىز يەتكەن دائىرىدە ئۇ ھەقتە يۈزەكى توختىلالايمىز. كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تەشكىللەيدىغان تەرتىپنىڭ پەقەت تەسەۋۋۇردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئۈچ ئاساسلىق ئامىل بار:

1. تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ ماددىي دۇنياغا سىڭىپ كەتكەن. تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ پەقەت زېھنىمىزدىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇ ئەتراپىمىزدىكى ماددىي رېئاللىقتا ئويدۇرۇلغان، ھەتتا تاشقا ئويۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۈگۈنكى غەربلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەخسنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز ئالدىغا بىر شەخس ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۇ توغرىسىدىكى پىكرىگە باغلىق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ. ھەر بىرىمىزنىڭ ئىچىدە ھاياتىمىزغا قىممەت ۋە مەنە بېرىدىغان پارلاق نۇر بار. زامانىۋى غەرب مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئەگەر ساۋاقداشلىرى ئۇلارنى مەسخىرە قىلسا، پەرۋا قىلماسلىقنى، باشقىلار ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

زامانىۋى مېمارچىلىقتا، بۇ ئەپسانە تەسەۋۋۇردىن چىقىپ تاش ـ خىش بىلەن شەكىللىنىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك زامانىۋى ئۆي نۇرغۇن كىچىك ھۇجرىلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇ ھەر بىر بالىغا ئايرىم تۇرىدىغان بوشلۇق ۋە مۇستەقىللىق تەمىنلەيدۇ. بۇ شەخسىي ئۆينىڭ چوقۇم ئىشىكى بولىدۇ، كۆپ ئائىلىلەردە بالىنىڭ ئىشىكنى يېپىشى، ھەتتا قۇلۇپلىۋېلىشى نورمال ئەھۋال دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئىشىكنى چەكمەي ۋە رۇخسەت سورىماي كىرەلمەيدۇ. ئۆي بالىنىڭ خاھىشى بويىچە بېزىلىدۇ، تامدا روك مۇزىكىسى چولپانلىرىنىڭ

رەسملىرى، پولدا كىر پايپاقلار بولىدۇ. مۇشۇنداق بوشلۇقتا چوڭ بولغان كىشى ئۆزىنى «شەخس» دەپ تەسەۋۋۇر قىلماي تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى سىرتتىن ئەمەس، ئىچىدىن كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاقسۆڭەكلەر شەخسنىڭ كۈچىگە ئىشەنمەيتتى. بىر كىشىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇ توغرۇلۇق نېمە دېگەنلىكى بىلەن بەلگىلىنەتتى. مەسخىرە قىلىنىش ئېغىر ھاقارەت ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر باللىرىغا ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي ياخشى نام ـ ئابرۇيىنى قوغداشنى ئۆگىتەتتى. زامانىۋى شەخسىيەت ئېڭىغا ئوخشاش، ئوتتۇرا ئەسىر قىممەت سىستېمىسىمۇ تەسەۋۋۇردىن چىقىپ ئوتتۇرا ئەسىر قەلئەلىرىنىڭ تېشىدا نامايان بولغان. قەلئەدە بالىلارغا (ياكى باشقىلارغا) خاس ھۇجرىلار ناھايىتى ئاز بولاتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى بارون ئوغلىنىڭ قەلئەنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە، تاملىرىغا شىر يۈرەك رىچارد ۋە پادىشاھ ئارتۇرنىڭ رەسملىرى چاپلانغان، ئاتا ـ ئانىسى ئاچالمايدىغان قۇلۇپلۇق ئىشىك بېكىتىلگەن شەخسىي ئۆيى يوق ئىدى. ئۇ چوڭ زالدا باشقا ياشلار بىلەن بىللە ئۇخلايتتى. ئۇ ھەمىشە باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا بولاتتى ۋە باشقىلارنىڭ نېمىنى كۆرۈپ، نېمە دەيدىغانلىقىنى ئويلىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا چوڭ بولغان كىشى تەبىئىي ھالدا بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنىڭ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇ توغرۇلۇق نېمە دېگەنلىكى بىلەن بەلگىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خۇلاسىگە كېلەتتى.

2. تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر ئۆز ھاياتىنى باشقۇرىدىغان تەرتىپنىڭ تەسەۋۋۇردا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئادەم ئالدىن مەۋجۇت بولغان تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ قوينىدا تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ئۇ تۇغۇلغاندىن باشلاپلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئەپسانىلەر تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ شەخسىي ئارزۇلىرى تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇھاپىزەتچىسىگە ئايلىنىدۇ.

مەسىلەن، ھازىرقى غەربلىكلەرنىڭ ئەڭ قەدىرلەيدىغان ئارزۇلىرى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن رومانتىزم، مىللەتچىلىك، كاپىتالىزم ۋە ئادەمىيەتچىلىك ئەپسانىلىرى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن. دوستلار مەسلىھەت بەرگەندە كۆپىنچە بىر ـ بىرىگە «قەلبىڭنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سال» دەيدۇ. ئەمما قەلب ئادەتتە يېتەكچى ئورۇندىكى ئەپسانىلەردىن كۆرسەتمە ئالىدىغان قوش تەرەپلىك جاسۇستۇر، «قەلبىڭنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سال» دېگەن تەۋسىيەمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ رومانتىك ئەپسانىلىرى بىلەن 20 ـ ئەسىردىكى ئىستېمالچىلىق ئەپسانىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كاللىمىزغا سىڭدۈرۈلگەن تەۋسىيەدۇر. مەسىلەن، كوكا ـ كولا شىركىتى كوكا ـ كولا ساغلاملىق ئىچىملىكى (Diet Coke) نى پۈتۈن دۇنياغا تەشۋىق قىلغاندا «كوكا ـ كولا ساغلاملىق ئىچىملىكىنى ئىچىپ، كەيپىڭنى سۈر» دېگەن شۇئار بىلەن تەشۋىق قىلغان.

ھەتتا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ شەخسىي ئارزۇلىرى دەپ قارايدىغان نەرسىلەرمۇ ئادەتتە تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ تەرىپىدىن پروگراممىلانغان. مەسىلەن، چەت ئەلگە ساياھەتكە بېرىش ئارزۇسىنى ئالايلى. بۇنىڭدا تەبىئىي ياكى ئېنىق بولغان ھېچقانداق نەرسە يوق. بىر شىمپانزا ئاتامانى ئۆز كۈچىنى قوشنا شىمپانزا گورۇپپىسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە ساياھەتكە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىشنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ. قەدىمكى مىسىر كاتتىلىرى ئۆز بايلىقلىرىنى پىرامىدا قۇرۇشقا ۋە جەسەتلىرىنى مومىيا قىلىشقا سەرپ قىلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بابىلغا سودىغا بېرىشنى ياكى فىنىكىيەگە چاڭغا تېيىلىش ساياھىتىگە بېرىشنى ئويلىمىغان. بۈگۈنكى كىشىلەر چەت ئەل ساياھىتىگە كۆپ پۇل خەجلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار رومانتىك ئىستېمالچىلىق ئەپسانىلىرىگە ھەقىقىي ئىشىنىدۇ.

رومانتىزم بىزگە يوشۇرۇن كۈچىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر كۆپ خىل تەجرىبىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى، ھەر خىل كەيپىياتقا ھازىر بولۇشىمىز ، ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى سىناپ كۆرۈشىمىز، ھەر خىل تائاملارنى تېتىشىمىز، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى مۇزىكىلاردىن زوقلىنىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنى قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىدىن بىرى كوندىلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇش، تونۇش مۇھىتنى تاشلاپ، يىراق يۇرتلارغا ساياھەتكە بېرىش بولۇپ، ئۇ يەردە باشقا كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتى، پۇراقلىرى، تەملىرى ۋە ئادەتلىرىنى «تەجرىبە» قىلغىلى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بىز بۈگۈن «يېڭى كەچمىشلەر كۆزۈمنى ئېچىپ، ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى» دېگەن رومانتىك ئەپسانىلەرنى قايتا-قايتا ئاڭلايمىز.

ئىستېمالچىلىق بىزگە بەختلىك بولۇش ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر كۆپ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتلەرنى ئىستېمال قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەگەر بىز بىرەر نەرسىنىڭ كەم ياكى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلساق، ئۇنداقتا بىز چوقۇم بىرەر مەھسۇلات (ماشىنا، يېڭى كىيىم-كېچەك، ئورگانىك يېمەكلىك) ياكى مۇلازىمەت (ئۆي تازىلاش، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن مەسلىھەت سوراش، يوگا دەرسى) سېتىۋېلىشىمىز كېرەك. ھەر بىر تېلېۋىزور ئېلانى مەلۇم مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنى ئىستېمال قىلىشنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلايدىغانلىقى ھەققىدىكى كىچىك ئەپسانىدۇر.

خىلمۇخىللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان رومانتىزم ئىستېمالچىلىق بىلەن مۇكەممەل ماسلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ «نىكاھى»دىن ھەددى-ھېسابسىز «تەجرىبە بازىرى»نى تۇغۇلدى، زامانىۋى ساياھەتچىلىك ئەنە شۇ ئاساستا قۇرۇلدى. ساياھەتچىلىك شىركەتلىرى ئايروپىلان بېلىتى ۋە مېھمانخانا ياتىقى ساتمايدۇ. ئۇلار تەجرىبىلەرنى ساتىدۇ. پارىژ بىر شەھەر ئەمەس، ھىندىستانمۇ بىر دۆلەت ئەمەس - ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەجرىبە، ئۇلارنى ئىستېمال قىلغاندا نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىدۇ، يوشۇرۇن كۈچىمىز جارى بولىدۇ، بىز تېخىمۇ بەختلىك بولىمىز. شۇ سەۋەبتىن، بىر مىليونېر بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەندە، ئۇ ئايالىنى پارىژغا قىممەت باھالىق ساياھەتكە ئاپىرىدۇ. بۇ ساياھەت مەلۇم مۇستەقىل ئارزۇنىڭ

ئېپادىسى ئەمەس، بەلكى رومانتىك ئىستېمالچىلىق ئەپسانىلىرىگە بولغان قىزغىن ئېتىقادىنىڭ ئېپادىسى. قەدىمكى مىسىردىكى بىر باي ئادەم خوتۇنى بىلەن سوقۇشۇپ قالسا، بابىلغا ساياھەتكە ئاپىرىپ ھەل قىلىشنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۇ ئايالى ھەمىشە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھەشەمەتلىك قەبرىنى ياساپ بەرگەن بولاتتى.

كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەردىكى ئىنسانلار قەدىمكى مىسىر كاتتىلىرىغا ئوخشاش، ئۆمرىنى پىرامىدا قۇرۇشقا بېغىشلىغان. پەقەت ئۇ پىرامىدىلارنىڭ نامى، شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىلا مەدەنىيەتلەرگە قاراپ ھەر خىل بولغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ بەزىلىرى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ۋە ھەمىشە يېشىل تۈرىدىغان چىملىقى بار شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە ئوخشاش ياسالغان بولۇشى، بەزىلىرى كىشى ھەۋەس قىلغۇدەك پارلاق مەنزىرىسى بار بىنا ئۈستى ئۆيلىرىگە ئوخشاش ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. بىزلەرگە پىرامىدا سېلىش ئارزۇسى ئاتا قىلغان ئەپسانىلەرگە گۇمان بىلەن قارىغۇچىلار يوق دېيەرلىك.

3. تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ ئۆزئارالىق سۇبيېكتىپ بولىدۇ. مەن ھەتتا بىر ئىنسانغا خاس بولمىغان تىرىشچانلىق بىلەن شەخسىي ئارزۇلىرىمنى تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنىڭ تۇتقۇنلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان تەقدىردىمۇ، مەن پەقەت بىرلا ئادەم. تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەن مىليونلىغان ناتونۇش كىشىلەرنى مەن بىلەن ھەمكارلىششقا قايىل قىلىشىم كېرەك. چۈنكى تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىلا مەۋجۇت بولغان سۇبيېكتىپ تەرتىپ ئەمەس، ئۇ مىڭلىغان، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق تەسەۋۋۇرىدا مەۋجۇت بولغان سۇبيېكتىپ تەرتىپتۇر .

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز «ئوبيېكتىپ»، «سۇبيېكتىپ» ۋە «ئۆزئارالىق سۇبيېكتىپ» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىشىمىز كېرەك .

ئوبيېكتىپ ھادىسە ئىنسان ئېڭى ۋە ئىنسان ئېتىقادلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، رادىئاكتىپلىق ھادىسە بىر ئەپسانە ئەمەس. رادىئاكتىپلىق رادىئاتسىيە كىشىلەر ئۇنى بايقاشتىن بۇرۇنلا يۈز بەرگەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ خەتەرلىك. رادىئاكتىپلىقنى بايقىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان مارىيە كۇرى رادىئاكتىپ ماتېرىياللارنى ئۇزۇن يىللار تەتقىق قىلغان مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ئىنسان بەدىنىگە زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ رادىئاكتىپلىق تەسىرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا رادىئاكتىپ ماتېرىياللار بىلەن ھەددىدىن زىيادە ئۇچرىشىشتىن كېلىپ چىققان كەم قانلىق كېسىلى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى .

18. گىزا بۈيۈك پىرامىداسى، قەدىمكى مىسىردىكى بايلار پۇل چىقىرىپ سالدۇرغان.

سۇبيېكتىپ ھادىسە بولسا مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئېڭى ۋە ئېتىقادىغا باغلىق ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شەخس ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتسە، ئۇ يوقىلىدۇ ياكى ئۆزگىرىدۇ. نۇرغۇن باللار دۇنيانىڭ باشقا بىر يېرىدە ئۆزى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ باقمىغان بىر خيالي دوستىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىدۇ. خيالي دوست پەقەت بالىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ، بالا چوڭ بولۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قالغاندا، خيالي دوست يوقاپ كېتىدۇ .

ئۆزئارا سۇبيېكتىپلىق نۇرغۇن شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنى باغلايدىغان ئالاقە تورى ئىچىدە مەۋجۇت بولىدىغان نەرسىدۇر. ئەگەر مەلۇم بىر شەخس ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتسە ياكى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنىڭ كارى چاغلىق. ھالبۇكى، ئەگەر توردىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئۆلۈپ

كەتسە ياكى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتسە، ئۆزئارالىق سۇبيېكتىپ ھادىسە ئۆزگىرىدۇ ياكى يوقىلىدۇ. ئۆزئارالىق سۇبيېكتىپ ھادىسىلەر خائىنلارچە ئالدامچىلىق ياكى ئەھمىيەتسىز ئويۇنمۇ ئەمەس. ئۇلار رادىئاكتىپلىققا ئوخشاش فىزىكىلىق ھادىسىلەردىن پەرقلىق شەكىلدە مەۋجۇت، ئەمما ئۇلارنىڭ دۇنياغا بولغان تەسىرى يەنىلا ناھايىتى زور بولۇشى مۇمكىن. تارىختىكى ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنىڭ كۆپىنچىسى، مەسىلەن قانۇن، پۇل، ئىلاھلار، دۆلەتلەر ئۆزئارالىق سۇبيېكتىپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن، پېگوت شىركىتى باش ئىجرائىيە مۇدىرىنىڭ خىيالىي دوستى ئەمەس. شىركەت مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق تەسەۋۋۇرىدا مەۋجۇت. باش ئىجرائىيە مۇدىرى شىركەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىدۇ، چۈنكى دىرېكتورلار كېڭىشىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، شىركەتنىڭ ئادۋوكاتلىرى، يېقىن ئەتراپتىكى ئىشخانىلارنىڭ كاتىپلىرى، بانكىدىكى كاسىرلار، پاي بازىرىدىكى ۋاستىچىلار ۋە فرانسىيەدىن ئاۋستىرالىيەگىچە بولغان ماشىنا سودىگەرلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئەگەر باش ئىجرائىيە مۇدىرىنىڭ ئۆزى پېگوتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەي قالسا، ئۇ دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى سارائىلار دوختۇرخانىسىغا يوللىنىدۇ ۋە باشقا بىرى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ .

شۇنىڭغا ئوخشاش، دوللار، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى نەچچە مىليارد ئىنسانىنىڭ ئورتاق تەسەۋۋۇرىدا مەۋجۇت، ھېچقانداق شەخس ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سالالمايدۇ. ئەگەر مەن بىر كىشى دوللارغا، كىشىلىك ھوقۇققا ياكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا ئىشەنمەي قالسام، بۇنىڭ كارى چاغلىق. تەسەۋۋۇردىكى بۇ تەرتىپلەر ئۆزئارالىق سۇبيېكتىپ، شۇڭا ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نەچچە مىليارد ئىنساننىڭ ئېڭىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، بۇ ئاسان ئەمەس. بۇنداق چوڭ كۆلەملىك ئۆزگىرىشنى پەقەت سىياسىي پارتىيە، ئىدىيەۋى ھەرىكەت ياكى دىنىي مەزھەپكە ئوخشاش مۇرەككەپ تەشكىلاتنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق مۇرەككەپ تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن ناتونۇش كىشىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا قايىل قىلىش زۆرۈر. ئۇ پەقەت ئاشۇ ناتونۇش كىشىلەر مەلۇم ئورتاق ئەپسانىلەرگە ئىشەنگەندىلا يۈز بېرىدۇ. دېمەك، مەۋجۇت تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن باشقا بىر تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپكە ئىشىنىشىمىز كېرەك .

مەسىلەن، پېگوت شىركىتىنى پارچىلاش ئۈچۈن، فرانسىيە قانۇن سىستېمىسىغا ئوخشاش تېخىمۇ كۈچلۈك نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز كېرەك. فرانسىيە قانۇن سىستېمىسىنى پارچىلاش ئۈچۈن فرانسىيە دۆلىتىگە ئوخشاش تېخىمۇ كۈچلۈك نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇنىمۇ پارچىلىماقچى بولساق، ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز كېرەك .

تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپتىن چىقىش يولى يوق. بىز تۇرمە تاملىرىمىزنى چېقىپ ئەركىنلىككە قاراپ يۈگۈرگىنىمىزدە، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ چوڭ تۇرمىنىڭ تېخىمۇ كەڭ مەشىق مەيدانىغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقان بولىمىز.

7. زىيادە ئەس ـ خاتىرە

تەدرىجىي تەرەققىيات ئىنسانلارنى پۇتبول ئوينىيالايدىغان قىلىپ چىقمىغان. دەرۋەقە، ئۇ تەپكىلى پۇت، خاتا ھەرىكەت قىلغىلى جەينەك ۋە تىللاشقىلى ئېغىز بەرگەن، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە پەقەت ئۆزىمىز جازا توپ تېپىشنى مەشىق قىلىش ئىمكانىيىتىنىلا بەرگەن. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەكتەپ ھويلىسىدا ئۇچراتقان ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بىللە توپ تېپىش ئۈچۈن، بىز ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئون نەپەر كوماندا ئەزاسى بىلەن ماسلىشىپلا قالماي، يەنە قارشى تەرەپتىكى ئون بىر نەپەر توپچىنىڭمۇ ئوخشاش قائىدە بويىچە ئوينايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. باشقا ھايۋانلار ئۆز قائىدىسى بويىچە ياتلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئاساسەن تەبئىي ئىستەكلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ؛ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۈچۈكلەرنىڭ قوپال ئويۇن قائىدىلىرى ئۇلارنىڭ گېنلىرىغا سىڭدۈرۈلگەن. ئەمما ئۆسمۈرلەرنىڭ پۇتبول گېنى يوق. شۇنداقتىمۇ ئۇلار پۈتۈنلەي ناتونۇش باللار بىلەن توپ مۇسابىقىسى ئوينىيالايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇتبول ھەققىدە ئوخشاش چۈشەنچىلەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ چۈشەنچىلەر پۈتۈنلەي خىيالىي، ئەمما ئۇنى ھەممەيلەن ئورتاقلاشساق، ھەممىمىز پۇتبول ئوينىيالايمىز .

بۇ چوڭراق كۆلەمدە پادىشاھلىقلار، چېركاۋلار ۋە سودا تورلىرىغىمۇ ماس كېلىدۇ، پەقەت مۇھىم بىر پەرق بار. پۇتبول قائىدىلىرى نىسبەتەن ئاددىي ۋە قىسقا، خۇددى ئوۋچى ـ غەنىمەتچى گۇرۇپپىسى ياكى كىچىك يېزىدىكى ھەمكارلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قائىدىلەرگە ئوخشاش. ھەر بىر پۇتبولچى ئۇلارنى ئاسانلا ئېسىدە ساقلىيالايدۇ ھەمدە ناخشا، رەسىم ۋە سودا تىزىملىكلىرىنى ئېسىدە تۇتۇش ئۈچۈن كاللىسىدا يەنە ئورۇن قالدۇرالايدۇ. ئەمما يىگىرمە ئىككى ئەمەس، بەلكى مىڭلىغان، ھەتتا مىليونلىغان ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ ھەمكارلىق سىستېمىلىرى زور مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ھەر قانداق بىر ئىنسان مېڭىسىنىڭ سىغدۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىدۇ .

چۈمۈلە ۋە ھەرىلەرگە ئوخشاش باشقا تۈرلەردە كۆرۈلگەن چوڭ جەمئىيەتلەر مۇقىم ھەم مۇستەھكەم، چۈنكى ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى گېن گۇرۇپپىسىغا كودلانغان. مەسىلەن، بىر چىشى ھەرە قۇرتى قانداق ئوزۇقلاندۇرۇلۇشىغا قاراپ، خانىش ياكى ئىشچى بولۇپ چوڭ بولالايدۇ. ئۇنىڭ **DNA** سى ھاياتتا قايسى رولنى ئۆتەيدىغانلىقىغا قاراپ زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەرنى پروگراممىلايدۇ. ھەرە

كۆنكى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇپ، يىغقۇچى، باققۇچى ۋە تازىلىغۇچىغا ئوخشاش كۆپ خىل ئىشچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ھازىرغىچە تەتقىقاتچىلار ئادۋوكات ھەرىلەرنى بايقىيالمىدى. ھەرىلەرگە ئادۋوكات كېرەك ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆنەك ئاساسىي قانۇننى ئۇنتۇپ قېلىش ياكى بۇزۇش خەۋپى يوق. خانىش ھەرە تازىلىغۇچى ھەرىلەرنىڭ ئوزۇقنى ئالداپ ئېلىۋالمايدۇ، ئۇلارمۇ يۇقىرى مائاش تەلەپ قىلىپ ئىش تاشلىمايدۇ .

ئەمما ئىنسانلار بۇنداق ئىشلارنى داۋاملىق قىلىپ تۇرىدۇ. ساپىيانس ئىجتىمائىي تەرتىپى تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇنى ماڭغۇزۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىم ئۇچۇرلارنى پەقەت **DNA** نۇسخىلىرىنى كۆپەيتىپ ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىقلا ساقلاپ قالالمايدۇ. قانۇن، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىجرائات ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاڭلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك، بولمىسا ئىجتىمائىي تەرتىپ تېزلا يىمىرىلىپ كېتىدۇ.

پادىشاھلىقلار زور مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى ھاسىل قىلىدۇ. قانۇنلاردىن سىرت، پادىشاھلىقلار سودا ـ سېتىق ۋە باج ـ سېلىقنىڭ ھېسابىنى، ھەربىي تەمىنات ۋە سودا كېمىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى، بايرام ۋە غەلىبىلەرنىڭ كالېندارلىرىنى تۇتۇشى كېرەك. مىليونلىغان يىللار جەريانىدا كىشىلەر ئۇچۇرلارنى پەقەت بىرلا جايدا ـ مېڭىلىرىدە ساقلىغان. بەختكە قارشى، ئىنسان مېڭىسى پادىشاھلىق كۆلىمىدىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئۈچۈن ياخشى ساقلاش ئۈسكۈنىسى ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچ ئاساسلىق سەۋەبى بار:

بىرىنچىسى، ئۇنىڭ سىغىمى چەكلىك. دەرۋەقە، بەزى كىشىلەرنىڭ ھەيران قالارلىق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بار، قەدىمكى زامانلاردا پۈتۈن ئۆلكىلەرنىڭ يەر شەكلى ۋە پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ماددىلىرىنى ئېسىدە ساقلىيالايدىغان مۇتەخەسسىلەر بولغان. شۇنداقتىمۇ، ئەڭ ماھىر ئەستە ساقلىغۇچىلارمۇ ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان بىر چەك بار. بىر ئادۋوكات ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ بارلىق قانۇن ماددىلىرىنى يادلىۋالالىشى مۇمكىن، ئەمما سالېم جادۇگەرلىك سوتىدىن7 تارتىپ بۇ شتاتتا يۈز بەرگەن بارلىق دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى يادلىيالمايدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىنسانلار ئۆلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مېڭىسىمۇ بىللە ئۆلىدۇ. مېڭىدە ساقلانغان ھەرقانداق ئۇچۇر بىر ئەسىردىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەلۋەتتە، خاتىرىلەرنى بىر

---

7 سالېم جادۇگەرلىك سوتى جادۇگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئەيىبلەش سوتى بولۇپ، 1692 ـ يىلدىن 1693 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ماسساچۇستېستا ئېچىلغان؛ 200 كىشى جادۇگەرلىك، جىنكەشلىك بىلەن شۇغۇللاندى دەپ ئەيىبلەنگەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى باشقا مۇستەملىكە رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلىنغان، 19 كىشى (14 ئايال، 5 ئەر) دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ـ ت

مېڭىدىن يەنە بىر مېڭىغا يەتكۈزۈش مۇمكىن، ئەمما بىر قانچە قېتىملىق يەتكۈزۈشتىن كېيىن، ئۇچۇرلار بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ ياكى يوقىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئىنسان مېڭىسى پەقەت مەلۇم خىلدىكى ئۇچۇرلارنىلا ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماسلاشقان. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ھايات قېلىش ئۈچۈن مىڭلىغان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان تۈرلىرىنىڭ شەكلى، سۈپىتى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەستە تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار كۈزدە قارىغاي دەرىخى ئاستىدا ئۆسكەن قورۇق سېرىق موگونىڭ زەھەرلىك بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى، ئەمما قىشتا دۇپ دەرىخى ئاستىدا ئۆسكەن ئوخشاش كۆرۈنۈشتىكى موگونىڭ ئاشقازان ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر يەنە نەچچە ئون گۇرۇپپا ئەزاسىنىڭ پىكرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر لۇسى (قىز) جونىنىڭ ئاۋارە قىلىشىنى توختىتىش ئۈچۈن گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن بىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولسا، جونىنىڭ ئۆتكەن ھەپتە مارى بىلەن جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا مارىنىڭ بۇ ئىشتا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدە تۇتۇشى مۇھىم ئىدى.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىن تېخىمۇ مۇرەككەپ جەمئىيەتلەر پەيدا بولغاندا، پۈتۈنلەي يېڭى خىلدىكى ئۇچۇر ـ سانلار مۇھىم بولۇپ قالدى. ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر چوڭ مىقداردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولمىغان. ھېچبىر ئوۋچى ـ غەنىمەتچى ئورمانلىقتىكى ھەر تۈپ دەرەختىكى مېۋىلەرنىڭ سانىنى ئەستە تۇتۇشقا موھتاج ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىنسان مېڭىسى سانلارنى ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماسلاشمىغان. ئەمما چوڭ پادىشاھلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، سانلىق مەلۇماتلار تولىمۇ مۇھىم ئىدى. قانۇن چىقىرىش ۋە قوغدىغۇچى ئىلاھلار ھەققىدە ھېكايىلەرنى ئېيتىش يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. باج ـ سېلىقمۇ يىغىش كېرەك ئىدى. يۈز مىڭلىغان كىشىلەردىن باج يىغىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ كىرىمى ۋە مۈلكى، تۆلەنگەن تۆلەملەر، قەرزلەر ۋە جەرىمانىلەر، باجدا ئېتىۋار قىلىش ياكى ئۇنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى توپلاش زۆرۈر ئىدى. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار مىليونلىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ھاسىل قىلدى، ئۇلارنى ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ئىدى. بۇ ئىقتىدار بولمىسا، دۆلەت ئۆزىنىڭ قانداق ئىقتىسادىي مەنبەلىرى بارلىقىنى ھەمدە قايسى مەنبەلەرنى ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى. بۇ سانلارنى ئەستە تۇتۇش، خاتىرىلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر بولغاندا، كۆپىنچە ئىنسان مېڭىسى ھېرىپ كېتەتتى ياكى ئۇخلاپ قالاتتى.

بۇ مېڭە چەكلىمىسى ئىنسانىي جەمئىيەتلەرنىڭ چوڭلۇقى ۋە مۇرەككەپلىكىنى قاتتىق چەكلىدى. مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ۋە مۈلۈكنىڭ سانى مەلۇم چەكتىن ئاشقاندا، زور مىقداردىكى ماتېماتىكىلىق مەلۇماتلارنى ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر بولدى. ئىنسان مېڭىسى بۇنى قىلالمىغاچقا، سىستېما يىمىرىلىپ كەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى

مىڭلىغان يىللار جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تورى نىسبەتەن كىچىك ۋە ئاددىي پېتى قالدى.

بۇ مەسىلىنى تۇنجى بولۇپ ھەل قىلغانلار قەدىمكى سۇمېرلار بولۇپ، ئۇلار جەنۇبىي مېسوپوتامىيەدە ياشىغان. ئۇ يەردە، كۈچلۈك قۇياش نۇرى مۇنبەت سېغىز تۇپراققا چۈشۈپ تۇراتتى، ئېتىزلار مول ھوسۇل بېرەتتى، شەھەر ـ بازارلار گۈللەنگەنىدى. ئاھالە سانى كۆپەيگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارمۇ كۆپەيدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3500 ـ 3000 يىللار ئارىسىدا، كىملىكى نامەلۇم سۇمېر ئالىملىرى مېڭىنىڭ سىرتىدا ئۇچۇرلارنى ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى ئىجاد قىلدى. بۇ سىستېما چوڭ مىقداردىكى ماتېماتىكىلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماسلاشتۇرۇلغان ئىدى. سۇمېرلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى ئىنسان مېڭىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئازاد قىلدى، نەتىجىدە شەھەرلەر، پادىشاھلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول ئاچتى. سۇمېرلار ئىجاد قىلغان بۇ ماتېماتىكىلىق مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى «يېزىق» دەپ ئاتالدى.

كۇشىمنىڭ ئىمزاسى

يېزىق ماددىي بەلگىلەر ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى ساقلاش ئۇسۇلىدۇر. سۇمېر يېزىق سىستېمىسى لاي تاختايلارغا بېسىلغان ئىككى خىل بەلگىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىر خىل بەلگىلەر سانلارنى ئىپادىلەيتتى. 1، 10، 60، 600، 3600 ۋە 36000 نى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر بار ئىدى (سۇمېرلار 6 لىق ۋە 10 لۇق سان سىستېمىسىنىڭ بىرىكمىسىنى ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ 6 لىق سىستېمىسى بىزگە بىر كۈننىڭ 24 سائەتكە ۋە چەمبەرنىڭ 360 گرادۇسقا بۆلۈنۈشى قاتارلىق مۇھىم مىراسلارنى قالدۇردى). يەنە بىر خىل بەلگىلەر ئارقىلىق كىشىلەر، ھايۋانلار، مال ـ مۈلۈك، زېمىنلار، چېسلالارنى ئىپادىلەيتتى. سۇمېرلار ئىككى خىل بەلگىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ھەرقانداق ئىنسان مېڭىسى ئەستە تۇتالايدىغان ياكى DNA زەنجىرى كودلىيالايدىغاندىن كۆپ مەلۇماتنى ساقلىيالايدىغان بولدى.

بۇ دەسلەپكى باسقۇچتا، يېزىق پەقەت پاكىت ۋە سانلارنى خاتىرىلەش بىلەن چەكلەنگەنىدى. سۇمېرلارنىڭ ئۇلۇغ رومانى، ئەگەر مەۋجۇت بولغان تەقدىردە، ھېچقاچان لاي تاختايلارغا يېزىلمىغان. يېزىش كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلاتتى ۋە ئوقۇرمەنلەر ئىنتايىن ئاز

بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنى زۆرۈر خاتىرىلەردىن باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىغان.



19. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3400-3000 يىللارغا ئائىت لاي تاختا، ئۇنىڭغا ئۇرۇك شەھىرىنىڭ مەمۇرىي ھۆججىتى يېزىلغان. «كۇشىم» بەلكىم ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ئورتاق ئۇنۋانى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر كۇشىم ھەقىقەتەن بىر كىشىنىڭ ئىسمى بولسا، ئۇ تارىختا تۇنجى بولۇپ ئۆز ئىسمى بىلەن ئىمزا قويغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ! ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن، نىياندېرتاللار دەۋرىدە قوللىنىلغان ئىسىم «ناتۇئانس» گۆبەكلى تەپەدىكى چاۋېت غارىدا بايقالغان، بۇلار يېڭى بايقاشلار. بىز گۆبەكلى تەپە قۇرۇلۇشىنى سالغۇچىلارنىڭ بۇ جاينى ئەسلىدە نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، بىز تارىخنى قەھرىمانلارنىڭ ئاڭلىغانلىرىدىن ئاڭلاپ كەلدۇق. كۇشىمنىڭ قوشنىسى ئۇنى چاقىرغاندا بەلكىم ھەقىقەتەن «كۇشىم!» دەپ چاقىرغان بولۇشى مۇمكىن. تارىختا بىرىنچى بولۇپ ئۆز ئىسمى بىلەن قويۇلغان ئىمزا بىر پەيغەمبەرگە، شائىرغا ياكى ئۇلۇغ جاھانگىرگە ئەمەس، بەلكى بىر بوغالتىرغا تەۋە.

ئەگەر بىز 5000 يىل ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تۇنجى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئىزدىسەك، ئۈمىدسىزلىنىپ قالىمىز. ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇرلار مۇنداق: «29،086 مىقدار ئارپا، 37 ئاي، كۇشىم». بۇ جۈملىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈلۈشى: «جەمئىي 29،086 مىقداردىكى ئارپا 37 ئاي ئىچىدە تاپشۇرۇۋېلىندى. ئىمزا، كۇشىم».

ئەپسۇسكى، تارىختىكى تۇنجى يازما تېكىستلەردە ھېچقانداق پەلسەپىۋى چۈشەنچە، شېئىر، رىۋايەت، قانۇن، ھەتتا پادىشاھلارنىڭ غەلىبىلىرىمۇ يېزىلمىغان. ئۇلار پەقەت باج تاپشۇرۇش، قەرز يىغىش ۋە مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىنى خاتىرىلىگەن ئاددىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردۇر.



بەزى يازمىلار ئېغىز تىلىنىڭ تولۇق دائىرىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، ئېغىز تىلىدىن ھالقىغان نەرسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. سۇمېر يېزىقى بىلەن سانلىق يېزىقلارنى شېئىر يېزىشقا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار ئارقىلىق باج ھېساباتىنى ئۈنۈملۈك خاتىرىلەپ قويغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى دەۋردىن ساقلىنىپ قالغان يەنە بىر خىل تېكىست ـ شاگىرت يازغۇچىلارنىڭ مەشىق ئەمەلىيىتى سۈپىتىدە قايتا ـ قايتا كۆچۈرگەن سۆز تىزىملىكى تېخىمۇ زېرىكىشلىك؛ ئىچى پۇشقان بىر ئوقۇغۇچى سېتىش ھۆججىتىنى كۆچۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى يازماقچى بولسىمۇ، ئۇنداق قىلالمىغان بولاتتى. دەسلەپكى سۇمېر يېزىقى تولۇق يېزىق ئەمەس، قىسمەن يېزىق ئىدى.

تولۇق يېزىق ئېغىز تىلنى ئاساسەن تولۇق ئىپادىلىيەلەيدىغان بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشىلەر ئېيتالايدىغان ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن شېئىرىيەتنىمۇ ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئەكسىچە، قىسمەن يېزىق پەقەت چەكلىك پائالىيەت دائىرىسىگە تەۋە مەلۇم تۈردىكى ئۇچۇرلارنىلا ئىپادىلىيەلەيدىغان بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر.

لاتىن يېزىقى، قەدىمكى مىسىر هېيروگلىف يېزىقى ۋە برايىل يېزىقى تولۇق يېزىقلاردۇر. سىز بۇلارنى باج خاتىرىسى، مۇھەببەت شېئىرلىرى، تارىخ كىتابلىرى، تاماق رېتسېپلىرى ۋە تىجارەت قانۇنلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيسىز. ئەمما دەسلەپكى سۇمېر يېزىقى بۈگۈنكى ماتېماتىكا بەلگىلىرى ۋە مۇزىكا نوتىلىرىغا ئوخشاش قىسمەن يېزىقلاردۇر. سىز ماتېماتىكا يېزىقىنى ھېسابلاش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيسىز، ئەمما ئۇنى مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيسىز.

20. ئىنكا ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن ئىسپانلار قول يازما بىلەن خاتىرىلىگەن كىپۇ تۇتۇۋالغان بىر ئەر.

سۇمېرلارنىڭ يېزىقنىڭ شېئىر يېزىشقا ماس كەلمىگەنلىكى ئۇلارنى بىئارام قىلمىدى. ئۇلار بۇ يېزىقنى ئېغىز تىلىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېغىز تىلى يېتەرسىز بولغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان. كولۇمبىيە دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئاندىيان تاغلىرىدا

ياشغۇچىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاش بەزى مەدەنىيەتلەر تارىخ بويى پەقەت قىسمەن يېزىقنىلا ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ يېزىقنىڭ چەكلىمىلىكى ئۇلارنى بىئارام قىلمىغان ۋە تولۇق يېزىققا مۇھتاجلىق ھېس قىلمىغان.

ئاندىيان يېزىقى سۇمېر يېزىقىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شۇنچىلىك پەرقلىق ئىدىكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى يېزىق دەپمۇ قارىمايتتى. ئۇ لاي تاختايلارغا ياكى قەغەزگە يېزىلماستىن، «كىپۇ» دەپ ئاتالغان رەڭلىك تانىلارغا تۈگۈچ تۈگۈش ئارقىلىق يېزىلاتتى. ھەر بىر كىپۇس يۇڭ ياكى پاختىدىن ياسالغان ھەر خىل رەڭدىكى نۇرغۇن تانىلاردىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر تانىغا ھەر خىل ئورۇنلاردا بىر قانچە تۈگۈچ تۈگۈلەتتى. بىر كىپۇستا يۈزلىگەن تانا ۋە مىڭلىغان تۈگۈچ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھەر خىل رەڭدىكى تانىلارغا ھەر خىل تۈگۈچلەرنى تۈگۈش ئارقىلىق، باج يىغىش ۋە مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىغا ئوخشاش كۆپ مىقداردىكى ماتېماتىكىلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش مۇمكىن ئىدى.

يۈزلىگەن، بەلكىم مىڭلىغان يىللار داۋامىدا، كىپۇلار شەھەرلەر، پادىشاھلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار ئىنكا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. بۇ ئىمپېرىيە بۈگۈنكى پېرۇ، ئېكۋادور، بولىۋىيە، چىلى، ئارگېنتىنا ۋە كولومبىيەنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 10 ـ 12 مىليون كىشىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كىپۇلار بولمىغاچقا، ئىنكالار كۆپ مىقداردىكى مەلۇماتلارنى ساقلاپ بىر تەرەپ قىلالىغان، بۇنىڭسىز ئۇلار بۇنداق چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ مۇرەككەپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ساقلاپ تۇرالمىغان بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە، كىپۇلار شۇنچىلىك ئۈنۈملۈك ۋە توغرا ئىدىكى، ئىسپانلار جەنۇبىي ئامېرىكىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئىمپېرىيەسىنى باشقۇرۇشتا كىپۇلارنى ئىشلەتكەن. مەسىلە شۇكى، ئىسپانلار ئۆزلىرى كىپۇلارنى خاتىرىلەش ۋە ئوقۇشنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇلار يەرلىك مۇتەخەسسىسلەرگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغان. قىتئەنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىرى بۇنىڭ ئۆزلىرىنى ئاجىز ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى، يەرلىك كىپۇس مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىنى ئاسانلا ئالدىيالايدىغانلىقىنى ۋە ئازدۇرالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. شۇڭا ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، كىپۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى ئىمپېرىيەنىڭ ھۆججەتلىرى پۈتۈنلەي لاتىن يېزىقى ۋە رەقەملىرى بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئىسپانلار ئىشغالىيىتىدىن كېيىن ناھايىتى ئاز كىپۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، كىپۇ ئوقۇش سەنئىتى يوقالغانلىقى ئۈچۈن، قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

بېيروكراتلىقنىڭ مۆجىزىلىرى

مېسوپوتامىيەلىكلەر ئاخىرى زېرىكىشلىك ماتېماتىكىلىق مەلۇماتلاردىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ يېزىشنى خالايدىغان بولدى. مىلادىتىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىلدىن 2500 ـ يىلغىچە، سۇمېر يېزىقىغا تېخىمۇ كۆپ بەلگىلەر قوشۇلۇپ، ئاستا ـ ئاستا بىز بۈگۈن مىخ يېزىقى دەپ ئاتايدىغان تولۇق يېزىققا ئايلاندى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2500 ـ يىلغا كەلگەندە، پادىشاھلار پەرمان چىقىرىش، روھانىيلار ۋەھىيلەرنى خاتىرىلەش، ئاددىي پۇقرالار بولسا شەخسىي خەت يېزىش ئۈچۈن مىخ يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. تەخمىنەن ئوخشاش دەۋردە، مىسىرلىقلار ھىيروگلىف دەپ ئاتالغان يەنە بىر تولۇق يېزىقنى تەرەققىي قىلدۇردى. باشقا تولۇق يېزىقلار خىتايدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200 ـ يىلى، ئوتتۇرا ئامېرىكىدا بولسا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ 500 يىللار ئارىسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

بۇ دەسلەپكى مەركەزلەردىن تولۇق يېزىقلار كەڭ تارقىلىپ، ھەر خىل يېڭى شەكىللەر ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. كىشىلەر شېئىر، تارىخ كىتابلىرى، رومانلار، دراما، پالچىلىق ۋە تاماق رېتسېپلىرىنى يېزىشقا باشلىدى. بىراق، يېزىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يەنىلا كۆپ مىقداردىكى ماتېماتىكىلىق مەلۇماتلارنى ساقلاش بولۇپ، بۇ ۋەزىپە قىسمەن يېزىقنىڭ ئىمتىيازى بولۇپ قالدى. ئىبرانىيچە تەۋرات، گرېكچە «ئىلىئادا»، ھىندىچە «ماھابھاراتا» ۋە بۇددا نوملىرىنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە ئاغزاكى ئەسەرلەر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا يەتكۈزۈلگەن، ھەتتا يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان بولسىمۇ ئۇلار داۋاملاشقان بولاتتى. ئەمما باج خاتىرىلىرى ۋە مۇرەككەپ مەمۇرىي سىستېمىلار قىسمەن يېزىق بىلەن بىللە تۇغۇلغان بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر تۇتاش بوۋاقلاردەك بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كەلمەكتە. كومپيۇتېرنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە جەدۋەللىرىدىكى سىرلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ئويلاپ بېقىڭ.

تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر يېزىلغانسېرى، بولۇپمۇ مەمۇرىي ئارخىپلار زور دەرىجىدە كۆپەيگەنسېرى، يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. كىشىنىڭ مېڭىسىدە ساقلانغان ئۇچۇرلارنى ئىزدەپ تېپىش ئاسان . مېنىڭ مېڭەم مىلياردلىغان ئۇچۇرلارنى ساقلايدۇ، شۇنداقتىمۇ مەن ئىتالىيەنىڭ پايتەختىنىڭ ئىسمىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئەسلىيەلەيمەن، ئاندىن 2001 ـ يىل 11 ـ سېنتەبىر نېمە قىلغانلىقىمنى ئەسلىيەلەيمەن، ئاندىن ئۆيۈمدىن ئېرۇسالىمدىكى ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارىدىغان يولنى ئەسلىيەلەيمەن. مېڭىنىڭ بۇنى قانداق بېجىرىدىغانلىقى تېخىچە بىر سىر، ئەمما بىز ماشىنا ئاچقۇچىمىزنى قەيەرگە قويغانلىقىمىزنى ئەسلەشكە تىرىشقان ۋاقتىمىزدىن باشقا چاغلاردا، مېڭىنىڭ ئەسلەش سىستېمىسىنىڭ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

ئەمما كېپۇس تانىلىرى ياكى لاي تاختايلاردا ساقلانغان ئۇچۇرلارنى قانداق تېپىپ ئېلىش كېرەك؟ ئەگەر سىزدە ئون ياكى يۈز تاختاي بولسا، بۇ مەسىلە ئەمەس. ئەمما

خامۇرابىنىڭ زاماندىشلىرىدىن بىرى، مارى پادىشاھى زىمرىلىمغا ئوخشاش مىڭلىغان تاختايلارنى توپلىغان بولسىڭىزچۇ؟

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1776 ـ يىلنى بىر دەقىقە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. مارى پادىشاھلىقىدىكى ئىككى پۇقرا بىر بۇغداي ئېتىزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى تالىشىۋاتىدۇ. ياقۇپ بۇ ئېتىزنى ئوتتۇز يىل بۇرۇن ئەسەتتىن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەسەت بولسا ئەمەلىيەتتە ئېتىزنى ياقۇپقا ئوتتۇز يىللىق مۇددەت بىلەن ئىجارىگە بەرگەنلىكىنى، ھازىر مۇددەت توشقاچقا، ئۇنى قايتۇرۇۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشكە باشلايدۇ، ئاندىن پادىشاھلىقنىڭ بارلىق كۆچمەس مۈلۈكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ۋە سېتىش توختاملىرى ساقلىنىدىغان ئارخىپخانىغا بېرىپ تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئارخىپخانىغا يېتىپ كەلگەندە، ئارخىپلار بىر ئەمەلداردىن يەنە بىر ئەمەلدارغا يوللىنىدۇ. ئۇلار بىر قانچە قېتىم چاي ئىچىش تەنەپپۇسىنى كۈتىدۇ، ئەتە كېلىشكە بۇيرۇلىدۇ ۋە ئاخىرى غودۇڭشىغان بىر كاتىپ ئۇلارنى باشلاپ، مۇناسىۋەتلىك لاي تاختىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. كاتىپ بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇلارنى پولدىن تاۋانغىچە مىڭلىغان لاي تاختايلار تىزىلغان چوڭ بىر زالغا باشلاپ كىرىدۇ. كاتىپنىڭ چىرايى تۇرۇك بولۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇ ئوتتۇز يىل بۇرۇن يېزىلغان، تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان بۇغداي ئېتىزىنىڭ ھۆججىتىنى قانداقمۇ تاپسۇن؟ ھەتتا تاپقان تەقدىردىمۇ، ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ھۆججەتنىڭ مەزكۇر ئېتىزغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ يېڭى ھۆججەت ئىكەنلىكىنى قانداق تەكشۈرۈپ جەزملەشتۈرەلەيدۇ؟ ئەگەر تاپالمىسا، بۇ ئەسەتنىڭ ئېتىزنى ھېچقاچان ساتمىغانلىقى ياكى ئىجارىگە بەرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلامدۇ؟ يا بولمىسا ھۆججەتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئارخىپقا يامغۇر چۈشۈپ چىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتەمدۇ؟

ئېنىقكى، بىر ھۆججەتنى لايغا ئويۇپ يېزىش سانلىق مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك، توغرا ۋە قولايلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كاتالوگ تۈرگۈزۈشتەك رەتلەش ئۇسۇللىرى، كۆچۈرۈش ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلىتىشتەك كۆپەيتىش ئۇسۇللىرى، كومپيۇتېر ئالگورىزملىرىغا ئوخشاش تېز ۋە توغرا ئىزدەش ئۇسۇللىرى ۋە بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر (ئەمما ئۈمىد قىلىمىزكى، ئوچۇق ـ يورۇق كۆتۈرەڭگۈ كاتىپلار) كېرەك.

بۇنداق ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىش يېزىق ئىجاد قىلىشتىنمۇ كۆپ قىيىن بولۇپ چىقتى. نۇرغۇن يېزىق سىستېمىلىرى ۋاقىت ۋە ماكان جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن يىراق مەدەنىيەتلەردە مۇستەقىل ھالدا تەرەققىي قىلدى. ئارخېئولوگلار ھەر ئون يىلدا يەنە بىر قانچە ئۇنتۇلغان يېزىقلارنى بايقاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا سۈمېرلارنىڭ لايغا ئويغان يېزىقلىرىدىنمۇ قەدىمىي بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزىقارلىق نەرسىلەر بولۇپلا قالدى، چۈنكى ئۇلارنى ئىجاد قىلغانلار سانلىق مەلۇماتلارنى كاتالوگلاش ۋە ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلالمىدى. سۈمېر، پىرئەۋن مىسرى، قەدىمكى خىتاي

ۋە ئىنكا ئىمپېرىيەسىنى پەرقلەندۈرگەن نەرسە، ئۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ يېزىق خاتىرىلىرىنى ئارخىپلاش، كاتالوگلاش ۋە ئىزدەپ تېپىشنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىدۇر.

ئۇلار يەنە مىرزا، كاتىپ، كۇتۇپخانىچى ۋە ھېسابچىلار ئۈچۈن مەكتەپلەرگە مەبلەغ سالدى. بۈگۈنكى ئارخېئولوگلار بايقىغان قەدىمكى مېسوپوتامىيەدىكى بىر مەكتەپتىكى يېزىق مەشقى بىزگە 4000 يىل بۇرۇنقى بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىغا نەزەر تاشلاش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ:

«مەن كىرىپ ئولتۇردۇم، ئوقۇتقۇچۇم تاختامنى ئوقۇدى. ئۇ: ‹بىر نەرسە كەم!› دېدى ۋە مېنى قامچىلىدى. مەسئۇللاردىن بىرى: ‹نېمىشقا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز گەپ قىلىسەن؟› دېدى ۋە مېنى قامچىلىدى. تەرتىپ مەسئۇلى: ‹نېمىشقا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ؟› دېدى ۋە مېنى قامچىلىدى. دەرۋازىۋەن: ‹نېمىشقا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز چىقىپ كېتىسەن؟› دېدى ۋە مېنى قامچىلىدى. پىۋا كۇپىنىڭ مەسئۇلى: ‹نېمىشقا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئالدىڭ؟› دېدى ۋە مېنى قامچىلىدى. سۇمېر ئوقۇتقۇچىسى: ‹نېمىشقا ئاككاد تىلىدا سۆزلىدىڭ؟› دېدى ۋە مېنى قامچىلىدى. ئوقۇتقۇچۇم: ‹خېتىڭ ياخشى ئەمەس!› دېدى ۋە مېنى قامچىلىدى».

قەدىمكى مىرزىلار پەقەت ئوقۇش ۋە يېزىشنىلا ئەمەس، بەلكى كاتالوگ، لۇغەت، كالېندار، فورما ۋە جەدۋەللەرنى ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگەندى. ئۇلار مېڭىدىكىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان ئۇچۇرلارنى كاتالوگلاش، ئىزدەپ تېپىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەندى ھەم ئۆزلەشتۈردى. مېڭىدە، بارلىق سانلىق مەلۇماتلار ئەركىن باغلىنىشتا بولىدۇ. مەن جۈپتۈم بىلەن يېڭى ئۆيىمىزنىڭ قەرزى ئۈچۈن ئىمزا قويۇشقا بارغاندا، بىز بىللە ياشىغان تۇنجى جاي ئېسىمگە كېلىدۇ، ئۇ ماڭا نيۇ ئورلېئاندىكى شىرىن ئاي سەپىرىمىزنى ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ماڭا تىمساھلارنى ئەسلىتىدۇ، تىمساھلار ئەجدىھالارنى ئەسلىتىدۇ، تىمساھلار «نىبېلۇنگېن ئۈزۈكى»8نى ئەسلىتىدۇ، ئاندىن تۇيۇقسىز، گاڭگىراپ قالغان بانكا خادىمىغا ئىختىيارسىز سىگفرىد مۇزىكىسىنى9 غىڭشىپ قويىمەن. مەمۇرىي ئىشلاردا، نەرسىلەر چوقۇم ئايرىم تۇرۇشى كېرەك. ئۆي قەرزلىرى ئۈچۈن بىر تارتما، نىكاھ گۇۋاھنامىلىرى ئۈچۈن يەنە بىر تارتما، باج خاتىرىلىرى ئۈچۈن ئۈچىنچى تارتما، دەۋا ـ دەستۇرلار ئۈچۈن تۆتىنچى تارتما بولۇشى كېرەك. بولمىسا، بىر نەرسىنى قانداق تاپقىلى بولسۇن؟ ۋاگنېرنىڭ مۇزىكىلىق دراملىرىغا ئوخشاش بىردىن ئارتۇق تارتمىغا تەۋە نەرسىلەر ئادەمگە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ (ئۇ نەرسىلەرنى «مۇزىكا»غا قويامدىم، «تىياتىر»غا قويامدىم، ياكى يېڭى بىر

8نىبېلۇنگېن ئۈزۈكى گېرمانلارنىڭ مۇزىكىلىق دراممىسى بولۇپ، مۇزىكىسىنى رىچارد ۋاگنېر (1848ـ1874) ئىشلىگەن.

9 رىچارد ۋاگنېرنىڭ بىر مۇزىكىسى.

كاتېگورىيە ئىجاد قىلالامدىم؟)، شۇڭا كىشىلەر ھەر زامان تارتىملارنى قوشىدۇ، چىقىرىۋېتىدۇ ھەم قايتا رەتلەپ تۇرىدۇ.

بۇنداق تارتما سىستېمىسىنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەر ئىنسانلاردەك ئويلاشنى توختىتىپ، كاتىپ ۋە ھېسابچىلاردەك ئويلاشقا قايتا پروگراممىلىنىشى كېرەك. قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ھەممەيلەن بىلگەندەك، كاتىپ ۋە ھېسابچىلار ئىنسانىي بولمىغان ئۇسۇلدا، يەنى ھۆججەت تارتىملىرىدەك رەتلىك ئۇسۇلدا ئويلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئەمەس. ئەگەر ئۇلار بۇ ئۇسۇلدا ئويلىمىسا، تارتىملىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ ۋە ھۆكۈمەت، شىركەت ياكى تەشكىلاتى تەلەپ قىلغان مۇلازىمەتلەرنى تەمىنلىيەلمەيدۇ. يېزىقنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا كۆرسەتكەن ئەڭ مۇھىم تەسىرى دەل مۇشۇ: ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئويلاش ۋە دۇنيا قاراش ئۇسۇلىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتكەن؛ ئەركىن باغلىنىش ۋە بىر پۈتۈن ئىدىيەنى بۆلەكلەرگە ئايرىشقا ۋە بىيروكراتلىققا يول قويغان.

سانلارنىڭ تىلى

ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى، مەمۇرىي سانلىق مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئويلاش ئۇسۇلىدىن تېخىمۇ پەرقلەندى ۋە تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ كەتتى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن بۇرۇن، ماتېماتىكىلىق مەلۇماتلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۈنۈم بىلەن ساقلايدىغان ھەم بىر تەرەپ قىلالايدىغان يېڭى بىر قىسمەن يېزىق ئىجاد قىلىنغاندا، ھالقىلىق بىر قەدەم بېسىلدى. بۇ قىسمەن يېزىق 0 دىن 9 غىچە بولغان سانلارنى ئىپادىلەيدىغان ئون بەلگىدىن تەركىب تاپقانىدى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ بەلگىلەر گەرچە دەسلەپتە ھىندىستانلىقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، «ئەرەب رەقەملىرى» دەپ ئاتىلىدۇ (تېخىمۇ قىزىق يېرى، بۈگۈنكى ئەرەبلەر غەربلىكلەرنىڭكىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق كۆرۈنىدىغان رەقەملەرنى ئىشلىتىدۇ). لېكىن ئەرەبلەر بۇنىڭ شەرىپىگە ئېرىشتى، چۈنكى ئۇلار ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندا بۇ سانلىق سىستېمىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە ئوتتۇرا شەرق ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقاتتى. كېيىنچە ئەرەب رەقەملىرىگە باشقا بەلگىلەر (مەسىلەن، قوشۇش، ئېلىش ۋە كۆپەيتىش بەلگىلىرى) قوشۇلغاندا، زامانىۋى ماتېماتىكىلىق بەلگىلەرنىڭ ئاساسى شەكىللەندى.

گەرچە بۇ يېزىق سىستېمىسى يەنىلا قىسمەن يېزىق بولسىمۇ، ئۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمران تىلىغا ئايلاندى. دۆلەت، شىركەت، تەشكىلات ۋە مۇئەسسەسەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، مەيلى ئۇلار ئەرەبچە، ھىندىچە، ئىنگلىزچە ياكى نورۋېگچە سۆزلىسۇن، سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ماتېماتىكىلىق يېزىقنى ئىشلىتىدۇ. ماتېماتىكىلىق يېزىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان ھەر قانداق ئۇچۇر ئەقىل يەتمەس تېزلىك ۋە ئۈنۈم بىلەن ساقلىنىدۇ، تارقىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

نسپيىلك نەزەرىيىسگە ئاساسەن، ماسسىنىڭ يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى تەسىرىدىكى تېزلىنىشىنى ھېسابلايدىغان تەڭلىمىنى كۆرگەندە، كۆپىنچە ئادەتتىكى كىشىلەر خۇددى تېز كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ چىرىغىغا دۇچ كەلگەن بۆكەندەك، قورقۇپ قېتىپلا قالىدۇ. بۇ ئىنكاس تامامەن نورمال بولۇپ، ئەقىل ياكى قىزىقىشنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئاز ساندىكى ئىستىسنالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىنسان مېڭىسى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت

$$\ddot{\mathbf{r}}_i = \sum_{j\neq i} \frac{\mu_j(\mathbf{r}_j-\mathbf{r}_i)}{r_{ij}^3}\Bigg\{1-\frac{2(\beta-\gamma)}{c^2}\sum_{l\neq i}\frac{\mu_l}{r_{il}}-\frac{2\beta-1}{c^2}\sum_{k\neq j}\frac{\mu_k}{r_{jk}}+\gamma\left(\frac{s_i}{c}\right)^2$$

$$+(1-\gamma)\left(\frac{s_j}{c}\right)^2-\frac{2(1+\gamma)}{c^2}\dot{\mathbf{r}}_i\cdot\dot{\mathbf{r}}_j-\frac{3}{2c^2}\left[\frac{(\mathbf{r}_i-\mathbf{r}_j)\cdot\mathbf{r}_j}{r_{ij}}\right]^2$$

$$+\frac{1}{2c^2}(\mathbf{r}_j-\mathbf{r}_i)\cdot\ddot{\mathbf{r}}_j\Bigg\}$$

$$+\frac{1}{c^2}\sum_{j\neq i}\frac{\mu_i}{r_{ij}^3}\{[\mathbf{r}_i-\mathbf{r}_j]\cdot[(2+2\gamma)\,\dot{\mathbf{r}}_i-(1+2\gamma)\,\dot{\mathbf{r}}_j]\}(\dot{\mathbf{r}}_i-\dot{\mathbf{r}}_j)$$

$$+\frac{3+4\gamma}{2c^2}\sum_{j\neq i}\frac{\mu_j\ddot{\mathbf{r}}_j}{r_{ij}}$$

مېخانىكىسىغا ئوخشاش چۈشەنچىلەرنى ئويلاپ چۈشىنىشكە ئاجىز. شۇنداق بولسىمۇ، فىزىكلار ئەنئەنىۋى ئىنسانىي ئويلاش ئۇسۇلىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سىرتقى سانلىق مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭىچە ئويلاشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلاش جەريانىدىكى مۇھىم قىسىملار مېڭىدە ئەمەس، بەلكى كومپيۇتېرلار ياكى سىنىپتىكى دوسكىلاردا يۈز بېرىدۇ.

شۇڭا، ھۆكۈمەت، تەشكىلات ۋە شىركەتلەرنىڭ قارارلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغان كىشى چوقۇم سانلار بىلەن سۆزلەشنى ئۆگىنىشى كېرەك. مۇتەخەسسىسلەر ھەتتا «نامراتلىق»، «بەخت» ، «سەممىيلىك» دېگەندەك چۈشەنچىلەرنىمۇ سانلارغا («نامراتلىق سىزىقى»، «سۇبيېكتىپ پاراۋانلىق سەۋىيەسى»، «كرېدىت دەرىجىسى») ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. فىزىكا ۋە ئىنژېنېرلىققا ئوخشاش بىلىم ساھەلىرى ئېغىز تىلى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئاساسەن ئۈزۈپ، پەقەت ماتېماتىكىلىق يېزىق بىلەنلا داۋاملاشماقتا.

يېقىندا، ماتېماتىكىلىق يېزىق تېخىمۇ ئىنقىلابىي بىر يېزىق سىستېمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ پەقەت 0 ۋە 1 دىن ئىبارەت ئىككى خىل بەلگىدىن تۈزۈلگەن كومپيۇتېرلىق

ئىككىلىك يېزىقتۇر. مەن ھازىر كۈنۈپكا تاختىسىدا يېزىۋاتقان سۆزلەر كومپيۇتېرىمدا 0 ۋە 1 نىڭ ھەرخىل بىرىكمىلىرى ئارقىلىق يېزىلماقتا.

يېزىق دەسلەپتە ئىنسان ئېڭىنىڭ خىزمەتچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بارغانسېرى ئۇنىڭ خوجايىنىغا ئايلانماقتا. كومپيۇتېرلىرىمىز ھومو ساپىيانسنىڭ قانداق سۆزلەيدىغانلىقى، ھېس قىلىدىغانلىقى ۋە چۈش كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتە قىينىلىدۇ. شۇڭا بىز ھومو ساپىيانسقا كومپيۇتېرلار چۈشىنەلەيدىغان سانلار تىلىدا سۆزلەشنى، ھېس قىلىشنى ۋە چۈش كۆرۈشنى ئۆگىتىۋاتىمىز.

بۇ ھېكايە تېخى ئاخىرلاشمىدى. سۈنئىي ئەقىل ساھەسى پەقەت كومپيۇتېرلارنىڭ ئىككىلىك يېزىقىغا ئاساسلانغان يېڭى بىر خىل ئەقىل يارىتىشقا تىرىشماقتا. «خاككېرلار ئىمپېرىيىسى» ۋە «ئاخىرلاشتۇرغۇچى»غا ئوخشاش ئىلمىي ـ فانتازىيە كىنولىرى ئىككىلىك يېزىق ئىنسانىيەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى چۆرۈپ تاشلايدىغان كۈننى تەسۋىرلەيدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلغان يېزىقنى قايتا كونترول قىلماقچى بولغاندا، ئۇ يېزىق ئىنسان ئىرقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئىزاھات: ئاكاد تىلى ئېغىز تىلىغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، سۇمېر تىلى يەنىلا ھۆكۈمەت تىلى بولۇشنى داۋام قىلغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تىل بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇ دەۋردە مەسئۇلىيەتچان كاتىپلارنىڭ ھەممىسى سۇمېر تىلىدا سۆزلىشى كېرەك ئىدى.

8. تارىختا ئادالەت يوق

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى نەچچە مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت تارىخىنى چۈشىنىش بىر سوئالغا باغلىق: ئىنسانلار بۇنداق ئالاقە تورىنى ساقلاپ قېلىشقا زۆرۈر بولغان بىئولوگىيىلىك ئىستەكلەردىن مەھرۇم قالغان تۇرۇقلۇق، قانداق قىلىپ كەڭ كۆلەملىك ھەمكارلىق ھاسىل قىلالىدى؟ قىسقىچە جاۋاب شۇكى، ئىنسانلار تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپلەرنى ياراتتى ۋە يېزىقلارنى ئىجاد قىلدى. بۇ ئىككى ئىجادىيەت بىزنىڭ بىئولوگىيىلىك مىراسىمىزدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇردى .

ئەمما، بۇ ئالاقە تورىنىڭ ھەممەيلەنگە بەخت ئېلىپ كېلەلىشى ناتايىن ئىدى. بۇ تورنى تۇتۇپ تۇرغان خىيالىي تەرتىپلەرنى ھەق ۋە ئادىل دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار كىشىلەرنى توقۇپ چىقىرىلغان گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ھەرخىل دەرىجىگە ئورۇنلاشتۇردى. يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئىمتىياز ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولدى، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر كەمسىتىش ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى. مەسىلەن، خاممۇرابى قانۇنى ئالىي تەبىقە، پۇقرالار ۋە قۇللاردىن تەركىب تاپقان دەرىجىلىك تۈزۈم بەلگىلىدى. ئالىي تەبىقىدىكىلەر ھاياتتىكى بارلىق ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشتى. پۇقرالارغا ئاشقان ـ تاشقىنى تەگدى. قۇللار شىكايەت قىلسا تاياق يېدى.

1776 ـ يىلى ئامېرىكىلىقلار تەسىس قىلغان تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپمۇ، بارلىق ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر خىل دەرىجىلىك تۈزۈم ئورناتتى. ئۇ ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا دەرىجە پەرقى ياراتقان بولۇپ، ئەرلەر يۇقىرى ئىمتىيازغا ئېرىشكەن بولسا، ئاياللار ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلدى. ئۇ تۈزۈم يەنە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغۇچى ئاقلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنسان دەپ قارالغان قارا تەنلىكلەر ۋە يەرلىك خەلقلەر (ئىندىئانلار) ئوتتۇرىسىدا پەرق ياراتتى. نەتىجىدە ئەرلەرمۇ تەڭ ھوقۇققا ئېرىشەلمىدى. مۇستەقىللىق خىتابنامىسىغا ئىمزا قويغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇلدارلار ئىدى. ئۇلار خىتابنامىغا ئىمزا قويغاندىن كېيىنمۇ قۇللىرىنى ئازاد قىلمىدى ھەم ئۆزلىرىنى ساختىپەز دەپمۇ قارىمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ قارا تەنلىكلەر بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

ئامېرىكانىڭ تۈزۈمى يەنە باي بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجىلىك پەرقنىمۇ مۇقەددەسلەشتۈردى. ئۇ چاغدىكى كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلار باي ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پۇل ـ مېلى ۋە كارخانىلىرىنى پەرزەنتلىرىگە قالدۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان تەڭسىزلىككە ئانچە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، باراۋەرلىك پەقەت ئوخشاش قانۇنلارنىڭ باي ـ نامراتلارغا تەڭ قوللىنىلىشىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئىشسىزلىق ياردىمى، ئورتاق مائارىپ ياكى ساغلاملىق كاپالىتى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىمۇ بۈگۈنكىدىن پەرقلىق بولۇپ، 1776 ـ يىلدىكى ئەركىنلىك ئۇقۇمى، ھوقۇقسىزلارنىڭ (بولۇپمۇ قارا تەنلىكلەر، يەرلىك خەلقلەر ياكى خۇدا ساقلىسۇن، ئاياللارنىڭ) ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ

ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغانلىقنى بىلدۈرمەيتتى؛ ئۇ پەقەت دۆلەتنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن باشقا ۋاقىتلاردا پۇقرالارنىڭ شەخسىي مۈلكىنى مۇسادىرە قىلالمايدىغانلىقى ياكى ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى بۇيرۇيالمايدىغانلىقنى بىلدۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكانىڭ تۈزۈمى بەزىلەر خۇدا بەلگىلىگەن، يەنە بەزىلەر تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى دەپ قارىغان بايلىق دەرىجىلىنىشنى قوللىدى؛ تەبىئەت تۆھپىكارلىقنى بايلىق بىلەن مۇكاپاتلاپ، ھۇرۇنلۇقنى جازالايدۇ دەپ جاكارلىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق پەرقلەر ـ ھۆر كىشلەر بىلەن قۇللار، ئاقلار بىلەن قارىلار، بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ـ ھەممىسى ئويدۇرمىغا ئاساسلانغان. (ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە تۈزۈمى كېيىن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.) شۇنداقتىمۇ، تارىخنىڭ پولاتتەك قانۇنى شۇكى، ھەر قانداق خىيالىي دەرىجە تۈزۈمى ئۆزىنىڭ ئويدۇرما مەنبەسىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنى تەبىئىي ۋە مۇقەررەر دەپ دەۋا قىلىدۇ. مەسىلەن، ھۆر كىشلەر بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە تۈزۈمىنى تەبىئىي ۋە توغرا دەپ قارىغان نۇرغۇن كىشلەر قۇللۇقنىڭ ئىنسان ئىجادىيىتى ئەمەسلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشقان. خامۇرابى بۇنى ئىلاھلار بەلگىلىگەن دەپ قارىغان. ئارىستوتېل قۇللارنىڭ «قۇللۇق تەبىئىتى»، ھۆر كىشلەرنىڭ «ھۆرلۈك تەبىئىتى» بار. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى پەقەت تۇغما تەبىئىتىنىڭ ئىپادىسى خالاس، دېگەننى تەشەببۇس قىلغان.

ئىرقىي ئۈستۈنلۈك تەرەپدارلىرىدىن ئىرقىي دەرىجە تۈزۈمى توغرىسىدا سورىسىڭىز، ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى بىئولوگىيىلىك پەرقلەر ھەققىدە ساختا ئىلىم لېكسىيەسىنى ئاڭلايسىز. ئۇنىڭدىن ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنىڭ قېنىدا ياكى گېنىدا ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ۋە تىرىشچان قىلىدىغان بىر نەرسە بارلىقىنى ئاڭلىشىڭىز مۇمكىن. جاھىل بىر كاپىتالىستتىن بايلىق دەرىجىسى توغرىسىدا سورىسىڭىز، بۇنىڭ ئىقتىدار پەرقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلايسىز. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بايلارنىڭ كۆپرەك پۇلى بار، چۈنكى ئۇلار تېخىمۇ قابىلىيەتلىك ۋە تىرىشچان. شۇڭا بايلارنىڭ ياخشى ساغلاملىق كاپالىتى، ياخشى مائارىپ ۋە ياخشى ئوزۇقلۇققا ئېرىشىشىگە ھېچكىم بىر نېمە دېمەسلىكى كېرەك. بايلار ھەر قانداق ئىمتىيازغا ئېرىشىشكە تولۇق ھەقلىق.

21. ئىرقىي ئايرىمىچىلىق دەۋرىدە، جەنۇبى ئافرىقا دېڭىز ساھىلىغا قويۇلغان، ساھىلنىڭ پەقەت ئاق تەنلىكلەرگىلا ئىچىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە. تېرىسى قارا كىشىلەرگە قارىغاندا تېرىسى ئاق كىشىلەر قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ تېز كۆيىدۇ. ئەمما جەنۇبىي ئافرىقىدىكى دېڭىز بويلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىدە ھېچقانداق بىئولوگىيىلىك مەنتىق يوق ئىدى. تېرىسى ئاق كىشىلەرگە ئايرىلغان دېڭىز بويلىرىدا ئۇلترا بىنەپشە نۇرى ئاز ئەمەس ئىدى.

ئىجتىمائىي قاتلام سىستېمىسىغا ئىشىنىدىغان ھىندىلار كائىنات كۈچلىرى بىر تەبىقىنى يەنە بىر تەبىقىدىن ئۈستۈن قىلغان دەپ ئىشىنىدۇ. ھىندىلارنىڭ داڭلىق يارىتىلىش ئەپسانىسىگە كۆرە، ئىلاھلار دۇنيانى دەسلەپكى مەۋجۇدات پۇرۇسانىڭ بەدىنىدىن ياراتقان: قۇياش ئۇنىڭ كۆزىدىن، ئاي ئۇنىڭ مېڭىسىدىن، براھمانلار (روھانىيلار) ئۇنىڭ ئاغزىدىن، كشاترىيالار (جەڭچىلەر) ئۇنىڭ قوللىرىدىن، ۋايشيالار (دېھقانلار ۋە سودىگەرلەر) ئۇنىڭ يوتىلىرىدىن، شۇدرالار (خىزمەتچىلەر) ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن يارىتىلغان. بۇ چۈشەنچىگە كۆرە، بىراھمانلار بىلەن شۇدرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي پەرق قۇياش بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشاش تەبىئىي ھەم مەڭگۈلۈك. قەدىمكى خىتايلارنىڭ قارىشىچە، ئىلاھە نۈۋا تۇپراقىن ئادەمنى ياراتقاندا ئېسىلزادىلەرنى سېرىق تۇپراقتىن، پۇقرالارنى قوڭۇر لايدىن ياراتقان.

بىراق، بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، بۇ دەرىجە تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسان خىيالىنىڭ مەھسۇلاتى. براھمانلار ۋە شۇدرالار ھېچقاچان ئىلاھلار تەرىپىدىن دەسلەپكى مەۋجۇداتنىڭ ھەرخىل ئەزالىرىدىن يارىتىلمىغان. ئەكسىچە، ئىككى تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇن شىمالىي ھىندىستاندا ئىنسانلار ئىجاد قىلغان قانۇن ۋە پرىنسىپلار تەرىپىدىن يارىتىلغان. ئارىستوتېلنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە، قۇللار بىلەن ھۆر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىئولوگىيىلىك پەرق يوق. ئىنسان قانۇنلىرى ۋە پرىنسىپلىرى بەزى كىشىلەرنى قۇلغا، بەزىلىرىنى خوجايىنغا ئايلاندۇرغان.

كۆپىنچە كىشىلەر ئۆز جەمئىيىتىدىكى دەرىجە تۈزۈمىنى تەبىئىي ۋە ئادىل، باشقا جەمئىيەتلەرنىڭكىنى ساختا ۋە كۈلكىلىك ئۆلچەملەرگە ئاساسلانغان دەپ دەۋا قىلىدۇ. بۈگۈنكى غەربلىكلەر ئىرقىي دەرىجە تۈزۈمىنى مەسخىرە قىلىشقا ئۆگىتىلگەن. ئۇلار قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاقلار رايونىدا ياشىشىنى، ئاقلارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇشىنى ياكى ئاقلارنىڭ دوختۇرخانىلىرىدا داۋالىنىشىنى چەكلەيدىغان قانۇنلاردىن چۆچۈيدۇ. ئەمما باي ـ نامراتلارنىڭ دەرىجىلىنىشىنى، يەنى بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك رايونلاردا ئايرىم ياشىشىنى، داڭلىق مەكتەپلەردە ئايرىم ئوقۇشىنى، شارائىتى ياخشى مەركەزلەردە داۋالىنىشىنى بەلگىلەيدىغان تۈزۈم نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ۋە ياۋروپالىقلارغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق تۇيۇلىدۇ.

ئەپسۇسكى، مۇرەككەپ جەمئىيەتلەر تەسەۋۋۇردىكى دەرىجە تۈزۈمى ۋە ناھەق كەمسىتىشكە مۇھتاجدەك كۆرۈنىدۇ. ئەلۋەتتە، بارلىق دەرىجە تۈزۈمى ئەخلاقىي تەرەپتىن ئوخشاپ كەتمەيدۇ، بەزى جەمئىيەتلەر باشقا جەمئىيەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر كەمسىتىشكە ئۇچرىغان، بىراق ئالىملار كەمسىتىشنى پۈتۈنلەي يوقاتقان چوڭ جەمئىيەتنى بىلمەيدۇ. كىشىلەر نوپۇسنى تەسەۋۋۇردىكى تۈرلەر بويىچە يۇقىرى تەبىقە، پۇقرا ۋە قۇل؛ ئاقلار ۋە قارىلار؛ ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئاددىي پۇقرالار؛ براھمانلار ۋە شۇدرالار؛ بايلار ۋە كەمبەغەللەر دەپ ئايرىشنى داۋام قىلدى. بۇ كاتاگورىيەلەر بەزى ئىنسانلارنى قانۇن، سىياسەت ۋە مەرتىۋە جەھەتتىن باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ باشقا مىليونلىغان ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى.

دەرىجە تۈزۈمى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي ناتونۇش كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇشقا ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلماي تۇرۇپ، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشكە ئىمكان بېرىدۇ. جورج بېرنارد شاۋنىڭ «گۈل ساتقۇچى قىز» ناملىق ئەسىرىدە، ھېنرى ھىگىنس ئېلىزا دۇلىتېل بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشقا موھتاج ئەمەس. ئۇنىڭ سۆزلىشىنى ئاڭلاشلا ئۇنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېرىدۇ. بۈگۈن گۈل دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان ئېلىزا ھەر كۈنى دۇكانغا كىرىدىغان ئۇنلىغان كىشىلەرگە قىزىلگۈل ۋە گۈلسۆسەر سېتىشقا قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئۇ ھەر بىر خېرىدارنىڭ زوقى ۋە يانچۇقىنىڭ تومپۇقىنى تەپسىلىي

سۇرۇشتە قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا، ئۇ ئىجتىمائىي بەلگىلەرنى ـ كىشىنىڭ كىيىنىشى، يېشى ۋە سىياسىي جەھەتتىن توغرا بولمىسىمۇ تېرىسىنىڭ رەڭگىگە قارايدۇ.

ئەلۋەتتە، تەبىئىي قابىلىيەتتىكى پەرقلەرمۇ ئىجتىمائىي پەرقلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە رول ئوينايدۇ. ئەمما بۇنداق قابىلىيەت ۋە خاراكتېر پەرقلىرى ئادەتتە خىيالىي دەرىجىلىنىشلەر ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. بۇ، ئىككى مۇھىم يول بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئالدى بىلەن، كۆپلىگەن قابىلىيەتلەر ئۇنى يېتىلدۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھتاج. ئادەم مەلۇم تالانت بىلەن تۇغۇلغان بولسىمۇ، بۇ تالانت تەربىيىلەنمىسە، چېنىقتۇرۇلمىسا ۋە مەشىق قىلدۇرۇلمىسا، ئادەتتە يوشۇرۇن پېتى قالىدۇ.

هاررى پوتتېر ياخشى بىر مىسال. داڭلىق سېھرگەر ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، نادان ماگگىللار تەرىپىدىن چوڭ قىلىنغان هاررى، هوگۋارتسقا سېھىر ئىلمىدە هېچقانداق تەجرىبىسى يوق هالدا كېلىدۇ. ئۇ يەتتە كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۆز كۈچى ۋە ئالاهىدە قابىلىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھەر خىل تەبىقىلەرگە تەۋە كىشىلەر ئوخشاش قابىلىيەتلەرنى يېتىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئوخشىمىغان قائىدىلەر بويىچە رول ئويناشقا مەجبۇر بولغاچقا، ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بىرىتانىيە هۆكۈمرانلىقىدىكى هىندىستاندا، چېقىلىشقا بولمايدىغان كىشىلەردىن بىرى براهمان، بىرى ئىرلاندىيىلىك كاتولىك، يەنە بىرى ئەنگلىيىلىك پروتېستانت ئىدى؛ ئۇلار قانداقتۇر بىر يول بىلەن ئوخشاش تىجارەت قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، باي بولۇش پۇرستى ئوخشاش بولمايتتى. ئىقتىسادىي ئويۇن قانۇنىي چەكلىمىلەر بىلەن هۆكۈمەتسىز كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى.

ناچار دەۋرىيلىك (گىرداپ)

بارلىق جەمئىيەتلەر تەسەۋۋۇردىكى دەرىجە تۈزۈمگە ئاساسلانغان بولسىمۇ، ئوخشاش دەرىجە تۈزۈمگە ئاساسلانمىغان. بۇ پەرقلەرنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىۋى هىندىستان جەمئىيىتى كىشىلەرنى تەبىقە تۈزۈمگە، ئوسمانلى جەمئىيىتى دىنغا، ئامېرىكا جەمئىيىتى بولسا ئىرققا ئاساسەن بۆلگەن؟ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، دەرىجە تۈزۈمى تاسادىپىي تارىخىي شارائىتلار نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، ئاندىن ھەرخىل گۇرۇپپىلار ئۇنىڭدىن مەنپەئەتدار بولغاچقا، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ تەرەققىي قىلغان.

مەسلەن، نۇرغۇن ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، هىندى تەبىقە سىستېمىسى تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇن هىندى ـ ئارىيان خەلقلىرى هىندىستان يېرىم ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ، يەرلىك خەلقنى بويسۇندۇرغاندا شەكىللەنگەن. تاجاۋۇزچىلار قاتلاملاشقان جەمئىيەت قۇرۇپ، ئۆزلىرى ئەلۋەتتە يېتەكچى ئورۇنلارنى (روهانىيلار ۋە جەڭچىلەر) ئىگىلىگەن، يەرلىكلەرنى خىزمەتچى ۋە قۇل قىلىپ ياشاتقان. سانى ئاز بولغان تاجاۋۇزچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاهىدە ئورنى ۋە

كىملىكىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن. بۇ خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار خەلقنى تەبىقىلەرگە بۆلگەن، ھەر بىر تەبىقە مەلۇم كەسىپ ياكى جەمئىيەتتىكى مەلۇم رولنى ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنغان. تەبىقىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر پەقەت قانۇنىي بولۇپلا قالماستىن، دىنىي ئەقىدە ۋە ئەمەلىيەتنىڭمۇ ئاجرالماس قىسمىغا ئايلانغان.

ھۆكۈمرانلار تەبىقە سىستېمىسىنىڭ تاسادىپىي تارىخىي تەرەققىيات ئەمەسلىكىنى، بەلكى مەڭگۈلۈك دۇنيانىڭ رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان. پاكلىق ۋە ناپاكلىق چۈشەنچىلىرى ھىندۇ دىنىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىجتىمائىي پىرامىدانى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان. تەقۋادار ھىندىلارغا باشقا تەبىقە ئەزالىرى بىلەن ئالاقە قىلىش پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئەمەس، پۈتۈن جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش كېرەك دەپ ئۆگىتىلگەن. بۇنداق ئىدىيىلەر پەقەت ھىندىلارغىلا خاس ئەمەس. تارىخ بويىچە بارلىق جەمئىيەتلەردە، پاكلىق ۋە ناپاكلىق چۈشەنچىلىرى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بۆلۈنۈشلەرنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان ۋە نۇرغۇن ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆز ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ناپاكلىق قورقۇنچى روھانىيلار ۋە شاھزادىلەرنىڭ ئويدۇرمىسى ئەمەس. ئۇ ئېھتىمال ئىنسانلارنىڭ كېسەل يۇقتۇرغۇچىلار، كېسەل كىشىلەر ۋە ئۆلۈكلەرگە قارىتا تەبىئىي نەپرەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان بىئولوگىيەلىك ھايات قېلىش مېخانىزمىدىن كېلىپ چىققان.

ھىندى تەبىقە سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پاكلىق قانۇنلىرى ھىندىستان مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى. ھىندى ـ ئارىيان تاجاۋۇزچىلىقى ئۇنتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ھىندىستانلىقلار تەبىقە سىستېمىسىغا ئىشىنىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققان بۇلغىنىشتىن نەپرەتلەندى. تەبىقىلەر ئۆزگىرىشتىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، چوڭ تەبىقىلەر تارماق تەبىقىلەرگە بۆلۈندى. ئاخىرىدا ئەسلىدىكى تۆت تەبىقە «جاتى» (تۇغۇلۇش) دەپ ئاتالغان 3000 گە يېقىن گۇرۇپپىغا ئايلاندى؛ بىراق تەبىقىلەرنىڭ كۆپىيىشى سىستېمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئۆزگەرتمىدى. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن، ھەر بىر ئادەم مەلۇم بىر دەرىجىدە تۇغۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى بۇزۇش شەخس ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ. ئادەمنىڭ جاتىسى (تۇغۇلۇشى) ئۇنىڭ كەسپىنى، يېيەلەيدىغان يېمەكلىكلىرىنى، تۇرار جايىنى ۋە نىكاھلىنالايدىغان جۈپتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە بىر ئادەم پەقەت ئۆز تەبىقىسى ئىچىدىلا ئۆيلىنەلەيدۇ ۋە پەرزەنتلىرى شۇ ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

يېڭى كەسىپ ياكى يېڭى گۇرۇپپا پەيدا بولغاندا، ئۇلار ھىندى جەمئىيىتىدە قانۇنلۇق ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم تەبىقە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك ئىدى. تەبىقە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنالمىغان گۇرۇپپىلار جەمئىيەتتىن چەتكە قېقىلغانلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىمۇ تۇرالمايتتى. ئۇلار «تېگىشكە بولمايدىغانلار» دەپ ئاتالغان بولۇپ، باشقا

كىشىلەردىن ئايرىم ياشاشقا مەجبۇر بولغان ۋە ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن قالدۇق نەرسىلەرنى تېرىش دېگەندەك خار ھەم يىرگىنىشلىك ئىشلار بىلەن جان باققان.

بۈگۈنكى ھىندىستاندا، دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق پەرقلەرنى يوقىتىش ۋە تەبىقىلەر ئارىلىشىشىنىڭ ھېچقانداق بۆلگىنىش كەلتۈرمەيدىغانلىقىغا ھىندىلارنى قايىل قىلىش تىرىشچانلىقلىرىغا قارىماي، نىكاھ ۋە خىزمەت مەسىلىلىرى يەنىلا تەبىقە سىستېمىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى ئىرقىي ساپلىق

ئوخشاش ناچار دەۋرىيلىنىش زامانىۋى ئامېرىكىدىكى ئىرقىي تۈزۈمنى داۋاملاشتۇردى. 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە، ياۋروپالىق ئىستىلاچىلار ئامېرىكىدىكى كانلار ۋە يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىدا ئىشقا سېلىش ئۈچۈن مىليونلىغان ئافرىقىلىق قۇللارنى ئىمپورت قىلدى. ئۇلار ياۋروپا ياكى شەرقىي ئاسىيادىن ئەمەس، بەلكى ئافرىقىدىن قۇل ئىمپورت قىلىشنى تاللىدى. بۇنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار ئىدى. بىرىنچىدىن، ئافرىقا يېقىنراق بولغاچقا، سېنېگالدىن قۇل ئىمپورت قىلىش ۋيېتنامدىن ئىمپورت قىلىشقا قارىغاندا ئەرزانراق ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئافرىقىدا ئاللىقاچان تەرەققىي قىلغان قۇل سودىسى (ئاساسەن ئوتتۇرا شەرققە قۇل ئېكسپورت قىلىش) مەۋجۇت ئىدى. ياۋروپادا بولسا قۇللۇق ناھايىتى ئاز ئىدى. مەۋجۇت بازاردىن قۇل سېتىۋېلىش يېڭى بازار قۇرۇشتىن كۆپ ئاسان ئىدى.

ئۈچىنچىدىن ۋە ئەڭ مۇھىمى، ۋىرجىنىيە، ھايتى ۋە برازىلىيەدەك جايلاردىكى ئامېرىكا قورۇقلىرىدا ئافرىقىدىن كەلگەن بەزگەك ۋە سېرىق قىزىتما كېسەللىكلىرى تارقالغان ئىدى. ئافرىقىلىقلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا بۇ كېسەللەرگە قىسمەن گېنېتىكىلىق ئىممۇنىتېت ھاسىل قىلغان بولسا، ياۋروپالىقلار پۈتۈنلەي مۇداپىئەسىز بولۇپ، توپ ـ توپ ھالدا ئۆلەتتى. شۇڭا قورۇق خوجايىنىنىڭ ياۋروپالىق قۇلغا ياكى توختاملىق ئىشچىغا ئەمەس، ئافرىقىلىق قۇلغا پۇل خەجلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. تەتۈر تاناسىپ ھالدا، (ئىممۇنىتېت جەھەتتىكى) گېنېتىكىلىق ئۈستۈنلۈك ئىجتىمائىي قاتلامدىكى تۆۋەنلىككە ئايلاندى: ئافرىقىلىقلار دەل تروپىك ئىقلىمغا ياۋروپالىقلاردىن بەكرەك ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ياۋروپالىق خوجايىنلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالدى!

بىراق كىشىلەر مەلۇم بىر ئىرق ياكى كېلىپ چىقىشىدىن قۇل بولغانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ساقلاپ قالىمىز دېيىشنى ياقتۇرمايدۇ. ھىندىستاندىكى ئارىيان ئىستىلاچىلارغا ئوخشاش، ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىك ياۋروپالىقلارمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە تەقۋادار، ئادىل ۋە ئەمەلىيەتچىل كۆرۈنۈشنى خالايتتى. دىنىي ۋە ئىلمىي ئەپسانىلەر بۇ بۆلۈنۈشنى ئاقلاش ئۈچۈن قوللىنىلدى. دىنشۇناسلار ئافرىقىلىقلارنىڭ نۇھنىڭ ئوغلى ھامدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، دادىسىنىڭ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى

«قۇل بولۇشى كېرەك» دەپ قارىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىئولوگلار قارا تەنلىكلەرنى «ئاق تەنلىكلەردىن ئەقلىي جەھەتتە تۆۋەن ۋە ئەخلاقىي تۇيغۇسى ئاجىز» دەپ جاكارلىدى. دوختۇرلار بولسا «قارا تەنلىكلەر مېڭىنىڭ يېڭىدىن تەرەققىي قىلىشى نامرات، يەنى ئۇلار بۇلغىنىش مەنبەسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ ئەپسانىلەر ئامېرىكا مەدەنىيىتىدە، ئومۇمەن غەرب مەدەنىيىتىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. قۇللۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان شارائىتلار يوقالغاندىن كېيىنمۇ، بۇ تەسىرلەر داۋاملىشىۋەردى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى قۇللۇقنى چەكلەپ، ئاتلانتىك ئوكيان قۇل سودىسىنى توختاتتى. كېيىنكى ئون يىللاردا قۇللۇق ئامېرىكا قىتئەسىدە ئاستا-ئاستا چەكلەندى. دىققەتكە سازاۋەر يېرى شۇكى، بۇ تارىختا قۇللۇق جەمئىيەتلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن قۇللۇقنى بىكار قىلغان تۇنجى ۋە بىردىنبىر ۋەقە ئىدى. ئەمما قۇللار ئازاد قىلىنغان بولسىمۇ، قۇللۇقنى ئاقلايدىغان ئىرقچىلىق ئەپسانىلىرى داۋاملاشتى. ئىرقلارنىڭ ئايرىلىشى ئىرقچىلىق قانۇنلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر ئارقىلىق ساقلاندى.

نەتىجىدە سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بىر-بىرىنى كۈچەيتىدىغان ناچار دەۋرىيلىك شەكىللەندى. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جەنۇبىي ئامېرىكىنى ئالايلى. 1865-يىلى ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلگەن 13-ماددىسىدا قۇللۇق چەكلەندى، 14-ماددىسىدا بولسا پۇقرالىق سالاھىيەت بىلەن قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىك تەشەببۇسلىرى ئىرق ئاساسىدا رەت قىلىنماسلىقى كېرەك دەپ بەلگىلەندى. بىراق ئىككى ئەسىرلىك قۇللۇق سەۋەبىدىن، قارا تەنلىك ئائىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاق تەنلىك ئائىلىلەرگە قارىغاندا بەكلا نامرات ۋە ساۋاتسىز ئىدى. شۇڭا 1865-يىلى ئالاباما تۇغۇلغان قارا تەنلىك بىر كىشىنىڭ ياخشى مائارىپ ۋە يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشىش پۇرستى ئاق تەنلىك قوشنىلىرىغا قارىغاندا كۆپ تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ 1880-1890-يىللاردا تۇغۇلغان بالىلىرىمۇ ئوخشاشلا نامرات ياشاشقا باشلىدى، ئۇلارمۇ ساۋاتسىز، نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان ئىدى.

ئەمما ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەسىلىنىڭ پەقەت بىر تەرىپىدۇر. ئالاباما يەنە ياخشى ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم قالغان نۇرغۇن نامرات ئاق تەنلىكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ بايى ئاق تەنلىك قېرىنداشلىرى بىلەن كۆپ ئۇچرىشالمايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، سانائەت ئىنقىلابى ۋە كۆچمەنلىك دولقۇنلىرى ئامېرىكىنى ناھايىتى ئۆزگىرىشچان جەمئىيەتكە ئايلاندۇردى، نامراتلىق تېزلا باياشاتلىققا ئايلىنالايتتى. ئەگەر پۇل ھەممىدىن مۇھىم بولىدىغان بولسا، ئىرقلار ئارىسىدىكى كەسكىن بۆلۈنۈش ئاجىزلىشىشى، بولۇپمۇ ئارىلاش نىكاھ ئارقىلىق ئۇ پەرقلەر كۆپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئەمما ئۇنداق بولمىدى. 1865-يىلىغا كەلگەندە، ئاق تەنلىكلەر، شۇنداقلا نۇرغۇن قارا تەنلىكلەرمۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە قارىغاندا ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن، زوراۋان، جىنسىي جەھەتتە بۇزۇق، ھۇرۇن ئىكەنلىكىنى ۋە پاكىزلىققا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى ئومۇمىي رېئاللىق دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇلار زوراۋانلىق، ئوغرىلىق،

باسقۇنچىلىق ۋە كېسەللىكنىڭ ـ يەنى بۇلغىنىشنىڭ مەنبەسى دەپ قارالدى. 1895 ـ يىلى ئالابامالىق بىر قارا تەنلىك مۆجىزە بىلەن ياخشى مائارىپقا ئېرىشكەن، بانكا كاسسىرىغا ئوخشاش ئىناۋەتلىك خىزمەتكە ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىش ئېھتىماللىقى شۇ سەۋىيەدىكى ئاق تەنلىك نامزاتقا قارىغاندا كۆپ تۆۋەن ئىدى. قارا تەنلىكلەرنى تەبىئىتىدىن ئىشەنچسىز، ھۇرۇن ۋە ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن دەپ كەمسىتىش ئۇلارغا قىلىنغان سۇيىقەست قىلدى.

سىز بەلكىم كىشىلەرنىڭ بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ رېئاللىق ئەمەس، ئەپسانە ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىدىغانلىقىنى، قارا تەنلىكلەرنىڭ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆزلىرىنىڭ ئاق تەنلىكلەردەك ئىقتىدارلىق، قانۇنغا بويسۇنىدىغان ۋە پاكىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدىغانلىقىنى ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، بۇ خاتا چۈشەنچىلەر ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. بارلىق ياخشى خىزمەتلەر ئاق تەنلىكلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەقىقەتەن تۆۋەن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش تېخىمۇ ئاسانلاشتى. «قاراڭلار!» دەيتتى ئادەتتىكى ئاق تەنلىك پۇقرا، «قارا تەنلىكلەر نەچچە ئەۋلادتىن بېرى ئەركىن، ئەمما ھېچقانداق قارا تەنلىك پروفېسسور، ئادۋوكات، دوختۇر ياكى ھەتتا بانكا كاسسىرىمۇ يوق دېيەرلىك. بۇ ئۇلارنىڭ راستىنلا دۆت ۋە ھۇرۇن ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟». بۇ ناچار دەۋرىيلىككە قاپسىلىپ قالغان قارا تەنلىكلەر ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن ئاق ياقىلىقلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ئېلىنمايتتى، ئاق ياقىلىقلار قىلىۋاتقان خىزمەتلەردە قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاز بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىگە ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىلەتتى.

ناچار دەۋرىيلىك بۇ يەردە توختاپ قالمىدى. قارا تەنلىكلەرگە قارشى ئەيىبلەشلەر كۈچەيگەنسېرى، بۇلار ئىرقىي تەرتىپنى قوغداشقا قارىتىلغان «جىم كروۋ» قانۇن ـ نىزاملىرىدىكى بىر سىستېمىسىغا ئايلاندى. قارا تەنلىكلەرنىڭ سايلامغا قاتنىشىشى، ئاق تەنلىكلەر مەكتىپىدە ئوقۇشى، ئاق تەنلىكلەر دۇكىنىدا سودا قىلىشى، ئاق تەنلىكلەر رېستورانىدا تاماق يېيىشى، ئاق تەنلىكلەر مېھمانخانىسىدا قونۇشى چەكلەندى. ئۇنىڭ باھانىسى قارا تەنلىكلەرنىڭ پاسكىنا، ھۇرۇن ۋە ئەسكى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئاق تەنلىكلەرنى ئۇلاردىن قوغداش كېرەكلىكى ئىدى. ئاق تەنلىكلەر كېسەل يۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ قارا تەنلىكلەر بىلەن بىر مېھمانخانىدا قونۇشنى ياكى بىر رېستوراندا تاماق يېيىشنى خالىمايتتى. ئۇلار زوراۋانلىق ۋە يامان تەسىرلەردىن قورقۇپ بالىلىرىنىڭ قارا تەنلىك بالىلار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇشىنى خالىمايتتى. قارا تەنلىكلەرنى نادان ۋە ئەخلاقسىز دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىشىنى خالىمايتتى. بۇ قورقۇنچلار قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەقىقەتەن ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردا تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغانلىقىنى ۋە جىنايەت نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى «ئىسپاتلىغان» ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن كۈچەيتىلدى (بۇ تەتقىقاتلار بۇ

«پاكىتلار»نىڭ قارا تەنلىكلەرگە قىلىنغان كەمسىتىشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى).



تەسادىپىي تارىخىي ۋەقەلىك

ئاقلارنىڭ قارىلارنى كونترول قىلىشى

ئىرقىي كەمسىتىش قانۇنى

قارىلاردىكى نامراتلىق ۋە مائارىپ تەربىيەسىنىڭ كەملىكى

مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراش

ناچار دەۋرىيلىك: تەسادىپىي مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ھادىسىنىڭ قاتمال ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئايلىنىشى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىلگىرىكى فېدراتسىيە شتاتلىرىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكىدىنمۇ ئېغىرلاشقان ئىدى. 1958 ـ يىلى مىسسىسىپى ئۇنىۋېرستېتىغا ئىلتىماس قىلغان كلېننون كىڭ ئىسىملىك قارا تەنلىك ئوقۇغۇچى مەجبۇرىي ھالدا روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ياتقۇزۇلدى. سوتچى بىر قارا تەنلىكنىڭ مىسسىسىپى ئۇنىۋېرستېتىغا قوبۇل قىلىنىمەن دەپ ئويلىشىنى ساراڭلىق دەپ ھۆكۈم قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكىلەر (ۋە نۇرغۇن شىمالدىكىلەر) ئۈچۈن قارا تەنلىك ئەرلەر بىلەن ئاق تەنلىك ئاياللار ئارىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە نىكاھتىنمۇ يىرگىنچلىك نەرسە يوق ئىدى. ئىرقلار ئارىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئەڭ چوڭ پەرھىزگە ئايلاندى، ھەرقانداق بۇزۇقچىلىق ياكى بۇزۇقچىلىققا چېتىلغانلىق شۈبھىسى ئاشكارە جازاغا تارتىشقا ھەم دەرھال ئىجرا قىلىشقا لايىق دەپ قارالدى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەخپىي جەمئىيەت كۇ كلۇكس كلان (Ku Klux Klan) بۇنداق قەستلەشلەرنى كۆپ قېتىم ئېلىپ باردى. ئۇلار ھىندى براھمانلارغا پاكلىق قانۇنلىرى ھەققىدە بىر نەرسە ئۆگىتەلەيتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ئىرقچىلىق تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت ساھەلىرىگە تارقالدى. ئامېرىكا گۈزەللىك مەدەنىيىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى ئاساسىدا قۇرۇلدى. ئاق

تەنلىك ئىرقىنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى ـ مەسىلەن ئاق تەن، تەكشى ۋە تۈز چاچ، ئۇچلۇق ۋە قائىشارلىق بۇرۇن ـ گۈزەل دەپ قارالدى. قارا تەنلىكلەرنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى ـ قارا تەن، قارا ۋە قويۇق چاچ، پاناق بۇرۇن ـ سەت دەپ قارالدى. بۇ ئالدىن پەرەز قىلىشلار تەسەۋۋۇردىكى دەرىجە تۈزۈمنى ئىنسان ئېڭىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭدۇردى .

بۇنداق ناچار دەۋرىيلىك نەچچە يۈز يىل، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللار داۋاملىشىپ، تاسادىپىي تارىخىي ۋەقەدىن كېلىپ چىققان خىيالىي دەرىجە تۈزۈمنى ئەبەدىيلەشتۈردى. ۋاقت ئۆتكەنسېرى، ناھەق كەمسىتىش كۆپ ھاللاردا ياخشىلانماي تېخىمۇ ناچارلىشىدۇ. پۇل بايلارغا. نامراتلىق نامراتلارغا، نادانلىق نادانلارغا، مەرىپەت بولسا مائارىپقا مەنسۇپ بولۇپ قالىۋېرىدۇ. تارىختا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ يەنە زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئېھتىمالى چوڭ بولسا، تارىختا ئالاھىدە ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ يەنە ھوقۇق تۇتۇش ئېھتىمالى چوڭ بولىدۇ.

ئىجتىمائىي ـ سىياسىي دەرىجە تۈزۈملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەنتىقلىق ياكى بىئولوگىيەلىك ئاساسى يوق، ئۇلار پەقەت ئەپسانىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ داۋاملىشىشىدىن ئىبارەت. تارىخنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ. ئەگەر قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك، براھمان ۋە شۇدرا دەپ ئايرىش بىئولوگىيەلىك رېئاللىققا ئاساسلانغان بولسا ـ يەنى براھمانلارنىڭ مېڭىسى راستىنلا شۇدرالارنىڭكىدىن ياخشى بولسا ـ جەمئىيەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىئولوگىيە يېتەرلىك بولاتتى. ھومو ساپىيانسنىڭ ھەرخىل گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدىكى بىئولوگىيەلىك پەرقلەر ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاز بولغاچقا، بىئولوگىيە ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ ياكى ئامېرىكىدىكى ئىرقىي ھەرىكەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. بىز بۇ ھادىسىلەرنى پەقەت تەسەۋۋۇرنى رەھىمسىز (ۋە ناھايىتى رېئال) ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارغا ئايلاندۇرغان ۋەقەلەر، شارائىتلار ۋە كۈچ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىقلا چۈشىنەلەيمىز.

ئەر ۋە ئايال

ھەرخىل جەمئىيەتلەر ھەرخىل خىيالىي ئىجتىمائىي قاتلامنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىرق زامانىۋى ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. تەبىقىلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھىندىستاندا ھايات ـ ماماتلىق مەسىلە بولسا، بۈگۈنكى ياۋروپادا ئۇ ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما جىنس ئاساسىدىكى دەرىجە تۈزۈمى بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق جەمئىيەتلەردە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇردى، ئىنسانلار ھەممە يەردە ئۆزلىرىنى ئەر ۋە ئايال دەپ ئايرىدى. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، ھەممە يەردە دېگۈدەك ئەرلەر ياخشىراق مۇئامىلىگە ئېرىشتى .

ئەڭ قەدىمكى خىتايچە تېكىستلەرنىڭ بەزىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1200 ـ يىلغا تەۋە بولغان، پال ئېچىشتا قوللىنىلغان چىغناق ـ تاغاق يېزىقلىرىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ بىرىگە: «خاۋ خېنىمنىڭ تۇغۇتى ئوڭۇشلۇق بولامدۇ؟» دېگەن سوئال ئويۇلغان. ئاندىن ئۇنىڭغا: «بالا دىڭ كۈنى10 تۇغۇلسا، بەختلىك؛ گېڭ كۈنى11 تۇغۇلسا، ئىنتايىن ياخشى» دەپ جاۋاب بېرىلگەن. ئەمما خاۋ خېنىم جىيايىن كۈنى12 تۇغماقچى ئىدى. تېكىست: «ئۈچ ھەپتە بىر كۈندىن كېيىن، جىيايىن كۈنى بالا تۇغۇلدى. ئەپسۇس، ئۇ قىز بالا ئىكەن» دېگەن غەمكىن بايان بىلەن ئاخىرلاشقان. 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كوممۇنىستىك خىتاي «بىر باللىق بولۇش» سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، نۇرغۇن خىتاي ئائىلىلىرى يەنىلا قىز بالا تۇغۇلۇشنى بەختسىزلىك دەپ قارىدى. ئاتا ـ ئانىلار بەزىدە ئوغۇل بالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يېڭى تۇغۇلغان قىز بالىلارنى تاشلىۋېتەتتى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى .

نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە ئاياللار پەقەت ئەرلەرنىڭ، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ دادىسى، ئېرى ياكى ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ مۈلكى بولۇپ، نۇرغۇن قانۇنلاردا باسقۇنچىلىق جىنايىتى مۈلۈككە زىيان يەتكۈزۈش دەپ قارىلاتتى، يەنى بۇ يەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئايال ئەمەس، بەلكى ئۇنى مۈلۈك قىلغان ئەر ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، قانۇنىي چارە مۈلۈكنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى يۆتكەش ئىدى، باسقۇنچىلىق قىلغۇچى ئەر ئۇ ئايالنىڭ دادىسى ياكى ئاكىسىغا تويلۇق بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئايال ئۇنىڭ مۈلكىگە ئايلىناتتى. ئىنجىلدا: «ئەگەر بىر ئەر يۈزى ئېچىلمىغان قىزنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا، ئاندىن ئۇلار تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇ ئەر قىزنىڭ دادىسىغا ئەللىك سەر كۈمۈش تۆلىسۇن، ئاندىن قىز ئۇنىڭ ئايالى بولسۇن» (قانۇن شەرھى 28 :22 ـ 29) دەپ بەلگىلەنگەن. قەدىمكى يەھۇدىيلار بۇنى ئورۇنلۇق تەدبىر دەپ قارىغان.

---

10 دىڭ كۈنى ــ خىتاينىڭ قەدىمكى كالېندارى بويىچە ئون دەۋرى بەلگىسىدىن بىرى بولۇپ، ئاخىرقى ياز ئايلىرىدىكى كۈننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قۇياش كالېندارى بويىچە بۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، 2011ـيىلدىكى دىڭ كۈنى 5ـئاينىڭ 11ـكۈنى بولغان.

11 گېڭ كۈنى ــ بۇمۇ خىتايدىكى بۇرج، يەنى ئون دەۋرى بەلگىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر ئون كۈندە بىر گېڭ كۈنى كېلىدۇ. بۇمۇ قۇياش كالېندارى بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، بۇ يىلدىكى گېڭ كۈنى كېلەر يىلى گېڭ كۈنى بولماي قېلىشى مۇمكىن.

12 جىيايىن كۈنى ــ خىتاينىڭ قەدىمكى ئېتىقادىكى قۇتلۇق كۈنلەر بولۇپ، يىلدا 8 كۈن قۇتلۇق كۈن بولىدۇ، بۇ كۈندە تۇغۇلغان بالا ئەقىللىق بولىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئاز كېسەل بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

قايناق كوچىدىن تېپىۋالغان تەڭگىنى تېپىۋېلىش ئوغرىلىق دەپ قارالمىغاندەك. ھېچقانداق ئەرگە تەۋە بولمىغان ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىشمۇ جىنايەت دەپ قارالمايتتى، ئەگەر ئەر ئۆز ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلسا، ئۇ ھېچقانداق جىنايەت سادىر قىلمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، بىر ئەر ئۆز ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلسا بولىدۇ دېگەن گەپمۇ ئۆز-ئۆزىگە زىت ئىدى، چۈنكى ئەر بولۇش دېگەنلىك ئۆز ئايالىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى تولۇق كونترول قىلىش دېگەنلىك ئىدى. بىر ئەرنى ئۆز ئايالىغا «باسقۇنچىلىق قىلدى» دېيىش خۇددى بىر ئادەم ئۆز ھەميانىنى ئوغرىلىدى دېگەندەك مەنتىقسىز گەپ ئىدى. بۇنداق چۈشەنچە قەدىمكى ئوتتۇرا شەرقتىلا بولغان ئەمەس. 2006-يىلىغىچە، 53 دۆلەتتە ئەر ئۆز ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلسا سوتلانمايتتى. ھەتتا گېرمانىيەدىمۇ نىكاھ ئىچىدىكى زورلاۋانلىق پەقەت 1997-يىلى قانۇنغا كىرگۈزۈلدى .

ئەر ۋە ئايالغا ئايرىش ھىندىستاندىكى تەبىقە سىستېمىسى ياكى ئامېرىكىدىكى ئىرق سىستېمىسىغا ئوخشاش خىيالنىڭ مەھسۇلاتىمۇ، ياكى چوڭقۇر بىئولوگىيەلىك يىلتىزى بولغان تەبىئىي ئايرىشمۇ؟ ئەگەر ئۇ راستىنلا تەبىئىي ئايرىش بولسا، ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشنىڭ بىئولوگىيەلىك ئىزاھاتى بارمۇ؟

ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت، قانۇن ۋە سىياسىي جەھەتتىكى پەرقلەرنىڭ بەزىلىرى جىنسلار ئارىسىدىكى ئوچۇق بىئولوگىيەلىك پەرقلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بالا تۇغۇش ھەمىشە ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ كەلگەن، چۈنكى ئەرلەرنىڭ بالىياتقۇسى يوق. ئەمما مۇشۇ ئاساستا، ھەر بىر جەمئىيەت بىئولوگىيە بىلەن مۇناسىۋىتى يوق مەدەنىي كۆز قاراش ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى پەيدا قىلدى. جەمئىيەتلەر نۇرغۇن ئالاھىدىكلەرنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق خۇسۇسىيەتلەرگە باغلايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىئولوگىيەلىك ئاساسى يوق.

مەسىلەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردىكى دېموكراتىك ئافېنادا، بالىياتقۇسى بار شەخس مۇستەقىل قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى، خەلق يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا ياكى سوتچى بولۇشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنداق شەخس ياخشى مائارىپتىن بەھرىمەن بولالمايتتى، سودا-تىجارەت ياكى پەلسەپە مۇنازىرىلىرىگە قاتنىشالمايتتى. ئافېنانىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى، چوڭ پەيلاسوپلىرى، ناتىقلىرى، سەنئەتكارلىرى ياكى سودىگەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بالىياتقۇسى يوق ئىدى. بالىياتقۇسى بولۇش بىر ئادەمنى بىئولوگىيەلىك جەھەتتىن ئاشۇ كەسىپلەرگە لاياقەتسىز قىلامدۇ؟ قەدىمكى ئافېنالىقلار شۇنداق دەپ ئويلىغان. بۈگۈنكى ئافېنالىقلار بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. بۈگۈنكى ئافېنادا ئاياللار سايلامغا قاتنىشىدۇ، ئەمەلدارلىققا سايلىنىدۇ، نۇتۇق سۆزلەيدۇ، زىبۇ-زىننەتتىن تارتىپ بىنا ۋە يۇمشاق دېتالغىچە ھەممىنى لايىھىلەيدۇ، ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بارىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسى بۇ ئىشلارنى ئەرلەردەك مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. دەرۋەقە، ئۇلار سىياسەت ۋە سودا-تىجارەتتە يەنىلا ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. گرېتسىيە

پارلامېنتىنىڭ پەقەت 12 پىرسەنتىنى ئاياللار تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ سىياسەتكە قاتنىششىدا قانۇنىي توسالغۇ يوق، بۇگۇنكى گرېكلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال كىشىنىڭ ئەمەلدار بولۇشىنى ناھايىتى نورمال دەپ قارايدۇ.

بۈگۈنكى گرېكلارنىڭ تولىسى ئاياللارنى جىنسىي جەھەتتىن جەلپ قىلىش ۋە ئۇلار بىلەنلا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئەرلەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇنى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئەمەس، بەلكى بىئولوگىيەلىك رېئاللىق، قارشى جىنسلىق ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەبىئىي، ئوخشاش جىنسلىق ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەبىئىي ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەبىئەت دۇنياسى ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى جىنسىي جەھەتتىن جەلپ قىلىش ـ قىلماسلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ. پەقەت مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ئوغلىنىڭ قوشنا يىگىت بىلەن مۇناسىۋەت قىلغىنىنى بىلىپ قالسا ئالەمنى مالەم قىلىدۇ. ئۇلارنى غەزەبلەندۈرگەن نەرسە بىئولوگىيەلىك ئېھتىياج ئەمەس.

كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەر ئوخشاش جىنسلىقلار مۇناسىۋىتىنى قانۇنلۇق دەپلا قالماي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا ئىگە دەپمۇ قارىغان، قەدىمكى گرېتسىيە بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى. «ئىلىيادا»دا تېتىسنىڭ ئوغلى ئاچىللېس بىلەن پاتروكلۇسنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارشى تۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. ماكېدونىيە خانىشى ئولىمپىياس قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ سەپرا، كۈچلۈك ئاياللارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەتتا ئۆز ئېرى پادىشاھ فىلىپنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەن. ئەمما ئوغلى بۈيۈك ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ سۆيگۈنى ھېفېستىئوننى ئۆيگە تاماققا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ جېدەل چىقارمىغان.

بىئولوگىيە جەھەتتە بېكىتىلگەن نەرسىلەرنى كىشىلەر پەقەت بىئولوگىيەلىك ئەپسانىلەر ئارقىلىق ئاقلىماقچى بولغان نەرسىلەردىن قانداق پەرقلەندۈرەلەيمىز؟ ياخشى بىر ئۆلچەم بار، ئۇ بولسىمۇ «بىئولوگىيە يول قويىدۇ، مەدەنىيەت بولسا چەكلەيدۇ». بىئولوگىيە ناھايىتى كەڭ ئىمكانىيەتلەرگە يول قويىدۇ. مەدەنىيەت بولسا بەزى ئىمكانىيەتلەرنى ھېس قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ئىمكانىيەتلەرنى چەكلەيدۇ.

بىئولوگىيە ئاياللارنىڭ بالا تۇغۇشىغا يول قويىدۇ، بەزى مەدەنىيەتلەر ئاياللارنى بۇ ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ؛ بىئولوگىيە ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىغا يول قويىدۇ، بەزى مەدەنىيەتلەر بولسا ئۇلارنى بۇ ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتىن چەكلەيدۇ.

مەدەنىيەت پەقەت تەبىئىي بولمىغان نەرسىلەرنىلا چەكلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دۇنيادا تەبىئىي بولمىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. مۇمكىن بولغان ھەرقانداق نەرسە تەبىئىيدۇر. تەبىئىي بولمىغان، تەبىئەت قانۇنلىرىغا خىلاپ بولغان ھەرىكەت مەۋجۇت بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇنى چەكلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ھېچقانداق مەدەنىيەت

ئەرلەرنىڭ فوتوسىنتېز قىلىشىنى، ئاياللارنىڭ يورۇقلۇق تېزلىكىدىن تېز يۈگۈرۈشىنى، ياكى مەنپىي زەررىچىلەرنىڭ ئۆزئارا تارتىش كۈچىنى چەكلەيمەن دەپ ئاۋارە بولمىغان.

ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ «تەبىئىي» ۋە «تەبىئىي ئەمەس» دېگەن چۈشەنچىلىرىمىز بىئولوگىيەدىن ئەمەس، خرىستىيان دىنىدىن كەلگەن. «تەبىئىي»نىڭ ئىلاھىي مەنىسى «تەبىئەتنى ياراتقان خۇدانىڭ نىيىتىگە ئۇيغۇن» دېگەنلىكتۇر. خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىرى: «خۇدا ئىنسان بەدىنىنى ياراتقاندا، ھەر بىر ئەزا ۋە ئورگاننىڭ مەلۇم مەقسەتكە خىزمەت قىلىشىنى كۆزدە تۇتقان. ئەگەر بىز ئەزالىرىمىزنى خۇدا كۆزدە تۇتقان مەقسەتتە ئىشلەتسەك، ئۇ تەبىئىي بولىدۇ. ئەگەر خۇدانىڭ نىيىتىدىن چەتنەپ كەتسەك، ئۇ تەبىئىي بولمايدۇ» دېگەن.

ئەمما تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ مەقسىتى يوق. ئورگانلار مەلۇم مەقسەت بىلەن تەرەققىي قىلمىغان، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىمۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئىنسان بەدىنىدە نەچچە يۈز مىليون يىل بۇرۇن تۇنجى قېتىم پەيدا بولغاندىكى پروتوتىپىنىڭ ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيدىغان بىرمۇ ئورگان يوق. ئورگانلار مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئۆتەش ئۈچۈن تەرەققىي قىلىدۇ، ئەمما بىر قېتىم مەۋجۇت بولغاندىن كېيىن، باشقا ئىشلىتىلىشلەرگىمۇ ماسلاشتۇرۇلالايدۇ. مەسىلەن ئېغىزنى ئالساق، ئۇ دەسلەپكى كۆپ ھۈجەيرىلىك ئورگانىزملار ئۆز بەدىنىگە ئوزۇقلۇق ئېلىش يولىغا موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن پەيدا بولغان. بىز ئېغىزىمىزنى يەنىلا شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىمىز، ئەمما بىز ئۇنى سۆيۈش، سۆزلەش ۋە ئەگەر رامبو بولساق، قول بومبىسىنىڭ پىپىنى تارتىۋېتىشكىمۇ ئىشلىتىمىز. 600 مىليون يىل بۇرۇنقى قۇرۇتقا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىز ئېغىزلىرىنى بۇ ئىشلارغا ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۇ ئىشلار تەبىئىي بولماي قالامدۇ؟

شۇنىڭغا ئوخشاش، قاناتلار ئۇچۇش قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىللە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالمىغان. ئۇلار باشقا مەقسەتكە خىزمەت قىلغان ئورگانلاردىن تەرەققىي قىلغان. بىر نەزەرىيەگە كۆرە، ھاشارەتلەرنىڭ قاناتلىرى مىليونلىغان يىل بۇرۇن ئۇچالمايدىغان قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ تومپىيىپ چىققان قىسمىدىن تەرەققىي قىلغان. ھۆررەك قوڭغۇزلارنىڭ جۈغى يادالڭ قوڭغۇزلارنىڭكىدىن چوڭراق بولغان، بۇ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ قۇياش نۇرى ئېلىپ، ئىسسىقراق تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ «قۇياش نۇرلۇق ئىسسىتقۇچلار» تېخىمۇ چوڭىيىغان. ئەڭ كۆپ قۇياش نۇرى سىڭدۇرۇشكە پايدىلىق بولغان قۇرۇلما ـ يۈز كۆلىمى كەڭرەك، ئېغىرلىقى ئازراق بولغان قانات ـ قۇرت ـ قوڭغۇزلار سەكرەپ ـ يۈگۈرگەندە تاسادىپىي ھالدا ئۇلارنىڭ بىرئاز كۆتۈرۈلۈشىگىمۇ ياردەم بەرگەن.

چوڭراق چىقىنتىلىرى (قاناتلىرى) بارلار تېخىمۇ يىراققا سەكرەپ ئاتلىيالايتتى. بەزىلىرى ئۇنى پەرۋاز قىلىشقا ئىشلىتىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن قاناتلارنىڭ قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى ھاۋادا ئۇچۇرتۇشىنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلدى. كېلەر قېتىم بىر پاشا قۇلىقىڭىزدا ۋىڭىلدىغاندا، ئۇنى تەبىئىي ھەرىكەت قىلمايۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلەڭ. ئەگەر ئۇ ھۇشىنى بىلىپ،

خۇدا بەرگەن نەرسگە رازى بولغان بولسا، قاناتلىرىنى پەقەت كۇنتاختا سۇپتىدە ئىشلەتكەن بولاتتى.

جىنسىي ئەزالىرىمىز ۋە جىنسىي ھەرىكەتلىرىمىزمۇ خىل كۆپ ۋەزىپىگە ماسلاشتۇرۇلغان. جىنسىيەت دەسلەپتە كۆپىيىش ۋە جۈپلىشىش مۇراسىملىرى ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بولغۇسى جۈپتىمىزنىڭ ساغلاملىقىنى باھالاشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىدى. ئەمما نۇرغۇن ھايۋانلار ھازىر جىنسىي ئەزا بىلەن ھەرىكەتنى كۆپىيىش بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىجتىمائىي مەقسەتلەردە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، شىمپانزېلار جىنسىيەتنى سىياسىي ئىتتىپاقداشلىقنى مۇستەھكەملەش، يېقىنلىق ئورنىتىش ۋە توقۇنۇشنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەمەسمۇ؟

جىنس ۋە جىنسىيەت

شۇنداق بولغاندا، ئاياللارنىڭ تەبىئىي رولى بالا تۇغۇش، ياكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇناسىۋىتى تەبىئىي ئەمەس دەپ دەلىللەشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. ئەرلىك ۋە ئاياللىقنى بەلگىلەيدىغان قانۇن، ئۆلچەم، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىئولوگىيەلىك رېئاللىقتىن بەكرەك ئىنسان تەسەۋۋۇرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بىئولوگىيەلىك جەھەتتىن، ئىنسانلار ئەر ۋە ئايال دەپ ئايرىلىدۇ. ئەر ھومو ساپىيانس بىر X ۋە بىر Y خروموسومى بولغان، ئايال بولسا ئىككى X خروموسومى بولغان ئىنسان. ئەمما «ئەر» ۋە «ئايال» بىئولوگىيەلىك پەرقنى ئەمەس، ئىجتىمائىي كاتېگورىيەنى كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە جەمئىيەتلەردە ئەرلەر ئەركەك، ئاياللار چىشى بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئاتالغۇلارنىڭ ۋەزنى ئېغىر بولۇپ، بىئولوگىيەلىك ئاتالغۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئاز. ئەرلەر XY خروموسومى، ئۇرۇقدان ۋە كۆپ مىقداردا تېستوستېرونغا ئوخشاش ئالاھىدە بىئولوگىيەلىك سۈپەتلەرگە ئىگە ساپىيانس ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قىلغان ئىجتىمائىي تەرتىپتىكى ئالاھىدە ئورۇنغا ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئەپسانىلىرى ئۇنىڭغا مەلۇم ئەرلىك رولى (سىياسەتكە ئارىلىشىش)، ھوقۇقلار (سايلام) ۋە مەجبۇرىيەتلەر (ھەربىي خىزمەت) بېكىتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاياللار ئىككى X خروموسومى، بالىياتقۇ ۋە كۆپ مىقداردا ئېستروگېنى (ئىچكى ئاجراتمىسى) بار ساپىيانس ئەمەس. بەلكى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئايال ئەزاسى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەپسانىلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس ئاياللىق رولى (بالا تەربىيىلەش)، ھوقۇقلار (زوراۋانلىقتىن قوغدىلىش) ۋە مەجبۇرىيەتلەر (ئېرىگە بويسۇنۇش) بېكىتىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ رولى، ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بىئولوگىيە ئەمەس، ئەپسانىلەر بەلگىلىگەچكە، «ئەرلىك» ۋە «ئاياللىق»نىڭ مەنىسى ھەر بىر جەمئىيەتتە زور پەرقلەرگە ئىگە.

ئايال= مەدەنىيەت كاتېگورىيەسى		ئايال= بىئولوگىيەلىك كاتېگورىيە	
بۈگۈنكى ئافىنا	قەدىمكى ئافىنا	بۈگۈنكى ئافىنا	قەدىمكى ئافىنا
سايلامغا قاتنىشالايدۇ	سايلامغا قاتنىشالمايدۇ	**XX** خروموسوم	**XX** خروموسوم
ھۆكۈمەتتە ئىشلىيەلەيدۇ	ھۆكۈمەتتە ئىشلىيەلمەيدۇ	بالىياتقۇ	بالىياتقۇ
كىم بىلەن توي قىلىشنى ئۆزى قارار قىلالايدۇ	كىم بىلەن توي قىلىشنى ئۆزى قارار قىلالمايدۇ	تۇخۇمدان	تۇخۇمدان
ساۋاتلىق	ساۋاتسىز	ئاز تېستوستېرون	ئاز تېستوستېرون
قانۇنىي جەھەتتە مۇستەقىل	قانۇنىي جەھەتتە ئاتىسى ياكى ئېرىنىڭ قولىدا بولىدۇ	كۆپ ئىچكى ئاجراتما (خۇن)	كۆپ ئىچكى ئاجراتما (خۇن)
		سۈت ئىشلەپچىقىرالايدۇ	سۈت ئىشلەپچىقىرالايدۇ
ھەممىسى پەرقلىق		ھەممىسى ئوخشاش	

بىئولوگىيەلىك كاتېگورىيە بولغان «جىنسىيەت» بىلەن مەدەنىيەت كاتېگورىيەسى بولغان «جىنس» ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. جىنسىيەت ئەركەك ۋە چىشى دەپ ئايرىلىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئوبيېكتىپ بولۇپ، تارىخ بويى ئۆزگەرمىگەن. جىنسىيەت ئەر ۋە ئايال دەپ ئايرىلىدۇ (بەزى مەدەنىيەتلەر باشقا كاتېگورىيەلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ). «ئەرلىك» ۋە «ئاياللىق» دېيىلگەن خۇسۇسىيەتلەر سۇبيېكتىپلار ئارا بولىدۇ ھەم داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئافىنا بىلەن بۈگۈنكى ئافىنادىكى ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنغان ھەرىكەت ـ ئادەتلەر، ئىستەكلەر، كىيىنىشلەر ۋە ھەتتا بەدەن قىياپەتلىرىدە چوڭ پەرقلەر بار.

جىنس بالىلار ئويۇنى؛ ئەمما جىنسىيەت جىددىي ئىش. ئەركەك جىنسلىق بولۇش دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي ئىش. سىز پەقەت **X** ۋە **Y** خروموسومى بىلەن تۇغۇلسىڭىزلا بولىدۇ. چىشى بولۇشمۇ شۇنچىلىك ئاددىي. بىر جۈپ **X** خروموسومى يېتەرلىك. ئەكسىچە، ئەر ياكى ئايال بولۇش ناھايىتى مۇرەككەپ ئىش بولۇپ، تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. كۆپىنچە ئەرلىك ۋە ئاياللىق خۇسۇسىيەتلەر بىئولوگىيەلىك ئەمەس، مەدەنىيلىككە ئائىت بولغاچقا، ھېچقانداق جەمئىيەت بىر ئەركەكنى تەبىئىي ھالدا ئەر، ياكى ھەر بىر چىشىنى ئايال دەپ كۆككە كۆتۈرمەيدۇ. بۇ ئۇنۋانلار بىر قېتىم ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆمۈر بويى يۆلىنىدىغان شەرەپ ـ شانىمۇ ئەمەس. ئەركەكلەر بۆشۈكتىن تۆشۈككە كىرگىچە، تۇگىمەس مۇراسىم ۋە ئىجرائاتلار سەھنىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىكىنى داۋاملىق ئىسپاتلاش كېرەك. ئايالنىڭ ئىشىمۇ ھەرگىز

تۇگمەيدۇ ـ ئۇ ئۆزىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئايال ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى داۋاملىق ئىشەندۇرۇشى كېرەك.

22. 18ـئەسىردىكى ئەركەكلىك؛ فرانسىيە پادشاھى لۇئى XIV نىڭ پورترېتى. ئۇنىڭ يالغان چېچىغا، ئۇزۇن پايپىقىغا، ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىغا ۋە چوڭ خەنجىرىگە دىققەت قىلىڭ. ئۆز ۋاقتىدىكى ياۋروپادا بۇ ئالاھىدىلىكلەر (خەنجەردىن باشقا) خېنىم مىجەزلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلاتتى. ئەمما لۇئىنىڭ دەۋرىدە ئۇ ياۋروپا ئەركەكلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى.

23. 21-ئەسىردىكى ئەركەكلىك؛ باراك ئوبامانىڭ پورترېتى.

يالغاچ چاچ، ئۇزۇن پايپاق، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ ۋە خەنجەرگە نېمە بولدى؟ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ئەرلەر ھېچقاچان بۇنداق چۇشكۇن ھالەتتە كۆرۈنگەن ئەمەس. تارىختا ئاساسەن يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئەرلەر ئەسلىدە كۆركەم ۋە رەڭلىك قىياپەتلەردە ياشاپ ئۆتكەن. مەسىلەن، ئىندىئانلارنىڭ ئاقساقىلى بېشىغا پەي تاجلىق بۆك كىيگەن بولسا، ھىندى راھىبلىرى يىپەك تون كىيىپ، ئالماس ئۇزۇك تاقىغان. ھايۋاناتلار دۇنياسىدىمۇ ئەركەكلەر چىشىلىرىغا قارىغاندا كۆركەم، رەڭدار بولۇپ، ناھايىتى ياسانچۇق كېلىدۇ. تورنىڭ قۇيرۇقى بىلەن شىرنىڭ قۇيرۇقىنى ئويلاپ بېقىڭ.

مۇۋەپپەقىيەت كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. بولۇپمۇ ئەركەكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك ساپاسىنى يوقىتىپ قويۇشتىن داۋاملىق ئەنسىرەيدۇ. تارىخ بويى، ئەركەكلەر پەقەت كىشىلەر «ئۇ ھەقىقىي ئەر ئىكەن!» دېسۇن دەپ، ھاياتىنى تەۋەككۈل قىلىشقا ۋە ھەتتا قۇربان قىلىشقا رازى بولغان.

ئەرلەرنىڭ نېمىسى شۇنچە ياخشى؟

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن بۇيان، كۆپىنچە ئىنسان جەمئىيەتلىرى ئەرلەرنى ئاياللاردىن يۇقىرى قويىدىغان ئاتىلىق ھوقۇق جەمئىيەتلىرى بولۇپ كەلگەن. جەمئىيەت «ئەر» ۋە «ئايال»نى قانداق بەلگىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەر بولۇش ھەمىشە ياخشىراق ئىدى. ئاتىلىق ھوقۇق جەمئىيەتلىرى ئەرلەرنى ئەرلەرچە، ئاياللارنى ئاياللارچە ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىشقا تەربىيىلەيدۇ، بۇ چېگرالاردىن ھالقىشقا پېتىنغان ھەركىمنى جازالايدۇ. ئەمما ئۇلار بويسۇنغانلارنىمۇ مۇكاپاتلىمايدۇ. ئەرلىك دەپ قارالغان سۈپەتلەر ئاياللىق دەپ قارالغان سۈپەتلەردىن يۇقىرى باھالىنىدۇ، ئاياللىق غايىنى گەۋدىلەندۈرگەن جەمئىيەت ئەزالىرى ئەرلىك غايىنى نامايان قىلغانلاردىن ئازراق نەرسىگە ئېرىشىدۇ. ئاياللارنىڭ ساغلاملىقى ۋە مائارىپىغا ئازراق مەبلەغ سېلىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي پۇرسەتلىرى، سىياسىي ھوقۇقى ۋە ھەرىكەت ئەركىنلىكى تېخىمۇ ئاز. جىنس شۇنداق بىر مۇسابىقىكى، بەزى يۈگۈرگۈچىلەر پەقەت مىس مېدال ئۈچۈنلا بەسلىشەلەيدۇ.

راست، مىسىر پادىشاھى كلېئوپاترا، خىتاي پادىشاھى ۋۇ زېتيەن (تەخمىنەن مىلادى 700-يىل) ۋە ئەنگلىيە پادىشاھى ئېلىزابېت I گە ئوخشاش بىر قانچە ئايال، ئالىي ئورۇنغا چىققان. ئەمما ئۇلار يۇقىرىقى قائىدىدىن مۇستەسنا. ئېلىزابېتنىڭ 45 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەر، دېڭىز ئارمىيەسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ بارلىق ئوفىتسېرلىرى ئەر، بارلىق سوتچى ۋە ئادۋوكاتلار ئەر، بارلىق ئېپىسكوپ ۋە باش ئېپىسكوپلار ئەر، بارلىق دىنىي ئالىملار ۋە روھانىيلار ئەر، بارلىق دوختۇرلار، جۈملىدىن تاشقى كېسەل دوختۇرلىرى ئەر، بارلىق ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇتلاردىكى ئوقۇغۇچى-پروفېسسورلار ئەر، بارلىق شەھەر باشلىقلىرى ۋە تەپتىشلەر ئەر، شۇنداقلا بارلىق يازغۇچى، مېمارلار، شائىرلار، پەيلاسوپلار، رەسساملار، مۇزىكانتلار ۋە ئالىملار ئەر ئىدى.

ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمى (پاتر بارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت جەمئىيەتلىرىدە ئۆلچەم بولۇپ كەلگەن. ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. مەسىلەن، مىسىر ئەسىرلەر داۋامىدا كۆپ قېتىم بېسىۋېلىندى. ئاسسۇرىيەلىكلەر، پارسلار، ماكېدونىيەلىكلەر، رىملىقلار، ئەرەبلەر، مەملۇكلار، تۈركلەر ۋە ئەنگلىيەلىكلەر ئۇنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەمئىيىتى ھەر دائىم ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدە قالدى. مىسىر پىرئەۋن قانۇنى، گرېك قانۇنى، رىم قانۇنى، ئىسلام قانۇنى،

ئوسمان قانۇنى ۋە ئەنگلىيە قانۇنى بىلەن ئىدارە قىلىندى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ھەقىقىي ئەر» ئەمەسلەرنى كەمسىتىپ كەلدى.

ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى شۇنچە ئۇنىۋېرسال بولغاچقا، ئۇنى بىرەر تاسادىپىي ۋەقەدىن باشلانغان ناچار دەۋرىيلىكنىڭ مەھسۇلى دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، 1492 ـ يىلدىن بۇرۇنمۇ، ئامېرىكا ۋە ئاسىيا ـ ئافرىقادىكى كۆپىنچە جەمئىيەتلەر نەچچە مىڭ يىل بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلالمىغان بولسىمۇ، ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمدە ئىدى. ئەگەر ئاسىيا ـ ئافرىقادىكى ئاتىلىق ھوقۇق جەمئىيەتلىرى مەلۇم بىر تاسادىپىي ۋەقەدىن كېلىپ چىققان بولسا، نېمىشقا ئازتېك ۋە ئىنكالارمۇ ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمدە ئىدى؟ گەرچە «ئەر» ۋە «ئايال»نىڭ روشەن ئېنىقلىمىسى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا پەرقلەنسىمۇ، بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىئولوگىيەلىك سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ سەۋەبنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. نۇرغۇن نەزەرىيەلەر بار، ئەمما ھېچقايسىسى ئىشەنچلىك ئەمەس.

مۇسكۇل كۈچى

ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كۈچنى ئاياللارنى بويسۇندۇرۇشقا ئىشلەتكەنلىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان نەزەرىيەدۇر. بۇنىڭغا ئازراق ئوخشمايدىغان بىر قاراشقا كۆرە، ئەرلەرنىڭ كۈچى ئۇلارغا يەر ھەيدەش ۋە ھوسۇل ئېلىشتەك ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى مونوپول قىلىش ئىمكانىيىتى بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلىش، شۇ ئارقىلىق سىياسىي تەسىر كۈچكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ.

مۇسكۇل كۈچگە بۇنداق ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئىككى مەسىلىسى بار. بىرىنچىسى، «ئەرلەر ئاياللاردىن كۈچلۈك» دېگەن بايان پەقەت ئوتتۇرىچە ئەھۋالدا ۋە پەقەت مەلۇم كۈچ تۈرلىرىگە نىسبەتەن توغرا. ئاياللار ئادەتتە ئاچلىق، كېسەللىك ۋە چارچاشقا ئەرلەردىن بەكرەك چىداملىق. ئەرلەردىن تېز يۈگۈرەلەيدىغان ۋە ئېغىرراق يۈك كۆتۈرەلەيدىغان نۇرغۇن ئاياللارمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نەزەرىيە ئۈچۈن ئەڭ مەسىلىلىك يېرى شۇكى، ئاياللار تارىخ بويى ئاساسەن ئاز جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەردىن (روھانىيلىق، قانۇن ۋە سىياسەتتەك) چەتلەشتۈرۈلگەن، ئەمما ئېتىزدا، ھۈنەرۋەنچىلىكتە ۋە ئۆي ئىشلىرىدا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغان. ئەگەر ئىجتىمائىي ھوقۇق جىسمانىي كۈچ ياكى چىداملىقىقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ھالدا تەقسىم قىلىنغان بولسا، ئاياللار تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى.

تېخىمۇ مۇھىمى، ئىنسانلار ئارىسىدا جىسمانىي كۈچ بىلەن ئىجتىمائىي ھوقۇق ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىۋاستە مۇناسىۋەت يوق. 60 ياشلىقلار ئادەتتە 20 ياشلىقلار

ئۈستىدىن ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، گەرچە يىگىرمە ياشلىقلار ياشانغانلاردىن كۆپ كۈچلۈك بولسىمۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالاباماداكى بىر قورۇق ئىگىسىنى ئۇنىڭ پاختا ئېتىزلىرىدا ئىشلەۋاتقان قۇللارنىڭ ھەرقايسىسى بىر نەچچە سېكۇنتتا يەرگە يىقىتالايتتى. بوكس مۇسابىقىلىرى مىسىر پىرئەۋنلىرى ياكى كاتولىك پاپالىرىنى تاللاشقا ئىشلىتىلمىگەن. ئوۋچى ـ غەنىمەتچى جەمئىيەتلىرىدە، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئادەتتە مۇسكۇللۇق ئادەمدە ئەمەس، ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئەڭ ماھارەتلىك ئادەمدە بولىدۇ. تەشكىللىك جىنايەتتە، گورۇھ كاتتىۋېشىنىڭ چوقۇم ئەڭ كۈچلۈك ئادەم بولۇشى شەرت ئەمەس. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۆز مۇشتىنى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىدىغان ياشانغان ئادەم بولۇپ، جىنايەتلەرنى ياش ۋە ساغلام ئەرلەرگە قىلدۇرىدۇ. بىرسىنى ئۇرۇپ تەشكىلاتنى ئىگىلەشنى ئويلايدىغان ئادەم خاتالىقىدىن ساۋاق ئېلىشقا يېتەرلىك ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ. ھەتتا شىمپانزىلار ئارىسىدىمۇ، باش ئەركەك ئۆز ئورنىنى كالۋا زوراۋانلىق بىلەن ئەمەس، باشقا ئەركەك ۋە چىشى مايمۇنلار بىلەن مۇقىم ئىتتىپاقداشلىق قۇرۇش ئارقىلىق ئىگىلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەت تارىخى كۆپىنچە جىسمانىي كۈچ بىلەن ئىجتىمائىي ھوقۇق ئوتتۇرىسىدا تەتۈر مۇناسىۋەت بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە جەمئىيەتلەردە، تۆۋەن تەبىقىلەر جىسمانىي ئەمگەك قىلىدۇ. بۇ ھومو ساپيانسنىڭ ئوزۇق زەنجىرىدىكى ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن. ئەگەر بۇلار ئەڭ بۇرۇنقى جىسمانىي قابىلىيەت ھېسابلانغان بولسا، ساپيانسلار تەرەققىيات پەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قالغان بولاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي ماھارەتلىرى ئۇلارنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدى. شۇڭا تۈر ئىچىدىكى ھوقۇق زەنجىرىنىڭمۇ قوپال كۈچتىن كۆرە ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي قابىلىيەتلەر بىلەن بەلگىلىنىشى تەبىئىي. شۇڭا تارىختىكى ئەڭ ھەققىي، ئەڭ مۇقىم دەرىجە تۈزۈمى ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن جىسمانىي كۈچى ئۈستىگە قۇرۇلغان دېگەنگە ئىشىنىش تەس.

جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى

يەنە بىر نەزەرىيە ئەرلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنىڭ كۈچتىن ئەمەس، تاجاۋۇزچىلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. نەچچە مىليون يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات ئەرلەرنى ئاياللارغا قارىغاندا كۆپ زوراۋان قىلىپ قويغان. ئاياللار نەپرەت، تەمەخورلۇق ۋە زۇلۇم جەھەتتە ئەرلەر بىلەن تەڭلىشەلەيدۇ، ئەمما بۇ نەزەرىيە بويىچە، ئىش جىسمانىي زوراۋانلىققا كەلگەندە، ئەرلەر بۇنىڭغا تېخىمۇ تەييار. شۇڭا تارىخ بويى ئۇرۇش ئەرلەرنىڭ ئىمتىيازى بولۇپ كەلگەن .

ئۇرۇش ۋاقتىدا، ئەرلەرنىڭ قوراللىق كۈچلەرنى كونترول قىلىشى ئۇلارنى پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭمۇ خوجايىنى قىلىپ قويغان. ئاندىن ئۇلار پۇقرالار جەمئىيىتى ئۈستىدىكى كونتروللۇقنى تېخىمۇ كۆپ ئۇرۇش قىلىشقا ئىشلەتكەن. ئۇرۇشلار قانچە كۆپ بولسا،

ئەرلەرنىڭ جەمئىيەت ئۈستىدىكى كونتروللۇقى شۇنچە كۈچەيگەن. بۇنداق قايتىلىنىش ھەم ئۇرۇشنىڭ، ھەم ئائىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قانداق ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھورمون ۋە ئەقىل ـ ئىدراك سىستېمىلىرى ھەققىدىكى يېقىنقى تەتقىقاتلار ئەرلەرنىڭ ھەقىقەتەن تېخىمۇ تاجاۋۇزچى ۋە زوراۋان خاراكتېرى بارلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئەسكەر بولۇشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزنى كۈچەيتتى. ئەمما ئادەتتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇرۇشنى باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلارنىڭمۇ چوقۇم ئەر بولۇشى كېرەكمۇ؟ بۇ ئاقمايدىغان گەپ. بۇ خۇددى پاختا ئېتىزلىرىدا ئىشلەيدىغان قۇللارنىڭ ھەممىسى قارا تەنلىك بولغاچقا، قورۇق ئىگىلىرىمۇ قارا تەنلىك بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز قىلغانغا ئوخشايدۇ. قارا تەنلىك ئىشچىلارنى پۈتۈنلەي ئاق تەنلىك باشقۇرغۇچىلار باشقۇرالىغاندەك، نېمىشقا ئەر ئەسكەرلەرنىمۇ پۈتۈنلەي ئايال ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاياللار باشلىق بولغان بەزى ھۆكۈمەتلەر باشقۇرالمايدۇ؟

تارىختىكى نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئادەتتىكى ئەسكەرلىكتىن باشلاپ ئۆسمىگەن. ئاقسۆڭەكلەر، بايلار ۋە ئوقۇمۇشلۇقلار ئاپتوماتىك ھالدا ئوفىتسېر بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە ھەرگىز ئادەتتىكى ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلمىغان.

ناپولېئوننىڭ رەقىبى دۇك ۋېللىنگتون 18 يېشىدا ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە يېزىلغاندا، دەرھال ئوفىتسېر قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ قول ئاستىدىكى ئاۋام خەلقنى ئانچە يۇقىرى باھالىمايتتى. ئۇ فرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشلار جەريانىدا باشقا بىر ئاقسۆڭەككە: «بىزنىڭ قوشۇندا ئادەتتىكى ئەسكەر سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ پەس قاتلىمى بار» دەپ يازغان. بۇ ئادەتتىكى ئەسكەرلەر ئادەتتە ئەڭ نامراتلار ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر (مەسىلەن ئىرلاندىيەلىك كاتولىكلار)دىن توپلانغان. ئۇلارنىڭ ھەربىي ئۇنۋاندا ئۆسۈش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. يۇقىرى ئۇنۋانلار كېنەزلەر، شاھزادىلەر ۋە پادىشاھلارغا ساقلانغان. ئەمما ئۇ ئۇنۋانلار نېمىشقا كېنەزنىڭ خانىملىرىغا ئەمەس، كېنەزگىلا بېرىلىدۇ؟

فرانسىيەنىڭ ئافرىقىدىكى ئىمپېرىيەسى سېنېگاللىقلار، ئالجىرىيەلىكلەر ۋە فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قان ـ تەرى بىلەن قۇرۇلغان ھەم قوغدالغان. ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئېسىلزادە فرانسۇزلارنىڭ نىسبىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما فرانسىيە ئارمىيەسىنى باشقۇرغان، ئىمپېرىيەنى ئىدارە قىلغان ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولغان ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلام ئارىسىدا ئېسىلزادە فرانسۇزلارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. نېمىشقا فرانسۇز ئاياللار ئەمەس، فرانسۇز ئەرلەرلا شۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشتى؟

خىتايدا ئەسكەرلەرنى مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بويسۇندۇرۇش ئەنئەنىسى بولۇپ، ئۆمرىدە قىلىچ تۇتۇپ باقمىغان ئەمەلدارلار دائىم ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلاتتى. خىتايدا «ياخشى تۆمۈرنى مىخ قىلىپ ئىسراپ قىلما» دەيدىغان ماقال بار، بۇ گەپ ھەقىقىي تالانتلىقلار ئەسكەر

ئەمەس، ئەمەلدار بولىدۇ دېگەن مەنىدە. ئۇنداقتا، نېمىشقا بۇ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئەر ئىدى؟

ئاياللارنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقى ياكى تېستوستېرون (ئەرلىك ھورمون) دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مەمۇرىي ئەمەلدار، گېنېرال ۋە سىياسەتچى بولۇشىنى توسقان دېگىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قارا كۈچ ياكى ھۇجۇمكارلىق كېرەك ئەمەس، بەلكى چىداملىق بولۇشىڭىز كېرەك، ئۇرۇش دېگەن مەيخانىدىكى جېدەل ئەمەس، بەلكى غايەت زور دەرىجىدىكى تەشكىللەش، ھەمكارلىشىش ۋە تىنچلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئىشتۇر. دۆلەت ئىچىدە تىنچلىقنى ساقلاش، چەت ئەلدە ئىتتىپاقداشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە باشقىلارنىڭ (بولۇپمۇ دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ) كاللىسىدىكىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى ئادەتتە غەلىبىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئۇرۇش قوزغىغۇچىلار دائىم ئەسكەرنىڭ بېشىغا چىقىۋالغان ئۇرۇشقاق تەلۋىلەردۇر. تىنچلاندۇرۇشنى، كونترول قىلىشنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەرخىل نۇقتىدىن كۆرۈشنى بىلىدىغان ھەمكارلاشقۇچىلار تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئىمپېرىيە قۇرغۇچىلار ئەنە شۇنداق ئادەملەردۇر. ھەربىي جەھەتتە ئىقتىدارسىز ئاۋگۇستۇس مۇنتىزىم ئىمپېرىيە تۈزۈمى قۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشى گېنېراللار بولغان يۇلىئۇس سېزار ۋە بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ زامانداشلىرى ۋە بۈگۈنكى تارىخچىلار بۇ نەتىجىنى تولىراق ئۇنىڭ مۇلايىملىقى ۋە ئەپۇچانلىق پەزىلىتىگە باغلايدۇ.

ئاياللار دائىم ئەرلەردىن ياخشىراق كونترول قىلغۇچى ۋە تىنچلاندۇرغۇچى دەپ قارىلىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدىن مەسىلىنى كۆرۈش قابىلىيىتى يۇقىرى دەپ داڭلىنىدۇ. ئەگەر بۇ قاتمال پىكىرلەر ھەقىقەت بولسا، ئاياللار ناھايىتى ياخشى سىياسەتچى ۋە ئىمپېرىيە قۇرغۇچىلار بولۇشى، جەڭ مەيدانىدىكى پەس ئىشلارنى ئەرلىك ھورمونى ئېشىپ كەتكەن، ئەمما كاللىسى ئىشلىمەيدىغان نوچىلارغا قالدۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئاشۇنداق ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرگە قارىماي، رېئال دۇنيادا بۇ ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ. نېمىشقا ئۇنداق بولمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئاتىلىق گېنلار

ئۈچىنچى خىل بىئولوگىيەلىك چۈشەندۈرۈش قوپال كۈچ ۋە زوراۋانلىققا ئازراق ئەھمىيەت بېرىپ، مىليونلىغان يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەر-ئاياللارنىڭ ھەر تۈرلۈك جان بېقىش ۋە كۆپىيىش ئۇسۇللىرىنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەرلەر تۇغۇمچان ئاياللارنى ھامىلدار قىلىش پۇرسىتى ئۈچۈن رىقابەتلەشكەندە، بىر ئەرنىڭ نەسىل قالدۇرۇش ئېھتىماللىقى ئاساسەن ئۇنىڭ باشقا ئەرلەردىن ئۈستۈن كېلىش ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش قابىلىيىتىگە باغلىق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كېيىنكى ئەۋلادقا ئۇلاشقان ئەرلىك گېنلار ئەڭ قارام، تاجاۋۇزچى ۋە رىقابەتچى ئەرلەرگە تەۋە گېنلار بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ئايال ئۆزىنى ھامىلدار قىلىشقا تەييار ئەرنى تېپىشتا قىينالمايتتى.

ئەگەر ئۇ بالىلىرىنىڭ ئۆزىگە نەۋرە بېرىشىنى ئۈمىد قىلسا، ئۇلارنى توققۇز ئاي قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشى، ئاندىن يىللاپ پەرۋىش قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك تېپىش پۇرسىتى ئاز بولۇپ، كۆپ ياردەمگە موھتاج ئىدى. ئۇنىڭغا بىر ئەر كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ جېنىنى بېقىش ئۈچۈن، ئەرنىڭ يېنىدا قېلىپ، ئېغىرچىلىقنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن قويغان ھەرقانداق شەرتكە ماقۇل بولۇشتىن باشقا تاللىشى يوق ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كېيىنكى ئەۋلادقا ئۇلاشقان ئاياللىق گېنلار بويسۇنغۇچى ھەم پەرۋىشكار ئاياللارغا تەۋە گېنلار بولدى. ھوقۇق ئۈچۈن كۆپ كۈرەش قىلغان ئاياللار كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇ كۈچلۈك گېنلاردىن ھېچقايسىسىنى قالدۇرالمىدى.

بۇ نەزەرىيە بويىچە، بۇ پەرقلىق ھايات قېلىش ئۇسۇللىرىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئەرلەرنىڭ تەقدىرى قارام ۋە رىقابەتچى بولۇشقا، سىياسەت ۋە تىجارەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە پۈتۈلۈپ كەتتى؛ ئاياللار بولسا يول بوشىتىپ بېرىپ، ھاياتىنى بالا چوڭ قىلىشقا بېغىشلاشقا مايىل بولدى.

ئەمما بۇ قاراشمۇ ئەمەلىي پاكىتلار تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تاشقى ياردەمگە تايىنىشى ئۇلارنى باشقا ئاياللارغا ئەمەس، ئەرلەرگە تايىنىشقا مەجبۇر قىلدى؛ ئەرلەرنىڭ رىقابەتچانلىقى ئۇلارنى ئىجتىمائىي جەھەتتە ئۈستۈن قىلدى دېگەن پەرەزلەردە مەسىلە بار. پىل ۋە پاكار شىمپەنزىلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ھايۋان تۈرلىرىدە، تايىنىشچان چىشىلىرى بىلەن رىقابەتچى ئەركەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشچان مۇناسىۋەتلەر ئائىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەن. ئۇلارنىڭ چىشىلىرى تاشقى ياردەمگە موھتاج بولغاچقا، ئىجتىمائىي ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە، ھەمكارلىشىش ھەم تىنچلاندۇرۇشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر. ئۇلار ئۆز ئالدىغا چىشى جىنسلار تورى قۇرۇش ئارقىلىق، ھەر بىرىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى چوڭ قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ جەرياندا ئەركەكلىرى كۆپ ۋاقتىنى ئۇرۇش ـ تالاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ماھارەتلىرى ۋە مۇناسىۋەت باغلىرى يېتىلمىگەن پېتى قالىدۇ. شۇڭا پاكار شىمپەنزە ۋە پىل جەمئىيەتلىرى كۈچلۈك ھەمكارلاشقۇچى چىشى جىنسلار تورى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ۋە ھەمكارلاشمايدىغان ئەركەكلىرى بولسا چەتكە قېقىلىدۇ. چىشى پاكار شىمپەنزىلەر ئادەتتە ئەركەكلىرىدىن ئاجىز بولىدۇ، ئەمما ئۇلار بىرلىكتە توپلىشىپ، ھەددىدىن ئاشقان ئەركەك شىمپەنزىلەرنى ئۇرىدۇ.

ئەگەر بۇ، پاكار شىمپەنزىلەر ۋە پىللار ئارىسىدا مۇمكىن بولسا، نېمىشقا ھومو ساپىيانسلار ئارىسىدا مۇمكىن بولمايدۇ؟ ساپىيانسلار نىسبەتەن ئاجىز ھايۋانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش قابىلىيىتىدە. ئۇنداق بولغاندا، بىز تايىنىشچان ئاياللارنىڭ، گەرچە ئەرلەرگە تايانسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن

ئىجتىمائىي ماھارەتلىرىنى ئىشلىتىپ، ھەمكارلىشىش ئارقىلىق تاجاۋۇزچى، باشباشتاق ۋە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئەرلەرنى ئۇستىلىق بىلەن يېڭىپ چىقىشنى كۆتۈشىمىز كېرەك.

مۇۋەپپەقىيەتتى ئەڭ مۇھىم دەرىجىدە ھەمكارلىققا باغلىق بولغان بۇ ئىشتا، قانداقسىگە گويا ئاز ھەمكارلىشىدىغان شەخسلەر (ئەرلەر) گويا كۆپ ھەمكارلىشىدىغان شەخسلەرنى (ئاياللارنى) كونترول قىلىدىغان بولۇپ قالدى؟ ھازىرچە بىزدە بۇنىڭغا ياخشى جاۋاب يوق. بەلكىم ئورتاق پەرەزلەر خاتادۇر. بەلكىم ھومو ساپيېنس تۈرىدىكى ئەركەكلەر جىسمانىي كۈچ، تاجاۋۇزچىلىق ۋە رىقابەتچانلىقتا ئەمەس، يۇقىرى ئىجتىمائىي ماھارەتلەردە ۋە ھەمكارلىقتا كۆپرەك مايىل بولۇشىدا ئالاھىدىلىكى بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇنى بىلمەيمىز.

بىراق بىلىدىغىنىمىز شۇكى، ئۆتكەن ئەسىردە جىنسىي رول زور ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ كۆپ جەمئىيەتلەر ئەر ـ ئاياللارغا باراۋەر قانۇنىي ئورۇن، سىياسىي ھوقۇق ۋە ئىقتىسادىي پۇرسەتلەرنى بېرىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ جىنس ۋە جىنسىيەت ھەققىدىكى ئەڭ ئاساسىي چۈشەنچىلىرىنى قايتا ئويلاشماقتا. جىنسىي پەرق يەنىلا كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ، ئىشلار ھەيران قالارلىق تېزلىكتە يۈز بەرمەكتە. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدا ئاياللارغا سايلام ھوقۇقى بېرىشكە بولمايدۇ دەپ قارالغان؛ ئايال مىنىستىر ياكى ئالىي سوتنىڭ سوتچىسى بولۇش خىيالى پۈتۈنلەي كۈلكىلىك ئىدى؛ بەچچىۋازلىق بولسا شۇنچىلىك پەرھىز تېما ئىدىكى، ئۇنى ئوچۇق مۇھاكىمە قىلغىلىمۇ بولمايتتى. 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاياللارنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى نورمال ئەھۋال دەپ قارالدى؛ ئايال مىنىستىرلار ئانچە دىققەت تارتمايدىغان بولۇپ قالدى؛ 2013 ـ يىلى ئامېرىكا ئالىي سوتىنىڭ بەش سوتچىسى (ئۇلارنىڭ ئۈچى ئايال) تۆت ئەر سوتچىنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ، ئوخشاش جىنسلىقلار نىكاھىنى قانۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە قارار چىقاردى.

بۇ جىددىي ئۆزگىرىشلەر دەل جىنسىي پەرق تارىخىنى مۇشكۈل ۋەزىيەتكە دۇچار قىلدى. ئەگەر، بۈگۈن شۇنچە ئېنىق كۆرسىتىلىۋاتقاندەك، ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمى بىئولوگىيەلىك پاكىتلارغا ئەمەس، ئاساسسىز ئەپسانىلەرگە ئاساسلانغان بولسا، بۇ تۈزۈمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇشى ۋە مۇقىملىقى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

3 ـ قىسىم

ئىنسانلارنىڭ بىرلىشىشى

9. تارىخنىڭ ئوقياسى

24. مەككىدىكى كەئبە ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان ھاجىلار

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىنسانلار جەمئىيىتى بارغانسېرى چوڭىيىپ، مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلايدىغان تەسەۋۋۇر شەكلىمۇ مۇرەككەپلەشتى. ئەپسانىلەر ۋە چۆچەكلەر كىشىلەرنى تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپلا مەلۇم ئۇسۇلدا ئويلاشقا، مەلۇم ئۆلچەملەر بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا، مەلۇم نەرسىلەرنى خالاشقا ۋە مەلۇم قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشقا كۆندۈردى. بۇ ئارقىلىق مىليونلىغان ناتونۇشلارنىڭ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىشىغا ئىمكان بېرىدىغان سۈنئىي ئىستەكلەر يارىتىلدى. بۇ سۈنئىي ئىستەكلەر تورى «مەدەنىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، ئالىملار ھەر بىر مەدەنىيەتنى مۇكەممەل ۋە ماسلاشقان، شۇنداقلا مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ماھىيەتكە ئىگە دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھەر بىر ئىنسان گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي، قانۇنىي ۋە سىياسىي تۈزۈملىرى بار بولۇپ، ئۇلار خۇددى پلانېتلارنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشىدەك راۋان ماڭاتتى. بۇ قاراشقا

كۆرە، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن مەدەنىيەتلەر ئۆزگەرمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئوخشاش سۈرئەت ۋە يۆنىلىشتە داۋاملىشاتتى. پەقەت سىرتتىن كەلگەن كۈچلا ئۇلارنى ئۆزگەرتەلەيتتى.

ئانتروپولوگلار، تارىخچىلار ۋە سىياسەتچىلەر «ساموئا مەدەنىيىتى» ياكى «تاسمانىيە مەدەنىيىتى» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەندە، ساموئالىقلار ۋە تاسمانىيەلىكلەرنىڭ ئەزەلدىن ئوخشاش ئېتىقاد، ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتاتتى.

بۈگۈن، كۆپىنچە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىقادلىرى، ئۆلچەملىرى ۋە قىممەت قاراشلىرى بار، ئەمما بۇلار داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ياكى قوشنا مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرگە جاۋابەن ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەمما مەدەنىيەتلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى دىنامىكىسى تۈپەيلىدىنمۇ ئۆزگىرىشكە ئۇچرايدۇ. ھەتتا ئېكولوگىيەلىك جەھەتتىن مۇقىم مۇھىتتا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئايرىم مەدەنىيەتمۇ ئۆزگىرىشتىن ساقلىنالمايدۇ. فىزىكا قانۇنلىرى زىددىيەتسىز بولىدۇ، ئەمما ئىنسانلار قۇرغان تەرتىپ ئىچكى زىددىيەتلەر بىلەن تولغان. مەدەنىيەتلەر داۋاملىق بۇ زىددىيەتلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا ئاقسۆڭەكلەر خرىستىيان دىنىغا ھەم رىتسارلىق (قەھرىمانلىق، پالۋانلىق) روھىغا ئىشىنەتتى. بىر ئاقسۆڭەك ئەتىگەندە چېركاۋغا بېرىپ، پوپلارنىڭ ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ۋەز-تەبلىغىنى ئاڭلايتتى. «شان-شۆھرەت دېگەنلەر پۇچەك نەرسىلەر!» دەيتتى پوپلار، «بايلىق، شەھۋەت ۋە شۆھرەت خەتەرلىك ئازدۇرۇشلاردۇر. سىز بۇلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ئەيسانىڭ ئىزىدىن مېڭىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭغا ئوخشاش كەمتەر بولۇڭ، زوراۋانلىق ۋە ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىڭ، بىرسى ئوڭ يۈزىڭىزگە تەستەك ئۇرسا، سول يۈزىڭىزنى تۇتۇپ بېرىڭ». كەمتەر ۋە ئويچان ھالدا ئۆيىگە قايتقان ئاقسۆڭەك ئەڭ ياخشى يىپەك كىيىملىرىنى كىيىپ، خوجايىنىنىڭ قەسرىدىكى زىياپەتكە باراتتى. ئۇ يەردە شاراب سۇدەك ئاقاتتى، ناخشىچى لانسېلوت ۋە گۈئىنېۋېر13 ھەققىدە ناخشا ئېيتاتتى، مېھمانلار بىر دەم سەت چاقچاقلارنى قىلسا، بىر دەم قانلىق ئۇرۇش ھېكايىلىرىنى سۆزلەيتتى. «نومۇس بىلەن ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشى» دەيتتى بارونلار، «بىراۋ ئىززىتىڭىزگە تەگسە، پەقەت قان بىلەنلا بۇ ھاقارەتنى يۇغىلى بولىدۇ. ھاياتتا دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن قاچقىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنىڭ ئايىغىڭىزدا تىترەپ تۇرغىنىنى كۆرۈشتىنمۇ ياخشى نېمە بار؟»

---

13 لانسېلوت 12-ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيە پادىشاھى ئارتۇرنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ، ئۇ ئارتۇرنىڭ خوتۇنى گۈئىنېۋېر بىلەن ئاشنىدارچىلىق قىلغان، بۇ ئىش قانلىق ئۇرۇشقا سەۋەب بولغان ھەمدە ئارتۇرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

بۇ زىددىيەت ھېچقاچان تولۇق ھەل قىلىنمىدى. ئەمما ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرى، روھانىيلىرى ۋە پۇقرالىرى بۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلغانسېرى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزگەردى. بۇنى ھەل قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى ئەھلى سەلىب ھەربىي يۈرۈشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئۇرۇشتا رىتسارلار بىرلا ۋاقىتتا ھەربىي ماھارىتىنى ۋە دىنىي سادىقلىقىنى نامايان قىلالايتتى. ئۇ زىددىيەت يەنە «چېركاۋ چەۋەندازلىرى» ۋە «قىزىل كرېست چەۋەندازلىرى»غا ئوخشاش ھەربىي تەشكىلاتلارنى مەيدانغا كەلتۈردى، ئۇلار خرىستىيان دىنى بىلەن رىتسارلىق غايىلىرىنى تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە پادىشاھ ئارتۇر ۋە مۇقەددەس جام ھېكايىلىرىگە ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىر سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. كامېلوت ئوبرازى ياخشى رىتسار ياخشى خرىستىيان بولالايدۇ ۋە بولۇشى كېرەك، ياخشى خرىستىيانلار ئەڭ ياخشى رىتسارلار بولىدۇ دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نېمە ئىدى؟

يەنە بىر مىسال زامانىۋى سىياسىي تەرتىپتۇر. فرانسىيە ئىنقىلابىدىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا باراۋەرلىك ۋە شەخسىي ئەركىنلىكنى ئاساسىي قىممەت قاراشلار دەپ قاراشقا باشلىدى. ئەمما بۇ ئىككى قىممەت قاراش بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ. باراۋەرلىكنى پەقەت ياخشىراق ئەھۋالدىكىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەش ئارقىلىقلا كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ خالىغىنىنى قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇقەررەر ھالدا باراۋەرلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ. 1789 ـ يىلدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ پۈتكۈل سىياسىي تارىخىنى بۇ زىددىيەتنى ئەپلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

چارلز دىككېنسنىڭ رومانلىرىنى ئوقۇغان كىشى 19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا لىبېرال ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكنى ئالدىن ئويلاشقانلىقىنى، ئەمما قەرزىنى تۆلىيەلمىگەن نامرات ئائىلىلەرنى تۈرمىگە تاشلىغانلىقىنى، يېتىملەرگە يانچۇقچىلىقنى ئۆگىنىشتىن باشقا تاللاش يولى قالدۇرمىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئالېكساندىر سولجېنىتسىننىڭ رومانلىرىنى ئوقۇغان كىشى كوممۇنىزمنىڭ باراۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارنىمۇ كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك رەھىمسىز زۇلۇملارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بىلىدۇ.

ھازىرقى ئامېرىكا سىياسىتىمۇ بۇ زىددىيەت ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. دېموكراتلار تېخىمۇ ئادىل جەمئىيەت قۇرۇشنى خالايدۇ، ھالبۇكى بۇ نامرات، ياشانغان ۋە ئاجىز كىشىلەرگە ياردەم قىلىش پروگراممىلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن باجنى ئۆستۈرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ خالىغانچە پۇل خەجلەش ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلىدۇ. ئۇلار «مەن پۇلۇمنى بالىلىرىمنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىشنى تاللىسام، ھۆكۈمەت نېمىشقا مېنى ساغلاملىق سۇغۇرتىسى ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ؟» دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر شەخسىي ئەركىنلىكنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشنى خالايدۇ ھالبۇكى بۇ باي ـ كەمبەغەللىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ۋە نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساغلاملىق سۇغۇرتىسىغا ئېرىشەلمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خۇددى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى رىتسارلىق روھى بىلەن خىرىستىيان دىنىنى بىرلەشتۈرەلمىگەندەك، زامانىۋى دۇنيامۇ ئەركىنلىك بىلەن باراۋەرلىكنى بىرلەشتۈرەلمەيۋاتىدۇ. ئەمما بۇ كەمچىلىك ئەمەس. بۇنداق زىددىيەتلەر ھەر بىر ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ ماتورىغۇچىسى بولۇپ، ئىنسانلىق تۇرمىزنىڭ ئىجادكارلىقى ۋە ھاياتىي كۈچىگە تۈرتكە بولىدۇ. خۇددى ئىككى زىت مۇزىكا نوتىسى بىرلىكتە چېلىنغاندا مۇزىكىنى ئالغا ئىلگىرىلەتكەندەك، بىزنىڭ پىكىر، ئىدىيە ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزدىكى ئىختىلاپلار بىزنى ئويلاشقا، قايتا باھالاشقا ۋە تەنقىد قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. تەرەققىياتتىكى بىرخىللىق دېۋەڭلىكنىڭ ئويۇن مەيدانىدۇر.

ئەگەر جىددىيلىك، توقۇنۇش ۋە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلار ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ تەم تەڭشىگۈچىسى بولسا، ئۇ ھالدا مەلۇم بىر مەدەنىيەتكە تەۋە ئىنسانلار ئوخشىمىغان ئېتىقادلاردا بولۇشى ۋە بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان قىممەت قاراشلار بىلەن بۆلۈنۈشى كېرەك. بۇ ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ «قايمۇقۇش» دەيدىغان مەخسۇس ئاتالغۇسى بار. قايمۇقۇش كۆپىنچە ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇھىم مەنبەدۇر. ئەگەر ئىنسانلار زىت ئېتىقاد ۋە قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولمىغان بولسا، ھەر قانداق ئىنسان مەدەنىيىتىنى قۇرۇش ۋە ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

مەسىلەن، ئەگەر خىرىستىيانلاردىن بىرى كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مەسچىتكە بارىدىغان مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي چۈشەنمەكچى بولسا، ھەر بىر مۇسۇلمان قەدىرلەيدىغان ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنى ئىزدىمەسلىكى كېرەك. بەلكى ئۇ مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىدىكى بىر-بىرىگە زىت تەرەپلەرنى، يەنى قائىدىلەر ئۇرۇش قىلىۋاتقان، ئۆلچەملەر جېدەللىشىۋاتقان جايلارنى سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. مۇسۇلمانلار ئىككى پەرزنىڭ قايسى بىرىنى ئادا قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا نۇقتىدا، سىز ئۇلارنى ئەڭ ياخشى چۈشىنەلەيسىز.

جاسۇسلۇق سۈنئىي ھەمراھى

ئىنسانلار مەدەنىيىتى داۋاملىق ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش پۈتۈنلەي تەرتىپسىزمۇ، ياكى ئۇنىڭ مەلۇم ئومۇمىي نۇسخىسى بارمۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخنىڭ بىر يۆنىلىشى بارمۇ؟

جاۋاب شۇكى، بار. مىڭ يىللار داۋامىدا، كىچىك، ئاددىي مەدەنىيەتلەر تەدرىجىي ھالدا چوڭراق ۋە مۇرەككەپرەك مەدەنىيەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا پەقەت بىر نەچچە چوڭ مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تېخىمۇ چوڭ ھەم مۇرەككەپ بولغان ھالەتكە كەلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ناھايىتى ئاددىيلا ئومۇملاشتۇرۇش بولۇپ،

چوڭ جەھەتتە توغرا. كىچىك جەھەتتە، ھەر بىر چوڭ مەدەنىيەتكە قوشۇلىدىغان مەدەنىيەتلەر گۆرۈپپىسى ئۈچۈن، پارچىلىنىپ كەتكەن چوڭ مەدەنىيەت مەۋجۇت بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى، ھەتتا ياۋروپانىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگۈدەك دەرىجىدە كېڭەيدى، ئەمما كېيىن پارچىلىنىپ كەتتى. خرىستىيان دىنى يۈز مىليونلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋاقىتتا، سانسىز مەزھەپلەرگە بۆلۈندى. لاتىن تىلى غەربىي ۋە مەركىزىي ياۋروپاغا تارقالدى، ئاندىن يەرلىك دىئالېكتلارغا بۆلۈنۈپ، بۇ دىئالېكتلار ئاخىرىدا دۆلەت تىللىرىغا ئايلاندى. ئەمما بۇ پارچىلىنىشلار بىرلىككە قاراپ مېڭىۋاتقان مۇقەررەر يۈنىلىشتىكى ۋاقىتلىق چېكىنىشلەردۇر.

تارىخنىڭ يۈنىلىشىنى چۈشىنىش ھەقىقەتەن كۆزىتىش نۇقتىسىغا باغلىق. بىز تارىخقا يۇكسەك نۇقتىدىن نەزەر سالغاندا، يەنى تەرەققىياتلارنى ئون يىل ياكى يۈز يىللىق مۇددەت ئىچىدە كۆزەتكەندە، تارىخنىڭ بىرلىك ياكى خىلمۇخىللىق يۈنىلىشىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتالىشىمىز تەس. ھالبۇكى، ئۇزۇن مۇددەتلىك جەريانلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن يۇكسەك نۇقتىدىن قاراشمۇ يېتەرسىز. ئۇنىڭغا يۈز يىللارنى ئەمەس، مىڭ يىللارنى كۆزىتىپ تەكشۈرەلەيدىغان «كائىنات جاسۇسلۇق ھەمراھى» كېرەك، بىز ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى قوللانساق ياخشىراق بولىدۇ. بۇنداق كۆزىتىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تارىخنىڭ بىرلىككە قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ئايان بولىدۇ. خرىستىيان دىنىنىڭ مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى تارىخ يولىدىكى دوقاللاردۇر، خالاس.

تارىخنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشىنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى يەر شارىدا مەلۇم دەۋرىدە تەڭ مەۋجۇت بولغان ئايرىم ئىنسان دۇنيالىرىنىڭ سانىنى ھېسابلاشتۇر. بۈگۈن، بىز يەر شارىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ ئويلاشقا كۆنۈپ قالدۇق، ئەمما تارىخنىڭ كۆپ قىسمىدا، يەر شارى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان دۇنيالىرىنىڭ بىر پۈتۈن يۇلتۇز سىستېمىسى ئىدى.

تاسمانىيەنى ئالايلى، ئۇ ئاۋستىرالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر ئارال بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 10,000 ـ يىللىرى ئەتراپىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلگەندە، ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان. نەچچە مىڭ ئوۋچى ـ غەنىمەتچى ئارالدا قېلىپ قالغان ۋە 19 ـ ئەسىردە ياۋروپالىقلار كەلگۈچە باشقا ئىنسانلار بىلەن ئالاقە قىلالمىغان. 12,000 يىل داۋامىدا، ھېچكىم تاسمانىيەلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن، ئۇلارمۇ دۇنيادا باشقا بىرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇرۇشلىرى، سىياسىي كۈرەشلىرى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتلىرى بولغان. ئەمما ختاي ئىمپېراتورلىرى ياكى مېسوپوتامىيە ھۆكۈمرانلىرى نەزىرىدە، تاسمانىيە يۇپىتېرنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرىدە بولسىمۇ بولىۋېرەتتى. تاسمانىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم دۇنياسىدا ياشىغان.

ئامېرىكا بىلەن ياۋروپامۇ ئۆز تارىخىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئايرىم دۇنيالار ئىدى. مىلادى 378 ـ يىلى، رىم ئىمپېراتورى ۋالېنس ئادرىئانوپول جېڭىدە گوتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ

ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ يىلى، تىكالنىڭ پادىشاھى چاكتوك ئىچاك تىيوتىخوكان قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. (تىكال مايالارنىڭ مۇھىم شەھەر دۆلىتى بولۇپ، تىيوتىخوكان شۇ چاغدا ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ئىدى، تەخمىنەن 250,000 ئاھالىسى بار بولۇپ، زاماندىش رىم بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئىدى.) رىمنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن تىيوتىخوكاننىڭ يۇكسىلىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق ئىدى. رىم مارىستا، تىيوتىخوكان ۋېنېرادا بولسىمۇ بولۇۋېرەتتى.

يەر شارىدا ئىنسانلارنىڭ قانچە ئايرىم دۇنياسى تەڭ مەۋجۇت بولغان؟ مىلادىدىن بۇرۇنقى 10,000 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يەر شارىمىزدا مىڭلىغان ئايرىم دۇنيالار بار ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ سانى يۈزلەرگە، ياكى ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قانچە مىڭغا چۈشۈپ قالغان. مىلادى 1450 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ سانى بىراقلا ئازايغان. بۇ ۋاقىتتا، ياۋروپانىڭ جاھان كېزىپ يېڭى زېمىن ئىزدەش دەۋرىنىڭ دەل ئالدىدا، يەر شارىدا تاسمانىيەگە ئوخشاش ئاراللاردا يەنىلا خېلى كۆپ پاكار ئىنسانلار بار ئىدى. ئەمما 90 پىرسەنتكە يېقىن ئىنسان بىرلا چوڭ ـ دۇنيادا——ئاسىيا ـ ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا ياشايتتى. ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسمى (سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) ئاللىقاچان مۇھىم مەدەنىيەت، سىياسەت ۋە ئىقتىساد مۇناسىۋەتلىرى بىلەن باغلانغان ئىدى.

دۇنيا نوپۇسىنىڭ قالغان ئوندىن بىر قىسمى خېلى چوڭ ۋە مۇرەككەپ تۆت دۇنياغا بۆلۈنگەن:

1. ئوتتۇرا ئامېرىكا دۇنياسى، ئۇ ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

2. ئاندېس دۇنياسى، ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ كۆپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

3. ئاۋستىرالىيە دۇنياسى، ئۇ ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

4. ئوكيانىيە دۇنياسى، ئۇ تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھاۋاي ئاراللىرىدىن يېڭى زېلاندىيەگىچە بولغان كۆپ قىسىم ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كېيىنكى 300 يىل ئىچىدە، ئاسىيا ـ ئافرىقا باشقا بارلىق دۇنيالارنى يۇتۇۋالدى. 1521 ـ يىلى ئىسپانلار ئازتېك ئىمپېرىيەسىنى بويسۇندۇرغاندا ئوتتۇرا ئامېرىكا دۇنياسىنى يۇتتى. شۇ ۋاقىتتا فېردىناند ماگېللان دۇنيانى ئايلىنىپ سەپەر قىلىش جەريانىدا ئوكيانىيە دۇنياسىدىن تۇنجى پارچىنى ئالدى ۋە كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنى تولۇق بويسۇندۇردى. 1532 ـ يىلى ئىسپانلار ئىنكا ئىمپېرىيەسىنى يوقاتقاندا ئاندېس دۇنياسى غۇلىدى. تۇنجى ياۋروپالىق 1606 ـ يىلى ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىغا قەدەم باسقاندا، بۇ ئايرىم دۇنيا 1788 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى رەسمىي باشلانغاندا ئاخىرلاشتى. 15 يىلدىن كېيىن

ئەنگلىيەلىكلەر تاسمانىيەدە تۈنجى مۇستەملىكىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىل ئىنسان دۇنياسى ئاسىيا ـ ئافرىقانىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىردى.

ئاسىيا ـ ئافرىقانىڭ يۇتقانلىرىنى ھەزىم قىلىشقا بىر قانچە ئەسىر كەتتى، بۇ جەرياننى ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايتتى. بۈگۈن بارلىق ئىنسانلار دېگۈدەك ئوخشاش گېئوپولىتىك سىستېمىنى (پۈتۈن دۇنيا خەلقئارا ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەتلەرگە بۆلۈنگەن)؛ ئوخشاش ئىقتىسادىي سىستېمىنى (كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى دۇنيانىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تەسىر كۆرسەتمەكتە)؛ ئوخشاش قانۇنىي سىستېمىنى (كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقئارا قانۇن ھەممە يەردە، ھېچ بولمىغاندا نەزەرىيەدە كۈچكە ئىگە)؛ ۋە ئوخشاش ئىلمىي سىستېمىنى (ئىران، ئىسرائىلىيە، ئاۋستراليە ۋە ئارگېنتىنادىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاتوم قۇرۇلمىسى ياكى سىل كېسىلىنى داۋالاش ھەققىدىكى قاراشلىرى بىردەك) ئورتاقلاشماقتا.

3 ـ خەرىتە. مىلادى 1450 ـ يىلىدىكى يەر شارى. ئاسىيا ـ ئافرىقا دۇنياسىدىكى نامى ئاتالغان جايلار 14 ـ ئەسىردىكى مۇسۇلمان ساياھەتچى ئىبن بەتتۇتا زىيارەت قىلغان جايلاردۇر. مەراكەشنىڭ تانجىر شەھىرىدىن كەلگەن ئىبن بەتتۇتا تىمبۇكتۇ، زانزىبار، جەنۇبىي رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، خىتاي ۋە ھىندونېزىيەنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ساياھىتى يېقىنقى ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىنسانلىرىنىڭ بىرلىك ئىچىدە ياشىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ يەككە دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ تەركىۋى ئوخشىمايدۇ. خۇددى بىر ئورگانىك تەن ھەر خىل ئورگان ۋە ھۈجەيرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، بىزنىڭ يەر شارى مەدەنىيىتىمىزمۇ ھەر خىل تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئادەملەرنى—— نيۇيورك پاي چېكى دەللاللىرىدىن تارتىپ ئافغان پادىچىلىرىغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار زىچ باغلانغان ۋە بىر ـ بىرىگە نۇرغۇن ئۇسۇللاردا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار يەنىلا تالاش ـ تارتىش قىلىدۇ ۋە جەڭ

قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئوخشاش چۈشەنچىلەرنى ئىشلىتىپ تالىشىدۇ ۋە ئوخشاش قوراللارنى ئىشلىتىپ جەڭ قىلىدۇ. ھەقىقىي «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» گاسلارنىڭ دىئالوگىغا ئوخشايدۇ. ھېچكىم باشقىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. بۈگۈن ئىران بىلەن ئامېرىكا بىر ـ بىرىگە قىلىچ تەڭلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى دۆلەت، كاپىتالىستىك ئىقتىساد، خەلقئارا ھوقۇق ۋە يادرو فىزىكىسى تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

بىز يەنىلا «ئەسلى» مەدەنىيەتلەر ھەققىدە كۆپ توختىلىمىز، ئەمما «ئەسلى» دېگەندە بىز، مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان ۋە تاشقى تەسىرلەردىن خالىي قەدىمكى يەرلىك ئەنئەنىلەردىن تەركىب تاپقان مەدەنىيەتنى كۆزدە تۇتساق، يەر يۈزىدە ھېچقانداق ئەسلى مەدەنىيەت قالمىدى. ئۆتكەن بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە، بارلىق مەدەنىيەتلەر دۇنياۋى تەسىرلەرنىڭ كەلكۈنى ئاستىدا تونۇغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى .

دۇنياۋىلىششىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق مىساللىرىدىن بىرى «مىللىي» تائاملاردۇر. بىز ئىتالىيە رېستورانىدا پەمىدور تېتىتقۇسى ۋە قۇرۇتۇلغان چۆپ؛ پولشا ۋە ئىرلاندىيە رېستورانلىرىدا ياڭيۇ بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز؛ ئارگېنتىنا رېستورانىدا بىز نەچچە ئون خىل كالا گۆشى كاۋىپىدىن بىرىنى تاللايمىز؛ ھىندىستان رېستورانىدا ھەممە تائامغا دېگۈدەك ئاچچىق قەلەمپۇر قوشۇلىدۇ؛ شىۋېتسارىيە كافېلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا قايماق كۆپۈكى بىلەن يېپىلغان قويۇق ئىسسىق شاكىلات. ئەمما بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەسلىدە بۇ دۆلەتلەرگە تەۋە ئەمەس. پەمىدور، قىزىلمۇچ ۋە كاكائونىڭ ھەممىسى مېكسىكىدىن كەلگەن؛ ئۇلار ياۋروپا بىلەن ئاسىياغا پەقەت ئىسپانلار مېكسىكىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنلا يەتكەن. يۇلىئۇس سېزار ۋە دانتې ئالگىيېرى ھەرگىزمۇ ۋىلكىسىغا پومىدور تېتىتقۇسىغا مىلەنگەن چۆپنى ئورىمىغان (ۋىلكىمۇ تېخى ئىجاد قىلىنمىغانىدى)، ۋىليام تېل ھەرگىز شاكىلات تېتىپ باقمىغان، بۇددا راھىپمۇ تامىقىغا ھەرگىز قىزىلمۇچ قوشمىغان. ياڭيۇ پولشا ۋە ئىرلاندىيەگە پەقەت 400 يىل ئىلگىرىلا يەتكەن. 1492 ـ يىلى ئارگېنتىنادا تاپقىلى بولىدىغان گۆش پەقەت ئامېرىكا تۆگىسى گۆشى ئىدى.

ھولليۋۇد فىلىملىرى تۈزلەڭلىك ئىندىئانلىرىنى ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ياۋروپالىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ هارۋىلىرىغا باتۇرلارچە ھۇجۇم قىلىدىغان جەسۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ كەلدى. ھالبۇكى، بۇ يەرلىك ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر ئەسلى مەدەنىيەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ياۋروپا ئاتلىرىنىڭ كېلىشى نەتىجىسىدە، 17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەردە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي تۈزلەڭلىكلىرىنى قاپلىغان چوڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. 1492 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئات يوق ئىدى. 19 ـ ئەسىردىكى سىئۇكس ۋە ئاپاچى مەدەنىيىتىنىڭ جەلپ قىلارلىق تەرەپلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇ «ئەسلى» مەدەنىيەتتىن كۆرە، دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ نەتىجىسى بولغان زامانىۋى مەدەنىيەت ئىدى.

25سىئۇكس قەبىلە باشلىقلىرى (1905-يىل). سىئۇكس ياكى باشقا چوڭ تۇزلەڭلىك قەبىلىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا 1492-يىلدىن بۇرۇن ئات يوق ئىدى.

ئەمەلىي نۇقتىدىن قارىغاندا، دۇنياۋى بىرلىككە كېلىش جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچ ئۆتكەن بىر قانچە ئەسىردە، ئىمپېرىيەلەر كېڭىيىپ، سودا-سېتىق كۈچەيگەن مەزگىلدە يۈز بەردى. ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا، ئاۋسترالىيە ۋە ئوكيانىيە خەلقلىرى ئارىسىدا بارغانسېرى مۇستەھكەم باغلىنىشلار شەكىللەندى. شۇنداق قىلىپ مېكسىكىنىڭ قىزىل مۇچلىرى ھىندىستان تائاملىرىغا كىردى، ئىسپانىيەنىڭ كالىلىرى ئارگېنتىنادا ئوتلاشقا باشلىدى. ئەمما ئىدىيەۋى نۇقتىدىن قارىغاندا، تېخىمۇ مۇھىم ئۆزگىرىش مىلادىيىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىلدا، دۇنياۋى تەرتىپ ئىدىيەسى يىلتىز تارتقان چاغدا يۈز بەردى. بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن، تارىخ ئاللىقاچان دۇنياۋى بىرلىك يۆنىلىشىدە ئاستا ھەرىكەتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرىدىغان دۇنياۋى تەرتىپ ئىدىيەسى كۆپىنچە كىشىلەرگە يەنىلا يات ئىدى.

ھومو ساپىيانس كىشىلەرنى «بىز» ۋە «ئۇلار» دەپ ئايرىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. «بىز» دېگىنىمىز كىم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى گۇرۇپپا، «ئۇلار» بولسا باشقا ھەممە كىشى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ھېچقانداق ئىجتىمائىي ھايۋان ئۆزى تەۋە

بولغان تۇرنىڭ مەنپەئەتى تەرىپىدىن يېتەكلەنمەيدۇ. ھېچقانداق شىمپەنزە شىمپەنزە تۇرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىمايدۇ، ھېچقانداق قۇلۇلە دۇنياۋى قۇلۇلە جەمئىيىتى ئۈچۈن مۇڭگۈزىنى كۆتۈرمەيدۇ، ھېچقانداق ئەركەك شىر بارلىق شىرلارنىڭ پادىشاھى بولۇشقا ئۇرۇنمايدۇ، ھېچقانداق ھەرە ئۇۋىسىنىڭ كىرىش تۆشۈكىدە «دۇنيادىكى ئىشچى ھەرىلەر، بىرلىشىڭلار!» دېگەن شوئار تېپىلمايدۇ.

ئەمما ئەقىل ئىنقىلابىدىن باشلاپ، ھومو ساپىيانس بۇ جەھەتتە بارغانسېرى ئالاھىدە بولۇپ قالدى. كىشىلەر «قېرىنداش» ياكى «دوست» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بارلىق ناتونۇش كىشىلەر بىلەن مۇنتىزىم ھەمكارلىششقا باشلىدى. بىراق بۇ قېرىنداشلىق ئومۇمىيۇزلۇك ئەمەس ئىدى. يېقىن جىلغىدا ياكى تاغ تىزمىسىنىڭ نېرىسىدا يەنىلا «ئۇلار»نى ھېس قىلغىلى بولاتتى. تۇنجى پىرئەۋن مېنېس مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىلى مىسىرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، مىسىرلىقلارغا مىسىرنىڭ چېگراسى بارلىقى ۋە چېگرانىڭ نېرىسىدا «ياۋايىلار» يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ياۋايىلار يات ئىدى، تەھدىت سالاتتى ۋە پەقەت مىسىرلىقلار خالايدىغان يەر ياكى تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە بولغان ئەھۋالدىلا كىشىنى قىزىقتۇرالايتتى. كىشىلەر ياراتقان تەسەۋۋۇردىكى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىنسانىيەتنىڭ خېلى زور قىسمىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىلدا ئۈچ پوتېنسىيال (يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە) ئومۇمىي تەرتىپ پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تۇنجى قېتىم پۈتۈن دۇنيا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىر تۈركۈم قانۇنلار بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان يەككە بىرلىك سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. ھەممە كىشى، ھېچ بولمىغاندا پوتېنسىيال جەھەتتە «بىز» ئىدى، «ئۇلار» ئەمدى يوق ئىدى. دۇنيادا بارلىققا كەلگەن تۇنجى ئومۇمىي تەرتىپ ئىقتىسادىي تەرتىپ بولۇپ، ئۇ پۇل تەرتىپى ئىدى؛ ئىككىنچى ئومۇمىي تەرتىپ سىياسىي تەرتىپ بولۇپ، ئۇ ئىمپېرىيە تەرتىپى ئىدى؛ ئۈچىنچى ئومۇمىي تەرتىپ دىنىي تەرتىپ بولۇپ، ئۇ بۇددىزم، خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق چوڭ دىنلارنىڭ تەرتىپى ئىدى .

سودىگەرلەر، جاھانگىرلار ۋە پەيغەمبەرلەر «بىز ۋە ئۇلار» دېگەن ئىككىلىك تەدرىجىي تەرەققىيات بۆلۈنۈشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ پوتېنسىيال بىرلىكىنى كۆرەلىگەن تۇنجى كىشىلەر ئىدى. سودىگەرلەر ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا بىر بازار، بارلىق ئىنسانلار خېرىدارلار ئىدى. ئۇلار ھەممە يەردە، ھەممە كىشىگە ئۈنۈمى بولىدىغان ئىقتىسادىي تەرتىپ ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. جاھانگىرلار ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا بىر ئىمپېرىيە، بارلىق ئىنسانلار پۇقرالار ئىدى. پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادا بىرلا ھەقىقەت بار بولۇپ، بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر ئىدى. ئۇلارمۇ ھەممە يەردە، ھەممە كىشىگە ئۈنۈمى بولىدىغان تەرتىپ ئورنىتىشقا تىرىشتى.

ئۆتكەن ئۈچ مىڭ يىل جەريانىدا، كىشىلەر بۇ دۇنياۋى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دادىل سىناقلارنى قىلدى. كېيىنكى ئۈچ بابتا پۇل، ئىمپېرىيەلەر ۋە ئۇنىۋېرسال

دىنلارنىڭ قانداق تارقىلىپ، بۈگۈنكى بىرلىككە كەلگەن دۇنيانىڭ ئاساسىنى قانداق سالغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. بىز بۇنى تارىختىكى ئەڭ چوڭ جاھانگىرنىڭ ھېكايىسى بىلەن باشلايمىز. بۇ جاھانگىر ئىنتايىن كەڭ قورساق ۋە ماسلىشىشچان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى سادىق مۇرىتلارغا ئايلاندۇرغان. بۇ جاھانگىر پۇلدۇر. ئوخشاش تەڭرىگە ئىشەنمەيدىغان ياكى ئوخشاش پادىشاھقا بويسۇنمايدىغان كىشىلەر ئوخشاش پۇلنى ئىشلىتىشكە تولىمۇ رازى. ئوساما بىن لادىن ئامېرىكا مەدەنىيىتى، ئامېرىكا دىنى ۋە ئامېرىكا سىياسىتىدىن شۇنچە نەپرەتلەنسىمۇ، ئامېرىكا دوللىرىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. پۇل قانداقلارچە تەڭرىلەر ۋە پادىشاھلار مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان يەردە غەلىبە قىلالىدى؟

10. پۇلنىڭ پۇرىقى

1519 ـ يىلى خېرنان كورتېس ۋە ئۇنىڭ ئىستىلاچىلىرى شۇ ۋاقىتقىچە ئايرىم دۇنيا بولۇپ كەلگەن مېكسىكاغا تاجاۋۇز قىلدى. ئۆزلىرىنى ئازتېكلار دەپ ئاتىغان يەرلىك خەلق، كەلگۈندىلەرنىڭ مەلۇم بىر سېرىق مېتالغا ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بۇ ھەقتە توختىماي سۆزلەيتتى. يەرلىكلەر ئالتۇننى ياخشى بىلەتتى ـ ئۇ چىرايلىق ۋە ئىشلەشكە ئاسان بولغاچقا، ئۇنى زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ھەيكەللەر ياساشقا ئىشلىتەتتى، بەزىدە كېپەك ئالتۇننى مال ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىناتتى. ئەمما بىر ئازتېك بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولسا، ئادەتتە كاكائو (قەھۋە) ئۇرۇقى ياكى رەخت توپلىرى بىلەن تۆلەيتتى. شۇڭا ئىسپانلارنىڭ ئالتۇنغا بولغان ھېرىسمەنلىكى چۈشىنىكسىز تۇيۇلاتتى: يېيىشكە، ئىچىشكە ياكى توقۇشقا بولمايدىغان، قورال ـ ياراغ ياكى ئەسۋاب ياساشقا بەك يۇمشاق كېلىدىغان بۇ مېتال نېمىگە شۇنچە ئەتىۋارلىق بولۇپ قالدى؟ يەرلىكلەر ئىستىلاچى ئىسپانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالتۇنغا شۇنچە ھېرىس ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «چۈنكى مەن ۋە ھەمراھلىرىم پەقەت ئالتۇن بىلەنلا داۋالىغىلى بولىدىغان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىسپانلار كېلىپ چىققان ئاسىيا ـ ئافرىقا دۇنياسىدا، ئالتۇنغا بولغان ھېرىسمەنلىك ھەقىقەتەن بىر ۋابادەك تارقالغانىدى. ھەتتا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلەرمۇ ھېچنېمىگە پايدىسىز ئۇ سېرىق مېتالغا ھېرىس ئىدى. مېكسىكىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن، كورتېس ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئەجدادلىرى ئىبېرىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان پادىشاھلىقلىرىغا قارشى قانلىق دىنىي ئۇرۇش قوزغىغانىدى. ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مىڭلىغان ـ يۈز مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈردى، ئېتىزلار ۋە باغلارنى ۋەيران قىلدى، گۈللەنگەن شەھەرلەرنى كۆكۈم ـ تالقان قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا ياكى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى ئۈچۈن ئىدى.

خرىستىئانلار ئاستا ـ ئاستا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنسېرى، ئۇلار مەسچىتلەرنى چېقىپ چېركاۋلارنى سېلىش بىلەنلا ئەمەس، يەنە كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ۋە كاپىرلارغا قارشى كۆرەشتە ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن خۇداغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلگەن يېڭى ئالتۇن ـ كۈمۈش تەڭگىلەرنى چىقىرىش بىلەنمۇ بەلگىلىدى. ئەمما يېڭى پۇللار بىلەن بىر ۋاقىتتا، غالىبلار باشقىچە ئۈچۈر يەتكۈزىدىغان «مىللارېس» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل تەڭگە باستى. خرىستىئان فاتىھلار باسقان بۇ تۆت چاسا تەڭگىلەرگە «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن ئەرەبچە خەت يېزىلغانىدى. ھەتتا مېلگۇئېل ۋە ئاگدېنىڭ كاتولىك ئېپىسكوپلىرىمۇ بۇ مەشھۇر مۇسۇلمان تەڭگىلىرىنىڭ تەقلىدلىرىنى چىقاردى ۋە خۇدادىن قورقىدىغان خرىستىئانلار بۇلارنى خۇشاللىق بىلەن ئىشلەتتى.

تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ كەڭچىلىك كۆپەيدى. شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان سودىگەرلەر فلورېنتسىيە فلورىنى، ۋېنېتسىيە دۇكاتى ۋە نېئاپول گىگلىئاتوسى قاتارلىق خرىستىئان تەڭگىلىرىنى ئىشلىتىپ سودا قىلدى. ھەتتا كاپىر خرىستىئانلارغا قارشى جىھاد چاقىرىقى قىلغان مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلارمۇ ئەيسا ۋە ئۇنىڭ پاك ئانىسىنىڭ نامى يېزىلغان تەڭگىلەر بىلەن باج ـ سېلىق يىغىشتىن خۇشال ئىدى.

باھاسى قانچە پۇل؟

ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ پۇلى يوق ئىدى. ھەر بىر گورۇپپا گۆشتىن تارتىپ دورىغىچە، كەشتىن تارتىپ سېھىرگەرلىككىچە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىنى دېگۈدەك ئۆزى ئىشلەپچىقىراتتى. گورۇپپا ئەزالىرى ئوخشىمىغان ئىشلارغا ماھىر بولسىمۇ، ئۇلار ساخاۋەت ۋە مەجبۇرىيەتكە تولغان ئىقتىسادى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ماللىرى ۋە مۇلازىمىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولاتتى. ھەقسىز بېرىلگەن گۆش ئۆز ـ ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مەسىلەن ھەقسىز داۋالاش ياردىمى بېرىش دېگەندەك ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. گورۇپپا ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل ئىدى؛ يەرلىك جايدىن تاپقىلى بولمايدىغان دېڭىز قۇلۇلىسى، بوياق، تاغ ئەينىكى قاتارلىق ئاز ساندىكى نەرسىلەرنىلا ياتلاردىن ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئادەتتە ئاددىي مال ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قىلىناتتى: «بىز سىلەرگە چىرايلىق دېڭىز قۇلۇلىسى بېرىمىز، سىلەر بىزگە سۈپەتلىك چاقماق تېشى بېرىسىلەر».

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىنمۇ بۇنىڭدا ئانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. كۆپچىلىك يەنىلا كىچىك، يېقىن جامائەلەردە ياشايتتى. خۇددى ئوۋچى ـ غەنىمەتچى گورۇپپىسىغا ئوخشاش، ھەر بىر يېزا ئۆز ـ ئۆزىنى قامدىيالايدىغان ئىقتىسادىي بىرلىك بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ياخشىلىق ۋە مەجبۇرىيەتلەر ھەمدە سىرتتىكىلەر بىلەن ئازراق مال ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تىرىكچىلىكىنى ساقلايتتى. ئۇ يېزىدىكىلەر ئاياغ تىكىشكە ماھىر بولسا، بۇ يېزىدىكىلەر داۋالاشقا ماھىر بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا يېزىلىقلار يالاڭ ئاياغ قالغاندا ياكى

ئاغرىپ قالغاندا كىمگە بېرىشنى بىلەتتى. ئەمما يېزىلار كىچىك ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى چەكلىك بولغاچقا، ئۇ يەردە پۈتۈن كۈن ئىشلەيدىغان موزدوزلار ۋە دوختۇرلار بولماسلىقى مۇمكىن.

شەھەرلەر ۋە پادىشاھلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەمدە قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى يېڭى كەسىپ پۈرسەتلىرىنى يارىتىپ بەردى. ئاھالىسى زىچ شەھەرلەر موزدوز ۋە دوختۇرلارغىلا ئەمەس، ياغاچچىلار، روھانىيلار، ئەسكەرلەر ۋە ئادۋوكاتلارغىمۇ پۈتۈن كۈنلۈك خىزمەت پۈرسىتى يارىتىپ بەردى. ئېسىل شاراب، زەيتۇن يېغى ياكى ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭق چىقارغان يېزىلار ئاساسەن شۇ مەھسۇلاتنىلا ئىشلەپچىقىرىپ، باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى باشقا جايلاردىن ئېلىشنىڭ، يەنى مال ئالماشتۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ ناھايىتى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. ھاۋا ۋە تۇپراق پەرقلىق بولغاچقا، ئۈزۈم تېلى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇپراق ۋە ھاۋاسى بار جايدىن تېخىمۇ تەملىك شارابنى سېتىۋالالايدىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۆز ئۆيىڭىزدىكى ئادەتتىكى شارابنى ئىچىسىز؟ ئەگەر ھويلىڭىزدىكى لايدىن پۇختا ۋە چىرايلىق قاچا-قۇچا ياسىغلى بولسا، باشقىلار بىلەن مال ئالماشتۇرالايسىز. يەنە كېلىپ، كەسپىي ھاراق سودىگىرى ۋە كۇلالچىلار، دوختۇر ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ ماھارىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ھەممەيلەننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما كەسىپلىشىش بىر مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: كەسىپ ئەھلى ئارىسىدىكى مال ئالماشتۇرۇشنى قانداق باشقۇرۇش كېرەك؟

كۆپ ساندىكى ناتونۇشلار ھەمكارلاشماقچى بولغاندا، ياخشىلىق ۋە مەجبۇرىيەت ئىقتىسادى كارغا كەلمەيدۇ قالىدۇ. ھەدىڭىز ياكى قوشنىڭىزغا ھەقسىز ياردەم بېرىش باشقا، ياخشىلىقنى قايتۇرماسلىقى مۇمكىن بولغان ياتلارغا غەمخورلۇق قىلىش پۈتۈنلەي باشقا ئىش. بۇنىڭدا كىشىلەر مال ئالماشتۇرۇشقىلا تايىنالايدۇ. ئەمما بۇمۇ پەقەت چەكلىك دائىرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرغاندىلا ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ئۇ مۇرەككەپ ئىقتىسادنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ.

مال ئالماشتۇرۇشنىڭ چەكلىملىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، سىزنىڭ تاغلىق رايوندا شۇ ئۆلكىدىكى ئەڭ تەملىك، ئەڭ چۈرۈك ئالمىلارنى يېتىشتۈرىدىغان بىر ئالملىق بېغىڭىز بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. سىز باغدا شۇنچە قاتتىق ئىشلەيسىزكى، ئاياغلىرىڭىز يىرتىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئېشەكىڭىزنى ھارۋىغا قېتىپ دەريا بويىدىكى بازارغا يول ئالىسىز. قوشنىڭىز سىزگە بازارنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر موزدوزنىڭ ئۆزىگە تۆت پەسىل چىداپ كەلگەن ناھايىتى پۇختا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. سىز موزدوزنىڭ دۇكىنىنى تېپىپ، ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك ئاياغقا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئالمىلىرىڭىزدىن بېرىشنى تەكلىپ قىلىسىز. موزدوز قانچە ئالما سورىسا بولار؟ دەپ ئىككىلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى نەچچە ئون خېرىدار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالما خالتىلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بەزىلىرى بۇغداي، ئۆچكە ياكى رەخت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇلارنىڭ سۈپىتى ئوخشىمايدۇ. يەنە بەزىلىرى پادىشاھقا ئىلتىماسنامە يېزىش ياكى بەل ئاغرىقىنى داۋالاش ماھارىتىنى تەكلىپ

قىلىدۇ. موزدوز ئاخىرقى قېتىم ئاياغنى ئالمىغا ئالماشتۇرغىلى ئۈچ ئاي بولدى، ئۇ چاغدا ئۈچ خالتا ئالما سورىغانمىدى، تۆت خالتىمۇ؟ ئويلاپ باقسا، ئۇ چاغدىكى ئالمىلار تاغ جىلغىسىدا ئۆسكەن ئاچچىق ئالمىلار بولۇپ، ئالىي سۈپەتلىك تاغ ئالمىلىرى ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ قېتىمقى ئالماشتۇرۇش كىچىك ئايالچە ئاياغ ئۈچۈن ئىدى. بۇ كىشى ئەرلەرنىڭ ئۆتۈكىنى سوراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىنقى ھەپتىلەردە شەھەر ئەتراپىدىكى پادىلارغا كېسەل يۇقۇپ، كۆپ قىسمى قىرىلىپ كەتتى، تېرە تېپىش قىيىنلىشىۋاتىدۇ. كۆنچىلەر ئوخشاش مىقداردىكى تېرىگە ئىككى ھەسسە كۆپ تەييار ئاياغ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنى نەزەردە تۇتۇش كېرەكمۇ؟

مال ئالماشتۇرۇش ئىقتىسادىدا، موزدوز بىلەن باغۋەن ھەر كۈنى ئۇنلىغان مال-مۈلۈكنىڭ نىسپىي باھاسىنى قايتا ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر بازاردا 100 تۈرلۈك مالنىڭ سودىسى قىلىنىۋاتقان بولسا، ئالغۇچى-ساتقۇچىلار 4,950 تۈرلۈك مال ئالماشتۇرۇش قىممىتى (پېرىۋوت نىسبىتى) نى بىلىشى كېرەك؛ ئەگەر 1,000 تۈرلۈك مال-مۈلۈكنىڭ سودىسى قىلىنىۋاتقان بولسا، ئالغۇچى-ساتقۇچىلار 499,500 تۈرلۈك مال ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى بىلىشى كېرەك! بۇنى قانداق ھېسابلايسىز؟

تېخىمۇ يامىنى، قانچە ئالمىغا بىر جۈپ ئاياغ تەڭ كېلىدىغانلىقىنى ھېسابلىيالىغان تەقدىردىمۇ، مال ئالماشتۇرۇش ھەمىشە مۇمكىن بولۇۋەرمەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، سودا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتە بار نەرسىنى خالىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر موزدوز ئالمىنى ياقتۇرمىسا ۋە شۇ پەيتتە ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغىنى خوتۇنىنى تالاق قىلىش بولسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا، دېھقان ئالمىنى ياقتۇرىدىغان بىر ئادۋوكات تېپىپ ئۈچ تەرەپلىك كېلىشىم تۈزەلەيدۇ. ئەمما ئادۋوكاتنىڭ ئالمىسى يېتەرلىك بولۇپ، چاچ ياساشقا ئېھتىياجى چۈشكەن بولسا قانداق بولىدۇ؟

بەزى جەمئىيەتلەر دېھقانلار ۋە باشقا ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن مەھسۇلاتلارنى يىغىپ، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تارقىتىدىغان مال ئالماشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ داڭلىق تەجرىبىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. «ھەر كىم قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلەپ، ئېھتىياجىغا قاراپ ئالىدۇ» دېگەن شوئار ئەمەلىيەتتە «ھەر كىم قانچىلىك ئاز ئىشلىيەلىسە شۇنچىلىك ئاز ئىشلەپ، قانچىلىك كۆپ ئالالىسا شۇنچىلىك كۆپ ئالىدۇ» دېگەنگە ئايلاندى. باشقا زامانلاردا تېخىمۇ مۆتىدىل ۋە تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر قىلىندى، مەسىلەن ئىنكا ئىمپېرىيەسىدە. ئەمما كۆپىنچە جەمئىيەتلەر كۆپ ساندىكى كەسىپ ئەھلىنى بىر-بىرىگە باغلاشنىڭ تېخىمۇ ئاسان يولىنى تاپتى - ئۇلار پۇلنى ئىجاد قىلدى.

قۇلۇلە قېپى ۋە تاماكىلار

پۇل نۇرغۇن جايلاردا كۆپ قېتىم ئىجاد قىلىنغان. ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھېچقانداق تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلمىدى، ئۇ پەقەت زېھنىي ئىنقىلاب ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئورتاق تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت بولغان يېڭى سۇبيېكتلار ئارا رېئاللىقنى يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

پۇل تەڭگە ياكى قەغەز پۇل ئەمەس. پۇل كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە مۇلازىمەتلەرنى ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە باشقا نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى سىستېمىلىق ھالدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە رازى بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىدۇر. پۇل كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مالنىڭ (مەسىلەن، ئالما، ئاياغ ۋە ئاجرىشىش) قىممىتىنى تېز ۋە ئاسانلا سېلىشتۇرۇشىغا، بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئاسانلا ئالماشتۇرۇشىغا ۋە بايلىقنى ئاسان ساقلىيالىشىغا ئىمكان بېرىدۇ. تارىختا كۆپ خىل پۇللار بولغان. ئەڭ تونۇشلۇق بولغىنى تەڭگە بولۇپ، ئۇ ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، بەلگە بېسىلغان مېتال پارچىسىدۇر. ئەمما پۇل تەڭگە ئىجاد قىلىنىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. قۇلۇلە قېپى، چارۋا مال، تېرە، تۇز، ئاشلىق، مۇنچاق، رەخت ۋە قەرز تىلخەتلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى پۇل سۈپىتىدە ئىشلەتكەن مەدەنىيەتلەر گۈللەنگەن.



26. قەدىمكى خىتاي يېزىقىدا قۇلۇپە قېپىغا يېزىلغان «سېتىش» ياكى «مۇكاپات» دېگەندەك بەلگىلەر پۇلغا ۋەكىللىك قىلغان.

قۇلۇلە قېپى پۈتۈن ئافرىقا، جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوكيانىيەدە تەخمىنەن 4 مىڭ يىل پۇل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيەگە قاراشلىق ئۇگاندادا باج ـ سېلىقنى يەنىلا دېڭىز قۇلۇلىسى بىلەن تۆلىگىلى بولاتتى.

زامانىۋى تۈرمە ۋە ھەربىي ئەسىرلەر لاگېرلىرىدا، تاماكا كۆپ ھاللاردا پۇل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ھەتتا تاماكا چەكمەيدىغان مەھبۇسلارمۇ تۆلەم سۈپىتىدە تاماكىنى قوبۇل قىلىشقا، باشقا بارلىق مال ـ مۈلۈك ۋە مۇلازىمەتلەرنىڭ قىممىتىنى تاماكا بىلەن ھېسابلاشقا رازى بولغان. ئاۋشۋىتز لاگېرىدىن ئامان قالغان بىر كىشى لاگېردا ئىشلىتىلگەن تاماكا پۇلنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بىزنىڭ ئۆز پۇلىمىز بار ئىدى، ئۇنىڭ قىممىتىگە ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى، ئۇ بولسىمۇ تاماكا. ھەر بىر نەرسىنىڭ باھاسى تاماكا بىلەن بەلگىلىنەتتى... ‹نورمال› ۋاقىتلاردا، يەنى گاز كامېرىغا كىرگۈزۈلىدىغانلار مۇنتىزىم كېلىپ تۇرغان ۋاقىتدا، بىر بولكا 12 تال تاماكىغا؛ 300 گرام سارماي 30 تال تاماكىغا؛ بىر قول سائىتى 80 تالدىن 200 تالغىچە تاماكىغا؛ بىر لىتىر هاراق 400 تال تاماكىغا توغرا كېلەتتى!»

ئەمەلىيەتتە، ھەتتا بۈگۈنمۇ تەڭگە ۋە قەغەز پۇللار پۇلنىڭ كەم ئۇچرايدىغان شەكلىدۇر. 2006 ـ يىلى دۇنيادىكى پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 60 تىرىلليون دوللار بولسىمۇ، تەڭگە ۋە قەغەز پۇللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 6 تىرىلليون دوللاردىن ئاز بولغان. بارلىق پۇلنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى (ھېسابىمىزدا كۆرۈنىدىغان 50 تىرىلليون دوللاردىن ئارتۇق پۇل) پەقەت كومپيۇتېر مۇلازىمېتىرلىرىدىلا مەۋجۇت. شۇڭا، كۆپىنچە تىجارەت مۇئامىلىلىرى ھېچقانداق رېئال پۇل ئالماشتۇرماي، ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇماتلارنى بىر كومپيۇتېر ھۆججىتىدىن يەنە بىرىگە يۆتكەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، پەقەت جىنايەتچىلەرلا قەغەز پۇلغا تولغان چامادان كۆتۈرۈپ ئۆي سېتىۋالىدۇ. كىشىلەر مال ـ مۈلۈك ۋە مۇلازىمەتلەرنى ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇماتلارغا ئالماشتۇرۇشقا رازى بولسىلا، ئۇ پارقىراق تەڭگە ۋە يېڭى قەغەز پۇللاردىنمۇ ياخشى رول ئوينايدۇ ـ يېنىك بولىدۇ، ئاز جاي ئىگىلەيدۇ ۋە ھېساباتلارنى تەكشۈرۈش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.

مۇرەككەپ تىجارەت سىستېمىلىرىنىڭ نورمال ئىشلىشى ئۈچۈن، مەلۇم خىلدىكى پۇل زۆرۈردۇر. پۇل ئىقتىسادىدىكى بىر موزدوز پەقەت ھەر خىل ئاياغلارنىڭ باھاسىنى بىلسىلا بولىدۇ، ئاياغ بىلەن ئالما ياكى ئۆچكە ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى يادلىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. پۇل يەنە ئالمىچى باغۋەننى ئالما ئالىدىغان موزدوزلارنى ئىزدەش ھاجىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، چۈنكى ھەممىسى پۇل ئېلىشنى خالايدۇ. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىدۇر. ھەممەيلەن پۇلنى خالايدۇ، چۈنكى باشقىلارمۇ دائىم پۇلنى خالايدۇ، بۇ، سىز پۇلنى خالىغان ياكى ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئالماشتۇرالايسىز دېگەنلىكتۇر. موزدوز ھەر دائىم پۇلىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن ئالىدۇ، چۈنكى ئۇ نېمىنى خالىسا (ئالما، ئۆچكە ياكى ئاجرىشىش رەسمىيىتى) ھەممىسىنى پۇلغا ئالماشتۇرۇپ ئالالايدۇ.

شۇڭا پۇل كىشىلەرنىڭ ھەممە نەرسىنى دېگۈدەك ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئايلاندۇرالايدىغان ئۇنىۋېرسال ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىدۇر. ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن بىر ئەسكەر ھەربىي پاراۋانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەك كۈچى ئەقىل كۈچىگە ئايلىنىدۇ؛ بىر بارون مۇلازىملىرىنى قوللاش ئۈچۈن مۈلكىنى ساتقاندا، يەر ـ زېمىن ساداقەتمەنلىككە ئايلىنىدۇ؛ بىر دوختۇر ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى ئادۋوكات تۇتۇشقا ياكى سوتچىغا پارا بېرىشكە ئىشلەتكەندە، ساغلاملىق ئادالەتكە ئايلىنىدۇ؛ 15 ـ ئەسىردىكى پاھىشىلەر ئەرلەر بىلەن بىللە بولۇپ، ئاندىن بۇ پۇلنى كاتولىك چېركاۋىدىن كاپارەتنامە (گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىش خېتى) سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەندە، ھەتتا جىنسىي مۇناسىۋەتمۇ گۇناھتىن پاكلىنىشقا ئايلىنىدۇ.

غايىمىزدىكى پۇل تۈرلىرى كىشىلەرگە پەقەت بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇشنىلا ئەمەس، يەنە بايلىقنى ساقلاش ئىمكانىيىتىنىمۇ بېرىدۇ. نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ساقلىغىلى بولمايدۇ ـ مەسىلەن ۋاقىت ياكى گۈزەللىك. بەزى نەرسىلەرنى پەقەت قىسقا ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ، مەسىلەن بۆلجۈرگەن. بەزى نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئۇزۇن ساقلىغىلى بولسىمۇ، كۆپ ئورۇن ئىگىلەيدۇ؛ قىممەت ئەسلىھەلەرنى قوللىنىشنى ۋە پەرۋىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاشلىقنى يىللاپ ساقلىغىلى بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئامبارلارنى سېلىپ، چاشقان، زەمبۇرۇغ، سۇ، ئوت ۋە ئوغرىلاردىن قوغداش كېرەك. پۇل مەيلى قەغەز، كومپيۇتېر بوشلۇقى ياكى قۇلۇلە قېپى بولسۇن، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. قۇلۇلە قېپى چىرىمەيدۇ، چاشقان يېمەيدۇ، ئوتتا كۆيمەيدۇ ۋە بىخەتەر ساندۇققا سېلىپ قويغۇدەك كىچىك بولىدۇ.

بايلىقنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇنى ساقلاشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنى كۆپىنچە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش كېرەك. كۆچمەس مۈلۈك قاتارلىق بەزى بايلىق شەكىللىرىنى يۆتكىگىلى بولمايدۇ. بۇغداي ۋە گۈرۈچ قاتارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنى تەستە يۆتكىگىلى بولىدۇ. پۇلسىز جايدا ياشايدىغان بىر باي دېھقاننىڭ يىراق جايغا كۆچۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇنىڭ بايلىقى ئاساسەن ئۆيى ۋە شال ئېتىزلىرىدىن ئىبارەت. دېھقان ئۆي ياكى ئېتىزلارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ بۇلارنى نەچچە ئون توننا گۈرۈچكە ئالماشتۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما شۇنچە كۆپ گۈرۈچنى يۆتكەش بەك ئاۋارىچىلىق ۋە قىممەت بولىدۇ. پۇل بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. دېھقان ئۆز مۈلكىنى بىر خالتا قۇلۇلە قېپىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى خالىغان يەرگە ئاسانلا ئېلىپ كېتەلەيدۇ.

پۇل بايلىقنى ئاسان ھەم ئەرزان ھالدا ئايلاندۇرۇش، ساقلاش ۋە يۆتكەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، مۇرەككەپ تىجارەت تورلىرى ۋە ھەرىكەتچان بازارلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. پۇل بولمىغان بولسا، تىجارەت تورى ۋە بازارلارنىڭ كۆلىمى چەكلىك، ئاددىي ھەم جانسىز بولۇپ قالاتتى.

پۇل قانداق ئىشلەيدۇ؟

قۇلۇلە قېپى ۋە دوللارنىڭ قىممىتى پەقەت بىزنىڭ ئورتاق تەسەۋۋۇرىمىزدىلا مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ قىممىتى قۇلۇلە ۋە قەغەزنىڭ خىمىيەلىك قۇرۇلمىسى، رەڭگى ياكى شەكلىدە يوشۇرۇنغان ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۇل ماددىي رېئاللىق ئەمەس، بەلكى پسىخولوگىيەلىك قۇرۇلما. ئۇ ماددىنى ئىدىيەگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەيدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىرەيلەن مۇنبەت شال ئېتىزىنى بىر چاڭگال پايدىسىز دېڭىز قۇلۇلىسىغا ئالماشتۇرۇشقا رازى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سىز هامبۇرگېر پىشۇرۇش، ساغلاملىق سۇغۇرتىسى سېتىش ياكى ئۈچ كەپسىز بالىغا قاراشقا رازى بولىسىز يۇ، بۇ ئەمگىكىڭىزگە بىر نەچچە پارچە رەڭلىك قەغەزدىن باشقا هېچنېمە ئالالمايسىز؟

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ تەسەۋۋۇرىغا ئىشەنگەندە بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا رازى بولىدۇ. ئىشەنچ بارلىق پۇل تۈرلىرىنىڭ ياسىلىشىدىكى خام ماتېرىيالدۇر. بىر باي دېهقان مۈلكىنى بىر خالتا دېڭىز قۇلۇلىسىغا سېتىپ باشقا بىر ئۆلكىگە سەپەر قىلغاندا، ئۇ جايغا بارغاندا باشقىلارنىڭ قۇلۇلىگە گۈرۈچ، ئۆي ۋە ئېتىزلارنى سېتىشقا رازى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇڭا پۇل ئۆزئارا ئىشەنچ سىستېمىسى، يەنە كېلىپ ئۇ ئاددىيلا بىر ئىشەنچ سىستېمىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئويلاپ چىققان ئەڭ ئۇنىۋېرسال ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشەنچ سىستېمىسىدۇر.

بۇ ئىشەنچنى ياراتقىنى ناهايىتى مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر تورى. مەن نېمە ئۈچۈن دېڭىز قۇلۇلىسى، ئالتۇن تەڭگە ياكى دوللار قەغىزىگە ئىشىنىمەن؟ چۈنكى قوشنىلىرىم ئۇلارغا ئىشىنىدۇ. قوشنىلىرىم ئۇلارغا ئىشەنگەچكە مەنمۇ ئۇلارغا ئىشىنىمەن. بىز هەممىمىز ئۇلارغا ئىشىنىمىز، چۈنكى پادىشاهىمىز ئۇلارغا ئىشىنىدۇ ۋە باج سۈپىتىدە ئۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ؛ روهانىيلىرىمىز ئۇلارغا ئىشىنىدۇ ۋە دىنىي سېلىق سۈپىتىدە ئۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر دوللار پۇلنى ئېلىپ دىققەت بىلەن قاراڭ. سىز ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرىنىڭ ئىمزاسى، يەنە بىر تەرىپىدە «خۇداغا ئىشىنىمىز» دېگەن شوئار يېزىلغان بىر پارچە رەڭلىك قەغەز ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. بىز دوللارنى تۆلەم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىمىز، چۈنكى بىز خۇداغا ۋە ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرىگە ئىشىنىمىز. ئىشەنچنىڭ هالقىلىق رولى بىزنىڭ مالىيە سىستېمىلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك سىستېمىلىرىمىز بىلەن شۇنچە زىچ باغلانغانلىقىنى، مالىيە كرىزىسلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم سىياسىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن پاي بازىرىنىڭ دائىم سودىگەرلەرنىڭ مەلۇم بىر ئەتىگەندىكى كەيپىياتىغا قاراپ ئۆرلەيدىغان ھەم چۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دەسلەپتە، پۇلنىڭ تۇنجى نۇسخىلىرى ياسالغاندا، كىشىلەردە بۇنداق ئىشەنچ يوق ئىدى، شۇڭا هەقىقىي ئىچكى قىممىتى بار نەرسىلەرنى «پۇل» دەپ بېكىتىش زۆرۈر ئىدى.

تارىختىكى تۇنجى مەلۇم پۇل ـ سۇمېر ئارپا پۇلى ـ بۇنىڭغا ياخشى مىسال. ئۇ سۇمېردا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا، يېزىق بىلەن ئوخشاش ۋاقىت ۋە جايدا، ئوخشاش شارائىتتا پەيدا بولغان. ئۆز ۋاقتىدا كۈچەيگەن مەمۇرىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يېزىق تەرەققىي قىلغاندەك، ئارپا پۇلمۇ كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان.

ئارپا پۇلى پەقەت ئارپا، يەنى باشقا بارلىق مال ـ مۈلۈك ۋە مۇلازىمەتلەرنى باھالاش ھەم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسال ئۆلچەم سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بەلگىلىك مىقداردىكى ئارپا ئىدى. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم سىلا بولۇپ، تەخمىنەن بىر لىترغا تەڭ كېلەتتى. كىشىلەر بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى ياكى ساتماقچى بولغاندا كېرەكلىك ئارپا مىقدارىنى ئاسانلا ئۆلچىيەلىشى ئۈچۈن، بىر سىلا سىغدىغان ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قاچىلار كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان. مائاشلارمۇ ئارپا سىلاسى بىلەن بەلگىلىنەتتى ۋە تۆلىنەتتى. بىر ئەر ئىشچى ئايدا ئاتمىش سىلا، بىر ئايال ئىشچى ئوتتۇز سىلا ئالاتتى. بىر ئەمەلدار 1,200 دىن 5,000 سىلاغىچە ئالالايتتى. ئەڭ ئاچكۆز ئەمەلدارمۇ ئايدا 5,000 لىتىر ئارپىنى يەپ بولالمايتتى، ئەمما ئۇ يېمىگەن سىلالىرىنى باشقا ھەر خىل مال ـ مۈلۈكلەرنى—— ماي ، ئۆچكە، قۇل ۋە ئارپىدىن باشقا يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتەلەيتتى.

ئارپىنىڭ ئىچكى قىممىتى بولسىمۇ، كىشىلەرنى ئۇنى يەنە بىر خىل مال ـ مۈلۈك سۈپىتىدە ئەمەس، پۇل سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە قايىل قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىر خالتا ئارپىنى يەرلىك سودا مەركىزىڭىزگە ئېلىپ بېرىپ، كۆينەك ياكى پىسسا سېتىۋالماقچى بولسىڭىز نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ. ساتقۇچىلار چوقۇم بىخەتەرلىك خادىملىرىنى چاقىراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئارپىنىڭ تەبىئىي بىئولوگىيەلىك قىممىتى بولغاچقا، ئۇنىڭغا تۇنجى پۇل تۈرى سۈپىتىدە ئىشەنچ قۇرۇش بىرقەدەر ئاسان ئىدى. ئىنسانلار ئۇنى يېيەلەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئارپىنى ساقلاش ۋە يۆتكەش قىيىن ئىدى. پۇل تارىخىدىكى ھەقىقىي بۆرۈلۈش نۇقتىسى كىشىلەر ئىچكى قىممىتى يوق، ئەمما ساقلاش ۋە يۆتكەش تېخىمۇ ئاسان بولغان پۇلغا ئىشەنچ باغلىغاندا يۈز بەردى.

بۇنداق پۇل قەدىمكى مېسوپوتامىيەدە مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى مىڭ يىللىقنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولدى. بۇ كۈمۈش پۇل ئىدى.

كۈمۈش پۇل تەڭگە ئەمەس، بەلكى 8.33 گرام كۈمۈش ئىدى. خاممۇرابى قانۇنىدا يۇقىرى تەبىقىلىك بىر ئادەم دېدەك ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ ئىگىسىگە يىگىرمە سەر كۈمۈش تۆلىشى كېرەك دېيىلگەندە، بۇ يىگىرمە تەڭگە ئەمەس، 166 گرام كۈمۈش دېگەنلىك ئىدى. تەۋراتتىكى كۆپ پۇل ئاتالغۇلىرى تەڭگە ئەمەس، كۈمۈش بىلەن ئىپادىلەنگەن. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى ئىسمائىللارغا يىگىرمە سەر كۈمۈشكە، يەنى 166 گرام كۈمۈشكە ساتقان (دېدەك ئايال بىلەن ئوخشاش باھا، چۈنكى ئۇ ياش ئىدى).

ئارپا سىلاسىنىڭ ئەكسىچە، كۇمۇش پۇلنىڭ ئۆزىدە قىممەت يوق ئىدى. كۇمۇشنى يېگىلى، ئىچكىلى ياكى كىيگىلى بولمايدۇ، قورال ياساي دېسە بەك يۇمشاق (كۇمۇشتىن ياسالغان ساپان ياكى قىلىچ خۇددى ئاليۇمىن قەغىزدىن ياسالغاندەك تېزلا ئېگىلىپ كېتىدۇ). كۇمۇش بىلەن ئالتۇندىن پەقەت زىننەت بۇيۇملىرى، تاج ۋە باشقا مەرتىۋە ـ سالاھىيەت بەلگىلىرىنى ياساشقا بولىدۇ، بۇلار مەلۇم مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر ئىجتىمائىي ئورۇننى ئىپادىلەيدىغان ھەشەمەتلىك بۇيۇملار. بۇلارنىڭ قىممىتى پۈتۈنلەي مەدەنىيەتكە باغلىق.

قىممەتلىك مېتاللارنىڭ بەلگىلەنگەن ئېغىرلىقى ئاخىرى تەڭگىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تارىختىكى تۇنجى تەڭگىلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 640 ـ يىلى غەربىي ئاناتولىيەدىكى لىدىيە پادىشاھى ئالياتىپس تەرىپىدىن سوقۇلغان. بۇ تەڭگىلەرنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئالتۇن ياكى كۇمۇش ئېغىرلىقى بار بولۇپ، ئۈستىگە ئايرىم بەلگىسى بېسىلغان. بۇ بەلگە ئىككى نەرسىنى ئىسپاتلايتتى. بىرىنچىسى، تەڭگىدە قانچىلىك قىممەتلىك مېتال بارلىقىنى كۆرسىتەتتى؛ ئىككىنچىسى، تەڭگىنى چىقارغان ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلغان ھۆكۈمرانىنى كۆرسىتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقان تەڭگىلەر ئاساسەن لىدىيە تەڭگىلىرىنىڭ ئەۋلادىدۇر.

بەلگىسىز مېتال پارچىلىرىغا قارىغاندا تەڭگىلەرنىڭ ئىككى مۇھىم ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. بىرىنچىسى، مېتال پارچىلىرىنى ھەر قېتىملىق سودىدا تارتىش كېرەك ئىدى. ئىككىنچىسى، تارتىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. موزدوز مېنىڭ ئۆتۈكۈم ئۈچۈن بەرگەن كۇمۇش پارچىسىنىڭ ھەقىقەتەن ساپ كۇمۇشتىن ياسالغانلىقىنى، كۇمۇش يالىتىلغان قوغۇشۇن ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىدۇ؟ تەڭگىلەر بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۈستىگە بېسىلغان بەلگە دەل ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇڭا موزدوزنىڭ پۇل ساندۇقىدا تارازا ساقلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. تېخىمۇ مۇھىمى، تەڭگىدىكى بەلگە تەڭگىنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ ئىمزاسىدۇر.

بەلگىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى تارىختا زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۇقتۇرۇش ھەممىشە ئوخشاش ئىدى: «مەن، ئۇلۇغ پادىشاھ پالانى ـ پوستانى، بۇ تەڭگىنىڭ دەل بەش گرام ئالتۇن ئىكەنلىكىگە شەخسەن كاپالەتلىك قىلىمەن. كىمكى بۇ تەڭگىنىڭ ساختىسىنى ياساشقا پېتىنسا، مېنىڭ ئىمزايىمنى كۆچۈرگەن بولىدۇ، بۇ مېنىڭ نام ـ شۆھرىتىمگە داغ چۈشۈرىدۇ. مەن بۇنداق جىنايەتنى قاتتىق جازالايمەن.» شۇڭا ساختا پۇل ياساش ھەر دائىم باشقا ئالدامچىلىقلارغا قارىغاندا ئېغىر جىنايەت دەپ قارالغان.

ساختا پۇل ياساش ئالدامچىلىقلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا خىلاپلىق قىلىش، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى، ئىمتىيازى ۋە شەخسىگە قارشى ئىسيان ھەرىكىتىدۇر. ئۇنىڭ قانۇنىي ئاتالغۇسى lese-majesty (شاھانە ھۆرمەتنى دەپسەندە قىلىش) بولۇپ، ئادەتتە قىيىن ـ قىستاق ۋە ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىناتتى. كىشىلەر پادىشاھنىڭ كۈچى ۋە دۇرۇسلۇقىغا ئىشەنگەن بولسىلا، ئۇنىڭ تەڭگىلىرىگىمۇ ئىشەنگەن. پۈتۈنلەي ناتونۇش

كىشىلەر رىم دېنارىئۇس تەڭگىسىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئاسانلا كېلىشەلەيتتى، چۈنكى ئۇلار تەڭگىگە نامى ۋە رەسمى چۈشۈرۈلگەن رىم ئىمپېراتورىنىڭ كۈچى ۋە دۇرۇسلۇقىغا ئىشىنەتتى.

27. مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىرگە تەۋە لىدىيە تەڭگىلىرى تارىختىكى ئەڭ بۇرۇنقى تەڭگىلەردىن بىرى.

ئۆز نۆۋىتىدە، ئىمپېراتورنىڭ كۈچى دېنارىئۇسقا تاييىناتتى. رىم ئىمپېرىيەسىنى تەڭگىسىز ساقلاشنىڭ قانچىلىك قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ. ئەگەر ئىمپېراتور باج يىغىش ۋە مائاش تۆلەش ئۈچۈن ئارپا-بۇغداي ئىشلەتكەن بولسا. سۇرىيەدىن ئارپا بېجى يىغىپ، بۇ مال-مۈلۈكنى رىمدىكى مەركىزىي خەزىنىگە يۆتكەپ، ئاندىن يەنە بىرىتانىيەدىكى رىم ئەسكەرلىرىگە مائاش تۆلەش ئۈچۈن ئۇ يەرگە يۆتكەش مۇمكىن بولمايتتى. ئەگەر رىم شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئالتۇن تەڭگىگە ئىشەنگەن، ئەمما بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر بۇ ئىشەنچنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇلۇلە قېپى، پىل چىشى مونچاق ياكى توپ رەختلەرگە ئىشەنگەن بولسا، ئىمپېرىيەنى ساقلاش ئوخشاشلا قىيىن بولاتتى.

ئالتۇن ئىنجىلى

رىمنىڭ تەڭگىلىرىگە بولغان ئىشەنچ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ھەتتا ئىمپېرىيە چېگرىسىنىڭ سىرتىدىمۇ، كىشىلەر دېنارىئۇس تەڭگىسى بىلەن تۆلەم قوبۇل قىلىشقا خۇشال ئىدى. مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردە، رىم قوشۇنى مىڭلىغان كىلومېتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ، رىم تەڭگىلىرى ھىندىستان بازارلىرىدا قوبۇل قىلىنغان ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى ئىدى. ھىندىستانلىقلارنىڭ دېنارىئۇس تەڭگىسى ۋە ئىمپېراتورنىڭ سۈرىتىگە بولغان ئىشەنچى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، يەرلىك ھۆكۈمرانلار ئۆز تەڭگىلىرىنى سوققاندا، ھەتتا رىم ئىمپېراتورىنىڭ پورترېتىگىچە دېنارىئۇسنى ئەينەن دورىغان! «دېنارىئۇس» ئىسمى

تەڭگىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلاندى. مۇسۇلمان خەلىپىلەر بۇ نامنى ئەرەبلەشتۈرۈپ «دىنار» چىقاردى. دىنار ھازىرمۇ ئىئوردانىيە، ئىراق، سېربىيە، ماكېدونىيە، تۇنىس ۋە باشقا بىر قانچە دۆلەتنىڭ رەسمىي پۇل بىرلىكىنىڭ نامىدۇر.

لىدىيە ئۇسلۇبىدىكى تەڭگە ئوتتۇرا دېڭىزدىن ھىندى ئوكيانغا تارقىلىۋاتقاندا، خىتاي تۇچ تەڭگە ۋە بەلگىسىز كۈمۈش ـ ئالتۇن پارچىلىرىغا ئاساسلانغان سەل پەرقلىق پۇل سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىككى پۇل سىستېمىسىنىڭ (بولۇپمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تايىنىش جەھەتتە) يېتەرلىك ئورتاقلىقى بولغاچقا، خىتاي رايونى بىلەن لىدىيە رايونى ئارىسىدا زىچ پۇل ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىلدى. مۇسۇلمان ۋە ياۋروپا سودىگەرلىرى ھەم ئىستىلاچىلىرى لىدىيە سىستېمىسى ۋە ئالتۇن ئىنجىلىنى دۇنيانىڭ چەت ياقىلىرىغىچە تەدرىجىي تارقاتتى. كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە، پۈتۈن دۇنيا دەسلەپتە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە، كېيىن ئەنگىلىيە فوند ستېرلىڭى ۋە ئامېرىكا دوللىرى قاتارلىق بىر قانچە ئىشەنچلىك پۇلغا تايىنىدىغان يەككە پۇل رايونىغا ئايلاندى.

دۆلەت ۋە مەدەنىيەت ھالقىغان پۇل بىرلىكى رايونىنىڭ پەيدا بولۇشى ئاسىيا ـ ئافرىقىنىڭ، ئاخىرىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ يەككە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سەھنىدە بىرلىشىشىگە ئاساس سالدى. كىشىلەر يەنىلا بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيتتى، ئوخشىمىغان ھۆكۈمرانلارغا بويسۇناتتى ۋە باشقا ـ باشقا ئىلاھلارغا چوقۇناتتى، ئەمما ھەممىسى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش تەڭگىلەرگە ئىشىنەتتى. بۇ ئورتاق ئىشەنچ بولمىغان بولسا، دۇنياۋى سودا تورى ئاساسەن مۇمكىن بولمايتتى. 16 ـ ئەسىردىكى ئىسپان ئىستىلاچىلىرى ئامېرىكىدىن تاپقان ئالتۇن ـ كۈمۈش ياۋروپا سودىگەرلىرىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىن يىپەك، چىنە ـ قاچا ۋە دورا ـ دەرمەك سېتىۋېلىشىغا ئىمكان يارىتىپ، ياۋروپا بىلەن شەرقىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مېكسىكا ۋە ئاندېستا قېزىپ چىقىرىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپىلىقلارنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ، خىتايدىكى يىپەك ۋە چىنە ـ قاچا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ھەميانلىرىدا ئۆز ئورنىنى تاپتى. ئەگەر خىتايلار كورتېس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مەپتۇن قىلغان «يۈرەك كېسىلى»گە گىرىپتار بولمىغان ھەمدە ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تۆلەشنى رەت قىلغان بولسا، دۇنيا ئىقتىسادىغا نېمە بولار ئىدى؟

ئەمما خىتايلار، ھىندىستانلىقلار، مۇسۇلمانلار ۋە ئىسپانلار تامامەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرگە تەۋە ھەم خېلى كۆپ ئىشلاردا كېلىشەلمەيدىغان تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئالتۇنغا بولغان ئىشەنچتە ئورتاقلىققا ئىگە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىسپانلار ئالتۇنغا، مۇسۇلمانلار ئارپىغا، ھىندىستانلىقلار قۇلۇلە قېپىغا، خىتايلار توپ يىپەككە ئىشىنىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمىدى؟ ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ تەييار جاۋابى بار. سودا ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرغاندا، تەلەپ ـ تەمىنات كۈچى يۆتكىلىشچان ماللارنىڭ باھاسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا مايىل بولىدۇ. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر مىسالنى پەرەز قىلىپ باقايلى. ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز ئارىسىدا مۇنتىزىم سودا باشلانغاندا، ھىندىستانلىقلار ئالتۇنغا قىزىقمىغاچقا، ئۇنىڭ قىممىتى يوق دېيەرلىك ئىدى

دەيلى. ئەمما ئوتتۇرا دېڭىزدا ئالتۇن سالاھىيەت بەلگىسى بولغاچقا، قىممىتى يۇقىرى ئىدى. كېيىن نېمە بولار ئىدى؟

ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز ئارىسىدا قاتناۋاتقان سودىگەرلەر ئالتۇننىڭ قىممىتىدىكى پەرقنى بايقايتتى. پايدا ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئالتۇننى ھىندىستاندىن ئەرزان ئېلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزدا قىممەت ساتاتتى. نەتىجىدە، ھىندىستاندا ئالتۇنغا بولغان تەلەپ ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ئۆرلەيتتى. شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا دېڭىز رايونى ئالتۇننىڭ كۆپلەپ كىرىشىگە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەيتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئالتۇننىڭ قىممىتى تەڭلىشىپ قالاتتى. ئوتتۇرا دېڭىز خەلقىنىڭ ئالتۇنغا ئىشىنىشى ھىندىستانلىقلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىشىگە سەۋەب بولاتتى. ھەتتا ھىندىستانلىقلارنىڭ ئالتۇنغا ھېچقانداق ئەمەلىي ئېھتىياجى بولمىسىمۇ، ئوتتۇرا دېڭىز خەلقىنىڭ ئۇنى خالىشى ھىندىستانلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا قىممەت بېرىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولاتتى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، باشقا بىر كىشىنىڭ قۇلۇلە قېپى، دوللار ياكى ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇماتلارغا ئىشىنىشى، گەرچە ئۇ ئادەمنى بىز ئۆچ كۆرگەن، كەمسىتكەن ياكى مەسخىرە قىلغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ئۇ نەرسىلەرگە بولغان ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىشكە يېتەرلىك. دىنىي ئېتىقادتا كېلىشەلمەيدىغان خرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار پۇل ئېتىقادىدا كېلىشەلەيدۇ، چۈنكى دىن بىزنى بىر نەرسىگە ئىشىنىشكە چاقىرسا، پۇل بىزنى باشقىلارنىڭ بىر نەرسىگە ئىشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ.

نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا، پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار ۋە پەيغەمبەرلەر پۇلنى قارىلاپ، ئۇنى بارلىق يامانلىقنىڭ يىلتىزى دەپ ئاتىغان. شۇنداق بولسىمۇ، پۇل يەنىلا ئىنسانىي كەڭچىلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. پۇل تىل، دۆلەت قانۇنلىرى، مەدەنىيەت ئۆلچەملىرى، دىنىي ئېتىقادلار ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرگە قارىغاندا كەڭ قورساق. پۇل ئىنسانلار ياراتقان بىردىنبىر ئىشەنچ سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ ھەمدە دىن، جىنس، ئىرق، ياش ياكى جىنسىي مايىللىق تۈپەيلىدىن باشقىلارنى كەمسىتمەيدۇ. پۇل تۈپەيلىدىن، ھەتتا بىر ـ بىرىنى تونۇمايدىغان ۋە بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشالايدۇ.

پۇلنىڭ باھاسى

پۇل ئىككى ئومۇمىي پرىنسىپقا ئاساسلانغان:

بىرىنچىسى، پۇل ھەممە نەرسىنى ئالماشتۇرالايدۇ: پۇل بىر سېھىرگەرگە ئوخشايدۇ، سىز ئۇنى ئىشلىتىپ يەر ـ زېمىننى سادىقلىققا، ئادالەتنى ساغلاملىققا، قارام كۈچنى بىلىمگە ئايلاندۇرالايسىز.

ئىككىنچىسى، ئومۇمىي ئىشەنچ: پۇل ۋاستىچى بولغاندا، ئىككى كىشى ھەرقانداق تۇردە ھەمكارلىشالايدۇ .

بۇ پرىنسىپلار مىليونلىغان ناتونۇش كىشلەرنىڭ سودا ۋە سانائەتتە ئۇنۇملۇك ھەمكارلىششىغا ئىمكان ياراتتى. ئەمما ياخشى كۆرۈنگەن بۇ پرىنسىپلارنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىمۇ بار. ھەممە نەرسىنى ئالماشتۇرغىلى بولغاندا ۋە كىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ نامىسىز تەڭگە ـ پۇللار ۋە قۇلۇلە قاپلىرىغا باغلانغاندا، ئۇ يەرلىك ئەنئەنىلەر، يېقىن مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىنسانىي قىممەت قاراشلارنى چىرىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەلەپ ـ تەمىناتنىڭ رەھىمسىز قانۇنلىرىنى تىكلەپ قويىدۇ .

جەمئىيەتلەر ۋە ئائىلىلەر ھەمىشە ئىززەت ـ ھۆرمەت، سادىقلىق، ئەخلاق ۋە مۇھەببەت قاتارلىق «باھاسىز» نەرسىلەرگە بولغان ئېتىقادقا ئاساسلانغان. بۇ نەرسىلەر بازار دائىرىسىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ ۋە پۇلغا سېتىلماسلىقى كېرەك. بازار ياخشى باھا بەرگەن تەقدىردىمۇ، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى قۇللۇققا سېتىۋەتمەسلىكى، خرىستىيان مۇخلىسى ئېغىر گۇناھ سادىر قىلماسلىقى، سادىق رىتسار ھەرگىزمۇ خوجايىنىغا ساتقۇنلۇق قىلماسلىقى؛ ئەجدادلاردىن قالغان زېمىنلىرى ھەرگىز چەتئەللىكلەرگە سېتىلماسلىقى كېرەك .

پۇل ھەمىشە توسمىدىكى يوچۇقلاردىن سىزىپ كىرگەن سۇغا ئوخشاش بۇ توسالغۇلارنى بۆسۈشكە تىرىشقان. ئاتا ـ ئانىلار قالغان باللىرىغا يېمەكلىك ئېلىش ئۈچۈن بەزى باللىرىنى قۇللۇققا سېتىشقا مەجبۇر بولغان. سادىق خرىستىيانلار ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوغرىلىق قىلغان ۋە ئالدامچىلىق قىلغان، ئاندىن ئولجىلىرىنى چېركاۋدىن كەچۈرۈم سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن. ئەمەلپەرەس رىتسارلار ئۆز سادىقلىقىنى ئەڭ يۇقىرى باھا بەرگۈچىگە ساتقان، شۇنداقلا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سادىقلىقىنى نەق پۇل تۆلەش ئارقىلىق ساقلىغان. ئاتا مىراس زېمىنلىرى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن كەلگەن چەتئەللىكلەرگە دۇنياۋى ئىقتىسادقا كىرىش بېلىتى ئۈچۈن سېتىلغان.

پۇلنىڭ تېخىمۇ قاراڭغۇ تەرىپى بار. چۈنكى پۇل ناتونۇشلار ئارىسىدا ئۇنىۋېرسال ئىشەنچ قۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئىشەنچ ئىنسانلارغا، جەمئىيەتلەرگە ياكى مۇقەددەس قىممەت قاراشلارغا ئەمەس، بەلكى پۇلنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنى قوللايدىغان سىستېمىلارغا قويۇلغان. بىز ناتونۇش ئادەمگە ياكى قوشنىمىزغا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەڭگىگە ئىشىنىمىز. ئۇلارنىڭ تەڭگىسى تۈگىسە، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزمۇ تۈگەيدۇ. پۇل جەمئىيەت، دىن ۋە دۆلەتنىڭ توسمىلىرىنى يىقىتقاندا، دۇنيا چوڭ ۋە رەھىمسىز بازارغا ئايلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ .

شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تارىخى نازۇكلۇق بىلەن ئوينىلىپ كەلگەن بىر مەيدان ئۇسسۇلدۇر. كىشلەر ناتونۇشلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئۈچۈن پۇلغا تايانسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانىي قىممەت قاراشلار ۋە يېقىن مۇناسىۋەتلەرنى چىرىتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. كىشلەر بىر تەرەپتىن پۇل ۋە سودىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇزۇن ۋاقىت چەكلەپ تۇرغان ئاممىۋى توسملارنى

ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت، دىن ۋە مۇھىتنى بازار كۈچلىرىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن يېڭى توسمىلارنى قۇرىدۇ.

ھازىر كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا «بازار ھامان غەلىبە قىلىدۇ، پادىشاھلار، روھانىيلار ۋە جامائەتلەر قۇرغان توسمىلار پۇلنىڭ دولقۇنلىرىنى ئۈزۈن توسۇپ تۇرالمايدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ ساددىلىقتۇر. رەھىمسىز جەڭچىلەر، مۇتەئەسسىپ دىندارلار ۋە دەردمەن پۇقرالار ھېسابخۇمار سودىگەرلەرنى قايتا-قايتا مەغلۇپ قىلالىغان، ھەتتا ئىقتىسادنى قايتا شەكىللەندۈرەلىگەن. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى پەقەت ئىقتىسادىي جەريان دەپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. مىڭلىغان ئايرىم مەدەنىيەتلەرنىڭ بارا-بارا بۈگۈنكى دۇنياۋى كەنتكە بىرلىشىش جەريانىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ رولىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك، ئەمما پولات-تۆمۈرنىڭمۇ بۇنىڭدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

11. ئىمپېرىيە غايىلىرى

قەدىمكى رىملىقلار مەغلۇپ بولۇشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى. تارىختىكى كۆپلىگەن بۈيۈك ئىمپېرىيەلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئوخشاش، ئۇلار جەڭدە تەكرار مەغلۇپ بولسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالايتتى. زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ۋە پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان ئىمپېرىيە ھەقىقىي ئىمپېرىيە ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىمالىي ئىبېرىيەدىن كەلگەن خەۋەرنى ھەتتا رىملىقلارمۇ قوبۇل قىلىشتا قىينالدى. يېرىم ئارالنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان كېلتلار ياشايدىغان نۇمانتىيە دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر تاغ شەھىرى رىمنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى چۆرۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلغانىدى. بۇ چاغدا رىم پۈتۈن ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ماكېدونىيە ۋە سەلجۇق ئىمپېرىيەلىرىنى يەڭگەن، گرېتسىيەنىڭ مەغرۇر شەھەر دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرغان ۋە كارتاگېننى كۈكۈم-تالقان قىلغانىدى. نۇمانتىيەلىكلەرنىڭ ئەركىنلىككە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ۋە قولايسىز يەر شەكلىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار رىم قوشۇنىنى ئارقا-ئارقىدىن تەسلىم بولۇشقا ياكى شەرمەندىلەرچە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئاخىرى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 134-يىلى رىمنىڭ سەۋر-تاقىتى تۈگىدى. رىم مەجلىسى رىمنىڭ ئەڭ داڭلىق گېنېرالى ۋە كارتاگېننى يەر بىلەن يەكسان قىلغان سىپىيو ئەمىلىئانۇسنى نۇمانتىيەلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭغا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەردىن تەركىب تاپقان زور قوشۇن بېرىلدى. نۇمانتىيەلىكلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى ۋە ھەربىي ماھارىتىنى ھۆرمەتلەيدىغان سىپىيو، ئەسكەرلىرىنى كېرەكسىز جەڭلەردە ئىسراپ قىلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۇ نۇمانتىيەنى مۇداپىئە لىنىيەسى بىلەن قورشاپ،

شەھەرنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاچارچىلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن، ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگىدى. نۇمانتىيەلىكلەر ھەممە ئۈمىدىنىڭ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، شەھەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى؛ رىم خاتىرىلىرىگە كۆرە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رىم قۇلى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

نۇمانتىيە كېيىنچە ئىسپانىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە جاسارىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. دون كىخوتنىڭ ئاپتورى مىگېل دې سېرۋانتېس شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، ئەمما ئىسپانىيەنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغلۇقىنىڭ غايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «نۇمانتىيە مۇھاسىرىسى» دېگەن تراگېدىيەنى يازدى. شائىرلار ئۇنىڭ جەسۇر قوغدىغۇچىلىرىغا مەدھىيە ئوقۇدى ۋە رەسسامار مۇھاسىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى رەسىم تاختىسىغا مۇجەسسەملەشتۈردى. 1882 ـ يىلى، ئۇنىڭ خارابىلىرى دۆلەتلىك ئابىدە دەپ ئېلان قىلىندى ۋە ئىسپان ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى. 1950 ـ 1960 ـ يىللاردا، ئىسپانىيەدىكى ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان ھەجۋى رەسىم كىتابلىرىدا «خاسىيەتلىك ئادەم»، «ئۆمۈچۈك پالۋان» لار ئەمەس، رىم زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلغان قەدىمكى ئىبېرىيەلىك قەھرىمان ئېل خاباتونىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىناتتى. قەدىمكى نۇمانتىيەلىكلەر بۈگۈنكىچە ئىسپانىيەنىڭ قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ياشلىرىغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە .

ئەمما ئىسپان ۋەتەنپەرۋەرلىرى نۇمانتىيەلىكلەرنى ئىسپان تىلىدا——سىپىيونىڭ لاتىن تىلىدىن كەلگەن بىر خىل شېئىرىي تىلدا مەدھىيىلەيدۇ. نۇمانتىيەلىكلەر ھازىر ئۆلۈپ يوقالغان كېلت تىلىدا سۆزلىشەتتى. سېرۋانتېس «نۇمانتىيە مۇھاسىرىسى»نى لاتىن يېزىقىدا يازغان بولۇپ، بۇ دراما گرېك ـ رىم سەنئىتىدىن ئۆرنەك ئالغان. نۇمانتىيەدە تىياتىرخانىلار يوق ئىدى. نۇمانتىيە قەھرىمانلىقىغا ھەيران قالغان ئىسپان ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئۆز نۆۋىتىدە رىم كاتولىك چېركاۋىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرى بولۇپ ـ بىرىنچى سۆزگە دىققەت قىلىڭ ـ بۇ چېركاۋنىڭ باش روھانىيسى (رىم پاپىسى) ھېلىھەم رىمدا ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەڭرىسى لاتىنچە دۇئا ئوقۇلۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوخشاشلا، بۈگۈنكى ئىسپان قانۇنى رىم قانۇنىدىن كەلگەن؛ ئىسپانلارنىڭ سىياسىتىمۇ رىم سىياسىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان؛ ئىسپانلارنىڭ تاماقلىرى ۋە مېمارچىلىقى ئىبېرىيە كېلتلىرىنىڭكىگە قارىغاندا رىم مىراسلىرىغا كۆپرەك قەرزدار. نۇمانتىيەدىن خارابىلەردىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان. ھەتتا ئۇنىڭ ھېكايىسىمۇ بىزگە پەقەت رىم تارىخچىلىرىنىڭ يازمىلىرى ئارقىلىقلا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان ياۋايىلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان رىم ئاممىسىنىڭ زوقىغا ماسلاشتۇرۇلغان. رىمنىڭ نۇمانتىيە ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى شۇنچىلىك تولۇق بولدىكى، غالىبلار مەغلۇپلارنىڭ خاتىرىسىنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈۋالدى .

بۇ بىز ياقتۇرىدىغان ھېكايىلەر ئەمەس. بىز ئاجىزلارنىڭ يېڭىشىنى ياقتۇرىمىز. ئەمما تارىختا ئادالەت يوق. ئۆتمۈشتىكى كۆپىنچە مەدەنىيەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، رەھىمسىز

ئىمپېرىيەلەرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆلجىسىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ قوشۇنلار ئۇلارنى ئۇنتۇلۇشقا مەھكۇم قىلغان. ئىمپېرىيەلەرمۇ ئاخىرى يىقىلدۇ، ئەمما ئۇلار باي ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇشقا مايىل. 21 ـ ئەسىردىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەلۇم بىر ئىمپېرىيەنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

ئىمپېرىيە دېگەن نېمە؟

ئىمپېرىيە ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە سىياسىي تۈزۈم. بىرىنچىدىن، بۇ نامغا لايىق بولۇش ئۈچۈن، سىز خېلى كۆپ ساندىكى ئوخشىمىغان خەلقلەرنى باشقۇرۇشىڭىز كېرەك، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىي كىملىكى ۋە ئايرىم زېمىنى بولىدۇ. ئۇلار قانچە خەلق بولۇشى كېرەك؟ ئىككى ياكى ئۈچ يېتەرلىك ئەمەس، يىگىرمە ياكى ئوتتۇز كۇپايە. ئىمپېرىيە چېكى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىمپېرىيەلەر مۇقىم بولمىغان چېگرالار ۋە زېمىنغا بولغان چەكسىز ئىشتىھا بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ياكى كىملىكىنى ئۆزگەرتمەستىن تېخىمۇ كۆپ مىللەت ۋە زېمىنلارنى يۇتۇۋېلىپ ھەزىم قىلالايدۇ. بۈگۈنكى ئەنگلىيە دۆلىتىنىڭ ئېنىق چېگرالىرى بار بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ۋە كىملىكىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ بۇ چېگرالاردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. بىر ئەسىر ئىلگىرى يەر شارىدىكى ھەرقانداق جاي ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالالايتتى.

مەدەنىيەت جەھەتتىكى خىلمۇ ـ خىللىق ۋە زېمىن جەھەتتىن مۇقىم بولماسلىق ئىمپېرىيەلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىنىلا ئەمەس، بەلكى تارىختىكى مەركىزىي رولىنىمۇ بەرگەن. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك تۈپەيلىدىن، ئىمپېرىيەلەر ئوخشىمىغان ئېتنىك گۇرۇپپىلار ۋە ئېكولوگىيەلىك رايونلارنى بىر سىياسىي قانات ئاستىغا بىرلەشتۈرەلىگەن، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەت ۋە يەر شارىنىڭ بارغانسېرى چوڭ قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرگەن.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئىمپېرىيە ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھۆكۈمەت شەكلى، يەر كۆلىمى ياكى نوپۇس سانى بىلەن ئەمەس، مەدەنىيەت جەھەتتىكى خىلمۇ ـ خىللىقى ۋە مۇقىم بولمىغان چېگرالىرى بىلەنلا پەرقلىنىدۇ، ئىمپېرىيەنىڭ چوقۇم ھەربىي ئىستىلادىن كېلىپ چىقىشى شەرت ئەمەس. ئافىنا ئىمپېرىيەسى ئىختىيارىي ئىتتىپاق سۈپىتىدە باشلانغان، ھابسبۇرگ ئىمپېرىيەسى بولسا قۇدىلىشىش، يەنى بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك نىكاھ ئىتتىپاقلىرى ئارقىلىق قۇرۇلغان. ئىمپېرىيەنى چوقۇم مۇستەبىت ئىمپېراتور باشقۇرۇشى كېرەك ئەمەس. تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە بولغان ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇلغان. باشقا دېموكراتىك (ياكى ھېچ بولمىغاندا جۇمھۇرىيەتچى) ئىمپېرىيەلەر بۈگۈنكى گوللاندىيە، فرانسىيە، بېلگىيە ۋە ئامېرىكا ئىمپېرىيەلىرىنى، شۇنداقلا قەدىمكى نوۋگورود، رىم، كارتاگېن ۋە ئافىنا ئىمپېرىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆلەممۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئىمپېرىيەلەر كىچىك بولسىمۇ بولىدۇ. ئافىنا ئىمپېرىيەسى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىمۇ بۈگۈنكى گرېتسىيەدىن كۆلىمى ۋە نوپۇسى جەھەتتە كىچىك ئىدى. ئازتېك ئىمپېرىيەسى بۈگۈنكى مېكسىكىدىن كىچىك بولسىمۇ، ئۇلار ئىمپېرىيە ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى گرېتسىيە ۋە مېكسىكا ئىمپېرىيە ئەمەس، چۈنكى ئالدىنقىسى تەدرىجىي ھالدا ئۇنىلغان، ھەتتا يۈزلىگەن سىياسىي گەۋدىلەرنى بويسۇندۇرغان بولسا، كېيىنكىسى ئۇنداق قىلمىغان. ئافىنا ئىلگىرى يۈزدىن ئارتۇق مۇستەقىل شەھەر دۆلەتلىرىنى باشقۇرغان بولسا، ئازتېك ئىمپېرىيەسى (ئەگەر باج ـ سېلىق خاتىرىلىرىگە ئىشەنسەك) بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق 371 قەبىلە ۋە خەلقلەرنى ئىدارە قىلغان.

بۇنداق خىلمۇ خىل ئىنسانلارنى ئوتتۇراھال زامانىۋى دۆلەتنىڭ زېمىنىغا قانداق پاتقۇزغىلى بولىدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئىدى، چۈنكى بۇرۇن دۇنيادا كۆپ ساندا ھەر تۈرلۈك خەلق ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ نوپۇسى بۈگۈنكى خەلقلەرنىڭكىدىن ئاز ۋە ئىگىلىگەن زېمىنى كىچىك ئىدى. بۈگۈن ئىككىلا خەلقنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشقا تىرىشۋاتقان ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن ئىئوردان دەرياسى ئارىسىدىكى زېمىن، تەۋرات دەۋرىدە ئۇنىلغان دۆلەت، قەبىلە، كىچىك پادىشاھلىق ۋە شەھەر دۆلەتلەرنى ئاسانلا سىغدۇرغانىدى.

ئىمپېرىيەلەر خىلمۇ خىل ئىنسانلارنىڭ بىراقلا ئازىيىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىمپېرىيە تۈزلىگۈچى نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ (مەسىلەن نۇمانتىيەلىكلەرنىڭ) ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى تەدرىجىي يوق قىلىپ، ئۇلاردىن يېڭى ۋە تېخىمۇ چوڭ گۇرۇپپىلارنى شەكىللەندۈردى.

رەزىل ئىمپېرىيەلەر؟

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، «ئىمپېرىيالىست» سىياسىي سۆزلۈكلەر قامۇسىدا «فاشىست»تىن قالسىلا ئەڭ ئېغىر ھاقارەتلىك سۆز ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئىمپېرىيەلەرگە بولغان تەنقىد ئادەتتە ئىككى شەكىلدە بولىدۇ:

1 .ئىمپېرىيەلەر كارغا كەلمەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، كۆپ ساندىكى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

2 .ھەتتا بۇنى قىلغىلى بولسىمۇ، قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى ئىمپېرىيەلەر ۋەيرانچىلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەنىڭ رەزىل ماشىنىلىرىدۇر. ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار ۋە ئۇلار ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماسلىقى كېرەك.

تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، بىرىنچى قاراش ئوچۇق ـ ئاشكارا بىمەنىلىك، ئىككىنچى قاراشتا بولسا ئېغىر مەسىلە بار.

ھەقىقەت شۇكى، ئىمپېرىيە ئاخىرقى 2500 يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ھاكىمىيەت شەكلى بولۇپ كەلگەن. بۇ ئىككى يېرىم مىڭ يىل جەريانىدا كۆپىنچە ئىنسانلار

ئىمپېرىيەلەر ئىچىدە ياشىغان. ئىمپېرىيە يەنە ناھايىتى مۇقىم ھۆكۈمەت شەكلىدۇر. كۆپىنچە ئىمپېرىيەلەر ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۇسۇلىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاسان تاپقان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار پەقەت تاشقى تاجاۋۇز ياكى ھۆكۈمران تەبىقە ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش سەۋەبىدىنلا ئاغدۇرۇلغان. ئەكسىچە، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىرىدىن ئازاد قىلىش تارىخى ئانچە ياخشى ئەمەس. كۆپىنچىسى نەچچە ئەسىر بويسۇندۇرۇلغان ھالەتتە قالغان. ئۇلار ئاساسەن غالىب ئىمپېرىيە تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان بولۇپ، ئۆزگىچە مەدەنىيەتلىرى يوقاپ كەتكەن.

مەسىلەن، مىلادىيە 476 ـ يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن ئاغدۇرۇلغاندا، نۇمانتىيەلىكلەر، ئارۋېرنىلەر، خېلۋېتلار، سامنىتلار، لۇستانلار، ئۇمبرىيانلار، ئېترۇسكلار، شۇنداقلا رىملىقلار نەچچە ئەسىر ئىلگىرى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇنتۇلغان باشقا خەلقلەر گويا چوڭ بېلىقنىڭ قارنىدا قالغان يۇنۇس پەيغەمبەردەك، بۇيۇك ئىمپېرىيەنىڭ پارچىلانغان جەسىتىدىن چىقمىدى. ئۇلاردىن ھېچقايىسىسى قالمىدى. ئۆزلىرىنى شۇ مىللەتلەرنىڭ ئەزالىرى دەپ تونۇغان، ئۇلارنىڭ تىللىرىدا سۆزلىگەن، ئىلاھلىرىغا چوقۇنغان ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى سۆزلەپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىئولوگىيەلىك ئەۋلادلىرى ئەمدى رىملىقلاردەك ئويلايدىغان، سۆزلەيدىغان ۋە ئىبادەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

كۆپىنچە ئەھۋالدا، بىر ئىمپېرىيەنىڭ ۋەيران بولۇشى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئۈچۈن مۇستەقىللىق دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، يېڭى بىر ئىمپېرىيە كونا ئىمپېرىيە يىقىلغاندا ياكى چېكىنگەندە پەيدا بولغان بوشلۇققا كىرىۋالاتتى. بۇ ئەھۋال ئوتتۇرا شەرقتە ئەڭ ئېنىق بولغان. بۇ رايوننىڭ ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيىتى، يەنى مۇقىم چېگرالارغا ئىگە كۆپلىگەن مۇستەقىل سىياسىي گەۋدىلەر ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئاخىرقى بىر نەچچە مىڭ يىلدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋالدۇر. ئوتتۇرا شەرقنىڭ بۇنداق ۋەزىيەتنى باشتىن كەچۈرگەن ئاخىرقى ۋاقتى مىلادىدىن بۇرۇنقى سەككىزىنچى ئەسىر، يەنى تەخمىنەن 3000 يىل ئىلگىرى ئىدى! مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردىكى يېڭى ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشىدىن تارتىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىمپېرىيەلىرىنىڭ يىمىرىلىشىغىچە، ئوتتۇرا شەرق خۇددى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىكى تاياقچىغا ئوخشاش، بىر ئىمپېرىيەنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئىمپېرىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەلدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئاخىرى بۇ تاياقچىنى قولدىن بېرىپ قويغاندا، ئاسسۇرىيەلىكلەر بويسۇندۇرغان ئاراملار، ئاممونىتلار، فىنىكىيەلىكلەر، فىلىستىنلىكلەر، موئابىتلار، ئېدومىتلار ۋە باشقا خەلقلەر ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەنىدى.

دەرۋەقە، بۈگۈنكى يەھۇدىيلار، ئەرمەنلەر ۋە گرۇزىنلار مەلۇم دەرىجىدە ھەقلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. بۇلار پەقەت تارىخىي قانۇنىيەتنى ئىسپاتلايدىغان ئالاھىدە ئەھۋاللار، ھەتتا بۇ دەۋالارمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىلگەن. مەسىلەن، بۈگۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە

ئىجتىمائىي ئادەتلىرىنىڭ قەدىمكى يەھۇدىي پادىشاھلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە قارىغاندا، ئاخىرقى ئىككى مىڭ يىلدا ياشىغان ئىمپېرىيەلەردىن كۆپرەك مىراس ئالغانلىقى ئېنىق. ئەگەر پادىشاھ داۋۇد ھازىرقى ئېرۇسالىمدىكى قاتتىق دىندار يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ قالسا، شەرقىي ياۋروپا كىيىملىرىنى كىيگەن، گېرمان تىلىنىڭ بىر شۋىسىدە (يىددىش تىلىدا) سۆزلىشىدىغان ۋە بابىل تېكىستىنىڭ (تەلمۇدنىڭ) مەنىسى ھەققىدە تۈگمەس مۇنازىرە قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرۈپ پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالاتتى. قەدىمكى يەھۇدىيلاردا ئىبادەتخانىلار، تەلمۇد كىتابلىرى، ھەتتا تەۋراتنىڭ يۆگەلمە قەغەز يازمىلىرىمۇ يوق ئىدى.

ئىمپېرىيەنى قۇرۇش ۋە قوغداش ئادەتتە چوڭ كۆلەملىك قەتلىئام يۈرگۈزۈشنى، قالغانلىرىنى بولسا رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئىمپېرىيەنىڭ ئۆلچەملىك قوراللىرى ئۇرۇش، قۇللۇق، سۈرگۈن ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مىلادىيە 83 ـ يىلى رىملىقلار شوتلاندىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندا، يەرلىك كالېدونىيە قەبىلىلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. رىملىقلار بۇ دۆلەتنى ۋەيران قىلىش بىلەن ئىنكاس قايتۇردى. رىملىقلارنىڭ تىنچلىق تەكلىپىگە جاۋابەن، قەبىلە باشلىقى كالگاكۇس رىملىقلارنى «دۇنيانىڭ بۇلاڭچىلىرى» دەپ ئاتاپ: «ئۇلار بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىق ۋە ئوغرىلىققا ئىمپېرىيە دېگەن يالغان نامنى بېرىدۇ؛ ئۇلار چۆل ـ باياۋان يارىتىپ، ئۇنى تىنچلىق دەپ ئاتايدۇ» دېگەن .

بىراق بۇ ئىمپېرىيەلەر تارىختا ھېچقانداق قىممەتلىك نەرسە قالدۇرمىغان دېگەنلىك ئەمەس. بارلىق ئىمپېرىيەلەرنى قارىلاش ۋە ئۇلارنىڭ مىراسلىرىنى رەت قىلىش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى رەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئىمپېرىيە كاتتىۋاشلىرى ئىستىلادىن ئالغان پايدىسىنى پەقەت قوشۇن ۋە قەلئەلەرگىلا ئەمەس، يەنە پەلسەپە، سەنئەت، ئادالەت ۋە خەير ـ ساخاۋەتكىمۇ مەبلەغ سېلىشقا ئىشلەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي نەتىجىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتىن كەلگەن. رىم ئىمپېرىيالىزمى ئېلىپ كەلگەن پايدا ـ مەنپەئەت ۋە گۈللىنىش سىسېرو، سېنېكا ۋە بۈيۈك ئاۋگۇستىنغا ئويلىنىش ھەم يېزىش ئۈچۈن بوش ۋاقىت ۋە شارائىت يارىتىپ بەرگەن؛ موغۇللارنىڭ ھىندىستان پۇقرالىرىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق توپلىغان بايلىقى بولمىسا، تاج ماھال (مەقبەرىسى) قۇرۇلالمىغان بولاتتى؛ ھابسبۇرگ ئىمپېرىيەسى سلاۋيان، ۋېنگىر ۋە رۇمىنىيە ئۆلكىلىرىنى باشقۇرۇشتىن كەلگەن پايدىسىنى ھايدىنىنىڭ مائاشى بىلەن موزارتنىڭ تاپان ھەققىگە تۆلىگەن. ھېچقانداق كالېدونىيەلىك يازغۇچى كالگاكۇسنىڭ نۇتقىنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ساقلاپ قالمىغان. بىز بۇنى رىملىق تارىخچى تاسىتۇس ئارقىلىق بىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، تاسىتۇس بۇنى ئويدۇرۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۆپ ئالىملار تاسىتۇسنىڭ نۇتقىنىلا ئەمەس، كالېدونىيە قەبىلە باشلىقى كالگاكۇسنىڭ شەخسىيىتىنىمۇ ئۆزى ۋە باشقا يۇقىرى تەبىقىلىك رىملىقلارنىڭ ئۆز دۆلىتى ھەققىدىكى پىكرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىققانلىقىغا قوشۇلىدۇ .

ھەتتا سىر خىللار مەدەنىيىتى ۋە يۇقىرى سەنئەتتىن ھالقىپ، ئاددىي خەلقلەرنىڭ دۇنياسىغا قارىغاندىمۇ، زامانىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئىمپېرىيە مىراسلىرىنى بايقايمىز. بۈگۈن بىزنىڭ كۆپىنچىمىز ئەجدادلىرىمىزغا قىلىچ كۈچى بىلەن تېڭىلغان ئىمپېرىيە تىللىرىدا سۆزلەيمىز، ئويلايمىز ۋە چۈش كۆرىمىز. شەرقىي ئاسىيادىكى كۆپلىگەن خەلق خەن ئىمپېرىيەسىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدۇ ۋە چۈش كۆرىدۇ. كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالياسكانىڭ باررو يېرىم ئارىلىدىن ماگېللان بوغۇزىغىچە بولغان ئىككى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بارلىق ئاھالىلەر دېگۈدەك تۆت ئىمپېرىيە تىلىنىڭ بىرىدە: ئىسپان، پورتۇگال، فىرانسۇز ياكى ئىنگلىز تىلىدا ئالاقە قىلىدۇ. ھازىرقى مىسىرلىقلار ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدۇ، ئۆزلىرىنى ئەرەب دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا يەتتىنچى ئەسىردە مىسىرنى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پارتلىغان قايتا-قايتا قوزغىلاڭلارنى تۆمۈر مۇشت بىلەن باستۇرغان ئەرەب ئىمپېرىيەسى بىلەن چىن كۆڭلىدىن باغلىنىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى 10 مىليون زۇلۇ زۇلۇ ئىمپېرىيەسىگە قارشى جەڭ قىلغان ۋە پەقەت قانلىق ھەربىي يۈرۈشلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا قوشۇۋېلىنغان قەبىلىلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 19-ئەسىردىكى شان-شەرەپ دەۋرىنى ئەسلەيدۇ.

سىلەرگە ياخشى بولسۇن دەپ...

بىز ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان تۇنجى ئىمپېرىيە بۈيۈك سارگوننىڭ ئاككاد ئىمپېرىيەسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2250-يىلى) ئىدى. سارگون ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنى مېسوپوتامىيەدىكى كىچىك شەھەر دۆلىتى كىشنىڭ پادىشاھى بولۇش بىلەن باشلىغان. نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئۇ مېسوپوتامىيەدىكى باشقا شەھەر دۆلەتلىرىنىلا ئەمەس، مېسوپوتامىيەنىڭ سىرتىدىكى كەڭ زېمىنلارنىمۇ بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. سارگون پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغانلىقى بىلەن ماختاندى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پارس قولتۇقىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە سوزۇلغان بولۇپ، بۈگۈنكى ئىراق ۋە سۇرىيەنىڭ كۆپ قىسمى، شۇنداقلا ھازىرقى ئىران ۋە تۈركىيەنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

ئاككاد ئىمپېرىيەسى سارگوننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، ئەمما سارگون ھەممە پادىشاھ ئېلىشنى خالايدىغان ئىمپېرىيە تونىنى قالدۇرۇپ كەتتى. كېيىنكى 1700 يىل ئىچىدە، ئاسسۇرىيە، بابىل ۋە ھىتتىت پادىشاھلىرى سارگوننى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغانلىقى بىلەن ماختاندى. ئاندىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 550-يىلى پارس شاھى كوروش تېخىمۇ چوڭ ماختىنىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئاسسۇرىيە پادىشاھلىرى ھەر زامان ئاسسۇرىيەنىڭ پادىشاھلىرى بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇنى ئاسسۇرىيەنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى ۋە ئۇلار بۇنىڭدىن نومۇس قىلمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، كوروش پەقەت پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرۇشنىلا ئەمەس، بەلكى بۇنى بارلىق

خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىشقا ئاتقانلىقىنى دەۋا قىلدى. پارسلار «بىز سىلەرنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇۋاتىمىز» دېدى. كوروش ئۆزى بويسۇندۇرغان خەلقلەرنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىنى ۋە پارسلارنىڭ قول ئاستىدا بولغانلىقىدىن بەختلىك ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

كوروشنىڭ ئاخمىنىيە ئىمپېرىيەسى ئاسارەتكە ئېلىنغان مىللەتنىڭ ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان يېڭىلىق خاراكتېرلىك تىرىشچانلىقىنىڭ ئەڭ داڭلىق مىسالى، بابىلدىكى يەھۇدىي سۈرگۈنلىرىنى ۋەتىنىگە قايتىپ، ئىبادەتخانىسىنى قايتا قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشى ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۇلارغا ئىقتىسادىي ياردەم تەكلىپ قىلدى. كوروش ئۆزىنى يەھۇدىيلارنى باشقۇرۇۋاتقان پارس پادىشاھى دەپ قارىمىدى، ئۇ يەنە يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ پاراۋانلىقىغا مەسئۇل ئىدى.

4.خەرىتە: ئاككا ئىمپېرىيەسى ۋە پارس ئىمپېرىيەسى

پۈتۈن دۇنيانى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقۇرۇش دەۋاسى ھەيران قالارلىق ئىدى. تەدرىجىي تەرەققىيات باشقا سۈت ئەمگۈچىلەرگە ئوخشاش ھومو ساپىيانسنى يات، ئۆچمەن مەخلۇق قىلىپ يېتىلدۈرگەن. ساپىيانسلار غەيرىي ئىختىيارىي ھالدا ئىنسانىيەتنى

«بىز» ۋە «ئۇلار» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىدۇ. بىز سىز ۋە ماڭا ئوخشاش تىلىمىز، دىنىمىز، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ئوخشاش كىشىلەر. بىز بىر ـ بىرىمىزگە مەسئۇل، ئەمما ئۇلارغا مەسئۇل ئەمەس. بىز ھەمىشە ئۇلاردىن پەرقلىق ۋە ئۇلارغا ھېچنېمە قەرزدار ئەمەس. بىز ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى زېمىنىمىزدا كۆرۈشنى خالىمايمىز ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىدا نېمە بولۇۋاتقانلىقىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيمىز. ئۇلار ئىنسانغا ئوخشىمايدۇ. سۇداندىكى دىنكا خەلقىنىڭ تىلىدا، «دىنكا» پەقەتلا «ئىنسانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دىنكا بولمىغانلار ئىنسان ئەمەس. دىنكالارنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى نۇئېرلار. نۇئېر تىلىدا «نۇئېر» دېگەن سۆز نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئۇ «ئەسلى ئىنسانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سۇدان چۆللىرىدىن مىڭلىغان كىلومېتىر يىراقتا، ئالياسكا ۋە شەرقىي سىبىرىيەنىڭ مۇز تۇپراقلىرىدا يۇپىكلار ياشايدۇ. يۇپىك تىلىدا «يۇپىك» نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئۇ «ھەقىقىي ئىنسانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ ئەكسىچە، كوروشتىن باشلاپ ئىمپېرىيە غايىسى ئومۇميۈزلۈك ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇشقا مايىل بولغان. گەرچە بۇ ئىدىيە كۆپ ھاللاردا ھۆكۈمرانلار بىلەن ھۆكۈم قىلىنغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىرق ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاساسىي بىرلىكىنى، ھەر جاينى ۋە ۋاقىتنى باشقۇرىدىغان بىر تۈركۈم پىرىنسىپلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەمدە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغان . ئىنسانلار بىر چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى دەپ قارالغان: ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى ئۆز بالىلىرىنى بېقىش مەسئۇلىيىتى بىلەن بىرلىكتە تەرەققىي قىلغان.

بۇ يېڭى ئىمپېرىيە غايىسى كوروش ۋە پارسلاردىن بۈيۈك ئىسكەندەرگە، ئۇنىڭدىن خېللىنىزم پادىشاھلىرى، رىم ئىمپېراتورلىرى، مۇسۇلمان خەلىپىلىرى، ھىندىستان خانلىرى ۋە ئاخىرىدا سوۋېت رەھبەرلىرى بىلەن ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىغىچە داۋاملاشقان .

خىتايدىكى ئەنئەنىۋى سىياسىي نەزەرىيە بويىچە، ئاسمان (تيەن) يەر يۈزىدىكى بارلىق قانۇنىي ھوقۇقنىڭ مەنبەسى. ئاسمان ئەڭ لاياقەتلىك شەخس ياكى ئائىلىنى تاللاپ، ئۇلارغا «ئاسمان يارلىقى»نى بېرىدۇ. ئاندىن بۇ شەخس ياكى ئائىلە «ئاسماننىڭ تېگى»دىكى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ .

بىرلىككە كەلگەن خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى چىن شىخۇاڭ: «ئالتە يۆنىلىشنىڭ ھەممىسى ئىمپېراتورغا تەۋە... ئىنسان قەدەم باسقان يەرنىڭ ھەممىسىدە ئىمپېراتورنىڭ پۇقراسى بولمىغان بىرمۇ كىشى يوق... ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى كالا ـ ئاتلارغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. پايدا كۆرمىگەن بىرمۇ كىشى يوق. ھەر ئادەم ئۆز ئۆيىدە بىخەتەر» دەپ ماختانغان .

خىتاينىڭ سىياسىي تەپەككۇرىدا ۋە تارىخىي خاتىرىسىدە، ئىمپېرىيە دەۋرلىرى تەرتىپ ۋە ئادالەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى دەپ قارالغان. ئادىل دۇنيا ئايرىم ـ ئايرىم دۆلەتلەردىن تەركىب

تاپىدۇ دەيدىغان زامانىۋى غەرب قارىشىنىڭ ئەكسىچە، خىتايدا سىياسىي پارچىلىنىش دەۋرلىرى قالايمىقانچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ قاراڭغۇ دەۋرلىرى دەپ قارالغان. بۇ چۈشەنچە خىتاي تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ھەر قېتىم بىر ئىمپېرىيە يىمىرىلگەندە، يېتەكچى سىياسىي نەزەرىيە (ئىمپېرىيە غايىسى) بەگ غوجاملارنى كىچىك مۇستەقىل بەگلىكلەرگە قانائەت قىلماي، ئىمپېرىيەنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۈندىگەن. بۇ ئۇرۇنۇشلار بالدۇر ـ كېيىن بولسۇن، دائىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

ئۇلار بىزگە ئايلانغاندا

ئىمپېرىيەلەر نۇرغۇن كىچىك مەدەنىيەتلەرنى چوڭراق مەدەنىيەتلەرگە قوشۇۋېتىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. سىياسىي جەھەتتىن پارچىلانغان رايونغا قارىغاندا ئىمپېرىيە چېگراسى ئىچىدە ئىدىيەلەر، كىشىلەر، مال ـ مۈلۈك ۋە تېخنىكىلار تېخىمۇ ئاسان تارقالغان. كۆپىنچە ھاللاردا، ئىمپېرىيەلەر ئىدىيە، مۇئەسسەسە، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ھەرىكەت ئۆلچەملىرىنى ئۆزلىرى مەقسەتلىك تارقاتقان. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئىدى. ئۆز تىلى، يېزىقى، قانۇنى ۋە پۇلى بولغان رايونلاردىن تەشكىل تاپقان ئىمپېرىيەنى باشقۇرۇش قىيىن. بىرخىللاشتۇرۇش ئىمپېراتورلار ئۈچۈن نېمەت ئىدى .

ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەتنى ئاكتىپ تارقىتىشىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم سەۋەبى قانۇنىيلىققا ئېرىشىش ئىدى. كوروش ۋە چىن شىخۇاڭ دەۋرىدىن باشلاپلا، ئىمپېرىيەلەر ئۆز ھەرىكەتلىرىنى (مەيلى يول ياساش ياكى قان تۆكۈش بولسۇن) ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىشنىڭ مۇقەررەر يولى، بويسۇندۇرۇلغۇچىلار بويسۇندۇرغۇچىلارغا قارىغاندا بۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالىدۇ دەپ ئۆزلىرىنى ئاقلىغان .

بۇ پايدىلار بەزىدە كۆرۈنەرلىك (قانۇن ئىجرا قىلىش، شەھەر پىلانلاش، ئۆلچەم ۋە تارازىلارنى بىرخىللاشتۇرۇش) بولسا، بەزىدە گۇمانلىق (باج ـ سېلىق، ھەربىي مەجبۇرىيەت، ئىمپېراتورغا چوقۇنۇش) بولغان. ئەمما ئىمپېرىيە سەر خىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى بارلىق پۇقرانىڭ ئومۇمىي پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمىز دەپ چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن .

خىتاينىڭ ھۆكۈمران سىنىپى ئۆز دۆلىتىنىڭ قوشنىلىرى ۋە چەت ئەل پۇقرالىرىنى ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىنىڭ پايدىسىنى يەتكۈزۈش كېرەك بولغان ئەبگا ياۋايىلار دەپ مۇئامىلە قىلغان. ئاسمان يارلىقى ئىمپېراتورغا دۇنيانى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنى تەربىيەلەش ئۈچۈن بېرىلگەن .

رىملىقلارمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلاپ، ياۋايىلارغا تىنچلىق، ئادالەت ۋە سىلىق ـ سىپايىلىقنى ئېلىپ كەلدۇق. بىز ياۋايى گېرمانلار بىلەن بوياق سۈرىدىغان گالۇسلارنى قانۇن بىلەن تىزگىنلەپ، ئاممىۋى مۇنچىلاردا پاكىزلاپ، پەلسەپە بىلەن ئاقارتقانغا قەدەر، ئۇلار مەينەتچىلىك ۋە نادانلىقتا ياشىغان، دەپ قارىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىكى ماۋرىيا ئىمپېرىيەسى بۇددا تەلىماتىنى غەپلەت ئىچىدىكى دۇنياغا تارقىتىشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلغان.

مۇسۇلمان خەلىپىلىرى پەيغەمبەرنىڭ ۋەھىيسىنى، مۇمكىن بولسا تىنچ يول بىلەن، زوٚرلۇق بولسا قىلىچ بىلەن تارقىتىش ئۈچۈن ئىلاھىي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان. ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە ئىمپېرىيەلىرى «ھىندىستان بىلەن ئامېرىكىدا ئىزدىگىنىمىز بايلىق ئەمەس، بەلكى ئازغۇنلارنى ھەقىقىي دىنغا كىرگۈزۈش» دەپ جاكارلىغان. ئەنگىلىيەنىڭ ئەركىنلىك بىلەن ئەركىن سودىدىن ئىبارەت قوش ئىنجىلنى تارقىتىش ۋەزىپىسى ھېچقاچان ئاخىرلاشقان ئەمەس. سوۋېتلار كاپىتالىزمدىن پرولېتارىياتنىڭ غايىۋى دىكتاتورلۇق تۈزۈمىگە ئۆتۈش تارىخىي مۇرەققەررەلىكتۇر دەپ قارىغان. نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ھازىر ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرىگە دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق پايدىلىرىنى يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايدۇ، گەرچە بۇ نەرسىلەر يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ۋە F ـ 16 كۆرەشچى ئايروپىلانلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلسىمۇ.

ئىمپېرىيە تارقاتقان مەدەنىيەت ئىدىيەلىرى ئىچىدە ھۆكۈمران سەر خىللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيىتى ناھايىتى ئاز بولغان. ئىمپېرىيە غايىسى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، ئىمپېرىيە سەر خىللىرى ئۈچۈن بىرلا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالماي، ئىدىيە، ئۆلچەم ۋە ئەنئەنىلەرنى نەدىن تاپسا شۇ يەردىن قوبۇل قىلىش نىسبەتەن ئاسان ئىدى. بەزى ئىمپېراتورلار ئۆز مەدەنىيەتلىرىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئۆز يىلتىزىغا قايتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىمپېرىيەلەر كۆپىنچە قول ئاستىدىكى خەلقلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان ئارىلاشما مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. رىم ئىمپېرىيە مەدەنىيىتى رىملىقلارنىڭ ھەم گرېكلارنىڭ مەدەنىيىتى ئىدى. ئابباسىيلارنىڭ ئىمپېرىيە مەدەنىيىتى قىسمەن پارس، قىسمەن گرېك، قىسمەن ئەرەب مەدەنىيىتى ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ئىمپېرىيە مەدەنىيىتى بولسا خىتاينىڭ تەقلىدى ئىدى. بۈگۈنكى ئامېرىكا ئىمپېرىيەسىدە، كېنىيەلىكنىڭ نەسلىدىن بولغان بىر ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىر ياقتىن ئىتالىيە پىزاسىنى يېگەچ، بىر ياقتىن ئەنگىلىيەنىڭ قەھرىمانلىق داستانى——ئەرەبلەرنىڭ تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشى ھەققىدە ئىشلەنگەن «ئەرەبىستانلىق لورېنس» فىلىمىنى كۆرەلەيدۇ.

بۇ مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى بويسۇندۇرۇلغان خەلقنى تېزلا ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى دېگەنلىك ئەمەس. ئىمپېرىيە مەدەنىيىتى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق ئەبجەش مەدەنىيەت كۆپ سانلىق ئادەمگە يەنىلا يات ئىدى. مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىش جەريانى كۆپ ھاللاردا ئازابلىق ۋە زىيان ـ زەخمەتلىك بولغان. تونۇش ۋە مېھرلىك بولغان يەرلىك ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىش ئاسان ئەمەس، يېڭى مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىشمۇ قىيىن ھەم مۇشەققەتلىك. تېخىمۇ يامىنى، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئىمپېرىيە سەر خىللىرىنىڭ ئۇلارنى «بىز»نىڭ بىر قىسمىمىز دەپ قوبۇل قىلىشىغا ئون يىللار، ھەتتا يۈز يىللار كەتكەن. بويسۇندۇرۇش بىلەن قوبۇل قىلىش ئارىسىدىكى ئەۋلادلار سىرتتا قالدۇرۇلغان. ئۇلار ئاللىقاچان قەدىناس يەرلىك مەدەنىيىتىدىن ئايرىلغان، ئەمما ئىمپېرىيە

دۇنياسىغا تەڭ دەرىجىدە قېتىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت تەرىپىدىن يەنىلا ياۋايىلار دەپ قارالغان.

نۇمانتىيەنىڭ يىقىلىشىدىن بىر ئەسىر كېيىن ياشىغان ياخشى نەسەبلىك بىر ئىبېرىيەلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كېلت تىلىدا سۆزلىشىدۇ، ئەمما سودا ـ سېتىق ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن لاتىنچە ئۆگەنگەن، شۇنداقتىمۇ تەلەپپۇزىدىن چېنىپ قالىدۇ. ئۇ ئايالىنىڭ نەپىس، چىرايلىق زىننەت بۇيۇملىرىغا بولغان قىزىقىشىغا يول قويىدۇ، ئەمما ئايالىنىڭ زىبۇ زىننەتلەردىن زوقلىنىشىنى يەرلىك كېلت ئاياللىرىغا ئوخشاپ قالغانلىقىدىن بىرئاز ئوڭايسىزلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئايالىنىڭ رىم ۋالىيسىنىڭ ئايالى تاقايدىغان پاكىز، ئاددىي زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشىنى خالايدۇ. ئۇ ئۆزى رىم كىيىملىرىنى كىيىدۇ ۋە رىم سودا قانۇنىنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى ياخشى بىلگەنلىكىدىن، چارۋا سودىسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق رىم ئۇسلۇبىدا داچا ئۆي سالدۇرالىغان. ئەمما، ئۇ ۋېرگىلنىڭ «يېزا ئىگىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىنى يادا دەپ بېرەلىسىمۇ، رىملىقلار ئۇنى يەنىلا يېرىم ـ ياۋا ياۋايى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچقاچان ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىگە ياكى بۇيۇك تىياتىرخانىلاردىكى ياخشى ئورۇنلارغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىئاراملىق ئىچىدە چۈشىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق ھىندىستانلىقلارغا ئۇلارنىڭ ئەنگلىيەلىك خوجايىنلىرى ئوخشاش دەرسنى ئۆگەتكەن. مەشھۇر بىر ھېكايىدە، تىرىشچان بىر ھىندىستانلىق ئىنگلىز تىلىنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى ئىگىلىگەن، غەرب ئۇسلۇبىدىكى ئۇسسۇلنى ئۆگەنگەن، ھەتتا پىچاق ـ ۋىلكا بىلەن تاماق يېيىشكە كۆنگەن. ئۇ يېڭى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەنگلىيەگە بېرىپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئۆگەنگەن ۋە لاياقەتلىك ئادۋوكات بولغان. بىراق، كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالاستۇك تاقىغان بۇ ياش ھوقۇقشۇناس، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدە، «قارىۋايىلار» مېڭىشى كېرەك بولغان ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا چۈشمەي، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا مېڭىشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن پويىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. ئۇنىڭ ئىسمى موھانداس كارامچاند گەندى ئىدى.

بەزى ئەھۋاللاردا، مەدەنىيلىشىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە جەريانى يېڭى كەلگۈچىلەر بىلەن كونا سەر خىللار ئارىسىدىكى توسالغۇلارنى ئاخىر يوقاتقان. بويسۇندۇرۇلغانلار ئەمدى ئىمپېرىيەنى يات ئىشغالىيەت سىستېمىسى دەپ قارىمىغان، ئىشغال قىلغۇچىلارمۇ ئۆز پۇقرالىرىنى ئۆزلىرىگە تەڭ دەپ قاراشقا باشلىغان. ھۆكۈمرانلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار «ئۇلار»نى «بىز» دەپ قاراشقا باشلىغان. ئەسىرلەر داۋاملاشقان ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن، رىمنىڭ بارلىق پۇقرالىرىغا رىم گراژدانلىقى بېرىلگەن. رىملىق بولمىغانلارمۇ رىم قوشۇنلىرىنىڭ ئوفىتسېرلار قىسمىدىكى يۇقىرى ئورۇنلارغا ئۆستۈرۈلگەن ۋە دۆلەت مەجلىسىگە تەيىنلەنگەن. مىلادى 48 ـ يىلى ئىمپېراتور كلاۋدىئۇس بىر قانچە گاللىيەلىك ئاقسۆڭەكنى دۆلەت مەجلىسىگە قوبۇل قىلغان. ئۇ سۆزىدە ئۇلارنىڭ «ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت ۋە نىكاھ

مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق رىملىقلار بىلەن بىرلەشكەنلىكى»نى تىلغا ئالغان. تەكەببۇر سېناتورلار (رىم دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى) بۇ سابىق دۈشمەنلەرنىڭ رىم سىياسىي سىستېمىسىنىڭ يادروسىغا كىرگۈزۈلۈشىگە قارشى چىققان. كلاۋدىئۇس ئۇلارغا ئاچچىق بىر ھەقىقەتنى ئەسلەتكەن: ئۇلارنىڭ كۆپىنچە سېناتور جەمەتلىرى ئەسلىدە رىمغا قارشى جەڭ قىلغان، كېيىن رىم گراژدانلىقىغا ئېرىشكەن ئىتالىيە قەبىلىلىرىدىن كەلگەن. ئىمپېراتورمۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ جەمەتىنىڭمۇ ئەسلىدە سابىنلىقلاردىن ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن.

مىلادى 2 ـ ئەسىردە، رىم ئىمپېرىيەسى ئىبېرىيەدە تۇغۇلغان بىر قاتار ئىمپېراتورلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. ئۇلارنىڭ قېنىدا يەرلىك ئىبېرىيە قېنى بار ئىدى. تراجان، ھادرىئان، ئانتونىنۇس پىئۇس ۋە ماركۇس ئاۋرېلىئۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى ئىمپېرىيەنىڭ ئالتۇن دەۋرى دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بارلىق ئېتنىك توسالغۇلار يوقالدى. ئىمپېراتور سېپتىمىئۇس سېۋېرۇس (193 ـ 211) لىۋىيەدىن كەلگەن پۇنىك ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئېلاگابالۇس (218 ـ 222) سۇرىيەلىك ئىدى. ئىمپېراتور فىلىپ (244 ـ 249) «ئەرەب فىلىپ» دەپ تونۇلغان. ئىمپېرىيەنىڭ يېڭى پۇقرالىرى رىم ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىنى شۇنچىلىك قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدىكى، ئىمپېرىيە يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ ئەسىرلەر، ھەتتا مىڭ يىللار داۋامىدا ئىمپېرىيەنىڭ تىلىدا سۆزلەشنى، لېۋانت ئۆلكىلىرىدىن قوبۇل قىلغان خرىستىيان خۇداسىغا ئىشىنىشنى ۋە ئىمپېرىيەنىڭ قانۇنلىرى بويىچە ياشاشنى داۋاملاشتۇردى.

ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىمۇ ئوخشاش جەريان يۈز بەردى. مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلغاندا، ئەرەب ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمران ئەرەب ـ مۇسۇلمان ئېلىتلىرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان مىسىرلىقلار، سۇرىيەلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە بەربەرلەر ئارىسىدىكى كەسكىن ئايرىمىلىققا ئاساسلانغان ئىدى. ئىمپېرىيە پۇقرالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىنى، ئەرەب تىلىنى ۋە ئارىلاشما ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. كونا ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە كىملىكىنى يوقىتىشتىن ئەنسىرەپ، بۇ يېڭى كەلگۈندىلەرگە چوڭقۇر دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىدى. نارازى بولغان يېڭى مۇسۇلمانلار ئىمپېرىيە ۋە ئىسلام دۇنياسىدا تەڭ ھوقۇق تەلەپ قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلار ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. مىسىرلىقلار، سۇرىيەلىكلەر ۋە مېسوپوتامىيەلىكلەر بارغانسېرى «ئەرەب» دەپ قارالدى. ئەرەبلەر ـ مەيلى ئەرەبىستاندىن كەلگەن «ھەقىقىي» ئەرەبلەر بولسۇن ياكى مىسىر ۋە سۇرىيەدىن چىققان يېڭى ئەرەبلەر بولسۇن ـ ئۆز نۆۋىتىدە بارغانسېرى ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئىرانلىقلار، تۈركلەر ۋە بەربەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىردى. ئەرەب ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇ ياراتقان ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىنى نۇرغۇن ئەرەب بولمىغان خەلقلەر چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلدى ۋە ئەسلى ئىمپېرىيە يىمىرىلىپ، ئەرەبلەر بىر ئېتنىك گۇرۇپپا سۈپىتىدە ھۆكۈمرانلىقنى يوقاتقاندىن كېيىنمۇ، ئۇنى داۋاملىق ساقلاپ، تەرەققىي قىلدۇردى ۋە تارقاتتى.

خىتايدا ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تېخىمۇ تولۇق بولدى. 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، دەسلەپتە ياۋايى دەپ قارالغان نۇرغۇن ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت گۇرۇپپىلىرى خىتاي ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىڭىپ، خەن مىللىتىگە ئايلاندى (بۇ نام مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلدىن مىلادى 220 ـ يىلغىچە خىتاينى ئىدارە قىلغان خەن ئىمپېرىيەسىدىن كەلگەن). خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى شۇكى، ئۇ ھازىرمۇ ياشاۋاتىدۇ، ئەمما تىبەت ۋە ئۇيغۇر ئېلىدەك چەت رايونلارنى قاتمىغاندا، ئۇنى ئىمپېرىيە دەپ قاراش تەس. خىتاي نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقى ئۆزلىرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن خىتاي دەپ قارىلىدۇ.

يېقىنقى نەچچە ئون يىللىق مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش جەريانىنىمۇ ئاشۇنداق چۈشەنسەك بولىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە ياۋروپالىقلار ئۈستۈن غەرب مەدەنىيىتىنى تارقىتىش باھانىسى بىلەن دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇردى. ئۇلار شۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازاندىكى، نەچچە مىليارد ئىنسان بۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى ئاستا ـ ئاستا قوبۇل قىلدى. ھىندىستانلىقلار، ئافرىقىلىقلار، ئەرەبلەر، خىتايلار ۋە ماۋرىلار14 فرانسۇز، ئىنگلىز ۋە ئىسپان تىللىرىنى ئۆگەندى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپىغا ئىشىنىشكە باشلاپ، لىبېرالىزم، كاپىتالىزم، كوممۇنىزم، فېمىنىزم ۋە مىللەتچىلىك قاتارلىق غەرب ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ئىمپېرىيەنىڭ دەۋرىيلىكى

ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمى	ئىسلام	رىم	سەھنە
ياۋروپالىقلار ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرىنى قۇردى	ئەرەبلەر ئەرەب خەلىپىلىكى قۇردى	رىملىقلار رىم ئىمپېرىيەسىنى قۇردى	كىچىك (ئېتنىك) گۇرۇپ بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇردى
غەرب مەدەنىيىتى	ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى	گرېك-رىم مەدەنىيىتى	ئىمپېرىيە مەدەنىيىتى شەكىللەندى
كىشىلەر ئىنگلىز تىلى، فرانسوز تىلى، سوتسىيالىزم، مىللەتچىلىك ، كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيەلىرى ۋە باشقا	كىشىلەر ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە باشقا نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى.	كىشىلەر لاتىن، رىم قانۇنى، رىمنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى ۋە باشقا نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى.	ئىمپېرىيە مەدەنىيىتى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

14 ماۋرىلار– يېڭى زېلاندىيەنىڭ يەرلىك قەبىلىسى.

نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى.			
ھىندىستانلىقلار، خىتايلار ۋە ئافرىقالىقلار غەربنىڭ مىللەتچىلىك، سوتسىيالىزم ۋە كىشىلىك ھوقۇق قىممەت قاراشلىرىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپالىقلار بىلەن تەڭ-باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلدى.	مىسىرلىقلار، ئىرانلىقلار ۋە بەربەرلەر ئىسلامنىڭ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن تەڭ-باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلدى.	ئىللىيرانس، گالۇس، يۇنىكس قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر رىمنىڭ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ رىملىقلار بىلەن تەڭ-باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلدى.	كىشىلەر ئىمپېرىيەنىڭ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن، تەڭ-باراۋەرلىك تەلەپ قىلدى.
ياۋروپالىقلار دۇنياغا خوجا بولۇش ئورنىنى يوقاتتى، ھەر مىللەت سەرخىللىرى بولسا غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئىدىيەلىرىنى تارقىتىشقا تۆھپە قوشتى	ئەرەبلەر مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا خوجا بولۇش ئورنىنى يوقاتتى، ئەمما مۇسۇلمان مىللەتلەردىن كۆپلىگەن سەرخىللار مەيدانغا كەلدى	رىملىقلار بىرلا مىللەت بولۇشقا خاتىمە بەردى، ئىمپېرىيەنىڭ ھوقۇقى كۆپ مىللەتلەردىن بولغان يېڭى سەرخىللارنىڭ قولىغا ئۆتتى	ئىمپېرىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھاكىمىيەت ئورنىنى يوقاتتى
ھىندىستانلىقلار، خىتايلار، ئافرىقالىقلار ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان غەرب مەدەنىيىتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇردى	مىسىرلىقلار، ئىرانلىقلار ۋە بەربەرلەر ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇردى	ئىللىيرانس، گالۇس ۋە يۇنىكسلار ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان رىم مەدەنىيىتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇردى	ئىمپېرىيە مەدەنىيىتى داۋاملىق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى

20 ـ ئەسىردە، غەرب قىممەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان يەرلىك گۇرۇپپىلار دەل مۇشۇ قىممەت قاراشلارغا ئاساسەن، ياۋروپالىق بويسۇندۇرغۇچىلار بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. مۇستەملىكىگە قارشى نۇرغۇن كۈرەشلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، سوتسىيالىزم ۋە كىشىلىك ھوقۇق بايراقلىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى غەربنىڭ مىراسلىرى ئىدى. مىسىرلىقلار، ئىرانلىقلار ۋە تۈركلەر ئەسلىدىكى ئەرەب ئىستىلاچىلىرىدىن مىراس قالغان ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ماسلاشتۇرغاندەك، بۈگۈنكى ھىندىستانلىقلار، ئافرىقىلىقلار ۋە خىتايلارمۇ سابىق غەرب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىمپېرىيە مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئەنئەنىلىرىگە ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

تارىختىكى ياخشىلار ۋە يامانلار

تارىخنى ياخشىلار ۋە يامانلارغا ئېنىق ئايرىش، شۇنداقلا بارلىق ئىمپېرىيەلەرنى يامانلار قاتارىغا كىرگۈزۈش كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. چۈنكى كۆپىنچە ئىمپېرىيەلەر قىرغىنچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئاندىن زۇلۇم ۋە ئۇرۇش ئارقىلىق ھاكىمىيىتىنى ساقلىغان. بىراق، بۈگۈنكى مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىمپېرىيە مىراسلىرىغا ئاساسلانغان. ئەگەر ئىمپېرىيەلەر ماھىيەتتە يامان بولسا، بىز ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

بەزى پىكىر ئېقىملىرى ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر بۈگۈنكى ئىنسان مەدەنىيىتىنى ئىمپېرىيە مىراسلىرىدىن تازىلاپ، ئۆزلىرى ئاتىۋالغان «ساپ، ھەقىقىي، بۇلغانمىغان مەدەنىيەت»نى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنماقچى بولىدۇ. بۇنداق ئىدىيە تولىمۇ ساددا؛ قاتتىقراق ئېيتقاندا، ئۇ ئەسەبىي مىللەتچىلىك ۋە جاھىل مەغرۇرلۇقنى پەردازلاپ كۆرسىتىشتۇر. سىز بەلكىم يازما تارىخنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن سانسىزلىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى ساپ، پاك ۋە باشقا جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن بۇلغانمىغان دېيىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما شۇ مەزگىلدىن كېيىنكى ھېچقانداق مەدەنىيەت، بولۇپمۇ ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەتلەر بۇنداق دەۋا قىلالمايدۇ. بارلىق مەدەنىيەتلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىمپېرىيەلەر ۋە ئىمپېرىيە مەدەنىيەتلىرىنىڭ مىراسىدۇر. ئىلمىي ياكى سىياسىي ئوپېراتسىيەلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىمارنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، ئىمپېرىيە مىراسلىرىنى كېسىپ تاشلىيالمايدۇ.

مەسىلەن، بۈگۈنكى مۇستەقىل ھىندىستان بىلەن ئەنگىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ـ نەپرەت مۇناسىۋىتىنى ئويلاپ بېقىڭ. ئەنگىلىيەنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئىشغال قىلىشى مىليونلىغان ھىندىستانلىقلارنىڭ ھاياتىغا زامىن بولدى ھەمدە يۈز مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ داۋاملىق خورلىنىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنداقتىمۇ، نۇرغۇن ھىندىستانلىقلار ئېتىقاد يېڭىلاش قىزغىنلىقى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە

كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق غەرب ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئەنگلىيەلىكلەر يەرلىك ھىندىستانلىقلارغا ئەنگلىيە پۇقرالىرى سۈپىتىدە تەڭ ھوقۇق ياكى مۇستەقىللىق بېرىشنى رەت قىلىپ، ئۆزلىرى جاكارلىغان قىممەت قاراشلىرىغا ئەمەل قىلمىغاندا، ھىندىستانلىقلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

شۇنداقتىمۇ، بۈگۈنكى ھىندىستان دۆلىتى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پەرزەنتىدۇر. ئەنگلىيەلىكلەر ھىندىستان خەلقىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار، بەگلىكلەر ۋە قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق مىللىي ئاڭ ۋە بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر دۆلەتنى ياراتتى. ئۇلار ھىندىستان سوت سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى سالدى، مەمۇرىي قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلدى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشتە مۇھىم رول ئوينىغان تۆمۈر يول تورىنى قۇردى. مۇستەقىل ھىندىستان ئەنگلىيە نۇسخىسىدىكى غەرب دېموكراتىيەسىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت شەكلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى. ئىنگلىز تىلى ھىندى، تامىل ۋە مالايالام تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان ئورتاق تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

28. بومبايدىكى چاتراۋات شىۋاجى پويىز ئىستانسىسى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى

ئەنگلىيە گوتىك ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بۇ پويىز ئىستانسىسى ۋىكتورىيە دەۋرىدىن تارتىپ بومبايدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ھىندىستان مىللىي ھۆكۈمىتى شەھەرنىڭ ئىسمى ۋە پويىز ئىستانسىسىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتكەن، ئەمما بۇ كۆركەم قۇرۇلۇشنى (گەرچە ئۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىراسى بولسىمۇ) چېقىپ تۈزلىۋەتمىگەن.

ھىندىستانلىقلار كالتەك توپ ئويۇنىغا ئامراق ۋە چاي ئىچىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە مىراسلىرىدۇر. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چاي ئۆستۈرۈپ سېتىش ھىندىستاندا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇنى ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى كىرگۈزگەن. ھىندىستاندا چاي ئىچىش ئادىتىنى تارقاتقانلارمۇ ئەنگلىيەلىك تەكەببۇر خوجايىنلار ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە قانچە ھىندىستانلىق دېموكراتىيە، ئىنگلىز تىلى، تۆمۈر يول تورى، قانۇن سىستېمىسى، كالتەك توپ ۋە چاي قاتارلىقلارنى ئىمپېرىيە مىراسلىرى دەپ، ئۇلاردىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن بىر قېتىم ئاۋاز بېرىشنى خالايدۇ؟ ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاۋاز بېرىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ سابىق ھۆكۈمرانلارغا بولغان قەرزىنى كۆرسەتمەمدۇ؟

29. تاج ماھال مەقبەرىسى. بۇ «ھەقىقىي» ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ مىراسىمۇ

ياكى ئىسلام ئىمپېرىيەسى قالدۇرغان يات مەدەنىيەت مىراسىمۇ؟

ھەتتا بىز رەھىمسىز ئىمپېرىيەنىڭ مىراسلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى «ئەسلى» مەدەنىيەتلەرنى قايتا قۇرۇش ۋە قوغداش ئۈمىدىدە بولساقمۇ، بىز قوغداۋاتقان نەرسە ئېھتىمال تېخىمۇ قەدىمكى ۋە ئوخشاشلا رەھىمسىز بىر ئىمپېرىيەنىڭ

مىراسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستان مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلدى دېگۈچىلەر ئۆزلىرىمۇ بىلمەستىن موغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ مىراسلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ.كىمكى «ساپ ھىندىستان مەدەنىيىتى»نى ئۇ مۇسۇلمان ئىمپېرىيەلەرنىڭ يات تەسىرىدىن قۇتقۇزماقچى بولسا، گۇپتا ئىمپېرىيەسى، كۇشان ئىمپېرىيەسى ۋە ماۋرىيا ئىمپېرىيەسىنىڭ مىراسلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر بىر ئەشەددىي ھىندى مىللەتچىسى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قالدۇرغان بومباي پويىز ئىستانسىسى قاتارلىق بارلىق قۇرۇلۇشلارنى چېقىۋەتمەكچى بولسا، مۇسۇلمان ئىستىلاچىلىرى قالدۇرغان تاج ماھال قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى قانداق قىلىشى كېرەك؟

مەدەنىي مىراس مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشنى ھەقىقەتەن ھېچكىم بىلمەيدۇ. قايسى يولنى تاللىساق، ئەڭ باشتا بۇ خىل زىددىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆتمۈشنى ئاددىيلا ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىشنىڭ ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز يامانلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا رازى بولساق، بۇ باشقا گەپ.

يېڭى دۇنياۋى ئىمپېرىيە

مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللاردىن باشلاپ، كۆپىنچە ئىنسانلار ئىمپېرىيەلەر ئىچىدە ياشاپ كەلدى. كەلگۈسىدىمۇ كۆپچىلىك ئىنسانلار بىر ئىمپېرىيە ئىچىدە ياشىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ قېتىم بۇ ئىمپېرىيە ھەقىقىي مەنىدىكى دۇنياۋى ئىمپېرىيە بولىدۇ. پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش كۆز قارىشى يېقىنلاشماقتا.

21 ـ ئەسىر كېلىشى بىلەن، مىللەتچىلىك تېز سۈرئەتتە ئاجىزلاشماقتا. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر سىياسىي ھوقۇقنىڭ قانۇنلۇق مەنبەسى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە پۈتكۈل ئىنسان ئىرقىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىش سىياسەتنىڭ مەشئىلى بولۇشى كېرەك. ئۇ ھالدا، 200 گە يېقىن مۇستەقىل دۆلەتنىڭ بولۇشى پايدىلىق ئەمەس، بەلكى توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. شىۋېتسىيەلىكلەر، ھىندونېزىيەلىكلەر ۋە نىگېرىيەلىكلەر ئوخشاشلا كىشىلىك ھوقۇققا لايىق تۇرسا، بىرلا دۇنياۋى ھۆكۈمەت بۇلارنى قوغدىسا تېخىمۇ قولاي ئەمەسمۇ؟

قۇتۇپتىكى مۇزلارنىڭ ئېرىشى قاتارلىق كىلىمات مەسىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىيلىقىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرماقتا. ھېچقانداق بىر ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى ئۆزى يالغۇز ھەل قىلالمايدۇ. خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «ئەرشى ئەلادىن بېرىلگەن» بولسا، ئەرشى ئەلانىڭ مەسىلىسىنى، يەنى ئوزون قەۋىتىدىكى يوچۇق ۋە پارنىك

گازلىرىنىڭ توپلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىنسانىيەت تەرىپىدىن بېرىلگەن. دۇنياۋى ئىمپېرىيەنىڭ رەڭگى يېشىل بولۇشى مۇمكىن.

2014 ـ يىلىغىچە، دۇنيا سىياسىي جەھەتتىن تېخىمۇ پارچىلانغان ھالەتتە بولسىمۇ، دۆلەتلەر تېز سۈرئەتتە مۇستەقىللىقىنى يوقاتماقتا. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇستەقىل ئىقتىسادىي سىياسەت يۈرگۈزەلمەيدۇ، خالىغانچە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ جەڭ قىلالمايدۇ، ھەتتا ئۆز ئىچكى ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى خالىغانچە باشقۇرالمايدۇ. دۆلەتلەر بارغانسېرى دۇنياۋى بازارلارنىڭ سۈيىقەستلىرىگە، خەلقئارالىق شىركەتلەر ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ ئارىلىشىشىغا، ھەمدە دۇنياۋى جامائەت پىكرى ۋە خەلقئارالىق سوت سىستېمىسىنىڭ نازارىتىگە ئۇچرىماقتا. دۆلەتلەر مالىيە، مۇھىت مۇھاپىزىتى ۋە ئەدلىيە جەھەتتىكى دۇنياۋى ئۆلچەملەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر.

كاپىتال، ئەمگەك كۈچى ۋە ئۇچۇرلارنىڭ كۈچلۈك ئېقىملىرى دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرى ۋە پىكىرلىرىگە پەرۋا قىلماستىن دۇنيانى شەكىللەندۈرمەكتە ۋە ئۆزگەرتمەكتە.

كۆز ئالدىمىزدا شەكىللىنىۋاتقان دۇنياۋى ئىمپېرىيە مەلۇم بىر دۆلەت ياكى مىللەت تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنمايدۇ؛ بەلكى كېيىنكى رىم ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش، كۆپ مىللەتلىك سەر خىللار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ ھەمدە ئورتاق مەدەنىيەت ۋە ئورتاق مەنپەئەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ. پۈتۈن دۇنيادا تېخىمۇ كۆپ كارخانىچىلار، ئىنژېنېرلار، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، ئادۋوكاتلار ۋە باشقۇرغۇچىلار بۇ ئىمپېرىيەگە قوشۇلۇشقا چاقىرىلماقتا. ئۇلار ئىمپېرىيەنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب بېرىشنى ياكى ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقىگە سادىق قېلىشنى ئويلىشىشى كېرەك. بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئىمپېرىيەنى تاللىماقتا.

12. دىن قانۇنى

ئوتتۇرا ئەسىردىكى سەمەرقەند بازىرىدا ـ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىسىغا قۇرۇلغان بۇ شەھەردە، سۈرىيەلىك سودىگەرلەر نەپىس خىتاي يىپەكلىرىنى سىلاپ كۆرەتتى، بوز قىردىن كەلگەن يىرتقۇچ قەبىلىلەر غەربتىن كەلتۈرۈلگەن سېرىق چاچلىق قۇللارنى كۆرسىتەتتى، دۇكاندارلار غەلىتە خەتلەر ۋە ناتونۇش پادىشاھلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پارقىراق ئالتۇن تەڭگىلەرنى يانچۇقلىرىغا سالاتتى. بۇ يەردە، شۇ دەۋردىكى شەرق بىلەن غەرب، جەنۇب بىلەن شىمال تۇتاشقان مۇھىم نۇقتىدا، ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى كۈندىلىك رېئاللىق ئىدى.

1281 ـ يىلى قۇبلاي خاننىڭ قوشۇنى ياپونىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغاندا ئوخشاش ئەھۋالنى كۆرگىلى بولاتتى. تېرە ـ تۇلۇم كىيگەن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى چىغ قالپاق كىيگەن خىتاي پىيادە ئەسكەرلىرى بىلەن يانمۇ يان تۇراتتى، كورىيەنىڭ مەست ياردەمچى ئەسكەرلىرى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىن كەلگەن، بەدىنىگە گۈل چېكىۋالغان دېڭىزچىلار بىلەن

جىدەللىشەتتى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىنژېنېرلار ياۋروپالىق سەرگۈزەشتچىلەرنىڭ قىسسەلىرىنى ھاڭۋېقىپ ئاڭلايتتى، ھەممىسى بىر ئىمپېراتورنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇناتتى.

شۇ ۋاقىتتا، مەككىدىكى مۇقەددەس كەبىنىڭ ئەتراپىدا، ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى باشقا يوللار بىلەن داۋاملىشىۋاتاتتى. 1300-يىلى مەككىگە ھەج قىلغان بولسىڭىز، ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، مېسوپوتامىيەدىن كەلگەن زىيارەتچىلەر بىلەن بىللە بولۇشىڭىز مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تونلىرى شامالدا لەپىلدەپ، كۆزلىرى ئىلاھىي نۇر بىلەن چاقناپ، ئاغزىدىن ئاللاھنىڭ توقسان توققۇز ئىسمى بىر-بىرلەپ تۆكۈلەتتى.

بۇگۈنكى كۈندە دىن كۆپىنچە كەمسىتىش، كېلىشمەسلىك ۋە بۆلۈنۈشنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە، دىن پۇل ۋە ئىمپېرىيەلەر بىلەن بىرگە ئىنسانىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ئۈچىنچى چوڭ كۈچ بولۇپ كەلگەن.

بارلىق ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە دەرىجە تۈزۈمى تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقىم ئەمەس. جەمئىيەت قانچە چوڭ بولسا، شۇنچە مۇقىمسىز بولىدۇ. بۇ مۇقىمسىز قۇرۇلمىلارغا ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نىزام بەخش ئېتىش دىنىنىڭ مۇھىم تارىخىي رولى بولغان. دىنلار «بىزنىڭ قانۇنلىرىمىز ئىنسان خاھىشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق ۋە ئالىي ھوقۇق (ئىلاھىي ھوقۇق) تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن» دەپ جاكارلايدۇ. بۇ ئەڭ ئاساسلىق قانۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى شۈبھىدىن خالىي قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

شۇڭا دىننى ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر نىزام-تەرتىپكە ئىشىنىشنى ئاساس قىلغان ھەرىكەت ئۆلچىمى ۋە قىممەت قاراشلار سىستېمىسى دەپ تەبىرلەشكە بولىدۇ. بۇ، ئىككى ئايرىم ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. دىنلار ئىنسانلاردىن ھالقىغان نىزام-تەرتىپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇنىڭ ھەرگىز ئىنسانلارنىڭ خاھىشى ياكى كېلىشىمىنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پۇتبول دىن ئەمەس، گەرچە ئۇنىڭ نۇرغۇن قائىدە-قانۇنلىرى، رەسمىيەتلىرى ۋە غەلىتە مۇراسىملىرى بولسىمۇ، ھەممە ئادەم ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى ۋە FIFA (خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى)نىڭ خالىغان ۋاقىتتا ۋاراتارنىڭ چوڭلۇقىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى ياكى چەكتىن ھالقىش (ئوفسايد) قائىدىسىنى بىكار قىلالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

2. دىن ئىنسانلاردىن ھالقىغان نىزام-تەرتىپكە ئاساسەن، ئۆزى چەكلەش كۈچىگە ئىگە دەپ قارىغان ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلارنى بەلگىلەيدۇ. بۇگۈنكى كۆپلىگەن غەربلىكلەر جىن، پەرى ۋە قايتا تۇغۇلۇشقا ئىشىنىدۇ، ئەمما بۇ ئېتىقادلار ئەخلاق ۋە ھەرىكەت ئۆلچەملىرىنىڭ مەنبەسى ئەمەس. شۇڭا، بۇلار دىن ھېسابلانمايدۇ.

دىنلار كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەرتىپلەرگە قانۇنىيلىق ئاتا قىلالىسىمۇ، ھەممىسى بۇ ئىقتىدارنى ئىشقا ئاشۇرالىغان ئەمەس. ھەر خىل ئىنسانلار ياشايدىغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بىر دىنىدا يەنە ئىككى خۇسۇسىيەت

بولۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۇ ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە توغرا بولغان، ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئومۇمىي تەرتىپنى تەشەببۇس قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، بۇ ئېتىقادنى ھەممە ئادەمگە تارقىتىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كەڭ تارقالغان دىن بولۇشى ھەم دەۋەتچى دىن بولۇشى كېرەك.

تارىختا ئەڭ تونۇلغان ئىسلام ۋە بۇددىزمغا ئوخشاش دىنلار دەۋەتچى دىنلار ۋە ئومۇميۈزلۈك تارقالغان دىنلاردۇر. بۇنىڭغا قاراپ، كىشىلەر بارلىق دىنلار ئۇلارغا ئوخشاش دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى دىنلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ھەم يەكلەش خاراكتېرلىك دىنلار بولۇپ، ئېتىقادچىلىرى يەرلىك ئىلاھلار ۋە روھلارغا ئىشىنەتتى. ئۇلار ھەممە ئادەمنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزۈشكە قىزىقمايتتى. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، چوڭ دىنلار ۋە دەۋەتچى دىنلار مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىلدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى تارىختىكى ئەڭ مۇھىم ئىنقىلابلارنىڭ بىرى بولۇپ، چوڭ ئىمپېرىيەلەر ۋە پۇلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

قوزىلارنى تىنجىتىش

روھپەرەستلىك (ئانىمىزم) ئاساسلىق ئېتىقاد سىستېمىسى بولغان چاغلاردا، ئىنسانىي ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلار ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ھۆر پەرىلەر ۋە جىنلارغا ئوخشاش باشقا جانلىقلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى. مەسىلەن، گانگى ۋادىسىدىكى15 بىر ئوۋچى گۇرۇپپا چوڭ بىر ئەنجۈر دەرىخىنىڭ روھىنىڭ غەزەپلىنىپ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى كېسىشنى چەكلەيدىغان قائىدە بېكىتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئىندۇس ۋادىسىدا16 ياشايدىغان يەنە بىر ئوۋچى گۇرۇپپا، ئاق قۇيرۇقلۇق تۈلكە بىر دانا موماينى قىممەتلىك تاغ ئەينىكى تېپىلىدىغان جايغا باشلاپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تۈلكىنى ئوۋلاشنى چەكلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇنداق دىنلار ئادەتتە قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم جاي، ئىقلىم ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى تەكىتلەيتتى. كۆپىنچە ئوۋچىلار پۈتۈن ھاياتىنى مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشمايدىغان دائىرىدە ئۆتكۈزەتتى. مەلۇم بىر ۋادىدا ياشاش ئۈچۈن، شۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئۆز ۋادىسىنى تەرتىپكە سالىدىغان ھەم ئىنسانلاردىن ئۈستۈن بولغان تەرتىپنى چۈشىنىشى، ئۆز ھەرىكىتىنى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. يىراق

15 ھىندىستاندىكى گانگى دەرياسى ۋادىسى

16 ئىندۇس دەرياسى-- ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى، پاكىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئۆتىدىغان دەريا

ۋادىلاردىكى ئاھالىلەرنى ئوخشاش قائىدىلەرگە ئەمەل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. ئىندۇس خەلقى گانگېس خەلقىگە تەبلىغچى ئەۋەتىپ ئاق قۇيرۇقلۇق تۈلكىنى ئوۋلىماسلىققا قايىل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيتتى.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى دىنىي ئىنقىلاب بىلەن تەڭ يۈز بەرگەن بولسا كېرەك. ئوۋچى-غەنىمەتچىلەر ياۋا مېۋىلەرنى يىغاتتى، ھايۋانلارنى ئوۋلايتتى، ئۇلارنى ئادەم بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە دەپ قارايتتى. يولۋاسنىڭ ئىنساننى ئوۋلىشى ئىنساننى يولۋاستىن تۆۋەن قىلمىغاندەك، ئىنساننىڭ قوينى ئوۋلىشى قوينى ئىنساندىن تۆۋەن قىلمايتتى. جانلىقلار بىر-بىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىپ، ئورتاق ياشاش مۇھىتىنى باشقۇرىدىغان قائىدىلەرنى مۇزاكىرە قىلاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، دېھقانلار ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئۇلارنى باشقۇراتتى، ئۆز مۈلكى بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى تۆۋەنلىتىشنى خالىمايتتى. نەتىجىدە، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى دىنىي تەسىرى شۇ بولدىكى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار روھىيەتتە ئادەم بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى ئورنىدىن چۈشۈپ، مۈلۈككە ئايلىنىپ قالدى.

بىراق، بۇ چوڭ بىر مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېھقانلار قويلىرىنى مۇتلەق كونترول قىلىشنى خالىسىمۇ، بۇ كونتروللۇقنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار قويلارنى قوتانغا سولاپ، قوچقارلارنى پىچىۋېتىپ، ساغلىقلارنى تاللاپ كۆپەيتەلىسىمۇ، ساغلىقلارنىڭ بوغاز بولۇپ ساغلام قوزا تۇغۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايتتى، ۋابا كېسەللىكلىرىنىڭ تارقىلىشىنىمۇ توسالمايتتى. ئۇنداقتا پادىلارنىڭ كۆپىيىشىنى قانداق كاپالەتكە ئىگە قىلالىسۇن؟

ئىلاھلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇھىم نەزەرىيە شۇنى ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، ئىلاھلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالىغانلىقى ئۈچۈن مۇھىملىققا ئىگە بولغان. بەرىكەت تەڭرىسى، كۆك تەڭرى، شىپالىق تەڭرىسى قاتارلىق ئىلاھلار ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار سۆزلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقاندا مەركىزىي ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق رولى ئىنسانلار بىلەن تىلسىز ئۆسۈملۈك-ھايۋانلار ئارىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىش ئىدى. قەدىمكى كۆپلىگەن ئەپسانىلەر ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھوقۇقىي كېلىشىم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلار ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بەدىلىگە ئىلاھلارغا مەڭگۈ سادىق بولۇش ۋەدىسى بېرىدۇ، تەۋراتنىڭ دەسلەپكى بابلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا، دىنىي مۇراسىملار ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ تەڭرىلەرگە قوزا، شاراب ۋە نان تەقدىم قىلىشى، تەڭرىلەرنىڭ بولسا ئۇلارغا مول ھوسۇل ۋە تېخىمۇ كۆپ تۇغىدىغان قويلارنى ئاتا قىلىشقا ۋەدە بېرىشى بىلەن داۋاملاشتى.

يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى دەسلەپتە روھپەرەستلىك ئېتىقادىدىن ئورۇن ئالغان تاشلار، بۇلاقلار، روھلار ۋە جىنلارنىڭ ئورنىغا ئانچە تەسىر كۆرسەتمىدى. بىراق، بۇلارمۇ تەدرىجىي

ھالدا يېڭى ئىلاھلارغا يول قويۇپ، ئۆز ئورنىنى يوقاتتى. كىشىلەر پۈتۈن ئۆمرىنى نەچچە يۈز كىۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىدىلا ئۆتكۈزگەن مەزگىللەردە، يەرلىك روھلار ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن ئاساسەن چىقاتتى. خانلىق ھاكىمىيەتلەر ۋە سودا ـ تىجارەت تورى كېڭەيگەن ھامان، ئىنسانلار ھوقۇقى ۋە نوپۇزى شۇ دۆلەتكە يېتىدىغان ياكى سودىدا مەلۇم ساھەنى ئىگىلىۋالغان كۈچلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا موھتاج بولدى.

بۇ ئېھتىياجلارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كۆپ تەڭرىلىك دىنلار پەيدا بولدى. بۇ دىنلار دۇنيانى مېھىر ـ شەپقەت تەڭرىسى، يامغۇر تەڭرىسى ۋە ئۇرۇش تەڭرىسى قاتارلىق كۈچلۈك تەڭرىلەر گورۇپپىسى باشقۇرىدۇ دەپ چۈشەندۈردى. ئىنسانلار بۇ تەڭرىلەرگە مۇراجىئەت قىلالايتتى، تەڭرىلەر ئەگەر ئىبادەت ۋە قۇربانلىقلارنى قوبۇل قىلسا، يامغۇر، غەلىبە ۋە ساغلاملىق ئاتا قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

كۆپ تەڭرىلىك دىنلار پەيدا بولغاندا، روھپەرەستلىك ئېتىقادى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىدى. جىن ـ شەيتانلار، ھۆر ـ پەرىلەر، ئەرۋاھلار، مۇقەددەس تاشلار، مۇقەددەس بۇلاقلار ۋە مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆپ تەڭرىلىك دىنلارنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولۇپ قالدى. بۇ روھلار تەڭرىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئانچە مۇھىم بولمىسىمۇ، ئاددىي خەلقنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. پايتەختتە ئولتۇرغان پادىشاھ ياۋايىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش تەڭرىسگە ئونلىغان سېمىز قوچقارلارنى قۇربانلىق قىلسا، غېرىپ كەپىسدە ئولتۇرغان دېھقان ئۆزىنىڭ كېسەل ئوغلىنى ساقايتىشقا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن مۇقەددەس دەرەخ پەرىسگە شام ياقاتتى.

ھالبۇكى، تەڭرىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى قوي ياكى جىن ـ شەيتانلارغا ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. رۇھپەرەستلەر ئىنسانلارنى دۇنيادىكى كۆپلىگەن جانلىقلارنىڭ بىرى دەپ قارايتتى. ئەمما كۆپ تەڭرى ئېتىقادچىلىرى دۇنيانى بارغانسېرى تەڭرىلەر بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراشقا باشلىدى. بىزنىڭ دۇئالىرىمىز، قۇربانلىقلىرىمىز، گۇناھلىرىمىز ۋە ياخشى ئەمەللىرىمىز پۈتۈن ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى. بىر قانچە ئەخمەق ئىنسان تەڭرىلەرنى غەزەپلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا، دەھشەتلىك كەلكۈن نەچچە مىليارد چۈمۈلە، چېكەتكە، تاشپاقا، كىيىك، زىراپە ۋە پىللارنى يوقىتىۋېتەلەيتتى. شۇنداق قىلىپ كۆپ تەڭرىلىك دىن پەقەت تەڭرىلەرنىڭلا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭمۇ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. روھپەرەستلىك ئېتىقادىدىن ئورۇن ئالغان تەلەيسىزلەر ئۆز ئورنىنى يوقىتىپ، تەڭرىلەر بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چوڭ درامىمىدا يا قوشۇمچە رولغا، ياكى ئۈنسىز دېكوراتسىيەگە ئايلىنىپ قالدى.

بۇتپەرەسلىكنىڭ پايدىلىرى

ئىككى مىڭ يىللىق بىر خۇدالىق دىن تەبلىغى غەربلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى كۆپ تەڭرىلىك دىنلارنى جاھالەت ۋە ساددا بۇتپەرەسلىك دەپ قارايدىغان قىلىپ قويدى. بۇ ئادىل بولمىغان بىر قاراش. كۆپ تەڭرىلىك دىنىنىڭ مەنتىقىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، كۆپ تەڭرىلەرگە بولغان ئېتىقادنى قوللايدىغان مەركىزىي ئىدىيىنى چۈشىنىش زۆرۈر.

كۆپ تەڭرىلىك دىن پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرىدىغان بىرلا كۈچ ياكى قانۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى رەت قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىغان كۆپ تەڭرىلىك دىن، ھەتتا روھپەرەستلىك دىنلىرىمۇ ھەر خىل تەڭرىلەر، جىن ـ شەيتانلار ۋە مۇقەددەس تاشلارنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان ئالىي بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. قەدىمكى گرېكلارنىڭ كۆپ تەڭرىلىك دىنىدا، زېۋس، ھېرا، ئاپوللو ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچ ـ تەقدىر (مويرا، ئانانكې) گە بويسۇناتتى. شىمالىي ياۋروپا تەڭرىلىرىمۇ تەقدىرگە بويسۇنغان، يەنى «تەڭرىلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى» (راگنارۆك) دە مۇقەررەر ھالاك بولۇشقا مەھكۇم بولغان. غەربىي ئافرىقىدىكى يورۇبا خەلقىنىڭ كۆپ تەڭرىلىك دىنىدا، بارلىق تەڭرىلەر ئالىي تەڭرى ئولودۇماردىن تۇغۇلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغان. ھىندىلارنىڭ كۆپ تەڭرىلىك دىنىدا، ئاتمان دەپ ئاتىلىدىغان بىرلا پرىنسىپ سانسىزلىغان تەڭرىلەر ۋە روھلارنى، ئىنسانىيەتنى، بىئولوگىيەلىك ۋە فىزىكىلىق دۇنيانى كونترول قىلىدۇ. ئاتمان پۈتۈن كائىناتنىڭ، شۇنداقلا ھەر بىر ئىنسان ۋە ھەر بىر ھادىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ماھىيىتى ياكى روھىدۇر.

كۆپ تەڭرىلىك دىنىنىڭ بىر خۇدالىق دىندىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي چۈشەنچىسى شۇكى، بىر خۇدالىق دىندا دۇنيانى باشقۇرىدىغان ئالىي كۈچنىڭ مەنپەئەت ۋە تەرەپبازلىقى يوق، شۇڭا ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ئارزۇ ـ تىلەكلىرى، غەم ـ ئەندىشىلىرى ۋە تەشۋىشلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇ كۈچتىن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش، ساغلاملىق ياكى يامغۇر تىلەشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ قۇدرىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەلۇم بىر پادىشاھلىقنىڭ يېڭىشى ياكى يېڭىلىشى، مەلۇم بىر شەھەرنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىششى، مەلۇم بىر كىشىنىڭ ساقىيىشى ياكى ئۆلۈشى مۇھىم ئەمەس. گرېكلار تەقدىر ئۈچۈن ھېچقانداق قۇربانلىق قىلمىغان، ھىندۇلارمۇ ئاتمانغا ھېچقانداق ئىبادەتخانا سالمىغان.

كائىناتنىڭ ئالىي كۈچىگە يېقىنلىششىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بارلىق ئارزۇ ـ تىلەكلەردىن ۋاز كېچىش، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىرگە قوبۇل قىلىش، ھەتتا مەغلۇبىيەت، نامراتلىق، كېسەللىك ۋە ئۆلۈمنىمۇ قوبۇل قىلىشتۇر.

شۇڭا بەزى ھىندۇلار (سادھۇ ياكى سانىياسى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ئاتمان بىلەن بىرلىشىشكە بېغىشلاپ، شۇ ئارقىلىق يورۇقلۇققا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار

دۇنيانى بۇ ئاساسىي پرىنسىپنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن كۆرۈشكە، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك نەزىرىدىن بارلىق دۇنياۋى ئارزۇ- تىلەكلەر ۋە قورقۇنچلارنىڭ مەنىسىز ۋە ۋاقىتلىق ھادىسىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ.

ئەمما كۆپىنچە ھىندۇلار سادھۇ ئەمەس. ئۇلار دۇنياۋى ئەملەرنىڭ پاتقىقىغا چۆكۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردە ئاتماننىڭ ئانچە ياردىمى تەگمەيدۇ. بۇنداق ئىشلاردا ياردەم ئېلىش ئۈچۈن، ھىندۇلار چەكلىك كۈچكە ئىگە تەڭرىلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلار ھەممىگە قادىر ئەمەس، بەلكى قىسمەن قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن، گانېشا، لاكشمى ۋە ساراسۋاتى قاتارلىق تەڭرىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە تەرەپبازلىقلىرى بار. شۇڭا ئىنسانلار بۇ قىسمەن كۈچلەر بىلەن كېلىشىم تۈزەلەيدۇ؛ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىش، كېسەللىكتىن ساقىيىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنالايدۇ.

بۇ كىچىك تەڭرىلەرنىڭ سانى مۇقەررەر تۈردە كۆپ بولىدۇ، چۈنكى سىز بىر ھەقىقەتنىڭ (خۇدانىڭ) ھەممىگە قادىر كۈچىنى بۆلۈشكە باشلىغان ھامان، بىردىن ئارتۇق ئىلاھقا ئېرىشىسىز. مانا بۇ تەڭرىلەرنىڭ كۆپلۈكىنىڭ سەۋەبى.

كۆپ تەڭرىلىك دىنىنىڭ بۇ چۈشەنچىسى دىنىي كەڭچىللىككە تۈرتكە بولىدۇ. كۆپ تەڭرىلىك دىن ئېتىقادچىلىرى بىر ياقتىن ئالىي ۋە تامامەن بىتەرەپ كۈچكە، يەنە بىر ياقتىن قىسمەن ۋە تەرەپباز كۈچلەرگە ئىشەنگەچكە، بىر خۇداغا ئىشەنگەنلەرمۇ باشقا خۇدالارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتا ھېچقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەيدۇ. كۆپ خۇدالىق دىن تەبىئىتىدىن كەڭ قورساق بولۇپ، "بىدئەتچىلەر" ۋە "كاپىرلار"غا ئاز ساندا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

كۆپ تەڭرىلىك دىن ئېتىقادچىلىرى ھەتتا چوڭ ئىمپېرىيەلەرنى بويسۇندۇرغاندىمۇ، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنمىدى. مىسىرلىقلار، رىملىقلار ۋە ئازتېكلار ئوسىرىس، يۇپىتېر ياكى خۇيتزىلوپوچتلى (باش ئازتېك خۇداسى)غا چوقۇنۇشنى تارقىتىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە دىنىي دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتمىدى، ئەلۋەتتە بۇ مەقسەتتە قوشۇنمۇ ئەۋەتمىدى.

ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئىمپېرىيەنىڭ تەڭرىلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ تەڭرىلەر ۋە مۇراسىملار ئىمپېرىيەنى قوغدايتتى ھەم قانۇنلاشتۇراتتى. بىراق بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ يەرلىك تەڭرىلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىدىن ۋاز كېچىشى تەلەپ قىلىنمايتتى.

ئازتېك ئىمپېرىيەسىدە، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر خۇيتزىلوپوچتلىغا ئىبادەتخانا قۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغان، ئەمما بۇ ئىبادەتخانىلار يەرلىك تەڭرىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئورنىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يېنىغا قۇرۇلغان. كۆپ ئەھۋاللاردا ئىمپېرىيە سەر خىللىرى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ تەڭرىلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىنى قوبۇل قىلغان. رىملىقلار

ئاسىيالىق ئىلاھە سىبىلې ۋە مىسىرلىق ئىلاھە ئىسىسنى ئۆز تەڭرىلىرىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇۋالغان.

رىملىقلار ئۇزۇن مۇددەت چىداشنى خالىمىغان بىردىنبىر خۇدا خرىستىيانلارنىڭ بىر خۇدالىق ۋە دەۋەتچى دىنى خۇداسى ئىدى. رىم ئىمپېرىيەسى خرىستىئانلاردىن ئۆز ئېتىقادى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمىدى، ئەمما ئۇلاردىن ئىمپېرىيەنى قوغدىغۇچى خۇدالارغا ۋە ئىمپېراتورنىڭ ئىلاھىيلىقىغا ھۆرمەت قىلىشنى كۈتتى. بۇ سىياسىي سادىقلىقنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ قارالدى. خرىستىيانلار بۇنىڭغا قوشۇلماي، بارلىق كېلىشىش ئۇرۇنۇشلىرىنى رەت قىلغاندا، رىملىقلار بۇنى سىياسىي ئاسىيلىق دەپ چۈشىنىپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى.

ئەمما بۇ زىيانكەشلىكمۇ بەك كۈچەپ ئېلىپ بېرىلمىغان. ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستقا مىخلىنىشىدىن ئىمپېراتور كونستانتىنىنىڭ خرىستىيان بولۇشىغىچە بولغان 300 يىل ئىچىدە، كۆپ تەڭرىلىك رىم ئىمپېراتورلىرى خرىستىيانلارغا پەقەت تۆت قېتىملا ئومۇمىي زىيانكەشلىك قىلغان. يەرلىك باشقۇرغۇچىلار ۋە ۋالىيلارمۇ بەزى خرىستىيانلارغا زوراۋانلىق قىلغان. شۇنداقتىمۇ، بۇ زىيانكەشلىكلەرنىڭ قۇربانلىرىنى جەملىسەك، بۇ ئۈچ ئەسىر جەريانىدا كۆپ تەڭرىلىك رىملىقلار پەقەت بىر قانچە مىڭ خرىستىياننىلا ئۆلتۈرگەن. ئەكسىچە، كېيىنكى 1500 يىل ئىچىدە، خرىستىيانلار مېھىر ـ مۇھەببەت دىنىنىڭ كىچىككىنە پەرقلىق چۈشەندۈرۈلۈشىنى قوغداش ئۈچۈن مىليونلىغان خرىستىيانلارنى قىرغىن قىلغان.

16 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپانى قاپلىغان كاتولىكلار بىلەن پروتېستانتلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇشلار ناھايىتى مەشھۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەسىھنىڭ ئىلاھلىقى ۋە ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت ئىنجىلىنى قوبۇل قىلغان. بىراق ئۇلار بۇ مۇھەببەتنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا كېلىشەلمىگەن. پروتېستانتلار ئىلاھىي مۇھەببەتنىڭ شۇنچىلىك چوڭقۇرلۇقىدىن خۇدا ئىنسان سۈرىتىدە دۇنياغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئازابلىنىشى ۋە كرېستكە مىخلىنىشىغا يول قويۇش ئارقىلىق دەسلەپكى گۇناھنى يۇيۇپ، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەت دەرۋازىسىنى ئاچتى دەپ ئىشەنگەن. كاتولىكلار بولسا ئېتىقاد مۇھىم بولسىمۇ، يېتەرلىك ئەمەس، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئېتىقادچىلار چېركاۋ مۇراسىملىرىغا قاتنىشىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى كېرەك دەپ تۇرۇۋالغان.

1572 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇست كۈنى، ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن فرانسىيە كاتولىكلىرى، خۇدانىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببىتىنى تەكىتلىگەن فرانسىيە پروتېستانتلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. مۇقەددەس «بارتولومېي كۈنى قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتالغان بۇ ھۇجۇمدا، 24 سائەتتىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە 5000 دىن 10 مىڭغىچە پروتېستانت ئۆلتۈرۈلگەن. رىمدىكى پاپا فرانسىيەدىن كەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولغانكى، بۇ ۋەقەنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تەنتەنىلىك دۇئا مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرغان ۋە جورجىئو ۋاسارىغا ۋاتىكاننىڭ بىر ئۆيىگە بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ تام رەسىمىنى سىزىشنى تاپشۇرغان (ھازىر

بۇ ئۆي زىيارەتچىلەرگە تاقاق). شۇ 24 سائەت ئىچىدە خرىستىيانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن خرىستىيانلار كۆپ تەڭرىلىك رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەن خرىستىيانلاردىن كۆپ ئىدى.

خۇدا بىردۇر

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم بىر ئىلاھىغا شۇنچىلىك مايىل بولۇپ كەتتىكى، كۆپ تەڭرىلىك چۈشەنچىسىدىن يىراقلاشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىغا يېگانە خۇدا ۋە كائىناتنىڭ ئىگىسى دەپ ئىشىنىشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئىلاھىمىزنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەرەپدارلىقى بار، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزگىلى بولىدۇ دەپ ئىشەندى. شۇنداق قىلىپ بىر خۇدالىق دىنلار بارلىققا كەلدى. بۇ دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كائىناتنىڭ ئىگىسىدىن كېسەللىكتىن ساقىيىش، لاتارىيەدىن ئۇتۇش ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنى تىلىدى.

بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى بىر خۇدالىق دىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 350 ـ يىللاردا مىسىردا پەيدا بولغان. پىرئەۋن ئاخېناتون مىسىر ئىلاھلار سىستېمىسىدىكى كىچىك ئىلاھلارنىڭ بىرى بولغان ئاتېن ئىلاھىنىڭ ھەقىقەتەن كائىناتنى باشقۇرىدىغان ئالىي كۈچ ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. ئاخېناتون ئاتېنغا چوقۇنۇشنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن ۋە باشقا بارلىق ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان. بىراق، ئۇنىڭ دىنىي ئىنقىلابى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئاتېنغا چوقۇنۇش تاشلىنىپ، كونا ئىلاھلار سىستېمىسى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

كۆپ تەڭرىلىك دىنلار يەنە باشقا بىر خۇدالىق دىنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى داۋام قىلغان بولسىمۇ، بۇ دىنلار بىر چەتتە قالدى. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ئۇلار ئۆزلىرىگە دۇنياۋى ئۇچۇرلارنى سىڭدۈرەلمىدى. مەسىلەن، يەھۇدىي دىنى كائىنات ئىگىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەرەپدارلىقى بار، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنپەئەتى كىچىككىنە يەھۇدىي مىللىتى ۋە ئادىي ئىسرائىلىيە زېمىنىدا دەپ قارىدى. يەھۇدىي دىنىنىڭ باشقا مىللەتلەرگە تەقدىم قىلغان نەرسىسى ئاز بولۇپ، مەۋجۇتلۇق تارىخىدا ئاساسەن تەشۋىق ـ تەبلىغ قىلمىغان. بۇ باسقۇچنى ″يەرلىك بىر خۇدالىق دىن″ باسقۇچى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

خرىستىيان دىنى چوڭ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. بۇ دىن دەسلەپتە سىرلىق يەھۇدىي مەزھىپى سۈپىتىدە باشلانغان بولۇپ، بۇ مەزھەپ يەھۇدىيلارنى نازارەت شەھىرىدىكى ئەيسانىڭ ئۇلار ئۇزۇن كۈتكەن قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى. بىراق، بۇ مەزھەپنىڭ دەسلەپكى يېتەكچىلىرىدىن تارسۇسلۇق پاۋلۇس: «ئەگەر كائىنات ئىگىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەرەپدارلىقى بولسا ھەمدە ئىنسان سۈرىتىدە دۇنياغا كېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن كرېستتا مىخلىنىپ ئۆلۈشكە رازى بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ خەۋەرنى

يەھۇدىيلارلا ئەمەس، ھەممە ئادەم ئاڭلىشى كېرەك» دەپ قارىدى. شۇڭا ئەيسا ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى——ئىنجىلنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش زۆرۈر بولدى.

پاۋلۇسنىڭ پىكىرلىرى كەڭ تارقالدى. خرىستىيانلار بارلىق ئىنسانلارنى نىشان قىلغان كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق ـ تەبلىغ ھەرىكىتىنى باشلىدى. نەتىجىدە بۇ سىرلىق يەھۇدىي مەزھىپى كۈچلۈك رىم ئىمپېرىيەسىنى ئىگىلىدى. بۇ، تارىخنىڭ ئەڭ غەلىتە بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

خرىستىيانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يەتتىنچى ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان يەنە بىر بىر خۇدالىق دىن ـ ئىسلامغا ئۈلگە بولدى. خرىستىيان دىنىغا ئوخشاش، ئىسلام دىنىمۇ دۇنيانىڭ چەت بىر يېرىدە كىچىك مەزھەپ سۈپىتىدە باشلانغان، ئەمما ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ غەلىتە ۋە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تېز بولدى: ئۇ ئەرەبىستان چۆللىرىدىن چىقىپ ئاتلانتىك ئوكياندىن ھىندىستانغىچە سوزۇلغان زور ئىمپېرىيەلەرنى بويسۇندۇرالىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىر خۇدالىق دىن دۇنيا تارىخىدا مەركەزلىك رول ئوينىدى.

بىر خۇدالىق دىن ئېتىقادچىلىرى كۆپ تەڭرىلىك دىن ئېتىقادچىلىرىغا قارىغاندا تولىراق مۇتەئەسسىپ ۋە تەشۋىقاتچى بولۇپ كەلگەن. باشقا دىنلارنىڭمۇ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان دىن ئۆزىنىڭ خۇداسىنى كائىناتنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى دېمەيدۇ، ياكى بىز خۇدادىن دۇنياۋى ھەقىقەتنىڭ بىر قىسمىنىلا ئالدۇق، دەيدۇ. بىر خۇدالىق دىن ئېتىقادچىلىرى بولسا بىز يېگانە خۇدادىن بارلىق ۋەھيىلەرنى ئالدۇق دەپ ئىشەنگەچكە، ئۇلار باشقا بارلىق دىنلارنى ئىنكار قىلىشقا مەجبۇر. ئۆتكەن ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە، بىر خۇدالىق دىن ئەگەشكۈچىلىرى قايتا ـ قايتا زوراۋانلىق بىلەن بارلىق رىقابەتچىلەرنى يوق قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنغان.

بۇ ئۇسۇل ئۈنۈم بەردى. مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيادا بىر خۇدالىق دىن ئېتىقادچىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. مىلادى 500 ـ يىلى ئەتراپىدا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيەلەرنىڭ بىرى بولغان رىم ئىمپېرىيەسى خرىستىيان دۆلىتىگە ئايلاندى، دەۋەتچىلەر خرىستىيان دىنىنى ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مىلادى بىرىنچى مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن ئىنسان بىر خۇدالىق دىن ئەگەشكۈچىلىرى بولدى، ئاتلانتىك ئوكياندىن ھىمالايا تاغلىرىغىچە بولغان ئىمپېرىيەلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ يېگانە خۇدا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەنلىكىنى جاكارلىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بىر خۇدالىق دىن شەرقىي ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىدىن باشقا ئاسىيا ـ ئافرىقانىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمران بولدى، ئاندىن جەنۇبىي ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيەگە قول سوزۇشقا باشلىدى. بۈگۈنكى

كۆنده شەرقىي ئاسىيادىن باشقا جايلاردىكى كۆپچىلىك كىشىلەر بىر خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرىگە ئىشىنىدۇ؛ دۇنياۋى سىياسىي تەرتىپ بىر خۇدالىق دىنلار ئۈستىگە قۇرۇلغان.



5-خەرىتە: خىرىستىيان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى

شۇنداقتىمۇ، جانلىقلارغا چوقۇنۇش كۆپ تەڭرىلىك دىن ئىچىدە ياشاپ كەلگىنىدەك، كۆپ تەڭرىلىك دىنمۇ بىر خۇدالىق دىن ئىچىدە ياشاپ كەلدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بىر كىشى كائىناتنىڭ مۇتلەق ئىگىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەرەپدارلىقى بار دەپ ئىشەنسە، قىسمەن ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ نېمە قىلىدۇ؟ پرېزىدېنتنىڭ ئىشخانىسى سىزگە ئوچۇق تۇرسا، كىم تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارغا يۈزلىنىشنى خالىسۇن؟ دەرۋەقە، بىر خۇدالىق دىن نەزەرىيەسى ئالىي خۇدادىن باشقا بارلىق ئىلاھلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشنى ھەمدە ئۇلارغا چوقۇنۇشقا جۈرئەت قىلغانلارنى جەھەننەمگە تاشلاپ ئازابلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەمما دىنىي نەزەرىيەلەر بىلەن تارىخىي رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە چوڭقۇر ھاڭ بولۇپ كەلگەن. كۆپچىلىك كىشىلەر بىر خۇدالىق دىننى تولۇق قوبۇل قىلىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. ئۇلار دۇنيانى ″بىز″ ۋە ″ئۇلار″ دەپ بۆلۈشنى داۋاملاشتۇرغان ھەمدە كائىناتنىڭ ئىگىسىنى كۈندىلىك ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن بەك يىراق ۋە يات دەپ قارىغان. بىر خۇدالىق دىنلار تەڭرىلەرنى ئالدى ئىشىكتىن تەنتەنىلىك ھالدا قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يان دېرىزىدىن قايتا كىرگۈزگەن. مەسىلەن، خىرىستىيان دىنى ئەۋلىيالار (مۇقەددەس كىشىلەر)

ئېتىقادىنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇشى كۆپ تەڭرىلىك دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئېتىقادى بىلەن ئانچە پەرقلەنمىگەن.

يۇپىتېر ئىلاھى رىمنى، خۇئىنتزىلوپوچتلى ئازتېك ئىمپېرىيەسىنى قوغدىغاندەك، ھەر بىر خرىستىيان پادىشاھلىقىنىڭ قىينىچىلىقلارنى يېڭىش ۋە ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان مۇقەددەس ھامىيسى بولغان. ئەنگلىيەنى مۇقەددەس گېئورگ، شوتلاندىيەنى مۇقەددەس ئاندرېۋ، ۋېنگرىيەنى مۇقەددەس ستېفان قوغدىغان، فرانسىيەنىڭ مۇقەددەس مارتىنى بار ئىدى. شەھەرلەر، كەسىپلەر، ھەتتا كېسەللىكلەرنىڭمۇ مۇقەددەس كىشىلىرى بولغان. مۇقەددەس ئامبېرو مىلان شەھىرىنى قوغدىغان بولسا، مۇقەددەس مارك ۋېنېتسىيەنى نازارەت قىلغان؛ مۇقەددەس فلورىئان تۇرخۇن تازىلىغۇچىلىرىنى قوغدىغان بولسا، مۇقەددەس ماتتا قىيىنچىلىقتىكى باجگىرلارغا ياردەم قىلغان. بېشىڭ ئاغرىسا مۇقەددەس ئاگاتىئۇسقا دۇئا قىلىشىڭ، چىشىڭ ئاغرىسا مۇقەددەس ئاپوللونىياغا بېرىشىڭ كېرەك ئىدى.

خرىستىيان ئەۋلىيالىرى كۆپ تەڭرىلىك دىنلاردىكى ئىلاھلارغا ئوخشاپلا قالماستىن، كۆپ ھالدا ئۇلار شۇ ئىلاھلارنىڭ نىقابلانغان شەكلى ئىدى. مەسىلەن، خرىستىيان دىنى كېلىشتىن بۇرۇن كېلت ئىرلاندىيەسىنىڭ باش ئىلاھەسى برىگىد ئىدى. ئىرلاندىيە خرىستىيانلاشقاندا، برىگىدمۇ چۆمۈلدۈرۈلدى. ئۇ مۇقەددەس برىگىتقا ئايلاندى ۋە بۈگۈنگىچە كاتولىك ئىرلاندىيەدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇقەددەس كىشى بولۇپ كەلمەكتە.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈرىشى

كۆپ خۇدالىق دىنلار پەقەت بىر خۇدالىق دىنلارنىلا ئەمەس، يەنە دۇئالىزملىق[17] دىنلارنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن. دۇئالىزملىق دىنلار قارمۇ ـ قارشى ئىككى كۈچنىڭ——ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىر خۇدالىق دىنلارنىڭ ئەكسىچە، دۇئالىزىملىق دىنلار يامانلىقنى مۇستەقىل كۈچ، ئۇنى ياخشىلىق خۇداسى ياراتمىغان، يامانلىقمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ دەپ قارايدۇ. دۇئالىزملىق دىنلار پۈتۈن كائىناتنىڭ بۇ ئىككى كۈچنىڭ جەڭ مەيدانى ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشنىڭ بۇ كۈرەشنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دۇئالىزملىق دىنلار ئىنسانلارنىڭ دىققەت نۇقتىسىدىكى مەشھۇر «يامانلىق مەسىلىسى»گە قىسقا ۋە ئاددىي جاۋاب بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى جەلپ قىلارلىق دۇنيا قارىشى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا نېمە ئۈچۈن يامانلىق بار؟ نېمە ئۈچۈن ئازاب ـ ئوقۇبەت بار؟

---

17 دۇئالىزم ـ ـ بارلىق مەۋجۇدىيەت بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى تەرەپ، ئىككى قۇتۇپتىن تەشكىل تاپقان دەپ قارايدىغان ئېقىم.

نېمە ئۈچۈن ياخشى ئادەملەرگە يامان ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ بىر خۇدالىق دىن ئېتىقادچىلىرى ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىر ۋە مۇكەممەل ياخشى خۇدانىڭ نېمىشقا دۇنيادا شۇنچە كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتكە يول قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قاتتىق ئويلىنىشقا مەجبۇر. مەشھۇر چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ بىرى شۇكى، خۇدا ئىنسانلارغا ئەركىن ئىرادە ئاتا قىلغان. ئەگەر يامانلىق بولمىسا، ئىنسانلار ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن بىرنى تاللىيالمايتتى، شۇڭا ئەركىن ئىرادە بولمايتتى. ئەمما، بۇ زورىغا بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ، دەرھال يېڭى سوئاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەركىن ئىرادە ئىنسانلارغا يامانلىقنى تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھەقىقەتەن يامانلىقنى تاللايدۇ. بىر خۇدالىق چۈشەنچە بويىچە، بۇ تاللاش ئىلاھىي جازانى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى كېرەك. ئەگەر خۇدا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن يامانلىقنى تاللايدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ياراتتى؟ دىني ئالىملار بۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن سان ـ ساناقسىز كىتابلارنى يازغان. بەزىلەر جاۋابلارنى قايىل قىلارلىق دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنداق قارىمايدۇ. ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغىنى شۇكى، بىر خۇدالىق دىن ئەگەشكۈچىلىرى يامانلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا قىينىلىدۇ.

دۇئالىزىملىق دىن ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن يامانلىقنى چۈشەندۈرۈش ئاسان. ياخشى ئادەملەرگىمۇ يامان ئىشلار يۈز بېرىدۇ، چۈنكى دۇنيانى پەقەت ياخشىلىق خۇداسى باشقۇرمايدۇ. دۇنيادا يەنە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدىغان، يامانلىق، رەزىللىك تېرىيدىغان بىرئىلاھىي كۈچ مەۋجۇت.

دۇئالىزمنىڭمۇ يېتەرسىزلىكلىرى بار. ئۇ يامانلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغان بولسىمۇ، تەرتىپ مەسىلىسى ئۇلارنى ساراسىمىگە سالىدۇ. چۈنكى دۇنيانى يېگانە خۇدا ياراتقان بولغاچقا، دۇنيادا ھەممە نەرسە ئوخشاش قانۇنغا بويسۇنىدىغان تەرتىپلىك ماكان بولالىغان. ئەگەر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق دۇنيانى كونترول قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىشىۋاتقان بولسا، بۇ ئۇرۇشنى باشقۇرىدىغان قانۇنلارنى كىم يۈرگۈزىدۇ؟ ئىككى رىقابەتچى دۆلەت بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلالايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش فىزىكا قانۇنلىرىغا بويسۇنىدۇ. پاكىستاندىن ئېتىلغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھىندىستاندىكى نىشانلارغا تېگەلەيدۇ، چۈنكى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى ئىككى دۆلەتتە ئوخشاش ئىشلەيدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق جەڭ قىلغاندا، ئۇلار قايسى ئورتاق قانۇنلارغا بويسۇنىدۇ ۋە بۇ قانۇنلارنى كىم بېكىتكەن؟

شۇڭا، بىر خۇدالىق دىن تەرتىپنى چۈشەندۈرەلەيدۇ، ئەمما يامانلىق مەسىلىسى ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. دۇئالىزم يامانلىقنى چۈشەندۈرەلەيدۇ، ئەمما ئۇ تەرتىپ ئالدىدا قايمۇقىدۇ. بۇ چىگىشنى ھەل قىلىشنىڭ بىر مەنتىقىلىق يولى بار، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن كائىناتنى ھەممىگە قادىر خۇدا ياراتقان، يامانلىقنىمۇ ئۇ ياراتقان دەپ يەكۈن چىقىرىش. ئەمما تارىختا ھېچكىم بۇنداق ئېتىقادقا چىداپ تۇرالمىغان.

ملك يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا دۇئالىمزلىق دىنلار گۈللەنگەن. مىلادىدىن ئىلگىرى 1000 ـ 1500 يىللار ئارىسىدا زەردۇشت (زاراتۇسترا) ئىسىملىك پەيغەمبەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر يېرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈپ، ئەڭ مۇھىم دۇئالىمزلىق دىن ـ زەردۇشت دىنىغا ئايلانغان. زەردۇشتلار دۇنيانى ياخشىلىق تەڭرىسى ئاهۇرا مازدا بىلەن يامانلىق تەڭرىسى ئانگرا مايىنيۇ ئوتتۇرىسىدىكى كائىنات جېڭى دەپ قارىغان. ئۇلارچە بولغاندا، ئىنسانلار بۇ جەڭدە ياخشىلىق تەڭرىسىگە ياردەم قىلىشى كېرەك ئىدى. زەردۇشت دىنى پارىسلارنىڭ ئاھەمەنىش خاندانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرى 550 ـ 330) دەۋرىدە مۇھىم دىن بولۇپ، كېيىن ساسانى خاندانلىقىنىڭ (مىلادى 224 ـ 651) رەسمىي دىنىغا ئايلانغان. بۇ دىن ئوتتۇرا شەرق ۋە كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق دىنلارغا دېگۈدەك

چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە گنوستىزم18 ۋە مانى دىنى19 قاتارلىق باشقا دۇئالىزملىق دىنلارغا ئىلھام بەرگەن.

18 گىنوستىزىم گرېكچىدىكى «گىنوس» (بىلىم) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى دەۋردە بىلىمنى ئاساس قىلغان بىر روھانىي ئېقىم. بۇ يەردىكى بىلىم تەڭرىنى بىۋاسىتە، شەخسىي ۋە روھانىي ئۇسۇلدا تونۇشنى كۆرسىتىدۇ. گنوستىزم ئېتىقادىدىكىلەر ماددىي دۇنيانى ئەيىب-نۇقسان ۋە رەزىللىكلەر بىلەن تولغان ماكان، ئۇنى ئىلاھ ئەمەس، ئۇنىڭ ئاستىدىكى بىر كۈچ ياراتقان دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باشقا دىنلاردىكى تەڭرىلەر ھەقىقىي تەڭرى ئەمەس، ھەقىقىي تەڭرى ماددىي دۇنيادىن ھالقىغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت بىلىم ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بىلىم شۇ كىشىگە ئاتا قىلىنغان ئىلاھىي ئىلىم (تەسەۋۋۇپچىلارنى بۇنى ئىلمىي لەدۇن دەپ ئاتايدۇ) بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھەر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەڭرىدىن كەلگەن بىر زەررە نۇر بولىدۇ، ئىنسانلار ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل يولى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى تونۇش ئارقىلىق ئۇ ئىلاھىي ئىلىمنى ئىگىلەپ، نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. -ت

19 مانى دىنى مىلادى 3-ئەسىردە پارس خاندانلىقىدا مانى ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان دىن، مانى ئۆزىنى ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ تونۇتقان بولۇپ، بۇ دىنىنى زەردۇشتلۇق، خرىستىيانلىق ۋە بۇددا دىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كامىل دىن ياراتماقچى بولغان. مانى دىنىمۇ دۇئالىزملىق دىن بولۇپ، دۇنيانى نۇر بىلە قاراڭغۇلۇقتىن تەشكىل تاپقان، روھ ئادەمنىڭ نۇرلۇق تەبىئىتى بولسا، جىسمى-بەدىنى قاراڭغۇلۇقتا تەۋە، ئادەم ئۆز نەپسىنى پاكلاپ، روھىنى نۇرلاندۇرۇپ، قاراڭغۇلۇقتىن

مىلادىنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ ئەسىرلىرىدە، مانى دىنى خىتايدىن شىمالىي ئافرىقىغىچە تارقالغان ۋە بىر مەزگىل رىم ئىمپېرىيەسىدە خرىستىيان دىنىدىن بۇرۇن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىدىغاندەك كۆرۈنگەن. بىراق مانى دىنىدىكىلەر رىمنىڭ روھنى خرىستىيانلارغا تارتقۇزۇپ قويغان، زەردۇشت دىنىدىكى ساسانى ئىمپېرىيەسى بىر خۇدالىق مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، دۇئالىمزلىق دىن دولقۇنى پەسەيگەن. بۇگۈنكى كۈندە ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا شەرقتىلا بۇ دىنىنىڭ ئازغىنە جامائەتلىرى ساقلىنىپ قالغان.

شۇنداقتىمۇ، بىر خۇدالىق دىنىنىڭ گۈللىنىشى دۇئالىمزلىق دىنلارنى يوقىتالمىدى. يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر خۇدالىق دىنى دۇئالىزملىق دىنلارنىڭ كۆپلىگەن ئەقىدىلىرى ۋە ئىبادەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈردى، بىز «بىر خۇدالىق دىن» دەيدىغان بەزى تۈپ ئىدىيەلەر مەنبە ۋە ماھىيەت جەھەتتىن دۇئالىزملىق ئېتىقادتىن كەلگەن. كۆپلىگەن خرىستىيانلار، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار بىر يامان كۈچكە——خرىستىيانلار شەيتان ياكى ئىبلىس دەپ ئاتايدىغان كۈچكە ئىشىنىدۇ. ئىبلىس مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالايدۇ، ياخشىلىق تەڭرىسى بىلەن كۈرەش قىلالايدۇ ۋە تەڭرىنىڭ رۇخستىسىز ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلالايدۇ.

بىر خۇدالىق دىن ئېتىقادچىسى بۇنداق دۇئالىزملىق (ئەمەلىيەتتە تەۋراتتا تېپىلمايدىغان) ئېتىقادقا قانداق ئەگىشەلەيدۇ؟ مەنتىقە جەھەتتىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس. سىز يا ھەممىگە قادىر بىر خۇداغا ئىشىنىسىز، ياكى بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى تەڭرىگە ئىشىنىسىز، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەممىگە قادىر ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، ئىنسانلارنىڭ زىتلىقلارغا ئىشىنىش قابىلىيىتى ئاجايىپ. شۇڭا مىليونلىغان تەقۋادار خرىستىيانلار، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەممىگە قادىر خۇداغا ۋە مۇستەقىل شەيتانغا ئىشىنىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. سانسىزلىغان خرىستىيانلار، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار ھەتتا «ياخشىلىق تەڭرىسى شەيتانغا قارشى كۈرەشتە بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ، جىھاد ۋە ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرىگە ئىلھام بەرگەن.

يەنە بىر مۇھىم دۇئالىزملىق چۈشەنچە شۇكى، گنوستىزىم ۋە مانى دىنىدا، تەن بىلەن روھ، ماددا بىلەن روھ كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار «ياخشىلىق تەڭرىسى روھنى ياراتقان، يامانلىق تەڭرىسى ماددا ۋە تەننى ياراتقان» دەپ قارىغان. بۇ كۆز قاراشقا ئاساسەن، ئىنسان ۋۇجۇدى ياخشى روھ بىلەن يامان تەن ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مەيدانىدۇر. بىر خۇدالىق دىن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ بىمەنىلىكتۇر؛ ھەممىنى بىر خۇدا ئوخشاش ياراتقان تۇرسا، نېمىشقا تەن بىلەن روھنى، ياكى ماددا بىلەن روھنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟ نېمىشقا تەن ۋە

قۇتۇلۇپ، ئەسلى نۇرغا قايتىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر بۇ دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ماددىنى يامان دەپ تۇرىۋېلىش كېرەك؟ ئەمما بىر خۇدالىق دىن ئېتىقادچىلىرى دۇئالىزملىق قارمۇ ـ قارشىلىقلارغا مەپتۇن بولماي تۇرالمىدى، چۈنكى ئۇ يامانلىق مەسلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. نەتىجىدە ئۇ خرىستىئان ۋە مۇسۇلمان تەپەككۇرىنىڭ ئۇل تېشىغا ئايلاندى. جەننەت (ياخشىلىق تەڭرىسىنىڭ دۇنياسى) ۋە دوزاخ (يامانلىق تەڭرىسىنىڭ دۇنياسى) قا بولغان ئېتىقادمۇ دۇئالىزمدىن كەلگەن. تەۋراتتا بۇ ئېتىقادنىڭ ئىزىمۇ يوق، ئۇ ھەرگىز «تەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ روھ ياشايدۇ» دەپ دەۋا قىلمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تارىختا كۆرۈلگەندەك، بىر خۇدالىق دىن بىر خۇدالىق ئېتىقاد، دۇئالىزىملىق ئېتىقاد، كۆپ تەڭرىلىك ئېتىقاد ۋە روھپەرەستلىك ئېتىقادى قالدۇرغان مىراسلارنىڭ جاھاننامە ئەينىكىدۇر. ئادەتتىكى بىر خرىستىيان مۇرىتى بىر خۇدالىق دىندىكى خۇداغىمۇ، دۇئالىزملىق دىندىكى شەيتانغىمۇ، كۆپ تەڭرىلىك دىندىكى ئەۋلىيالارغىمۇ، روھپەرەستلىك ئېتىقادىدىكى روھلارغىمۇ ئىشىنىدۇ. دىن ئالىملىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق، ھەتتا ئۆزئارا زىت ئىدىيەلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئېتىراپ قىلىنىشىنى، شۇنداقلا ئوخشىمىغان مەنبەلەردىن ئېلىنغان دىني مۇراسىملار ۋە ئىبادەتلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى سىنكرېتىزم دەپ ئاتايدۇ. سىنكرېتىزم ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر چوڭ دىن بولۇشى مۇمكىن.

تەبىئەت قانۇنى

بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن بارلىق دىنلارنىڭ بىر مۇھىم ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار: ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدالارغا ۋە باشقا غايىب كۈچلەرگە بولغان ئېتىقادقا مەركەزلەشكەن. بۇ غەربلىكلەرگە ناھايىتى ئېنىق، چۈنكى ئۇلار ئاساسەن بىر خۇدالىق ۋە كۆپ تەڭرىلىك ئېتىقادلار بىلەن تونۇش. ئەمەلىيەتتە، دۇنيانىڭ دىني تارىخى پەقەت خۇدالارنىڭ تارىخىغىلا باغلىق ئەمەس. مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىلدا، يېپيېڭى ئېتىقادلار ئاسىيا ـ ئافرىقادا تارقىلىشقا باشلىدى. ھىندىستاندىكى جاينىزم[20] ۋە بۇددىزم، خىتايدىكى داۋجياۋ ۋە كۇڭزى

20 جاينىزم–مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردە بۇددىزم بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن دىني ھەم پەلسەپۋى ئېقىم،ئۇ تىنچلىقنى، ئاسايىشلىقنى، رەھىمدىللىكنى تەرغىپ قىلىپ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدۇ. ھەر كىم ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن تاكامۇللۇققا ۋە نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ دەپ قارايدۇ.

ئېقىمى، ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى ستوئىزم[21]، سىنىزم[22] ۋە ئېپىكۇرىزمغا[23] ئوخشاش يېڭى ئېقىملار خۇدالارغا ئېتىبار بەرمەسلىك بىلەن خاراكتېرلەندى.

بۇ ئېتىقادلار دۇنيانى باشقۇرىدىغان ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تەرتىپنىڭ ئىلاھىي ئىرادە ۋە خاھىشلارنىڭ ئەمەس، بەلكى تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئېقىملارنىڭ بەزىلىرى تەڭرىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، ئەمما ئۇلارنىڭ خۇدالىرىمۇ خۇددى ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاشلا تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇناتتى. پىل ۋە كىرپىلەرنىڭ تەبىئەتتە ئۆز ئورنى بولغىنىدەك، تەڭرىلەرنىڭمۇ ئېكولوگىيەلىك سىستېمىدا ئۆز ئورنى بار ئىدى. ئەمما پىللار تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگىنىدەك، تەڭرىلەرمۇ تەبىئەتنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى، قەدىمكى تەبىئىي قانۇن دىنلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولغان ۋە ھازىرمۇ چوڭ دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن بۇددىزمدۇر.

بۇددىزمنىڭ مەركىزىدىكى شەخس بىرەر خۇدا ئەمەس، بەلكى سىددىھارتا گائۇتاما ئىسىملىك بىر ئىنسان. بۇددىزم رىۋايىتى بويىچە، گائۇتاما مىلادىدىن بۇرۇنقى 500 ـ يىللار ئەتراپىدا ھىمالايادىكى كىچىك بىر پادىشاھلىقنىڭ ۋارىسى ئىدى. ياش شاھزادە ئەتراپىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن. ئۇ ئەر ـ ئايال، بالا ـ چاقا ۋە ياشانغانلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇرۇش ۋە ۋابادەك تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئاپەتلەردىنلا ئەمەس، بەلكى

---

21 ستوئىزىم–رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن مەشھۇر پەلسەپە ئېقىمى، بۇ ئېقىم ھېكمەت بىلەن ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. قولدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئاھ ئۇرماسلىق، قولدىن كېلىدىغان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش ئارقىلىق ساغلام، بەختلىك ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

22 سىنىزم–مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن گرېك پەلسەپە ئېقىمىدۇر، بۇ ئېقىم مەدەنىيەت دېگەن نەرسىنىڭ تەبىئەتتىن ياتلىشىش ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ ھەم تەبىئەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بەخت دېگەن نەرسىنى ھەر كىم ئۆزى يارىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

23 ئېپىكۇرىزم–گرېك پەيلاسوپى ئېپىكۇر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 340-يىلدىن 270-يىلغىچە ياشىغان) نىڭ تەلىماتى ئاساسىدا قۇرۇلغان پەلسەپە ئېقىمى. ئۇ ئالەمنى چەكسىز دەپ قارايدۇ، تەڭرىلەرنى بولسا دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا تامامەن يات بولغان،ئەمما ئىنسانلار تەرىپىدىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن مەڭگۈلۈك مەۋجۇداتلار دەيدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسىنىڭ خۇشاللىق ۋە كەيپ-ساپا ئىكەنلىكىنى، ئازاب ۋە بىئاراملىق بولمىغان بىر ھالنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەندىشە، ئۈمىدسىزلىك ۋە نارازىلىقتىنمۇ ئازاب چېكىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى بايقىغان. كىشىلەر بايلىق ۋە ھوقۇقنىڭ كەينىدىن قوغلىشىدۇ، بىلىم ۋە مال-مۈلۈك توپلايدۇ، بالىلىق بولىدۇ، ئۆي-سارايلار سالىدۇ. ئەمما ئۇلار مەيلى نېمىگە ئېرىشسۇن، ھەرگىز رازى بولمايدۇ. نامراتلار بايلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىر مىليونى بارلار ئىككى مىليون بولسۇن دەيدۇ. ئىككى مىليونى بارلار ئون مىليون بولسۇن دەيدۇ. ھەتتا بايلار ۋە داڭلىقلارمۇ تولۇق قانائەت تاپمايدۇ، ئۇلارمۇ تاكى كېسەللىك، قېرىلىق ۋە ئۆلۈم كەلگىچە غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئازابلىنىدۇ. ئىنسانلار توپلىغان ھەممە نەرسە تۈتۈندەك يوقاپ كېتىدۇ. ھايات چاشقانلارنىڭ مەنىسىز يۈگۈرۈشىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟

گائۇتاما يىگىرمە توققۇز يېشىدا يېرىم كېچىدە ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكىنى تاشلاپ، سارىيىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ شىمالىي ھىندىستاندا سەرگەردان بولۇپ كېزىپ، ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەيدۇ. ئۇ ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ، راھىپلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ، ئەمما ھېچقايسىسى ئۇنى مەمنۇن قىلالمايدۇ، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

ئۇ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇش ئۇسۇلىنى تاپقۇچە ئازاب-ئوقۇبەتنى ئۆزى سىناپ كۆرۈشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسان ئازابىنىڭ ماھىيىتى، سەۋەبلىرى ۋە داۋالاش يوللىرى ئۈستىدە ئالتە يىل تەپەككۇر قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ بەختسىزلىك، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك ياكى ئىلاھىي خاھىشلاردىن كەلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى كىشىنىڭ ئوي-خىيالىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

گائۇتاما شۇنى چۈشىنىپ يېتىدۇكى، زېھىن نېمىنى ھېس قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئادەتتە ھېرىسمەنلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ، ھېرىسمەنلىك بولسا ھەمىشە نارازىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زېھىن يېقىمسىز نەرسىنى ھېس قىلغاندا، بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇشقا ھېرىس بولىدۇ. زېھىن يېقىملىق نەرسىنى ھېس قىلغاندا، ھۇزۇرنىڭ داۋاملىششى ۋە كۈچىيىشىگە ھېرىس بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئاغرىقتەك يېقىمسىز نەرسىلەرنى ھېس قىلغىنىمىزدا، زېھنىمىزنىڭ ھەمىشە نارازى ۋە بىئارام بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئاغرىق داۋاملاشقان مۇددەتتە، بىز نارازى بولىمىز ۋە ئۇنىڭدىن قېچىش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلىمىز. ئەمما يېقىملىق نەرسىلەرنى ھېس قىلغىنىمىزدىمۇ بىز ھەرگىز قانائەت تاپمايمىز. بىز يا ھۇزۇرنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمىز، ياكى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. كىشىلەر يىللار بويى مۇھەببەت تېپىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدىن قانائەت تاپمايدۇ. بەزىلەر جۈرىسىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئاسانلا ئېرىشتۇق، تېخىمۇ ياخشىراقىنى تاپالايتتۇق دەپ ھېس قىلىدۇ. بىز ھەممىمىز شۇنداق كىشىلەرنى بىلىمىز.



6ـ خەرىتە: بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى

ئۇلۇغ خۇدالار بىزگە يامغۇر ياغدۇرالايدۇ، ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر ئادالەت ۋە ياخشى ساغلاملىق مۇلازىمىتى تەمىنلىيەلەيدۇ، تاسادىپىي كەلگەن ئامەتلەر بىزنى مىليونېرغا ئايلاندۇرالايدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزنىڭ ئاساسىي زېھنىي قېلىپلىرىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا ھەتتا ئەڭ ئۇلۇغ پادىشاھلارمۇ تەشۋىش ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم، ئۇلار دائىم غەم ـ قايغۇ ۋە ئازابتىن قاچىدۇ، تېخىمۇ چوڭ ھۇزۇرلارنىڭ كەينىدىن مەڭگۈ قوغلىشىدۇ.

گائۇتاما بۇ ناچار دەۋرىيلىكتىن (گىردابتىن) چىقىش يولى بارلىقىنى بايقىغان. ئەگەر زېھىن يېقىملىق ياكى يېقىمسىز نەرسىنى ھېس قىلغاندا، ئۇنى ئەينەن چۈشەنگەندىلا، ئازاب ـ ئوقۇبەت بولمايدۇ. ئەگەر سىز قايغۇنىڭ يوقىلىشىغا ھېرىس بولماي تۇرۇپ ئۇنى ھېس قىلىشنى داۋاملاشتۇرسىڭىز ئۇنىڭدىن ئازابلانمايسىز. قايغۇدا ئەمەلىيەتتە بايلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز خۇشاللىقنىڭ داۋاملىشىشى ۋە كۈچىيىشىگە ھېرىس بولماي تۇرۇپ ئۇنى ھېس قىلسىڭىز، داۋاملىق خۇشال بولالايسىز.

ئەمما زېھىننى ھېرىسمەنلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئەينەن قوبۇل قىلىشقا قانداق كۆندۈرگىلى بولىدۇ؟ قايغۇنى قايغۇدەك، خۇشاللىقنى خۇشاللىقتەك، ئاغرىقنى ئاغرىقتەك قوبۇل قىلىشقا قانداق كۆندۈرگىلى بولىدۇ؟ گائۇتاما زېھىننى رېئاللىققا ھېرىس

بولماي، ئۇنى ئەينەن ھېس قىلىشقا كۆندۈرىدىغان تەپەككۇر مەشقى (meditation) ئۇسۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ مەشقلەر زېھنىنى «مەن نېمىنى ھېس قىلىشنى خالايتتىم؟» دېگەنگە ئەمەس، «مەن ھازىر نېمىنى ھېس قىلىۋاتىمەن؟» دېگەنگە مەركەزلىشىشكە كۆندۈرىدۇ، بۇ زېھنىي ھالەتكە يېتىش تەس، ئەمما مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس.

گائۇتاما كىشىلەرنىڭ رېئال كەچمىشكە دىققەت قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئاچكۆز خىياللارغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تەپەككۇر مەشقى ئۇسۇللىرىغا بىر قاتار ئەخلاقىي قائىدىلەرنى بېكىتكەن. ئۇ مۇرىتلىرىغا قاتىللىق، زىنا ۋە ئوغرىلىقتىن ساقلىنىشنى تاپىلىغان، چۈنكى بۇ قىلمىشلار چوقۇم نەپسانىيەت (كۈچ ـ ھوقۇق، جىسمانىي ھۇزۇر ياكى بايلىققا بولغان كۈچلۈك ئىستەك) ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئوت پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلگەندە، ئاچكۆزلۈكنىڭ ئورنىنى نىرۋانا (سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئوتنى ئۆچۈرۈش») دەپ ئاتىلىدىغان مۇكەممەل قانائەت ۋە خاتىرجەملىك ئىگىلەيدۇ. نىرۋاناغا يەتكەنلەر ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن پۈتۈنلەي ئازاد بولىدۇ؛ رېئاللىقنى خىيال ۋە ۋەسۋەسىلەردىن خالىي ھالدا ئىنتايىن ئېنىق ھېس قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار بىئاراملىق ۋە ئاغرىققا يەنىلا دۇچ كەلسىمۇ، بۇرۇنقىدەك ئازابلىنىپ كەتمەيدۇ. ئاچكۆزلۈكتىن قۇتۇلغان كىشى ئازابلىنالمايدۇ.

بۇددىزىم رىۋايىتى بويىچە، گائۇتاما ئۆزى نىرۋاناغا يېتىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن پۈتۈنلەي ئازاد بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «بۇددا»، يەنى «نۇرلانغان كىشى» دەپ تونۇلغان. بۇددا قالغان ئۆمرىنى باشقىلارنىڭمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشىغا، ئۆز بايقاشلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشكە بېغىشلىغان. ئۇ ئۆز تەلىماتلىرىنى بىر قانۇنغا يىغىنچاقلىغان: ئازاب ـ ئوقۇبەت ئاچكۆزلۈكتىن كېلىپ چىقىدۇ؛ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئاچكۆزلۈكتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش؛ ئاچكۆزلۈكتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى بولسا زېھنىنى رېئاللىقنى ئەينەن ھېس قىلىشقا كۆندۈرۈش.

«دىھارما» ياكى «دىھامما» دەپ تونۇلغان بۇ قانۇننى بۇددىستلار تەبىئەتنىڭ ئۇنىۋېرسال قانۇنى دەپ قارايدۇ. «ئازاب ـ ئوقۇبەت ئاچكۆزلۈكتىن كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن قانۇن، زامانىۋى فىزىكىدىكى E ھەمىشە mc^2 گە تەڭ[24] بولغىنىغا ئوخشاش، ھەر زامان، ھەر يەردە توغرىدۇر. بۇددىستلار بۇ قانۇنغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنى بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىدۇ. تەڭرىلەرگە ئىشىنىش بولسا ئۇلارغا نىسبەتەن ئانچە مۇھىم ئەمەس. بىر خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرىنچى پىرىنسىپى «خۇدا مەۋجۇت. ئۇ مەندىن نېمىنى خالايدۇ؟»،

24 ئېينىشتېيننىڭ مەشھۇر فىزىكا قانۇنى تېئورېمىسى. ئېنېرگىيە (E) ماسسا بىلەن نۇر تېزلىكىنىڭ كۋادراتىغا تەڭ.

بۇددىزمنىڭ بىرىنچى پىرىنسىپى بولسا «ئازاب ـ ئوقۇبەت مەۋجۇت. مەن ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمەن؟» دېگەندىن ئىبارەت.

بۇددىزم خۇدالارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئۇلارنى يامغۇر ياغدۇرالايدىغان ۋە غەلىبە قازاندۇرالايدىغان كۈچلۈك مەۋجۇداتلار دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئەمما ئۇلار «ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ مەنبەسى ئاچكۆزلۈك» دېگەن قانۇنغا تەسىر قىلالمايدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ زېھنى نەپسانىي ئىستەكلەردىن خالىي بولسا، ھېچقانداق خۇدا ئۇنى بەختسىز قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، بىر كىشىنىڭ زېھنىدە نەپسانىيەت (ئاچكۆزلۈك) ھاكىم بولسا، كائىناتتىكى بارلىق خۇدامۇ ئۇنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بىر خۇدالىق دىنلارغا ئوخشاش، بۇددىزمدەك تەبىئىي قانۇن دىنلىرىمۇ كۆپ تەڭرىگە چوقۇنۇشتىن قۇتۇلالمىدى. بۇددىزم كىشىلەرگە ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە سىياسىي ھوقۇق دېگەنلەردە توختاپ قالماستىن، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇشتەك غايىۋى نىشانغا ئىنتىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ھالبۇكى، بۇددىستلارنىڭ 99 پىرسەنتى نىرۋاناغا يېتەلمىدى، گەرچە ئۇلار كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا يېتىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ھازىرقى ھاياتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دۇنياۋى نەتىجىلەرنى قوغلىشىشقا بېغىشلىدى. شۇڭا ئۇلار ھىندىستاندىكى ھىندۇ تەڭرىلىرى، تىبەتتىكى بون تەڭرىلىرى ۋە ياپونىيەدىكى شىنتو تەڭرىلىرىگە ئوخشاش ھەر خىل تەڭرىلەرگە چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇن بۇددىزم مەزھەپلىرى بۇددا ۋە بودىساتۋالار ئېتىقادىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇلار ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئادا ـ جۇدا بولالايدىغان، ئەمما مېھىر ـ شەپقەت يۈزىسىدىن، سانسىزلىغان مەۋجۇداتلارنى بەختسىزلىك گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئازادلىقىدىن ۋاز كەچكەن ئىنسانلار ۋە ئىنسان بولمىغان مەۋجۇداتلاردۇر. نۇرغۇن بۇددىستلار تەڭرىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇ مۇقەددەس مەۋجۇداتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى، ئۇلاردىن نىرۋاناغا يېتىشتە ياردەم سوراپلا قالماي، كۈندىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىمۇ ياردەم سورىدى. شۇڭا بىز شەرقىي ئاسىيادا نۇرغۇن بۇددا ۋە بودىساتۋالارنىڭ دۇئا، رەڭدار گۈللەر، خۇشپۇراق ئىسرىق، گۈرۈچ ۋە قەنت سوۋغىلىرى بەدىلىگە يامغۇر ياغدۇرۇش، ۋابانى توختىتىش، ھەتتا قانلىق ئۇرۇشلارنى ئۇتۇشقا ياردەم بېرىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئىنسانغا چوقۇنۇش

ئاخىرقى 300 يىلدا كۆپىنچە دىنلارنىڭ رولى تۆۋەنلەپ، دىنسىزلىق دەۋرى باشلاندى دېيىلىدۇ. ئەگەر بىز خۇدالىق دىنلار ھەققىدە سۆزلەۋاتقان بولساق، بۇ ئاساسەن توغرا. ئەمما تەبىئىي قانۇن دىنلىرىنى نەزەردە تۇتساق، بۇ دەۋر كۈچلۈك دىنىي قىزغىنلىق، مىسلى كۆرۈلمىگەن تەشۋىقاتچىلىق ۋە تارىختىكى ئەڭ قانلىق دىنىي ئۇرۇشلار مەزگىلى بولۇپ

چىقىدۇ. بۇ دەۋر لىبېرالىزم، كوممۇنىزم، كاپىتالىزم، مىللەتچىلىك ۋە ناتسىزمغا ئوخشاش بىر قاتار يېڭى تەبىئىي قانۇن دىنلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا گۇۋاھ بولدى. بۇ ئېتىقادلار ئۆزلىرىنىڭ دىن دەپ ئاتىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئىدېئولوگىيە دەپ ئاتايدۇ. ئەمما بۇ پەقەت سۆز ئويۇنى. ئەگەر دىن ئىنسانلاردىن ھالقىغان نىزام-تەرتىپكە بولغان ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلار سىستېمىسى بولسا، ئۇ ھالدا سوۋېت كوممۇنىزمى ئىسلامدىن قېلىشمايدىغان بىر دىن ھېسابلىنىدۇ.



دىن ئىنسانلاردىن ھالقىغان نىزام-تەرتىپكە بولغان ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلار سىستېمىسى. ئېينىشتېيننىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيىسى (ھازىرچە بولسىمۇ) دىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىنسانلاردىن ھالقىغان ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلار ئۈستىگە قۇرۇلمىغان. پۇتبولمۇ دىن ئەمەس، چۈنكى پۇتبول قائىدىلىرىنىڭ ئىلاھىي نىزام (ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قانۇن) بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە كوممۇنىزم بولسا دىن، چۈنكى بۇلار ئىنسانلاردىن ھالقىغان تەرتىپ-نىزامغا بولغان ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلار سىستېمىسىدۇر. (ئىنسانلاردىن ھالقىغان بىلەن تەبىئەتتىن ھالقىغان دېگەن سۆزنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلىڭ. بۇددا دىنىنىڭ تەبىئىي قانۇنى بىلەن ماركسىزمنىڭ تارىخىي قانۇنى ئىنسانلاردىن ھالقىغان، چۈنكى ئۇنى ئىنسانلار بېكىتمىگەن، ھالبۇكى ئۇلار تەبىئەتتىن ھالقىغان ئەمەس).

ئىسلام ئەلۋەتتە كوممۇنىزمدىن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئىسلام دۇنيانى باشقۇرىدىغان، ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نىزام-تەرتىپنى ھەممىگە قادىر ياراتقۇچى خۇدانىڭ پەرمانى دەپ قارايدۇ، سوۋېت كوممۇنىزمى بولسا خۇدالارغا ئىشەنمەيدۇ. ھالبۇكى بۇددىزممۇ

خۇدالارغا ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ بىز ئۇنى ئادەتتە دىن دەپ تۇرغە ئايرىيمىز. بۇددىستلارغا ئوخشاش، كوممۇنىستلارمۇ ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان تەبئىي ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنلارنىڭ ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرتىپكە ئىشەنگەن. بۇددىستلار تەبئەت قانۇننى سىددىھارتا گائۇتاما بايقىغان دەپ ئىشەنگەن بولسا، كوممۇنىستلار تەبئەت قانۇننى كارل ماركس، فرېدرىخ ئېنگېلس ۋە ۋلادىمىر ئىلئىچ لېنىن بايقىغان دەپ ئىشەنگەن. ئوخشاشلىق بۇ يەردىلا ئاخىرلاشمايدۇ. باشقا دىنلارغا ئوخشاش، كوممۇنىزمنىڭمۇ مۇقەددەس يازمىلىرى ۋە پەيغەمبەرلىك كىتابلىرى بار. مەسىلەن، كارل ماركس «كاپىتال» ناملىق كىتابىدا پرولېتارىياتنىڭ مۇقەررەر غەلىبىسى بىلەن تارىخنىڭ پات يېقىندا ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. كوممۇنىزمنىڭ 1 ـ ماي ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ يىللىق خاتىرە كۈنىگە ئوخشاش ھېيت ـ بايراملىرى بار. ئۇنىڭ يەنە ماركسىزم دىيالېكتىكىسىغا ماھىر دىنىي ئالىملىرى بار ئىدى، سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ھەر بىر قىسمىدا ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ دىندارلىقىنى كۆزىتىدىغان كومىسسار دەپ ئاتالغان روھانىيلار بار ئىدى. كوممۇنىزمنىڭ شېھىتلىرى، مۇقەددەس ئۇرۇشلىرى ۋە تروتسكىزمغا ئوخشاش بىدئەتلىرى بار ئىدى. سوۋېت كوممۇنىزمى مۇتەئەسسىپ ۋە تەشۋىقاتچى دىن ئىدى. سادىق كوممۇنىست خرىستىئان ياكى بۇددىست بولالمايتتى ۋە ئۆز ھاياتى بەدىلىگە بولسىمۇ ماركس ـ لېنىننىڭ ئىنجىلىنى تارقىتىشى كېرەك ئىدى.

بەزى ئوقۇرمەنلەر بۇ مۇھاكىمىدىن بىئارام بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىزنى خۇش قىلىدىغان ئىش بولسا، كوممۇنىزمنى دىن ئەمەس، ئىدېئولوگىيە دەپ ئاتاۋېرىڭ. بۇنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. بىز ئېتىقادلارنى خۇدانى مەركەز قىلغان دىنلار ۋە تەبئىي قانۇنلارنى ئاساس قىلغان خۇداسىز ئىدېئولوگىيەلەرگە بۆلەلەيمىز. ئۇ ھالدا، ئىزچىللىقنى ساقلاش ئۈچۈن بەزى بۇددىزم، تەرىقەتچىلىك (داۋجياۋ دىنى) ۋە ستوئىك مەزھەپلىرىنى دىن ئەمەس، ئىدېئولوگىيە دەپ تۈرگە ئايرىشىمىز كېرەك. ئەكسىچە، نۇرغۇن زامانىۋى ئىدېئولوگىيەلەر ئىچىدە خۇدالارغا بولغان ئېتىقادنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ لىبېرالىزمنىڭ بۇ ئېتىقادسىز ئانچە مەنىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى بايقىشىمىز كېرەك.

بارلىق يېڭى ئېتىقادلارنىڭ تارىخىنى بۇ يەردە تەكشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېنىق چېگرالار يوق. ئۇلار سىنكرېتىك (ئەبجەشلىك) جەھەتتە بىر خۇدالىق دىن بىلەن ئاممىباب بۇددىزمدىن قېلىشمايدۇ. بىر بۇددىست ھىندى تەڭرىلىرىگە چوقۇنالىغاندەك، بىر خۇدالىق دىندىكى كىشى شەيتاننىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنەلىگەندەك، بىر ئامېرىكىلىقمۇ ھازىر بىرلا ۋاقىتتا ھەم مىللەتچى (ئۇ تارىختا ئالاھىدە رول ئوينايدىغان ئامېرىكا مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىدۇ)، ھەم ئەركىن بازار كاپىتالىستى (ئۇ ئوچۇق رىقابەت ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى قوغلىشىشنىڭ گۈللەنگەن جەمئىيەت يارىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىدىن بىرى دەپ ئىشىنىدۇ)، ھەم ئەركىنلىك قوغدىغۇچىسى (ئۇ ئىنسانلارغا ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنماس ھوقۇقلار بېرىلگەن دەپ ئىشىنىدۇ) بولالايدۇ. مىللەتچىلىك 18 ـ بابتا

مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. زامانىۋى دىنلارنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىكى بولغان كاپىتالىزمغا 16 ـ بابتا تولۇق بىر باب ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئېتىقادلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ بابنىڭ قالغان قىسمىدا مەن ئادىمىيەت دىنلىرىنى مۇھاكىمە قىلىمەن.

خۇدالىق دىنلار خۇدالارغا چوقۇنۇشقا مەركەزلىشىدۇ. ئادىمىيەت دىنلىرى ئىنسانىيەتكە، ياكى تېخىمۇ توغرىسى، ھومو ساپىيانسقا چوقۇنىدۇ. ئادەمىيەتچىلىك (Humanism) ھومو ساپىيانسنىڭ ئالاھىدە ۋە مۇقەددەس تەبىئىتى بار، بۇ تەبىئەت باشقا بارلىق ھايۋانلار ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەبىئىتىدىن پەرقلىنىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. ئادەمىيەتچىلەر (Humanists) يەنە ھومو ساپىيانسنىڭ ئالاھىدە تەبىئىتى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە، ئۇ كائىناتتا يۈز بېرىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ مەنىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئەڭ ئالىي ياخشىلىق ھومو ساپىيانسنىڭ ياخشىلىقىدۇر. دۇنيانىڭ قالغان قىسمى ۋە باشقا بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت بۇ تۈرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا مەۋجۇت دەپ ئىشىنىدۇ.

بارلىق ئادەمىيەتچىلەر ئىنسانىيەتكە چوقۇنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كېلەلمەيدۇ. خىرىستىيان مەزھەپلىرى خۇدانىڭ ئېنىقلىمىسى ئۈستىدە تالاشقاندەك، ئادەمىيەتچىلىكمۇ «ئىنسانىيەت»نىڭ ئېنىقلىمىسى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئۈچ مەزھەپكە بۆلۈنگەن. بۈگۈن، ئەڭ مۇھىم ئادەمىيەتچىلىك مەزھىپى لىبېرال ئادەمىيەتچىلىك بولۇپ، ئۇ «ئىنسان تەبىئىتى» ئىنسانلارنىڭ شەخسىي سۈپىتى دەپ ئىشىنىدۇ، شۇڭا شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكى مۇقەددەستۇر. لىبېراللارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس تەبىئىتى ھەر بىر ئايرىم ھومو ساپىيانسنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ.

شەخسلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى دۇنياغا مەنە بېرىدۇ، ئۇ بارلىق ئەخلاقىي ۋە سىياسىي ھوقۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەگەر بىز ئەخلاقىي ياكى سىياسىي ئىككىلىنىشكە دۇچ كەلسەك، ئىچكى ئاۋازىمىزنى——ئىنسانىيەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىمىز كېرەك. لىبېرال ئادەمىيەتچىلىكنىڭ ئاساسىي پەرمانلىرى بۇ ئىچكى ئاۋازنى تاجاۋۇز ياكى زىياندىن قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ پەرمانلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «كىشىلىك ھوقۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، لىبېراللارنىڭ (ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ) قىين ـ قىستاق ۋە ئۆلۈم جازاسىغا قارشى چىقىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ. دەسلەپكى زامانىۋى ياۋروپادا، قاتىللار كائىنات نىزامىنى (ئىلاھىي نىزامنى) بۇزغان ۋە مۇقىمسىزلاشتۇرغان دەپ قارالغان. تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جىنايەتچىنى قىيناش ۋە ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى بېرىش زۆرۈر ئىدى، شۇنداق قىلغاندا ھەممەيلەن تەرتىپنىڭ قايتا تىكلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيتتى. شېكسپىر ۋە موليېر دەۋرىدە، دەھشەتلىك ئۆلۈم جازاسى مەنزىرىلىرىنى كۆرۈش لوندون ۋە پارىژلىقلار ياخشى كۆرىدىغان تاماشا ئىدى. بۈگۈنكى ياۋروپادا، قاتىللىق ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس تەبىئىتىگە قىلىنغان تاجاۋۇز دەپ قارىلىدۇ. تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھازىرقى ياۋروپالىقلار جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار قاتىلنى ئۆزلىرى ئەڭ «ئىنسانىي» دەپ قارايدىغان ئۇسۇلدا جازالايدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىنسانىي مۇقەددەسلىكىنى قوغدايدۇ

ۋە ھەتتا قايتا قۇرۇپ چىقىدۇ. قاتىلنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنى ھۆرمەتلەش ئارقىلىق، ھەممەيلەنگە ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەسلىكى ئەسكەرتىلىدۇ ۋە تەرتىپ ئەسلىگە كېلىدۇ. قاتىلنى قوغداش ئارقىلىق، بىز قاتىل خاتا قىلغان ئىشنى توغرىلايمىز.

گەرچە لىبېرال ئادەمىيەتچىلىك ئىنسانلارنى مۇقەددەسلەشتۈرسىمۇ، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر خۇدالىق ئېتىقادلارغا ئاساسلانغان. ھەر بىر شەخسنىڭ ئەركىن ۋە مۇقەددەس تەبىئىتى ھەققىدىكى لىبېرال ئېتىقاد، ئەنئەنىۋى خرىستىيانلارنىڭ ئەركىن ۋە مەڭگۈلۈك شەخسىي روھلارغا بولغان ئېتىقادىنىڭ بىۋاستە مىراسىدۇر. مەڭگۈلۈك روھلار ۋە ياراتقۇچى خۇداغا مۇراجىئەت قىلمىغان تەقدىردە، لىبېراللار بىر قىسىم ساپىيانسلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتە قىيىنىلىپ قالىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەزھەپ سوتسىيالىستىك ئادەمىيەتچىلىكتۇر. سوتسىيالىستلار «ئىنسان تەبىئىتى» خۇسۇسىي ئەمەس، كوللېكتىپ بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلار ھەر بىر شەخسنىڭ ئىچكى ئاۋازىنى ئەمەس، بارلىق ھومو ساپىيانس تۈرىنى مۇقەددەس دەپ قارايدۇ. لىبېرال ئادەمىيەتچىلىك بىر قىسىم ئىنسانلارغا مۇمكىن قەدەر كۆپ ئەركىنلىك ئىزدىگەن بولسا، سوتسىيالىستىك ئادەمىيەتچىلىك بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىزدەيدۇ. سوتسىيالىستلارنىڭ قارىشىچە، تەڭسىزلىك ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە داغ كەلتۈرىدىغان ئەڭ ئېغىر كۇپۇرلۇق، چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ تاشقى سۈپىتىنى ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. مەسىلەن، بايلار كەمبەغەللەردىن ئارتۇق ئىمتىيازغا ئېرىشكەندە، دېمەك بىز باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىمايدىغان ئىنسانىي ماھىيەتتىن بەكرەك، پۇلنى ئارتۇق كۆرگەن بولىمىز.

لىبېرال ئادەمىيەتچىلىككە ئوخشاش، سوتسىيالىستىك ئادەمىيەتچىلىكمۇ بىر خۇدالىق ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان. بارلىق ئىنسانلار باراۋەر دېگەن ئىدىيە، بارلىق روھلار خۇدا ئالدىدا باراۋەر دېگەن بىر خۇدالىق ئېتىقادىنىڭ يېڭىلانغان نۇسخىسىدۇر. بىر خۇدالىق دىنىدىن ھەقىقىي بۆلۈنۈپ چىققان بىردىنبىر ئادەمىيەتچىلىك مەزھىپى «تەرەققىياتچى ئادەمىيەتچىلىك» بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىللىرى ناتسىستلاردۇر. ناتسىستلارنى باشقا ئادەمىيەتچى مەزھەپلەردىن پەرقلەندۈرىدىغىنى «ئىنسان تەبىئىتى»نىڭ باشقىچە ئېنىقلىمىسى بولۇپ، بۇ ئېنىقلىما تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. باشقا ئادەمىيەتچىلەرنىڭ ئەكسىچە، ناتسىستلار «ئىنسانلار ئۇنىۋېرسال ۋە مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەس، بەلكى تەرەققىي قىلالايدىغان ياكى چېكىنىپ كېتىدىغان ئۆزگىرىشچان تۈر؛ ئىنسان كاتتا ئىنسانغا تەرەققىي قىلالايدۇ ياكى تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ ئىشەنگەن.

ناتسىستلارنىڭ ئاساسىي نىشانى ئىنسانىيەتنى چېكىنىشتىن قوغداش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. شۇڭا ناتسىستلار «ئارىيان ئىرقى، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىلغار تۈرى قوغدىلىشى ۋە كۈچەيتىلىشى كېرەك، يەھۇدىيلار، رىم خەلقى، بەچچىۋازلار

ۋە روھىي كېسەللەرگە ئوخشاش چېكىنىپ كەتكەن ھومو ساپىيانس تۈرلىرى باشقىلاردىن ئايرىۋېتىلىشى، ھەتتا يوقىتىلىشى كېرەك» دېگەن. ناتسىستلار بۇنى چۈشەندۈرۈپ، «ھومو ساپىيانسلار قەدىمكى ئىلغار ئىنسان تۈرلىرى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ پەيدا بولغان؛ نىياندېرتاللارغا ئوخشاش قالاق ئىنسان تۈرلىرى بولسا يوقاپ كەتكەن. تارىختىكى ئىنسانلار دەسلەپتە ھەر خىل ئىرقلار ئىدى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات يوللىرىدا مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان. بۇ يەنە يۈز بېرىشى مۇمكىن» دېگەن. ناتسىستلارنىڭ قارىشىچە، ھومو ساپىيانس ئاللىقاچان ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار بىر قانچە ئىرققا بۆلۈنگەن. بۇ ئىرقلارنىڭ بىرى بولغان ئارىيان ئىرقىدا ئەقىل، گۈزەللىك، دۇرۇسلۇق، تىرىشچانلىق قاتارلىق ئەڭ ئېسىل خۇسۇسىيەتلەر بار. شۇڭا ئارىيان ئىرقىدا ئىنسانلارنى ئۇستۇن ئىنسانغا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى بار. يەھۇدىيلار ۋە قارا تەنلىكلەرگە ئوخشاش باشقا ئىرقلار بۈگۈنكى نىياندېرتاللار بولۇپ، تۆۋەن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆپىيىشىگە، بولۇپمۇ ئارىيانلار بىلەن نىكاھلىنىشىغا يول قويۇلسا، ئۇلار بارلىق ئىنسانلارنى بۇلغايدۇ، ئاقىۋەت ھومو ساپىيانسنىمۇ ھالاك قىلىۋېتىدۇ.

بىئولوگلار كېيىن ناتسىستلارنىڭ ئىرقچىلىق نەزەرىيەسىنى يالغانغا چىقاردى. بولۇپمۇ 1945 ـ يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان گېنېتىكىلىق تەتقىقاتلار ھەر خىل ئىنسان نەسىللىرى ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ناتسىستلار پەرەز قىلغاندىن كۆپ كىچىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما بۇ خۇلاسىلەر نىسبەتەن يېڭى. 1933 ـ يىلدىكى ئىلىم سەۋىيەسىگە كۆرە، ناتسىستلارنىڭ ئېتىقادلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى. ھەر خىل ئىنسان ئىرقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئاق تەنلىك ئىرقنىڭ ئۈستۈنلۈكى، بۇ ئىرقنى قوغداش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرلۈكى قاتارلىقلار غەرب سەر خىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى قوبۇل قىلغان ئېتىقادلار ئىدى. ئەڭ نوپۇزلۇق غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئالىملار شۇ دەۋردىكى ئەنئەنىۋى ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ گويا ئافرىقىلىقلار ياكى ھىندىستانلىقلاردىن ئەقىللىقراق، ئەخلاقلىقراق ۋە ماھىرراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تەتقىقاتلارنى ئېلان قىلدى. ۋاشىنگتون، لوندون ۋە كانبېررادىكى سىياسەتچىلەر ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەگە ئوخشاش «ئارىيان» دۆلەتلەرگە خىتايدىن، ھەتتا ئىتالىيەدىن كۆچمەنلەرنىڭ كىرىشىنى چەكلەش ئارقىلىق ئاق تەنلىك ئىرقنىڭ بۇلغىنىشى ۋە چېكىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارىدى.

بۇ پوزىتسىيەلەر يېڭى ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئۆزگىرىپ قالمىدى. ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتلار تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆزگىرىش مەنبەسى بولدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىتلېر ئۆزىنىڭ گۆرىنىلا ئەمەس، ئىرقچىلىقنىڭ گۆرىنىمۇ كولىدى. ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغاندا، دۈشمەنلىرىنى «بىز» بىلەن «ئۇلار» ئارىسىدا ئېنىق چېگرا ئايرىشقا مەجبۇرلىدى. كېيىن، دەل ناتسىست ئىدىيەسى بەك ئىرقچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، غەربتە ئىرقچىلىق ئېتىبارسىزلاشتى. ئەمما بۇ ئۆزگىرىش ۋاقىت تەلەپ قىلدى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئامېرىكا سىياسىتىدە ھېچ بولمىغاندا 1960 ـ يىللارغىچە ئاساسىي

ئېقىم بولۇپ كەلدى. ئاق تەنلىك بولمىغانلارنىڭ ئاۋستىرالىيەگە كۆچۈپ كىرىشىنى چەكلەيدىغان «ئاق ئاۋستىرالىيە سىياسىتى» 1973 ـ يىلغىچە كۈچكە ئىگە بولدى. يەرلىك ئاۋستىرالىيەلىكلەر 1960 ـ يىللارغىچە تەڭ سىياسىي ھوقۇقلارغا ئېرىشەلمىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇقرا سۈپىتىدە رول ئوينىيالمايدۇ دەپ قارىلىپ، سايلاملارغا قاتنىشىشتىن چەكلەندى.

ئادەمىيەتچى دىنلار–ئىنسان تەبىئىتىگە چوقۇنىدىغان دىنلار

لىبېرال ئادەمىيەتچىلىك	سوتسىيالىستىك ئادەمىيەتچىلىك	تەرەققىياتچى ئادەمىيەتچىلىك
ھومو ساپىيانسىنىڭ باشقا بارلىق مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ۋە مۇقەددەس تەبىئىتى بار. ئەڭ ئالىي ياخشىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ياخشىلىقىدۇر.		
ئىنسانىيەت شەخسىيەتچى بولۇپ، ھەر بىر ھومو ساپىيانسىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ.	ئىنسانىيەت كوللېكتىپ بولۇپ، پۈتۈن ھومو ساپىيانس تۈرىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ.	ئىنسانىيەت ئۆزگىرىشچان تۈر. ئىنسانلار تۆۋەن ئىنسانلارغا چېكىنىشى ياكى ئۈستۈن ئىنسانلارغا تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن.
ئەڭ ئالىي پەرمان ھەر بىر ئايرىم ھومو ساپىيانسىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداشتۇر.	ئەڭ ئالىي پەرمان ھومو ساپىيانس تۈرى ئىچىدىكى باراۋەرلىكنى قوغداشتۇر.	ئەڭ ئالىي پەرمان ئىنسانىيەتنى تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈشتىن قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىگە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر.



30. ناتسىستلارنىڭ تەشۋىقات ئېلانى، ئوڭ تەرەپتىكىسى «ساپ ئارىيان ئىرقى ئادىمى»، سول تەرەپتىكىسى «شالغۇت ئىرق»، بۇ رەسىمدىن ناتسىستلارنىڭ ئىنسان بەدىنىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار پەس ئىرقنىڭ ئادەمزات نەسلىنى بۇلغاپ، ئۇلارنى ھالاكەتكە باشلىشىدىن ئەنسىرىگەن.

ناتسىستلار ئىنسانىيەتتىن نەپرەتلەنمەيتتى. ئۇلار لىبېرال ئادەمىيەتچىلىك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە كوممۇنىزمغا قارشى كۈرەش قىلدى، چۈنكى ئۇلار ئىنسانىيەتكە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئىنسان تۈرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇلار دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئاساسەن، تەبىئىي تاللىنىشنى، يەنى لاياقەتسىز ئىنسانلارنى تازىلاپ، ياشاشقا لايىقلارنىڭ ھايات قېلىشى ۋە كۆپىيىشىنى ساقلاش كېرەك دەپ قارىدى. ئۇلار يەنە، «لىبېرالىزم ۋە كوممۇنىزم ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق لاياقەتسىزلەرنىڭمۇ ھايات قېلىشىغىلا يول قويۇپلا قالماي، ئۇلارغا كۆپىيىش پۇرسىتىنى بېرىپ، تەبىئىي تاللىنىشنى بۇزدى. بۇنداق دۇنيادا، ئەڭ لاياقەتلىك ئىنسانلار چوقۇم لاياقەتسىز چۈپرەندىلەر قايىنىمىدا غەرق بولىدۇ. ئىنسانىيەت ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تېخىمۇ لاياقەتسىز بولۇپ كېتىدۇ، بۇ يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ» دەپ قارىدى.

1942ـ يىلدىكى بىر گېرمان بىئولوگىيە دەرسلىكىنىڭ «تەبىئەت قانۇنى ۋە ئىنسانىيەت» دېگەن بابىدا چۈشەندۈرۈلۈشىچە، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھايات قېلىش ئۈچۈن

رەھىمسىز كۇرەشكە چۈشۈشى تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇنىدۇر. دەرسلىكتە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپراق ئۈچۈن، قوڭغۇزلارنىڭ جۈپ تېپىش ئۈچۈن كۇرەش قىلىشى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن، مۇنداق خۇلاسە قىلىنغان:



31. 1933-يىل ناتسىستلار ھەققىدە سىزىلغان بىر ھەجۋى رەسىم. ئۇنىڭدا ھىتلېر «تەبىئەتتىن ھالقىغان ئادەم»نى ياراتماقچى بولغان ھەيكەلتاراش سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. يېنىدا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر كىشى– ئەركىنلىك تەرەپدارى زىيالىي دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم يارىتىشقا كېرەكلىك بولغان قاتتىق (زوراۋان) كۈچكە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. (بۇ يەردە ئىنسان بەدىنىدىكى جىنسىي جەلپكارلىققىمۇ دىققەت قىلىش لازىم)

«مەۋجۇتلۇق كۇرىشى قاتتىق ۋە رەھىمسىز، ئەمما ئۇ ھايات قېلىشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. بۇ كۇرەش ياشاشقا لاياقىتى تۇشمايدىغانلارنى يوقىتىپ، ھايات قالالايدىغانلارنى تاللايدۇ... بۇ تەبىئىي قانۇنلار ھەقىقەتتۇر؛ جانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات قېلىشى بىلەن بۇنى

ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار رەھىمسىز كېلىدۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلار يوقىتىلىدۇ. بىئولوگىيە بىزگە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى ھاياتىمىزدا رىئايە قىلىشىمىز كېرەك بولغان قانۇنلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ھەمدە بۇ قانۇنلارغا ئاساسەن ياشاش ۋە كۈرەش قىلىش ئىرادىمىزنى كۈچەيتىدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسى كۈرەشتۇر. بۇ قانۇنلارغا قارشى گۇناھ قىلغانلارغا ۋاي!»

ئاندىن «مېنىڭ كۈرىشىم»دىن نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ: «تەبىئەتنىڭ پولاتتەك قانۇنىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۇرۇنغان كىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسان بولۇپ ياشىغىنىغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك بولغان پرىنسىپلارغا قارشى كۈرەش قىلغان بولىدۇ. تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىش ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ».

ئۈچىنچى مىڭ يىلنىڭ (21 ـ ئەسىرنىڭ) باشلىرىدا، تەرەققىياتچى ئادەمىيەتچىلىكنىڭ كەلگۈسى ئېنىق ئەمەس. ھىتلېرغا قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 60 يىل ئىچىدە، ئادەمىيەتچىلىكنى تەرەققىيات بىلەن باغلاش ۋە بىئولوگىيەلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ھومو ساپىيانسنى «يۇكسەلدۈرۈش»نى تەشەببۇس قىلىش پەرھىز (چەكلىمە) ئىدى. ئەمما بۈگۈن بۇنداق لايىھەلەر قايتا مودىغا ئايلاندى. ھېچكىم تۆۋەن ئىرقلار ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنسانلارنى يوقىتىش ھەققىدە سۆزلىمەيدۇ، ئەمما نۇرغۇنلىرى ئىنسان بىئولوگىيەسى ھەققىدىكى كۇنسېرى ئاشقان بىلىمىمىزنى قوللىنىپ، ئۈستۈن ئىنسانلار يارىتىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لىبېرال ئادەمىيەتچىلىك پرىنسىپلىرى بىلەن ھاياتلىق پەنلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى بايقاشلىرى ئارىسىدا ئۇزاققىچە نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان چوڭ ھاڭ پەيدا بولماقتا. بىزنىڭ لىبېرال سىياسىي ۋە قانۇنىي سىستېمىلىرىمىز «ھەر بىر شەخسنىڭ دۇنياغا مەنە بېرىدىغان، بارلىق ئەخلاقىي ۋە سىياسىي ھوقۇقنىڭ مەنبەسى بولغان، بۆلۈنمەس ۋە ئۆزگەرمەس تەبىئىتى بار» دېگەن ئېتىقادقا ئاساسلانغان. بۇ ئەنئەنىۋى خرىستىيانلارنىڭ ھەر بىر شەخسنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان ئەركىن ۋە مەڭگۈلۈك روھ ھەققىدىكى ئېتىقادىنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىدۇر. ئەمما ئۆتكەن 200 يىل ئىچىدە، ھاياتلىق پەنلىرى بۇ ئېتىقادنى پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى. ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار ئۇ يەردىن ھېچقانداق روھ تاپالمىدى. ئۇلار ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ شىمپەنزە، بۆرە ۋە چۈمۈلىلەرنىڭكىگە ئوخشاش بىئولوگىيەلىك ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. بىزنىڭ قانۇنىي ۋە سىياسىي سىستېمىلىرىمىز بۇنداق قولايسىز بايقاشلارنى گىلەم ئاستىغا يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما سەممىمىي ئېيتقاندا، بىئولوگىيە فاكۇلتېتى بىلەن قانۇن ۋە سىياسەت فاكۇلتېتلىرى ئارىسىدىكى توسۇقنى قانچىلىك ئۇزۇن ساقلاپ تۇرالايمىز؟

13. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى

سودا ـ تىجارەت، ئىمپېرىيەلەر ۋە ئۇنىۋېرسال دىنلار ئاخىردا ھەر قىتئەدىكى ساپىيانسلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بۈگۈن بىز ياشاۋاتقان دۇنياۋى جەمئىيەتكە بىرلەشتۈردى. بۇ كېڭىيىش ۋە بىرلىشىش جەريانى ئۇنچە ئوڭۇشلۇق ۋە ئىزچىل بولمىدى. ئەمما چوڭ مەنزىرىگە قارىغاندا، كۆپلىگەن كىچىك مەدەنىيەتلەردىن ئاز ساندىكى چوڭ مەدەنىيەتلەرگە، ئاندىن بىر پۈتۈن دۇنياۋى جەمئىيەتكە ئۆتۈش ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

ئەمما تارىخىي مۇقەررەرلىك دېگىنىمىزدە، بارلىق نەتىجە بۈگۈنكى دۇنياۋى جەمئىيىتىمىزدەك بولۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بىز باشقا نەتىجىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. نېمە ئۈچۈن دانىيە تىلى ئەمەس، ئىنگلىز تىلى بۈگۈن شۇنچە كەڭ تارقالغان تىل بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن 2 مىليارد خرىستىيان ۋە 1 مىليارد 250 مىليون مۇسۇلمان بار ئىكەنۇ، پەقەت 150 مىڭ زوروئاستېر دىنىدىكىلەر بار؟ مانى دىنىدىكىلەر نېمىشقا يوق؟ ئەگەر بىز 10 مىڭ يىل بۇرۇنغا قايتىپ، بۇ جەريانىنى قايتا ـ قايتا باشلىيالىساق، ھەر قېتىمدا بىز بىر خۇدالىق دىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۇئالىزملىق دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى كۆرەرمىدۇق؟

بىز كەچمىشنى قايتىلىيالمايمىز، شۇڭا ئۇنى ھەقىقەتەن بىلمەيمىز. ئەمما تارىخنىڭ ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈش بىزگە بەزى ئىپادىلەرنى بېرەلەيدۇ.

1. كەينىگە قاراپ چۈشىنىش خاتالىقى

تارىخنىڭ ھەر بىر نۇقتىسى بىر تۆت كوچا ئېغىزىدۇر. ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە بىرلا يول كەلگەن، ئەمما كەلگۈسىگە سانسىز يوللار ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇ يوللارنىڭ بەزىلىرى كەڭرەك، تۈزرەك ۋە ياخشىراق بەلگىلەنگەن، شۇڭا بۇ يوللاردىن مېڭىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى، ئەمما بەزىدە تارىخ ـ ياكى تارىخنى ياراتقۇچىلار ـ كۈتۈلمىگەن بۇرۇلۇشلارنى پەيدا قىلىدۇ.

مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رىم ئىمپېرىيەسى كەڭ دىنىي ئىمكانىيەتلەرگە دۇچ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە خىلمۇ ـ خىل كۆپ خۇدالىق دىنىنى داۋاملاشتۇرالايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىمپېراتورى كونستانتىن، ئىچكى ئۇرۇشقا تولغان بىر ئەسىرگە قاراپ، ئېنىق ئەقىدىسى بار يەككە دىنىنىڭ كۆپ مىللەتلىك پادىشاھلىقنى بىرلەشتۈرۈشكە ياردەم قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ دىنى قىلىش ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن دىنلاردىن بىرىنى ـ مانى دىنى، مىترا دىنى، ئىسىس ياكى سىبېل مەزھىپى، زوروئاستېر دىنى، يەھۇدىي دىنى ھەتتا بۇددا دىنىنىمۇ تاللىيالايتتى. نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىسانى تاللىدى؟ خرىستىيان دىنىدا ئۇنى شەخسەن جەلپ قىلغان بىر نەرسە بارمىدى،

ياكى بۇ دىنىنىڭ شەخسىي مەقسەتكە ئىشلىتىش ئاسانراق بولغان تەرىپى بارمىدى؟ ئۇنىڭ دىنىي تەجرىبىسى بولغانمىدى، ياكى مەسلىھەتچىلىرىدىن بەزىلىرى خرىستىيانلارنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەپدار توپلاۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ھارۋىغا چىقىۋېلىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلغانمىدى؟ تارىخچىلار پەرەز قىلالايدۇ، ئەمما قەتئىي جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇلار خرىستىيان دىنىنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىنى قانداق ئىگىلىگەنلىكىنى بايان قىلالايدۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئىمكانىيەتنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ.

«قانداق بولغان» دەپ بايان قىلىش بىلەن «نېمە ئۈچۈن» دەپ چۈشەندۈرۈشنىڭ پەرقى نېمە؟ «قانداق بولغان» دەپ بايان قىلىش، بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا ئېلىپ بارغان ئالاھىدە ۋەقەلەر تىزمىسىنى قايتا قۇراشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. «نېمە ئۈچۈن» دەپ چۈشەندۈرۈش بولسا، باشقا بارلىق ئېھتىماللىقلارنى چەتكە قېقىپ، ئاشۇ ۋەقەلەر تىزمىسىنىڭ يۈز بېرىشىنى چۈشەندۈرىدىغان سەۋەب ـ نەتىجە باغلىنىشلىرىنى تېپىشنى كۆرسىتىدۇ.

بەزى ئالىملار خرىستىيان دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە ئوخشاش ۋەقەلەرگە مۇقەررەرچىلىك (Determinism) چۈشەندۈرۈشلىرىنى بېرىدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىنى بىئولوگىيەلىك، ئېكولوگىيەلىك ياكى ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ رولىغا يىغىنچاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار رىم ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ جۇغراپىيەسى، گېنېتىكىسى ياكى ئىقتىسادىدا بىر خۇدالىق دىنىنىڭ گۈللىنىشىنى مۇقەررەر قىلغان بىر نەرسە بار دەپ قارايدۇ. ئەمما كۆپىنچە تارىخچىلار بۇنداق مۇقەررەرچىلىك نەزەرىيەلىرىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. بۇ، تارىخنىڭ ئاكادېمىك پەن سۈپىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، يەنى سىز مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنى قانچە ياخشى بىلسىڭىز، ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقىچە ئەمەس، ئاشۇنداق يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىڭىز شۇنچە قىيىنلىشىدۇ. مەلۇم بىر دەۋر ھەققىدە ئالاھىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغانلار كۆپ ھالدا شۇ دەۋردە ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانى بولغان ئىشلارغىلا دىققەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشكە قاراپ تۇرۇپ، بۇ نەتىجىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇقەررەر بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر ھېكايە سۇنىدۇ. بۇ دەۋر ھەققىدە چوڭقۇرراق بىلىمگە ئىگە بولغانلار مېڭىلمىغان يوللارنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ دەۋرنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار ـ يەنى شۇ دەۋردە ياشىغانلار ـ ئەڭ گاڭگىراپ قالغانلار ئىدى. كونستانتىن دەۋرىدىكى ئوتتۇرا قاتلام رىملىقلار ئۈچۈن، كەلگۈسى تۇمانلىق ئىدى. تارىخنىڭ پولاتتەك قانۇنى شۇكى، ئىش يۈز بېرىپ بولغاندا مۇقەررەر كۆرۈنگەن نەرسە، بۇنىڭ ئالدىدا ئېنىق كۆرۈنمىگەن. بۈگۈنمۇ پەرقلىق ئەمەس. بىز دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىستىن چىقتۇقمۇ، ياكى ئەڭ يامىنى تېخى ئالدىمىزدىمۇ؟ خىتاي داۋاملىق قۇدرەت تېپىپ يېتەكچى كۈچكە ئايلىنامدۇ؟ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتامدۇ؟ بىر خۇدالىق دىنىي رادىكاللىقنىڭ كۈچىيىشى كەلگۈسىنىڭ دولقۇنىمۇ ياكى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشمايدىغان يەرلىك مالىمانچىلىقمۇ؟ بىز ئېكولوگىيەلىك ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋاتامدۇق ياكى تېخنىكىلىق جەننەتكىمۇ؟ بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى

ئۇچۇن ياخشى پاكىتلار كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، ئەمما ئېنىق بىلىشنىڭ ئامالى يوق. بىر قانچە ئون يىلدىن كېيىن، كىشىلەر كەينىگە قاراپ بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئېنىق ئىدى دەپ ئويلايدۇ.

زاماندارلار ئۇچۇن مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنگەن ئىمكانىيەتلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ئەمەلگە ئېشىشىنى تەكىتلەش ئالاھىدە مۇھىم. كونستانتىن 306 ـ يىلى تەختكە چىققاندا، خرىستىيان دىنى پەقەت شەرقتىكى كىچىك بىر مەزھەپ ئىدى. ئەگەر سىز شۇ چاغدا ئۇنىڭ رىمنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتسىڭىز، خۇددى بۈگۈن سىز 2050 ـ يىلى ھارى كرىشنا دىنى25 ئامېرىكىنىڭ دۆلەت دىنى بولىدۇ دېگەندەك ئاڭلىنىپ، مەسخىرە قىلىنغان بولاتتىڭىز. 1913 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، بولشېۋىكلار رۇسىيەدىكى كىچىك بىر رادىكال گۇرۇپپا ئىدى. ئەقلى بار ھېچكىم ئۇلارنىڭ تۆت يىل ئىچىدىلا دۆلەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى. مىلادىيە 600 ـ يىلى، چۆل ـ باياۋاندا ياشايدىغان بىر توپ ئەرەبلەر قىسقا ۋاقىتتا ئاتلانتىك ئوكياندىن ھىندىستانغىچە بولغان كەڭ زېمىننى بويسۇندۇرىدۇ دېسە، تېخىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ۋىزانتىيە قوشۇنى دەسلەپكى ھۇجۇمنى چېكىندۈرەلىگەن بولسا، ئىسلام دىنى پەقەت بىر قانچە موللا ـ ئۆلىما بىلىدىغان يوشۇرۇن بىر مەزھەپ بولۇپ قالغان بولاتتى. ئالىملار مەككىلىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر سودىگەرگە كەلگەن ۋەھىيگە ئاساسلانغان بىر ئېتىقادنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەرگىز تارقىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتە قىينالمايتتى.

بۇ، ھەممە نەرسە مۇمكىن دېگەنلىك ئەمەس. جۇغراپىيەلىك، بىئولوگىيەلىك ۋە ئىقتىسادىي كۈچلەر چەكلىمىلەر پەيدا قىلىدۇ. ئەمما بۇ چەكلىمىلەر مۇقەررەرلىك قانۇنلىرىغا باغلانمىغان ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىشلەر ئۈچۈن كەڭ بوشلۇق قالدۇرىدۇ.

بۇ خۇلاسە تارىخنىڭ مۇقەررەر بولۇشىنى خالايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. مۇقەررەرلىك ئىدىيەسى جەلپ قىلارلىق، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ دۇنيايىمىز ۋە ئېتىقادلىرىمىزنىڭ تارىخنىڭ تەبىئىي ۋە مۇقەررەر مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت بولۇپ ياشىشىمىز، ئىقتىسادىمىزنى كاپىتالىستىك پرىنسىپلار بويىچە تەشكىللىشىمىز ۋە كىشىلىك ھوقۇقۇقا قەتئىي ئىشىنىشىمىز تەبىئىي ھەم مۇقەررەر. تارىخنىڭ مۇقەررەر ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، بۈگۈنكى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مىللەتچىلىك، كاپىتالىزم ۋە كىشىلىك ھوقۇقۇقا ئىشىنىشىنىڭ پەقەت بىر تاسادىپىيلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

---

25 ھارى كرىشنا دىنى 1966 ـ يىل ئامېرىكادا پەيدا بولغان، نامىنى ھىندى خۇداسى كرىشنادىن ئالغان، مۇرىتلىرى سېرىق تون كىيىدۇ، گۆشسىز غىزالىنىدۇ، توي قىلمايدۇ.

تارىخنى مۇقەررەرچىلىك بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ؛ يەنە كېلىپ ئۇ مالىمانچىلىققا تولغان بولغاچقا، ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. تارىختا كۆپلىگەن كۈچلەر رول ئوينايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى شۇنچە مۇرەككەپكى، ئۇلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۆزئارا تەسىرىدىكى ئىنتايىن كىچىك پەرقلەرمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخ «ئىككىنچى دەرىجىلىك» مالىمانچىلىق سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مالىمانچىلىق سىستېمىلىرى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك مالىمانچىلىق ئۆزى ھەققىدىكى مۆلچەرلەرگە ئىنكاس قايتۇرمايدىغان مالىمانچىلىقتۇر. مەسىلەن، ھاۋارايى بىرىنچى دەرىجىلىك مالىمانچىلىق سىستېمىسى. گەرچە ئۇ سانسىز ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، بىز تېخىمۇ كۆپ ئامىللارنى نەزەرگە ئالغان كومپيۇتېر مودېللىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق، ئەڭ توغرا ھاۋارايى مەلۇماتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز.

ئىككىنچى دەرىجىلىك مالىمانچىلىق ئۆزى ھەققىدىكى مۆلچەرلەرگە ئىنكاس قايتۇرىدىغان، شۇڭا ھەرگىز توغرا مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان مالىمانچىلىقتۇر. مەسىلەن، بازارلار ئىككىنچى دەرىجىلىك مالىمانچىلىق سىستېمىسى.

ئەگەر بىز ئەتىكى نېفىت باھاسىنى يۈز پىرسەنت توغرا مۆلچەرلەيدىغان كومپيۇتېر پروگراممىسى ياسىساق نېمە بولىدۇ؟ نېفىت باھاسى دەرھال مۆلچەرگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ، نەتىجىدە مۆلچەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەگەر ھازىرقى بىر تۇڭ نېفىت باھاسى 90 دوللار بولسا ۋە خاتالاشمايدىغان كومپيۇتېر پروگراممىسى ئەتە 100 دوللار بولىدۇ دەپ مۆلچەرلىسە، سودىگەرلەر مۆلچەرلەنگەن بۇ باھادىن پايدىلىنىش ئۈچۈن نېفىت سېتىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. نەتىجىدە، باھا ئەتە ئەمەس، بۈگۈنلا ئۆزگىرىپ، بىر تۇڭ نېفىت 100 دوللارغا ئۆرلەيدۇ. ئۇنداقتا ئەتە نېمە بولىدۇ؟ ھېچكىم بىلمەيدۇ.

سىياسەتمۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك مالىمانچىلىق سىستېمىسى. نۇرغۇن كىشىلەر سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى 1989 ـ يىلدىكى ئىنقىلابلارنى مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تەنقىدلىسە، ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسلىرىنى 2011 ـ يىلدىكى ئەرەب باھارى ئىنقىلابلىرىنى ئالدىن كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەيدۇ. بۇ ئادىللىق ئەمەس. تۈپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىنقىلابلارنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ئىنقىلاب ھەرگىز پارتلىمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن؟ 2010 ـ يىلى بىر داھى سىياسەتچى بىلەن كومپيۇتېر ئۇستىسى بىرلىشىپ، ئورتاق ئۆلنىشقا كىرگۈزۈلگەن، «ئىنقىلاب مۆلچەرلىگۈچى» سۈپىتىدە بازارغا سالسا بولىدىغان، خاتالاشمايدىغان ئالگورىزىم ياسىغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇلار خىزمەتلىرىنى مىسىر پرېزىدېنتى ھۇسنى مۇبارەككە تونۇشتۇرىدۇ ۋە كۆپ مىقداردا تۆلەم ئېلىپ، مۆلچەرلىرى بويىچە كېلەر يىلى مىسىردا چوقۇم ئىنقىلاب پارتلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇبارەك قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟ ئېھتىمال، ئۇ دەرھال باجنى تۆۋەنلىتىدۇ، پۇقرالارغا مىليارد دوللارلىق ياردەم تارقىتىدۇ ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن مەخپىي ساقچى ئەترىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئالدىنى

ئېلىش تەدبىرلىرى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە ھەيران قالارلىقى، ھېچقانداق ئىنقىلاب يۈز بەرمەيدۇ. مۇبارەك پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «سىلەرنىڭ بۇ ئالگورىزماتچىلار ئەخلەت ئىكەن!» دەپ ۋارقىرايدۇ ئۇ ئالىملارغا، «مەن شۇنچە پۇلنى تارقىتىۋەتكۈچە، ئۆزەمگە بىر ساراي سالدۇرسامچۇ!». ئالىملار ئۆزلىرىنى ئاقلاپ: «ئەمما ئىنقىلابنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ ئۇنى توغرا مۆلچەرلىگەنلىكىمىز» دەيدۇ. مۇبارەك ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قاراۋۇللىرىغا ئىشارەت قىلىپ: « سەنلەر يۈز بەرمەيدىغان ئىشلارنى مۆلچەرلەيدىغان پەيغەمبەرلەرمۇ؟ مەن قاھىرە بازىرىدىن سەندەكلەرنى ئەرزان باھادا تاپالايتتىم!» دەيدۇ.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن تارىخ ئوقۇيمىز؟ فىزىكا ياكى ئىقتىسادشۇناسلىققا ئوخشمايدىغان يېرى، تارىخ توغرا مۆلچەرلەش ۋاستىسى ئەمەس. بىز تارىخنى كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆز قارىشىمىزنى كېڭەيتىش، ھازىرقى ۋەزىيىتىمىزنىڭ تەبىئىي ياكى مۇقەررەر ئەمەسلىكىنى چۈشىنىش، شۇڭا ئۆزىمىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كۆپ ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز. مەسىلەن، ياۋروپالىقلارنىڭ ئافرىقىلىقلارنى قانداق كونترول قىلغانلىقىنى ئۆگىنىش بىزگە ئىرقىي دەرىجە پەرقىدە تەبىئىيلىك ياكى مۇقەررەرلىك يوقلۇقىنى ھەمدە دۇنيانىڭ باشقىچە تەرتىپلىنىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

2 .كۆرمەس كىلىئو

تارىخنىڭ تاللىشىنى چۈشەندۈرەلمەيمىز، ئەمما ئۇلار ھەققىدە مۇھىم بىر نەرسىنى ئېيتالايمىز: تارىخنىڭ تاللىشى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەس. تارىخ ئالغا باسقانسېرى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ چوقۇم ياخشىلىنىدىغانلىقىغا ھېچقانداق ئىسپات يوق. ئىنسانلارغا پايدىلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىپ كېڭىيىدىغانلىقى، پايدىسىز مەدەنىيەتلەرنىڭ يوقىلىدىغانلىقىغا ھېچقانداق ئىسپات يوق. خرىستىيان دىنىنىڭ مانى دىنىدىن ياخشىراق تاللاش ئىكەنلىكىگە، ياكى ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ساسانىي پارس ئىمپېرىيەسىدىن پايدىلىقراق ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق ئىسپات يوق.

تارىخنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇۋاتقانلىقىغا ھېچقانداق ئىسپات يوق، چۈنكى بىزدە بۇنداق مەنپەئەتنى ئۆلچەيدىغان ئوبيېكتىپ ئۆلچەم يوق. ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ياخشىلىقنى ئوخشىمىغان شەكىلدە ئېنىقلايدۇ، بىزنىڭ ئۇلارنى باھالايدىغان ئوبيېكتىپ ئۆلچىمىمىز يوق. ئەلۋەتتە، غەلىبە قىلغۇچىلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ئېنىقلىمىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن بىز غەلىبە قىلغۇچىلارغا ئىشىنىشىمىز كېرەك؟ خرىستىيانلار خرىستىيان دىنىنىڭ مانى دىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولدى دەپ قارايدۇ، ئەگەر بىز خرىستىيانلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى قوبۇل قىلمىساق، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىساقمۇ بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ساسانىي ئىمپېرىيەسىنىڭ

مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولدى دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ پايدىلار پەقەت بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى قوبۇل قىلغاندىلا كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام ئۇنتۇلغان ياكى مەغلۇپ بولغان بولسا، بىز ھەممىمىز تېخىمۇ ياخشى ئەھۋالدا بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى.

بارغانسېرى كۆپ ئالىملار مەدەنىيەتلەرنى بىر خىل مەنىۋى يۇقۇملۇق كېسەل ياكى پارازىت، ئىنسانلارنى بولسا ئۇنىڭ بىخەۋەر ساھىبى دەپ قارىماقتا. ئورگانىك پارازىتلار، مەسىلەن ۋىرۇسلار، ساھىبنىڭ بەدىنىدە ياشايدۇ. ئۇلار كۆپىيىپ بىر ساھىبتىن يەنە بىر ساھىبقا تارقىلىدۇ، ساھىبلىرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بەزىدە ھەتتا ئۆلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. ساھىبلار پارازىتنى يۆتكەپ بېرىشكە يېتەرلىك ئۇزۇن ياشىسىلا، پارازىت ئۇ ساھىبنىڭ ئەھۋالىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مەدەنىيەت ئىدىيەلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىدە ياشايدۇ. ئۇلار كۆپىيىپ بىر ساھىبتىن يەنە بىرىگە تارقىلىدۇ، بەزىدە ساھىبلارنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ھەتتا ھالاك قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئىدىيەسىگە ـ مەسىلەن ساماۋىي خرىستىيان جەننىتىگە ياكى يەر يۈزىدىكى كوممۇنىست جەننىتىگە بولغان ئېتىقاد ـ ئىنساننى ئۆلۈم بەدىلىگە بولسىمۇ شۇ ئىدىيەنى تارقىتىشقا بېغىشلاشقا مەجبۇرلىيالايدۇ. ئىنسان ئۆلىدۇ، ئەمما ئىدىيە تارقىلىدۇ.

بۇ قاراشقا ئاساسەن، مەدەنىيەتلەر بەزى كىشىلەر باشقىلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تۈزگەن سۇيىقەست ئەمەس (ماركسىزمچىلار شۇنداق ئويلاشقا مايىل). ئەكسىچە، مەدەنىيەتلەر تاسادىپىي پەيدا بولغان روھىي پارازىتلار بولۇپ، ئۇنىڭغا يۇقۇملانغان بارلىق كىشىلەردىن پايدىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇل بەزىدە مېمېتىكا (ئۇدۇم تەلىماتى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خۇددى ئورگانىك تەدرىجىي تەرەققىيات «گېن» دەپ ئاتىلىدىغان ئورگانىك ئۇچۇر بۆلەكلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئاساسلانغاندەك، مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىمۇ «مېم» (ئۇدۇم) دەپ ئاتىلىدىغان مەدەنىيەت ئۇچۇر بۆلەكلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئاساسلانغان دەپ قارايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك مەدەنىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مېملىرىنى كۆپەيتىشتە ئۈنۈملۈك بولغانلىرى بولۇپ، ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن پايدا ـ زىيىنى بىلەن كارى يوق.

ئادەمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار ئۇدۇم تەلىماتىنى مەدەنىيەت ئالمىشىشىنى قوپال بىئولوگىيەلىك ئوخشىتىشلار بىلەن چۈشەندۈرگەنلىك دەپ قاراپ، ئۇنى مەنسىتمەيدۇ. ئەمما بۇ ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇدۇم تەلىماتىنىڭ قېرىندىشى بولغان كېيىنكى مودېرنىزم (**Postmodernism**) غا ئەگىشىدۇ. كېيىنكى مودېرنىزم مۇتەپەككۇرلىرى «مەدەنىيەتنىڭ ئۇل ـ ئاساسى ئۇدۇم ئەمەس، بەلكى ئېيتىم» دەيدۇ. ئەمما ئۇلارمۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ تارقىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ.

مەسىلەن، كېيىنكى مودېرنىزم مۇتەپەككۇرلىرى مىللەتچىلىكنى 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەردە پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان، ئۇرۇش، زۇلۇم، نەپرەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى

كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەجەللىك ۋابا دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بىر دۆلەتتىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن يۇقۇملانغان ھامان، قوشنا دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭمۇ بۇ ۋىرۇسنى يۇقتۇرۇش ئېھتىماللىقى بار. مىللەتچىلىك ۋىرۇسى ئۆزىنى ئىنسانلارغا پايدىلىق دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىگىلا پايدىلىق بولغان.

ئويۇن نەزەرىيەسى كۆپ ئويۇنچىلار قاتنىشىدىغان سىستېمىلاردا، بارلىق ئويۇنچىلارغا زىيانلىق بولغان كۆز ـ قاراش ۋە ھەرىكەت ئەندىزىلىرىنىڭ قانداق يىلتىز تارتىپ تارقىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى بۇنىڭ مەشھۇر مىسالى. نۇرغۇن ھەربىي ھازىرلىقلار ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىدۇ، ئەمما ھەربىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. پاكىستان ئىلغار ئايروپىلانلارنى سېتىۋالسا، ھىندىستان شۇنداق قىلىدۇ. ھىندىستان يادرو بومبىسى ياسىسا، پاكىستان ئەگىشىدۇ. پاكىستان دېڭىز ئارمىيەسىنى كېڭەيتسە، ھىندىستان قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق قورال مۇسابىقىسى ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچ نىسبىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، چۈنكى ئىككىلا تەرەپ ئوخشاش دەرىجىدە قوراللىنىدۇ؛ ئەمما ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ناچارلاشتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار نەچچە ئون مىليارد دوللارنى مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، قىممەت قوراللارغا خەجلەيدۇ. ئەمما قورال مۇسابىقىسىگە قارشى تۇرۇش تەس. «قورال مۇسابىقىسى» بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ۋىرۇستەك تارقىلىدىغان، ھەممەيلەنگە زىيانلىق، ئەمما تىرىك قېلىش ۋە كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر خىل ھەرىكەت ئەندىزىسى. (شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، خۇددى گېنغا ئوخشاش، قورال مۇسابىقىسىنىڭمۇ ئېڭى يوق، يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ياشاپ قېلىشى ۋە كۆپىيىشىنى ئاڭلىق ھالدا ئىزدىمەيدۇ. ئۇنىڭ تارقىلىشى مەلۇم قوزغاتقۇچ كۈچنىڭ كۈتۈلمىگەن نەتىجىسىدىن ئىبارەت.)

سىز ئۇنى ئويۇن نەزەرىيەسى، كېيىنكى مودېرنىزم ياكى ئۇدۇم تەلىماتى دەپ ئاتاڭ، تارىخنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىنسانلارنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىشقا قارىتىلغان ئەمەس. تارىختىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مەدەنىيەتلەر ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەدەنىيەتلەردۇر دەپ قاراشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. خۇددى تەدرىجىي تەرەققىياتقا ئوخشاش، تارىخمۇ يەككە جانلىقلارنىڭ بەختىگە پەرۋا قىلمايدۇ. يەككە ئىنسانلار بولسا، تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆز پايدىسىغا ئۆزگەرتىشتە بەك بىلىمسىز ۋە ئاجىز كېلىدۇ.

تارىخ بىر دوقمۇشتىن يەنە بىر دوقمۇشقا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، سىرلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاۋۋال بۇ يولنى، ئاندىن باشقا يولنى تاللايدۇ. مىلادىيە 1500 ـ يىلى ئەتراپىدا، تارىخ ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم تاللىشىنى ئېلىپ باردى. بۇ تاللاش پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. بىز بۇنى «پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتايمىز. ئۇ غەربىي ياۋروپادا، يەنى ئاسىيا ـ ئافرىقىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى چوڭ يېرىم ئارالدا باشلاندى. بۇ جاي شۇ ۋاقىتقىچە تارىختا

مۇھىم رول ئوينىمىغاندى. نېمە ئۈچۈن بۇ ئىنقىلاب خىتاي ياكى ھىندىستاندا ئەمەس، دەل مۇشۇ جايدا باشلاندى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ياكى ئۈچ ئەسىر كېيىن باشلانمىدى؟ بىز بۇنى بىلمەيمىز. ئالىملار نەچچە ئون تۈرلۈك نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

تارىخنىڭ مۇمكىنلىك دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، شۇنداقلا نۇرغۇن مۇمكىنلىكلەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ. خرىستىيان دىنى، رىم ئىمپېرىيەسى ۋە ئالتۇن تەڭگىمۇ بولمىغان بىر تارىخنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولغاندەك، پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى بىلەن ئۇچراشماي، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىدىغان بىر تارىخنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

4 ـ قىسىم
پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى

32.ئالاموگوردو، 1945-يىل 16-ئىيۇل، 05:29:53. تۇنجى ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندىن كېيىنكى سەككىز سېكۇنت. يادرو فىزىكىسى ئالىمى روبېرت ئوپپېنخېمېر26
پارتلاشنى كۆرگەندە، «باھاگاۋاد گىتا»دىن27 نەقىل كەلتۈرۈپ: «مەن ئەمدى ئۆلۈمگە، دۇنيالارنىڭ ۋەيران قىلغۇچىسىغا ئايلاندىم» دېگەن.

---

26 روبېرت ئوپپېنخېمېر (1904–1967)، ئامېرىكانىڭ نەزەرىيە فىزىكا ئالىمى. ئۇ ئاتوم بومبىسىنىڭ ئاتىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. ـت

27باھاگاۋاد گىتا– سانسىكرىتچە «ئىلاھىي كۈي» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھىندىلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرگە تەۋە سانسىكرىت يازمىلىرى، «ماھابارات داستانى»نىڭ پارچىلىرىدۇر. ـت

14. نادانلىقنىڭ بايقىلىشى

مۇبادا ئىسپانىيەلىك بىر دېھقان مىلادىيە 1000 ـ يىلى ئۇخلاپ قېلىپ، 500 يىلدىن كېيىن، كولۇمبونىڭ دېڭىزچىلىرى نىنيا، پىنتا ۋە سانتا مارىيا كېمىلىرىگە چىققان ۋاقىتتا ئويغانغان بولسا، دۇنيا ئۇنىڭغا تونۇش تۇيۇلغان بولاتتى. تېخنىكا، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە سىياسىي چېگرالاردىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرگە قارىماي، ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ رىپ ۋان ۋىنكل28 ئۆزىنى ئۆيىدىكىدەك ھېس قىلغان بولاتتى. ئەمما كولۇمبونىڭ دېڭىزچىلىرىدىن بىرى شۇنداق ئۇخلاپ قېلىپ، 21 ـ ئەسىردىكى ئايفوننىڭ زىل ئاۋازى بىلەن ئويغانغان بولسا، بەلكىم ئۆزىنى غەلىتە بىر دۇنيادا كۆرۈپ، «بۇ جەننەتمۇ ياكى دوزاخمۇ» دەپ سورىغان بولاتتى.

ئاخىرقى 500 يىل، ئىنسانلارنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولدى. 1500 ـ يىلى، پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 500 مىليون ئىنسان بار ئىدى. بۈگۈن، 7 مىليارد ئىنسان بار. 1500 ـ يىلى ئىنسانىيەت ياراتقان بايلىق ۋە مۇلازىمەتلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ھازىرقى پۇل بىلەن 250 مىليارد دوللار دەپ مۆلچەرلەنگەن. ھازىر ئىنسانلارنىڭ بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قىممىتى 60 تىرىليون دوللارغا يېقىن. 1500 ـ يىلى، ئىنسانلار كۈنىگە تەخمىنەن 13 تىرىليون كالورىيە ئېنېرگىيە ئىستېمال قىلاتتى. بۈگۈن، بىز كۈنىگە 1500 تىرىليون كالورىيە ئىستېمال قىلىمىز. (بۇ رەقەملەرگە يەنە بىر قېتىم قاراڭ ـ ئىنسان نوپۇسى 14 ھەسسە، ئىشلەپچىقىرىش 240 ھەسسە، ئېنېرگىيە ئىستېمالى 115 ھەسسە ئاشقان.)

زامانىۋى بىر ئۇرۇش پاراخوتى كولۇمبو دەۋرىگە قايتۇرۇلغان بولسا، بىر نەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا نىنيا، پىنتا ۋە سانتا مارىيا كېمىلىرىنى پارچىلىۋېتەلەيتتى ھەم شۇ دەۋردىكى بارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنى ھېچقانداق زىيان تارتمايلا چۆكتۈرەلەيتتى. بۈگۈن زامانىۋى بەش يۈك پاراخوتى ئۆتمۈشتە پۈتۈن دۇنيانىڭ سودا كېمىلىرى توشۇيدىغان يۈكنىڭ ھەممىسىنى توشۇيالايدۇ. زامانىۋى بىر كومپيۇتېر ئوتتۇرا ئەسىردىكى بارلىق كۇتۇپخانىلارغا قويۇلغان كىتاب ـ يازمىلاردىكى سۆز، رەقەملەرنى ئاسانلا ساقلىيالايدۇ.

---

28 رىپ ۋان ۋىنكىل -- ئامېرىكالىق يازغۇچى ۋاشىنگتون ئىرۋىڭ 1819-يىل ئېلان قىلدۇرغان بىر كىلاسسىك ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى. ھېكايىدە بايان قىلىنىشىچە، رىپ ۋان ۋىنكىل گوللاندىيە نەسىللىك ئامېرىكالىق دېھقان بولۇپ، بىر تاغدا ئۇخلاپ قېلىپ، 20 يىلدىن كېيىن ئويغانغان، ئامېرىكانىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى كۆرەلمەي قالغان. ھېكايىدە ئۆزگىرىش، زامان ۋە تارىخنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇگۈنكى ھەرقانداق چوڭ بانكا ئۆتمۈشتىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ پۇللىرى كۆپ پۇلغا ئىگە.

1500 ـ يىلى، ئاز ساندىكى شەھەرلەرنىڭلا نوپۇسى يۈز مىڭدىن ئاشاتتى. كۆپىنچە بىنالار لاي، ياغاچ ۋە ساماندىن ياسالغان بولۇپ، ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئاسمان ـ پەلەك بىنا ھېسابلىناتتى. كوچىلار بولسا پىيادىلەر، ئاتلار، ئۆچكىلەر، توخۇلار ۋە بىر قانچە هارۋىلار ماڭىدىغان كاداڭ يول بولۇپ، يازدا چاڭ ـ توزان، قىشتا پاتقاق بولاتتى. شەھەردە ئەڭ كۆپ ئاڭلىنىدىغان ئاۋازلار ئىنسان ۋە هايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى، بەزىدە بولقا ـ ھەرە ئاۋازلىرى ئىدى. كۈن پاتقاندا، شەھەر قاراڭغۇلۇققا چۆمۈپ، پەقەت ئارىلاپ يانغان شام ياكى مەشئەللەرلا كۆرۈنەتتى. شۇنداق بىر شەھەرنىڭ ئاھالىسى زامانىۋى توكيو، نيۇ ـ يورك ياكى بومباينى كۆرسە، نېمىلەرنى ئويلار ئىدى؟

16 ـ ئەسىردىن بۇرۇن، ھېچقانداق ئىنسان يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقمىغانىدى. بۇ ئەھۋال 1522 ـ يىلى، ماگېللاننىڭ ئەترىتى 72 مىڭ كىلومېتىرلىق سەپەردىن كېيىن ئىسپانىيەگە قايتىپ كەلگەندە ئۆزگەردى. بۇ سەپەرگە ئۈچ يىل ۋاقىت كەتتى ھەم ماگېللان قاتارلىق دېڭىزچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھاياتىغا زامىن بولدى. 1873 ـ يىلى، ژۇلى ۋېرن29 ئەنگلىيەلىك باي تەۋەككۈلچى فىلېئاس فوگنىڭ دۇنيانى 80 كۈندە ئايلىنىپ چىقالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغانىدى. بۈگۈن ئوتتۇرا تەبىقىلىك كىرىمى بار ھەرقانداق كىشى 48 سائەت ئىچىدە دۇنيانى بىخەتەر ۋە ئاسانلا ئايلىنىپ چىقالايدۇ.

1500 ـ يىلى، ئىنسانلار يەر شارىنىڭ يۈزىدىلا ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلار مۇنارلارنى ياساپ، تاغلارغا چىقالايتتى، ئەمما ئاسمان قۇشلار، پەرىشتىلەر ۋە ئىلاھلارغا تەۋە ئىدى. 1969 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇلدا ئىنسانلار ئايغا قەدەم باستى. بۇ پەقەت تارىخىي نەتىجىلا ئەمەس، بەلكى تاكامۇللۇق ۋە ئالەمشۇمۇل بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. ئالدىنقى 4 مىليارد يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھېچقانداق جانلىق يەر شارى ئاتموسفېراسىدىن چىقىپ باقمىغان، ئەلۋەتتە ھېچقايسىسى ئايغا پۇت ياكى پەنجە ئىزى قالدۇرمىغانىدى.

تارىخنىڭ كۆپ قىسمىدا، ئىنسانلار پىلانېتىمىزدىكى جانلىقلارنىڭ 99.99 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان مىكروئورگانىزملار ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتسىز بولغانلىقىدىن ئەمەس. ھەر بىرىمىزنىڭ ئىچىدە نەچچە مىليارد تاق ھۈجەيرىلىك جانلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار پەقەت تەييارتاپلارلا ئەمەس. ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرىمىز ۋە ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنلىرىمىزدۇر. بەزىلىرى يېمەكلىرىمىزنى ھەزىم قىلىپ، ئۈچەيلىرىمىزنى تازىلايدۇ، بەزىلىرى كېسەللىك ۋە ۋابالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقتىمۇ

---

29 ژۇلى ۋېرن (1828 ـ ـ 1905) فرانسىيەلىك يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ. ئۇنىڭ ئىلمىي فانتازىيەلىك رومانلىرى داڭ قازانغان.

پەقەت 1674 ـ يىلى، ئانتون ۋان لېۋېنهوك[30] ئۆزى ياسىغان مىكروسكوپتىن، بىر تامچە سۇدا كىچىككىنە جانلىقلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندىلا، ئىنسانلار تۇنجى قېتىم مىكروئورگانىزمنى كۆردى. كېيىنكى 300 يىل ئىچىدە، ئىنسانلار نۇرغۇن مىكروسكوپىك تۈرلەر بىلەن تونۇشتى. بىز ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئەجەللىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى يېڭەلىدۇق ھەمدە مىكروئورگانىزملارنى مېدىتسىنا ۋە سانائەت خىزمىتىگە سالدۇق. بۈگۈن بىز باكتېرىيەلەرنى دورا ئىشلەپچىقىرىش، بىئو يېقىلغۇ ياساش ۋە پارازىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتىمىز.

ئەمما ئۆتكەن 500 يىلدىكى ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر ۋەقە 1945 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇل سائەت 05 تىن 29 مىنۇت، 45 سېكونت ئۆتكەندە يۈز بەردى. دەل شۇ سېكۇنتتا، ئامېرىكىلىق ئالىملار نيۇ ـ مېكسىكىدىكى ئالاموگوردودا تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئىنسانىيەت پەقەت تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى تۈگىتىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولدى.

ئالاموگوردو ۋە ئايغا چىقىشقا تۈرتكە بولغان تارىخىي جەريان «پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىنقىلاب جەريانىدا ئىنسانىيەت ئىلمىي تەتقىقاتقا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق زور يېڭى كۈچلەرگە ئېرىشتى. بۇ بىر ئىنقىلاب، چۈنكى مىلادىيە 1500 ـ يىلغىچە، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار يېڭى تىببىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچلەرگە ئېرىشىش ئىقتىدارىغا گۇمان بىلەن قارايتتى. ھۆكۈمەت ۋە بايلار مائارىپ بىلەن ئىلىم ـ پەنگە مەبلەغ ئاجراتسىمۇ، ئۇلارنىڭ نىشانى ئاساسەن يېڭى ئىقتىدارلارغا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت ئىقتىدارلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. زامانىۋى دەۋردىن بۇرۇنقى ھۆكۈمدارلار ئادەتتە روھانىيلار، پەيلاسوپلار ۋە شائىرلارغا خانلىق ھاكىمىيەتنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش ئۈمىدىدە پۇل بېرەتتى؛ ئەمما ئۇلاردىن يېڭى دورىلارنى بايقاش، يېڭى قوراللارنى ئىجاد قىلىش ياكى ئىقتىسادىي گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش دېگەنلەرنى كۈتمەيتتى.

ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابىنىڭ ئايلانما تەسىر كۆرسىتىش ھالقىسى: ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پەقەتلا تەتقىقات يېتەرلىك ئەمەس. ئۇ ئىلىم ـ پەن، سىياسەت ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا كۈچەيتىشىگە تايىنىدۇ. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئاپپاراتلار بايلىق (مەنبە) بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ بايلىقلارسىز ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس.

---

30 ئانتون ۋان لېۋېنهوك (1632 ـ ـ 1723) گوللاندىيەنىڭ ئىلىم-پەن گۈللەنگەن دەۋرىدە ياشىغان بىئولوگىيە ئالىمى. ئۇ مىكروسكوپ ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ تەركىۋى ۋە قانۇنىيەتلىك تۈزۈلۈشىنى ئېنىقلىغان تۇنجى ئالىم بولغانلىقى ئۈچۈن، مىكروبىئولوگىيەنىڭ ئاتىسى دەپ قارىلىدۇ.

بۇنىڭ بەدىلىگە، ئىلمىي تەتقىقات يېڭى كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ بۇ كۈچ ـ قۇدرەت باشقا ئىشلار بىلەن بىرگە يەنە يېڭى بايلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بايلىقلارنىڭ بىر قىسمى قايتىدىن تەتقىقاتقا سېلىنىدۇ.



ئاخىرقى بەش ئەسىر جەريانىدا، ئىنسانلار ئىلمىي تەتقىقاتقا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئۆز ئىقتىدارلىرىنى ئاشۇرالايدىغانلىقىغا بارغانسېرى ئىشىنىشكە باشلىدى. بۇ قۇرۇق ئېتىقاد ئەمەس ئىدى ـ بۇ قايتا ـ قايتا تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. ئىسپاتلار قانچە كۆپ بولسا، باي كىشىلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر پەن ـ تېخنىكىغا شۇنچە كۆپ مەبلەغ سالغىلى تەييار بولدى. مۇنداق مەبلەغ سېلىشلار بولمىغان بولسا، بىز ئايغا چىقىش، مىكروئورگانىزملارنى قايتا لايىھەلەش ۋە ئاتومنى پارچىلاشقا ھەرگىز قادىر بولالمىغان بولاتتۇق. مەسىلەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يېقىنقى ئون يىللاردا يادرو فىزىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ ئاجراتتى. بۇ تەتقىقاتتىن كەلگەن بىلىملەر يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇشقا ئىمكان بەردى، بۇ ئىستانسىلار ئامېرىكا سانائىتىگە ئەرزان ئېلېكتىر تەمىنلەيدۇ، بۇ سانائەتلەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە باج تۆلەيدۇ، ھۆكۈمەت بۇ باجلارنىڭ بىر قىسمىنى يادرو فىزىكىسىنى تېخىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئىشلىتىدۇ.

زامانىۋى ئىنسانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تەتقىقات ئارقىلىق يېڭى كۈچلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى كۈچەيدى؟ پەن ـ تېخنىكا، سىياسەت ۋە ئىقتىسادنى باغلايدىغان رىشتە قانداق شەكىللەندى؟ بۇنىڭغا قىسمەن بولسىمۇ جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بۇ بابتا زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ ئۆزگىچە تەبىئىتىگە قاراپ چىقىمىز. كېيىنكى ئىككى بابتا پەن ـ تېخنىكا، ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرى ۋە كاپىتالىزم ئىقتىسادى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

بىز بىلمەيمىز

ئىنسانلار ئەقىل ئىنقىلابىدىن باشلاپلا كائىناتنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت دۇنياسىنى باشقۇرىدىغان قانۇنىيەتلەرنى بايقاش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلغان. بىراق زامانىۋى پەن ئىلگىرىكى بارلىق بىلىم ئەنئەنىلىرىدىن ئۈچ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ:

1. بىلمەسلىكنى ئېتىراپ قىلىش ئىرادىسى. زامانىۋى پەن لاتىنچە «ئىگنوراموس» ـ «بىز بىلمەيمىز» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسلانغان. ئۇ بىزنىڭ ھەممىنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى پەرەز قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، بىز تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشكىنىمىزدە، ئىلگىرى بىلىمىز دەپ قارىغان نەرسىلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى مۇمكىنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھېچقانداق چۈشەنچە، ئىدىيە ياكى نەزەرىيە مۇقەددەس ئەمەس، ھەممىسى سوئال ـ سوراقتىن خالىي بولالمايدۇ.

2) كۆزىتىش ۋە ماتېماتىكىنىڭ مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇشى. بىلمەسلىكنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، زامانىۋى پەن يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشىشنى نىشان قىلىدۇ. يېڭى بىلىمگە ئېرىشىش بولسا كۆزىتىشلەرنى توپلاش، ئاندىن ئۇنى ماتېماتىكىلىق قوراللار ئارقىلىق مۇكەممەل نەزەرىيەلەرگە باغلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3) يېڭى كۈچلەرگە ئېرىشىش. زامانىۋى پەن پەقەت نەزەرىيەلەرنى يارىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ بۇ نەزەرىيەلەرنى يېڭى كۈچلەرگە، بولۇپمۇ يېڭى تېخنىكىلارنى يارىتىشقا ئىشلىتىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلاۋى بىر بىلىم ئىنقىلابى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاساسەن بىلمەسلىك ئىنقىلابى ئىدى. پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنى باشلىغان چوڭ بايقاش شۇكى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى تېخى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدى.

زامانىۋى دەۋردىن بۇرۇنقى ئىسلام، خرىستىيان، بۇددا ۋە كونفۇزىچىلىققا ئوخشاش بىلىم ئەنئەنىلىرى دۇنيا ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق مۇھىم نەرسىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن مەلۇم ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. ئۇلۇغ ئىلاھلار، ھەممىگە قادىر بىر مۇتلەق تەڭرى ياكى قەدىمكى دانىشمەنلەر ھەممىنى بىلىدىغان دانالىققا ئىگە بولۇپ، بۇنى بىزگە مۇقەددەس كىتابلار ۋە ئېغىزاكى مەدەنىيەت (ئەنئەنە) ئارقىلىق يەتكۈزگەن. ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ قەدىمىي كىتابلار ۋە ئەنئەنىلەرنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ھەم توغرا چۈشىنىش ئارقىلىق بىلىمگە ئېرىشەتتى. ئىنجىل، قۇرئان ياكى نوملاردا كائىناتنىڭ مۇھىم بىر سىرى——گۆش ـ قان بىلەن پۈتۈلگەن مەخلۇقلار تېخى بايقىمىغان بىر سىرنىڭ كەم قالغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنمايتتى.

قەدىمكى بىلىم ئەنئەنىلىرى پەقەت ئىككى خىل بىلمەسلىكنى ئېتىراپ قىلاتتى. بىرىنچىسى، بىر شەخس مۇھىم بىر نەرسىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. زۆرۈر بولغان بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇ پەقەت دانىشمەنراق بىرىدىن سورىسىلا بولاتتى، تېخى ھېچكىم

بىلمەيدىغان بىر نەرسىنى بايقاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەسىلەن، 13 ـ ئەسىردىكى يوركشىر يېزىسىدىكى[31] بىر دېھقان ئىنسان ئىرقىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلمەكچى بولسا، خىرىستىيان دىنىدا ئېنىق جاۋاب بار دەپ ئويلايتتى ھەم يەرلىك پوپتىن سورىسىلا بولاتتى.

ئىككىنچىسى، پۈتۈن بىر ئەنئەنە مۇھىم بولمىغان نەرسىلەرنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلۇغ ئىلاھلار ياكى قەدىمكى دانىشمەنلەر بىزگە ئېيتىپ بېرىشنى خالىمىغان ھەرقانداق نەرسە مۇھىم ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، ئەگەر بىزنىڭ يوركشىر دېھقىنىمىز ئۆمۈچۈكلەرنىڭ قانداق تور توقۇيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسا، پوپتىن سوراشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى، چۈنكى خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا بۇ سوئالغا جاۋاب يوق ئىدى. بىراق بۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئۆمۈچۈكلەرنىڭ قانداق تور توقۇيدىغانلىقىنى بىلىشنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتەتتى. چۈنكى خۇدا بەربىر ئۆمۈچۈكلەرنىڭ قانداق تور توقۇيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئەگەر بۇ، ئىنسانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە نىجاتلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىم ئۇچۇر بولسا، خۇدا ئۇنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشىنى ئىنجىلغا كىرگۈزگەن بولاتتى.

خىرىستىيان دىنى كىشىلەرنىڭ ئۆمۈچۈكلەرنى تەتقىق قىلىشىنى چەكلىمىگەن. ئەمما ئۆمۈچۈك تەتقىقاتچىلىرى ـ ئەگەر ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپادا بولغان بولسا ـ جەمئىيەتتىكى ئېتىبارسىز ئورنىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بايقاشلىرىنىڭ خىرىستىيان دىنىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. بىر ئالىم ئۆمۈچۈكلەر، كېپىنەكلەر ياكى گالاپاگوس قۇشلىرى ھەققىدە نېمىنى بايقىسۇن، بۇ بىلىم پەقەت ئۇششاق ـ چۈششەك مەلۇمات بولۇپ، جەمئىيەت، سىياسەت ۋە ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ھەقىقەتلىرىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئىشلار ھېچقاچان بۇنچىلىك ئاددىي بولمىغان. ھەر دەۋردە، ھەتتا دىن كۈچەيگەن ئەڭ مۇتەئەسسىپ دەۋرلەردىمۇ، پۈتۈن ئەنئەنىدە ئىنسانلار بىلمەيدىغان مۇھىم نەرسىلەر بارلىقىنى مۇنازىرە قىلغان كىشىلەر بولغان. بىراق بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە چەتكە قېقىلغان ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان؛ ياكى ئۇلار يېڭى بىر ئەنئەنە قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان. مەسىلەن، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ دىنىي ھاياتىنى ئىلاھىي ھەقىقەتتىن بىخەۋەر ياشاۋاتقان ئەرەب قېرىنداشلىرىنى ئەيىبلەش بىلەن باشلىغان. بىراق مۇھەممەد ئۆزىمۇ ناھايىتى تېزلا تولۇق ھەقىقەتنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشقا باشلىغان ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ

31 ئەنگىلىيەدىكى تارىخىي يېزىلار بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى يورك بازىرى ئىدى. ئۇ جايغا ئىنسانلارنىڭ ماكانلىشىشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 8000 ـ يىللارغا، يەنى مۇز ئېراسىدىن كېيىنكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارالماقتا. ـ ت

ئاتاشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەممەدكە ئاتا قىلىنغان ۋەھيىدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسىتەلمىگەن.

زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ ئۆزگىچە ئەنئەنىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىلىم ـ پەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى تېخى بىلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىدۇ. دارۋىن ئۆزىنى «بىئولوگىلارنىڭ پىرى» دەپ دەۋا قىلمىغان ۋە ھاياتلىق سىرىنى بىر يوللا ھەل قىلدىم دېمىگەن. نەچچە ئەسىرلىك كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي تەتقىقاتتىن كېيىن، بىئولوگىلار مېڭىنىڭ ئاڭ ـ سەزگۈنى قانداق ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى تېخى چۈشەندۈرەلمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. فىزىكىلار چوڭ پارتلاشنىڭ نېمىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، كۋانتۇم ھەرىكىتى بىلەن ئومۇمىي نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى قانداق بىرلەشتۈرۈشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

بەزى ئەھۋالدا، رىقابەتتىكى ئىلمىي نەزەرىيەچىلەر ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان يېڭى دەلىللەر ئاساسىدا داۋاملىق مۇنازىرە قىلىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىقتىسادنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدىكى مۇنازىرىلەردۇر. گەرچە بەزى ئىقتىسادشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى ئەڭ ياخشى دەپ دەۋا قىلسىمۇ، ھەر قېتىملىق پۇل ـ مۇئامىلە كرىزىسى ۋە پاي چېكى بازىرى كۆپۈكى بىلەن ئەنئەنىۋى قاراشلار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىقتىساد ھەققىدە مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقىنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ.

يەنە بەزى ئەھۋالدا، مەلۇم نەزەرىيىلەر مەۋجۇت دەلىللەر تەرىپىدىن ئىزچىل قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەنلىكى ئۈچۈن، باشقا قاراشلار بۇرۇنلا يوقاپ كەتكەن. بۇنداق نەزەرىيىلەر ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ، بىراق بۇ نەزەرىيىگە زىت كېلىدىغان يېڭى دەلىللەر ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭغا قايتا باھا بېرىش ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىگە ھەممە ئادەم قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ ياخشى مىساللىرى يەر قاتلىمى ھەرىكىتى نەزەرىيىسى ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدۇر.

بىلمەسلىكنى ئېتىراپ قىلىش ئىرادىسى زامانىۋى ئىلىم ـ پەننى ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىلىم ئەنئەنىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق، ھەرىكەتچان ۋە ئىزدىنىشچان قىلدى؛ بۇ دۇنيانىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىمىزنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. بىراق بۇ بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى دۇچ كەلمىگەن جىددىي مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىزنىڭ ھەممىنى بىلمەيدىغانلىقىمىز ۋە ئىگە بولغان بىلىملىرىمىزنىڭمۇ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز، مىليونلىغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىششىغا ئىمكان بېرىدىغان ئورتاق ئەپسانىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئەگەر دەلىللەر بۇ ئەپسانىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، جەمئىيەتنى قانداق بىرلىككە كەلتۈرەلەيمىز؟ جامائەتلىرىمىز، دۆلەتلىرىمىز ۋە خەلقئارالىق سىستېمىمىز ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرىدۇ؟

يېقىنقى زاماندا ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق ئۇرۇنۇشلار تۆۋەندىكى ئىككى ئىلمىي بولمىغان ئۇسۇلنىڭ بىرىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغان:

1) بىر ئىلمىي نەزەرىيىنى ئېلىپ، ئادەتتىكى ئىلمىي پرىنسىپلارغا قارشى ھالدا، ئۇنى ئاخىرقى ۋە مۇتلەق ھەقىقەت دەپ جاكارلاش. بۇ ناتسىستلار (ئۆزلىرىنىڭ ئىرقچىلىق سىياسەتلىرىنى بىئولوگىيىلىك پاكىتلارنىڭ نەتىجىسى دەپ دەۋا قىلغان) ۋە كوممۇنىستلار (ماركس بىلەن لېنىن ھېچقاچان رەت قىلىنمايدىغان مۇتلەق ئىقتىسادىي ھەقىقەتلەرنى بايقىغانلىقىنى دەۋا قىلغان) قوللانغان ئۇسۇل.

2. پەننى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئىلمىي بولمىغان مۇتلەق ھەقىقەتكە ئاساسەن ياشاش. بۇ لىبېرال ئادەمىيەتچىلىكنىڭ ئىستراتېگىيىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزگىچە قىممىتى ۋە ھوقۇقلىرىغا بولغان دوگماتىك ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەمما كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان يېرى شۇكى، بۇ نەزەرىيە بىلەن ھومو ساپىيانس ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئورتاق يېرى يوق دېيەرلىك.

لېكىن بۇ بىزنى ھەيران قالدۇرماسلىقى كېرەك. ھەتتا پەننىڭ ئۆزىمۇ ئۆز تەتقىقاتىنى ئاقلاش ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن دىنىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك ئىشەنچلەرگە تايىنىشقا مەجبۇر.

شۇنداقتىمۇ زامانىۋى مەدەنىيەت ئىلگىرىكى ھەرقانداق مەدەنىيەتكە قارىغاندا، بىلمەسلىكنى تېخىمۇ چوڭ دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىشقا رازى بولغان. زامانىۋى ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنىڭ بىرلىككە كېلەلىشىگە ئىمكان بەرگەن ئامىللارنىڭ بىرى، تېخنىكا ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا بولغان ئىشەنچ دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇتلەق ھەقىقەتلەرگە بولغان ئىشەنچنىڭ ئورنىنى ئالغان.

پەننىي دوگما

زامانىۋى پەندە دوگما (قارىغۇلارچە ئىشىنىش) يوق. بىراق ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىڭ ئورتاق ئاساسى بار بولۇپ، ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق كۆزىتىشكە ــ يەنى سەزگۈ ئەزالىرىمىزنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىرى بىلەن بايقىيالايدىغان نەرسىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇلارنى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈشكە تايىنىدۇ.

تارىخ بويىچە كىشىلەر ئەمەلىي كۆزىتىشلەرنى توپلىغان، ئەمما بۇ كۆزىتىشلەرنىڭ ئەھمىيىتى چەكلىك بولغان. بىزگە كېرەكلىك بارلىق جاۋابلار بار تۇرسا، نېمىشقا قىممەتلىك مەنبەلەرنى يېڭى كۆزىتىشلەرگە ئىسراپ قىلىمىز؟ بىراق كېيىنكى ئىنسانلار بەزى مۇھىم سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندا، پۈتۈنلەي يېڭى بىلىملەرنى ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن زامانىۋى تەتقىقات ئۇسۇلى مۇقەررەر ھالدا كونا بىلىملەرنى يېتەرسىز ھېسابلىدى. كونا بىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا، يېڭى كۆزىتىش ۋە تەجرىبىلەرگە ئەھمىيەت بەردى.

هازىر ئەگەر يېڭى كۆزىتىشلەر بۇرۇنقى ئەنئەنە بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا، بىز ئالدى بىلەن كۆزىتىشنى تاللايمىز.

ئەلۋەتتە، يىراق ئالەمدىكى گالاكسىلارنىڭ سپېكترلىرىنى 32 تەھلىل قىلغۇاتقان فىزىكلار، برونزا دەۋرىدىكى شەھەرنىڭ تېپىلمىلىرىنى تەتقىق قىلغۇاتقان ئارخېئولوگلار ۋە كاپىتالىزمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۆگىنىۋاتقان سىياسەت ئالىملىرى ئەنئەنىنى رەت قىلمايدۇ. ئۇلار تەتقىقاتنى ئۆتمۈشتىكى دانىشمەنلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە يازمىلىرىنى ئۆگىنىشتىن باشلايدۇ. بىراق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپلا، كەلگۈسىدىكى فىزىكلار، ئارخېئولوگلار ۋە سىياسەت ئالىملىرىغا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئېينىشتېين، ھېنرىخ شلىمان 33 ۋە ماكس ۋېبېرنىڭ34 بىلگەنلىرىدىن ھالقىپ كېتىش ئىكەنلىكى ئۆگىتىلىدۇ.

بىراق پەقەت كۆزىتىشلەرلا بىلىم ھېسابلانمايدۇ. كائىناتنى چۈشىنىش ئۈچۈن، كۆزىتىشلەرنى مۇكەممەل نەزەرىيىلەرگە باغلىشىمىز كېرەك. بۇرۇنقى ئەنئەنىلەر ئادەتتە ئۆز نەزەرىيىلىرىنى ھېكايىلەر شەكلىدە ئىپادىلىگەن. زامانىۋى پەن بولسا ماتېماتىكىنى قوللىنىدۇ.

ئىنجىل، قۇرئان، نوم ياكى كۇڭزىنىڭ كىتابلىرىدا تەڭلىمە، گرافىك ۋە ھېسابلاشلار بەك ئاز ئۇچرايدۇ. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلاردا ئومۇمىي قانۇنلار بەلگىلەنگەندە، ئۇلار ماتېماتىكىلىق شەكىلدە ئەمەس، ھېكايە شەكلىدە بېرىلگەن. مەسىلەن، مانى دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى دۇنيانىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مەيدانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. يامان كۈچ ماددىنى، ياخشى كۈچ روھنى ياراتقان. ئىنسانلار بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا قاپسىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ياخشىلىقنى تاللىشى كېرەك. بىراق پەيغەمبەر مانى بۇ ئىككى كۈچنىڭ نىسپىي كۈچىنى سانلار بىلەن ئىپادىلەپ، ئىنسانلارنىڭ تاللاشلىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەيدىغان ماتېماتىكىلىق فورمۇلا بېرىشكە ئۇرۇنمىغان. ئۇ ھېچقاچان «ئىنسانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچ ئۇنىڭ روھىنىڭ تېزلىنىشىنى تېنىنىڭ ماسسىسىغا بۆلگەنگە تەڭ» دەپ ھېسابلىمىغان.

---

32 سپېكتىر (Spectrum) كائىناتتىكى ئېلېكتىر ـ ماگنېتلىق رادىئاتسىيەدىن ھاسىل بولىدىغان نۇر، نۇر سىزىقلىرى ۋە شەكىللەر. بۇنىڭ بەزىلىرىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، (مەسىلەن ھەسەن ـ ھۈسەندىكى رەڭلەر)، بەزىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ـ ت

33ھېنرىخ شلىمان (1822 ـ ـ 1890) گېرمانىيەلىك سودىگەر ۋە ئارخېئولوگىيە ھەۋەسكارى.

34 ماكس ۋېبېر (1864 ـ ـ 1920) گېرمانىيەلىك جەمئىيەتشۇناس.

بۇ دەل ئالىملارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىشىدۇر. 1687 ـ يىلى، ئىسھاق نيۇتون زامانىۋى تارىختىكى ئەڭ مۇھىم كىتاب دەپ قارالغان «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپلىرى»نى نەشر قىلدى. نيۇتون ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىشنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نيۇتون نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇكى، ئۇ دەرەختىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئالمىدىن تارتىپ ئېتىلغان يۇلتۇزلارغىچە، كائىناتتىكى بارلىق جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈچ ئاددىي ماتېماتىكىلىق قانۇن ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بىر زەمبىرەك ئوقى ياكى پلانېتىنىڭ ھەرىكىتىنى بىلمەكچى ۋە مۆلچەرلىمەكچى بولغان كىشى پەقەت جىسىمنىڭ ماسسىسى، يۆنىلىشى، تېزلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان كۈچلەرنى ئۆلچىسىلا بولاتتى. بۇ سانلارنى نيۇتوننىڭ تەڭلىمىلىرىگە قويۇش ئارقىلىق، جىسىمنىڭ كەلگۈسىدىكى ئورنىنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولاتتى. بۇ سېھىردەك ئىشلەيتتى. پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندىلا، ئالىملار نيۇتون قانۇنلىرىغا ماس كەلمەيدىغان بىر قانچە بايقاشقا دۇچ كەلدى. بۇلار فىزىكىدىكى كېيىنكى ئىنقىلابلارغا ـ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت مېخانىكىسىغا ئېلىپ باردى.

نيۇتون تەبىئەت كىتابىنىڭ ماتېماتىكا تىلىدا يېزىلغانلىقىنى كۆرسەتتى. بەزى بابلار (مەسىلەن) ئېنىق بىر تەڭلىمىگە يىغىنچاقلىنىدۇ؛ بىراق بىئولوگىيە، ئىقتىساد ۋە پسىخولوگىيەنى نيۇتوننىڭ تەڭلىمىلىرىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئالىملار بۇ تەڭلىمىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭغا ئۇرۇنۇشنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ ماتېماتىكىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرمەيتتى. ئۆتكەن 200 يىل ئىچىدە رېئاللىقنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ تەرەپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ماتېماتىكىنىڭ يېڭى بىر تارمىقى ـ ستاتىستىكا ئىلمى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

1744 ـ يىلى، شوتلاندىيەلىك ئىككى پوپ ——ئالېكساندىر ۋېبستېر ۋە روبېرت ۋاللاس قازا قىلغان دىن خادىملىرىنىڭ تۇل خوتۇنلىرى بىلەن يېتىم باللىرىغا نەپىقە بېرىدىغان تۇرمۇش كاپالەت فوندى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇلار چېركاۋدىكى ھەر بىر دىن خادىمىنىڭ كىرىمىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى فوندقا تۆلەپ، فوندنىڭ بۇ پۇلنى مەبلەغ قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەگەر بىر دىن خادىمى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ تۇل خوتۇنى فوندنىڭ پايدىسىدىن نېسىۋە ئالالايتتى. بۇ ئۇنىڭ قالغان ئۆمرىدە راھەت ياشىشىغا ئىمكان بېرەتتى.

فوندنىڭ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى ھەمدە دىن خادىملىرىنىڭ قانچىلىك پۇل تۆلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، ۋېبستېر بىلەن ۋاللاس ھەر يىلى قانچە دىن خادىمىنىڭ ۋاپات بولىدىغانلىقى، قانچە تۇل خوتۇن ۋە يېتىم بالا قالىدىغانلىقى، شۇنداقلا تۇل خوتۇنلارنىڭ ئېرىدىن قانچە يىل ئۇزۇن ياشايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئىككى چېركاۋ خادىمىنىڭ نېمە قىلمىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. ئۇلار خۇدادىن ۋەھيى چۈشۈشنى تىلىمىدى. مۇقەددەس كىتابلاردىن ياكى قەدىمكى دىن ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن جاۋاب ئىزدىمىدى. ئۇلار ساپ پەلسەپىۋى مۇنازىرىگىمۇ كىرمىدى. ئۇلار شوتلاندىيەلىك بولغاچقا، ئەمەلىيەتچى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئېدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا پروفېسسورى كولىن ماكلاۋرىن بىلەن ئالاقىلاشتى. ئۇلار ئۇچەيلەن كىشىلەرنىڭ قايسى ياشتا ۋاپات بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى توپلاپ، بۇلارنى نەپىقە بېرىلگەن يىلدا قانچە دىن خادىمىنىڭ ۋاپات بولۇش ئېھتىماللىقىنى ھېسابلاشقا ئىشلەتتى.

ئۇلارنىڭ خىزمىتى ستاتىستىكا ۋە ئېھتىماللىق ساھەسىدىكى بىر قانچە مۇھىم ئىلگىرىلەشكە ئاساسلانغان ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى ياكوب بېرنۇللىنىڭ چوڭ سانلار قانۇنى. بېرنۇللى مەلۇم بىر ۋەقەنى، مەسىلەن مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئۆلۈمىنى ئېنىق مۆلچەرلەش قىيىن بولسىمۇ، كۆپلىگەن ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ ئوتتۇرىچە نەتىجىسىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئېنىق مۆلچەرلەش مۇمكىن دېگەن پرىنسىپنى كودلاشتۇرغان. يەنى، ماكلاۋرىن ماتېماتىكىنى ئىشلىتىپ ۋېبستېر ۋە ۋاللاسنىڭ كېلەر يىلى ئۆلۈپ كېتىدىغان-كەتمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمىسىمۇ، يېتەرلىك مەلۇمات بولسا، شوتلاندىيەدىكى قانچە پوپنىڭ كېلەر يىلى ئۆلىدىغانلىقىنى ئاساسەن ئېنىق ئېيتالايتتى.

ياخشى يېرى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشلىتەلەيدىغان تەييار مەلۇماتلىرى بار ئىدى. ئەللىك يىل بۇرۇن ئېدموند خاللېي نەشر قىلغان سۇغۇرتا ھېسابچىسى جەدۋەللىرى ئالاھىدە پايدىلىق بولدى. خاللېي گېرمانىيەنىڭ برېسلاۋ شەھرىدىن ئېرىشكەن 1,238 نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇپ، 1,174 نوپۇسنىڭ ئۆلگەنلىك دەپتىرىنى تەھلىل قىلغان. خاللېينىڭ جەدۋەللىرى يىگىرمە ياشلىق بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر يىلدا ئۆلۈش ئېھتىماللىقىنىڭ يۈزدە بىر پىرسەنت، ئەمما ئەللىك ياشلىق بىر كىشىنىڭ يۈزدە 39 پىرسەنت ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە ئىمكان بەردى.

ۋېبستېر ۋە ۋاللاس بۇ سانلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر زامان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 930 شوتلاندىيە دىن خادىمى ھايات ياشايدۇ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 27 دىن خادىمى ۋاپات بولىدۇ، بۇلاردىن ئون سەككىزىنىڭ خوتۇنى تۇل قالىدۇ، تۇل خوتۇن قالدۇرمىغانلارنىڭ بەشى يېتىم باللارنى قالدۇرىدۇ، تۇل خوتۇن قالدۇرغانلارنىڭ ئىككىسى ئىلگىرىكى نىكاھتىن بولغان ۋە 16 ياشقا تولمىغان باللارنى قالدۇرىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ئۇلار يەنە تۇل خوتۇنلار قايتا ئەرگە تەگكىچە ياكى ۋاپات بولغىچە (بۇ ئىككى ئەھۋالدا نەپىقە بېرىش توختايدۇ) قانچىلىك ۋاقىت ئۆتىدىغانلىقىنى ھېسابلىدى. بۇ رەقەملەر ۋېبستېر ۋە ۋاللاسقا فوندقا قاتناشقان دىن خادىملىرىنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل تۆلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەش ئىمكانىيىتى بەردى. يىللىق 2 فۇنت 12 شىللىڭ 2 پېنىنى تۆلەش ئارقىلىق، بىر دىن خادىمى تۇل قالغان ئايالىنىڭ يىلىغا ئەڭ ئاز 10 فۇنت ئالالىشىغا كاپالەتلىك قىلالايتتى. ئۇ زاماندا بۇ خېلى كۆپ پۇل ئىدى. كىمكى بۇنى

يېتەرلىك ئەمەس دەپ ئويلىسا، يىللىقى 6 فۇنت 11 شىللىڭ 3 پېنىنغچە تۆلەشنى تالىيالايتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى يىللىقى 25 فۇنت پۇل ئالالىشقا كاپالەتلىك قىلالايتتى.

ئۇلارنىڭ ھېسابلىشىچە، 1765-يىلىغا كەلگەندە شوتلاندىيە چېركاۋى دىن خادىملىرىنىڭ تۇل خوتۇن، يېتىم باللىرى ئۈچۈن ئاتىغان تەمىنات فوندى كاپىتالى جەمئىي 58,348 فۇنتقا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابلىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە توغرا چىقتى. شۇ يىل كەلگەندە، فوندنىڭ كاپىتالى 58,347 فۇنت بولدى، مۆلچەردىن پەقەت 1 فۇنتلا كەم! بۇ ھەتتا ھاباكۇك35، يەرەمىيا36 ياكى مۇقەددەس يۇھانانىڭ37 پەيغەمبەرلىكلىرىدىنمۇ ياخشى ئىدى. ۋېبستېر ۋە ۋاللاسنىڭ بۈگۈن «شوتلاندىيە تۇل خوتۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ فوندى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پېنسىيە ۋە سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 100 مىليارد فۇنتلۇق مەبلىغى بىلەن، پەقەت شوتلاندىيەلىك تۇل خوتۇنلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۇغۇرتىسىنى سېتىۋالماقچى بولغان ھەرقانداق كىشىنى سۇغۇرتا قىلىدۇ.

شوتلاندىيەلىك ئىككى دىن خادىمى قوللانغان ئېھتىماللىق ھېسابلاشلىرى پەقەت پېنسىيە ۋە سۇغۇرتا ئىشلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ھېساب-كىتاب ئىلمىنىڭلا ئەمەس، يەنە بىر ئەنگلىيە چېركاۋى دىن خادىمى روبېرت مالتۇس ئاساس سالغان دېموگرافىيە (نوپۇسشۇناسلىق) ئىلمىنىڭمۇ ئاساسى بولۇپ قالدى. دېموگرافىيە كېيىن چارلز دارۋىن (ئۇ دەسلەپتە ئەنگلىيە چېركاۋى پوپى بولماقچى ئىدى) نىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى. مەلۇم شارائىت ئاستىدا قانداق ئورگانىزمنىڭ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەيدىغان تەڭلىمىلەر بولمىسىمۇ، گېنېتىكا ئالىملىرى مەلۇم بىر مۇتاتسىيەنىڭ مەلۇم بىر نوپۇستا تارقىلىش ئېھتىماللىقىنى ھېسابلاشتا ئېھتىماللىق ھېسابلاشلىرىنى قوللىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئېھتىماللىق مودېللىرى ئىقتىساد، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، سىياسىي ئىلىم ۋە باشقا ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەنلەرنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. ھەتتا فىزىكىمۇ

35 ھاباكۇك — مىلادىدىن بۇرۇن 6-ئەسىردە ئۆتكەنلىكى قەيت قىلىنغان يەھۇدى پەيغەمبىرى. -ت

36 يەرەمىيا — قەدىمكى مىسىردا ئۆتكەن يەھۇدىي پەيغەمبىرى، ئىنجىلدا ئىسمى ئۇچرايدۇ، «يىغلايدىغان پەيغەمبەر» دېگەن مەنىدە. -ت

37 مۇقەددەس يۇھانانا — مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-يىلدىن مىلادىدىن كېيىنكى 30-يىلغىچە ياشىغان يەھۇدىي پەيغەمبىرى، ئىسا پەيغەمبەرنى يۇيۇندۇرغان زات، ئىسلام دىنىدا ئۇ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالام دەپ قارىلىدۇ.

ئاخىردا نيۇتوننىڭ كلاسسىك تەڭلىمىلىرىگە كۋانت مېخانىكسىنىڭ ئېھتىماللىق ئامىللىرىنى قوشتى.

بىز پەقەت مائارىپ تارىخىغا قارىساقلا، بۇ جەرياننىڭ بىزنى قانچىلىك ئالغا ئىلگىرىلەتكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. كۆپىنچە تارىخىي دەۋردە، ماتېماتىكا ئوقۇغۇچىلۇق كىشىلەرمۇ بەك چوڭقۇرلاپ كەتمەيدىغان سىرلىق ساھە ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا، لوگىكا (ئىلمىي مەنتىق)، گراممатىكا ۋە ئىستىلىستىكا مائارىپنىڭ يادروسى بولۇپ، ماتېماتىكا ئۆگىتىش ئادەتتە ئاددىي ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيەدىن ھالقىمايتتى. ھېچكىم ستاتىستىكا ئۆگەنمەيتتى. بارلىق پەنلەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىلاھىيەت ئىلمى ئىدى.

بۈگۈن ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارلا ئىستىلىستىكا ئۆگىنىدۇ؛ لوگىكا پەقەت پەلسەپە فاكۇلتېتلىرىدا، ئىلاھىيەت بولسا دىنىي مۇنازىرە دەرسلىرىدە ئۆتۈلىدۇ. ھالبۇكى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ ياكى مەجبۇرلىنىدۇ. كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا توغرىلىقى يۇقىرى ئىلىم ـ پەنگە مايىل بولدى ۋە ماتىماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ توغرىلىققا ئېرىشىلمە بەردى. ھەتتا ئەنئەنىۋى ئادەمىيەت پەنلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىنسان تىلى (تىلشۇناسلىق) ۋە ئىنسان پسىخىكىسى (پسىخولوگىيە) تەتقىقاتىمۇ بارغانسېرى ماتېماتىكىغا تايىنىپ، ئۆزلىرىنى پەن سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا.

ستاتىستىكا كۇرسلىرى ھازىر پەقەت فىزىكا ۋە بىئولوگىيەدىلا ئەمەس، بەلكى پسىخولوگىيە، سوتسىئولوگىيە، ئىقتىساد ۋە سىياسىي پەنلەردىمۇ ئاساسىي تەلەپكە ئايلاندى. مەن ئىشلەۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېتتىكى پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دەرس تىزىملىكىدە، تۇنجى مەجبۇرىي دەرس «پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ستاتىستىكا ۋە مېتودولوگىيە ھەققىدە ساۋات » بولۇپ، ئىككىنچى يىللىق پسىخولوگىيە ئوقۇغۇچىلىرى «پسىخولوگىيەلىك تەتقىقاتتىكى ستاتىستىكىلىق ئۇسۇللار»نى ئۆگىنىشى كېرەك.

ئەگەر سىز كۇڭزى، بۇددا، ئەيسا ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە «ئىنسان زېھنىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ستاتىستىكا ئۆگىنىش كېرەك» دېسىڭىز، ئۇلار ھەيران قالغان بولاتتى.

بىلىم كۈچتۇر

دۇنيادىكى 7 مىليارد كىشى ئىچىدە، قانچە كىشى كۋانتۇم مېخانىكىسى، ھۈجەيرە بىئولوگىيەسى ياكى ماكرو ئىقتىسادنى بىلىدۇ؟ زامانىۋى پەننى چۈشىنىشتە كۆپ ئادەم قىينىلىدۇ، چۈنكى ئەقلىمىز ئۇنىڭ ماتېماتىكىلىق تىلىنى ئاسان ھەزىم قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ بايقاشلىرى كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى چۈشەنچىمىزگە زىت كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىلىم ـ پەن بىزگە يېڭى كۈچ ئاتا قىلغاچقا زور ئىناۋەتكە ئىگە. پرېزىدېنتلار ۋە گېنېراللار يادرو

فىزىكىسنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار يادرو بومبىسىنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

1620 ـ يىلى فىرانسىس باكون «يېڭى قورال» ناملىق ئىلمىي بايانىنامە ئېلان قىلىپ، «بىلىم كۈچتۇر» دەپ كۆرسەتتى. «بىلىم»نىڭ ھەقىقىي سىنىقى ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئەمەس، بەلكى بىزگە كۈچ بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىدۇر. ئالىملار ئادەتتە ھېچقانداق نەزەرىيەنىڭ 100 پىرسەنت توغرا ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. شۇڭا، ھەقىقەت بىلىمنى سىناشتا ياخشى ئۆلچەم ئەمەس، بىلىمنى ھەقىقىي سىنايدىغان نەرسە ئۇنىڭ پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىقىدۇر. بىزنى يېڭى ئىشلارنى قىلىشقا قادىر قىلىدىغان نەزەرىيە بىلىم ھېسابلىنىدۇ.

ئەسىرلەر داۋامىدا، ئىلىم ـ پەن بىزگە نۇرغۇن يېڭى قوراللارنى تەقدىم قىلدى. بەزىلىرى ئۆلۈم نىسبىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۆسۈشنى مۆلچەرلەشتە قوللىنىلىدىغان ئىلمىي ئۇسۇللار، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى تېخنىكىلىق قوراللاردۇر. پەن بىلەن تېخنىكا ئوتتۇرىسىدا شۇنداق كۈچلۈك باغلىنىش شەكىللەندىكى، بۈگۈن كىشىلەر بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىز كۆپ ھاللاردا يېڭى تېخنىكىلارنى ئىلمىي تەتقىقاتسىز يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، يېڭى تېخنىكىلارنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدىغان تەتقىقاتنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق دەپ ئويلايمىز.

ئەمەلىيەتتە، پەن بىلەن تېخنىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى يېڭى بىر ھادىسە. 1500 ـ يىلدىن بۇرۇن، پەن ۋە تېخنىكا پۈتۈنلەي ئايرىم ساھەلەر ئىدى. باكون 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئىككىسىنى باغلىغاندا، بۇ ئىنقىلابىي بىر پىكىر ئىدى. 17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەردە بۇ مۇناسىۋەت كۈچەيگەن بولسىمۇ، پەقەت 19 ـ ئەسىردىلا چىڭ باغلاندى. ھەتتا 1800 ـ يىللىرىمۇ، كۈچلۈك ئارمىيە قۇرماقچى بولغان كۆپلىگەن ھۆكۈمرانلار ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تىجارەت قىلماقچى بولغان سودا ماگناتلىرى فىزىكا، بىئولوگىيە ياكى ئىقتىساد تەتقىقاتلىرىغا مەبلەغ سېلىشنى ئويلاشمايتتى.

بۇنىڭغا چۈشەيدىغان مىساللارنى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن. ياخشى تارىخچى ھەر نەرسىنىڭ مىساللىرىنى تاپالايدۇ. ئەمما تېخىمۇ ياخشى تارىخچى بۇ مىساللارنىڭ تارىخنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى خىرەلەشتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، زامانىۋى دەۋردىن بۇرۇنقى كۆپىنچە ھۆكۈمرانلار ۋە تىجارەتچىلەر يېڭى تېخنىكىلارنى يارىتىش ئۈچۈن كائىنات تەبىئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا مەبلەغ سالمايتتى. ھۆكۈمرانلار ئەنئەنىۋى بىلىملەرنى تارقىتىش ۋە مەۋجۇت تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە مائارىپ ئورۇنلىرىغا مەبلەغ سالاتتى.

يېڭى تېخنىكىلارنى ياراتقانلار ئاساسەن سىستېمىلىق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار ئەمەس، بەلكى سىناق ـ خاتالىق ئارقىلىق ئىش قىلىدىغان، ئوقۇمىغان ھۈنەرۋەنلەر ئىدى. ھارۋا ياسىغۇچىلار يىلدىن ـ يىلغا ئوخشاش ماتېرىياللاردىن ئوخشاش ھارۋىلارنى ياسايتتى. ئۇلار يىللىق كىرىمىنىڭ مەلۇم قىسمىنى يېڭى ھارۋا مودېللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاجراتمايتتى. ھارۋا لايىھەسى بەزىدە ياخشىلانسىمۇ، بۇ ئادەتتە

ئۇنىۋېرسىتېتقا قەدەم باسمىغان، ھەتتا خەت تونۇمايدىغان يەرلىك بىر ياغاچچىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىدىن بولاتتى.

بۇ ئەھۋال دۆلەت ۋە شەخسىي كەسىپ ساھەلىرىدىمۇ ئوخشاش ئىدى. زامانىۋى دۆلەتلەر دۆلەت سىياستى دائىرىسىدىكى ئېنېرگىيە، ساغلاملىق ۋە ئەخلەت تازىلاشتەك ھەر قانداق ئىشتا ئالىملارنى ياردەمگە چاقىرىدۇ، ئەمما قەدىمكى پادىشاھلىقلار بۇنداق قىلمايتتى. بۇرۇن بىلەن ھازىرنىڭ پەرقى قورال ـ ياراق جەھەتتە ئەڭ روشەن كۆرۈلىدۇ. 1961 ـ يىلى پرېزىدېنتلىقتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان دۋايت ئېيزېنخاۋېر ھەربىي سانائەتنىڭ كونسېرى كۈچىيىپ كېتىشى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغاندا، تەڭلىمىنىڭ بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويغان. ئۇ ئەسلىدە ئۆز دۆلىتىنى ھەربىي ـ سانائەت بىلەن ئىلىم ـ پەننىڭ بىرلىشىۋېلىشى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى بۈگۈنكى ئۇرۇشلار ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. دۇنيانىڭ ھەربىي كۈچلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكىلىق تەرەققىياتىنىڭ كۆپ قىسمىغا مەبلەغ سالىدۇ ۋە ئۇنى يېتەكلەيدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىستىھكام ئۇرۇشىغا ئايلانغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالىملارنى ياردەمگە چاقىردى. ئاق خالات كىيگەن ئۇ كىشلەر بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى. شۇنىڭ بىلەن، تەجرىبىخانا ۋە زاۋۇتلاردىن ئۇرۇش ئايروپىلانى، زەھەرلىك گاز، تانكا، سۇ ئاستى پاراخوتى ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پىلىموت، زەمبىرەك، مىلتىق ۋە بومبىلاردەك يېڭى، كارامەت قوراللار توختىماي چىقىشقا باشلىدى.

33. گېرمانىيەنىڭ V-2 تىپلىق راكېتاسى قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا. بۇ قورال ئىنتىپاقداش ئارمىيەنى مەغلۇب قىلالمىغان بولسىمۇ، گېرمانىيەنىڭ تېخنىكىلىق مۆجىزىگە باغلىغان ئۈمىدىنى تاكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە ساقلاپ تۇردى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا پەن-تېخنىكا تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىدى. 1944-يىلى ئاخىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. بىر يىل بۇرۇن، گېرمانىيەنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىتالىيە مۇسسولىنىنى ئاغدۇرۇپ، ئىتتىپاقداشلارغا تەسلىم بولغانىدى. ئەمما گېرمانىيە تەرەپ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت قوشۇنلىرى يېقىنلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. گېرمان ئەسكەرلىرى ۋە پۇقرالىرىنىڭ «ھەممە ئىش تۈگەشتى» دەپ ئويلىمىغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇلار گېرمان ئالىملىرىنىڭ V-2 راكېتا ۋە رېئاكتىپ ئايروپىلانغا ئوخشاش «مۆجىزە قوراللار» بىلەن ئۇرۇشنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئىدى.

گېرمانلار راكېتا ۋە رېئاكتىپ ئايروپىلانلار ئۈستىدە ئىشلەۋاتقاندا، ئامېرىكىنىڭ مانھاتتان لايىھەسى بويىچە ئاتوم بومبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلدى. 1945-يىلى ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرىدا بومبا تەييار بولغاندا، گېرمانىيە ئاللىقاچان تەسلىم بولغان بولسىمۇ، ياپونىيە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئامېرىكا كۈچلىرى ياپونىيەنىڭ ئاساسىي زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەييارلانغانىدى. ياپونلار تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇپ ئۆلگۈچە جەڭ قىلىشقا قەسەم قىلدى، بۇنىڭ قۇرۇق گەپ ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشكە تولۇق ئاساس بار ئىدى. ئامېرىكا

گېنېراللىرى پرېزىدېنت ھاررى ترۇمىنغا ياپونىيەگە تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ بىر مىليون ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ ھاياتىغا زامىن بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇرۇشنىڭ 1946 ـ يىلىغىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ترۇمان يېڭى بومبىنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. ئىككى ھەپتە ۋە ئىككى ئاتوم بومبىسىدىن كېيىن، ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولدى، ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

ھالبۇكى پەن ـ تېخنىكا پەقەت ھۇجۇم قوراللىرىدىلا ئەمەس، مۇداپىئەدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۈگۈن نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ ھەل قىلىش چارىسى سىياسىي ئەمەس، تېخنىكىلىق ۋاستە دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، نانو ـ تېخنىكا سانائىتىگە يەنە مىليونلىغان مەبلەغ سالسىلا، ئامېرىكا ئافغانىستاندىكى ھەر بىر ئۆڭكۈرگە، يەمەندىكى قورغانلارغا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى لاگېرلارغا بىيونىك جاسۇس چىۋىنلىرىنى ئەۋەتەلەيدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئوساما بىن لادىنىنىڭ ۋارىسلىرى بىر چىنە قەھۋە ئىچمەكچى بولسىمۇ، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇس چىۋىنى بۇ مۇھىم ئۇچۇرنى لانگلېيدىكى38 باش شتابقا يەتكۈزەلەيدۇ. مېڭە تەتقىقاتىغا يەنە مىليونلاپ مەبلەغ ئاجراتسا، ھەر بىر ئايرودرومغا كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى غەزەپ ۋە نەپرەت خىياللىرىنى دەرھال بايقىيالايدىغان ئۈستۈن تېخنىكىلىق **FMRI** سكانېرلىرى 39 (تەسۋىر كۆچۈرگۈچلىرى) ئورنىتىلالايدۇ. بۇ راستىنلا ئىشقا ئاشامدۇ؟ كىم بىلىدۇ. بىيونىك چىۋىنلار ۋە خىيال ئوقۇيدىغان سكانېرلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاقىلانە ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. قانداقلا بولمىسۇن، سىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش لايىھەلەر ئۈستىدە ئىشلەش ئۈچۈن نانو ـ تېخنىكىسى ۋە مېڭە تەتقىقاتى تەجرىبىخانىلىرىغا مىليونلىغان دوللار مەبلەغ ئاجراتماقتا.

تانكىدىن ئاتوم بومبىسى ۋە جاسۇس چىۋىنلىرىغىچە بولغان ھەربىي تېخنىكىلارغا مەپتۇن بولۇش ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يېڭى بىر ھادىسە. 19 ـ ئەسىرگىچە، ھەربىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېخنىكىلىق تەرەققىياتنىڭ ئەمەس، تەشكىلىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. پەرقلىق مەدەنىيەتلەر تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، تېخنىكىلىق پەرقلەر بەزىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، بۇنداق پەرقلەرنى قەستەن يارىتىش ياكى كېڭەيتىشنى ئويلايدىغانلار ئاز ئىدى. كۆپىنچە ئىمپېرىيەلەر تېخنىكا سېھرىگەرلىكىگە تايىنىپ كۈچەيمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تېخنىكىلىق تەرەققىياتقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى.

---

38 لانگلېي (Langley) ئامېرىكانىڭ ۋىرجىنىيە شىتاتىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

39 FMRI (Functional Magnetic Resonance Imaging) مېڭىدىكى فونكسىيەلىك ماگنېتلىق رېزونانس تەسۋىرى.

ئەرەبلەر ساسانىي ئىمپېرىيەسىنى قالتىس ئوقيالار ياكى قىلىچلار بىلەن يەڭمىگەن، سەلجۇقلارنىڭ بىزانس ئىمپېرىيەسىگە قارىغاندا تېخنىكىلىق ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى، موڭغۇللارمۇ خىتاينى قانداقتۇر يېڭى قورال ياردىمىدە بويسۇندۇرمىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ۋە ئاممىۋى تېخنىكىلىرى يۇقىرى ئىدى.

رىم قوشۇنى بۇنىڭ ياخشى بىر مىسالى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قوشۇن بولسىمۇ، تېخنىكا جەھەتتە كارتىج40، ماكېدونىيە41 ياكى سېلېۋكىد42 ئىمپېرىيەسىدىن ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۈنۈملۈك تەشكىللىنىش، پولاتتەك ئىنتىزام ۋە زور كۈچ مەنبەسىگە تايىناتتى. رىم قوشۇنى ھېچقاچان تەتقىقات ۋە تەرەققىيات بۆلۈمى قۇرمىغان، ئۇلارنىڭ قوراللىرى يۈز يىللار داۋامىدا ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن.

ئەگەر كارتىجنى ۋەيران قىلغان ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 2ـ ئەسىردە نۇمانتىيەلىكلەرنى43 يەڭگەن گېنېرال سكىپىيو ئەمىلىيانۇسنىڭ رىم قوشۇنلىرى 500 يىل كېيىن بۈيۈك كونستانتىن دەۋرىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، سكىپىيونىڭ كونستانتىننى يېڭىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولاتتى. ئەمدى بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى گېنېرال، مەسىلەن ناپولېئوننىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ بۈگۈنكى زەمبىرەكچى قىسىمغا قارشى جەڭ قىلغان ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ناپولېئون ئەڭ ئۇستا تاكتىكىچى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ جەڭگە ماھىر قوشۇن بولسىمۇ، زامانىۋى قورال ـ ياراغلار ئالدىدا ئۇلارنىڭ ماھارىتى ھېچنېمىگە يارىمايتتى.

قەدىمكى رىمغا ئوخشاش، قەدىمكى خىتايدىمۇ كۆپىنچە گېنېراللار ۋە پەيلاسوپلار يېڭى قورال ـ ياراغلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆز بۇرچى دەپ قارىمايتتى. خىتاينىڭ ھەربىي

40كارتىج (Carthage) قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى مەشھۇر سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۈگۈن شىمالىي ئافرىقىدىكى تۇنىسقا تەۋە بىر شەھەر.

41 ماكېدونىيە— قەدىمكى گرېكلارغا تەۋە پادىشاھلىق بولۇپ، جەنۇبىي بالقان يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان. بۈگۈن ئۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت.

42 مىلادىدىن ئىلگىرى 312ـيىل غەربىي ئاسىيادا قۇرۇلغان بىر پادىشاھلىق؛ ئىمپېراتور ئالېكساندېرنىڭ بۈيۈك ماكېدونىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن بۆلۈنۈپ چىققان.

43نۇمانتىيە (ئىسپانچە نۇمانسىيە) ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك ئوكيانغا ئۆتىدىغان جەبىلتارىق بوغۇزى بويلىرىدىكى بىر جاينىڭ نامى، قەدىمدىن تارتىپ ئىسپانىيە تەۋەسىدە بولۇپ كەلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 153ـيىل نۇمانتىيە بىلەن رىم قاتتىق ئۇرۇشقان.

تارىخدىكى ئەڭ مۇھىم كەشپىيات ئوق دورىسى ئىدى. بىراق، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئوق دورىسى داۋجىياۋ سېھىرگەرلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېكسىرىنى ئىزدەش جەريانىدا تاسادىپىي ھالدا بايقالغان. ئوق دورىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى تېخىمۇ ئىبرەتلىك. كىشىلەر داۋجىياۋ سېھىرگەرلىرىنى خىتاينى دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، خىتايلار بۇ يېڭى بىرىكمىنى ئاساسەن بىر نەرسىلەرنى پارچىلاش ئۈچۈنلا ئىشلەتتى. ھەتتا سوڭ سۇلالىسى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كەلگەندىمۇ، ھېچقانداق پادىشاھ ۋەيران قىلغۇچ قورال ئىجاد قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر «مانخاتتان لايىھەسى»نى تۈزۈش ئارقىلىق ئىمپېرىيەنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلمىدى. پەقەت 15-ئەسىردە، يەنى ئوق دورىسى كەشپ قىلىنىپ تەخمىنەن 600 يىلدىن كېيىن، زەمبىرەكلەر ئاسىيا-ئافرىقا جەڭ مەيدانلىرىدا ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلاندى. نېمە ئۈچۈن ئوق دورىنىڭ ۋەيران قىلغۇچ كۈچى ھەربىي جەھەتتە شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىلمىدى؟ چۈنكى ئۇ پەيدا بولغان ۋاقىتتا پادىشاھلار، ئالىملار ياكى سودىگەرلەر يېڭى ھەربىي تېخنىكىنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزالايدىغانلىقى ياكى بېيىتالايدىغانلىقىنى ئويلىمايتتى.

15-، 16-ئەسىرلەردە ۋەزىيەت ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ئەمما كۆپىنچە ھۆكۈمرانلارنىڭ يېڭى قورال-ياراغلارنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەبلەغ سېلىشقا قىزىقىشى ئۈچۈن يەنە 200 يىل ۋاقىت كەتتى. تېخنىكىغا باققاندا، تەمىنلەش ۋە ئىستراتېگىيە ئۇرۇش نەتىجىسىگە تېخىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئاۋستېرلىتس (1805) جېڭىدە ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى يەڭگەن ناپولېئون ئارمىيەسى ئىشلەتكەن قوراللار، لۇئىس XVI نىڭ ئارمىيەسى ئىشلەتكەن قورال-ياراغلارغا ئوخشايتتى. ناپولېئوننىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىدە زەمبىرەكچى ئەسكەر بولسىمۇ، ئالىملار ۋە كەشپىياتچىلار ئۇنى ئۈچار جىسىم، سۇ ئاستى كېمىلىرى ۋە راكېتالارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەبلەغ سېلىشقا قايىل قىلماقچى بولسىمۇ، ئۇ يېڭى قوراللارغا ئانچە قىزىقمىدى.

پەن-تېخنىكا، سانائەت ۋە ھەربىي تېخنىكا پەقەت كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە سانائەت ئىنقىلابى بىلەن بىرلەشتى. بۇ مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ تېزلا دۇنيانى ئۆزگەرتتى.

تەرەققىيات ئىدىيەسى

پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى باشلانغانغا قەدەر، كۆپىنچە ئىنسان مەدەنىيەتلىرى تەرەققىياتقا ئىشەنمەيتتى. ئۇلار ئالتۇن دەۋر ئۆتمۈشتە قالدى، دۇنيا توختاپ قالدى، ھەتتا ناچارلىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى؛ مەلۇم دەۋرنىڭ ھېكمەتلىرىگە ئەمەل قىلىش بەلكىم شۇ دەۋرنىڭ گۈزەللىكىنى قايتۇرۇپ كېلەلىشى مۇمكىن، ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراسىتى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ياخشىلىيالىشى مۇمكىن. بىراق، ئىنسانلارنىڭ بىلىمى دۇنيانىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالمايدۇ. ھەتتا مۇھەممەد پەيغەمبەر، ئىسا پەيغەمبەر، بۇددا ۋە

كوڭزىلاردەك ھەممىنى بىلىدىغان زاتلار دۇنيادىن ئاچارچىلىق، كېسەللىك، نامراتلىق ۋە ئۇرۇشنى يوق قىلالمىغان يەردە، بىز قانداقمۇ ئۇنى ھەل قىلالايمىز؟ دەپ قارايتتى.

نۇرغۇن دىنلار بىر كۈنى بىر قۇتقۇزغۇچى كېلىپ بارلىق ئۇرۇشلارنى، ئاچارچىلىقنى، ھەتتا ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنىمۇ يوق قىلىدۇ دەپ قارايتتى. ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىلىملەرنى بايقاش ۋە يېڭى قوراللارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق بۇنى قىلالايدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچە كۈلكىلىك بولۇپلا قالماي، تەكەببۇرلۇق دەپ قارالغان. بابىل مۇنارى44، ئىكارۇس45، گولېم46 ۋە باشقا سانسىزلىغان ئەپسانىلەر كىشىلەرگە ئىنسان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ چوقۇم مەغلۇبىيەت ۋە پاجىئەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن.

---

44 «ئىنجىل» دىكى يارىتىلىش قىسسەسىدە بايان قىلىنىشىچە، قەدىمكى بابىل خەلقى بىر كاتتا شەھەر ۋە كۆكتىكى جەننەتكە بارىدىغان ئېگىز مۇنار ياسىماقچى بولىدۇ. تەڭرى ئۇلارنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە يامان ئىستەكلىرى كۆرۈپ، ئۇلارنى مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن تىللىرىنى ئايرىۋېتىدۇ ھەمدە يەر شارىغا چېچىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بابىل مۇنارى قۇرۇلۇشى توختاپ قالىدۇ. بۇ قىسسە تەڭرىنىڭ ئىنسانلاردىكى مەغرۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مىسال قىلىنىدۇ. -ت

45 ئىكارۇس- قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى بىر قەھرىمان. ئۇ كرېت سىرلىق سارىيىنى ياسىغۇچى ئۇستا مىمار دىدالۇسنىڭ ئوغلى. پادىشاھ مىنوسنىڭ دۈشمىنى بولغان ئافىنا پادىشاھى تېسۇس سىرلىق سارايدىن قاچقاندىن كېيىن، مىنوس دېدالۇس بىلەن ئوغلى ئىكارۇسنى ئۇ سىرلىق سارايىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان دەپ گۇمانلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېدالۇس بىلەن ئىكارۇس قانات ياساپ ئۇچۇپ قېچىپ كەتمەكچى بولىدۇ. بۇ قانات قۇشلارنىڭ تۈكى، كىگىزنىڭ يۇڭى، كەشىنىڭ خورۇمى ۋە شامدىن ياسىلىدۇ. ئۇچۇش ئالدىدا دېدارۇس ئىكارۇسقا بەك پەس ئۇچماسلىقنى، بولمىسا تۈكنىڭ سۇغا چىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى، بەك ئېگىزمۇ ئۇچماسلىقنى، كۈنگە يېقىنلىشىپ قالسا شامنىڭ ئېرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىكارۇس بۇ نەسىھەتنى ئۇنتۇپ قۇياشقا يېقىن ئۇچىدۇ-دە، قاناتلىرى ئېرىپ كېتىدۇ. ئارقىدىن موللاق ئېتىپ دېڭىزغا چۈشۈپ، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ.

46 يەھۇدىي ئەپسانىلىرىدىكى بىر ئوبراز. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، تەڭرى ئادەمنى لايدىن يارىتىشتىن ئاۋۋال سىناق قىلىپ بىر ئادەم ياسىغان، ئۇنىڭ ئىسمى گولېم (غۇلام دېگەن ئىسمغا ئوخشاپ كېتىدۇ)، شۇڭا تەڭرىنىڭ نەزەرىدە ئۇ پىشمىغان، تاماملانمىغان

زامانىۋى مەدەنىيەت نۇرغۇن مۇھىم نەرسىلەرنى تېخى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندا، نادانلىقنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن ئىلمىي بايقاشلار بىزگە يېڭى كۈچ بېرەلەيدۇ دېگەن ئىدىيە ئۆزئارا بىرلەشكەندە، كىشىلەر ھەقىقىي ئىلگىرىلەشنىڭ مۇمكىنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. يەن ـ تېخىنكا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلغانسېرى، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە قوللىنىش ئارقىلىق ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندى. نامراتلىق، كېسەللىك، ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، قېرىلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەررەر تەقدىرى ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت بىزنىڭ نادانلىقىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

چاقماق بۇنىڭغا مەشھۇر مىسال. نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر چاقماقنى غەزەپلەنگەن تەڭرىنىڭ گۇناھكارلارنى جازالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بولقىسى دەپ ئىشىنەتتى.

34. بېنجامىن فرانكلىن تەڭرىلەرنى قورالسىزلاندۇردى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەن تارىختىكى ئەڭ داڭلىق تەجرىبىلەرنىڭ بىرىدە، بېنجامىن فرانكلىن چاقماقنىڭ پەقەت بىر خىل توك ئېقىمى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرىزىنى سىناش ئۈچۈن چاقماق بورىنىدا لەگلەك ئۇچۇردى. فرانكلىننىڭ تەجرىبە

بىر ئادەم. يەھۇدىيلارنىڭ مىشنا ناملىق كىتابلىرىدا گولېم دائىم دۆت، گالۋاڭ، بىچارە ئادەملەرنىڭ مىسالى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ـت

كۆزنتشلىرى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىمى ئۇنىڭ چاقماق توسقۇچنى ئىجاد قىلىشىغا ۋە تەڭرىلەرنى قورالسىزلاندۇرۇشىغا ئىمكان بەردى.

نامراتلىق يەنە بىر مىسال. نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر نامراتلىقنى بۇ مۇكەممەل بولمىغان دۇنيانىڭ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر قىسمى دەپ قارىغان. ئىنجىلنىڭ «يېڭى ئەھدە» قىسمىدا ئېيتىلىشىچە، ئىسا كرېستكە مىخلىنىشتىن سەل بۇرۇن، بىر ئايال ئىسانى 300 دىنار قىممىتىدىكى قىممەتلىك ماي بىلەن مەسىھ قىلغان. ئىسانىڭ ھاۋارىيلىرى ئايالنى شۇنچە كۆپ پۇلنى نامراتلارغا بەرمەي ئىسراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىگەن، ئەمما ئېسا ئۇنى قوغداپ: ″نامراتلار ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللە، خالىغان ۋاقتىڭلاردا ئۇلارغا ياردەم قىلالايسىلەر. ئەمما مەن ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللە بولمايمەن″ دېگەن (ماركۇس 7 :14).

بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى ئاز سانىدىكى كىشىلەر، جۈملىدىن بارغانسېرى ئاز سانىدىكى خرىستىيانلار بۇ مەسىلىدە ئەيسا بىلەن ھەمپىكىر بولۇۋاتىدۇ. نامراتلىق بارغانسېرى مۇداخىلە قىلغىلى بولىدىغان تېخنىكىلىق مەسىلە دەپ قارالماقتا. يېزا ئىگىلىك، ئىقتىساد، مېدىتسىنا ۋە سوتسىئولوگىيەدىكى ئەڭ يېڭى بايقاشلارغا ئاساسلانغان سىياسەتلەرنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتەلەيدىغانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان ھەقىقەتكە ئايلاندى.

دەرۋەقە، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئەڭ ئېغىر مەھرۇملۇقتىن ئاللىقاچان قۇتۇلدى. تارىختىن بېرى، جەمئىيەتلەر ئىككى خىل نامراتلىقتىن ئازاب چەككەن. بۇنىڭ بىرى، ئىجتىمائىي نامراتلىق، ئۇ بەزى كىشىلەرنى ھەممە ئادەم ئېرىشەلەيدىغان پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، بىئولوگىيەلىك نامراتلىق، ئۇ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۇرالغۇنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن شەخسلەرنىڭ ھاياتىنى خەۋپكە ئۇچرىتىدۇ. ئىجتىمائىي نامراتلىقنى پۈتۈنلەي تۈگەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما دۇنيانىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىدە بىئولوگىيەلىك نامراتلىق ئۆتمۈشتە قالدى.

يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە، كۆپىنچە كىشىلەر بىئولوگىيەلىك نامراتلىق سىزىقىغا يېقىن ياشىغان، بۇ سىزىقنىڭ تۆۋىنىدە كىشىلەر ھاياتىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قالالايدىغان يېتەرلىك كالورىيەگە (ئېنېرگىيەگە) ئىگە بولالمايتتى. كىچىككىنە خاتا مۆلچەرلەش ياكى بەختسىزلىكلەرمۇ كىشىلەرنى بۇ سىزىقتىن تۆۋەنگە، ئاچارچىلىققا ئىتتىرىۋېتەلەيتتى. تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ئىنسان كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەر كۆپىنچە پۈتۈن نوپۇسنى ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىپ، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئاستىغا بىخەتەرلىك تورى تارتىلغان. شەخسلەر سۇغۇرتا، دۆلەت تەمىنلىگەن ئىجتىمائىي كاپالەت، يەرلىك ۋە خەلقئارالىق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك بەختسىزلىكلەردىن قوغدىلىدۇ. پاجىئە پۈتۈن بىر رايوننى ۋەيران قىلغاندا، دۇنيا مىقياسىدىكى ياردەم تىرىشچانلىقلىرى ئادەتتە ئەڭ ناچار ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. كىشىلەر يەنىلا خورلۇق، ھاقارەت ۋە نامراتلىققا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەردىن ئازاب چەكسىمۇ، كۆپىنچە دۆلەتلەردە ھېچكىم ئاچلىقتىن ئۆلمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈشتىن كۆرە سېمىزلىكتىن ئۆلۈش خەۋپى كۆپرەك كىشىلەرگە تەھدىت سالماقتا.

گىلگامېش لايىھەسى

ئىنسانىيەتنىڭ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بارلىق مەسىلىلىرى ئىچىدە، ئۆلۈم ئەڭ بىئارام قىلغۇچى، قىزىقارلىق ۋە مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلدى. يېقىنقى دەۋرگىچە، كۆپىنچە دىنلار ۋە ئىدىئولوگىيەلەر ئۆلۈمنى بىزنىڭ مۇقەررەر تەقدىرىمىز دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپىنچە ئېتىقادلار ئۆلۈمنى ھاياتنىكى مەنانىڭ ئاساسىي مەنبەسىگە ئايلاندۇردى. ئۆلۈم بولمىغان دۇنيادىكى ئىسلام، خرىستىيان ياكى قەدىمكى مىسىر دىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ ئېتىقادلار كىشىلەرگە ئۆلۈمنى يېڭىش ۋە بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشاشقا ئىنتىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆلۈمنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا ئۈمىد باغلاشنى ئۆگەتتى. ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ئۆلۈمدىن قېچىشنىڭ ئورنىغا، ئۆلۈمگە مەنە بېرىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

بۇ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە ـ قەدىمكى سۇمېردىكى گىلگامېش ئەپسانىسىنىڭ تېمىسىدۇر. ئۇنىڭ قەھرىمانى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ قابىل ئادەم، ئۇرۇك47 پادىشاھى گىلگامېش بولۇپ، ئۇ جەڭدە ھەر قانداق ئادەمنى يېڭەلەيتتى. بىر كۈنى، گىلگامېشنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئەنكىدۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. گىلگامېش تالاي كۈنلەر جەسەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، تاكى ئۇنىڭ بۇرنىدىن قۇرت چۈشكەنگە قەدەر ئۇنى كۆزىتىدۇ. قۇرتنى كۆرگەن گىلگامېشنى قورقۇنچلۇق ۋەھىمە باسىدۇ ۋە ھەرگىز ئۆلمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىر يول بىلەن ئۆلۈمنى يېڭىشى كېرەك ئىدى. گىلگامېش دۇنيانىڭ چېتىگە يەتكىچە سەپەر قىلىدۇ، شىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، چايان ئادەملەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاخىر يەر ئاستى دۇنياسىغا كىرىش يولىنى تاپىدۇ. ئۇ يەردە ئۇ ئۇرشانابىنىڭ48 گىگانت تاشلىرىنى ۋە ئۆلۈكلەر دەرياسىنىڭ كېمىچىسىنى پارچىلاپ، دەسلەپكى توپاننىڭ ئاخىرقى ھايات

47 ئۇرۇك–بۈگۈن ۋاركا دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى، ئىراقتىكى فىرات دەرياسى ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ.

48 ئۇرشانابى–سۇرسۇنابۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مېسسوپاتامىيە ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئوبراز.

قالغۇچىسى ئۇتناپىشتىمنى[49] تاپىدۇ. بىراق گىلگامىش ئۆز تىلىكىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۆلۈملۈك ھالدا قۇرۇق قول، ئەمما يېڭى بىر دانالىق بىلەن ئۆيىگە قايتىدۇ. گىلگامىش بىلگەندەك، تەڭرىلەر ئىنساننى ياراتقاندا، ئۆلۈمنى ئىنساننىڭ مۇقەررەر تەقدىرى قىلىپ بەلگىلىگەن، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى.

تەرەققىيات تەرەپدارلىرى بۇ مەغلۇبىيەتچى پوزىتسىيەنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئالىملار ئۈچۈن، ئۆلۈم مۇقەررەر تەقدىر ئەمەس، بەلكى پەقەت تېخنىكىلىق مەسىلە. كىشىلەر تەڭرىلەر بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەر خىل تېخنىكىلىق كاشىلىلار ـ يۈرەك كېسىلى، راك كېسىلى، يۇقۇملىنىش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئۆلىدۇ. ھەر بىر تېخنىكىلىق مەسىلىنىڭ تېخنىكىلىق ھەل قىلىش چارىسى بار. ئەگەر يۈرەك توختاپ قالسا، ئۇنى يۈرەك رىتىمىنى تەڭشىگۈچ بىلەن قوزغىتىش ياكى يېڭى يۈرەك بىلەن ئالماشتۇرۇش مۇمكىن. ئەگەر راك ھۈجەيرىسى يامراپ كەتسە، ئۇنى دورا ياكى رادىئاتسىيە بىلەن ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر باكتېرىيەلەر كۆپەيسە، ئۇلارنى ئانتىبىئوتىكلار بىلەن باستۇرغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، بىز ھازىرچە بارلىق تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايمىز. ئەمما بىز ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئەڭ ئەقىللىق كىشىلىرىمىز ئۆلۈمگە مەنە بېرىشكە ۋاقىت ئىسراپ قىلمايۋاتىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار كېسەللىك ۋە قېرىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان فىزىئولوگىيەلىك، ھورمونلۇق ۋە گېنېتىكىلىق سىستېمىلارنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ؛ يېڭى دورىلارنى، ئىنقىلاب خاراكتېرلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە سۈنئىي ئەزالارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقاتلار ئۆمرىمىزنى ئۇزارتىشى، ھەتتا بىر كۈنلەردە ئەزرائىلنى يېڭىشى مۇمكىن.

يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە، سىز ئالىملارنىڭ ياكى باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ ھاياتىمىزنى ئۇزارتىدىغانلىقى ۋە بىر كۈنى ئۆلۈمدىن غالىب كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق بۇنداق ئوچۇق سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولغىيدىڭىز. «ئۆلۈمنى يېڭىش؟»، بۇ نېمە دېگەن بىمەنىلىك! ئەمما ئۇلار بىز پەقەت راك، ۋابا ۋە دېۋەڭلىك كېسىلىنى داۋالاشقا تىرىشىۋاتىمىز″ دەپ تۇرۇۋالىدۇ. كىشىلەر ئۆلۈم مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، چۈنكى ئۆلۈم بەك يىراقتەك كۆرۈنىدۇ. نېمىشقا بىكاردىن ئۈمىدلىنىپ يۈرىمىز؟ بىراق بىز ھازىر بۇ ھەقتە ئوچۇق سۆزلىيەلەيدىغان يەرگە كەلدۇق. پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ باش نىشانى ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك ھايات بېرىشتۇر. گەرچە ئۆلۈمنى يوقىتىش يىراق نىشان بولسىمۇ، بىز ئالدىنقاچان بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشتۇق. **1199**ـ

---

49 ئۇتناپىشتىم−جەنۇبى ئىراقتىكى قەدىمكى شەھەر شۇرۇپاكنىڭ ئەپسانىۋى پادىشاھى، گىلگامىش ئەپسانىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۆزى كېمە ياساپ، توپان بالاسىدىن ئامان قالغان.

يىلى، شىر يۈرەك پادىشاھ رىچاردنىڭ سول مۈرىسىگە ئوق تەگكەن. بۈگۈن بىز بۇنى كىچىك يارىلىنىش دەيمىز. ئەمما 1199 ـ يىلى، ئانتىبىئوتىك ۋە ئۈنۈملۈك پاكىزلاش ئۇسۇللىرى بولمىغاچقا، بۇ كىچىك يارا يۇقۇملىنىپ، سېسىشقا باشلىغان. 12 ـ ئەسىردىكى ياۋروپادا تەن ئەزالىرىنىڭ سېسىپ كېتىشىنى توختىتىشنىڭ بىردىنبىر يولى يۇقۇملانغان ئەزانى كېسىۋېتىش ئىدى، ئەمما يۇقۇم مۈرىدە بولغاندا بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يارا يۇقۇملىنىپ پادىشاھنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقالغان ۋە ھېچكىم پادىشاھقا ياردەم قىلالمىغان. ئۇ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قاتتىق قىينىلىپ ئۆلگەن.

19 ـ ئەسىرگىچە، ئەڭ ياخشى دوختۇرلارمۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش ۋە توقۇلمىلارنىڭ چىرىشىنى قانداق توختىتىشنى بىلمەيتتى. جەڭ مەيدانىدىكى دوختۇرخانىلاردا دوختۇرلار چىرىشتىن قورقۇپ، كىچىككىنە يارىلانغان ئەسكەرلەرنىڭمۇ قول ـ پۇتلىرىنى كېسىۋېتەتتى. بۇ كېسىش ئوپېراتسىيەلىرى، شۇنداقلا باشقا بارلىق مېدىتسىنا مۇلازىمەتلىرى (چىش تارتقۇزۇش قاتارلىقلار) ناركوزسىز قىلىناتتى. تۇنجى ناركوزلار ــ ئېفىر، خلوروفورم ۋە مورفىن قاتارلىقلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا غەرب مېدىتسىناسىدا مۇنتىزىم قوللىنىلىشقا باشلىدى. خلوروفورم كېلىشتىن بۇرۇن، دوختۇر يارىلانغان پۇتنى كېسىۋاتقاندا، تۆت ئەسكەر يارىلانغان ئەسكەرنى تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ۋاتېرلو جېڭى (1815) دىن كېيىنكى ئەتىگەندە، جەڭ مەيدانى دوختۇرخانىلىرىنىڭ يېنىدا كېسىۋېتىلگەن قول ـ پۇتلارنىڭ دۆۋىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ كۈنلەردە، ياغاچچىلار ۋە قاسساپلار ئارمىيەگە تىزىملاتقاندا كۆپىنچە داۋالاش ئەترىتىگە ئەۋەتىلەتتى، چۈنكى تاشقى كېسەللەر ئوپېراتسىيىسىدە پىچاق ۋە ھەرە ئىشلىتىشنى بىلىش تەلەپ قىلىناتتى.

ۋاتېرلودىن كېيىنكى ئىككى ئەسىردە، ئەھۋال تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگەردى. دورىلار، ئۇكۇللار ۋە مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەلەر بىزنى ئىلگىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغان نۇرغۇن كېسەللىك ۋە يارىلاردىن قۇتقۇزدى. ئۇلار يەنە قەدىمكى كىشىلەر ھاياتنىڭ بىر قىسمى دەپ قوبۇل قىلغان سانسىزلىغان كۈندىلىك ئاغرىق ـ سىلاقلاردىن قوغدىدى. ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 25 ـ 40 ياشتىن 67 ياشقا، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە 80 ياشقا يەتتى.

باللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى جەھەتتە ئۆلۈم ئەڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 20 ـ ئەسىرگىچە، يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرىدىكى باللارنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۈچتىن بىرى چوڭ بولالماي ئۆلۈپ كېتەتتى. كۆپىنچىسى بوغما، قىزىلچە ۋە چېچەك كېسىلى قاتارلىق باللار كېسەللىكلىرىدىن قازا قىلاتتى. 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيەدە، يېڭى تۇغۇلغان ھەر 1000 بوۋاقتىن 150 بوۋاق تۇنجى يىلدا ئۆلۈپ كېتەتتى، بارلىق باللارنىڭ ئۈچتىن بىرى 15 ياشقا يەتمەي ئۆلەتتى. بۈگۈن، ئەنگلىيەلىك ھەر 1000 بوۋاقتىن پەقەت بەشىلا تۇنجى يىلدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، يەتتىسىلا 15 ياشقا يەتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بۇ رەقەملەرنى بىر چەتكە قويۇپ، بەزى ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنى ياخشىراق چۈشىنەلەيمىز. ئەنگلىيە پادىشاھى بىرىنچى ئېدۋارد (1237 ـ 1307) ۋە ئۇنىڭ ئايالى خانىش ئېلىيانور (1241 ـ 1290) ئائىلىسى ياخشى مىسال. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا تەمىنلىگىلى بولىدىغان ئەڭ ياخشى شارائىت ۋە ئەڭ چوڭ غەمخورلۇقتىن بەھرىمەن بولغان. ئۇلار خان سارىيىدا ياشايتتى، قانچىلىك يەيمەن دېسە شۇنچىلىك يەيتتى، بەدىنىنى ئىسسىق تۇتىدىغان كىيىملىرى ۋە ئالماشتۇرىدىغان كىيىملىرى زاپاس تۇراتتى، ئەڭ پاكىز سۇلارنى ئىچەتتى، مەخسۇس خىزمەتچىلىرى ۋە دوختۇرلىرى بار ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئېلىيانور خانىش 1255 ـ يىلدىن 1284 ـ يىلغىچە جەمئىي 16 بالا تۇغقان.

1. 1255 ـ يىلى تۇغۇلغان قىزى تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن.
2. كاتىرىن ئىسىملىك قىزى 1 ياكى 3 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
3. جوئان ئىسىملىك قىزى 6 ئايلىق بولغاندا ئۆلۈپ كەتكەن.
4. جون ئىسىملىك ئوغلى 5 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
5. ھېنرى ئىسىملىك ئوغلى 6 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
6. ئېلىيانور ئىسىملىك قىزى 29 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
7. يەنە بىر نامسىز قىزى 5 ئايلىق بولغاندا ئۆلۈپ كەتكەن.
8. جوئان ئىسىملىك قىزى 35 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
9. ئالفونسو ئىسىملىك ئوغلى 10 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
10. مارگارېت ئىسىملىك قىزى 58 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
11. بېرېنگېرىيا ئىسىملىك قىزى 2 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
12. يەنە بىر نامسىز قىزى تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن.
13. مارى ئىسىملىك قىزى 53 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
14. يەنە بىر نامسىز ئوغلى تۇغۇلۇپ كۆپ ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن.
15. ئېلىزابىت ئىسىملىك قىزى 34 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
16. ئېدۋارد ئىسىملىك ئوغلى تۇغۇلغان.

بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان ئېدۋارد ئوغۇللار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئەڭ خەتەرلىك بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «ئېدۋارد II» دەپ ئاتالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خانىش ئېلىيانور ئارقا ـ ئارقىدىن 16 بالا تۇغۇپ، ئەنگلىيە خانىشىنىڭ ئەنگلىيە ئۈچۈن ئوغۇل تەخت ۋارىسى تۇغۇپ بېرىشتەك تۈپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان. ئېدۋارد II نىڭ ئانىسى چوقۇم ناھايىتى سەۋرچان ھەم قەيسەر ئايال. بىراق ئېدۋارد II ئۆزىگە خانىش قىلىپ تاللىغان فرانسىيەلىك ئېسابېللا ئۇنداق چىقمىغان، ئۇ ئېدۋاردنى 41 يېشىدا قەستلەپ ئۆلتۈرگەن.

بىلىشىمىزچە، بىرىنچى ئېدۋارد بىلەن خانىشى ئېلىيانور ناھايىتى ساغلام ياشىغان ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، بالىلىرىغا ھېچقانداق ئىرسىي كېسەللىك قالدۇرمىغان. ئەمما 16 بالا ئىچىدىن

10 بالا (62 پىرسەنت) باللىق دەۋرىدىلا قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئالتىسى 11 ياشتىن ھالقىغان، پەقەت ئۈچىلا (18 پىرسەنت) 40 ياشتىن ھالقىغان. ئۇ باللاردىن باشقا يەنە ئېلىيانور كۆپ قېتىم ھامىلدار بولغان ۋە بالىسى چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، ئېدۋارد بىلەن ئېلىيانور ھەر ئۈچ يىلدا بىر بالىسىدىن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئون بالىسىدىن ئايرىلغان. بۈگۈنكى ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق يوقىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

گىلگامىش لايىھىسى ـ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش تىرىشچانلىقى ـ نىڭ تاماملىنىشىغا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ يۈز يىلمۇ؟ بەش يۈز يىلمۇ؟ مىڭ يىلمۇ؟ 1900 ـ يىلى ئىنسان بەدىنى ھەققىدە بىلمەيمىزنىڭ قانچىلىك ئازلىقىنى ۋە بىر ئەسىردىلا قانچىلىك كۆپ بىلىم ئىگىلىگەنلىكىمىزنى ئەسلىسەك، ئۈمىدلىنىشكە سەۋەب بار. گېن ئىنژېنېرلىرى يېقىندا Caenorhabditis elegans قۇرتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى ئىككى ھەسسە ئۇزارتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇلار ھومو ساپيېنسلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلالامدۇ؟ نانوتېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى مىليونلىغان نانو ـ روبوتلاردىن تەركىب تاپقان بىئونىك ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ روبوتلار (ماشىنا ئادەملەر) بەدىنىمىزدە ياشاپ، توسۇلۇپ قالغان قان تومۇرلىرىنى ئېچىش، ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەلەر بىلەن كۈرەش قىلىش، راك ھۈجەيرىلىرىنى يوقىتىش ۋە ھەتتا قېرىش جەريانلىرىنى تەتۈر يۆنىلىشكە بۇراش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ساھەدە ھەقىقىي ئەمگەك قىلىۋاتقان ئالىملار 2050 ـ يىلىغا بارغاندا، بەزى ئىنسانلار ئۆلمەس (مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئەمەس، چۈنكى ئۇلار يەنىلا بىرەر ۋەقەدە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدىغان جاراھەت بولمىسا چەكسىز ياشىيالايدىغان) بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىماقتا.

گىلگامىش لايىھەسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن ـ بولمىسۇن، تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، كېيىنكى زامان دىنلىرى ۋە ئىدىيەلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆلۈم ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتنى چەتكە قاققانلىقى قىزىقارلىقتۇر. 18 ـ ئەسىرگىچە، دىنلار ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتنى ھەقىقىي ھايات دەپ قارايتتى. 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ، لىبېرالىزم، سوتسىيالىزم ۋە فېمىنىزم قاتارلىق دىن ۋە ئىدىيەلەر ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا بولغان قىزىقىشنى يوقاتتى. بىر كوممۇنىست ئۆلگەندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ بىر كاپىتالىستقا نېمەبولىدۇ؟ بىر فېمىنىستقا نېمە بولىدۇ؟ ماركس، ئادام سىمىت 50 ياكى سىمون دې

---

50 ئادام سىمىت (1723 ـــ 1790) شوتلاندىيەلىك ئىقتىسادشۇناس ۋە پەيلاسوپ. ئۇ سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ پېشىۋاسى، ئۇنىڭ «دۆلەت بايلىقى» دېگەن كىتابى ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، كاپىتالىزم بىلەن ئەركىن بازار ئۇقۇمىنى تۇنجى بولۇپ سىستېمىلىق شەرھلىگەن. ـ ت

بوۋارنىڭ51 ئەسەرلىرىدىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش بىھۇدە. ئۆلۈمگە يەنىلا مەركىزىي رول بېرىدىغان بىردىنبىر زامانىۋى ئىدىيە مىللەتچىلىكتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ شېئىرىي ۋە ئۈمىدسىز پەيتلىرىدە، مىللەتچىلىك مىللەت ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنىڭ مەڭگۈ كوللېكتىپ خاتىرىدە ياشايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. ئەمما بۇ ۋەدە شۇنچىلىك مۈجمەلكى، ھەتتا كۆپىنچە مىللەتچىلەرمۇ بۇنىڭدىن نېمە چۈشىنىشنى بىلمەيدۇ.

ئىلىم ـ پەننىڭ تەمىناتچىسى

بىز تېخنىكىلىق دەۋردە ياشاۋاتىمىز. نۇرغۇن كىشىلەر پەن ـ تېخنىكىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىمىزگە جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىز پەقەت ئالىملار ۋە تېخنىكلارنىڭ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويساقلا، ئۇلار يەر يۈزىدە جەننەت يارىتىدۇ. ئەمما پەن ـ تېخنىكا باشقا ئىنسانىي پائالىيەتلەردىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئەخلاقىي ياكى روھىي سەۋىيەدە يۈز بېرىدىغان بىر ئىش ئەمەس. مەدەنىيىتىمىزنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە دىنىي مەنپەئەتلەر تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ناھايىتى قىممەتكە توختايدىغان بىر ئىش. ئىنسانلارنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى چۈشەنمەكچى بولغان بىر بىئولوگىيە ئالىمى لابوراتورىيە، پروبېركىلار، خىمىيەۋى ماددىلار، ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپلار، شۇنداقلا لابوراتورىيە ياردەمچىلىرى، توكچىلار، سۇ تۇرۇبا ياساش ئۇستىلىرى ۋە تازىلىق قىلغۇچىلارغا موھتاج بولىدۇ. قەرز بازىرىنى مودېللاشتۇرماقچى بولغان ئىقتىسادشۇناس بولسا كومپيۇتېرلارنى سېتىۋېلىشى، چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىنى قۇرۇشى ۋە مۇرەككەپ سانلىق مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىش پروگراممىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەنمەكچى بولغان ئارخېئولوگ يىراق جايلارغا سەپەر قىلىشى، قەدىمكى خارابىلەرنى قېزىشى، قېزىلغان سۆڭەك ھەم بۇيۇملارنىڭ يېشىنى بەلگىلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل تەلەپ قىلىدۇ.

ئۆتكەن 500 يىلدا زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا مۆجىزىلەر ياراتتى، بۇ مۆجىزىلەر ئاساسەن ھۆكۈمەتلەر، كارخانىلار، فوندلار ۋە شەخسىي ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتقا مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. بۇ مىليارد دوللار پۇللار ئالەم بوشلۇقىنى تەسۋىرلەش، پلانېتىمىزنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش ۋە ھايۋاناتلار تۈرىنى خاتىرىلەشتە گالىلېي،

---

51 سىمون دى بوۋار (1908 ــ 1986) فرانسىيەلىك مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپ، «ئىككىنچى جىنس» ناملىق ئەسىرىدە ئاياللار ھوقۇقىنى شەرھلىگەن. ئۇ فېمىنىزم ھەرىكىتىگە، يەنى ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداشقا ئاكتىپ قاتناشقان. ـت

كولومبۇ ۋە دارۋىندىن كۆپ تۆھپە قوشتى. بۇ ئالاھىدە داھىيلار تۇغۇلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بايقاشلىرى باشقىلار تەرىپىدىن بايقىلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق يېتەرلىك مەبلەغ بولمىغان بولسا، ھېچقانداق زېھنىي پاراسەت ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايتتى. مەسىلەن، ئەگەر دارۋىن تۇغۇلمىغان بولسا، بىز بۈگۈن تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئاساس سالغۇچىنى ئالفرېد رۇسسېل ۋاللىس دەپ قارىغان بولاتتۇق. ئۇ دارۋىندىن بىخەۋەر ھالدا ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، دارۋىننىڭ نەزەرىيەسىدىن بىر قانچە يىل كېيىنلا تەدرىجىي تەرەققىيات قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ياۋروپا جۇغراپىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا تەتقىقاتىغا كۆپلەپ مەبلەغ چىقارمىغان بولسا، دارۋىن بىلەن ۋاللىسمۇ زۆرۈر بولغان سانلىق پاكىتلارنى توپلاپ، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرالمىغان، ھەتتا ئۇنى سىناپ باقالمىغان بولاتتى.

نېمە ئۈچۈن مىليارد دوللار پۇللار ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلارنىڭ خەزىنىسىدىن لابوراتورىيە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئېقىشقا باشلىدى؟ ئاكادېمىك ساھەدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر نوقۇل ئىلىم ـ پەنگە ئىشىنىدىغان دەرىجىدە ساددا. ئۇلار ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرىگە خالىغان تەتقىقات لايىھەلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خالىس پۇل بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەمما بۇ، پەن ـ تېخنىكا مەبلىغىنىڭ رېئاللىقىنى ھەقىقىي كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

كۆپىنچە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىشىدىكى سەۋەب، كىمدۇر بەزىلىرى بۇ ئارقىلىق مەلۇم سىياسىي، ئىقتىسادىي ياكى دىنىي نىشانغا يېتىمىز دەپ ئىشەنگەن. مەسىلەن، 16 ـ ئەسىردە، پادىشاھلار ۋە بانكىرلار دۇنيا بويىچە جۇغراپىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەلەرگە زور مىقداردا مەنبە ئاجراتقان، ئەمما بالىلار پسىخولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىشقا بىر تىيىنمۇ ئاجراتمىغان. چۈنكى پادىشاھلار ۋە بانكىرلار يېڭى جۇغراپىيەلىك بىلىملەرنىڭ ئۆزلىرىگە يېڭى زېمىنلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە سودا ئىمپېرىيەسى قۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان، ئەمما بالىلار پسىخولوگىيەسىنى چۈشىنىشتىن ھېچقانداق پايدا كۆرمىگەن.

1940 ـ يىللاردا، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرى سۇ ئاستى ئارخېئولوگىيەسىگە ئەمەس، يادرو فىزىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا زور مىقداردا مەنبە ئاجراتقان. ئۇلار يادرو فىزىكىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىدىغانلىقىنى، سۇ ئاستى ئارخېئولوگىيەسىنىڭ بولسا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان. ئالىملارنىڭ ئۆزىمۇ مەبلەغنى كونترول قىلىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي كۈچلەردىن ھەمىشە خەۋەردار بولمايدۇ؛ نۇرغۇن ئالىملار دەرۋەقە ساپ زېھنىي قىزىقىش تۈرتكىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىلمىي كۈنتەرتىپىنى بەلگىلەشتىكى ھوقۇقى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

بىز ھەتتا سىياسىي، ئىقتىسادىي ياكى دىنىي مەنپەئەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئىلىم ـ پەننى قوللىماقچى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ

ئىقتىسادىي مەنبەيىمىز بەرىبىر چەكلىك. پارلامېنت ئەزاسىدىن دۆلەتلىك ئىلىم ـ پەن فوندىغا ئاساسىي تەتقىقات ئۈچۈن يەنە بىر مىليون دوللار ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ ھەقلىق رەۋىشتە بۇ پۇلنى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەشكە ياكى ئۆز رايونىدىكى قىيىنچىلىقتا قالغان زاۋۇتقا بېرىلىدىغان باج يېڭىكلىتىشكە ئىشلىتىش ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. چەكلىك مەبلەغنى نەگە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىز دائىم «قايسىسى تېخىمۇ مۇھىم؟» ۋە «قايسىسى ئەڭ ياخشى؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. بۇلار ئىلمىي سوئاللار ئەمەس. ئىلىم ـ پەن بۇ دۇنيادا نېمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، نەرسىلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە كەلگۈسىدە نېمە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرەلەيدۇ. ئەمما ئۇ كەلگۈسىدە نېمە بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىش دەۋاسىدا بولمايدۇ. پەقەت دىنلار ۋە ئىدىيەلەرلا بۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ.

مۇنداق بىر قىيىن مەسىلىنى ئويلاپ باقايلى: ئوخشاش فاكۇلتېتتىن كەلگەن، ئوخشاش كەسپىي ماھارەتكە ئىگە ئىككى بىئولوگ ھازىرقى تەتقىقات لايىھەلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بىر مىليون دوللارلىق ياردەم پۇلىغا ئىلتىماس قىلدى. پروفېسسور سلۇگخورن كالىلارنىڭ يېلىنىغا يۇقىدىغان، سۈت ئىشلەپچىقىرىشنى 10 پىرسەنت تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان بىر كېسەلنى تەتقىق قىلماقچى. پروفېسسور سپرووۋت كالىلارنىڭ موزايلىرىدىن ئايرىلغاندا روھىي جەھەتتىن ئازاب چېكىدىغان ـ چەكمەيدىغانلىقىنى تەتقىق قىلماقچى. پۇل مىقدارى چەكلىك ۋە ئىككى تەتقىقات لايىھەسىنىڭ ئىككىلىسىنى تەڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، قايسىسىغا مەبلەغ بېرىلىشى كېرەك؟

بۇ سوئالغا ئىلمىي جاۋاب يوق. پەقەت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي جاۋابلارلا بار. بۈگۈنكى دۇنيادا، سلۇگخورنىنىڭ پۇلغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇنىڭدىكى سەۋەب، كالىدىكى يېلىن كېسەللىكلىرىنىڭ كالا پىسخىكىسىدىن ئىلمىي جەھەتتە قىزىقارلىقراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ تەتقىقاتتىن پايدىلىنىدىغان سۈت سانائىتىنىڭ ھايۋانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش تەرەپدارلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر.

بەلكىم كالىلارنى مۇقەددەس دەپ قارايدىغان ھىندىلاردا ياكى ھايۋانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان بىر جەمئىيەتتە، پروفېسسور سپرووۋتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرستى يۇقىرىراق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ سۈتنىڭ تىجارىي قىممىتى ۋە پۇقرالارنىڭ ساغلاملىقىنى كالىلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئىكەن، تەتقىقات تەكلىپىنى شۇ كۆز قاراشلارغا ماس كېلىدىغان قىلىپ يازغىنى ياخشى. مەسىلەن، ئۇ مۇنداق يازسا بولىدۇ: «كالىلاردىكى چۈشكۈنلۈك سۈت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. سۈت كالىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشەنسەك، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلايدىغان پىسخىكىلىق دورىلارنى تەرەققىي قىلدۇرالايمىز، شۇ ئارقىلىق سۈت ئىشلەپچىقىرىشنى 10

پىرسەنتكىچە ئاشۇرالايمىز. مېنىڭ مۆلچەرلىشىمچە، كاللىلارغا ئىشلىتىلىدىغان پىسخىكىلىق دورىلارنىڭ دۇنيادىكى يىللىق سېتىلىش سوممىسى 250 مىليون دوللارغا يېتىدۇ».

پەن ـ تېخنىكا ئۆز نىشانلىرىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئۇ يەنە بايقاشلىرىنى قانداق قوللىنىشنى بەلگىلەشكىمۇ ئاجىز. مەسىلەن، ساپ ئىلمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، گېنېتىكا ھەققىدىكى ئېشىپ بېرىۋاتقان چۈشەنچىمىزنى نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ بىلىمنى راكنى داۋالاشقا ئىشلىتىشىمىز كېرەكمۇ، گېنېتىكىلىق ئىنژېنېرلىق ئارقىلىق ئالىي ئىنسانلار ئىرقىنى يارىتىشقا ئىشلىتىشىمىز كېرەكمۇ، ياكى چوڭ يېلىنلىق سۈت كالىلىرىنى يارىتىشقا ئىشلىتىشىمىز كېرەكمۇ؟ لىبېرال ھۆكۈمەت، كوممۇنىستىك ھۆكۈمەت، ناتسىست ھۆكۈمەت ۋە كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ ئوخشاش ئىلمىي بايقاشنى پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان مەقسەتلەردە ئىشلىتىدىغانلىقى ئېنىق، شۇنداقلا ئۇنى ئالدى بىلەن نەگە ئىشلىتىشنى بەلگىلەشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي سەۋەبى يوق.

قىسقىسى، ئىلمىي تەتقىقات پەقەت مەلۇم دىن ياكى ئىدىيە بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندىلا گۈللىنەلەيدۇ. ئىدىيە تەتقىقات چىقىملىرىنى ئاقلايدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە، ئىدىيە ئىلمىي كۈنتەرتىپكە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بايقاشلارنى قانداق قوللىنىشنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ قانداق قىلىپ ئالاموگوردو ۋە ئايغا ـ مۇمكىن بولغان باشقا نۇرغۇن مەنزىللەرنىڭ ئورنىغا ـ يېتىپ بارغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، فىزىكا، بىئولوگىيە ۋە سوتسىيولوگىيە ئالىملىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. فىزىكا، بىئولوگىيە ۋە سوتسىيولوگىيەنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇلارنى مەلۇم يۆنىلىشلەرگە ئىتتىرىپ، باشقا يۆنىلىشلەرنى ئېتىبارسىز قالدۇرغان ئىدىيەۋى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچلەرنى ئېتىبارغا ئېلىشىمىز كېرەك.

ئىككى كۈچ ئالاھىدە دىققىتىمىزگە سازاۋەر: ئىمپېرىيالىزم ۋە كاپىتالىزم. پەن، ئىمپېرىيە ۋە كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ھالقىسى ئۆتكەن 500 يىللىق تارىخنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. كېيىنكى بابلاردا ئۇنىڭ قانداق جارى بولغانلىقىنى تەھلىل قىلىمىز. ئاۋۋال پەن ۋە ئىمپېرىيە دېگەن قوش پىقىرىغۇچنىڭ بىر ـ بىرىگە قانداق باغلانغانلىقىغا قارايمىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭ قانداق قىلىپ كاپىتالىزمنىڭ پۇل سۈمۈرگۈچىسىگە ئۇلانغانلىقىنى كۆرىمىز.

15. يەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ نىكاھى

يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟ بۇ سوئال يېقىنقى زاماندىكى نۇرغۇن ئاسترونوملارنى قىزىقتۇرغان، بولۇپمۇ كوپېرنىك ئالەمنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان ئاسمان جىسمىنىڭ يەر شارى ئەمەس، بەلكى قۇياش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن شۇنداق بولغان. نۇرغۇن ئاسترونوملار ۋە ماتېماتىكلار بۇ ئارىلىقنى ھېسابلاشقا ئۇرۇنغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى پەرقلىق نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ ئۆلچەمنى قوللىنىشنىڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پلانېت ۋېنېرا نەچچە يىلدا بىر قېتىم قۇياش بىلەن يەر شارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىۋاستە ئۆتىدۇ. بۇ ئۆتۈشنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى يەر شارى يۈزىدىكى يىراق نۇقتىلاردىن كۆزەتكەندە، كۆزەتكۈچىنىڭ كۆرۈش بۇلۇڭىدىكى كىچىككىنە پەرق تۈپەيلىدىن ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئوخشاش ئۆتۈش ھەرىكىتى ھەرقايسى قىتئەلەردىن كۆزىتىلسە، ئاددىي تىرىگونومېترىيە ئارقىلىقلا قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنى ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

ئاسترونوملار شۇ زاماندا ۋېنېرانىڭ كېيىنكى قېتىملىق ئۆتۈشلىرىنىڭ 1761 ـ ۋە 1769 ـ يىللىرى يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن. شۇڭا ياۋروپادىن دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئېكسپېدىتسىيەلەر ئەۋەتىلىپ، بۇ ئۆتۈشنى مۇمكىن قەدەر كۆپ يىراق نۇقتىلاردىن كۆزىتىش پىلانلانغان. 1761 ـ يىلى ئالىملار بۇ ئۆتۈشنى سىبىرىيە، شىمالىي ئامېرىكا، ماداگاسكار ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىن كۆزەتكەن. 1769 ـ يىلدىكى ئۆتۈش يېقىنلاشقاندا، ياۋروپا ئىلمىي جەمئىيىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئالىملار شىمالىي كانادا ۋە كالىفورنىيە (ئۇ چاغدا تېخى ئېچىلمىغان زېمىن ئىدى) گىچە ئەۋەتىلگەن. لوندون تەبىئىي پەنلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش خانلىق جەمئىيىتى بۇنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى قارار قىلغان. ئەڭ توغرا نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن غەربىي ـ جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونىغا بىر ئاسترونومنى ئەۋەتىش زۆرۈر ئىدى.

خانلىق جەمئىيىتى داڭلىق ئاسترونوم چارلز گرىننى تاھىتىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلغان، بۇنىڭغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ۋە پۇل ـ مېلىنى ئايىمىغان. ئەمما، بۇنداق قىممەت ئېكسپېدىتسىيەگە مەبلەغ سالغاندىن كېيىن، ئۇنى پەقەت بىرلا ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىشكە ئىشلىتىش ئانچە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا گرىن بىلەن بىللە بوتانىكلاردىن جوزېف بانكس ۋە دانىيېل سولاندېر باشچىلىقىدىكى ھەرخىل كەسىپتىن كەلگەن سەككىز ئالىمدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا يولغا سېلىنغان. گۇرۇپپىدا يەنە ئالىملار چوقۇم ئۇچرىتىدىغان يېڭى زېمىنلار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقا تەيىنلەنگەن رەسساملارمۇ بار ئىدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيە بانكس ۋە خانلىق جەمئىيەت سېتىۋالالايدىغان ئەڭ ئىلغار ئىلمىي ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ

قوماندانلىقى تەجرىبىلىك دېڭىزچى، بىلىملىك جۇغراپىيەشۇناس ۋە ئېتنوگراف كاپىتان جەيمس كوكقا تاپشۇرۇلغان.

ئېكسپېدىتسىيە 1768 ـ يىلى ئەنگلىيەدىن يولغا چىققان، 1769 ـ يىلى ئۇلار تاھىتىدىن ۋېنېرانىڭ ئۆتۈشىنى كۆزەتكەن؛ بىر قانچە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىنى تەكشۈرگەن، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن 1771 ـ يىلى ئەنگلىيەگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار زور مىقداردىكى ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مېتېئورولوگىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ بايقاشلىرى كۆپلىگەن ئىلىم ساھەلىرىگە چوڭ تۆھپە قوشقان، جەنۇبىي تىنچ ئوكيان ھەققىدىكى ھەيران قالارلىق ھېكايىلەر ياۋروپالىقلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىغان ۋە كېيىنكى ئەۋلاد تەبىئەتشۇناسلار ۋە ئاسترونوملارغا ئىلھام بەرگەن.

جەيمس كوك باشچىلىق قىلغان بۇ ئېكسپېدىتسىيەسىدىن پايدىلانغان ساھەلەرنىڭ بىرى مېدىتسىنا ئىدى. ئۇ چاغدا، يىراق ئوكيانلارغا يولغا چىققان دېڭىزچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ سەپەردە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇلارنىڭ دۈشمىنى غەزەپلەنگەن يەرلىك خەلقلەر، دۈشمەن ھەربىي كېمىلىرى ياكى يۇرت سېغىنىشى ئەمەس ئىدى. بۇ سكوربۇت دەپ ئاتالغان سىرلىق كېسەللىك ئىدى. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ھالسىزلىنىپ، روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتەتتى؛ چىشلىرى ۋە باشقا يۇمشاق توقۇلمىلىرى قانايتتى؛ كېسەل ئېغىرلاشقانسېرى، چىشلىرى چۈشۈپ كېتەتتى، جاراھەتلەر پەيدا بولاتتى؛ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، چىرايى سارغىيىپ، پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ كېتەتتى. 16 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەر ئارىسىدا، سكوربۇت تەخمىنەن 2 مىليون دېڭىزچىنىڭ جېنىنى ئالغان. ھېچكىم ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى ۋە ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغان بىلەنمۇ، دېڭىزچىلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۆلۈپ كېتىۋېرەتتى. 1747 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇنىڭدا بىر بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان، ئەنگلىيەلىك تېۋىپ جەيمس لىند بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان دېڭىزچىلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۇلارنى بىر قانچە گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ھەر گۇرۇپپىغا ئوخشىمىغان داۋالاش ئۇسۇلى قوللانغان. سىناق گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىرىگە سكوربۇتنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئادەتتىكى داۋالاش ئۇسۇلىنى——لىمونغا ئوخشاش مېۋىلەرنى يېيىشنى بۇيرۇغان. بۇ گۇرۇپپىدىكى كېسەللەر تېزلا ساقايغان. لىند بۇ مېۋىلەرنىڭ دېڭىزچىلارنىڭ بەدىنىدە كەمچىل بولغان قايسى ماددىنى تولۇقلىغانلىقىنى بىلمىگەن، ئەمما بىز ھازىر بۇنىڭ ۋىتامىن C ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ چاغدىكى دېڭىزچىلارنىڭ تاماقلىرىدا بۇ مۇھىم ئوزۇقلۇق ماددىسىغا باي بولغان يېمەكلىكلەر خېلىلا كەم ئىدى. ئۇزۇن سەپەرلەردە دېڭىزچىلار ئادەتتە پەقەت پىششىق نان ۋە قۇرۇتۇلغان گۆش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزەتتى، مېۋە ـ چېۋە بىلەن كۆكتاتلارنى ئاساسەن يېمەيتتى.

خانلىق دېڭىز ئارمىيەسى لىندنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئىشەنمىگەن، ئەمما جەيمس كوك ئۇنىڭغا ئىشەنگەن. ئۇ دوختۇرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى قارار قىلغان. ئۇ كېمىسىگە

كۆپ مىقداردا چىلىغان سەي قاچىلىغان ھەمدە دېڭىزچىلىرىغا قۇرۇقلۇقتا چىققان ھامان كۆپلەپ يېڭى مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتلارنى يېيىشكە بۇيرۇغان. كوك بىرمۇ دېڭىزچىسىنى سكوربۇتتىن يوقاتمىغان. كېيىنكى ئون يىللاردا، دۇنيادىكى بارلىق دېڭىز ئارمىيەلىرى كوكنىڭ دېڭىز تاماق تۈزۈمىنى قوبۇل قىلغان، نەتىجىدە سانسىزلىغان دېڭىزچى ۋە يولۇچىلارنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇلغان.

ئەمما، جەيمس كوك ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ يەنە بىر بولمىغۇر نەتىجىسىمۇ بولغان. جەيمس كوك تەجرىبىلىك دېڭىزچى ۋە جۇغراپىيەشۇناسلا ئەمەس، يەنە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى ئىدى. خانلىق جەمئىيىتى ئېكسپېدىتسىيە چىقىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۆلىگەن بولسىمۇ، كېمىنى خانلىق دېڭىز ئارمىيەسى تەمىنلىگەنىدى. دېڭىز ئارمىيەسى يەنە 85 قوراللىق دېڭىزچى ۋە دېڭىز ئارمىيەسى ئەسكىرىنى تەيىنلەپ، كېمىنى زەمبىرەك، مىلتىق، ئوق ـ دورا ۋە باشقا قوراللار بىلەن تەمىنلىگەن. ئېكسپېدىتسىيە توپلىغان ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ـ بولۇپمۇ ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مېتېئورولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ماتېرىياللىرى ـ ئېنىق سىياسىي ۋە ھەربىي قىممەتكە ئىگە ئىدى. سكوربۇتنىڭ ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ بايقىلىشى ئەنگلىيەنىڭ دۇنيا دېڭىزلىرىنى كونترول قىلىشى ۋە قوشۇنلىرىنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە ئەۋەتەلىشىگە زور تۆھپە قوشقان. جەيمس كوك ئۆزى «بايقىغان» نۇرغۇن ئارال ۋە زېمىنلارنى، بولۇپمۇ ئاۋسترالىيەنى ئەنگلىيەگە تەۋە دەپ جاكارلىغان. جەيمس كوك ئېكسپېدىتسىيەسى ئەنگلىيەنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونىنى ئىگىلىشى، ئاۋسترالىيە، تاسمانىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەنى بويسۇندۇرۇشى، مىليونلىغان ياۋروپالىقلارنىڭ يېڭى مۇستەملىكىلەرگە ئورۇنلىشىشى ۋە يەرلىك مەدەنىيەتلەر بىلەن يەرلىك نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يوقىتىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

جەيمس كوك ئېكسپېدىتسىيەسىدىن كېيىنكى يۈز يىل ئىچىدە، ئاۋسترالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەنىڭ ئەڭ مۇنبەت يەرلىرى ياۋروپالىق كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. يەرلىك نوپۇس 90 پىرسەنتكىچە ئازىيىپ كەتكەن ۋە ھايات قالغانلار قاتتىق ئىرقىي زۇلۇمغا ئۇچرىغان. جەيمس كوك ئېكسپېدىتسىيەسى ئاۋسترالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەنىڭ يەرلىك خەلقى ئۈچۈن بالايى ئاپەتنىڭ باشلىنىشى بولغان، شۇندىن بېرى ئۇلار قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگەن.

تاسمانىيە يەرلىكلىرىنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغان. 10,000 يىل ئايرىم ياشاپ گۈللىنىپ كەلگەن بۇ خەلق جەيمس كوكنىڭ كېلىشىدىن كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە، ئەڭ ئاخىرقى ئەر، ئايال ۋە بالىسىغىچە پۈتۈنلەي يوقىتىلغان. ياۋروپالىق كۆچمەنلەر دەسلەپتە ئۇلارنى ئارالنىڭ ئەڭ باي قىسىملىرىدىن قوغلىغان، ئاندىن قالغان يەرلەرگىمۇ كۆز قىزارتىپ، ئۇلارنى سىستېمىلىق ھالدا ئوۋلاپ ئۆلتۈرگەن. ئازغىنە ھايات قالغانلار ئىنجىل تارقىتىش لاگېرىغا ھەيدەلگەن، ئۇ يەردە نىيىتى ياخشى ئەمما ئانچە ئوچۇق پىكىرلىك بولمىغان مىسسىيونېرلار ئۇلارغا زامانىۋى دۇنيانىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىشكە ئۇرۇنغان. تاسمانىيەلىكلەرگە خرىستىيان دىنى، ئوقۇش ـ يېزىش، كىيىم تىكىش، دېھقانچىلىق قىلىشقا ئوخشاش

«ئىشلەپچىقىرىش ماھارەتلىرى» ئۆگىتىلگەن. ئەمما ئۇلار ئۆگىنىشنى رەت قىلغان. ئۇلار بارغانسېرى چۈشكۈنلەشكەن، بالا تۇغماس بولۇپ قالغان، ھاياتقا بولغان قىزىقىشنى يوقاتقان ۋە ئاخىرى يەن ۋە تەرەققىياتنىڭ زامانىۋى دۇنياسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولنى ـ ئۆلۈمنى تاللىغان.

ئەپسۇسكى، پەن ۋە تەرەققىيات ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قوغلىغان. ئەڭ ئاخىرقى تاسمانىيەلىكلەرنىڭ جەسەتلىرى ئىلىم نامىدا ئانتروپولوگلار ۋە مۇزېي باشقۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى يېرىلغان، سۈرەتكە تارتىلغان، ئۆلچەنگەن ۋە ئىلمىي ماقالىلاردا تەھلىل قىلىنغان؛ ئاندىن باش سۆڭەكلىرى ۋە ئىسكېلېتلىرى مۇزېيلاردا، ئانتروپولوگىيەلىك جەمگاھلاردا كۆرگەزمىگە قويۇلغان. تاسمانىيە مۇزېيى پەقەت 1976 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئەڭ ئاخىرقى يەرلىك تاسمانىيەلىك تىرۇگانىنىنىڭ يۈز يىل بۇرۇن ئۆلگەن سكېلېتىنى دەپنە قىلىشقا بەرگەن. ئەنگلىيە خانلىق جەرراھلار (ئوپېراتسىيە دوختۇرلىرى) كوللېگىيەسى ئۇنىڭ تېرىسى ۋە چېچىنىڭ نۇسخىلىرىنى 2002 ـ يىلغىچە ساقلاپ تۇرغان.

35. تىرۇگانىنى، ئەڭ ئاخىرقى يەرلىك تاسمانىيەلىك.

جەيمس كوكنىڭ كېمىسى ھەربىي كۈچ بىلەن قوغدالغان ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيەمىدى ياكى بىر قانچە ئالىمنى قوشۇلۇۋالغان ھەربىي ئېكسپېدىتسىيەمىدى؟ بۇ خۇددى بېنزىن باكىڭىزنىڭ يېرىمى بوشمۇ ياكى يېرىمى تولغانمۇ دەپ سورىغانغا ئوخشايدۇ.

ئۇ ھەر ئىككىلىسى ئىدى. ئىلمىي ئىنقىلاب بىلەن زامانىۋى ئىمپېرىيالىزم بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماس ئىدى. كاپىتان جەيمس كوك ۋە بوتانىك جوزېف بانكسقا ئوخشاش كىشىلەر يەن بىلەن ئىمپېرىيەنى پەرقلەندۈرەلمەيتتى. بەختسىز تىرۇگانىنىمۇ شۇنداق.

نېمشقا ياۋروپا؟

شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندىكى چوڭ بىر ئارالدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاۋستىرالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ بىر ئارالنى بويسۇندۇرۇشى تارىخنىڭ ئەڭ غەلىتە ۋەقەلىرىدىن بىرى. جەيمس كوكنىڭ ئېكسپېدىتسىيەسىدىن سەل ئىلگىرى، برىتانىيە ئاراللىرى ۋە غەربىي ياۋروپا ئومۇمەن ئوتتۇرا دېڭىز دۇنياسىنىڭ يىراق، چەت رايونلىرى ئىدى. ئۇ يەردە مۇھىم ئىشلار ئانچە يۈز بەرمەيتتى. يېقىنقى زاماندىن بۇرۇنقى ياۋروپادا بىردىنبىر مۇھىم ئىمپېرىيە بولغان رىم ئىمپېرىيەسىمۇ بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى شىمالىي ئافرىقا، بالقان ۋە ئوتتۇرا شەرق ئۆلكىلىرىدىن ئالاتتى. رىمنىڭ غەربىي ياۋروپا ئۆلكىلىرى كان ـ مەدەن ۋە قۇللاردىن باشقا ھېچنېمە تەقدىم قىلالمايدىغان نامرات، چەت جايلار ئىدى. شىمالىي ياۋروپا شۇنچىلىك چۆلدەرەپ كەتكەن ۋە ياۋايى ئىدىكى، ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى.

پەقەت 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ياۋروپا ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتلارنىڭ مۇھىم ماكانىغا ئايلاندى. 1500 ـ يىلدىن 1750 ـ يىلغىچە، غەربىي ياۋروپا كۈچ توپلاپ، «تاشقى دۇنيا»نىڭ ـ يەنى ئىككى ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئوكيانلارنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ چاغدا ياۋروپا ئاسىيانىڭ چوڭ كۈچلىرىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. ياۋروپالىقلار ئامېرىكىنى بويسۇندۇرۇپ، دېڭىزدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئاسىيا كۈچلىرىنىڭ ئۇلارغا ئانچە قىزىقمىغانلىقىدىن ئىدى. يېقىنقى تارىخىي دەۋر ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسى، پارسىتىكى سەفەۋى ئىمپېرىيەسى، ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە خىتايدىكى مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى ئۈچۈن ئالتۇن دەۋر ئىدى. ئۇلار زېمىنلىرىنى كۆرۈنەرلىك كېڭەيتكەن بولۇپ، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان نوپۇس كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە ئېرىشكەنىدى. 1775 ـ يىلى ئاسىيا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. پەقەت ھىندىستان بىلەن خىتاينىڭ ئىقتىسادىنى قوشقاندا، ئۇلار دۇنيا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ياۋروپانىڭ ئىقتىسادى تۆۋەن ئىدى.

دۇنيانىڭ كۈچ مەركىزى پەقەت 1750 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە، ياۋروپالىقلار بىر قاتار ئۇرۇشلاردا ئاسىيا كۈچلىرىنى يېڭىپ، ئاسىيانىڭ چوڭ قىسمىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنلا ياۋروپاغا يۆتكەلدى. 1900 ـ يىلغا كەلگەندە، ياۋروپالىقلار دۇنيا ئىقتىسادى ۋە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلدى. 1950 ـ يىلى غەربىي ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىرلىكتە دۇنيا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى، جۇڭگونىڭ ئۈلۈشى بولسا 5 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ياۋروپانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يېڭى بىر دۇنياۋى تەرتىپ ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەت شەكىللەندى. بۈگۈن بارلىق ئىنسانلار، ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلىشنى خالىغاندىن كۆپ دەرىجىدە، كىيىنىش، پىكىر ۋە زوقلىنىش جەھەتتە ياۋروپالىشىپ كەتكەن. ئۇلار سۆزىدە ياۋروپاغا قارشى تۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما يەر شارىدىكى

ھەممە ئادەم دېگۈدەك سىياسەت، مېدىتسىنا، ئۇرۇش ۋە ئىقتىسادقا ياۋروپالىقلارنىڭ نەزەرى بىلەن قارايدۇ؛ ياۋروپا تىللىرىدا يېزىلغان ناخشىلارنى، ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى مۇزىكىلارنى ئاڭلايدۇ. ھەتتا بۈگۈن تېز راۋاجلىنىۋاتقان ۋە يېقىندا دۇنياۋى ئۈستۈنلۈكنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولغان خىتاي ئىقتىسادىمۇ ياۋروپانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىساد مودېلى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ چەت، سوغۇق بۇلۇڭىدىكى كىشىلەر قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىپ پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرالىدى؟ بۇ شەرەپنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپا ئالىملىرىغا مەنسۇپ. 1850 ـ يىلدىن كېيىن ياۋروپانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاساسەن ئارمىيە ـ سانائەت ـ ئىلىم بىرلىكى ۋە تېخنىكىلىق كارامەتكە تايانغان. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كېيىنكى زامان ئىمپېرىيەلىرى تېخنىكىلىق يېڭىلىقلارنى ئۆزگە تۇپلاش ئۈمىدىدە ئىلمىي تەتقىقاتنى قوللىغان؛ نۇرغۇن ئالىملار ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىمپېرىيە خوجايىنلىرى ئۈچۈن قورال ـ ياراغ، دورا ۋە ماشىنىلار ئۈستىدە ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئافرىقىلىق دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغان ياۋروپالىق ئەسكەرلەر ئارىسىدا «نېمە بولسا بولسۇن، ئۇلاردا يوق پىلىموت بىزدە بار» دېگەن سۆز كەڭ تارقالغان. ئاممىباپ تېخنىكىلارمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەر ئەسكەرلەرنى ئوزۇقلاندۇردى، پويىز ۋە پاراخوتلار ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى توشۇدى، يېڭى دورىلار بولسا ئەسكەرلەر، دېڭىزچىلار ۋە پاراۋوز شوپۇرلىرىنى داۋالىدى. ئارقا سەپتىكى بۇ تەرەققىياتلار ياۋروپانىڭ ئافرىقىنى بويسۇندۇرۇشىدا پىلىموتتىنمۇ مۇھىمراق رول ئوينىدى.

ئەمما 1850 ـ يىلدىن بۇرۇن ئەھۋال بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئارمىيە ـ سانائەت ـ ئىلىم بىرلىكى تېخى بوۋاقلىق باسقۇچىدا ئىدى؛ ئىلمىي ئىنقىلابنىڭ تېخنىكىلىق مېۋىلىرى پىشمىغان ئىدى؛ ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا كۈچلىرى ئارىسىدىكى تېخنىكىلىق پەرق كىچىك ئىدى. 1770 ـ يىلى جەيمس كوكتا ئاۋستىرالىيەنىڭ يەرلىك خەلقىدىن كۆپ ئىلغار تېخنىكا بار ئىدى، ئەمما خىتايلار ۋە ئوسمانلىلاردىمۇ تېخنىكا بار ئىدى. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئاۋستىرالىيەگە دېڭىزچى جېڭ خې ياكى ھۈسەيىن پاشا ئەمەس، جەيمس كوك ئاياغ بېسىپ مۇستەملىكە قىلدى؟ تېخىمۇ مۇھىمى، 1770 ـ يىلى مۇسۇلمانلار، ھىندىستانلىقلار ۋە خىتايلارغا سېلىشتۇرغاندا، ياۋروپالىقلارنىڭ كۆرۈنەرلىك تېخنىكىلىق ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار كېيىنكى ئەسىردە ئۆزلىرى بىلەن دۇنيانىڭ قالغان قىسمى ئارىسىدا قانداق قىلىپ بۇنداق چوڭ پەرق يارىتالىدى؟

نېمە ئۈچۈن ئارمىيە ـ سانائەت ـ ئىلىم بىرلىكى ھىندىستاندا ئەمەس، ياۋروپادا گۈللەندى؟ ئەنگلىيە تەرەققىي قىلغاندا، نېمە ئۈچۈن فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تېز ئەگەشتى، خىتاي كەينىدە قالدى؟ سانائەتلەشكەن ۋە سانائەتلەشمىگەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى پەرق ئېنىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئامىلغا ئايلانغاندا، نېمە ئۈچۈن رۇسىيە، ئىتالىيە ۋە ئاۋستىرىيە بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالىدى، پارس، مىسىر ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسى

مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى؟ نېمىلا دېگەن بىلەن تۆنجى سانائەت دولقۇنىنىڭ تېخنىكىسى نىسبەتەن ئاددىي ئىدى. خىتايلار ياكى ئوسمانلىلارنىڭ پار ماشىنىسى ياسىشى، پىلموت ئىشلەپچىقىرىشى ياكى تۆمۈر يول سېلىشى شۇنچە تەسمىدى؟

دۇنيادىكى تۇنجى تىجارەت تۆمۈر يولى 1830 ـ يىلى ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلدى. 1850 ـ يىلغا كەلگەندە، غەرب دۆلەتلىرى 40,000 كىلومېتىر تۆمۈر يول بىلەن تۇتاشتۇرۇلغاندا، پۈتۈن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا پەقەت 4,000 كىلومېتىر رېلىس بار ئىدى. 1880 ـ يىلى غەربتە 350,000 كىلومېتىردىن ئارتۇق تۆمۈر يول بار ئىدى، دۇنيانىڭ قالغان قىسمىدا بولسا پەقەت 35,000 كىلومېتىر پويىز لىنىيەسى بار ئىدى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەنگلىيەلىكلەر ھىندىستاندا ياسىغان). خىتايدىكى تۇنجى تۆمۈر يول پەقەت 1876 ـ يىلى ئېچىلغان. ئۇ 25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۇنىمۇ ياۋروپالىقلار ياسىغان؛ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى كېيىنكى يىلى بۇزۇۋەتكەن. 1880 ـ يىلى چىڭ ئىمپېرىيەسى بىرمۇ تۆمۈر يول ئىشلەتمىگەن. ئىراندىكى تۇنجى تۆمۈر يول پەقەت 1888 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، تېھراننى 10 كىلومېتىر جەنۇبتىكى بىر مۇقەددەس جاي بىلەن تۇتاشتۇراتتى. ئۇنى بېلگىيەدىكى بىر شىركەت قۇرۇپ پايدىلانغان. 1950 ـ يىلى ئىراننىڭ پۈتۈن تۆمۈر يول ئۇزۇنلۇقى پەقەت 2,500 كىلومېتىر ئىدى، بۇ ئەنگلىيەدىن يەتتە ھەسسە چوڭ بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن ئاز ئىدى.

خىتايلار بىلەن پارسلىقلار پار ماشىنىسىغا ئوخشاش تېخنىكىلىق ئىجادىيەتلەردىن (ئۇلارنى ئەركىن كۆچۈرۈۋالغىلى ياكى سېتىۋالغىلى بولاتتى) مەھرۇم ئەمەس ئىدى. ئۇلار غەربتە شەكىللىنىپ پىشىپ يېتىلىشكە نەچچە ئەسىر كەتكەن ۋە تېزلا كۆچۈرۈپ ئۆزلەشتۈرگىلى بولمايدىغان قىممەت قاراشلار، ئەپسان ـ رىۋايەتلەر، قانۇنىي ئاپپارات ۋە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي قۇرۇلمىلاردىن مەھرۇم ئىدى. فرانسىيە بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بولسا ئەنگلىيەنىڭ ئىزىدىن دەرھال ماڭالىدى، چۈنكى ئۇلار ئەنگلىيە ئەپسانىلىرى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرى بىلەن تېزلا ئورتاقلىشىپ كەتتى. خىتايلار بىلەن پارسلىقلار ئۇلارغا يېتىشەلمىدى، چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتلىرىنى باشقىچە ئويلايتتى ۋە تەشكىللەيتتى.

بۇ خىل چۈشەندۈرۈش 1500 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە بولغان دەۋرنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. بۇ دەۋردە ياۋروپانىڭ ئاسىيا كۈچلىرىگە قارىغاندا ۋاي دېگۈدەك تېخنىكىلىق، سىياسىي، ھەربىي ياكى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكى يوق ئىدى، ئەمما 1850 ـ يىلى ئەتراپىدا ياۋروپا بىردىنلا ئۆزىگە خاس روشەن بىر پوتېنسىيال (يوشۇرۇن كۈچ) يېتىلدۈردى. 1750 ـ يىلى ياۋروپا، خىتاي بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا باراۋەر سەپتە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئىككى بىناكارنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ھەر ئىككىسى ناھايىتى ئېگىز مۇنار سېلىۋاتىدۇ. بىرسى ياغاچ بىلەن كېسەك ئىشلىتىدۇ، يەنە بىرى پولات بىلەن بېتون ئىشلىتىدۇ. دەسلەپتە ئىككى ئۇسۇل ئارىسىدا ئانچە پەرق يوقتەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئىككىلا مۇنار ئوخشاش سۈرئەتتە سېلىنىپ، تەڭ ئېگىزلىككە يېتىدۇ. ئەمما مەلۇم بىر چەككە يەتكەندە، ياغاچ بىلەن كېسەكتىن

سىلىنغان مۇنار بىسمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، پولات بىلەن بېتوندىن ياسالغان مۇنار بولسا قەۋەتمۇ ــ قەۋەت ئېگىزلەپ، كۆز يەتكۈسىز بولۇپ قالىدۇ.

يېقىنقى دەۋردە ياۋروپا دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئىمكان بەرگەن قانداق يوشۇرۇن كۈچ يېتىلدۈردى؟ بۇ سوئالغا بىر ــ بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى جاۋاب بار: بىرى زامانىۋى پەن، بىرى كاپىتالىزم. ياۋروپالىقلار كۆرۈنەرلىك تېخنىكىلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇنلا ئىلمىي ۋە كاپىتالىستىك ئۇسۇلدا ئويلاش ھەم ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. تېخنىكىلىق بايلىق بارلىققا كەلگەندە، ياۋروپالىقلار ئۇنى باشقا ئىنسانلاردىن ياخشى پايدىلاندى. شۇڭا ئىلىم ــ پەن ۋە كاپىتالىزمنىڭ 21 ــ ئەسىردىكى ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمى دۇنياغا قالدۇرغان ئەڭ مۇھىم مىراس بولۇشى تاسادىپىيلىق ئەمەس. ياۋروپالىقلار ھازىر دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، ئەمما ئىلىم ــ پەن بىلەن كاپىتال (پۇل ــ بايلىق) بارغانسېرى زورايماقتا. كاپىتالىزمنىڭ غەلىبىلىرى كېيىنكى بابتا تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ بابتا ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمى بىلەن زامانىۋى ئىلىم ــ پەن ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس رىشتە بايان قىلىنىدۇ.

بويسۇندۇرۇش روھىي ھالىتى

زامانىۋى ئىلىم ــ پەن ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرىنىڭ ياردىمىدە گۈللەندى. ئىلىم ــ پەن شۈبھىسىزكى قەدىمكى گرېتسىيە، خىتاي، ھىندىستان ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرىگىمۇ قەرزدار. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى پەقەت يېقىنقى تارىخىي دەۋردە ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە ۋە گوللاندىيەنىڭ ئىمپېرىيە كېڭەيمىچىلىكى بىلەن ماس قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. يېقىنقى تارىخىي دەۋردە خىتايلار، ھىندىستانلىقلار، مۇسۇلمانلار، يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ۋە پولىنېزىيەلىكلەر ئىلمىي ئىنقىلابقا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇشنى داۋاملاشتۇردى. مۇسۇلمان ئىقتىسادچىلارنىڭ نەزەرىيەلىرىنى ئادام سمىس ۋە كارل ماركس تەتقىق قىلدى، يەرلىك ئامېرىكىلىق دوختۇرلار باشلامچى بولغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئەنگلىيە مېدىتسىنا كىتابلىرىغا كىردى؛ پولىنېزىيەلىك ئۇچۇر بەرگۈچىلەردىن يىغىلغان مەلۇماتلار غەرب ئانتروپولوگىيەسىدە ئىنقىلاب پەيدا قىلدى. ئەمما 20 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، بۇ سانسىز ئىلمىي بايقاشلارنى توپلاپ، ئىلمىي پەنلەرنى ياراتقانلار ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە سەر خىل زىيالىيلار بولدى. يىراق شەرق ۋە ئىسلام دۇنياسىمۇ ياۋروپادىكىدەك ئەقىللىق، ئىجتىھاتلىق ئەقىل ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. ئەمما 1500 ــ يىلدىن 1950 ــ يىلغىچە، ئۇلار نيۇتون فىزىكىسى ياكى دارۋىن بىئولوگىيەسىگە يېقىن كېلەلەيدىغان ھېچقانداق نەرسە ياراتمىدى.

بۇ، ياۋروپالىقلارنىڭ ئىلىم ــ پەن ئۈچۈن ئالاھىدە گېنى بار ياكى ئۇلار مەڭگۈ فىزىكا ۋە بىئولوگىيە تەتقىقاتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. خۇددى ئىسلام دەسلەپتە ئەرەبلەرنىڭ مونوپوللۇقىدا بولۇپ، كېيىن تۈركلەر ۋە پارسلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندەك،

زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ دەسلەپتە ياۋروپانىڭ ئىختىساس ساھەسى بولغان بولسا، بۈگۈن كۆپ مىللەتنىڭ كەسپى ساھەسىگە ئايلانماقتا.

زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلەن ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمى ئارىسىدىكى تارىخىي باغلىنىشنى نېمە شەكىللەندۈردى؟ تېخنىكا 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەردە مۇھىم ئامىل بولدى، ئەمما دەسلەپكى زامانىۋى دەۋردە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى چەكلىك ئىدى. ھالقىلىق ئامىل شۇكى، ئۆسۈملۈك ئىزدىگەن بوتانىكا ئالىمى بىلەن مۇستەملىكە ئىزدىگەن دېڭىز ئوفىتسېرى ئوخشاش پىكىر ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىدى. ئالىم ۋە بويسۇندۇرغۇچىنىڭ ئىككىلىسى بىلمەسلىكنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى، ئاندىن ئىككىلىسى چىقىپ يېڭى تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى شۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن يېڭى بىلىمنىڭ ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ خوجايىنى قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمى تارىختىكى باشقا بارلىق ئىمپېرىيە شەكلىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى. بۇرۇنقى ئىمپېرىيەنىڭ يېڭىلىق ئىزدىگۈچىلىرى دۇنيانى ئاللىقاچان چۈشىنىمىز دەپ پەرەز قىلاتتى. قەيەرنى بويسۇندۇرغان بولسا شۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى تارقىتاتتى. مەسىلەن، ئەرەبلەر مىسىر، ئىسپانىيە ياكى ھىندىستاننى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان بىر نەرسىنى بايقاش ئۈچۈن بويسۇندۇرمىدى. رىملىقلار، موڭغۇللار ۋە ئازتېكلار يېڭى زېمىنلارنى بىلىم ئۈچۈن ئەمەس، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە بايلىق ئۈچۈن بويسۇندۇردى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ياۋروپا ئىمپېرىيالىستلىرى يېڭى بىلىم ئېلىش ئۈمىدىدە يات زېمىنلارنى بويسۇندۇردى ھەم يىراق قىرغاقلارغا يول ئالدى.

جەيمس كوك شۇ مەقسەتتىكى تۇنجى تەكشۈرگۈچى ئەمەس ئىدى. 15 ـ ۋە 16 ـ ئەسىرلەردىكى پورتۇگال ۋە ئىسپان دېڭىزچىلىرى ئاللىقاچان شۇنداق قىلغانىدى. دېڭىزچى شاھزادە ھېنرى بىلەن ۋاسكو دا گاما ئافرىقا قىرغاقلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈردى، شۇ جەرياندا ئارال ۋە پورتلارنى كونترول قىلدى. كرىستوفېر كولومبو ئامېرىكىنى «بايقىدى» ۋە دەرھال يېڭى زېمىنلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئىسپانىيە پادىشاھلىرى ئۈچۈن تەلەپ قىلدى. فېردىناند ماگېللان دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىش يولىنى تاپتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فىلىپپىننى ئىسپانىيەنىڭ بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بىلىمگە ھاكىم بولۇش بىلەن زېمىننى بويسۇندۇرۇش تېخىمۇ زىچ بىرلىشىپ كەتتى. 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە، ياۋروپادىن يىراق زېمىنلارغا يولغا چىققان مۇھىم ھەربىي ئېكسپېدىتسىيەلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئىلمىي بايقاشلار ئۈچۈن يولغا چىققان ئالىملار بار ئىدى. ناپولېئون 1798 ـ يىلى مىسىرنى ئىستىلا قىلغاندا، ئۆزى بىلەن بىللە 165 ئالىمنى ئېلىپ باردى. ئۇلار باشقا ئىشلارنىڭ قاتارىدا پۈتۈنلەي يېڭى بىر پەن ـ مىسىرشۇناسلىقنى قۇردى؛ ئۇلار دىن، تىلشۇناسلىق ۋە بوتانىكا تەتقىقاتىغا مۇھىم تۆھپىلەر قوشتى.

1831 ـ يىلى ئەنگىلىيە خانلىق دېڭىز ئارمىيەسى **HMS Beagle** كېمىسىنى جەنۇبىي ئامېرىكا، فالكلاند ئاراللىرى ۋە گالاپاگوس ئاراللىرىنىڭ قىرغاقلىرىنى خەرىتىلەش ئۈچۈن ئەۋەتتى. دېڭىز ئارمىيەسى ئۇرۇش چىقىپ قالغاندا تېخىمۇ تەييار بولۇش ئۈچۈن بۇ بىلىمگە موھتاج ئىدى. ھەۋەسكار ئالىم بولغان كېمە كاپىتانى يولدا ئۇچرايدىغان گېئولوگىيەلىك شەكىللەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئېكسپېدىتسىيەگە بىر گېئولوگ قوشۇشنى قارار قىلدى. بىر قانچە كەسپىي گېئولوگ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، كاپىتان بۇ خىزمەتنى كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن 22 ياشلىق چارلز دارۋىنغا تەكلىپ قىلدى. دارۋىن ئانگلىكان چېركاۋلىرىنىڭ پوپى بولۇش ئۈچۈن ئوقۇغان بولسىمۇ، ئىنجىلغا قارىغاندا گېئولوگىيە ۋە تەبىئىي پەنلەرگە بەكرەك قىزىقاتتى. ئۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى ۋە كەچمىشلىرى تارىخ بولۇپ قالدى. كاپىتان سەپەر جەريانىدا ھەربىي خەرىتىلەر سىزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزدى، دارۋىن بولسا تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئاساس سالىدىغان ئەمەلىي مەلۇماتلارنى توپلىدى ۋە نەزەرىيەسىنى شەكىللەندۇردى.

1969 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇل، نېيل ئارمستىرونگ ۋە باز ئالدرىن ئاي يۈزىگە قوندى. ئېكسپېدىتسىيەدىن بۇرۇنقى ئايلاردا، ئاپوللو 11 ئاسترونوتلىرى (ئالەم ئۇچقۇچىلىرى) ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى ئايغا ئوخشاش يىراق چۆل ـ باياۋاندا مەشىق قىلدى. بۇ رايون يەرلىك ئامېرىكا جامائەتلىرىنىڭ ماكانى ئىدى. ئالەم ئۇچقۇچىلىرى بىلەن يەرلىكلەردىن بىرىنىڭ ئۇچرىشىشىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر ھېكايە (ياكى رىۋايەت) بار.

بىر كۈنى ئالەم ئۇچقۇچىلىرى مەشىق قىلىۋاتقاندا، ياشانغان بىر يەرلىك ئامېرىكىلىققا يولۇقتى. بۇ ئادەم ئۇلاردىن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئۇلار پات يېقىندا ئاينى تەكشۈرۈشكە بارىدىغان تەتقىقات ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ياشانغان ئادەم بۇنى ئاڭلاپ بىر نەچچە مىنۇت جىم تۇردى، ئاندىن ئۇچقۇچىلاردىن ئۆزىگە بىر ياخشىلىق قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

«سىزگە نېمە قىلىپ بېرەيلى؟» دەپ سورىدى ئۇلار.

«مېنىڭ قەبىلەمدىكىلەر ئايدا مۇقەددەس روھلار ياشايدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. سىزنى خەلقىمنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويامدىكىن دېۋىدىم».

«نېمە سۆز؟» دەپ سورىدى ئۇچقۇچىلار.

قېرى ئادەم ئۆز قەبىلە تىلىدا بىر نېمىلەرنى دېدى، ئاندىن ئۇچقۇچىلاردىن ئۇنى توغرا يادلىۋالغۇچە قايتا ـ قايتا تەكرارلاشنى سورىدى.

«بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىدى ئۇچقۇچىلار.

«ئۇنى سىلەرگە ئېيتالمايمەن. بۇ پەقەت بىزنىڭ قەبىلە بىلەن ئاي روھلىرىلا بىلىشكە رۇخسەت قىلىنغان بىر سىر»

ئۇچقۇچىلار بازىغا قايتقاندا، قەبىلە تىلىنى بىلىدىغان بىرەيلەننى ئىزدىدى ۋە ئۇنىڭدىن بۇ مەخپىي خەۋەرنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى سورىدى. ئۇلار يادلىۋالغان سۆزلەرنى

تەكرارلىغاندا، تەرجىمان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ تىنچلانغاندىن كېيىن، ئۇچقۇچىلار ئۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سورىدى. تەرجىمان ئۇلارغا شۇنچە دىققەت بىلەن يادلىۋالغان جۈملىسىنىڭ «بۇ ئادەملەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭلار. ئۇلار زېمىنىڭلارنى ئوغرىلىغىلى كەلدى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

قۇرۇق خەرىتىلەر

زامانىۋى «تەكشۈرۈش ۋە بويسۇندۇرۇش» روھىي ھالىتى دۇنيا خەرىتىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ياخشى كۆرسىتىلگەن. نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر زامانىۋى دەۋردىن بۇرۇنلا دۇنيا خەرىتىلىرىنى سىزغان. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى پۈتۈن دۇنيانى ھەقىقىي بىلمەيتتى. ھېچقانداق ئاسىيا ـ ئافرىقا مەدەنىيىتى ئامېرىكىنى بىلمەيتتى، ھېچقانداق ئامېرىكا مەدەنىيىتىمۇ ئاسىيا ـ ئافرىقىنى بىلمەيتتى. ناتونۇش رايونلار پەقەت چىقىرىۋېتىلگەن، ياكى خىيالىي مەخلۇقلار ۋە كارامەتلەر بىلەن تولدۇرۇلغان. بۇ خەرىتىلەردە قۇرۇق بوشلۇقلار يوق،. ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى تونۇيدىغاندەك تەسىرات بېرەتتى.

15 ـ ۋە 16 ـ ئەسىرلەردە، ياۋروپالىقلار نۇرغۇن بوشلۇقلار بىلەن دۇنيا خەرىتىلىرىنى سىزىشقا باشلىدى ـ بۇ ئىلمىي پىكىر ئۇسلۇبىنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا ياۋروپا ئىمپېرىيە ئىنتىلىشىنىڭ بىر كۆرسەتكۈچى ئىدى. بوش خەرىتىلەر پسىخولوگىيەلىك ۋە ئىدېئولوگىيەلىك بۆسۈش بولۇپ، ياۋروپالىقلارنىڭ دۇنيانىڭ چوڭ قىسمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىشى ئىدى.

1492 ـ يىلى كرىستوفېر كولومبو شەرقىي ئاسىياغا يېڭى يول ئىزدەپ ئىسپانىيەدىن غەربكە قاراپ يولغا چىققاندا ھالقىلىق بۇرۇلۇش نۇقتىسى يېتىپ كەلدى. ھالبۇكى كولومبو يەنىلا كونا «تولۇق» دۇنيا خەرىتىلىرىگە ئىشىنەتتى. كولومبو بۇ خەرىتىلەرنى ئىشلىتىپ، ياپونىيە ئىسپانىيەدىن تەخمىنەن 7,000 كىلومېتىر غەربتە جايلاشقان بولۇشى كېرەك دەپ ھېسابلىدى. ئەمەلىيەتتە، شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئىسپانىيە ئارىسىدا 20,000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە ۋە پۈتۈنلەي نامەلۇم بىر قىتئە بار ئىدى. 1492 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىر، تەخمىنەن سائەت 2:00 دە، كولومبونىڭ ئېكسپېدىتسىيەسى نامەلۇم قىتئەگە سوقۇلدى. پىنتا كېمىسىنىڭ مومىسىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان خۇئان رودرىگېز بېرمېخو ھازىر باھاما دەپ ئاتىلىدىغان جايدىكى بىر ئارالنى كۆرۈپ:

«قۇرۇقلۇق! قۇرۇقلۇق!» دەپ ۋارقىرىدى.

36. 1459-يىلدىكى ياۋروپانىڭ دۇنيا خەرىتىسى (ياۋروپا سول تەرەپ يۇقىرى بۆلۈكىگە جايلاشقان)، بۇ ناھايىتى تەپسىلىي سىزىلغان خەرىتە بولۇپ، ياۋروپالىقلارغا يات جايلار، مەسىلەن جەنۇبتىكى ئافرىقا قىتئەسىمۇ سىزىلغان.

كولومبو ئۆزىنىڭ شەرقىي ئاسىيا قىرغىقىدىكى كىچىك بىر ئارالغا يەتكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى. ئۇ يەردە كۆرگەن كىشىلەرنى «ھىندىستانلىقلار» دەپ ئاتىدى، چۈنكى ئۇ ھىندىستانغا ـ ھازىر شەرقىي ھىندىستان ياكى ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرى دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كەلدىم دەپ ئويلىغانىدى. كولومبو بۇ خاتالىقتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ پۇتۇنلەي نامەلۇم بىر قىتئەنى بايقىغانلىقى ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ دەۋرىدىكى كۆپ كىشىلەر ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئىدى. مىڭلىغان يىللار داۋامىدا، ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلار ۋە ئالىملارلا ئەمەس، خاتالاشمايدىغان مۇقەددەس كىتابلارمۇ پەقەت ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئاسىيانىلا

بىلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاتالاشقان بولامدۇ؟ ئىنجىل دۇنيانىڭ يېرىمىنى كۆرمەي قالغان بولامدۇ؟ بۇ خۇددى 1969 ـ يىلى ئايغا كېتىۋاتقان ئاپوللو 11 نىڭ يېرىم يولغا كەلگەندە، يەر شارىنى ئايلىنىۋاتقان نامەلۇم بىر ئايغا سوقۇلۇپ كەتكىنىگە ئوخشايتتى. بىلمەسلىكنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىشىدا، كولومبو يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىر ئادىمى ئىدى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى، شۇڭا بۇ مۇھىم بايقىشىغا ئۆزىنىمۇ ئىشەندۈرەلمىدى.

تۇنجى زامانىۋى ئادەم ئامېرىگو ۋېسپۇچچى بولۇپ، ئۇ 1499 ـ 1504 يىللىرى ئارىسىدا ئامېرىكىغا بارغان بىر قانچە ئېكسپېدىتسىيەگە قاتناشقان ئىتالىيەلىك دېڭىزچى ئىدى. 1504 ـ 1502 يىللىرى ئارىسىدا، بۇ ئېكسپېدىتسىيەلەرنى تەسۋىرلەيدىغان ئىككى ئەسەر ياۋروپادا نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرلەردە ۋېسپۇچچىغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، كولومبو بايقىغان يېڭى زېمىنلارنىڭ شەرقىي ئاسىيا قىرغىقىدىكى ئاراللار ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس كىتابلار، كلاسسىك جۇغراپىيەشۇناسلار ۋە زاماندىش ياۋروپالىقلار بىلمەيدىغان پۈتۈن بىر قىتئە ئىكەنلىكى مۇنازىرە قىلىنغانىدى. 1507 ـ يىلى، بۇ پاكىتلارغا ئىشەنگەن مارتىن ۋالدسېمۇللېر ئىسىملىك نوپۇزلۇق بىر خەرىتىچى يېڭىلانغان دۇنيا خەرىتىسىنى نەشر قىلدى، بۇ ياۋروپانىڭ غەربكە يۈزلەنگەن ئارمىيەلىرى بارغان جاينى ئايرىم قىتئە قىلىپ كۆرسەتكەن تۇنجى خەرىتە ئىدى. خەرىتىنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ۋالدسېمۇللېر ئۇنىڭغا بىر ئىسىم قويۇشى كېرەك ئىدى. ئامېرىگو ۋېسپۇچچى ئۇ قىتئەنى بايقىغان تۇنجى كىشى دەپ قارىۋالغان ۋالدسېمۇللېر، قىتئەنى ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە «ئامېرىكا» دەپ ئاتىدى. ۋالدسېمۇللېر خەرىتىسى ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ كەتتى ۋە باشقا خەرىتىچىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلدى، ئۇنىڭ يېڭى زېمىنغا قويغان ئىسمى كەڭ تارقالدى. دۇنيانىڭ تۆتتىن بىرى ۋە يەتتە قىتئەنىڭ كىشىگە بەك تونۇشلۇق بولمىغان بىر ئىتالىيەلىكنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشىدا شېئىرىي ئادالەت بار. بۇ ئىسىمنىڭ مەشھۇر بولۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئۇنىڭ «بۇ يەرنىڭ نەلىكىنى بىز بىلمەيمىز» دېيىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى ئىدى.

ئامېرىكانىڭ بايقىلىشى ئىلىم ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس سالغان ۋەقەلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ياۋروپالىقلارغا ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىلەردىن كۆرە ھازىرقى كۆزىتىشلەرنى ئەۋزەل كۆرۈشنى ئۆگەتتى، شۇنداقلا ئامېرىكىنى بويسۇندۇرۇش ئىستىكى ئۇلارنى تېز سۈرئەتتە يېڭى بىلىم ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. ئەگەر ئۇلار راستىنلا بۇ كەڭ يېڭى زېمىنلارنى كونترول قىلماقچى بولسا، يېڭى قىتئەنىڭ جۇغراپىيەسى، ئىقلىمى، ئۆسۈملۈكلىرى، ھايۋانلىرى، تىللىرى، مەدەنىيەتلىرى ۋە تارىخى ھەققىدە زور مىقداردىكى يېڭى مەلۇماتلارنى توپلىشى كېرەك ئىدى. خىرىستىئان مۇقەددەس كىتابلىرى، كونا جۇغراپىيە كىتابلىرى ۋە قەدىمكى ئېغىزاكى ئەنئەنىلەر ئۇلارغا ئانچە ياردەم قىلالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ياۋروپا جۇغراپىيەشۇناسلىرىلا ئەمەس، باشقا بىلىم ساھەلىرىدىكى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بوشلۇقلار

قالدۇرۇلغان خەرىتىلەرنى سىزىشقا باشلىدى. ئۇلار نەزەرىيەلىرىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ۋە بىلمەيدىغان مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى.

ياۋروپالىقلار خەرىتىدىكى ئاق داغلارغا خۇددى ماگنىتقا تارتىلغاندەك تارتىلدى ۋە دەرھال ئۇلارنى تولدۇرۇشقا باشلىدى. 15 ـ ۋە 16 ـ ئەسىرلەردە، ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئافرىقىنى ئايلىنىپ ئۆتتى، ئامېرىكىنى تەكشۈردى، تىنچ ئوكيان بىلەن ھىند ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتتى؛ ئاندىن پۈتۈن دۇنيادا بازىلار ۋە مۇستەملىكىلەر تورىنى قۇردى. ئۇلار تۇنجى ھەقىقىي دۇنياۋى ئىمپېرىيەلەرنى قۇردى ۋە تۇنجى دۇنياۋى سودا تورىنى بەرپا قىلدى. ياۋروپا ئىمپېرىيە ئېكسپېدىتسىيەلىرى دۇنيا تارىخىنى ئۆزگەرتتى: ئايرىم ـ ئايرىم خەلقلەر ۋە مەدەنىيەتلەر تارىخى ئەمدى بىر گەۋدىلەشكەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىغا ئايلانغاندى.

37. 1525ـيىلدىكى سالۋىيات دۇنيا خەرىتىسى. گەرچە 1459ـيىلدىكى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇقلۇق، ئارال بولسىمۇ، ئۇلارغا تەپسىلىي ئىزاھات بېرىلگەن. ھالبۇكى، سالۋىيات خەرىتىسى ئاساسەن بوش قالدۇرۇلغان. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ كۆزەتكەندە جەنۇبقا ماڭغانچە قۇرۇقلۇق تارىيىپ بارىدۇ ۋە بارغانچە يوقاپ كېتىدۇ. ھەر قانداق كىشى خەرىتىگە قارىسا، ئۇششاق نۇقتىلارنى كۆرۈپ: بۇ نېمە بەلگە؟ دەپ قىزىقىپ سورىشى مۇمكىن. خەرىتىدە بۇنىڭغا جاۋاب بېرىلمىگەن، بەلكى تەكشۈرگۈچىلەرنى دېڭىز ئېكىسپېدىتسىيەسىگە چىقىشقا دەۋەت قىلغان.

ياۋروپا تەكشۈرۈش ـ بويسۇندۇرۇش ئېكسپېدىتسىيەلىرى بىزگە بەك تونۇش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەقەدەر قالتىس ئىكەنلىكىنى كۆرمەي قالىمىز. بۇنداق ئىشلار بۇرۇنقى زامانلاردا يۈز بېرىپ باققان ئەمەس. يىراق مۇساپىلىك بويسۇندۇرۇش يۈرۈشلىرى تەبىئىي يۈز بەرگەن ئەمەس. تارىختىن بېرى كۆپىنچە ئىنسان جەمئىيەتلىرى يەرلىك توقۇنۇشلار ۋە قوشنىلار بىلەن

جېدەللىشىشكە كىرىشىپ قالغاچقا، يىراق زېمىنلارنى تەكشۈرۈش ۋە بويسۇندۇرۇشنى ھەرگىز ئويلىمىغان. كۆپىنچە چوڭ ئىمپېرىيەلەر پەقەت بىۋاستە قوشنىلىرىنىلا كونترول قىلغان؛ ئۇلار يىراق زېمىنلارغا پەقەت قوشنىلىرى داۋاملىق كېڭەيگەنلىكتىن بارغان. مەسىلەن، رىملىقلار رىمنى قوغداش ئۈچۈن ئېترۇرىيەنى بويسۇندۇردى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 350 ـ 300). ئاندىن ئېترۇرىيەنى قوغداش ئۈچۈن پو ۋادىسىنى بويسۇندۇردى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 200). كېيىن پو ۋادىسىنى قوغداش ئۈچۈن پروۋانسنى بويسۇندۇردى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 120)، پروۋانسنى قوغداش ئۈچۈن گاللىيەنى بويسۇندۇردى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 50)، ۋە گاللىيەنى قوغداش ئۈچۈن برىتانىيەنى بويسۇندۇردى (مىلادى 50). ئۇلارنىڭ رىمدىن لوندونغا بېرىشىغا 400 يىل كەتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 350 ـ يىلى، ھېچقانداق رىملىق بىۋاستە برىتانىيەگە يۈزلىنىپ ئۇنى بويسۇندۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان.



38. جېڭ خېنىڭ كېمىسى كولۇمبۇنىڭ كېمىسىدىن ئازراقلا كېيىن تۇراتتى

بەزىدە تەلۋە ھۆكۈمران ياكى تەۋەككۈلچىلەر يىراق مۇساپىلىك بويسۇندۇرۇش يۈرۈشىگە ئاتلىناتتى، ئەمما بۇنداق يۈرۈشلەر ئادەتتە كونا ئىمپېرىيە ياكى سودا يوللىرىنى بويلىغان. مەسىلەن، بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ يۈرۈشلىرى يېڭى ئىمپېرىيە قۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت ئىمپېرىيە ـ پارس ئىمپېرىيەسىنى تارتىۋېلىشقا ئېلىپ باردى. زامانىۋى ياۋروپا

ئىمپېرىيەلىرىگە ئەڭ يېقىن ئۆرنەكلەر قەدىمكى ئافىنا ۋە كارتاگېنىنىڭ دېڭىز ئىمپېرىيەلىرى، ئاندىن 14 ـ ئەسىردە ھىندونېزىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقۇرغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ماجاپاھىت دېڭىز ئىمپېرىيەسى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىمپېرىيەلەرنىڭ ھەممىسى نامەلۇم دېڭىزلارغا كەم ئاتلانغان؛ ئۇلارنىڭ دېڭىز سەپەرلىرى يەرلىك تىرىشچانلىقلار بولۇپ، زامانىۋى ياۋروپالىقلارنىڭ جاھانگىرلىك تەشەببۇسلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئازدۇر.

نۇرغۇن ئالىملار مىڭ سۇلالىسىنىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنىرالى جېڭ خې باشلىغان دېڭىز سەپەرلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ يېڭى قۇرۇقلۇق ئىزدەش سەپەرلىرىدىن بېشارەت بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى مۇنازىرە قىلىدۇ. 1405 ـ 1433 يىللىرى ئارىسىدا، جېڭ خې يەتتە چوڭ كېمىسىنى خىتايدىن ھىند ئوكيانىنىڭ يىراق قىرغاقلىرىغا باشلاپ بارغان؛ بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ سەپىرىدە 300 گە يېقىن كېمە ۋە 30,000 غا يېقىن كىشى ئورۇن ئالغان. ئۇلار ھىندونېزىيە، سىرىلانكا، ھىندىستان، پارس قولتۇقى، قىزىل دېڭىز ۋە شەرقىي ئافرىقىغا بارغان. خىتاي كېمىلىرى ھىجازنىڭ ئاساسلىق پورتى جىددە ۋە كېنىيە قىرغىقىدىكى مالىندىغا لەڭگەر تاشلىغان. كولومبونىڭ 1492 ـ يىلدىكى 120 دېڭىزچى بار ئۈچ كىچىك كېمە ئەترىتى جېڭ خېنىڭ ئەجدىھالار توپىغا سېلىشتۇرغاندا پاشىنىڭ قانىتىدەك كىچىك ئىدى.

ئەمما ھالقىلىق پەرق بار ئىدى. جېڭ خې ئوكيانلارنى تەكشۈردى ۋە خىتايپەرەس ھۆكۈمرانلارغا ياردەم قىلدى، ئەمما ئۇ بارغان دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ياكى مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جېڭ خې ئېكسپېدىتسىيەلىرى خىتاينىڭ سىياسىتى ۋە مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغان ئىدى. 1430 ـ يىللاردا بېيجىڭدىكى ھۆكۈمران گۇرۇھ ئۆزگەرگەندە، يېڭى ھۆكۈمرانلار بۇ ھەرىكەتنى تۇيۇقسىز توختاتتى. چوڭ كېمە بۇزۇۋېتىلدى، مۇھىم تېخنىكىلىق ۋە جۇغراپىيەلىك بىلىملەر يوقالدى، شۇنداق قىلىپ خىتاينىڭ پورتىدىن بۇنداق سالاھىيەت ۋە ۋاستىلەرگە ئىگە تەكشۈرگۈچى قايتا يولغا چىقمىدى. كېيىنكى ئەسىرلەردىكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، بۇرۇنقى ئەسىرلەردىكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا ئوخشاش، ئۆز مەنپەئەتى بىلەن نەپسانىي ئىستەكلىرىنى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئىچىدىلا چەكلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

جېڭ خې ئېكسپېدىتسىيەلىرى ياۋروپانىڭ كۆرۈنەرلىك تېخنىكىلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ياۋروپالىقلارنى ئالاھىدە قىلغىنى ئۇلارنىڭ تەڭداشسىز تەكشۈرۈش ھەرىكىتى ۋە تويماس بويسۇندۇرۇش ئىنتىلىشى ئىدى. گەرچە رىملىقلار كۈچلۈك بولسىمۇ، ھېچقاچان ھىندىستان ياكى سكاندىناۋىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى، پارسلار ھېچقاچان ماداگاسكار ياكى ئىسپانىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى، خىتايلار ھېچقاچان ھىندونېزىيە ياكى ئافرىقىنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى. كۆپىنچە خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھەتتا ئۆز يېقىنىدىكى ياپونىيەنىمۇ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. بۇنىڭدا ھېچقانداق غەلىتىلىك يوق ئىدى. غەلىتە يېرى شۇكى، دەسلەپكى مەدەنىي ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىگە يىراق ۋە پۈتۈنلەي نامەلۇم، يات مەدەنىيەتلەرگە تولغان زېمىنلارغا كېمە ھەيدەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىرغاقلىرىغا

قەدەم باسقان هامان، «مەن بۇ زېمىنلارنى پادىشاھىم ئۈچۈن تەلەپ قىلىمەن!» دەپ جاكارلايدىغان تەلۋىلىككە گىرىپتار بولغانىدى.

سىرتتىن كەلگەن ھۇجۇم

1517 ـ يىلى ئەتراپىدا، كارىب ئاراللىرىدىكى ئىسپان مۇستەملىكىچىلىرى مېكسىكا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيەنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئەپقاچتى گەپلەرنى ئاڭلاشقا باشلىدى. پەقەت تۆت يىلدىن كېيىنلا، ئازتېك پايتەختى خارابىلىققا ئايلاندى، ئازتېك ئىمپېرىيەسى تارىخقا ئايلاندى ۋە ھېرنان كورتېس مېكسىكىدىكى كەڭ ـ كۆلەملىك يېڭى ئىسپان ئىمپېرىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئىسپانلار ئۆزلىرىنى تەبرىكلەشكە، ھەتتا نەپەس ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھەر تەرەپتە تەكشۈرۈش ۋە بويسۇندۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلىرى بولغان ئازتېكلار، تولتېكلار ۋە مايالار جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا بىلگەن بولۇپ، 2000 يىل جەريانىدا ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا بىر قېتىممۇ ئۇرۇنۇپ كۆرمىگەنىدى. ئەمما مېكسىكا ئىسپانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشتىن كېيىنكى ئون يىلدىن ئازراق ۋاقىت ئىچىدە، فرانسىسكو پىزاررو جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئىنكا ئىمپېرىيەسىنى بايقاپ، ئۇنى 1532 ـ يىلى مەغلۇپ قىلدى.

ئەگەر ئازتېكلار ۋە ئىنكالار ئەتراپىدىكى دۇنياغا كۆپرەك قىزىققان، ئىسپانلارنىڭ ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىغا نېمە قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇلار ئىسپان ئىستىلاسىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك قارشىلىق كۆرسىتەلىگەن بولاتتى. كولۇمبۇنىڭ ئامېرىكىغا تۇنجى قېتىملىق سەپەر قىلىشى (1492) بىلەن كورتېسنىڭ مېكسىكىغا چىقىشى (1519) ئارىسىدىكى يىللاردا، ئىسپانلار كارىب ئاراللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇرۇپ، يېڭى مۇستەملىكىلەر قۇردى. بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك خەلق ئۈچۈن، بۇ مۇستەملىكىلەر يەر يۈزىدىكى دوزاخقا ئايلاندى. ئۇلار ئاچكۆز ۋە ۋىجدانسىز مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن تۆمۈر مۇشت بىلەن باشقۇرۇلۇپ، قۇللۇققا سېلىنىپ، كانلار ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەشكە مەجبۇرلاندى. ئازراق قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى جاپالىق ئىشلەش شارائىتى ياكى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كېمىلىرى بىلەن كەلگەن كېسەللەرنىڭ ۋابا خاراكتېرلىك تارقىلىشى تۈپەيلىدىن تېزلا ئۆلۈپ كەتتى. يىگىرمە يىل ئىچىدە، كارىب رايونىدىكى يەرلىك ئاھالە ئاساسەن يوقالدى. ئىسپان مۇستەملىكىچىلىرى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئافرىقىلىق قۇللارنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ قىرغىنچىلىق ئازتېك ئىمپېرىيەسىنىڭ دەل بوسۇغىسىدا يۈز بەرگەنىدى. ئەمما كورتېس بۇ ئىمپېرىيەنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا كەلگەندە، ئازتېكلار بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمەيتتى.

هۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىسپانلار تاشقى پلانېتتىن كەلگەن باسقۇنچىلارغا ئوخشايتتى. ئازتېكلار بولسا پۈتۈن دۇنيانى بىلدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئۆز دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئىسپانلارغا ئوخشاش بۇنداق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئىش ئىدى. كورتېس ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۈگۈنكى ۋېرا كرۇز قىرغىقىغا كەلگەندە، ئازتېكلار تۇنجى قېتىم ئۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئىنسانلار بىلەن ئۇچراشتى.

7-خەرىتە: ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىكى دەۋرىدىكى ئازتېك ۋە ئىنكا ئىمپېرىيەسى

ئازتېكلار قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇلار بۇ كەلگۈندىلەرنىڭ نېمە مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قىينالدى. بارلىق تونۇش ئىنسانلاردىن پەرقلىق ھالدا، ئۇلارنىڭ تېرىسى ئاق بولۇپ، يۈزلىرىدە نۇرغۇن تۈك بار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ چېچى سېرىق بولۇپ، تولىمۇ سېسىق پۇرايتتى. (يەرلىكلەرنىڭ پاكىزلىقى ئىسپانلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئىسپانلار دەسلەپتە مېكسىكاغا كەلگەندە، خۇشپۇراق ئىسرىقدان كۆتۈرگەن يەرلىكلەر

ئۇلار قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە ھەمراھ بولۇپ ماڭاتتى. ئىسپانلار بۇنى ئىلاھىي ھۆرمەتنىڭ بەلگىسى دەپ ئويلىدى. بىز يەرلىك مەنبەلەردىن، ئازتېكلارنىڭ ئۇ يېڭى كەلگەن مەخلۇقلارنىڭ پۇرىقىغا چىداپ تۇرالمىغانلىقىنى بىلىمىز.)

ياتلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ئازتېكلارنى گاڭگىرىتىپ قويىدى، ئۇلار غايەت چوڭ كېمىدە كەلگەن بولۇپ، ئازتېكلار بۇنداق كېمىنى كۆرۈپ باققان ئەمەس، تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئادەملەر شامالدەك تېز، يوغان ۋە قورقۇنچلۇق ھايۋانلارنىڭ دۈمبىسىدە مىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار پارقىراق مېتال تاياقچىلاردىن چاقماق ۋە گۈلدۈرمامىنى چىقىرالايتتى. ئۇلارنىڭ پارقىراق ئۇزۇن قىلىچلىرى ۋە تىغ ئۆتمەس ساۋۇتلىرى بار بولۇپ، يەرلىكلەرنىڭ ياغاچ قىلىچلىرى ۋە تاش نەيزىلىرى ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى.

بەزى ئازتېكلار ئۇلارنى ئىلاھلار دەپ ئويلىدى. باشقىلار ئۇلارنى جىن-شەيتانلار، ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى ياكى كۈچلۈك سېھىرگەرلەر دەپ مۇنازىرىلەشتى. ئازتېكلار بارلىق كۈچلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسپانلارنى يوقىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى مۇزاكىرە قىلىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلدى؛ ئۇلار ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن كورتېسنىڭ ئىسپانلىرى 550 دىن ئاشمايتتى. 550 ئادەم نەچچە مىليون نوپۇسلۇق ئىمپېرىيەنى نېمە قىلالايتتى؟

كورتېسمۇ ئازتېكلار ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى، ئەمما ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى رەقىبلىرىگە قارىغاندا مۇھىم ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. ئازتېكلارنىڭ بۇ غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك ۋە سېسىق پۇرايدىغان ياتلارنىڭ كېلىشىگە تەييارلىقى يوق ئىدى. ئەمما ئىسپانلار يەر يۈزىنىڭ نامەلۇم ئىنسان دۇنياسىغا تولغانلىقىنى بىلەتتى. يات زېمىنلارنى بېسىۋېلىش ۋە ئۆزلىرى پۈتۈنلەي بىلمەيدىغان ۋەزىيەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، ھېچكىم ئۇلاردەك تەجرىبىلىك ئەمەس ئىدى. زامانىۋى ياۋروپا ئالىملىرىغا ئوخشاش، زامانىۋى ياۋروپا ئىستىلاچىلىرى ئۈچۈنمۇ نامەلۇم دۇنياغا كىرىش ئۇلارنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىش ئىدى.

شۇڭا كورتېس 1519-يىلى ئىيۇلدا قۇياشلىق ساھىلغا كېمە توختاتقاندا، دادىل ھەرىكەت قىلدى. ئۇ خۇددى ئالەم كېمىسىدىن چىققان تاشقى پىلانېت ئادىمىگە ئوخشاش، ئۇنىڭغا ھەيران قالغان يەرلىكلەرگە: «بىز تىنچلىق بىلەن كەلدۇق. بىزنى باشلىقىڭلارنىڭ يېنىغا باشلاڭلار» دېدى. كورتېس ئۆزىنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى ۋە ئازتېك ھۆكۈمدارى مونتېزۇما ئىككىنچى بىلەن دىپلوماتىك كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. (بۇ بىر نومۇسسىز يالغانچىلىق ئىدى. كورتېس ئاچكۆز تەۋەككۈلچىلەرنىڭ مۇستەقىل ئەترىتىگە باشچىلىق قىلغان. ئىسپانىيە پادىشاھى كورتېسنىمۇ، ئازتېكلارنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان.) ئازتېكلارنىڭ يەرلىك دۈشمەنلىرى كورتېسقا يول باشلىدى ھەمدە ئوزۇق-تۈلۈك ۋە بەزى ھەربىي ياردەملەرنى بەردى. ئاندىن ئۇ ئازتېك پايتەختى، كاتتا شەھەر تېنوچتىتلانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئازتېكلار ياتلارنىڭ پايتەختكىچە مېڭىشىغا يول قويدى، ئاندىن ھۆرمەت بىلەن ياتلارنىڭ رەھبىرىنى ئىمپېراتور مونتېزۇما بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلاپ باردى. سۆھبەت جەريانىدا، كورتېس بەلگە بەردى ۋە تولۇق قوراللانغان ئىسپانلار مونتېزۇمانىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى (ئۇلار پەقەت ياغاچ توقماق ۋە تاش پىچاقلار بىلەنلا قوراللانغان ئىدى) قىرىۋەتتى. ھۆرمەتلىك مېھمان ئۆز ساھىبخانىنى تۇتقۇن قىلدى.

كورتېس ئەمدى ناھايىتى نازۇك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ ئىمپېراتورنى تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ، ئون مىڭلىغان غەزەپلەنگەن دۈشمەن جەڭچىلىرى، مىليونلىغان دۈشمەن پۇقرالار ۋە ئۆزى ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىسىنى بىلمەيدىغان پۈتۈن بىر قىتئە بىلەن قورشالغان ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا پەقەت نەچچە يۈز ئىسپان بار بولۇپ، ئەڭ يېقىن ياردەمچى قوشۇنى كۇبادا، 1500 كىلومېتىردىن يىراقتا ئىدى.

كورتېس مونتېزۇمانى ئوردىدا تۇتقۇن قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغاندەك، «ئىسپان ئەلچىسى» پەقەت مېھمان بولۇپلا قالغاندەك كۆرۈنۈشنى ساقلاپ قالدى. ئازتېك ئىمپېرىيەسى ھوقۇق ئىنتايىن مەركەزلەشكەن دۆلەت بولۇپ، بۇ ۋەزىيەت ئۇنى پالەچ قىلىپ قويدى. مونتېزۇما ئىمپېرىيەنى داۋاملىق باشقۇرۇۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلدى، ئازتېك ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى داۋاملاشتۇردى، بۇ ئۇلارنىڭ كورتېسقا بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇ ۋەزىيەت بىر نەچچە ئاي داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا كورتېس مونتېزۇما ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنى سوراق قىلدى، ھەرخىل يەرلىك تىللاردا تەرجىمانلارنى تەربىيىلىدى ۋە كىچىك ئىسپان ئەترەتلىرىنى ھەر تەرەپكە ئەۋەتىپ، ئازتېك ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھەرخىل قەبىلىلەر، خەلقلەر ۋە شەھەرلەر بىلەن تونۇشتى.

ئازتېك ئاقسۆڭەكلىرى ئاخىرى كورتېس ۋە مونتېزۇماغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. يېڭى ئىمپېراتورنى سايلاپ، ئىسپانلارنى تېنوچتىتلاندىن قوغلاپ چىقاردى. بىراق بۇ ۋاقىتتا ئىمپېرىيە قۇرۇلمىسىدا نۇرغۇن يوچۇقلار پەيدا بولغان ئىدى. كورتېس بۇ يوچۇقلارنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئىمپېرىيەنى ئىچىدىن پارچىلاش ئۈچۈن ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرنى ئىشلەتتى. ئۇ ئىمپېرىيەگە بويسۇنغان كۆپلىگەن خەلقلەرنى ھۆكۈمران ئازتېك ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئۆزى تەرەپكە قوشۇلۇشقا قايىل قىلدى.

بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئازتېكلارنى يامان كۆرەتتى، لېكىن ئىسپانىيە ياكى كارىب دېڭىزىدىكى قىرغىنچىلىق ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى. ئۇلار ئىسپانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئازتېك بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلىدى. ئىسپانلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئۇلار كورتېس ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە يۈز ئادىمى چاتاق چىقارسا، ئۇلارنى ئاسانلا يىغىشتۇرغىلى بولىدۇ دەپ ئىشەندى. ئىسيان كۆتۈرگەن خەلقلەر كورتېسنى ئون مىڭلىغان يەرلىك قوشۇن بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كورتېس تېنوچتىتلاننى قورشاپ، شەھەرنى بويسۇندۇردى.

بۇ باسقۇچتا تېخىمۇ كۆپ ئىسپان ئەسكەرلىرى ۋە كۆچمەنلەر مېكسىكىغا كېلىشكە باشلىدى، بەزىلىرى كۇبادىن، بەزىلىرى ئىسپانىيەدىن كەلدى. يەرلىك خەلقلەر نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندە ئاللىقاچان كېچىككەن ئىدى. ۋىرا كرىزىغا چىققاندىن كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە، ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ يەرلىك نوپۇسى 90 پىرسەنت ئازايدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇستەملىكىچىلەر بىلەن بىللە كەلگەن ناتونۇش كېسەللەر ئىدى. ھايات قالغانلار ئاچكۆز ۋە ئىرقچى تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە قالدى، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمى ئازتېكلار ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېغىر ئىدى.

كورتېس مېكسىكىغا كىرىپ ئون يىلدىن كېيىن، پىزاررو ئىنكا ئىمپېرىيەسىنىڭ قىرغىقىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەترىتىدە پەقەت 168 ئادەم بولۇپ، ئەسكىرى كورتېسنىڭ ئەسكىرىدىنمۇ ئاز ئىدى! بىراق پىزاررو ئىلگىرىكى مۇستەملىكىچىلەردىن قالغان بارلىق بىلىم ۋە تەجرىبىلەردىن پايدىلاندى. ئىنكالار بولسا ئازتېكلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى. پىزاررو كورتېسنىڭ ئۇسۇلىنى دوراپ، ئۆزىنى ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر ئەلچىسى دەپ جاكارلىدى، ئىنكا ھۆكۈمدارى ئاتاخۇلپانى دىپلوماتىك سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئارقىدىن ئۇنى تۇتقۇن قىلدى. پىزاررو پالەچ ھالغا چۈشكەن ئۇ ئىمپېرىيەنى يەرلىك ئىتتىپاقداشلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بويسۇندۇردى. ئەگەر ئىنكا ئىمپېرىيەسىگە بويسۇنغان خەلقلەر مېكسىكا خەلقىنىڭ تەقدىرىنى بىلگەن بولسا، باسقۇنچىلار تەرەپكە ئۆتمىگەن بولاتتى. ئەمما ئۇلار بىلمەيتتى.

ئامېرىكانىڭ يەرلىك خەلقلىرىلا ئۆزلىرىنىڭ جاھالەت قاراڭغۇلۇقى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىگەن ئەمەس. ئاسىيادىكى چوڭ ئىمپېرىيەلەردىن ئوسمانلى، سەفەۋى، موغۇل ۋە خىتاي خاندانلىرى ياۋروپالىقلارنىڭ بىر چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپقانلىقىنى شۇ زامان ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ ئاسىيا ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى داۋاملاشتۇردى، شۇنداقلا ئامېرىكا قىتئەسى، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندىكى يېڭى دېڭىز يوللىرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ياۋروپالىقلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە ئۇرۇنمىدى. ھەتتا شوتلاندىيە ۋە دانىيەدەك كىچىك ياۋروپا پادىشاھلىقلىرىمۇ ئامېرىكاغا بىر نەچچە تەكشۈرۈش ـ بويسۇندۇرۇش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئىسلام دۇنياسى، ھىندىستان ياكى خىتايدىن ئامېرىكىغا بىرەر تەكشۈرۈش ياكى بويسۇندۇرۇش ئەترىتى ئەۋەتىلمىدى. ئامېرىكىغا ھەربىي ئەترەت ئەۋەتىشكە ئۇرۇنغان تۇنجى ئاسىيا دۆلىتى ياپونىيە بولدى. بۇ ئىش 1942 ـ يىلى ئىيۇندا يۈز بەردى. بۇ چاغدا ياپون ئەترىتى ئالياسكا قىرغىقىدىكى كىسكا ۋە ئاتتۇ دېگەن ئىككى كىچىك ئارالنى بويسۇندۇرۇپ، ئون ئامېرىكا ئەسكىرى بىلەن بىر ئىتنى ئەسىرگە ئالدى. ئەمما ياپونلار ئۇ قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى.

ئوسمانلىلار ياكى خىتايلار بەك يىراقتا، ئۇلارنىڭ تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ھەربىي كۈچى يېتەرسىز ئىدى دەپ دەلىللەش تەس. 1420 ـ يىللاردا جېڭ خېنى خىتايدىن شەرقىي ئافرىقىغا يولغا سالالىغان ئىقتىسادىي كۈچ، ئۇنى ئامېرىكىغا يولغا سېلىشقىمۇ يېتەرلىك بولۇشى كېرەك

ئىدى. ئەمما خىتايلار ئۇنىڭغا پەقەتلا قىزىقمىغان، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىنى كۆرسەتكەن تۇنجى دۇنيا خەرىتىسى 1602 ـ يىلىغىچە چىقمىغان، ئۇنىمۇ بىر ياۋروپالىق مىسسىيونېر چىقارغان!

300 يىل داۋامىدا، ياۋروپالىقلار ئامېرىكا قىتئەسى، ئوكيانىيە قىتئەسى، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندا رەقىبسىز ھۆكۈم سۈردى. بۇ رايونلاردىكى بىردىنبىر مۇھىم كۈرەشلەر ياۋروپا كۈچلىرى ئارىسىدا بولدى. ياۋروپالىقلار توپلىغان بايلىق ۋە مەنبەلەر ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئاسىيانىمۇ ئىستىلا قىلىشىغا، ئاسىيا ئىمپېرىيەلىرىنى مەغلۇپ قىلىشىغا ۋە ئۇنى ئۆزئارا بۆلۈۋېلىشىغا ئىمكان ياراتتى. ئوسمانلىلار، پارسلار، ھىندىستانلىقلار ۋە خىتايلار ئويغىنىپ ھۇشىنى تاپقاندا بولسا، ئاللىقاچان كېچىككەنىدى.

پەقەت 20 ـ ئەسىردىلا ياۋروپادىن سىرتقى مەدەنىيەتلەر ھەقىقىي دۇنياۋى كۆز قاراشنى قوبۇل قىلدى. بۇ، ياۋروپا ھۆكۈمرانلىقىنى يىمىرىلىشكە ئېلىپ بارغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئالجىرىيە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا (1954 ـ 1962) ئالجىرىيەلىك پارتىزانلار سان، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادتا زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە فرانسىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. ئالجىرىيەلىكلەر مۇستەملىكىچىلىككە قارشى دۇنياۋى ئېقىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى، دۇنيا مېدىياسىنى، شۇنداقلا فرانسىيەنىڭ ئۆزىدىكى جامائەت پىكرىنى ئۆز دەۋاسىغا ئىشلىتەلىگەنلىكى ئۈچۈن غەلىبە قىلدى. شىمالىي ۋېيتنامدەك كىچىككىنە دۆلەتنىڭ ئامېرىكانى مەغلۇب قىلىشىمۇ شۇ خىل ئىستراتېگىيەگە ئاساسلانغان. مانا بۇلار پارتىزان كۈچلىرى ۋە يەرلىك كۈرەش ئەگەر دۇنياۋى دەۋاغا ئايلانسا، چوڭ كۈچلەرنىمۇ مەغلۇپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنى ئويلاپ بېقىش قىزىقارلىقكى، ئەگەر ئازتېك پادىشاھى مونتېزۇما ئىسپانىيەدىكى جامائەت پىكرىنى كونترول قىلالىغان ۋە ئىسپانىيەنىڭ رەقىبلىرىدىن بولغان پورتۇگالىيە، فرانسىيە ياكى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن ياردەم ئالالىغان بولسا، قانداق بولار ئىدى؟

ئاز ئۇچرايدىغان ئۆمۈچۈكلەر ۋە ئۇنتۇلغان يېزىقلار

زامانىۋى ئىلىم ـ پەن ۋە زامانىۋى ئىمپېرىيەلەر ئۇيۇقنىڭ نېرىسىدا ئۇلارنى مۇھىم بىر نەرسە ساقلاۋاتقاندەك، ئۇلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئىگىلەش كېرەكتەك تىنىمسىز بىر تۇيغۇ بىلەن ھەرىكەتلەنگەن. ھالبۇكى، ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدى. ئىمپېرىيە قۇرغۇچىلارنىڭ مەقسىتىلا ئەمەس، ئىش ـ ھەرىكىتىمۇ ئالىملار بىلەن باغلىنىپ كەتكەنىدى. زامانىۋى ياۋروپالىقلار ئۈچۈن، ئىمپېرىيە قۇرۇش بىر ئىلمىي لايىھە بولسا، ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇش بىر ئىمپېرىيە لايىھەسى ئىدى.

مۇسۇلمانلار ھىندىستاننى بويسۇندۇرغاندا، ئۇلار ھىندىستان تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىدىغان ئارخېئولوگلارنى، ھىندىستان مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئانتروپولوگلارنى، ھىندىستان تۇپراقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان گېئولوگلارنى ياكى ھىندىستان

هايۋاناتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان زوئولوگلارنى بىللە ئېلىپ كەلمىگەن. ئىنگلىزلار ھىندىستاننى بويسۇندۇرغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. 1802 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل ھىندىستاننى چوڭ تەكشۈرۈش باشلاندى ۋە 60 يىل داۋاملاشتى. ئون مىڭلىغان يەرلىك ئىشچىلار، ئالىملار ۋە يول باشلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىنگلىزلار پۈتۈن ھىندىستاننى ئەستايىدىل خەرىتىلەپ، چېگرالارنى بەلگىلەپ، ئارىلىقلارنى ئۆلچەپ چىقتى؛ ھەتتا ئېۋېرېست چوققىسى ۋە ھىمالايا چوققىلىرىنىڭ دەل ئېگىزلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېسابلاپ چىقتى.

موھېنجو ـ دارو ئىندۇس ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ باش شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى مىڭ يىلدا گۈللەنگەن ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 1900 ـ يىلى ئەتراپىدا ۋەيران بولغان. ھىندىستاننىڭ ئىنگلىزلاردىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىرىدىن ماۋرىيالار، گۇپتالار، دېھلى سۇلتانلىرى ياكى بۈيۈك موغۇللار بولسۇن، ھېچقايسىسى بۇ خارابىلەرگە ئىككىنچى قېتىم قاراپمۇ قويمىغان. بىراق 1922 ـ يىلى بىر ئىنگلىز ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ جاينى بايقىغان. كېيىن بىر ئىنگلىز گۇرۇپپىسى بۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ھېچقانداق ھىندىستانلىق بىلمەيدىغان ھىندىستاننىڭ تۇنجى بۈيۈك مەدەنىيىتىنى بايقىغان.

مىق يېزىقىنىڭ ئوقۇلۇشى ئىنگلىزلارنىڭ ئىلمىي قىزىقىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مىسالى ئىدى. بۇ يېزىق ئوتتۇرا شەرقتە 3000 يىلغا يېقىن ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق يېزىق بولۇپ، ئۇنى ئوقۇيالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى كىشى مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مىڭ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ رايوننىڭ ئاھالىلىرى ئابىدىلەر، تاش تاختىلار، قەدىمكى خارابىلەر ۋە سۇنۇق كوزىلاردىكى مىق يېزىقلىرىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇردى. بىراق ئۇلار كۆپ بۇرجەكلىك بۇ غەلىتە يېزىقلارنى قانداق ئوقۇشنى بىلمەيتتى ۋە بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇنى ئوقۇشقا ھېچقاچان ئۇرۇنۇپمۇ باقمىغانىدى. مىق يېزىق 1618 ـ يىل ياۋروپالىقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۆز ۋاقتىدا ئىسپانىيەنىڭ پېرسىيەدە (بۈگۈنكى ئىراندا) تۇرۇشلۇق ئەلچىسى خاراپ بولغان پېرسېپولىس شەھىرىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ، ھېچكىم يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئۇ قەدىمكى يېزىقنى بايقايدۇ. بۇ سىرلىق يېزىقنىڭ خەۋىرى ياۋروپالىق مۇتەخەسسىسلەرگە تېزدىن ئاڭلىنىپ، ئۇلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. 1657 ـ يىل ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلار پېرسېپولىس مىق يېزىقىنىڭ تۇنجى ترانسكرىپسىيەسىنى (ئوقۇلۇشىنى) نەشر قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆپلىگەن ترانسكرىپسىيەلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئەمما ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا غەربلىك ئالىملاردىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

1830 ـ يىللاردا، ھېنرى راۋلىنسون ئىسىملىك بىر ئىنگلىز ئوفىتسېرى پادىشاھنىڭ قوشۇنىنى ياۋروپا ئۇسۇلىدا تەربىيەلەشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن پېرسىيەگە ئەۋەتىلىدۇ. راۋلىنسون بوش ۋاقىتلىرىدا پېرسىيەنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ ۋە بىر كۈنى يەرلىك يول باشلىغۇچىلار ئۇنى زاگروس تاغلىرىدىكى بىر تىك يارغا باشلاپ بېرىپ، بېھىستۇن يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەخمىنەن 15 مېتىر ئېگىز ۋە 25 مېتىر كەڭلىكتىكى تاشقا پۈتۈلگەن بۇ يېزىق مىلادىدىن

بۇرۇنقى 500 ـ يىلى ئەتراپىدا پادىشاھ دارىئۇس I نىڭ بۇيرۇقى بىلەن يارنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان. بۇ مىق يېزىق ئۈچ تىلدا——قەدىمكى پارس، ئېلام ۋە بابىل تىللىرىدا يېزىلغان. بۇ يېزىقنى يەرلىك خەلق كۆپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئوقۇيالمايتتى.

راۋلىنسون ئەگەر بۇ يېزىقنى يېشەلىسە، ئۇ ۋە باشقا ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىن تېپىلغۇاتقان كۆپلىگەن يېزىق ۋە تېكىستلەرنى ئوقۇيالايدىغانلىقىغا ھەمدە ئۇنتۇلغان قەدىمكى دۇنياغا بىر ئىشىك ئاچالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يېزىقنى يېشىشتىكى تۇنجى قەدەم يېزىقنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئېلىپ ياۋروپاغا ئەۋەتىش ئىدى. راۋلىنسون ئۇ غەلىتە ھەرپلەرنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىپ تىك يارغا يامىشىپ چىقىدۇ. ئۇ بىر نەچچە يەرلىك كىشىنى ياللىۋېلىپ ئۆزىگە ياردەملەشتۈرىدۇ، بىر كۇرد بالىسى يېزىقنىڭ يۇقىرى قىسمىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن يارنىڭ ئەڭ تەس يەرلىرىگە يامىشىپ چىقىدۇ. 1847 ـ يىلى لايىھە تاماملىنىپ، تولۇق ۋە توغرا كۆچۈرمە نۇسخا ياۋروپاغا ئەۋەتىلىدۇ.

راۋلىنسون بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئارمىيە ئوفىتسېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللارنى سىناپ، ئاخىرى يېزىقنىڭ قەدىمكى پارس قىسمىنى يېشەلەيدۇ. بۇ ئەڭ ئاسان ئىدى، چۈنكى قەدىمكى پارس تىلى راۋلىنسون ياخشى بىلىدىغان زامانىۋى پارس تىلىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. يېزىقنىڭ قەدىمكى پارس قىسمىنى چۈشىنىش ئۇنىڭغا ئېلام ۋە بابىل قىسىملىرىنىڭ سىرلىرىنى يېشىشكە كېرەكلىك يىپ ئۇچى بېرىدۇ. چوڭ ئىشىك ئېچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەدىم زاماننىڭ جانلىق ساداسى ـ سۈمېر بازارلىرىنىڭ غۇلغۇلىسى، ئاسسۇر پادىشاھلىرىنىڭ پەرمانلىرى، بابىل بيۇروكراتلىرىنىڭ مۇنازىرىلىرى ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ. راۋلىنسوندەك يېقىنقى دەۋر ياۋروپا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، بىز قەدىمكى ئوتتۇرا شەرق ئىمپېرىيەلىرىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

يەنە بىر داڭلىق ئىمپېرىيالىست ئالىم ۋىلىيام جونېس ئىدى. جونېس 1783 ـ يىلى سېنتەبىردە بېنگال ئالىي سوت مەھكىمىسىدە سودىيە بولۇپ خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا كەلگەن. ئۇ ھىندىستاننىڭ مۆجىزىلىرىگە شۇنچىلىك مەپتۇن بولغانكى، كېلىپ ئالتە ئاي بولا ـ بولمايلا ئاسىيا جەمئىيىتىنى قۇرغان. بۇ ئاكادېمىك تەشكىلات ئاسىيا، بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورۇن ئىدى. ئىككى يىل ئىچىدە جونېس سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىگە يول ئاچقان سانسكرىت تىلى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنى ئېلان قىلدى.

جونېس ئۆز ئەسەرلىرىدە ھىندۇ دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ مۇقەددەس تىلىغا ئايلانغان قەدىمكى ھىند تىلى، يەنى سانسكرىت تىلى بىلەن گرېك ۋە لاتىن تىللىرى ئارىسىدىكى ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىقلارنى، شۇنداقلا بۇ تىللارنىڭ گوت، كېلت، قەدىمكى پارس، گېرمان، فرانسۇز ۋە ئىنگلىز تىللىرى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقلىرىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، سانسكرىت تىلىدا «ئانا» سۆزى «ماتار»، لاتىنچىدا «ماتېر»، قەدىمكى كېلتچىدە «مادىر» دېيىلىدۇ. جونېس بۇ تىللارنىڭ ھەممىسى ھازىر ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قەدىمكى بىر تىلدىن

كېلىپ چىققان بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ كېيىن ھىندى ـ ياۋروپا تىل ئائىلىسى دەپ ئاتالغان تىللارنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان.

جونېسنىڭ تەتقىقاتى ئۇنىڭ جۈرئەتلىك (ۋە توغرا) پەرەزلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تىللارنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن تەرتىپلىك مېتودى بىلەنمۇ مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى. باشقا ئالىملار بۇ مېتودنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق تىللارنىڭ تەرەققىياتىنى سىستېملىق تەتقىق قىلالىدى.

تىلشۇناسلىق ئىمپېرىيەنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرى مۇستەملىكە رايونلاردا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىلارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى بىلىش كېرەك دەپ قارايتتى. ھىندىستانغا كەلگەن ئىنگلىز ئەمەلدارلىرى كالكۇتتا ئىنستىتۇتىدا ئۈچ يىلغىچە ئوقۇشى كېرەك بولۇپ، ئۇ يەردە ئىنگلىز قانۇنى بىلەن بىرگە ھىندۇ ۋە مۇسۇلمان قانۇنىنى؛ گرېك ۋە لاتىن تىللىرى بىلەن بىرگە سانسكرىت، ئۇردۇ ۋە پارس تىللىرىنى؛ ماتېماتىكا، ئىقتىساد ۋە جۇغراپىيە بىلەن بىرگە تامىل، بېنگال ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنەتتى. تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى يەرلىك تىللارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە گراماتىكىسىنى چۈشىنىشتە تولىمۇ ئەسقاتتى.

ۋىلىيام جونېس ۋە ھېنرى راۋلىنسوندەك كىشىلەر بولغاچقىلا، ياۋروپالىق ئىستىلاچىلار ئۆز ئىمپېرىيەلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلدى. دەرۋەقە، ئۇلار ھىندىستاننى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ئىستىلاچىلاردىن، ھەتتا يەرلىك ئاھالىدىنمۇ بەكرەك بىلدى . ئۇلارنىڭ يۇقىرى بىلىمى ئېنىق ۋە ئەمەلىي پايدىلارنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىلىمى بولمىغان بولسا، ئۇنچىلىك ئاز ساندىكى ئىنگلىزلارنىڭ ئىككى ئەسىر داۋامىدا يۈز مىليونلىغان ھىندىستانلىقلارنى باشقۇرۇشى، ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان بولاتتى. 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، 5000 دىن ئاز ئىنگلىز ئەمەلدارى، 40 مىڭدىن 70 مىڭغىچە ئىنگلىز ئەسكىرى ۋە يەنە 100 مىڭ ئەتراپىدىكى ئىنگلىز تىجارەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ باللىرى، خىزمەتچىلىرى 300 مىليونغا يېقىن ھىندىستانلىقنى بويسۇندۇرۇپ ئىدارە قىلىشقا يەتكەن.

بىراق بۇ ئەمەلىي پايدىلار ئىمپېرىيەلەرنىڭ تىلشۇناسلىق، بوتانىكا، جۇغراپىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس ئىدى. ئىلىم ـ پەننىڭ ئىمپېرىيەلەرگە ئىدېئولوگىيەلىك ئاساس تەمىنلىگەنلىكى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. زامانىۋى ياۋروپالىقلار يېڭى بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇتلەق پايدىسىغا ئىشىنىپ قالدى. ئىمپېرىيەلەرنىڭ توختىماي يېڭى بىلىملەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، دۆلەتنىڭ كارخانىدەك رول ئوينىشىغىمۇ تۈرتكە بولدى. ھەتتا بۈگۈنمۇ، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە بوتانىكا قاتارلىق پەنلەر ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرىگە، ھېچ بولمىسا ۋاستىلىق ھالدا، رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايدۇ. بوتانىكا تارىخى ئاۋستىرالىيە يەرلىكلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە كۆپ گەپ قىلمىسىمۇ، جېيمس كوك ۋە جوزېف بانكسلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىمپېرىيەلەر توپلىغان يېڭى بىلىملەر، نەزەرىيەدە بولسىمۇ، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرگە پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا «تەرەققىيات»نىڭ پايدىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ـ ئۇلارنى دورا ـ دەرمەك ۋە مائارىپ بىلەن تەمىنلەش، تۆمۈر يول ۋە قانال ياساش، ئادالەت ۋە باياشاتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئىمپېرىيالىستلار ئۆز ئىمپېرىيەلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئېكسپلاتاتسىيە كارخانىلىرى ئەمەس، بەلكى ياۋروپالىق بولمىغان ئىرقلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان خالىس لايىھەلەر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى. رۇدىيارد كىپلىڭ «ئاق تەنلىكلەرنىڭ يۈكى» ناملىق شېئىرىدا يازغاندەك:

:

ئاق تەنلىكلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈر ـ
ئەۋەتكىن ئەڭ ياخشى نەسلىڭنى ـ
ئوغۇللىرىڭنى سۈرگۈنگە يوللا
خىزمەت قىلسۇن ئەسىرلىرىڭگە؛
ئېغىر قوشتا كۈتۈپ تۇرسۇن،
ياۋايى، تىلسىز خەلقلەر ئۈچۈن ـ
يېڭى تۇتۇلغان، تۇتقۇن خەلقىڭ،
يېرىم شەيتان ۋە يېرىم بالا.

ئەلۋەتتە، رېئاللىق كۆپ ھاللاردا بۇ ئەپسانىنى يالغانغا چىقاردى. ئىنگلىزلار **1764** ـ يىلى ھىندىستاننىڭ ئەڭ باي ئۆلكىسى بېنگالنى بويسۇندۇردى. يېڭى ھۆكۈمرانلار پەقەت ئۆزلىرىنى بېيىتىشتىن باشقىغا قىزىقمىدى. ئۇلار بىر نەچچە يىلدىن كېيىن چوڭ بېنگال ئاچارچىلىقىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان ھالاكەتلىك ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويدى. ئاچارچىلىق **1769** ـ يىلى باشلىنىپ، **1770** ـ يىلى پاجىئەلىك دەرىجىگە يېتىپ، **1773** ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. بۇ ئاپەتتە ئۆلكە نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرى، تەخمىنەن **10** مىليون بېنگاللىق ئۆلدى.

ئەمەلىيەتتە، ئېزىش ـ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ياكى «ئاق تەنلىكلەرنىڭ يۈكى» دېگەن ھېكايىلەرنىڭ ھېچقايسىسى رېئاللىققا پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدۇ. ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرى شۇنچە كۆپ ئىشلارنى شۇنچە كەڭ كۆلەمدە قىلغانكى، سىز ئۇلار ھەققىدە نېمە دېمەكچى بولسىڭىز، ئۇنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن مىساللارنى تاپالايسىز. بۇ ئىمپېرىيەلەرنى دۇنياغا ئۆلۈم، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك تارقاتقان رەزىل كۈچلەر دەپ قارامسىز؟ ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى يېزىپ كەلسىڭىز چوڭ بىر قامۇس بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە يېڭى دورىلار، ياخشى ئىقتىسادىي شارائىتلار ۋە كۈچەيتىلگەن بىخەتەرلىك بىلەن يەرلىك پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى دەپ قارامسىز؟ بۇ تۆھپىلىرىنى يېزىپ كەلسىڭىزمۇ بىر قامۇس بولىدۇ. ئۇ ئىمپېرىيەلەر ئىلىم ـ پەن بىلەن بولغان زىچ ھەمكارلىقى تۈپەيلىدىن، شۇنچىلىك كۈچ ـ

قۇدرەتكە ئېگە بولدى ۋە دۇنيانى شۇنچىلىك ئۆزگەرتتىكى، ئۇلارنى ئاددىيلا ياخشى ياكى يامان دەپ ئەيىبلەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار بىز بىلىدىغان دۇنيانى، جۈملىدىن بىز ئۇلارنى باھالاشتا قوللىنىدىغان ئىدېئولوگىيەلەرنى ياراتتى.

بىراق ئىلىم ـ پەن يەنە ئىمپېرىيالىستلار تەرىپىدىن تېخىمۇ رەزىل مەقسەتلەردە قوللىنىلدى. بىئولوگلار، ئانتروپولوگلار ۋە ھەتتا تىلشۇناسلار ياۋروپالىقلارنىڭ باشقا بارلىق ئىرقلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ۋە نەتىجىدە ئۇلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى (بەلكىم مەجبۇرىيىتى) بارلىقىنى «ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ» بەردى. ۋىلىيام جونىس بارلىق ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ بىر قەدىمكى تىلدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئالىملار بۇ تىلنى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ كىملىكىنى بايقاشقا ئالدىرىدى. ئۇلار 3000 يىلدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغان دەسلەپكى سانسكرىت تىلى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئارىيا» دەپ ئاتىغانلىقىنى بايقىدى. دەسلەپكى پارس تىلى سۆزلىگۈچىلىرى ئۆزلىرىنى «ئايرىيا» دەپ ئاتىغان. نەتىجىدە ياۋروپالىق ئالىملار سانسكرىت تىلى ھەم پارس تىلىنى (شۇنداقلا گرېك، لاتىن، گوت ۋە كېلت تىللىرىنى) بارلىققا كەلتۈرگەن دەسلەپكى تىلنى سۆزلىگەن خەلق ئۆزلىرىنى ئارىيانلار دەپ ئاتىغان بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز قىلدى. ھەيۋەتلىك ھىندىستان، پارس، گرېك ۋە رىم مەدەنىيەتلىرىنى قۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارىيانلار بولۇشى تاسادىپىيلىقمۇ؟

كېيىن، ئىنگلىز، فرانسۇز ۋە گېرمان ئالىملىرى تىرىشچان ئارىيانلار ھەققىدىكى تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى دارۋىننىڭ تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئارىيانلارنىڭ پەقەت بىر تىل گۇرۇپپىسىلا ئەمەس، بەلكى بىئولوگىيەلىك بىرلىك ـ بىر ئىرق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ پەقەت ئاددىي بىر ئىرق ئەمەس، بەلكى ئېگىز بويلۇق، ئاچ چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، تىرىشچان ۋە ئىنتايىن ئەقىللىق ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان ئالىي ئىرق بولۇپ، شىمالنىڭ سوغۇق تۇمانلىرىدىن چىقىپ پۈتۈن دۇنيادا مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىنى سالغان. ئەپسۇسكى، ھىندىستان ۋە پېرسىيەگە تاجاۋۇز قىلغان ئارىيانلار بۇ يەرلەردىكى يەرلىك خەلقلەر بىلەن نىكاھلىنىپ، ئاق تەنلىرى ۋە سېرىق چاچلىرىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تىرىشچانلىقىنى يوقاتقان. نەتىجىدە ھىندىستان ۋە پارس مەدەنىيەتلىرى خاراپ بولغان. ياۋروپادا بولسا، ئارىيانلار ئىرقىي پاكلىقىنى ساقلاپ قالغان. مانا بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرالىغانلىقى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشقا لاياقەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى؛ پەقەت تۆۋەن ئىرقلار بىلەن ئارىلاشماسلىققا دىققەت قىلسىلا ئۇلار يەنە ئالىي ئىرق بولۇپ تۇرالايدۇ.

بۇنداق ئىرقچىل نەزەرىيەلەر ئۇزۇن يىللار داۋامىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نوپۇزغا ئىگە بولسىمۇ، ھازىر ئالىملار ۋە سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن بىردەك تەنقىدلەنمەكتە. كىشىلەر ئىرقچىلىققا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بىراق جەڭ سېپىنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى ۋە ئىمپېرىيە ئىدېئولوگىيەسىدە ئىرقچىلىقنىڭ ئورنىنى ھازىر «مەدەنىيەتچىلىك»

ئىگىلىگەنلىكىنى بايقىمايۋاتىدۇ. بۇنداق بىر سۆز يوق، ئەمما ئۇنى ئىجاد قىلىش ۋاقتى كەلدى. بۈگۈنكى زىيالىيلار ئارىسىدا، ھەرخىل ئىنسان گۇرۇپپىلىرىنىڭ پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى بايانلار دائىم ئىرقلار ئارىسىدىكى بىئولوگىيەلىك پەرقلەر ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى تارىخىي پەرقلەر نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بىز ئەمدى «بۇ ئۇلارنىڭ قېنىدا بار» دېمەيمىز؛ بەلكى «بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە بار» دەيمىز.

شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچمەنلىكگە قارشى تۇرىدىغان ياۋروپا ئوڭچىل پارتىيەلىرى ئادەتتە ئىرقىي ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىدۇ. ئەگەر مارىن لې پېننىڭ نۇتۇق يازغۇچىلىرى مىللىي فرونت رەھبىرىنىڭ تېلېۋىزوردا سۆزلەيدىغان سۆزىگە «بىز بۇ تۆۋەن سامى ئىرقىنىڭ بىزنىڭ ئارىيان قېنىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئارىيان مەدەنىيىتىمىزنى بۇزۇشىنى خالىمايمىز» دېيىش تەكلىپى سۇنغان بولسا، ئۇلار نەق مەيداندىلا قوغلاپ چىقىرىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا، فرانسىيە مىللىي فرونتى، گوللاندىيە ئەركىنلىك پارتىيەسى، ئاۋسترىيە كەلگۈسى ئىتتىپاقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پارتىيەلەر ياۋروپادا تەرەققىي قىلغان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ دېموكراتىك قىممەت قاراشلار، كەڭ قورساقلىق ۋە جىنسىي باراۋەرلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى، ئوتتۇرا شەرقتە تەرەققىي قىلغان مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ بولسا ھۆكۈمرانلىق سىياستى، مۇتەئەسسىپلىك ۋە ئايال دۈشمەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىككى مەدەنىيەت شۇنچە پەرقلىق بولغاچقا ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمان كۆچمەنلەر غەرب قىممەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغاچقا (ۋە بەلكىم قوبۇل قىلالمىغاچقا)، ئۇلارنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلماسلىقى كېرەك، بولمىسا ئۇلار ئىچكى توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ياۋروپا دېموكراتىيەسى ۋە ئەركىنلىكىنى چىرىتىۋېتىدۇ.

بۇنداق مەدەنىيەتچىلىك پىكىرلىرى ئىنسانشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىكى ئاتالمىش مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى تۈپ پەرقلەرنى تەكىتلەيدىغان ئىلمىي تەتقىقاتلار تەرىپىدىن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. بارلىق تارىخچىلار ۋە ئانتروپولوگلار بۇ نەزەرىيەلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ سىياسەتتە قوللىنىلىشىنى قوللىمايدۇ. بىراق بۈگۈنكى بىئولوگلار ھازىرقى ئىنسان گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدىكى بىئولوگىيەلىك پەرقلەرنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئىرقچىلىقنى ئاسانلا رەت قىلالىسىمۇ، تارىخچىلار ۋە ئانتروپولوگلارنىڭ مەدەنىيەتچىلىكنى رەت قىلىشى تېخىمۇ قىيىن. ئاخىرى كېلىپ، ئەگەر ئىنسان مەدەنىيەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقلەر كىچىك بولسا، نېمە ئۈچۈن تارىخچىلار ۋە ئانتروپولوگلارغا پۇل تۆلەپ ئۇلارنى تەتقىق قىلدۇرىمىز؟

ئالىملار ئىمپېرىيە پىلانى ئۈچۈن ئەمەلىي بىلىم، ئىدېئولوگىيەلىك ئاساس ۋە تېخنىكىلىق قوراللارنى تەمىنلىدى. ئالىملارنىڭ تۆھپىسى بولمىغان بولسا، ياۋروپالىقلارنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرالىشى ناتايىن ئىدى. ئىستىلاچىلار ئالىملارغا ئۇچۇر ۋە ھىمايە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ھەرخىل غەلىتە ۋە قىزىقارلىق لايىھەلەرنى قوللاپ، ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى دۇنيانىڭ چەت ـ ياقىلىرىغىچە تارقاتتى. ئىمپېرىيەلەر قوللىمىغان بولسا، زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ

بۇنچىلىك تەرەققىي قىلالىشمۇ ناتايىن ئىدى. كۆپىنچە ئىلىم ـ پەن تارماقلىرى ئىمپېرىيەنىڭ كېڭىيىشىگە خىزمەت قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئالىملار ئىمپېرىيە ھۆكۈمدارلىرى، ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى، دېڭىز كاپىتانلىرىنىڭ سېخىي ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىم بايقاشلىرى، تەتقىقات ئەسەرلىرى، بىنالىرى ۋە ئوقۇش مۇكاپاتلىرى ئىمپېرىيەنىڭ كۈچىگە تايانغان.

بۇ ئەلۋەتتە ھېكايىنىڭ پۈتۈن قىسمى ئەمەس. ئىلىم ـ پەن پەقەت ئىمپېرىيەلەر تەرىپىدىنلا ئەمەس، باشقا ئورگانلار تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلدى. ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرى ئىلىم ـ پەندىن باشقا ئامىللار سەۋەبىدىنمۇ گۈللەندى. ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ يۈكسىلىشىنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئالاھىدە مۇھىم كۈچ: كاپىتالىزم بار. پۇل تاپىمىز دەيدىغان تىجارەتچىلەر بولمىغان بولسا، كولومبو ئامېرىكىغا، جېيمس كوك ئاۋستىرالىيەگە يېتىپ بارالمىغان، نېيل ئارمسترونگمۇ ئاي يۈزىدە ئۇ كىچىك قەدەمنى باسالمىغان بولاتتى.

16. كاپىتالىستلارنىڭ ئېتىقادى

پۇل ـ بايلىق ئىمپېرىيەلەرنى قۇرۇش ھەم ئىلىم ـ پەننى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەمما پۇل بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ئاخىرقى نىشانىمۇ ياكى پەقەت خەتەرلىك بىر زۆرۈرىيەتمۇ؟

زامانىۋى تارىختا ئىقتىسادنىڭ ھەقىقىي رولىنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس. پۇلنىڭ دۆلەتلەرنى قانداق قۇرغانلىقى ۋە ۋەيران قىلغانلىقى، يېڭى ئۇپۇقلارنى ئاچقانلىقى ۋە مىليونلىغان كىشىلەرنى قۇل قىلغانلىقى، سانائەت چاقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەنلىكى ۋە يۈزلىگەن تۈرلەرنى يوقىلىشقا مەھكۇم قىلغانلىقى ھەققىدە تولۇق كىتابلار يېزىلغان. بىراق زامانىۋى ئىقتىساد تارىخىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، سىز پەقەت بىرلا سۆزنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. بۇ سۆز ـ ئۆسۈش. ياخشى بولسۇن ـ يامان بولسۇن، ساغلام بولسۇن ـ كېسەل بولسۇن، زامانىۋى ئىقتىساد خۇددى ھورمون بىلەن تويۇنغان ئۆسمۈردەك ئۆسمەكتە. ئۇ تاپالىغان ھەممە نەرسىنى يەپ تۈگىتىدۇ ۋە سىز ھېسابلىيالمىغۇدەك تېزلىكتە چوڭىيىدۇ.

تارىختا ئىقتىساد ئاساسەن ئوخشاش سەۋىيەدە تۇرغان. دۇنيا ئىشلەپچىقىرىشى ئاشقان بولسىمۇ، بۇ ئاساسەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە يېڭى يەرلەرنىڭ ماكانلىشىشى تۈپەيلىدىن بولغان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۆزگەرمىگەن. بىراق زامانىۋى دەۋردە بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزگەردى. 1500 ـ يىلى دۇنيادىكى مال ـ مۈلۈك ۋە مۇلازىمەت ئىشلەپچىقىرىشى تەخمىنەن 250 مىليارد دوللارغا تەڭ ئىدى؛ بۈگۈن بۇ رەقەم 60 تىرىليون دوللار ئەتراپىدا. تېخىمۇ مۇھىمى، 1500 ـ يىلى ئىنسانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئوتتۇرا ھېسابتا 550 دوللار بولغان بولسا، بۈگۈن ھەر بىر

ئادەمگە——ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلارغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8,800 دوللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەيران قالارلىق ئۆسۈشنى نېمە چۈشەندۈرەلەيدۇ؟

ئىقتىساد ناھايىتى مۇرەككەپ تېما. ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاددىي بىر مىسال كەلتۈرەيلى: ساموئېل گىرىدى دېگەن ئەقىللىق بانكىر كالىفورنىيەنىڭ ئەل دورادو دېگەن يېرىدە بىر بانكا قۇرىدۇ. ئەل دورادودىكى يۈكسىلىۋاتقان قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى ستون ئەپەندى تۇنجى چوڭ ئىشنى تاماملاپ، 1 مىليون دوللار نەق پۇل تاپىدۇ. ئۇ بۇ پۇلنى گىرىدىنىڭ بانكىسىغا ئامانەت قويىدۇ. بانكىنىڭ ئەمدى 1 مىليون دوللار مەبلىغى بار. شۇ ئارىدا، ئەل دورادودىكى تەجرىبىلىك، ئەمما نامرات ئاشپەز جەين ماكدونات ئۆز ئەتراپىدىكى شەھەر رايونىدا ياخشى بولكىخانا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بۇنى تىجارەت پۇرسىتى دەپ قارايدۇ. بىراق بولكا پىشۇرۇش ماشىنىسى، قاچا يۇيۇش ئىدىشى، پىچاقلار ۋە قازان دېگەندەك ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىشقا يېتەرلىك پۇلى يوق. ئۇ بانكىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ تىجارەت پىلانىنى گىرىدىگە كۆرسىتىپ، بۇنىڭ قىممەتلىك مەبلەغ سېلىش لايىھەسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ. گىرىدى ئۇنىڭ بانكىدىكى ھېسابىغا مەبلەغ كىرگۈزۈپ، 1 مىليون دوللار قەرز بېرىدۇ. ماكدونات خانىم ئەمدى ھۆددىگەر ستون ئەپەندىنى بولكىخانىنى ياساپ بېرىشكە ياللايدۇ. ئۇنىڭ چىقىمى 1 مىليون دوللار. ماكدونات خانىم ئۆز ھېسابىدىن چەك يېزىپ تۆلىگەندە، ستون ئەپەندى پۇلنى گىرىدى بانكىسىدىكى ھېسابىغا قويىدۇ. ئۇنداقتا ستون ئەپەندىنىڭ بانكا ھېسابىدا قانچىلىك پۇلى بار؟ توغرا، 2 مىليون دوللار. بانكا كاسسىسىدا قانچىلىك نەق پۇل بار؟ شۇنداق، 1 مىليون دوللار.

ئىش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ھۆددىگەرلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئىككى ئايدىن كېيىن ستون ئەپەندى ماكدونات خانىمغا كۈتۈلمىگەن مەسىلىلەر ۋە چىقىملار تۈپەيلىدىن بولكىخانىنى سېلىش خىراجىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە 2 مىليون دوللار بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ماكدونات خانىم خۇشال بولمىسىمۇ، ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويالمايدۇ. شۇڭا ئۇ يەنە بىر قېتىم بانكىغا بېرىپ، گىرىدىنى قوشۇمچە قەرز بېرىشكە قايىل قىلىدۇ ۋە يەنە 1 مىليون دوللارنى ھېسابىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ھۆددىگەرچىنىڭ ھېسابىغا يۆتكەيدۇ.

ھازىر ستون ئەپەندىنىڭ ھېسابىدا قانچىلىك پۇل بار؟ 3 مىليون دوللىرى بار. لېكىن بانكىدا ئەمەلىيەتتە قانچىلىك پۇل بار؟ يەنىلا 1 مىليون دوللار. ئەمەلىيەتتە، بۇ باشتىن ـ ئاخىر بانكىدا تۇرۇۋاتقان ئوخشاش 1 مىليون دوللار.

ھازىرقى ئامېرىكا بانكا قانۇنى بانكىنىڭ بۇ ئىشنى يەنە يەتتە قېتىم تەكرارلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ھۆددىگەرنىڭ ھېسابىدا ئاخىرى 10 مىليون دوللار پۇلى بولىدۇ، گەرچە بانكىدا يەنىلا پەقەت 1 مىليون دوللار بولسىمۇ. بانكىلار ئۆزلىرىدە بار ھەر بىر دوللارغا 10 دوللار قەرز بېرەلەيدۇ، يەنى بىزنىڭ بانكا ھېسابلىرىمىزدىكى پۇلنىڭ 90 پىرسەنتى ئەمەلىي تەڭگە ۋە پۇل بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلمىگەن. ئەگەر باركلېيس بانكىسىنىڭ بارلىق ھېساب ئىگىلىرى تۇيۇقسىز پۇللىرىنى تەلەپ قىلسا، باركلېيس دەرھال يىمىرىلىدۇ (ھۆكۈمەت

قۇتقۇزۇشقا كىرىشمىسە). لويدس بانكىسى، دويچە بانكىسى، سىتى بانكىسى ۋە دۇنيادىكى باشقا بارلىق بانكىلارمۇ شۇنداق.

بۇ خۇددى پونزىەك ئالدامچىلىقىغا (قانۇنسىز مەبلەغ توپلاشقا) ئوخشايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇ ئالدامچىلىق بولسا، ئۇنداقتا پۈتۈن زامانىۋى ئىقتىساد بىر ئالدامچىلىق. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئالدامچىلىق ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەيران قالارلىق ئىقتىدارىغا بېرىلگەن قىممەت. بانكىلارنىڭ (ۋە پۈتۈن ئىقتىسادنىڭ) ھايات قېلىشى ۋە گۈللىنىشىگە يول قويىدىغان نەرسە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىز. بۇ ئىشەنچ دۇنيادىكى كۆپ قىسىم پۇلنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى.

بولكىخانا مىسالىدا، ھۆددىگەرنىڭ ھېساب دوكلاتى بىلەن بانكىدىكى ئەمەلىي پۇل مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ماكدونات خانىمنىڭ بولكىخانىسىنىڭ قىممىتىگە تەڭ. بانكىر گىرىدى بولسا بانكىنىڭ پۇلىنى بۇ مۇلۇككە سالغان، چۈنكى ئۇ بىر كۈنى ئۇزىگە پايدىلىق بولىدۇ دەپ ئىشەنگەن. بولكىخانا تېخى بىر پارچە بولكىمۇ سالمىغان بولسىمۇ، ماكدونات خانىم بىلەن بانكىر گىرىدى بىر يىلدىن كېيىن ھەر كۈنى مىڭلىغان بولكا، پوشكال، تورت ۋە پېچىنە سېتىلغاندا، ياخشى پايدا ئالالىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇ چاغدىلا ماكدونات خانىم قەرزىنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرالايدۇ. ئەگەر شۇ چاغدا ستون ئەپەندى ئۆز ئامانىتىنى ئېلىشنى قارار قىلسىمۇ، گىرىدى نەق پۇلنى چىقىرالايدۇ. دېمەك، بارلىق كارخانا تەسەۋۋۇردىكى كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچكە ئاساسلىنىدۇ، بۇ ئىشەنچ تىجارەتچى بىلەن بانكىرنىڭ ئۆز چۈشىدىكى بولكىخانىغا بولغان ئىشەنچى، شۇنداقلا قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىنىڭ بانكىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۆلەم قابىلىيىتىگە بولغان ئىشەنچىدۇر.

بىز پۇلنىڭ ھەيران قالارلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ سانسىز ئوخشىمىغان ئوبيېكتلارغا ۋەكىللىك قىلىپ، ھەر قانداق نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىراق زامانىۋى دەۋردىن بۇرۇن بۇ ئىقتىدار چەكلىك ئىدى. كۆپ ئەھۋاللاردا، پۇل پەقەت نەق نەرسىلەرگىلا ۋەكىللىك قىلالاتتى ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئايلاندۇرالايتتى. بۇ ھال ئىقتىسادىي ئۆسۈشنى چەكلەپ قويىدى، چۈنكى ئۇ يېڭى كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىشنى ئىنتايىن قىيىنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. بولكىخانا مىسالىنى ئالايلى، ئەگەر پۇل پەقەت مەۋجۇت نەرسىلەرگىلا ۋەكىللىك قىلسا، ماكدونات بولكىخانىسى قۇرۇلالامتى؟ ياق. ماكدونات خانىمنىڭ نۇرغۇن خىياللىرى بولسىمۇ، مەۋجۇت مەنبەلىرى يوق. ئۇنىڭ بولكىخانىسىنى سېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى بۈگۈن ئىشلەپ، بولكىخانا ئېچىش ئۈچۈن پۇل تېپىشقا باشلىغاندا، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ھەق ئېلىشقا رازى بولىدىغان بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىنى تېپىش. ئەپسۇس، بۇنداق ھۆددىگەرلەر كەم. ئۇ ھالدا بىزنىڭ تىجارەتچىمىز تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بولكىخانا بولمىسا، ئۇ تاتلىق-تۈرۈم سالالمايدۇ؛ تاتلىق-تۈرۈملىرى بولمىسا، ئۇ پۇل تاپالمايدۇ؛ پۇلى بولمىسا، ئۇ قۇرۇلۇشچىنى ياللىيالمايدۇ. قۇرۇلۇشچى بولمىسا، ئۇنىڭ بولكىخانىسىمۇ بارلىققا كەلمەيدۇ.

ئىش-ئوقەتچىنىڭ قىيىنچىلىقى

ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ قىيىن ئەھۋالدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئىقتىسادى توڭلاپ قالغان. بۇ مۇشكۇلاتتىن چىقىش يولى پەقەت زامانىۋى دەۋردىلا، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچكە ئاساسلانغان يېڭى سىستېمىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بايقالغان. بۇ سىستېمىدا كىشىلەر خىيالىي مال-مۈلۈكلەرنى، يەنى ھازىر مەۋجۇت بولمىغان مال-مۈلۈكلەرنى «قەرز» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل پۇل بىلەن ئىپادىلەشكە كېلىشكەن. قەرز بىزگە كەلگۈسىنىڭ ھېسابىغا ھازىرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئۇ كەلگۈسىدىكى بايلىقىمىز ھازىرقى بايلىقىمىزدىن ئېشىپ كېتىدۇ دېگەن پەرەزگە ئاساسلىنىدۇ. ئەگەر بىز كەلگۈسىدىكى كىرىمىمىزنى ئىشلىتىپ ھازىرقى ئىمكانىمىزنى يارىتالىساق، نۇرغۇن يېڭى ۋە ئاجايىپ پۇرسەتلەر ئېچىلىدۇ.

قەرز شۇنچە ئاجايىپ نەرسە بولسا، نېمىشقا ھېچكىم بۇنى بۇرۇن ئويلاپ باقمىغان؟ ئەلۋەتتە ئۇلار ئويلىغان. بىر خىل ياكى كۆپ خىل قەرز كېلىشىملىرى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بارلىق ئىنسان مەدەنىيەتلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئەڭ ئاز دېگەندە قەدىمكى سۇمېرلارغىچە سوزۇلىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى مەسىلە ھېچكىمنىڭ بۇ ئىدىيەگە ئىگە بولمىغانلىقى ياكى ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكى ئەمەس ئىدى. مەسىلە شۇكى، كىشىلەر كەلگۈسىنىڭ ھازىرقىدىن ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەچكە، كۆپ قەرز بېرىشنى خالىمايتتى. ئۇلار ئادەتتە ئۆتمۈشنى بۈگۈنكى كۈندىن ياخشى، كەلگۈسى بولسا ناچار ياكى ئەڭ ياخشى بولغاندىمۇ بۈگۈنكى كۈنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. بۇنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار جەمئىي بايلىقنى چەكلىك، ھەتتا بارغانچە ئازىيىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى.

زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ ئايلانما ئويۇنى

شۇڭا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ، پادىشاھلىقىنىڭ، ياكى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئون يىلدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ بايلىق ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشنى شۇملۇق دەپ قارايتتى. تىجارەت نۆل يىغىندىلىق ئويۇنغا ئوخشايتتى. مەلۇم بىر بولكىخانا گۈللىنىپ پايدا تاپسا، ئۇنىڭ يېنىدىكى بولكىخانىنىڭ بازىرى كاساتلىششى مۇمكىن؛ ۋېنېتسىيە گۈللىنىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ بەدىلىگە گېنۇئانى نامراتلىششى مۇمكىن. ئەنگلىيە پادىشاھى بولسا فرانسىيە پادىشاھىنى بۇلاش ئارقىلىق بېيىپ قۇدرەت تېپىشى مۇمكىن. سىز تورتنى كۆپ خىل ئۇسۇلدا كېسەلەيسىز، ئەمما ئۇ ھەرگىز چوڭىيالمايدۇ.

شۇڭا نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر كۆپ پۇل تېپىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. ئەيسا ئېيتقاندەك: «تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈشى باي ئادەمنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئاسان» (ماتتا 19:24). ئەگەر تورت ئۆزگەرمىسە ۋە مېنىڭ ئالغىنىم چوڭراق بىر پارچە بولسا، مەن چوقۇم باشقىلارنىڭ پارچىسىنى ئالغان بولىمەن. بايلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇق بايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى خەير ـ ساخاۋەتكە بېرىش ئارقىلىق، يامان قىلمىشلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

ئەگەر دۇنيا تورتقا ئوخشاش چوڭلۇقتا قالسا، قەرز ئۈچۈن ھېچقانداق بوشلۇق قالمايدۇ. قەرز بۈگۈنكى تورت بىلەن ئەتىكى تورتنىڭ پەرقىدۇر. ئەگەر تورت ئوخشاش چوڭلۇقتا قالسا، نېمىشقا قەرز بېرىمىز؟ بولكىچى ياكى پادىشاھ سىزنىڭ پۇلىڭىزنى سوراپ قالسا، سىز ئۇلارنىڭ چوقۇم قارشى تەرەپتىن بىر نەرسىنى يۇلۇپ ئالالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىسىڭىز، ھەرگىز خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ قەرز بەرمەيسىز. شۇڭا زامانىۋى دەۋردىن ئىلگىرىكى دۇنيادا قەرز ئېلىش قىيىن ئىدى، قەرز ئالغاندىمۇ ئادەتتە ئاز مىقداردا، قىسقا مۇددەتلىك ۋە يۇقىرى ئۆسۈملۈك بولاتتى. شۇڭا يېڭى تىجارەتچىلەر يېڭى بولكىخانىلارنى

ئېچىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرايتتى. ئوردا سالماقچى ياكى ئۇرۇش قىلماقچى بولغان چوڭ پادىشاھلار يۇقىرى باج ـ سېلىق ۋە تاموژنا بېجى ئارقىلىق زوْرۇر مەبلەغنى يىغىشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. بۇ پادىشاھلار ئۇچۇن ياخشى ئىدى (پۇقرالار بويسۇنۇپ تۇرغان مۇددەتچە)، ئەمما بولكىخانا ئېچىش توغرىسىدا ياخشى ئىدىيەسى بار ۋە تەرەققىي قىلغۇسى بار ئاشخانا خىزمەتچىسى پەقەت پادىشاھ ئاشخانىسىنىڭ پولنى تازىلاۋېتىپ بايلىق توغرىسىدا خىيال سۇرەلەيتتى.

بۇ قوشلاپ ئۇتتۇرۇش ئىدى. قەرز چەكلىك بولغاچقا، كىشىلەر يېڭى كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىشتا قىينالدى. يېڭى كارخانىلار ئاز بولغاچقا، ئىقتىساد ئۆسمىدى. ئىقتىساد ئۆسمىگەچكە، كىشىلەر ئۇ ھەرگىز ئۆسمەيدۇ دەپ ئويلىدى ۋە مەبلىغى بارلار قەرز بېرىشتىن ئېھتىيات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى.

چوڭقىيىۋاتقان تورت

ئاندىن ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابى ۋە تەرەققىيات ئىدىيەسى كەلدى. تەرەققىيات ئىدىيەسى ئۆز بىلىمسىزلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ تەتقىقاتقا مەبلەغ سالساق، ئىشلار ياخشىلىنىشى مۇمكىن دېگەن چۈشەنچىگە قۇرۇلغان. بۇ ئىدىيە تېزلا ئىقتىسادىي ئاتالغۇلارغا تەرجىمە قىلىندى. تەرەققىياتقا ئىشىنىدىغانلار جۇغراپىيەلىك بايقاشلار، تېخنىكىلىق كەشپىياتلار ۋە تەشكىلىي تەرەققىياتلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سودا ۋە بايلىقنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى ئاشۇرالايدىغانلىقىغا، ئاتلانتىك ئوكياندىكى يېڭى سودا يوللىرىنىڭ ھىندى ئوكياندىكى كونا يوللارنى خاراب قىلماستىن گۈللىنىپ ماڭغۇزىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يېڭى ماللار كونا ماللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئازايتماستىن بەلكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنى كۆپەيتىدۇ. مەسىلەن، مەخسۇس شاكىلات تورت ۋە ياغلىق بولكىلارنى چىقىرىدىغان يېڭى بولكىخانىنى باشقا بولكىخانىلارنى ۋەيران قىلماي تۇرۇپمۇ ئاچقىلى بولىدۇ؛ ھەممە ئادەم پەقەت يېڭى تەملەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كۆپرەك يەيدۇ. سىزنى نامرات قىلىۋەتمەي تۇرۇپمۇ مەن باي بولالايمەن؛ سىز ئاچ قالماي تۇرۇپمۇ مەن سېمىز بولالايمەن. پۈتۈن دۇنيانىڭ تورتىنى چوڭايتقىلى بولىدۇ. ئۆتكەن 500 يىلدا تەرەققىيات ئىدىيەسى كىشىلەرنى كەلگۈسىگە تېخىمۇ كۆپ ئىشەندۈردى. بۇ ئىشەنچ قەرزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ قەرز ھەقىقىي ئىقتىسادىي ئۆسۈشنى ئېلىپ كەلدى؛ ئۆسۈش كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچنى كۈچەيتتى ۋە تېخىمۇ كۆپ قەرز ئۈچۈن يول ئاچتى. بۇ بىر كېچىدىلا يۈز بەرمىدى، ئىقتىساد شاردەك ئەمەس، مۇئەللەقتىكى غالتەكتەك خەتەرلىك ھەرىكەت قىلدى. ئەمما ئۇزۇن مۇددەتتە، دولقۇنلار پەسكويغا چۈشكەندە، ئومۇمىي يۆنىلىش ئېنىق بولدى. بۈگۈن دۇنيادا شۇنچە كۆپ قەرز باركى، ھۆكۈمەتلەر، تىجارەت كارخانىلىرى ۋە شەخسلەر ھازىرقى كىرىمىدىن كۆپ ئاشىدىغان مىقداردا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرزلەرنى ئاسانلا ئالالايدۇ



دۇنيا ئىقتىساد تارىخىنىڭ ئوق يۆنىلىشى

چوڭىيىۋاتقان دۇنيا تورتىغا بولغان ئىشەنچ ئاخىرى ئىنقىلابىي تۈس ئالدى. 1776 ـ يىلى شوتلاندىيەلىك ئىقتىسادچى ئادام سمىس تارىختىكى ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي باياننامە دېيىشكە بولىدىغان «دۆلەتنىڭ بايلىقى»نى نەشر قىلدى. كىتابنىڭ 1 ـ جىلد 8 ـ بابىدا سمىس مۇنداق يېڭى پىكىر ئوتتۇرىغا قويدى: يەر ئىگىسى، باپكار ياكى موزدوز ئۆز ئائىلىسىنى قامدىغۇدەك پايدىدىن ئارتۇق پايدا تاپالىغان بولسا، پايدىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياردەمچى ئىشلىتىدۇ. پايدىسى قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە كۆپ ئادەم ئىشلىتىدۇ. دېمەك، شەخسىي تىجارەتچىلەرنىڭ پايدىسىنىڭ ئېشىشى كوللېكتىپ بايلىق ۋە گۈللىنىشنىڭ ئاساسىدۇر.

بۇ گەپ سىزگە بەك كونا تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى بىز ھەممىمىز سمىسنىڭ پىكرىنى نورمال دەپ قارايدىغان كاپىتالىستىك دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. بىز بۇ تېمىنىڭ ئوخشاش ۋارىيانتلىرىنى ھەر كۈنى خەۋەرلەردە ئاڭلايمىز. بىراق سمىسنىڭ «شەخسىي پايدىنى ئاشۇرۇش ئىستىكى كوللېكتىپ بايلىقنىڭ ئاساسى» دېگەن ئىدىيەسى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىدىيەلەردىن بىرىدۇر، ئۇ پەقەت ئىقتىسادىي نۇقتىدىنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئەخلاقىي ۋە سىياسىي نۇقتىدىن ئىنقىلاب ئېلىپ كەلدى. سمىس ئەمەلىيەتتە ئاچكۆزلۈكنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ بېيىشىم پەقەت ئۆزۈمگىلا ئەمەس، ھەممەيلەنگە نەپ يەتكۈزىدۇ دېگەن پىكرنى، يەنى شەخسىيەتچىلىكنىڭ باشقىلارغا كۆيۈنۈش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سمىس كىشىلەرگە ئىقتىسادنى «تەڭ پايدا ئېلىش» دەپ ئويلاشنى ئۆگەتتى، يەنى مېنىڭ پايدام سىزنىڭمۇ پايدىڭىز. بىز بىرلا ۋاقىتتا چوڭراق تورت پارچىسىدىن ھوزۇرلىنىمىز، يەنە كېلىپ سىزنىڭ ئۇنىڭدىن چوڭراق نېسىۋە ئېلىشىڭىز مېنىڭ نېسىۋەمنىڭ چوڭىيىشىغا باغلىق. ئەگەر مەن نامرات بولسام، سىزمۇ نامرات بولسىز چۈنكى مەن سىزنىڭ مەھسۇلات ياكى مۇلازىمىتىڭىزنى سېتىۋالالمايمەن. ئەگەر مەن باي بولسام، سىزمۇ بېيىيسىز، چۈنكى سىز ئەمدى ماڭا بىر نەرسە ساتالايسىز. سمىس بايلىق بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى زىددىيەتنى رەت قىلدى ۋە بايلار ئۈچۈن جەننەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتتى. باي بولۇش ئەخلاقلىق بولۇش دېگەنلىك ئىدى. سمىسنىڭ ھېكايىسىدە، كىشىلەر قوشنىلىرىنى بۇلاش ئارقىلىق ئەمەس، تورتنىڭ ئومۇمىي چوڭلۇقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق بېيىيدۇ. تورت چوڭايغاندا، ھەممەيلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. شۇڭا بايلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ پايدىلىق ۋە خەير ـ ساخاۋەتلىك كىشىلەر، چۈنكى ئۇلار ھەممەيلەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بايلىق چاقىنى ئايلاندۇرىدۇ.

بىراق بۇنىڭ ھەممىسى بايلارنىڭ ئۆز پايدىسىنى يېڭى زاۋۇتلار ئېچىش ۋە يېڭى خىزمەتچىلەرنى ئىشلىتىشكە، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە سالماسلىقىغا باغلىق. شۇڭا سمىس «پايدا ئاشقاندا، يەر ئىگىسى ياكى توقۇمىچى تېخىمۇ كۆپ ياردەمچى ئىشلىتىدۇ» دېگەن پرىنسىپنى نەقرات سۈپىتىدە تەكرارلىدى، «پايدا ئاشقاندا، سكرۇج ئەپەندى پۇلنى ساندۇققا يىغىۋېلىپ پەقەت تەڭگىلىرىنى ساناش ئۈچۈنلا چىقىرىدۇ» دېمىدى. تاپقان پايدىنى ئىشلەپچىقىرىشقا قايتا مەبلەغ سېلىش ئەخلاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى زامانىۋى كاپىتالىزم ئىقتىسادىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. بۇ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئاساسەن، بايلىقنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا دەسمىي سالىدۇ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ پايدا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا قايتا مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ يەنە كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنداق داۋاملىشىدۇ. مەبلەغ سېلىشنى كۆپ خىل يول بىلەن قىلغىلى بولىدۇ: زاۋۇتنى كېڭەيتىش، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بىراق بۇ مەبلەغ سېلىشلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشى ۋە چوڭراق پايدىغا ئايلىنىشى كېرەك. يېڭى كاپىتالىزم ئېتىقادىدا، بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇقەددەس ئەمر: «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پايدىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشقا قايتا مەبلەغ سېلىش كېرەك».

كاپىتالىزمنىڭ «كاپىتالىزم» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. كاپىتالىزم «كاپىتال» بىلەن ئاددىي «بايلىق»نى پەرقلەندۈرىدۇ. كاپىتال ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سېلىنغان پۇل، مال ۋە مەنبەلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بايلىق بولسا يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ياكى ئىشلەپچىقىرىشسىز پائالىيەتلەرگە ئىسراپ قىلىنغان بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالاقىسى يوق پىرامىداغا مەنبە سالغان پىرئەۋن كاپىتالىست ئەمەس. ئىسپان خەزىنە كېمىلىرىنى بۇلاپ، كارىب ئاراللىرىدىكى بىر ئارالنىڭ قىرغىقىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ساندۇقىنى كۆمۈپ قويغان

قاراقچى كاپىتالىست ئەمەس. ئەمما كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى پايدا بازىرىغا قايتا مەبلەغ سالىدىغان تىرىشچان زاۋۇت ئىشچىسى كاپىتالىست.

«ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پايدىسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشقا قايتا مەبلەغ سېلىنىشى كېرەك» دېگەن ئىدىيە ئاددىي تۇيۇلىدۇ. بىراق ئۇ تارىخ بويىچە كۆپ قىسىم كىشىلەرگە يات ئىدى. زامانىۋى دەۋردىن ئىلگىرى، كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسەن تۇراقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا نېمە قىلىسىڭىزمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۆپ ئاشمايدىغان تۇرسا، نېمىشقا پايدىڭىزنى قايتا مەبلەغ سالىسىز؟ شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىر ئاقسۆڭەكلىرى سېخىيلىق ۋە كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىش ئەخلاقىنى قوللىدى. ئۇلار كىرىملىرىنى مۇسابىقە، زىياپەت، ئوردا ۋە ئۇرۇشلارغا، خەير-ساخاۋەت ۋە ھەيۋەتلىك چېركاۋلارغا خەجلىدى. ئاز ساندىكى كىشىلەرلا پايدىنى مۈلۈكلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، ياخشىراق بۇغداي تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ياكى يېڭى بازارلارنى ئىزدەشكە قايتا مەبلەغ سالدى.

زامانىۋى دەۋردە، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئورنىنى كاپىتالىست ئېتىقادىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان يېڭى سەر خىللار ئىگىلىدى. يېڭى كاپىتالىست سەر خىللار كېنەز ۋە ماركىزلاردىن ئەمەس، دىرېكتورلار كېڭەشى رەئىسلىرى، پاي سودىگەرلىرى ۋە سانائەتچىلەردىن تەركىب تاپقاندى. بۇ ماگناتلار ئوتتۇرا ئەسىر ئاقسۆڭەكلىرىدىن كۆپ باي بولسىمۇ، ھەشەمەتلىك ئىستېمالغا ئانچە قىزىقمىغان، ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتسىز پائالىيەتلەرگە ناھايىتى ئاز پۇل خەجلىگەن.



زامانىۋى ئىقتىساد بىلەن ئۇنىڭدىكى ئىلگىرىكى (ئوتتۇرا ئەسىر) ئىقتىسادى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

ئوتتۇرا ئەسىر ئاقسۆڭەكلىرى ئالتۇن ۋە يىپەكتىن تىكىلگەن رەڭلىك تونلارنى كىيەتتى ۋە ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى زىياپەت، بايرام ۋە ھەشەمەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشقا سەرپ قىلاتتى. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، زامانىۋى باش ئىجرائىيە مۇدىرلىرى قاغىلار توپىغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان كاستۇم ـ بۇرۇلكا دەپ ئاتىلىدىغان زېرىكىشلىك فورمىلارنى كىيىدۇ ۋە بايراملارغا ئاز ۋاقىت ئاجرىتىدۇ. تەۋەككۇلچى كاپىتالىستلار بىر تىجارەت يىغىنىدىن يەنە بىرىگە ئالدىرايدۇ، كاپىتالنى نەگە سېلىشنى ئويلايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پاي ۋە زايومىلىرىنىڭ ئۆرلەپ ـ چۈشۈشىنى كۆزىتىدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىسى Versace ماركىلىق بولۇشى ۋە شەخسىي ئايروپىلاندا ساياھەت قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ چىقىملار ئۇنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا سالغان مەبلىغى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

پەقەت **Versace** كىيگەن تىجارەت ماگناتلىرىلا ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشقا مەبلەغ سالمايدۇ. ئاددىي پۇقرالار ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ ئوخشاش تەرىقىدە ئويلايدۇ. ئوتتۇراھال مەھەللىلەردىكى قانچىلىغان كەچلىك تاماق سۆھبەتلىرى ئاخىرى چىقمايدىغان مۇنازىرىگە، مەسىلەن، كىشىلەر ئۆزىنىڭ تېجىگەن پۇلىنى پاي بازىرى، زايوم ياكى كۆچمەس مۈلۈككە سالغىنى ياخشىمۇ؟ دېگەندەك تالاش ـ تارتىشلارغا ئايلىنىدۇ. ھۆكۈمەتلەرمۇ باج كىرىمىنى كەلگۈسىدە كىرىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرالايدىغان ئۈنۈملۈك كارخانىلارغا سېلىشقا تىرىشىدۇ؛ مەسىلەن، يېڭى پورت قۇرۇش ئارقىلىق زاۋۇتلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ باج تۆلەيدىغان كىرىم قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كەلگۈسىدىكى كىرىمىنى ئاشۇرىدۇ. باشقا بىر ھۆكۈمەت مائارىپقا مەبلەغ سېلىشنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن، چۈنكى تەربىيەلەنگەن كىشىلەر چوڭ پورت ئەسلىھەلىرىگە موھتاج بولماي، كۆپ باج تۆلەيدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

كاپىتالىزم دەسلەپتە ئىقتىسادنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيەدىن باشلانغان. ئۇ ھەم تەسۋىرىي ھەم كۆرسەتمىلىك ئىدى، يەنى ئۇ پۇلنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، پايدىنى ئىشلەپچىقىرىشقا قايتا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلەتكەندە، ئىقتىسادنى تېز ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلدى. ئەمما كاپىتالىزم بارا ـ بارا ئىقتىسادىي نەزەرىيەدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. ئۇ ھازىر بىر ئەخلاقنى، يەنى كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىشى، بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلىشى، ھەتتا قانداق ئويلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەلىماتلار توپلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى شۇكى، ئىقتىسادىي ئۆسۈش ئەڭ بۈيۈك ياخشىلىقنىڭ ۋەكىلى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ياخشىلىقى كۆپ، چۈنكى ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە ھەتتا بەخت ـ سائادەتمۇ ئىقتىسادىي ئۆسۈشكە باغلىق. بىر كاپىتالىستتىن زىمبابىۋې ياكى ئافغانىستاندەك جايلارغا ئادالەت ۋە سىياسىي ئەركىنلىكنى قانداق ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا سورىسىڭىز، سىز مۇقىم دېموكراتىك مۇئەسسەسەلەر ئۈچۈن ئىقتىسادىي باياشاتلىق ۋە گۈللەنگەن ئوتتۇرا سىنىپنىڭ مۇھىملىقى،

شۇنداقلا ئافغانىستانلىق قەبىلە كىشىلىرىگە ئەركىن تىجارەت، تېجەشچانلىق ۋە ئۆزىگە تايىنىش قىممەت قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە لېكسىيە ئاڭلىشىڭىز مۇمكىن.

كاپىتالىزمدىن ئىبارەت بۇ يېڭى دىن زامانىۋى پەننىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. ئىلمىي تەتقىقاتقا ئادەتتە ھۆكۈمەتلەر ياكى خۇسۇسىي كارخانىلار مەبلەغ سالىدۇ. كاپىتالىست ھۆكۈمەتلەر ۋە كارخانىلار مەلۇم بىر ئىلمىي لايىھەگە مەبلەغ سېلىشنى ئويلىغاندا، تۇنجى بولۇپ «بۇ لايىھە بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمىز ۋە پايدىمىزنى ئاشۇرالامدۇ؟ ئۇ ئىقتىسادىي ئۆسۈش يارىتالامدۇ؟» دېگەن سوئالنى سورايدۇ. بۇ سىناقتىن ئۆتەلمەيدىغان لايىھەنىڭ مەبلەغ سالغۇچى تېپىش پۇرستى ئاز. زامانىۋى ئىلىم-پەن تارىخىدىن كاپىتالىزمنى چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئەكسىچە، ئىلىم-پەننى ھېسابقا ئالماي تۇرۇپ كاپىتالىزم تارىخىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي ئۆسۈشكە بولغان ئېتىقادى بىزنىڭ كائىنات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزگە تامامەن دېگۈدەك زىت كېلىدۇ. بۆرىلەر جەمئىيىتى ئەگەر قوي تەمىناتىنىڭ چەكسىز كۆپىيىدىغانلىقىغا ئىشەنسە، ئۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادى زامانىۋى دەۋر بويىچە ھەسسىلەپ ئۆسۈشنى داۋاملاشتۇرالىدى، بۇ پەقەت ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بايقىلىشى، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ ھەر نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتىل ياكى گېنى ئۆزگەرتىلگەن قوي دېگەندەك يېڭى كەشپىياتلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى سەۋەبىدىن بولدى. بانكىلار ۋە ھۆكۈمەتلەر پۇل باسىدۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئۇنىڭ ھېسابىنى ئۆتەيدىغانلار ئالىملاردۇر.

ئاخىرقى بىر نەچچە يىلدا، بانكىلار ۋە ھۆكۈمەتلەر تەلۋىلەرچە پۇل باسماقتا. ھەممە كىشى ھازىرقى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشنى توختىتىپ قويۇشىدىن قورقماقتا. شۇڭا ئۇلار تىرىليونلىغان دوللار، ياۋرو ۋە يېنىنى يوقتىن بار قىلىپ، سىستېمىغا ئەرزان قەرز قويۇش بىلەن بىرگە، كۆپۈك پارتلاشتىن بۇرۇن ئالىملار، تېخنىكلار ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ بىر نەرسە كەشىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا. ھەممە نەرسە تەجرىبىخانىدىكى كىشىلەرگە باغلىق. بىئوتېخنىكا ۋە نانوتېخنىكىدەك ساھەلەردىكى يېڭى بايقاشلار پۈتۈنلەي يېڭى سانائەتلەرنى يارىتالايدۇ، بۇلارنىڭ پايدىسى بانكىلار ۋە ھۆكۈمەتلەر 2008-يىلدىن بېرى ياراتقان تىرىليونلىغان خىيالىي پۇلنى كۆچكە ئىگە قىلالايدۇ. ئەگەر تەجرىبىخانىلار كۆپۈك پارتلاشتىن بۇرۇن بۇ ئۈمىدلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا، كەلگۈسىدە بىزنىڭ كۈنىمىز تەس بولىدۇ.

كولومبۇ مەبلەغچى ئىزدەيدۇ

كاپىتالىزم پەقەت زامانىۋى ئىلىم-پەننىڭ گۈللىنىشىدىلا ئەمەس، ياۋروپا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئەمەلىيەتتە، ياۋروپا

ئىمپېرىيالىزمى كاپىتالىستىك قەرز سىستېمىسىنى دەسلەپتە ياراتقان. ئەلۋەتتە، قەرز زامانىۋى ياۋروپادا ئىجاد قىلىنغان ئەمەس. ئۇ بارلىق يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەۋجۇت ئىدى. يېقىنقى تارىخىي دەۋردە ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتلار بىلەن زىچ باغلانغان. شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاسىيا دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي كۈچ مەركىزى ئىدى، يەنى خىتايلار، مۇسۇلمانلار ياكى ھىندىستانلىقلارنىڭ بايلىقى (كاپىتالى) ياۋروپالىقلارغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ ئىدى.

ئىراق، خىتاي، ھىندىستان ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي سىستېمىلىرىدا، قەرز پەقەت ئىككىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىدى. ئىستانبۇل، ئىسفاھان، دېھلى ۋە بېيجىڭ بازارلىرىدىكى سودىگەرلەر ۋە بانكىرلار كاپىتالىستىك تەرىقىدە ئويلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئوردا ۋە قەلئەلەردىكى پادىشاھلار بىلەن گېنېراللار سودىگەرلەر ۋە سودىگەرچە پىكىر قىلىدىغانلارنى كەمسىتەتتى. ئاسىيانىڭ يېقىنقى تارىخىي دەۋردىكى ئىمپېرىيەلەر نۇرخاچ ۋە نادىر شاھ قاتارلىق ئۇلۇغ جاھانگىرلار، ياكى چىڭ سۇلالىسى ۋە ئوسمانلى دەۋرىدە ياشىغان مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇلار قەرز سىستېمىسىغا بەك تايىنىپ كەتمىگەن بولۇپ، ئۇرۇشلارنى باج ـ سېلىق ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ ئارقىلىق (بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرمەستىن) مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن؛ بانكىرلار ۋە مەبلەغچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسەن كۆڭۈل بۆلمىگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، ياۋروپادا پادىشاھلار ۋە گېنېراللار ئاستا ـ ئاستا سودىگەرچە پىكىر قىلىشنى قوبۇل قىلدى، ھەتتا سودىگەرلەر ۋە بانكىرلار ھۆكۈمران كۈچلەرگە ئايلاندى. ياۋروپانىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشى بارا ـ بارا باج ـ سېلىقتىن كۆرە، قەرز ئارقىلىق مەبلەغ تەمىنلەش يولى بىلەن بولدى؛ ياۋروپانىڭ ئاساسلىق نىشانىمۇ تەدرىجىي ھالدا مەبلىغىدىن ھەسسىلەپ پايدا ئېلىش كويىدا يۈرگەن كاپىتالىستلار تەرىپىدىن بېكىتىلەندى. قارا چاپان ۋە سىلىندىر قالپاق كىيگەن بانكىرلار بىلەن سودىگەرلەر قۇرغان ئىمپېرىيەلەر ئالتۇن كىيىم ۋە پارقىراق ساۋۇت كىيگەن پادىشاھلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەر قۇرغان ئىمپېرىيەلەرنى مەغلۇپ قىلدى. سودا ئىمپېرىيەلىرى مۇستەملىكە ھەرىكىتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتە تولىمۇ ئەقىللىق ئىدى. چۈنكى ھېچكىم باج تۆلەشنى خالىمايتتى، بەلكى مەبلەغ سېلىشتىن خۇشال ئىدى.

1484 ـ يىلى كرىستوفېر كولومبۇ پورتۇگالىيە پادىشاھىغا شەرقىي ئاسىياغا بارىدىغان يېڭى سودا يولىنى تېپىش ئۈچۈن غەربكە قاراپ ماڭىدىغان كېمە ئەترىتىگە مەبلەغ سېلىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇنداق تەكشۈرۈش سەپەرلىرى ناھايىتى خەتەرلىك ۋە قىممەت ئىدى. كېمە ياساش، تەمىنات سېتىۋېلىش، دېڭىزچىلار ۋە ئەسكەرلەرگە مائاش تۆلەش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېرەك ئىدى، ئەمما بۇ مەبلەغدىن پايدا چىقىشقا كاپالەت يوق ئىدى. پورتۇگالىيە پادىشاھى ئۇنى رەت قىلدى.

بۇگۈنكى يېڭى كارخانا قۇرغۇچىلارغا ئوخشاش، كولومبۇ ۋاز كەچمىدى. ئۇ ئۆز ئىدىيەسىنى ئىتالىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە يەنە پورتۇگالىيەدىكى باشقا مەبلەغچىلەرگە تەشۋىق قىلدى. ئەمما ھەر قېتىمدا رەت قىلىندى. ئاندىن ئۇ يېڭىدىن بىرلىككە كەلگەن ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمدارلىرى فېردىناند بىلەن ئىزابېللادىن تەلىيىنى سىناپ باقتى. ئۇ بەزى تەجرىبىلىك ۋاستىچىلارنى ئىشقا سالدى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن خانىش ئىزابېللانى مەبلەغ سېلىشقا قايىل قىلالىدى. ھازىر ھەر بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلگەندەك، ئىزابېللا چوڭ ئۇتۇق قازاندى. كولومبۇنىڭ بايقاشلىرى ئىسپانلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى بويسۇندۇرۇشىغا يول ئاچتى، ئۇ يەردە ئۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرى، تاماكا ۋە شېكەر ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرىنى قۇردى. ئۇ بايلىقلار ئىسپان پادىشاھلىرى، بانكىرلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

يۈز يىل كېيىن، شاھزادىلەر ۋە بانكىرلار كولومبۇنىڭ ئىزباسارلىرىغا تېخىمۇ كۆپ قەرز بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان بولۇشتى، چۈنكى ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئېلىنغان بايلىقلار ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى كاپىتالنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شاھزادىلەر ۋە بانكىرلار تەكشۈرۈش سەپىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئەمدى تېخىمۇ ئىشەنچ قىلىدىغان ھەمدە پۇللىرىنى ئۇنىڭغا بەس ـ بەستە ئاتايدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇ ئىمپېرىيە كاپىتالىزمىنىڭ سېھرىي چەمبىرى ئىدى: قەرز يېڭى بايقاشلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى؛ بايقاشلار مۇستەملىكىلەرگە ئېلىپ باردى؛ مۇستەملىكىلەر پايدا كەلتۈردى؛ پايدا ئىشەنچ قۇردى ۋە ئىشەنچ تېخىمۇ كۆپ قەرزگە ئايلاندى. نۇرخاچ بىلەن نادىر شاھ نەچچە مىڭ كىلومېتىردىن كېيىن مالىيە كۈچىنى، ئېنېرگىيەسىنى يوقىتىپ تۇرۇپ قالدى. كاپىتالىست تەشەببۇسكارلار بولسا بىر بويسۇندۇرۇشتىن يەنە بىر بويسۇندۇرۇشقا ئۆتكەنسېرى مالىيە كۈچىنى ئاشۇردى.

لېكىن بۇ سەپەرلەر يەنىلا خەتەرلىك ئىش بولۇپ قالدى، شۇڭا قەرز بازارلىرى يەنىلا خېلى ئېھتىياتچان ئىدى. نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ياۋروپاغا قۇرۇق قول قايتتى، ھېچقانداق قىممەتلىك نەرسە بايقىيالمىدى. مەسىلەن، ئەنگلىيە شىمالىي قۇتۇپ ئارقىلىق ئاسىياغا بارىدىغان يولنى بايقاش ئۈچۈن نۇرغۇن كاپىتالنى بىكارغا ئىسراپ قىلدى. كۆپلىگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى قايتىپ كېلەلمىدى. كېمىلەر مۇز تاغلىرىغا سوقۇلدى، تروپىك ئىقلىم بورانلىرىدا غەرق بولدى ياكى قاراقچىلارنىڭ قۇربانى بولدى. تەۋەككۈلچى مەبلەغچىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇلار دۇچ كېلىدىغان خەتەرنى ئازايتىش ئۈچۈن، ياۋروپالىقلار چەكلىك مەسئۇلىيەت پاي چېكى شىركەتلىرىگە يۈزلەندى. بۇنىڭدا بىر مەبلەغچى بارلىق پۇلنى بىرلا كېمىگە دو تىكمەيتتى، پاي شىركىتى نۇرغۇن مەبلەغچىلەردىن پۇل توپلىدى، ھەر بىرى پەقەت كاپىتالنىڭ ئاز بىر قىسمىنى چىقىرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ خەتەر چەكلەندى، ئەمما پايدىغا چەك قويۇلمىدى. ئامەتلىك كېمىگە سالغان كىچىككىنە مەبلىغىڭىزمۇ سىزنى مىليونېرغا ئايلاندۇرالايتتى.

نەچچە ئون يىل ئۆتتى، غەربىي ياۋروپا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ مىقداردا قەرز يىغالايدىغان ۋە ئۇنى خۇسۇسىي كارخانىچىلار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىختىيارىغا قويالايدىغان مۇرەككەپ مالىيە سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولدى. بۇ سىستېما بايلىق ئىزدەش سەپەرلىرى ۋە بويسۇندۇرۇشلارنى ھەرقانداق پادىشاھلىق ياكى ئىمپېرىيەگە قارىغاندا كۆپ ھەم ئۈنۈملۈك مەبلەغ بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى. قەرزنىڭ يېڭىدىن بايقالغان كۈچىنى ئىسپانىيە بىلەن گوللاندىيە ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق كۈرەشتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 16 ـ ئەسىردە، ئىسپانىيە ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ، كەڭ دۇنياۋى ئىمپېرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ ياۋروپانىڭ كۆپ قىسمىنى، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ چوڭ بۆلىكىنى، فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىنى، ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىرغاقلىرىدىكى بىر قاتار بازىلارنى باشقۇراتتى. ھەر يىلى ئامېرىكا ۋە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بايلىقلىرى بىلەن تولغان كېمە ئەترەتلىرى سېۋىلىيە ۋە كادىز پورتلىرىغا قايتىپ كېلەتتى. گوللاندىيە بولسا تەبىئىي بايلىقلىرى يوق، كىچىك ۋە شاماللىق جاي بولۇپ، ئىسپانىيە پادىشاھى تەۋەسىدىكى چەت بىر ماكان ئىدى.

1568 ـ يىلى، ئاساسەن پروتېستانتلاردىن تەركىب تاپقان گوللاندىيەلىكلەر كاتولىك ئىسپان ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. دەسلەپتە قوزغىلاڭچىلار خۇددى دون كىخوتقا ئوخشاش، يېڭىلمەس شامال تۈگمەنلىرىگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىراق 80 يىل ئىچىدە گوللاندىيەلىكلەر ئىسپانىيەدىن مۇستەقىللىقنى ئېلىپلا قالماستىن، ئىسپانلار ۋە ئۇلارنىڭ پورتۇگالىيەلىك ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دېڭىز ـ ئوكيان يوللىرىنىڭ خوجايىنى بولدى؛ دۇنياۋى گوللاندىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ، ياۋروپادىكى ئەڭ باي دۆلەتكە ئايلاندى.

گوللاندىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ سىرى قەرز ئىدى. قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىشقا ئانچە قىزىقمايدىغان گوللاندىيە شەھەرلىكلىرى ئىسپانلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئىجارە ئەسكەرلەرنى ياللىدى. گوللاندىيەلىكلەر ئۆزلىرى بولسا بارغانسېرى چوڭ كېمە ئەترەتلىرى بىلەن دېڭىزغا چىقتى. ئىجارە قوشۇنلار ۋە زەمبىرەكلىك كېمە ئەترەتلىرى نۇرغۇن پۇل تەلەپ قىلىسمۇ، گوللاندىيەلىكلەر كۈچلۈك ئىسپان ئىمپېرىيەسىگە قارىغاندا ھەربىي يۈرۈشلىرىنى قولاي مەبلەغ بىلەن تەمىنلىيەلىدى؛ ئىسپانىيە پادىشاھى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلار گۈللىنىۋاتقان ياۋروپا مالىيە سىستېمىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى قازاندى.

مالىيەچىلەر گوللاندىيەلىكلەرگە قوشۇن ۋە كېمە ئەترەتلىرى قۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك قەرز بەردى. بۇ قوشۇنلار ۋە كېمە ئەترەتلىرى گوللاندىيەگە دۇنيا سودا يوللىرىنىڭ كونتروللۇقىنى بەردى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرى پايدا ئېلىپ كەلدى. بۇ پايدىلار گوللاندىيەلىكلەرنىڭ قەرزلەرنى قايتۇرۇشىغا ئىمكان بەردى، بۇ ھال مالىيەچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئامستېردام تېزلا ياۋروپانىڭ ئەڭ مۇھىم پورتلىرىدىن بىرىگىلا ئەمەس، بۇ قىتئەنىڭ مالىيە مەركىزىگىمۇ ئايلىنىۋاتاتتى.

گوللاندىيەلىكلەر مالىيە سىستېمىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە قانداق ئېرىشتى؟ بىرىنچىدىن، ئۇلار قەرزلىرىنى ۋاقتىدا ۋە تولۇق قايتۇرۇشتا چىڭ تۇردى، بۇ قەرز بەرگۈچىلەر ئۈچۈن خەتەرنى ئازايتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ سوت سىستېمىسى مۇستەقىل بولۇپ، شەخسىي هوقۇقلارنى، بولۇپمۇ خۇسۇسىي مۈلۈك هوقۇقىنى قوغدىدى. شەخسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مۈلكىنى قوغدىيالمايدىغان دىكتاتور دۆلەتلەردىن كاپىتال يىراقلىشىدۇ؛ بەلكى قانۇن ئۈستۈنلۈكى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغدايدىغان دۆلەتلەرگە كاپىتال ئاقىدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلىڭكى، سىز گېرمانىيەدىكى نوپۇزلۇق كاپىتالىست ئائىلىنىڭ ئوغلى. دادىڭىز ياۋروپانىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە شۆبە ئېچىش ئارقىلىق سودىنى كېڭەيتىش پۇرسىتىنى بايقايدۇ. ئۇ سىزنى ئامستېردامغا ۋە ئىنىڭىزنى مادرىدقا ئەۋەتىپ، هەر بىرىڭلارغا مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن ئون مىڭ تىللا بېرىدۇ. ئىنىڭىز ئۆزىنىڭ دەسلەپكى كاپىتالىنى فرانسىيە پادىشاهى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەشكىللەشكە موهتاج بولغان ئىسپانىيە پادىشاهىغا ئۆسۈمگە بېرىدۇ. سىز بولسىڭىز پۇلىڭىزنى خۇدسون دەرياسى مۇهىم سودا يولىغا ئايلىنىدۇ دەپ، مانخاتتان دېگەن خىلۋەت ئارالنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بوز يەرگە مەبلەغ سالماقچى بولغان گوللاندىيەلىك سودىگەرگە قەرز بېرىشنى قارار قىلىسىز. هەر ئىككى قەرز بىر يىل ئىچىدە قايتۇرۇلۇشى كېرەك. بىر يىل ئۆتتى. گوللاندىيەلىك سودىگەر سېتىۋالغان يەرنى ياخشى باهادا سېتىپ، پۇلىڭىزنى ۋەدە قىلغان ئۆسۈمى بىلەن قايتۇردى، دادىڭىز خۇشال بولدى. بىراق مادرىدتىكى ئىنىڭىز ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئىسپانىيە پادىشاهىنىڭ فرانسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشى ياخشى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇ ئەمدى تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ يېڭى ئۇرۇشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن پۇلغا موهتاج ئىدى ھەمدە بۇنى كونا قەرزلەرنى قايتۇرۇشتىن مۇهىم دەپ قارايتتى. ئىنىڭىز ئوردىغا خەت يازدى ۋە ئوردىدا ئالاقىسى بار دوستلىرىدىن ۋاستىچىلىك قىلىشنى سورىدى، ئەمما پايدىسى بولمىدى. ئىنىڭىز ۋەدە قىلىنغان ئۆسۈمنىلا ئەمەس، دەسمىيىسىنىمۇ يوقاتقانىدى. دادىڭىز بۇنىڭدىن خاپا بولدى. ئەمدى، ئەھۋال تېخىمۇ ناچارلاشتى، پادىشاه خەزىنە ئەمەلدارىنى ئىنىڭىزغا ئەۋەتىپ، ئېنىق قىلىپ دەرهال يەنە شۇ مىقداردا قەرز بېرىشنى كۆتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىنىڭىزنىڭ قەرز بەرگۈدەك پۇلى يوق. ئۇ دادىسىغا خەت يېزىپ، بۇ قېتىم پادىشاهنىڭ قەرزنى چوقۇم قايتۇرىدىغانلىقىغا قايىل قىلماقچى بولدى. دادىسى كىچىك ئوغلىغا ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئاخىر ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ ئون مىڭ تىللا ئىسپانىيە خەزىنىسىگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئارىدا ئامستېردامدا ئىشلار ياخشى كېتىۋاتاتتى. سىز تېخىمۇ كۆپ قەرزنى تىرىشچان گوللاندىيەلىك سودىگەرلەرگە بەردىڭىز، ئۇلار ۋاقتىدا ۋە تولۇق قايتۇردى. بىراق تەلىيىڭىز داۋاملىق كەلمىدى. دائىملىق خېرىدارلىرىڭىزدىن بىرى پارىژدا ياغاچ ئاياغ كىيىش مودىغا ئايلىنىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ، فرانسىيە پايتەختىدە ئاياغ دۇكىنى قۇرۇش ئۈچۈن قەرز سورىدى. سىز پۇل بەردىڭىز، بىراق بەختكە قارشى ياغاچ ئاياغلار فرانسۇز خانىملىرىغا ياقمىدى ۋە ئۇنىڭدىن نارازى بولغان سودىگەر قەرزنى قايتۇرۇشنى

رەت قىلدى. دادىڭىز قاتتىق غەزەپلىنىپ، ھەر ئىككىڭلارغا ئادۋوكاتلارنى ئىشقا سېلىش ۋاقتى كەلدى دېدى. ئىنىڭىز مادرىدتا ئىسپان پادىشاھىغا قارشى دەۋا قىلسا، سىز ئامستېردامدا سابىق ياغاچ ئاياغ ئۇستىسىغا قارشى دەۋا قىلدىڭىز. ئىسپانىيەدە سوت مەھكىمىلىرى پادىشاھقا بېقىندى، سوتچىلار ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن خىزمەت قىلدۇ ۋە ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىش قىلمىسا جازالىنىشتىن قورقىدۇ. گوللاندىيەدە بولسا، سوتلار ھۆكۈمەتنىڭ ئايرىم تارمىقى بولۇپ، دۆلەتنىڭ شەھەرلىكلىرى ۋە شاھزادىلىرىگە بېقىندى ئەمەس. مادرىد سوتى ئىنىڭىزنىڭ دەۋاسىنى رەت قىلدى، ئامستېردام سوتى بولسا سىزنىڭ پايدىڭىزغا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاياغچىنى تۆلەشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى گۆرۈگە ئالدى. دادىڭىز ساۋاق ئالدى: پادىشاھلار بىلەن ئەمەس، سودىگەرلەر بىلەن سودا قىلغان ياخشى؛ يەنە كېلىپ مادرىدتا ئەمەس، گوللاندىيەدە سودا قىلغان ياخشى.

ئىنىڭىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرى تېخى تۈگىمىدى. ئىسپانىيە پادىشاھى قوشۇنىغا مائاش تۆلەش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇلغا موھتاج. ئۇ دادىڭىزنىڭ ئارتۇق پۇلى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئىنىڭىزغا جاسۇسلۇق تۆھمىتى ئارتىپ ئۇنى جازالىدى؛ ئەگەر دەرھال 20 مىڭ تىللا تاپشۇرمىسا، ئۇنىڭ زىندانغا يېتىپ چىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دادىڭىزنىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئۇ سۆيۈملۈك ئوغلى ئۈچۈن تۆلەمنى تۆلىدى، ئەمما ئىسپانىيەدە قايتا سودا قىلماسلىققا قەسەم قىلدى ۋە مادرىد شۆبىسىنى تاقاپ، ئىنىڭىزنى روتتېردامغا كۆچۈرۈپ كەلدى. گوللاندىيەدە ئىككى شۆبە قۇرۇش ھەقىقەتەن ياخشى پىكىر ئىدى. ئۇ ھەتتا ئىسپانىيەلىك كاپىتالىستلارنىڭمۇ بايلىقلىرىنى ئۆز دۆلىتىدىن قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلارمۇ پۇللىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تېخىمۇ كۆپ بايلىق توپلاش ئۈچۈن، قانۇن ئۈستۈنلۈكى ۋە شەخسىي مۈلۈك ھۆرمەتلىنىدىغان يەرگە، مەسىلەن گوللاندىيەگە مەبلەغ سالغان ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

ئىسپانىيە پادىشاھى ئاشۇنداق ھەرىكەتلىرى بىلەن مەبلەغچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ۋاقىتتا، گوللاندىيە سودىگەرلىرى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قازاندى. گوللاندىيە ئىمپېرىيەسىنى گوللاندىيە دۆلىتى ئەمەس، گوللاندىيە سودىگەرلىرى قۇردى. ئىسپانىيە پادىشاھى ھەربىي بويسۇندۇرۇشلىرىنى خەلقتىن زورلاپ ئالغان باجلار بىلەن قامداشنى داۋاملاشتۇردى. گوللاندىيە سودىگەرلىرى بولسا قەرز ئېلىش ۋە شىركەتلىرىنىڭ پايدىسىدىن ئۈلۈش ئالىدىغان ھەسسىدارلىق ھوقۇقىنى سېتىش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. ئىسپانىيە پادىشاھىغا ھەرگىز پۇل بەرمەيدىغان ۋە گوللاندىيە ھۆكۈمىتىگە قەرز بېرىشتە ئىككى قېتىم ئويلىنىدىغان ئېھتىياتچان مەبلەغچىلەر، يېڭى ئىمپېرىيەنىڭ ئاساسى بولغان گوللاندىيە ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىگە خۇشاللىق بىلەن نۇرغۇن مەبلەغ سالدى.

ئەگەر سىز بىرەر شىركەتنى چوڭ پايدا ئالىدۇ دەپ قارىسىڭىز، ئەمما ئۇ شىركەت بارلىق پايلىرىنى سېتىپ بولغان بولسا، سىز باشقىلاردىن ئۇلارنىڭ پايلىرىنى بەلكىم ئەسلىدىكى

باھادىن يۇقىرى باھادا سېتىۋالالايسىز. ئەگەر سىز ئۇ شىركەتنىڭ پايلىرىنى سېتىۋېلىپ، كېيىن شىركەتنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بايقىسىڭىز، پايلىرىڭىزنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېتەلەيسىز. شىركەتلەرنىڭ بۇنداق پاي سودىسى ياۋروپانىڭ كۆپ قىسىم چوڭ شەھەرلىرىدە پاي چېكى بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

گوللاندىيەنىڭ ئەڭ داڭلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى، قىسقارتىلىپ VOC دەپ ئاتالغان « شەرقىي ھىندىستان بىرلەشمە شىركىتى» 1602 ـ يىلى، يەنى گوللاندىيەلىكلەر ئىسپانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇۋاتقان ۋە ئىسپانىيە زەمبىرەكلىرىنىڭ توپ ساداسى تېخى ئامستېردام سېپىللىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن ئاڭلىنىپ تۇرغان مەزگىلدە قۇرۇلدى. بۇ شىركەت پاي سېتىشتىن يىغقان پۇلنى كېمە ياساش، ئۇلارنى ئاسىياغا ئەۋەتىش ۋە خىتاي، ھىندىستان، ھىندونېزىيە ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئىشلەتتى. شىركەت يەنە ئۆز كېمىلىرىنىڭ رەقىبلەر ۋە قاراقچىلارغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلىرىنىمۇ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. ئاخىرىدا بۇ شىركەت ھىندونېزىيەنى بويسۇندۇرۇشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى.

ھىندونېزىيە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاقىم ئاراللار دۆلىتى. ئۇنىڭ مىڭلىغان ئاراللىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈزلىگەن پادىشاھلىق، شاھزادىلىك، سۇلتانلىق ۋە قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى. VOC سودىگەرلىرى 1603 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ھىندونېزىيەگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەت سودا قىلىش ئىدى. بىراق، سودا مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ۋە ھەسسىدارلارنىڭ پايدىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، VOCسودىگەرلىرى يۇقىرى باج ئالىدىغان يەرلىك ھۆكۈمرانلارغا ۋە ياۋروپالىق رەقىبلەرگە قارشى جەڭ قىلىشقا باشلىدى . VOC ئۆزىنىڭ سودا كېمىلىرىنى زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللاندۇردى؛ ياۋروپالىق، ياپونىيەلىك، ھىندىستانلىق ۋە ھىندونېزىيەلىك ئىجارە ئەسكەرلەرنى ياللىدى؛ قورغانلار سالدى ۋە تولۇق كۆلەملىك جەڭ ۋە قورشاۋلارنى ئېلىپ باردى. بۇ كارخانا بىزگە بىرئاز غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما دەسلەپكى زامانىۋى دەۋردە خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ ئەسكەرلەرنىلا ئەمەس، گېنېراللار ۋە ئادمىراللار، زەمبىرەكلەر ۋە كېمىلەر، ھەتتا پۈتۈن بىر تەييار قوشۇننى ياللىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى. خەلقئارا جەمئىيەت بۇنى نورمال دەپ قاراپ، خۇسۇسىي شىركەتنىڭ بىر ئىمپېرىيە قۇرۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرمىدى.

VOC نىڭ ئىجارە ئەسكەرلىرى ھىندونېزىيە ئاراللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ھىندونېزىيەنىڭ كۆپ قىسمى VOC نىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. VOC ھىندونېزىيەنى 200 يىلغا يېقىن باشقۇردى. 1800 ـ يىلىغا كەلگەندىلا گوللاندىيە دۆلىتى ھىندونېزىيەنى كونترول قىلىشنى باشلىدى ۋە كېيىنكى 150 يىلدا ئۇنى گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى. بۈگۈن بەزى كىشىلەر 21 ـ ئەسىردىكى بىرلەشمە شىركەتلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۈچ توپلاۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ. دەسلەپكى زامانىۋى تارىخ، ئەگەر كارخانىلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى چەكلىمىسىز قوغلىشىشىغا يول قويۇلسا، تەرەققىياتنىڭ قانچىلىك يىراققا كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

VOC هند ئوكياندا پائالىيەت قىلغان ۋاقىتتا، گوللاندىيە غەربىي ھىندىستان شىركىتى (WIC) ئاتلانتىك ئوكياندا سودا قىلاتتى. WIC خۇدسون دەرياسىدىكى مۇھىم سودىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، دەريا ئېغىزىدىكى بىر ئارالدا يېڭى ئامستېردام دەپ ئاتالغان مۇستەملىكە قۇردى. بۇ مۇستەملىكە ھىندىئانلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى، ئارقىدىن ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قايتا ـ قايتا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئاخىرى 1664 ـ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر تەرىپىدىن ئىگىلەندى. ئەنگلىيەلىكلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى نيۇيوركقا ئۆزگەرتتى. WIC نىڭ ھىندىئانلار ۋە ئەنگلىيەلىكلەردىن قوغدىنىش ئۈچۈن سالغان سېپىلنىڭ قالدۇقلىرى بۈگۈن دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق كوچا ـ ۋال كوچىسى (Wall Street) دا ھازىرغىچە مەۋجۇت.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن، گوللاندىيەلىكلەر ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكى، قىتئەلەر ئارا توختىماي ئۇرۇشقانلىقى تۈپەيلىدىن نيۇيوركنىلا ئەمەس، ياۋروپادىكى پۇل ـ مۇئامىلە ۋە ئىمپېرىيە كۈچىنىمۇ يوقاتتى. بۇ بوشلۇقنى ئىگىلەش ئۈچۈن فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە گوللاندىيە بىلەن قاتتىق رىقابەتلەشتى. دەسلەپتە فرانسىيە تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەنگلىيەدىن چوڭراق، بايراق، نوپۇسى كۆپرەك، شۇنداقلا نىسبەتەن چوڭ ھەم تەجرىبىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەنگلىيە بىر ئامال قىلىپ مالىيە سىستېمىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنالىدى، فرانسىيە بولسا ئۆزىنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. فرانسىيە پادىشاھىنىڭ قىلمىشى 18 ـ ئەسىردە ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ مالىيە كرىزىسى دەپ ئاتالغان «مىسسىسسىپى كۆپۈكى» جەريانىدا ئالاھىدە ئەيىبلىك بولدى. بۇ ھېكايىمۇ يەنە بىر ئىمپېرىيە قۇرغۇچى ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن باشلىنىدۇ.

1717 ـ يىلى فرانسىيەدە قۇرۇلغان مىسسىسسىپى شىركىتى تۆۋەنكى مىسسىسسىپى ۋادىسىنى مۇستەملىكە قىلىشقا كىرىشتى ۋە بۇ جەرياندا نيۇ ئورلېئان شەھىرىنى قۇردى. شىركەت ئۆزىنىڭ كاتتا پىلانلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، پادىشاھ 15 ـ لۇئىس بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئۇلار پارىژ پاي بازىرىدا ھەسسە ساتتى. شىركەتنىڭ دىرېكتورى جون لاۋ فرانسىيە مەركىزىي بانكىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسىمۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پادىشاھ ئۇنى ھازىرقى مالىيە مىنىستىرىغا ئوخشاش ۋەزىپىسى بار مالىيە باش نازارەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. 1717 ـ يىلى تۆۋەنكى مىسسىسسىپى ۋادىسىدا سازلىق ۋە تىمساھلاردىن باشقا ھېچقانداق جەلپ قىلارلىق نەرسە بولمىسىمۇ، مىسسىسسىپى شىركىتى ئەپسانىۋى بايلىقلار ۋە چەكسىز پۇرسەتلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى تارقاتتى. فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى، تىجارەتچىلەر ۋە شەھەر بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئەزالىرى بۇ خىيالىي نەرسىلەرگە ئىشىنىپ كەتتى ۋە مىسسىسسىپى پاي چېكىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. دەسلەپتە ھەر بىر ھەسسە 500 لىۋرىغا سېتىلدى. 1719 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست، ھەسسىلەر 2,750 لىۋرىغا سېتىلدى. 30 ـ ئاۋغۇستقا كەلگەندە، پاي چەكلىرىنىڭ قىممىتى 4,100 لىۋرىغا يەتتى، 4 ـ سېنتەبىردە 5,000 لىۋرىغا يەتتى. 2 ـ دېكابىردا بىر مىسسىسسىپى پاي چېكىنىڭ باھاسى 10,000 لىۋرى سەۋىيەسىدىن

ئاشتى. خۇشاللىق پارىژ كوچىلىرىنى قاپلىدى. كىشىلەر بارلىق نەرسىلىرىنى سېتىۋېتىپ، مىسسىسسىپى پايلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا قەرز ئالدى. ھەممەيلەن بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ئاسان يولىنى تاپتۇق دەپ ئىشەندى.

39. 1660-يىلدىكى يېڭى ئامېستىردام، مانخاتتان ئارىلىنىڭ ئۈچىغا جايلاشقان. بۇ مۇستەملىكە رايونىنىڭ قورشاۋ تاملىرىنى بۈگۈن ۋال سترېت كوچىسى ئورىغان.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ۋەھىمە باشلاندى. بەزى سودىگەرلەر پاي چېكى باھاسىنىڭ ئەمەلىي قىممىتى يوقلۇقىنى ۋە ئەمدى ئۆسمەيدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار باھا ئەڭ يۇقىرى چەككە چىققاندا سېتىۋېتىش ياخشى دەپ ئويلىدى. سېتىشقا سۇنۇلغان پاي چېكى كۆپەيگەنسېرى، باھا چۈشۈشكە باشلىدى. باشقا مەبلەغچىلەر باھانىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ تېز چىقىپ كېتىشنى خالىدى. پاي چېكىنىڭ باھاسى تېخىمۇ چۈشۈپ، غايەت چوڭ قار دۆۋىسى يىمىرىلگەندەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، فرانسىيە مەركىزىي بانكىسى – باشقۇرغۇچىسى جون لاۋنىڭ يولىيورۇقى بويىچە – مىسسىسسىپى ھەسسىلىرىنى سېتىۋالدى، ئەمما بۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرالمايتتى. ئاخىرى پۇلى تۈگىدى. بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندە، مالىيە باش نازارەتچىسى، يەنە شۇ جون لاۋ، قوشۇمچە ھەسسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل بېسىشنى تەستىقلىدى. بۇ پۈتۈن فرانسىيە مالىيە سىستېمىسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ مالىيە سېھىرگەرلىكىمۇ ۋەزىيەتنى

قۇتقۇزالمىدى. مىسسىسسىپى پايلىرىنىڭ باھاسى 10,000 لىۋىردىن 1,000 لىۋىرغا چۈشتى؛ ئاندىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ، قىممىتىنى تامامەن يوقاتتى. بۇ چاغدا، مەركىزىي بانكا ۋە پادىشاھلىق خەزىنىسى زور مىقداردىكى قىممەتسىز پايىغا ئىگە بولۇپ قالغان ۋە پۇلسىز قالغانىدى. چوڭ سودىگەرلەر زىيانسىز قۇتۇلدى، ئۇلار پايلىرىنى ۋاقتىدا سېتىۋەتكەنىدى. كىچىك مەبلەغچىلەر ھەممىنى يوقاتتى، نۇرغۇنلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى.

«مىسسىسسىپى كۆپۈكى» تارىختىكى ئەڭ چوڭ پۇل-مۇئامىلە كرىزىسلىرىدىن بىرى ئىدى. فرانسىيە پادىشاھلىق مالىيە سىستېمىسى بۇ زەربىدىن پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلەلمىدى. مىسسىسسىپى شىركىتىنىڭ سىياسىي تەسىردىن پايدىلىنىپ، پاي چېكى باھاسىنى خالىغانچە مونوپول قىلىشى ۋە سېتىۋېلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىشى خەلقنىڭ فرانسىيە بانكا سىستېمىسى ۋە فرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئىقتىسادىي پاراستىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. 15-لۇئىس قەرز ئېلىشتا بارغانسېرى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بۇ دېڭىز ئارقىلىق كېڭەيگەن فرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىر ئەنگلىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە ئاسانلا ۋە تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز ئالالىغان بولسا، فرانسىيە قەرز ئېلىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، شۇنداقلا يۇقىرى ئۆسۈم تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئېشىپ كېتىۋاتقان قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن، فرانسىيە پادىشاھى تېخىمۇ كۆپ پۇلنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆسۈمدە ئۆتنە ئالدى. ئاخىرى 1780-يىللاردا، بوۋىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە چىققان 16-لۇئىس يىللىق خامچوتىنىڭ يېرىمىنىڭ قەرز ئۆسۈمىنى تۆلەشكە كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. 1789-يىلى، 16-لۇئىس كرىزىسقا چارە تېپىش ئۈچۈن بىر يېرىم ئەسىردىن بېرى يىغىلمىغان فرانسىيە پارلامېنتى - دۆلەت مەجلىسىنى ئامالسىز چاقىردى. شۇنداق قىلىپ فرانسىيە ئىنقىلابى باشلاندى.

فرانسىيەنىڭ دېڭىز ئارقىلىق قۇرغان ئىمپېرىيەسى يىمىرىلىۋاتقاندا، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى. گوللاندىيە ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىمۇ لوندون پاي بازىرىغا ئاساسلانغان خۇسۇسىي ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە باشقۇرۇلۇپ كەلگەنىدى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى تۇنجى ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرى 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لوندون شىركىتى، پلىموس شىركىتى، دورچېستېر شىركىتى ۋە ماسساچۇسېتس شىركىتى قاتارلىق ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغانىدى.

ھىندىستان يېرىم ئارىلىمۇ ئەنگلىيە دۆلىتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئىجارە قوشۇنى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانىدى. بۇ شىركەت VOC دىنمۇ ئۈستۈن كەلدى. ئۇ لوندوننىڭ لېدېنھال كوچىسىدىكى باش شتابىدا تۇرۇپ، كۈچلۈك ھىندىستان ئىمپېرىيەسىنى تەخمىنەن بىر ئەسىر باشقۇردى؛ 350 مىڭ كىشىلىك چوڭ ھەربىي كۈچنى ساقلاپ، ئەنگلىيە پادىشاھلىقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. پەقەت 1858-يىلىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە پادىشاھى ھىندىستاننى شىركەتنىڭ خۇسۇسىي قوشۇنى

بىلەن قوشۇپ دۆلەتلەشتۈردى. ناپولېئون ئەنگلىيەلىكلەرنى مەسخىرە قىلىپ، دۇكاندارلار مىللىتى دەپ ئاتىغان. ئەمما بۇ دۇكاندارلار ناپولېئوننىڭ ئۆزىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيەسى دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ قالدى.

كاپىتال نامىدا

گوللاندىيە پادىشاھلىقىنىڭ ھىندونېزىيەنى (1800)، ئەنگلىيە پادىشاھلىقىنىڭ ھىندىستاننى (1858) دۆلەتلەشتۈرۈشى كاپىتالىزم بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ بىرلىشىشىنى ئاخىرلاشتۇرمىدى. ئەكسىچە، 19 ـ ئەسىردە بۇ مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيدى. ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇستەملىكىلەرنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش زۆرۈرىيىتى قالمىدى؛ ئۇلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ۋە چوڭ ھەسسىدارلىرى لوندون، ئامستېردام ۋە پارىژدا ھوقۇقنى ئۆز قولىدا ئويىنىتىپ تۇراتتى ھەمدە دۆلەتنىڭ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىغا ئىشىنەتتى. ماركس ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەنقىدچىلەر كىنايە قىلغاندەك، غەرب ھۆكۈمەتلىرى كاپىتالىستلارنىڭ چۆپقەتداشلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھۆكۈمەتلەرنىڭ چوڭ كاپىتالنى قانداق دوغا تىككەنلىكىنىڭ ئەڭ داڭلىق مىسالى ئەنگلىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى ئەپيۇن ئۇرۇشى (1840 ـ 1842) ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ۋە نۇرغۇن ئەنگلىيەلىك تىجارەتچىلەر خىتايغا زەھەرلىك چېكىملىك، بولۇپمۇ ئەپيۇن ئېكسپورت قىلىپ بايلىق توپلىدى. مىليونلىغان خىتايلار چېكىملىككە خۇمار بولدى، چىڭ سۇلالىسى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتى. 1830 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا چەكلىمە قويدى، ئەمما ئەنگلىيەلىك زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرى قانۇنغا پىسەنت قىلمىدى. چىڭ سۇلالىسى زەھەرلىك چېكىملىك يۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ يوق قىلىشقا باشلىدى. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ ۋېستمىنستېر ۋە دوۋنىڭ كوچىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىدى، نۇرغۇن پارلامېنت ئەزالىرى ۋە كابىنېت مىنىستىرلىرىدا زەھەرلىك چېكىملىك شىركەتلىرىنىڭ پاي چېكى بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتتى.

1840 ـ يىلى ئەنگلىيە «ئەركىن سودا» نامىدا چىڭ سۇلالىسىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ ئاسان غەلىبە بولدى. ھەددىدىن زىيادە ئىشەنچكە تولغان خىتايلار ئەنگلىيەنىڭ پاراخوت، ئېغىر زەمبىرەك، راكېتا ۋە تېز ئوق چىقىرىدىغان قوراللىرىغا تەڭ كېلەلمىدى. كېيىنكى تىنچلىق شەرتنامىسىدە، چىڭ سۇلالىسى ئەنگلىيەلىك زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەسلىككە ۋە خىتاي چېرىكلىرى كەلتۈرگەن زىيانلارنى تۆلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئەنگلىيە يەنە شياڭگاڭنىڭ كونتروللۇقىنى تەلەپ قىلىپ قولغا كىرگۈزۈۋالدى ۋە ئۇنى زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىنىڭ بىخەتەر بازىسى قىلدى (شياڭگاڭ 1997 ـ يىلغىچە

ئەنگلىيەنىڭ قولىدا قالدى). 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي نوپۇسىنىڭ ئوندىن بىرى، يەنى 40 مىليون كىشى ئەپيۇنغا خۇمار بولۇپ قالغانىدى.

مىسىرمۇ ئەنگلىيە كاپىتالىزمىنىڭ كۈچىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەندى. 19 ـ ئەسىردە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە مەبلەغچىلىرى سۇۋەيش قانىلى قۇرۇلۇشىنى، كېيىن ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان تۈرلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن مىسىر ھۆكۈمرانلىرىغا زور مىقداردا قەرز بەردى. مىسىرنىڭ قەرزى كۆپىيىپ، ياۋروپالىق قەرز بەرگۈچىلەر مىسىرنىڭ ئىشلىرىغا بارغانسېرى كۆپ ئارىلاشتى. 1881 ـ يىلى مىسىر مىللەتچىلىرى بۇنىڭغا چىديالماي قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار بارلىق چەتئەل قەرزلىرىنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيە بۇنىڭدىن خاپا بولدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئارمىيە ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنى نىل دەرياسىغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مىسىر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە ئەنگلىيەنىڭ ھىمايىسىدە قالدى.

مەبلەغچىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشلار پەقەت يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى ئەپيۇنغا ئوخشاش بىر تىجارەت مېلىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. 1821 ـ يىلى گرېكلار ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ ئەنگلىيەدىكى لىبېرال ۋە خىيالپەرەس ئىنسانلاردا چوڭ ھېسداشلىق قوزغىدى ـ شائىر لورد بايرون ھەتتا قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىللە جەڭ قىلىش ئۈچۈن گرېتسىيەگە باردى. ئەمما لوندون زەردارلىرى بۇنىڭدىن بىر پۇرسەت كۆردى. ئۇلار قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە لوندون پاي بازىرىدا سودىلىشىشقا بولىدىغان گرېك قوزغىلىڭى زايوملىرىنى چىقىرىش تەكلىپى بەردى. گرېكلار مۇستەقىللىق قازانغاندا قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇشقا ۋەدە بەردى. خۇسۇسي مەبلەغچىلەر پايدا ئېلىش ئۈچۈن، گرېك دەۋاسىغا ھېسداشلىق قىلىش ئۈچۈن، ياكى ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن زايوم سېتىۋالدى. گرېك قوزغىلىڭى زايوملىرىنىڭ قىممىتى لوندون پاي بازىرىدا گرېك جەڭ مەيدانلىرىدىكى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئەگىشىپ ئۆرلەپ ـ چۈشۈپ تۇردى. تۈركلەر ئاستا ـ ئاستا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى مۇقەررەر بولغاندا، زايوم ئىگىلىرى زور زىيان تارتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. زايوم ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتى دۆلەت مەنپەئەتى بولغاچقا، ئەنگلىيە 1827 ـ يىلى ناۋارىنو جېڭىدە ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاساسي قىسمىنى غەرق قىلغان خەلقئارالىق دېڭىز ئارمىيەسىنى تەشكىللىدى. نەچچە ئەسىرلىك بويسۇندۇرۇلۇشتىن كېيىن، گرېتسىيە ئاخىرى ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئەمما ئەركىنلىك يېڭى دۆلەتنىڭ قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان زور قەرزى بىلەن بىللە كەلدى. گرېتسىيە ئىقتىسادى كېيىنكى ئون يىللار جەريانىدا ئەنگلىيەلىك قەرز بەرگۈچىلەرگە گۆرۈگە قويۇلدى.

ئەركىن بازار مەزھىپى

كاپىتال بىلەن سىياسەت بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇكى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىقتىسادشۇناسلار، سىياسەتچىلەر ۋە ئامما ئارىسىدا قىزغىن مۇنازىرە قىلىنماقتا. تەلۋە كاپىتالىستلار كاپىتالنىڭ سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتىشى ئەركىن بولۇشى كېرەك، ئەمما سىياسەتنىڭ كاپىتالغا تەسىر كۆرسىتىشىگە يول قويۇلماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھۆكۈمەتلەر بازارغا ئارىلاشقاندا، سىياسىي مەنپەئەتلەر ئۇلارنى ئەقىلسىزلەرچە مەبلەغ سېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئىقتىسادىي ئۆسۈش ئاستىلايدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈمەت سانائەتچىلەرگە ئېغىر باج قويۇپ، بۇ پۇلنى سايلىغۇچىلارغا ياقىدىغان ئىشسىزلىق ياردىمى بېرىشكە ئىشلىتىشى مۇمكىن. نۇرغۇن تىجارەتچىلەرنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەت بۇ پۇلنى كارخانىچىلارغا قالدۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ پۇلنى يېڭى زاۋۇتلارنى قۇرۇش ۋە ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىمىز دەيدۇ.

بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئەڭ دانا ئىقتىسادىي سىياسەت سىياسەتنى ئىقتىسادتىن يىراق تۇتۇش، باج ۋە ھۆكۈمەت تەرتىپىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ۋە بازار كۈچلىرىنىڭ ئۆز يولىدا مېڭىشىغا ئەركىنلىك بېرىشتۇر. سىياسىي ئەندىشىسى بولمىغان خۇسۇسىي مەبلەغچىلەر پۇللىرىنى ئەڭ كۆپ پايدا ئالالايدىغان جايغا سالىدۇ، شۇڭا ئەڭ كۆپ ئىقتىسادىي ئۆسۈشنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ (بۇ سانائەتچىلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىگە پايدىلىق) يولى ھۆكۈمەتنىڭ مۇمكىنقەدەر ئاز ئىش قىلىشىدۇر. بۇ خىل ئەركىن بازار دىئالېكتىكىسى بۈگۈن كاپىتالىزم ئېتىقادىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان ۋە تەسىرى ئەڭ زور بولغان ۋارىيانتىدۇر. ئەركىن بازارنىڭ ئەڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىلىرى چەتئەلدىكى ھەربىي ماجىرالارنى ئىچكى قىسمىدىكى پاراۋانلىق پروگراممىلىرىغا ئوخشاش قىزغىنلىق بىلەن تەنقىد قىلىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەتلەرگە بۇددا ئۇستازلىرىنىڭ تەلىم بەرگىنىگە ئوخشاش مەسلىھەت بېرىدۇ: سىلەر جىم ئولتۇرۇپ بەرسەڭلارلا بولىدى.

ئەمما ئەركىن بازارغا بولغان ئىشەنچ چەكتىن ئاشقاندا، ئۇ خۇددى قار بوۋايغا ئىشەنگەندەك ساددىلىققا ئايلىنىدۇ. دۇنيادا سىياسىي تەرەپبازلىقلاردىن خالىي بازار مەۋجۇت ئەمەس. ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي مەنبە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ بولۇپ، بۇ مەنبە داۋاملىق ئوغرى ۋە ئالدامچىلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بازارلارنىڭ ئۆزى ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق ۋە زوراۋانلىققا قارشى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى ئالدامچىلارغا جازا بېكىتىش، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ساقچىلار، سوتچىلار ۋە تۈرمىلەر ئارقىلىق ئىشەنچنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر. پادىشاھلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغاندا، بازارلارنى توغرا تەرتىپكە سالالمىغاندا ئىشەنچ يوقىلىدۇ، قەرز بېرىش ئازىيىدۇ ۋە ئىقتىسادىي چېكىنىش مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ 1719 ـ يىلدىكى مىسسىسسىپى كۆپۈكى ئۆگەتكەن ساۋاق بولۇپ، بۇنى

ئۇنتۇغانلارغا 2007 ـ يىلدىكى ئامېرىكا ئۆي ـ مۈلۈك كۆپۈكى، قەرز كرىزىسى ۋە ئىقتىسادىي كاساتلىق ئىبرەت بولالايدۇ.

كاپىتالىستلارنىڭ جەھەننەمى

بازارلارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىشنىڭ خەتەرلىك بولۇشىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەبى بار. ئادام سىمىس موزدوزلارغا ئۆزىنىڭ ئارتۇق پۇلىنى تېخىمۇ كۆپ ياردەمچى ئېلىشقا ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن. بۇ شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتنىڭ ھەممە ئادەمگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى پايدا ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ۋە تېخىمۇ كۆپ خىزمەتچى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەمما نەپسانىيەتچى موزدوز ئىشلەمچىلىرىنىڭ مائاشىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، پايدىسىنى ئاشۇرسىچۇ؟ ئومۇمىي جاۋاب شۇكى، ئەركىن بازار ئىشلەمچىلەرنى قوغدايدۇ. ئەگەر موزدوز ئاز چىقىم قىلىپ، كۆپ پايدا تەلەپ قىلسا، ئەڭ ياخشى ئىشلەمچىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنى تاشلاپ ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرىگە ئىشلەشكە كېتىدۇ. زالىم موزدوز ئەڭ ناچار ئىشلەمچىلەر بىلەن قالىدۇ ياكى پۈتۈنلەي ئىشچىسىز قالىدۇ. ئۇ يا ئىش ـ ئوقەت يولىنى توغرىلىشى، ياكى تىجارەتتىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆز نەپسانىيىتى ئۇنى ئىشلەمچىلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بۇ، نەزەرىيە مۇكەممەل ئاڭلىنىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەمەس. پادىشاھلار ۋە روھانىيلار نازارەت قىلمايدىغان تولۇق ئەركىن بازاردا، نەپسانىيەتچى كاپىتالىستلار مونوپوللۇق ئورنىتالايدۇ ياكى ئەمگەك كۈچىگە قارشى تىل بىرىكتۈرەلەيدۇ. ئەگەر بىر دۆلەتتىكى بارلىق ئاياغ زاۋۇتلىرىنى بىرلا شىركەت كونترول قىلىۋالسا، ياكى بارلىق زاۋۇت ئىگىلىرى مائاشنى تۆۋەنلىتىشتە بىرلىشىۋالسا، ئىشچىلار خىزمەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ.

تېخىمۇ يامىنى، نەپسانىيەتچى خوجايىنلار ئىشچىلارنى قەرزدار قىلىش ياكى قۇللۇققا سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلىيەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىدا، خرىستىيان ياۋروپادا قۇللۇق ئاساسەن يوق ئىدى. يېقىنقى تارىخىي دەۋردە، ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن تەڭ ئاتلانتىك ئوكيان قۇل سودىسىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇ پاجىئەنى زالىم پادىشاھلار ياكى ئىرقچى تەرەپدارلار ئەمەس، بەلكى تىزگىنى قويۇۋېتىلگەن بازار كۈچلىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ياۋروپالىقلار ئامېرىكانى بويسۇندۇرغاندا، ئۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىنى ئېچىپ، شېكەر، تاماكا ۋە پاختا ئېكىنزارلىقلىرىنى قۇردى. بۇ كانلار ۋە ئېكىنزارلىقلار ئامېرىكانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. شېكەر قۇمۇش ئېكىنزارلىقلىرى ئالاھىدە مۇھىم ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، شېكەر ياۋروپادا ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان نەرسە بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقتىن قىممەت باھادا ئىمپورت قىلىنىپ، نازۇ ـ نېمەتلەر ۋە ساختا دورىلارغا مەخپىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ئاز مىقداردا ئىشلىتىلەتتى. ئامېرىكىدا چوڭ

كۆلەمدە شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بارغانسېرى كۆپ مىقداردىكى شېكەر ياۋروپاغا يېتىپ كەلدى. شېكەرنىڭ باھاسى چۈشتى ۋە ياۋروپا شېكەرگە ــ تاتلىق تەمگە خۇمار بولۇپ قالدى. تىجارەتچىلەر بۇ ئېھتىياجنى زور مىقداردىكى تاتلىقلارنى: پېچىنە ـ پىرەنىك، شاكىلات، كەمپۈت، كوكائو، قەھۋە ۋە چاي قاتارلىق تاتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق قاندۇردى. بىر ئەنگلىيەلىكنىڭ يىللىق شېكەر ئىستېمالى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى نۆلگە يېقىن مىقداردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەككىز كىلوگرامغا كۆتۈرۈلدى.

ھالبۇكى، قومۇش ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن شېكەر چىقىرىش كۆپ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. بەزگەك كېسىلى ئاسان تارقىلىدىغان شېكەر قومۇشى ئېتىزلىرىدا تروپىك بەلۋاغنىڭ ئىسسىقىدا سائەت ـ سائەتلەپ ئىشلەشنى خالايدىغانلار ئاز ئىدى. توختاملىق ئىشچىلار كەڭ خەلق ئىستېمال قىلالمىغۇدەك قىممەت مەھسۇلات ئىشلەپچىقىراتتى. بازارنىڭ كۈچىگە سەزگۈر، پايدا ـ مەنپەئەت ھەم ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە ھېرىسمەن ياۋروپالىق ئېكىنزار ئىگىلىرى ئەمدى قۇللارغا يۈزلەندى.

16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە، تەخمىنەن 10 مىليون ئافرىقىلىق قۇل ئامېرىكىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ 70 پىرسەنتى شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقلىرىدا ئىشلىدى. ئەمگەك شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. كۆپىنچە قۇللار قىسقا ۋە ئېچىنىشلىق ھايات كەچۈردى، يەنە مىليونلىغان ئىنسان قۇل تۇتۇش ئۇرۇشلىرىدا ياكى ئافرىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئامېرىكا قىرغاقلىرىغىچە بولغان ئۇزۇن سەپەردە ئۆلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋروپالىقلارنىڭ تاتلىق چاي ۋە كەمپۈتلەردىن ھۇزۇرلىنىشى ۋە شېكەر سودىگەرلىرىنىڭ زور پايدىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىدى.

قۇل سودىسىنى ھېچقانداق دۆلەت ياكى ھۆكۈمەت كونترول قىلمىدى. ئۇ تەلەپ ـ تەمىنلەش قانۇنىيىتى بويىچە ئەركىن بازار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەنگەن ساپ ئىقتىسادىي كارخانا ئىدى. خۇسۇسىي قۇل سودىسى شىركەتلىرى ئامستېردام، لوندون ۋە پارىژ پاي بازارلىرىدا ھەسسە ساتتى. ياخشى مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى ئىزدەۋاتقان ياۋروپا ئوتتۇرا قاتلام بايلىرى بۇ ھەسسىلەرنى سېتىۋالدى. بۇ پۇلغا تايىنىپ، شىركەتلەر كېمە سېتىۋالدى، دېڭىزچى ۋە ئەسكەرلەرنى ياللىدى، ئافرىقىدىن قۇل سېتىۋالدى ۋە ئۇلارنى ئامېرىكىغا توشۇدى. ئۇ يەردە قۇللارنى شېكەر قومۇشى ئىگىلىرىگە سېتىپ، كىرىمنى شېكەر، كاكائو، قەھۋە، تاماكا، پاختا ۋە هاراق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. ئۇلار ياۋروپاغا قايتىپ، شېكەر ۋە پاختىنى ياخشى باھادا ساتتى، ئاندىن يەنە كىرىمنى بىر قاتلاش ئۈچۈن ئافرىقىغا يول ئالدى. ھەسسىدارلار بۇ تۈزۈلمىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدى. 18 ـ ئەسىردە قۇل سودىسىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ يىللىق كىرىمى 6 پىرسەنت ئەتراپىدا ئىدى، بۈگۈنكى ھەرقانداق ئىقتىسادىي مەسلىھەتچى دەرھال ئېتىراپ قىلغىنىدەك، بۇ ئىنتايىن پايدىلىق سودا ئىدى.

مانا بۇ ئەركىن بازار كاپىتالىزمىنىڭ ئاجىز نۇقتىسى. ئۇ پايدىنىڭ ئادىل يول بىلەن ئېلىنىشىنى ياكى ئادىل تەقسىملىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، پايدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ئىستىكى كىشىلەرنى ھەرقانداق توسالغۇغا كۆز يۇمۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئىقتىسادىي گۈللىنىش ھەرقانداق ئەخلاقىي ئەندىشىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان ئەۋزەللىككە ئايلانغاندا، ئۇ ئاسانلا پاجىئەگە ئېلىپ بارالايدۇ. خرىستىيان دىنى ۋە ناتسىزمغا ئوخشاش بەزى دىنلار كۆچلۈك نەپرەتتىن مىليونلىغان كىشىنى ئۆلتۈرگەن. كاپىتالىزم بولسا نەپسانىيەت بىلەن بىرلەشكەن رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن مىليونلىغان كىشىنى ئۆلتۈرگەن. ئاتلانتىك ئوكيان قۇل سودىسى ئافرىقىلىقلارغا بولغان ئىرقىي نەپرەتتىن كېلىپ چىقمىغان. پاي چېكى سېتىۋالغان شەخسلەر، ئۇلارنى ساتقان دەلاللار ۋە قۇل سودىسى شىركەتلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ئافرىقىلىقلار ھەققىدە ئانچە ئويلانمىغان. شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقى ئىگىلىرىمۇ شۇنداق. نۇرغۇن خوجايىنلار شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقلىرىدىن يىراقتا ياشىغان ۋە ئۇلار پەقەت پايدا ـ زىيان دەپتىرىنىڭلا رەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان.

ئاتلانتىك ئوكيان قۇل سودىسىنىڭ تارىختىكى يەككە ـ يېگانە خاتالىق ئەمەسلىكىنى ئەستە تۇتۇش مۇھىم. ئالدىنقى بابتا مۇھاكىمە قىلىنغان بۈيۈك بېنگال ئاچارچىلىقىمۇ ئاشۇنداق نەپسانىي سودا تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ـ ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى 10 مىليون بېنگاللىقنىڭ ھاياتىغا قارىغاندا ئۆز پايدىسىنى مۇھىم بىلگەن. VOC نىڭ ھىندونېزىيەدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرى باللىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، خەير ـ ساخاۋەت قىلىدىغان، ياخشى مۇزىكا ۋە گۈزەل سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان، ئەمما جاۋا، سۇماترا ۋە مالاككا ئاھالىسىنىڭ ئازابىغا پەرۋا قىلمايدىغان گوللاندىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن مەبلەغ بىلەن تەمىنلەنگەن. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىگە باشقا سانسىز جىنايەتلەر ۋە جىنايى قىلمىشلار ھەمراھ بولغان.

19 ـ ئەسىر كاپىتالىزمىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ياخشىلىيالمىدى. ياۋروپانى قاپلىغان سانائەت ئىنقىلابى بانكىرلار ۋە كاپىتال ئىگىلىرىنى بېيىتتى، ئەمما مىليونلىغان ئىشچىنى ئېغىر نامراتلىققا مەھكۇم قىلدى. ياۋروپا مۇستەملىكىلىرىدە ئەھۋال تېخىمۇ ناچار ئىدى. 1876 ـ يىلى، بېلگىيە پادىشاھى ئىككىنچى لېئوپولد ھۆكۈمەتسىز بىر ئىنسانپەرۋەر تەشكىلات قۇردى. مەزكۇر تەشكىلات ئوتتۇرا ئافرىقىنى تەكشۈرىدىغانلىقى ۋە كونگو دەرياسى ۋادىسىدا قۇل سودىسىغا قارشى كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ بۇ تەشكىلات يەنە يول، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلارنى سېلىش ئارقىلىق رايون ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا مەسئۇل ئىدى. 1885 ـ يىلى ياۋروپا كۈچلىرى بۇ تەشكىلاتقا كونگو ۋادىسىدىكى 2.3 مىليون كۋادرات كىلومېتىر يەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىشكە ماقۇل بولدى. بېلگىيەدىن 75 ھەسسە چوڭ بۇ تېررىتورىيە شۇندىن كېيىن كونگو ئەركىن دۆلىتى دەپ ئاتالدى. ھېچكىم بۇ تېررىتورىيەدىكى 20 ـ 30 مىليون ئاھالىنىڭ پىكرىنى سورىمىدى.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئىنسانپەرۋەر تەشكىلات ئەمەلىي نىشانى ئۆسۈش ۋە پايدا بولغان بىر تىجارەت كارخانىسىغا ئايلاندى. مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلار ئۇنتۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىنى كونگو ۋادىسى خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان، كۆپىنچىسى بېلگىيەلىك ئەمەلدارلار باشقۇرىدىغان كانلار ۋە ئېكىنزارلىقلار ئىگىلىدى. بۇ يەرنىڭ رېزىنكە سانائىتى داڭ قازىنىپ كەتكەنىدى. رېزىنكە تېز سۈرئەتتە سانائەت ئاساسىي ماتېرىيالىغا ئايلىنىۋاتاتتى ۋە رېزىنكە ئېكسپورتى كونگونىڭ ئەڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى ئىدى. رېزىنكە يىغىدىغان ئافرىقىلىق يېزىلىقلار بارغانسېرى يۇقىرى نورمىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاندى. نورمىسىنى تاپشۇرالمىغانلار «ھورۇنلۇقى» ئۈچۈن ۋەھشىيلەرچە جازالاندى. ئۇلارنىڭ قوللىرى كېسىۋېتىلدى ۋە بەزىدە پۈتۈن يېزىلار قىرغىن قىلىندى. ئادەتتىكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، 1885-يىلدىن 1908-يىلغىچە ئۇ يەردىكى ئىقتىسادىي ئۆسۈش ۋە پايدا قوغلىشىش 6 مىليون كىشىنىڭ (كونگو نوپۇسىنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە 20 پىرسەنتى) ھاياتىغا زامىن بولغان. چوڭراق مۆلچەرلىگەندە، ئۆلگەن ئادەم 10 مىليونغا يەتكەن.

1908-يىلدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1945-يىلدىن كېيىن، كاپىتالىزمنىڭ نەپسى بىر قەدەر تىزگىنلەندى، بۇ ئاساسەن كوممۇنىزمدىن قورقۇش تۈپەيلىدىن ئىدى. ئەمما تەڭسىزلىكلەر يەنىلا كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت بولدى. 2014-يىلدىكى ئىقتىساد بولىكسى 1500-يىلدىكىدىن كۆپ چوڭ بولسىمۇ، ئۇ شۇنچىلىك ناھەق تەقسىملەنگەنكى، نۇرغۇن ئافرىقىلىق دېھقانلار ۋە ھىندونېزىيەلىك ئىشچىلار قاتتىق بىر كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن ئۆيىگە 500 يىل بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدىنمۇ ئاز ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن قايتىشتى. يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىغا ئوخشاش، زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىمۇ غايەت زور ئالدامچىلىق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئىنسان تۈرى ۋە دۇنيا ئىقتىسادى داۋاملىق ئۆسۈۋاتقان بولسىمۇ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئاچلىق ۋە نامراتلىقتا ياشىشى مۇمكىن.

كاپىتالىزمنىڭ بۇ تەنقىدكە ئىككى جاۋابى بار. بىرىنچىسى، كاپىتالىزم كاپىتالىستتىن باشقا ھېچكىم باشقۇرالمايدىغان بىر دۇنيا ياراتتى. دۇنيانى باشقىچە باشقۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسىنى كوممۇنىزم سىناپ باقتى، ئەمما بۇ ھەر تەرەپتىن شۇنچىلىك ناچار بولدىكى، ھېچكىمنىڭ قايتا سىناپ بېقىشقا جۈرئىتى قالمىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 8500-يىلى يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا بولاتتى، ئەمما يېزا ئىگىلىكتىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن ئىنسانلار بەك كېچىككەن ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز كاپىتالىزمنى ياقتۇرماسلىقىمىز مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمىز.

ئىككىنچى جاۋاب شۇكى، بىزگە تېخىمۇ كۆپ سەۋر-تاقەت كېرەك. كاپىتالىستلار ۋەدە قىلغاندەك، جەننەت يېقىنلا يەردە. دەرۋەقە، ئاتلانتىك ئوكيان قۇل سودىسى ۋە ئىشچىلار سىنىپىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتەك خاتالىقلار ئۆتكۈزۈلدى. ئەمما بىز ساۋاق ئالدۇق، ئەگەر يەنە بىرئاز كۈتۈپ، بولىكنى بىرئاز چوڭايتساق، ھەممەيلەن چوڭراق بىر پارچىغا ئېرىشىدۇ.

ئولجىنىڭ تەقسىماتى ھېچقاچان ئادىل بولمايدۇ، ئەمما كونگودىكى ھەربىر ئەر، ئايال ۋە بالىنىڭمۇ ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك يېتەرلىك بولىدۇ.

دەرۋەقە، بەزى ئەجايىپ كۆرسەتكۈچلەر بار. پەقەت ماددىي ئۆلچەملەرنى، مەسىلەن، ئۆمۈر ئۇزۇنلۇقى، بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ۋە كالورىيە ئېلىش مىقدارى دېگەنلەرنى قوللانساق، 2014-يىلدىكى ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيەسى، ئىنسانلار نوپۇسىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشىغا قارىماي، 1914-يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى.

ئەمما ئىقتىسادىي بولكا چەكسىز چوڭىيالامدۇ؟ ھەر بىر بولكا خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە تەلەپ قىلىدۇ. قىيامەت پەيغەمبەرلىرى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئىنسانلار ھامان يەر شارىنىڭ خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيەسىنى تۈگىتىدۇ. ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟

17. سانائەت چاقلىرى

زامانىۋى ئىقتىساد كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىز ۋە كاپىتالىستلارنىڭ ئۆز پايدىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا قايتا مەبلەغ سېلىشى ئارقىلىق ئۆسىدۇ. ئەمما بۇ يېتەرلىك ئەمەس. ئىقتىسادىي ئۆسۈش يەنە ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا تەلەپ قىلىدۇ، بۇلار چەكلىك. ئۇلار تۈگىگەندە، پۈتۈن سىستېما ۋەيران بولىدۇ.

ئەمما ئۆتمۈشتىكى دەلىللەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇلار پەقەت نەزەرىيەدىلا چەكلىك. قىزىقارلىقى شۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا ئىشلىتىشى كېيىنكى بىر قانچە ئەسىردە شىددەت بىلەن ئاشقان بولسىمۇ، بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا بولىدىغان مىقدار ئەمەلىيەتتە كۆپەيگەن. بۇلارنىڭ قايسىبىرى ئىقتىسادىي ئۆسۈشنى ئاستىلىتىش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىغا مەبلەغ سېلىنغان. بۇلار ھەر دائىم مەۋجۇت مەنبەلەرنى پايدىلىنىشنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يوللىرىنىلا ئەمەس، يەنە پۈتۈنلەي يېڭى خىلدىكى ئېنېرگىيە ۋە ماتېرىياللارنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن.

قاتناش ۋاستىلىرى سانائىتىنى ئويلاپ باقايلى. كېيىنكى 300 يىلدا، ئىنسانىيەت هارۋا ۋە غالتەكتىن تارتىپ پويىز، ئاپتوموبىل، ئاۋاز تېزلىكىدىن تېز ئۇچىدىغان ئايروپىلان ۋە ئالەم كېمىسىگىچە كۆپلىگەن قاتناش ۋاستىلىرىنى ياساپ چىقتى. بۇنداق زور تىرىشچانلىق قاتناش ۋاستىلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئېنېرگىيە مەنبەلىرى ۋە خام ئەشيالارنى تۈگىتىۋەتسە، ئاندىن بىزگە ئۇلارنىڭ ئازغىنە قالدۇقى قالسا بولاتتى، ئەمما ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. 1700-يىلى دۇنيا قاتناش ۋاستىلىرى سانائىتى ئاساسەن ياغاچ ۋە تۆمۈرگە تايانغان بولسا، بۈگۈن ئۇنىڭ ئىلكىدە ئەجدادلىرىمىز بىلمەيدىغان پىلاستىك (سۇلياۋ)، رېزىنكە، ئاليۇمىن ۋە تىتان قاتارلىق يېڭى ماتېرىياللار يېتىپ ئاشقىچە بار. 1700-يىلى ھارۋىلار ئاساسەن ياغاچچى ۋە تۆمۈرچىلەرنىڭ مۇسكۇل كۈچى بىلەن ياسالغان بولسا، بۈگۈن تويوتا ۋە بوئىڭ زاۋۇتلىرىدىكى ماشىنىلار ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېل ۋە يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ

كۆچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ خىل ئىنقىلاب سانائەتنىڭ باشقا ھەممە ساھەلىرىنى دېگۈدەك قاپلىدى. بىز بۇنى سانائەت ئىنقىلابى دەپ ئاتايمىز.

سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى مىڭ يىللار جەريانىدا، ئىنسانلار كۆپ خىل ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئىشلىتىشنى بىلەتتى. ئۇلار ئوتۇن قالاپ تۆمۈر ئېرىتەتتى، ئۆيلىرىنى ئىسسىتاتتى، پېچىنە ـ پىرەنىك پىشۇراتتى. ئۇلار يەنە شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ يەلكەنلىك كېمىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى، دەريا ـ ئۆستەڭ ئېقىنىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەن چۆرۈپ ئۇن تارتىپ يېيىشنى بىلەتتى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم چەكلىمىلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى بار ئىدى. دەرەخلەر ھەممە يەردە يوق ئىدى، شامال ھەر ۋاقىت چىقمايتتى، سۇ كۈچىدىن پەقەت دەريا بويىدا ياشىغانلارلا پايدىلىنالايتتى.

تېخىمۇ چوڭ مەسىلە شۇكى، كىشىلەر بىر خىل ئېنېرگىيەنى يەنە بىر خىل ئېنىرگىيەگە ئايلاندۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇلار شامال ۋە سۇنىڭ ھەرىكىتىنى كېمە ھەيدەش بىلەن تۈگمەن تېشىنى ئىتتىرىشكە ئىشلىتەلەيتتى، ئەمما سۇ ئىسسىتىش ياكى تۆمۈر ئېرىتىشكە ئىشلىتەلمەيتتى؛ ياكى ئۇلار ئوتۇن كۆيدۈرۈشتىن ھاسىل بولغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى تۈگمەن تېشىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتەلمەيتتى. ئىنسانلارنىڭ بۇنداق ئېنېرگىيە ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە پەقەت بىرلا ماشىنىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بەدىنى ئىدى. مېتابولىزم جەريانىدا، ئىنسان ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ بەدىنى ئوزۇق دەپ ئاتىلىدىغان ئورگانىك يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قويۇپ بېرىلگەن ئېنېرگىيەنى مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ زاماندىمۇ ئەرلەر، ئاياللار ۋە ھايۋانلار ئاشلىق بىلەن گۆش يەپ، بەدىنىدىكى كاربونھىدرات ۋە مايلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئېنېرگىيەسىنى هارۋا تارتىش ياكى قوش ھەيدەشكە ئىشلىتەلەيتتى.

ئىنسان بىلەن ھايۋان بەدىنى بىردىنبىر ئېنېرگىيە ئايلاندۇرغۇچ ئۈسكۈنە بولغاچقا، مۇسكۇل كۈچى بارلىق جىسمانىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. ئىنسانلار ئۆز مۇسكۇلىغا تايىنىپ هارۋا ۋە ئۆيلەرنى ياسىدى، كالىلار ساپان سۆرىدى، ئاتلار مال توشۇدى. بۇ ئورگانىك مۇسكۇل ـ ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەن ئېنېرگىيەنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئۆسۈملۈكلەر (زىرائەتلەر) ئىدى. ئۆسۈملۈكلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئېنېرگىيەسىنى قۇياشتىن ئالدى. فوتوسىنتېز جەريانىدا، ئۇلار قۇياش ئېنېرگىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئورگانىك بىرىكمىلەرگە سىڭدۈردى. ئىنسانلار تارىختىن بېرى قىلغان بارلىق ئەمگەكلەر قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن كەلگەن بولۇپ، قۇياش ئېنىرگىيەسى ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق مۇسكۇل ئېنىرگىيەسگە ئايلاندۇرۇلدى.

شۇڭا ئىنسانىيەت تارىخى ئىككى ئاساسىي دەۋر بىلەن بەلگىلەندى: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش دەۋرى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىش دەۋرى (كۈندۈز ـ كېچە، ياز ـ قىش). قۇياش نۇرى ئاز، بۇغداي ئېتىزلىرى تېخى يېشىل ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ ئېنېرگىيەسى ئاز بولدى. ئامبارلار قۇرۇق، باج يىغقۇچىلار بىكار، ئەسكەرلەر ھەرىكەتلىنىش ۋە جەڭ قىلىشتا

قىنالدى، پادىشاھلار تىنچلىقنى ساقلاشقا مايىل بولدى. قۇياش نۇر چاچقان ۋە بۇغداي پىشقاندا، دېھقانلار ھوسۇل ئېلىپ ئامبارلارنى تولدۇردى. باج يىغقۇچىلار ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىشقا ئالدىرىدى. ئەسكەرلەر مۇسكۇللىرىنى كۈچەيتىپ قىلىچلىرىنى بىلىدى. پادىشاھلار كېچەش چاقىرىپ كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلىرىنى پىلانلىدى. ھەممەيلەن قۇياش ئېنېرگىيەسى بىلەن ھەرىكەتلەندى؛ بۇ ئېنېرگىيەنى بۇغداي، گۈرۈچ ۋە ياڭيۇلار قوبۇل قىلىپ ئۆزىگە قاچىلىۋالغانىدى.

ئاشخانىدىكى سىر

بۇ ئۇزۇن مىڭ يىللار جەريانىدا، كىشىلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىختىرا بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ، ئۇنى بايقىيالمىدى. ھەر قېتىم ئۆي خانىمى ياكى خىزمەتچى چاي ئۈچۈن سۇ قاينىتىش ياكى قازانغا ياڭيۇ سېلىش ئۈچۈن سۇنى ئوچاققا قويغاندا، بۇ ئىختىرا ئۇلارغا كۆز تىكىپ تۇراتتى. سۇ قاينىغان ھامان، چەينەك ياكى قازاننىڭ قاپقىقى سەكرەيتتى. ئىسسىقلىق ھەرىكەتكە ئايلىنىۋاتاتتى. ئەمما سەكرەيدىغان قازان قاپقاقلىرى بىر ئاۋارىچىلىك ئىدى، بولۇپمۇ قازاننى ئوچاقتا ئۇنتۇپ قېلىپ سۇ تېشىپ كەتسە. ھېچكىم ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىمكانىيىتىنى كۆرەلمەيتتى.

ئىسسىقلىقنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى قىسمەن ئىلگىرىلەش 9 ـ ئەسىردە خىتايدا دورا ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن بولدى. دەسلەپتە، دورىنى ئوق ئېتىشقا ئىشلىتىش پىكرى شۇنچىلىك غەيرىي ئىدىكى، ئەسىرلەر داۋامىدا ئوق دورا ئاساسەن پوجاڭزا ياساشقا ئىشلىتىلدى. ئەمما ئاخىرىدا (بەلكىم بىرەر بومبا مۇتەخەسسىسى دورىنى ھاۋانچىدا ئېزىۋاتقاندا سوقىنىڭ كۈچ بىلەن ئېتىلىپ چىقىشىدىن كېيىن) مىلتىقلار پەيدا بولدى. دورا ئىختىرا قىلىنغاندىن كۈچلۈك زەمبىرەكلەر ياسالغانغا قەدەر تەخمىنەن 600 يىل ئۆتتى.

شۇ چاغدىمۇ، ئىسسىقلىقنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش پىكرى شۇنچىلىك غەيرىي ئىدىكى، كىشىلەر نەرسىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسسىقلىقنى قوللىنىدىغان زامانىۋى ماشىنىنى ئىختىرا قىلغۇچە يەنە ئۈچ ئەسىر ئۆتتى. يېڭى تېخنولوگىيە ئەنگلىيە كۆمۈر كانلىرىدا تۇغۇلدى. ئەنگلىيە نوپۇسى كۆپەيگەنسېرى، ئۆسۈۋاتقان ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش، ئۆي ۋە ئېتىزلارغا يول ئېچىش ئۈچۈن ئورمانلار كېسىلدى. ئەنگلىيە بارغانسېرى ئېغىرلاشقان ئوتۇن قىسچىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئوتۇننىڭ ئورنىغا كۆمۈر كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. نۇرغۇن كۆمۈر قاتلاملىرى سازلىق رايونلاردا جايلاشقان بولۇپ، سۇ بېسىمى كانچىلارنىڭ كاننىڭ تۆۋەن قاتلاملىرىغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. بۇ ھەل قىلىش يولى ئىزدىلىۋاتقان بىر مەسىلە ئىدى. 1700 ـ يىللار ئەتراپىدا، ئەنگلىيە كانلىرىدا غەلىتە بىر ئاۋاز ياڭراشقا باشلىدى. بۇ ئاۋاز سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بېشارەتچىسى بولۇپ، دەسلەپتە ئاجىز ئىدى، ئەمما ھەر ئون يىلدا كۈچىيىپ، ئاخىرى پۈتۈن دۇنيانى گاس قىلغۇدەك شاۋقۇنغا ئايلاندى. بۇ پار ماشىنىسىدىن چىققان ئاۋاز ئىدى.

پار ماشىنىسىنىڭ كۆپ خىللىرى بار، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئورتاق پىرىنسىپنى قوللىنىدۇ. كۆمۈردەك بىرەر يېقىلغۇنى كۆيدۈرۈپ، ھاسىل بولغان ئىسسىقلىق بىلەن سۇنى قاينىتىپ پار چىقىرىسىز. پارنىڭ بېسىمى كۇچەيگەندە پورشېننى ئىتتىرىدۇ. پورشېن ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە پورشېنغا تۇتاشقان ھەر قانداق نەرسە بىللە ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىز ئىسسىقلىقنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغان بولىسىز! 18 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە كۆمۈر كانلىرىدا، پورشېن كاننىڭ تېگىدىن سۇ شورايدىغان ناسوسقا تۇتاشتۇرۇلغان ئىدى. دەسلەپكى ماشىنىلار ئىنتايىن ئۈنۈمسىز ئىدى. ئازراق سۇنى شوراش ئۈچۈنمۇ كۆپ مىقداردا كۆمۈر كۆيدۈرۈش كېرەك ئىدى. ئەمما كانلاردا كۆمۈر مول ۋە يېقىن بولغاچقا، ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى.

كېيىنكى ئون يىللاردا، ئەنگلىيەلىك تىجارەتچىلەر پار ماشىنىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ياخشىلاپ، ئۇنى كان مەيدانىدىن چىقىرىپ، توقۇمىچىلىق دەستگاھلىرى ۋە پاختا تازىلاش ماشىنىلىرىغا تۇتاشتۇردى. بۇ توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تۇپتىن ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ كۆپ مىقداردا ئەرزان رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى مۇمكىن قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، ئەنگلىيە دۇنيانىڭ زاۋۇتىغا ئايلاندى. ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى، پار ماشىنىسىنى كانلاردىن چىقىرىش مۇھىم بىر پسىخولوگىيەلىك توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئەگەر توقۇمىچىلىق دەستگاھلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆمۈر كۆيدۈرەلىسىڭىز، نېمىشقا ئوخشاش ئۇسۇلنى باشقا نەرسىلەرنى، مەسىلەن قاتناش ۋاستىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئىشلەتمەيسىز؟

1825 ـ يىلى، بىر ئەنگلىيەلىك ئىنژېنېر پار ماشىنىسىنى كۆمۈرگە تولغان كان ۋاگونلىرىغا تۇتاشتۇردى. ماشىنا ۋاگونلارنى تۆمۈر يول بويلاپ كاندىن ئەڭ يېقىن پورتقىچە بولغان يىگىرمە كىلومېتىرلىق مۇساپىگىچە سۆرەپ ماڭدى. بۇ تارىختىكى تۇنجى پار كۈچى بىلەن ماڭىدىغان پاراۋوز ئىدى. ئېنىقكى، ئەگەر پار كۆمۈر توشۇشقا ئىشلىتىلسە، نېمىشقا باشقا ماللارنى توشۇشقا بولمىسۇن؟ ھەتتا كىشىلەرنىچۇ؟ 1830 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر، تۇنجى تىجارەت تۆمۈر يول لىنىيەسى ئېچىلىپ، لىۋېرپول بىلەن مانچېستېرنى تۇتاشتۇردى. پويىزلار ئوخشاشلا سۇ تەلەپ قىلىدىغان ۋە توقۇمىچىلىق دەستگاھلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن پار كۈچى بىلەن ماڭدى. ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتمەيلا، ئەنگلىيەدە ئون مىڭلىغان كىلومېتىر تۆمۈر يول لىنىيەسى بارلىققا كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر ماشىنا ۋە ماتورلارنى بىر خىل ئېنېرگىيەنى يەنە بىر خىلغا ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىش پىكرىگە مەپتۇن بولدى. ئەگەر توغرا ماشىنىنى ئىختىرا قىلالىساق، دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى ھەر قانداق خىل ئېنېرگىيەنى بىزنىڭ ھەر قانداق ئېھتىياجىمىزغا ئىشلىتەلەيتتۇق. مەسىلەن، فىزىكا ئالىملىرى ئاتوملارنىڭ ئىچىدە زور مىقداردا ئېنېرگىيە ساقلانغانلىقىنى بايقىغاندا، دەرھال بۇ ئېنېرگىيەنى قانداق ئازاد قىلىپ ئېلېكتىر ئىشلەپچىقىرىش، سۇ ئاستى كېمىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىشقا ئىشلىتىشنى ئويلاشقا باشلىدى. خىتاي كىمياگەرلەر ئوق دورىنى بايقىغاندىن تارتىپ تۈرك

زەمبىرەكلىرى كونستانتىنوپول سېپىللىرىنى كۇكۇم ـ تالقان قىلغانغا قەدەر 600 يىل ئۆتكەن. ئەمما ئېينشتېين ھەر قانداق ماددىنى ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ($E = mc^2$ نىڭ مەنىسى مانا شۇ) ئېنىقلىغاندىن تارتىپ ئاتوم بومبىلىرى خىروشىما ۋە ناگاسارىنى ۋەيران قىلغان ۋە يادرو ئېلېكتىر ستانسىلىرى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغانغا قەدەر پەقەت 40 يىل ئۆتتى.

يەنە بىر مۇھىم بايقاش ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتىل بولۇپ، ئۇ بىر ئەۋلادتىنمۇ ئاز ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ قاتناش ئۇسۇلىنى ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىپ، نېفىتنى سىيۇق سىياسىي كۈچكە ئايلاندۇردى. نېفىت مىڭلىغان يىللاردىن بېرى مەلۇم بولۇپ، ئۆگزىنى سۇ ئۆتكۈزمەس قىلىش ۋە ئوقنى مايلاشقا ئىشلىتىلەتتى. ئەمما پەقەت بىر ئەسىر ئىلگىرىكىچە، ھېچكىم ئۇنى بۇنىڭدىن كۆپ ئىشقا يارايدۇ دەپ ئويلىمايتتى. نېفىت ئۈچۈن قان تۆكۈش پىكرى كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. يەر، ئالتۇن، مۇچ ياكى قۇللار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما نېفىت ئۈچۈن ئەمەس.

ئېلېكتىر ساھەسى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىدى. ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئېلېكتىر ئىقتىسادتا ھېچقانداق رول ئوينىمايتتى ۋە ئەڭ كۆپ بولغاندا سىرلىق ئىلمىي تەجرىبىلەر ۋە ئەرزان سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىغا ئىشلىتىلەتتى. بىر قاتار ئىختىرالار ئۇنى بىزنىڭ سېھىر كالتىكىمىزگە ئايلاندۇردى. بارماقلىرىمىزنى تەگكۈزۈپلا كىتاب باسىمىز، كىيىم تىكىمىز، كۆكتاتلىرىمىزنى يېڭى ساقلىساق، مۇزقايماقلىرىمىزنى توڭلىتىپ ساقلايمىز، تاماقلىرىمىزنى پىشۇرىمىز ياكى ئىسسىتىمىز؛ جىنايەتچىلىرىمىزنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىمىز، خىياللىرىمىزنى خاتىرىلەپ، كۈلكىلىرىمىزنى ساقلايمىز، كېچىلىرىمىزنى يورۇتۇپ، سانسىز تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىمىز. ئارىمىزدا ئېلېكتىرنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغانلار ئاز، ئەمما ئۇنىڭسىز تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغانلار تېخىمۇ ئاز.

ئېنېرگىيە دېڭىزى

ماھىيەتتە، سانائەت ئىنقىلابى ئېنېرگىيە ئايلاندۇرۇش ئىنقىلابى بولغان. ئۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئېنېرگىيە مىقدارىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدى. ياكى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىردىنبىر چەك بىزنىڭ نادانلىقىمىز تەرىپىدىن بېكىتىلگەن. بىز ھەر ئون يىلدا بىر يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى بايقاۋاتىمىز، شۇڭا بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئېنېرگىيەنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى توختىماي ئۆسۈپ بارماقتا.

نېمىشقا شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئېنېرگىيەنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن قورقىدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار بارلىق قېزىلما يېقىلغۇلارنى تۈگىتىۋەتسەك ئاپەت يۈز بېرىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ؟ ئېنىقكى، دۇنيادا ئېنېرگىيە كەمچىل ئەمەس. بىزگە كەمچىل بولغىنى پەقەت ئۇنى تۇتۇش ۋە ئېھتىياجىمىزغا ئايلاندۇرۇشقا زۆرۈر بولغان بىلىم. يەر شارىدىكى بارلىق قېزىلما يېقىلغۇلاردا

ساقلانغان ئېنېرگىيە مىقدارى قۇياشنىڭ ھەر كۈنى ھەقسىز تارقىتىدىغان ئېنېرگىيەسىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. قۇياش ئېنېرگىيەسىنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر قىسمىلا بىزگە يېتىپ كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يىلىغا 3,766,800 ئېكساجوئۇلغا يېتىدۇ (جوئۇل مېترىسىستېمىسىدىكى ئېنېرگىيە بىرلىكى بولۇپ، كىچىك بىر ئالمىنى بىر يارد ئۇستىگە كۆتۈرۈشكە كېتىدىغان ئېنېرگىيەگە تەڭ؛ ئېكساجوئۇل بولسا بىر مىليارد جوئۇل - بۇ نۇرغۇن ئالما دېگەن سۆز). دۇنيادىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەر فوتوسىنتېز ئارقىلىق بۇ قۇياش ئېكساجوئۇللىرىنىڭ پەقەت 3,000 نىلا تۇتالايدۇ. بارلىق ئىنسانىي پائالىيەتلەر ۋە سانائەتلەر بىرلىكتە يىلىغا 500 ئېكساجوئۇل ئېنېرگىيە ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ يەر شارىنىڭ قۇياشتىن پەقەت توقسان مىنۇتتا قوبۇل قىلىدىغان ئېنېرگىيەسىگە تەڭ. بۇ پەقەت قۇياش ئېنېرگىيەسى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە يادرو ئېنېرگىيەسى ۋە گراۋىتاتسىيە (تارتىش كۈچى) ئېنېرگىيەسى قاتارلىق باشقا زور ئېنېرگىيە مەنبەلىرى بىلەن قورشالغان، كېيىنكىسى ئاينىڭ يەر شارىنى تارتىشىدىن كېلىپ چىققان دېڭىز-ئوكيان سۈيىنىڭ ئۆرلەپ-پەسىيىش كۈچىدە ئەڭ روشەن كۆرۈلىدۇ.

سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، ئىنسانلارنىڭ ئېنېرگىيە بازىرى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆسۈملۈكلەرگە تايانغان. كىشىلەر يىلىغا 3,000 ئېكساجوئۇل كۆتۈرىدىغان يېشىل ئېنېرگىيە ئامبىرى يېنىدا ياشاپ، ئۇنىڭدىن مۇمكىن قەدەر كۆپ ئېنېرگىيە سۈمۈرۈشكە تىرىشقان. ئەمما ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئېنېرگىيە ئالالايدىغانلىقىنىڭ ئېنىق چېكى بار ئىدى. سانائەت ئىنقىلابى جەريانىدا، بىز ئەمەلىيەتتە مىليارد-مىليارد ئېكساجوئۇل پوتېنسىيال كۈچنى تۇتۇپ تۇرغان زور بىر ئېنېرگىيە ئوكيانى يېنىدا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىپ يەتتۇق. بىزگە پەقەت تېخىمۇ ياخشى ناسوسلارنى ئىختىرا قىلىشلا كېرەك.

ئېنېرگىيەنى ئۈنۈملۈك تۇتۇش ۋە ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىش ئىقتىسادىي ئۆسۈشنى ئاستىلىتىدىغان يەنە بىر مەسىلىنى - خام ئەشيا يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلدى. ئىنسانلار كۆپ مىقداردىكى ئەرزان ئېنېرگىيەنى قانداق تۇتۇشنى بىلگەندە، ئۇلار بۇرۇن پايدىلىنىش مۇمكىن بولمىغان خام ئەشيا مەنبەلىرىنى (مەسىلەن، سىبىرىيە چۆللۈكىدىن تۆمۈر قېزىش) ياكى تېخىمۇ يىراق جايلاردىن خام ئەشيا توشۇشنى (مەسىلەن، ئەنگلىيە توقۇما زاۋۇتىغا ئاۋسترالىيە يۇڭى يەتكۈزۈش) باشلىيالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلمىي بۆسۈشلەر ئىنسانىيەتنىڭ پىلاستىك (سۇلياۋ) قاتارلىق يېڭى خام ئەشيالارنى ئىختىرا قىلىشىغا ۋە كرېمنىي، ئاليۇمىن قاتارلىق بۇرۇن نامەلۇم بولغان تەبىئىي ماتېرىياللارنى بايقىشىغا ئىمكان ياراتتى.

خېمىكلار (كىمياگەرلەر) ئاليۇمىننى 1820-يىللاردىلا بايقىغان بولۇپ، مېتالنى رۇدىسىدىن ئايرىش ئىنتايىن قىيىن ۋە قىممەت ئىدى. ئون يىللار داۋامىدا، ئاليۇمىن ئالتۇندىنمۇ قىممەت ئىدى. 1860-يىللاردا، فرانسىيە ئىمپېراتورى ناپولېئون III ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرى ئۈچۈن ئاليۇمىن قاچا-قۇچا تەييارلاشنى بۇيرىغان. ئۇنچە مۇھىم بولمىغان مېھمانلار ئالتۇن پىچاق-ۋىلكىلار بىلەنلا كۇپايىلىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما 19-

ئەسرنىڭ ئاخرىدا خىمكلار ر زور مقداردا ئەرزان ئالىۋمن ئىشلەپچقرىش يولنى بايقىدى ۋە ھازىرقى دۇنيا بويىچە يىللىق ئىشلەپچقرىش 30 مليون تونىنغا يەتتى. ناپولېئون III ئۆز پۇقرالىرىنىڭ كىيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ساندۇقچلىرىنى ئوراش ۋە ئېشىپ قالغان تاماقلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالىۋمن قەغىزىنى ئىشلتىدىغانلىقنى ۋە ئارقىدىن تاشلىۋېتىدىغانلىقنى ئاڭلىسا ھەيران قالغان بولاتتى.

ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى، ئوتتۇرا دېڭىز رايوندىكى كىشلەرنىڭ تېرىسى قۇرۇپ كەتسە، قوللىرىغا زەيتۇن يېغى سۇركەيتتى. بۈگۈن، ئۇلار قول مەلھەمى قۇتىسىنى ئاچىدۇ. تۆۋەندە مەن يەرلىك دۇكاندىن سېتىۋالغان ئاددىي، زامانىۋى قول مەلھەمىنىڭ تەركىبلىرى:

ئىئونسىزلاندۇرۇلغان سۇ، ستېئارىك كىسلاتاسى، گلىسېرىن، كاپرىلىك/كاپرىك گلىسېرىد، پروپىلېن گلىكول، ئىزوپروپىل مرىستات، پاناكس جىنسىڭ يىلتىز ئۇلى، خۇشپۇراق، سېتىل سپىرتى، ترىئېتانولامىن، دىمېتىكون، ئاركتوستافىلوس ئۇۋا ـ ئۇرسى يوپۇرماق ئۇلى، ماگنىي ئاسكوربىل فوسفات، ئىمىدازولىدىنىل مۆچەر، مېتىل پارابېن، كافۇر، پروپىل پارابېن، ھىدروكسىئىزوھېكسىل 3 ـ سىكلوھېكسېن كاربوكسالدېھىد، ھىدروكسىل ـ سترونېللال، لىنالوئول، بۇتىلفېنىل مېتىلپروپىئونال، سترونېللول، لىمونېن، گېرانىئول.

بۇ تەركىبلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىيىنكى ئىككى ئەسىردە ئىختىرا قىلىنغان ياكى بايقالغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېرمانىيە قورشاۋغا ئېلىنىپ، خام ئەشيا، بولۇپمۇ دورا ۋە باشقا پارتلاتقۇچ ماددىلارنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان سېلىترانىڭ قىسچىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئەڭ مۇھىم سېلىترا كانلىرى چىلى ۋە ھىندىستاندا بولۇپ، گېرمانىيەدە يوق ئىدى. راست، سېلىترانى ئاممىياك بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولاتتى، ئەمما ئۇنىمۇ ئىشلەپچىقىرىش قىممەت ئىدى. گېرمانلارنىڭ بەختىگە، ئۇلارنىڭ يۇرتدىشى، فرىتز خابېر ئىسىملىك بىر يەھۇدىي خىمىك 1908 ـ يىلى ھاۋادىن بىۋاستە ئاممىياك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بايقىغان ئىدى. ئۇرۇش پارتلىغاندا، گېرمانلار خابېرنىڭ بايقىشىنى قوللىنىپ ھاۋانى خام ئەشيا قىلىپ پارتلاتقۇچ ماددىلارنى سانائەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىدى. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر خابېرنىڭ بۇ بايقىشى بولمىغان بولسا، گېرمانىيە 1918 ـ يىل 11 ـ ئايدىن خېلى بۇرۇن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان بولاتتى. بۇ بايقاش خابېرغا (ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە يەنە جەڭدە زەھەرلىك گاز ئىشلىتىشكە يول ئاچقان ئىدى) 1918 ـ يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ئەمەس، نوبېل خىمىيە مۇكاپاتى ئېلىپ كەلدى.

ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى

سانائەت ئىنقىلابى ئەرزان ۋە مول ئېنېرگىيە بىلەن ئەرزان ۋە مول خام ئەشيانىڭ مىسلىسىز بىرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىيات ئەڭ ئاۋۋال يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ھېس قىلىندى. ئادەتتە، بىز سانائەت ئىنقىلابىنى ئويلىغىنىمىزدا، تۈتەك ئىسلارغا تولغان شەھەر مەنزىرىسىنى ياكى كانلاردا قارا تەرگە چۈمۈپ ئىشلەۋاتقان كۆمۈرچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز. ئەمما سانائەت ئىنقىلابى ھەممىدىن بەك ئىككىنچى يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى ئىدى.

كېيىنكى 200 يىل ئىچىدە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى يېزا ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. تىراكتور قاتارلىق ماشىنىلار ئىلگىرى مۇسكۇل كۈچى بىلەن قىلىنىدىغان، ياكى پۈتۈنلەي قىلىنمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. سۈنئىي ئوغۇتلار، خىمىيەلىك دورىلار، ئۆستۈرگۈچ ھورمون ۋە باشقا ماددىلار زىرائەتلەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. توڭلاتقۇلار كېمىلەر بىلەن ئايروپىلانلاردىكى مەھسۇلاتلارنى ئايلارچە ساقلاش، ۋە ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە تېز ھەم ئەرزان يەتكۈزۈشنى مۇمكىن قىلدى. ياۋروپالىقلار يېڭى ئارگېنتىنا كالا گۆشى ۋە ياپونىيە سۇشىسىنى يېيىشكە باشلىدى.

ھەتتا ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارمۇ ماشىنىلاشتۇرۇلدى. ھومو ساپىيانس ئادىمىيەت دىنلىرى تەرىپىدىن ئىلاھىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە، يېزا ئىگىلىك ھايۋانلىرى ئاغرىق ۋە ئازاب ھېس قىلالايدىغان جانلىق مەخلۇقلار دەپ قارالماي، ماشىنىلار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىشقا باشلىدى. بۈگۈن بۇ ھايۋانلار كۆپىنچە زاۋۇتقا ئوخشاش ئورۇنلاردا توپ-توپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، تەنلىرى سانائەت ئېھتىياجلىرىغا ماس كەلگۈدەك شەكىللەندۈرۈلمەكتە. ئۇلار پۈتۈن ھاياتىنى گىگانت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە سۈپىتى تىجارەت شىركەتلىرىنىڭ پايدا-زىيىنى بويىچە بەلگىلىنىدۇ. ھەتتا سانائەت ئۇلارنى ھايات ساقلاپ، نىسبەتەن ساغلام ۋە ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە پسىخولوگىيەلىك ئېھتىياجلىرىغا (ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللاردىن باشقا) ھېچقانداق قىزىقمايدۇ.

مەسىلەن، تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇلارنىڭ مۇرەككەپ ھەرىكەت ئېھتىياجلىرى ۋە ئىچكى تۈرتكىلىرى بار. ئۇلار ئەتراپىنى چارلاشقا، ئوزۇق ئىزدەش ۋە چوقۇلاشقا، ئۆز ئىچىدە دەرىجە بەلگىلەشكە، ئۇۋا ياساش ۋە ئۆزىنى تازىلاشقا مۇھتاج. ئەمما توخۇ فېرمىلىرى ئادەتتە توخۇلارنى كىچىككىنە قەپەزلەرگە سولاپ قويىدۇ، ھەر بىر قەپەزگە تۆت توخۇنى قىستاپ، ھەر بىرىگە 25×22 سانتىمېتىر يەر بېرىدۇ. توخۇلار يېتەرلىك ئوزۇق ئالىدۇ، ئەمما تېررىتورىيە ئىگىلەش، ئۇۋا ياساش ياكى باشقا تەبىئىي پائالىيەتلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. دەرۋەقە، قەپەز

شۈنچىلىك كىچىككى، توخۇلارنىڭ قاناتلىرىنى يېيىشى ياكى تولۇق تىك تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

چوشقىلار سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە مايمۇنلاردىن قالسىلا ئەقىللىقراق ھايۋان بولسىمۇ، سانائەتلەشكەن چوشقا فېرمىلىرى چوشقىلارنىڭ مېگىشى ياكى ئوزۇق ئىزدىشىگە يول قويۇش ئۈياقتا قويۇپ، ئېمىتىۋاتقان چىشى چوشقىلارنى بۇرۇلۇپمۇ ئايلىنالمايدىغان كىچىك قەپەزلەرگە سولاپ قويىدۇ. چىشى چوشقىلار تۇغقاندىن كېيىن تۆت ھەپتە كېچە-كۈندۈز مۇشۇنداق قەپەزلەردە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. ئاندىن باللىرى سەمرىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلىدۇ ۋە چىشى چوشقىلار كېيىنكى چوشقا باللىرى ئۈچۈن بوغاز قىلىنىدۇ.

40. چۆجە چىقىرىش فېرمىسىنىڭ يەتكۈزۈش تاسمىسى ئۈستىدىكى چۆجىلەر. ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى ئەركەك چۆجىلەر ۋە ئەيىبناق چىشى چۆجىلەر ئايرىپ ئېلىنىپ، گاز كامېرىلىرىدا بوغۇلىدۇ، ئاپتوماتىك پارچىلىغۇچلارغا تاشلىنىدۇ، ياكى ئەخلەتكە تاشلىنىپ ئېزىلىپ ئۆلىدۇ. ھەر يىلى يۈز مىليونلىغان چۆجە مۇشۇنداق چۆجە زاۋۇتلىرىدا ئۆلىدۇ.

نۇرغۇن سۈت كالىلىرى پۈتۈن ئۆمرىنى كىچىك قوتانلاردا ئۆتكۈزىدۇ؛ ئۆز سۈيدۈكى ۋە تېزەكلىرىنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، ياتىدۇ ۋە ئۇخلايدۇ. ئۇلار بىر توپ ماشىنىلاردىن يەم-خەشەك، ھورمون ۋە دورا-دەرمەكلەرنى ئالىدۇ، بىر توپ ماشىنىلار تەرىپىدىن بىر نەچچە سائەتتە سېغىلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى كالا خام ئەشيا قوبۇل قىلىدىغان بىر ئېغىز ۋە مەھسۇلات

ئشلەپچقرىدىغان بىر يىلىندىن ئارتۇق نەرسە ئەمەستەك مۇئامىلە قىلىندۇ. مۇرەككەپ ھېسسىيات دۇنياسىغا ئىگە جانلىق مەخلۇقلارغا ماشىنىلاردەك مۇئامىلە قىلىش ئۇلارغا جىسمانىي ئازابلا ئەمەس، كۆپلىگەن ئىجتىمائىي بېسىم ۋە پىسخولوگىيەلىك ئازابلار ئېلىپ كېلىدۇ.

خۇددى ئاتلانتىك قۇل سودىسى ئافرىقىلىقلارغا بولغان نەپرەتتىن كېلىپ چىقمىغاندەك، زامانىۋى ھايۋان سانائىتىمۇ دۈشمەنلىكتىن كېلىپ چىقمىغان. يەنە كېلىپ، ئۇ پەرۋاسىزلىقتىن كېلىپ چىققان. تۇخۇم، سۈت ۋە گۆش ئىشلەپچىقارغۇچى ھەم ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى توخۇ، كالا ياكى چوشقىلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىپمۇ قويمايدۇ. ئويلانغانلارمۇ كۆپ ھالدا «بۇنداق ھايۋانلارنىڭ ماشىنىلاردىن پەرقى يوق، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتتىن خالىي، ئازاب چېكەلمەيدۇ» دەپ مۇنازىرىلىشىدۇ. كۈلكىلىك يېرى شۇكى، سۈت ۋە تۇخۇم سانائىتىنى شەكىللەندۈرگەن شۇ ئىلمىي ساھەلەر يېقىندا سۈت ئەمگۈچىلەر ۋە قۇشلارنىڭ مۇرەككەپ سېزىم ۋە ھېسسىيات سىستېمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار جىسمانىي ئاغرىقنىلا ئەمەس، يەنە ھېسسىي ئازابمۇ چېكەلەيدىكەن.

تەكامۇل پىسخولوگىيەسى يېزا ئىگىلىك ھايۋانلىرىنىڭ ھېسسىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ياۋايى ھالەتتە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشى ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن مۇھىم بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، ياۋا كالا باشقا كالا ۋە بۇقىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇشنى بىلمىسە، ھايات قالالمايدۇ ھەم كۆپىيەلمەيدۇ. زۆرۈر ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، يېتىلگەن موزايلارغا (باشقا بارلىق سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ باللىرىغا ئوخشاش) ئويناقلاپ يۈرۈشتەك كۈچلۈك ئىستەك سىڭدۈرۈلگەن (ئويناش سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى). شۇنداقلا ئۇلارغا ئانىسى بىلەن باغلىنىشقا ئوخشاش كۈچلۈك ئىستەك سىڭدۈرگەن، چۈنكى ئانىسىنىڭ سۈتى ۋە غەمخورلۇقى ھايات قېلىش ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى.

دېھقانلار ئەمدى كىچىككىنە موزاينى ئېلىپ، ئانىسىدىن ئايرىپ، قوتانغا سولاپ، ئۇنىڭغا ئوزۇق، سۇ ۋە كېسەللىككە قارشى ۋاكسىنا ئۇرۇپ، ئاندىن يېتىلگەندە بۇقا ئۇرۇقى بىلەن سۈنئىي بوغاز قىلسا نېمە بولىدۇ؟ ئوبيېكتىپ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ موزاينىڭ ئەمدى ھايات قېلىش ۋە كۆپىيىش ئۈچۈن ئانىسى بىلەن باغلىنىشقا ياكى ھەمراھلىرى بىلەن ئويناشقا ئېھتىياجى يوق. ئەمما سۇبيېكتىپ نۇقتىدىن قارىغاندا، موزاي يەنىلا ئانىسى بىلەن باغلىنىشقا ۋە باشقا موزايلار بىلەن ئويناشقا ئىنتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئېھتىياجلار قاندۇرۇلمىسا، موزاي قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. بۇ تەكامۇل پىسخولوگىيەسىنىڭ ئاساسىي دەرسى: ياۋايى ھالەتتە شەكىللەنگەن ئېھتىياج گەرچە ھايات قېلىش ۋە كۆپىيىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە زۆرۈر بولمىسىمۇ، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن داۋاملىق ھېس قىلىنىۋېرىدۇ. سانائەتلەشكەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تىراگېدىيەسى شۇكى، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجلىرىغا كۆڭۈل بۆلسىمۇ، سۇبيېكتىپ ئېھتىياجلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ.



41. خارلوۋنىڭ يېتىم قالغان مايمۇنلىرىدىن بىرى مېتال ئانىدىن سۈت ئېمىۋاتقان ۋاقتىدىمۇ، رەخت ئانىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان.

بۇ نەزەرىيەنىڭ ھەقىقەتلىكى 1950 ـ يىللاردىن بېرى مەلۇم بولۇپ كەلگەن، بۇ چاغدا ئامېرىكىلىق پسىخولوگ خاررى خارلوۋ مايمۇنلارنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغان. خارلوۋ كىچىك مايمۇنلارنى تۇغۇلغاندىن بىر نەچچە سائەت كېيىن ئانىلىرىدىن ئايرىغان. مايمۇنلار قەپەزلەرگە سولىنىپ، ئاندىن ياسالما ئانىلار تەرىپىدىن چوڭ قىلىنغان. ھەر بىر قەپەزگە خارلوۋ ئىككى ياسالما ئانا قويغان. بىرى سىمدىن ياسالغان بولۇپ، كىچىك مايمۇن ئېمەلەيدىغان سۈت شىشىسى بېكىتىلگەن. يەنە بىرى ياغاچتىن ياسىلىپ رەخت بىلەن قاپلانغان بولۇپ،

ھەقىقىي مايمۇن ئانىغا ئوخشايتتى، ئەمما كىچىك مايمۇنغا ھېچقانداق ماددىي ئوزۇق بېرەلمىگەن ئەھۋالدا ئۇنىڭ سىمدىن ياسالغان ئانىغا يېپىشىدىغانلىقى پەرەز قىلىنغان.

خارلوۋنى ھەيران قالدۇرغىنى، كىچىك مايمۇنلار رەخت ئانىنى بەكرەك ياقتۇرۇپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئىككى ئانا يېقىن قويۇلغاندا، كىچىك مايمۇنلار سىمدىن ياسالغان ئانىدىن سۈت ئېمىپ تۇرۇپمۇ، رەخت ئانىغا چىڭ يېپىشقان. خارلوۋ كىچىك مايمۇنلارنىڭ بەلكىم سوغۇقتىن شۇنداق قىلىۋاتقىنى ئويلاپ، سىمدىن ياسالغان ئانىنىڭ ئىچىگە ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان ئېلېكتىر لامپۇچكىسى ئورناتقان. ئەڭ كىچىكلىرىدىن باشقا كۆپىنچە مايمۇنلار يەنىلا رەخت ئانىنى ياقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

كېيىنكى تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، خارلوۋنىڭ يېتىم مايمۇنلىرى گەرچە بارلىق زۆرۈر ئوزۇقلۇقلارنى ئالغان بولسىمۇ، ھېسسىي جەھەتتىن بىنورمال ھالدا چوڭ بولغان. ئۇلار مايمۇن جەمئىيىتىگە ماسلىشالمىغان، باشقا مايمۇنلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا قىينالغان، ئاندىن يۇقىرى دەرىجىدە تەشۋىش ۋە سەپرالىققا دۇچار بولغان. خۇلاسە ئېنىق ئىدى: مايمۇنلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىدىن ھالقىغان پىسخولوگىيەلىك ئېھتىياج ۋە ئارزۇلىرى بار، ئەگەر بۇلار قاندۇرۇلمىسا، ئۇلار قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. خارلوۋنىڭ كىچىك مايمۇنلىرى رەخت قاپلانغان ياغاچ ئانىنىڭ قۇچىقىدا ۋاقت ئۆتكۈزۈشنى ياقتۇرغان، چۈنكى ئۇلار پەقەت سۈتلا ئەمەس، ھېسسىي باغلىنىش ئىزدەۋاتاتتى. كېيىنكى ئون يىللاردا، نۇرغۇن تەتقىقاتلار بۇ خۇلاسىنىڭ پەقەت مايمۇنلارغىلا ئەمەس، باشقا سۈت ئەمگۈچىلەر ۋە قۇشلارغىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ھازىر مىليونلىغان يېزا ئىگىلىك ھايۋانلىرى خارلوۋنىڭ مايمۇنلىرىغا ئوخشاش شارائىتلارغا دۇچ كەلمەكتە، چۈنكى دېھقانلار موزاي، ئوغلاق ۋە باشقا ياش ھايۋانلارنى ئانىلىرىدىن ئايرىپ، يالغۇز چوڭ قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

ئومۇمەن، نەچچە ئون مىليارد يېزا ئىگىلىك ھايۋانلىرى بۈگۈن ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ياشاۋاتىدۇ، ھەر يىلى تەخمىنەن 50 مىليارد ھايۋان بوغۇزلىنىدۇ. بۇ سانائەتلەشكەن چارۋىچىلىق ئۇسۇلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك زاپىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. تېرىقچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىشى بىلەن بىرگە، سانائەتلەشكەن باقمىچىلىق پۈتۈن زامانىۋى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ سانائەتلىشىشىدىن بۇرۇن، ئېتىز ۋە فېرمىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانلار ۋە ھويلا ھايۋانلىرىنى «بېقىش»قا كېتەتتى. پەقەت كىچىككىنە بىر پىرسەنتلا ھۈنەرۋەنلەر، ئوقۇتقۇچىلار، روھانىيلار ۋە ئەمەلدارلارنى بېقىشقا يېتەتتى. نەتىجىدە، بارلىق جەمئىيەتلەردە دېھقانلار ئاساسەن نوپۇسنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپىنى تەشكىل قىلاتتى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ سانائەتلىشىشىدىن كېيىن، سانى ئازايغان دېھقانلار سانى كۆپەيگەن ئاق ياقىلىقلار ۋە زاۋۇت ئىشچىلىرىنى بېقىشقا يېتەرلىك بولدى. بۈگۈن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا، نوپۇسنىڭ پەقەت 2 پىرسەنتلا يېزا ئىگىلىكتىن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئەمما بۇ 2 پىرسەنت پۈتۈن ئامېرىكا

نوپۇسنى بېقىشقىلا ئەمەس، يەنە دۇنيانىڭ قالغان قىسمىغا ئارتۇق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشقا يېتەرلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدۇ. يېزا ئىگىلىكىنىڭ سانائەتلىشىشى بولمىغان بولسا، شەھەر سانائەت ئىنقىلابى مەيدانغا كېلەلمىگەن، زاۋۇت ۋە ئىشخانىلارنى تولدۇرۇشقا يېتەرلىك ئادەملەرمۇ بولمىغان بولاتتى.

بۇ زاۋۇت ۋە ئىشخانىلار ئېتىزلىقتىن بوشىغان نەچچە مىليارد ئادەمنى تولدۇرغاندىن كېيىن، مىسلىسىز كۆپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. ئىنسانلار ھازىر بۇرۇنقىدىن كۆپ پولات ئىشلەپچىقىرىدۇ، كۆپ كىيىم-كېچەك تىكىدۇ، ۋە كۆپ قۇرۇلۇش سالىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلار بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئېلېكتىر لامپۇچكىسى، يانفون، كامېرا ۋە قاچا-قۇچا يۇيۇش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئاجايىپ كۆپ ئىشلەپچىقارماقتا. ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم، تەمىنات تەلەپتىن ھالقىپ كەتتى. ۋە پۈتۈنلەي يېڭى بىر مەسىلە تۇغۇلدى: بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كىم سېتىۋالىدۇ؟

سودا دەۋرى

زامانىۋى كاپىتالىستىك ئىقتىساد خۇددى ئۇزۇپ تۇرمىسا بوغۇلۇپ قالىدىغان ئاكۇلادەك، ھايات قېلىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەمما پەقەت ئىشلەپچىقىرىشلا يېتەرلىك ئەمەس. بىرەيلەن چوقۇم مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشى كېرەك، بولمىسا سانائەتچىلەر ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشى ئاقمايدۇ. بۇ پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كىشىلەرنىڭ چوقۇم يېڭى مەھسۇلات سېتىۋېلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يېڭى بىر خىل ئادەت پەيدا بولدى: ئىستېمالچىلىق.

تارىختا كۆپىنچە كىشىلەر ماددىي قىسچىلىقتا ياشىغان. شۇڭا تېجەشچانلىق ئۇلارنىڭ شوئارى ئىدى. پيۇرىتانلار بىلەن سپارتانلارنىڭ چىڭ ئەخلاقى بۇنىڭ داڭلىق ئىككى مىسالىدۇر. ياخشى ئادەم ھەشەمەتچىلىكتىن ساقلىناتتى، ئوزۇق-تۈلۈكنى ھەرگىز تاشلىمايتتى، يېڭى بىر تال ئىشتان سېتىۋېلىشنىڭ ئورنىغا يىرتىق ئىشتاننى ياماپ كىيەتتى. پەقەت پادىشاھلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرلا بۇنداق ئەخلاقىي قىممەتلەرنى ئاشكارا رەت قىلىپ، بايلىقلىرىنى كۆز-كۆز قىلالايتتى.

ئىستېمالچىلىق تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتلەرنى ئىستېمال قىلىشنى ئىجابىي ئىش دەپ قارايدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، ئۆزىنى ئەركىلىتىشكە، ھەتتا ھەددىدىن زىيادە ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئاستا-ئاستا ئۆلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. تېجەشچانلىق داۋالىنىشى كېرەك بولغان كېسەل. ئىستېمال ئەخلاقىنىڭ ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن يىراققا قاراشنىڭ ھاجىتى يوق - پەقەت دان پىرەنىك قۇتىسىنىڭ كەينىنى ئوقۇۋىسىڭىزلا بولىدۇ. مانا ئىسرائىلىنىڭ تېلما شىركىتى ئىشلەپچىقارغان، مەن ناشتىلىقتا ياقتۇرۇپ يەيدىغان دان پىرەنىك تامىقىنىڭ قۇتىسىدىن بىر نەقىل:

«بەزىدە سىزگە بىر ئاز مۇكاپات كېرەك. بەزىدە سىزگە بىر ئاز قوشۇمچە ئېنېرگىيە كېرەك. بەدەن ئېغىرلىقىڭىزغا دىققەت قىلىدىغان ۋاقىتلار بار ۋە بىر نەرسىنى... ھازىرلا يېيىشىڭىز كېرەك بولغان ۋاقىتلار بار! تېلما سىزگە خاس ھەرخىل تەملىك دان پىرەنىكلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. قالتىس مۇكاپاتلار بار»

ئوخشاش قۇتىدا ساغلاملىق مۇكاپاتلىرى دەپ ئاتالغان يەنە بىر ماركىدىكى دان پىرەنىكنىڭ ئېلانى بار:

«ساغلاملىق مۇكاپاتلىرى تەم، ھۇزۇر ۋە ساغلاملىقنى بىرلەشتۈرگەن تەجرىبە ئۈچۈن نۇرغۇن دان پىرەنىكلەرر، مېۋىلەر ۋە ياڭاقلارنى تەقدىم قىلىدۇ. ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماس كېلىدىغان، چۈشلۈكى ھۇزۇرلىنىدىغان مۇكاپات. ئاجايىپ تەمى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ھەقىقىي مۇكاپات.»

تارىختا كۆپىنچە كىشىلەر بۇنداق ئېلانغا قىزىقىشتىن كۆرە بىزار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار بۇ شىركەتنى شەخسىيەتچى، بۇزۇق ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىك دەپ ئەيىبلىگەن بولاتتى. ئىستېماللىق ئاممۇۋى پىسخولوگىيەنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىنى قويۇۋېتىشنىڭ ياخشى ئىش، تېجەشچانلىقنىڭ بولسا ئۆزىنى چۇشەپ قويۇش ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى تىرىشتى.

شىركەتلەر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بىز ھەممىمىز ياخشى ئىستېماللىقچىلار. بىز راستىنلا ئېھتىياجىمىز بولمىغان، تۈنۈگۈنگىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان سانسىز مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالىمىز. ئىشلەپچىقارغۇچىلار قەستەن قىسقا مۇددەتلىك مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەيدۇ ۋە تامامەن قانائەتلىنەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ يېڭى ۋە كېرەكسىز مودېللىرىنى ئىجاد قىلىدۇ، بىز «زامانىۋى» بولۇش ئۈچۈن بۇلارنى سېتىۋېلىشىمىز كېرەك. سودا قىلىش بىز ياقتۇرىدىغان ۋاقىت ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىگە ئايلاندى، شۇنداقلا ئىستېمال ماللىرى ئائىلە ئەزالىرى، ئەر ـ ئايال ۋە دوستلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇھىم ۋاستىچىلىرى بولۇپ قالدى. روژدېستۋو قاتارلىق دىنىي بايراملار سودا بايراملىرىغا ئايلاندى. ئامېرىكىدا، ھەتتا ئەسلىدە قۇربان بولغان ئەسكەرلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بېغىشلانغان خاتىرىلەش كۈنىمۇ ئالاھىدە سودا پۇرسىتىگە ئايلاندى. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ كۈننى سودا قىلىش بىلەن خاتىرىلەيدۇ، بەلكىم ئەركىنلىكنى قوغدىغۇچىلارنىڭ بىكارغا ئۆلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر.

ئىستېماللىق ئەخلاقىنىڭ گۈللىنىشى ئوزۇق ـ تۈلۈك بازىرىدا ئەڭ روشەن نامايان بولىدۇ. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرى ئاچارچىلىقنىڭ قورقۇنچلۇق سايىسى ئاستىدا ياشىغان. بۈگۈنكى باياشات دۇنيادا ئاساسلىق ساغلاملىق مەسىلىلىرىدىن بىرى سېمىزلىك بولۇپ، ئۇ كەمبەغەللەرگە (ھامبۇرگېر ۋە پىسسا بىلەن قورساق تويغۇزىدىغانلار) بايلاردىن (ئورگانىك سالات ۋە مېۋە شەربىتى ئىچىدىغانلار) بەكرەك ئېغىر زەربە بېرىدۇ. ئامېرىكالىقلارنىڭ ئورۇقلاش ئۈچۈن (پەرھىز تۇتۇش ئۈچۈن) ھەر يىلى خەجلەيدىغان پۇلى

دۇنيانىڭ قالغان قىسمىدىكى بارلىق ئاچ كىشىلەرنى بېقىشقا كېتىدىغان پۇلدىن كۆپ. سېمىزلىك ئىستېمالچىلىقنىڭ قوش غەلىبىسى. ئاز يېيىشنىڭ ئورنىغا (بۇ ئىقتىسادىي كاساتلىققا ئېلىپ بارىدۇ)، كىشىلەر بەك كۆپ يەيدۇ ۋە ئاندىن پەرھىز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۆسۈشكە ئىككى ھەسسە تۆھپە قوشىدۇ.

بىز ئىستېمالچىلىق ئەخلاقىنى تىجارەتچىنىڭ كاپىتالىستىك ئەخلاقى بىلەن قانداق بىرلەشتۈرەلەيمىز، ئۇنىڭغا كۆرە پايدىنى ئىسراپ قىلماسلىق ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشقا قايتا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىش كېرەكمۇ؟ بۇ ناھايىتى ئاددىي. خۇددى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدەك، بۈگۈنكى سەر خىللار بىلەن ئاممىنىڭ ئارىسىدا ئەمگەك تەقسىماتى بار. ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىدا، ئاقسۆڭەكلەر پۇللىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلىگەن بولسا، دېھقانلار تېجەشلىك ياشاپ، ھەر بىر تىيىنغا دىققەت قىلغان. بۈگۈن، ئەھۋال تەتۈر بولۇپ كەتتى. بايلار مال ـ مۈلكى ۋە مەبلەغلىرىنى باشقۇرۇشقا ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، قولى قىسقاراقلار بولسا ئەسلىدە ئانچە كېرەك بولمىغان ماشىنا ۋە تېلېۋىزورلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەرزگە پېتىپ كېتىدۇ.

كاپىتالىزم بىلەن ئىستېمالچىلىق ئەخلاقى بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزى، ئىككى چاقىرىقنىڭ بىرلىشىشى. بايلارنىڭ ئەڭ ئالىي چاقىرىقى «مەبلەغ سېلىڭ!»، قالغانلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي چاقىرىقى بولسا، «سېتىۋېلىڭ!»

كاپىتالىستىك ئىستېمالچىلىق ئەخلاقى يەنە بىر جەھەتتىن ئىنقىلابىي تۈسكە ئىگە. ئىلگىرىكى كۆپىنچە ئەخلاق سىستېمىلىرى كىشىلەرگە ناھايىتى قىيىن بىر كېلىشىمنى سۇنغان بولۇپ. ئۇلارغا جەننەت ۋەدە قىلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى شەپقەتلىك ۋە كەڭ قورساق بولۇش ، نەپسانىيەت ۋە غەزەپنى يېڭىش، شۇنداقلا شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى چەكلەش. بۇ كۆپىنچە كىشىلەر ئۈچۈن بەك قىيىن ئىدى. ئەخلاق تارىخى ھېچكىم ئەمەل قىلالمايدىغان ئاجايىپ ئىدىيەلەرنىڭ قايغۇلۇق قىسسىسى. كۆپىنچە خرىستىيانلار خرىستوسقا ئەگەشمىدى، كۆپىنچە بۇددىستلار بۇددانىڭ يولىدىن ماڭالمىدى، كۆپىنچە كۇڭزىچىلارمۇ كۇڭزىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، بۈگۈن كۆپىنچە كىشىلەر كاپىتالىستىك ـ ئىستېمالچىلىق غايىسىگە ياخشى ئەمەل قىلىدۇ. يېڭى ئەخلاق ۋەدە قىلغان جەننەت بايلارنىڭ ئاچكۆز بولۇپ، ۋاقتىنى تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشقا سەرپ قىلىشى؛ ئاۋام خەلقنىڭ بولسا نەپسىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، تېخىمۇ كۆپ مال سېتىۋېلىشىدۇر. بۇ تارىختىكى تۇنجى دىن بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرى راستىنلا ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىنغان ئىشنى قىلىدۇ. ئەمما، بىز بۇنىڭ بەدىلىگە راستىنلا جەننەتكە ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى قانداق بىلىمىز؟ بىز ئۇنى تېلېۋىزوردا كۆردۇق.

18. مەڭگۈلۈك ئىنقىلاب

سانائەت ئىنقىلابى ئېنېرگىيەنى ئايلاندۇرۇش ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئاچتى، ئىنسانلارنى ئەتراپتىكى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىغا بېقىنىشتىن ئاساسەن ئازاد قىلدى. ئىنسانلار ئورمانلارنى كېسىپ، ساز-پاتقاقلارنى قۇرۇتۇپ، دەريالارنى توسۇپ، تۈزلەڭلىكلەرنى سۇ ئاستىدا قالدۇرۇپ، ئون مىڭلىغان كىلومېتىر تۆمۈر يول ئىزلىرىنى سېلىپ، ئاسمان-پەلەك بىنالارغا تولغان شەھەرلەرنى قۇردى. دۇنيا ھومو ساپىيانسنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلغاندىن تارتىپ، ياشاش مۇھىتلىرى ۋەيران قىلىندى ۋە تۈرلەر يوقالدى. بىزنىڭ بۇرۇنقى يېشىل ۋە كۆك پىلانېتىمىز بېتون ۋە پىلاستىك سودا مەركىزىگە ئايلىنىۋاتىدۇ.

بۈگۈن، يەر شارىنىڭ قۇرۇقلۇقلىرىدا تەخمىنەن 7 مىليارد ساپىيانس ياشايدۇ. ئەگەر سىز بۇ كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى چوڭ تارازىغا قويسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئومۇمي ئېغىرلىقى تەخمىنەن 300 مىليون توننا بولىدۇ. ئەگەر سىز كالا، چوشقا، قوي ۋە توخۇ قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى تېخىمۇ چوڭ تارازىغا قويسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 700 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئەكسىچە، ھايات قالغان بارلىق چوڭ ھايۋانلارنىڭ (كىرپىدىن تارتىپ پىنگۋىن، پىل ۋە كىتلارغىچە) ئومۇمي ئېغىرلىقى 100 مىليون توننىدىن ئاز. بىزنىڭ باللار كىتابلىرىمىز، سىمۋوللىرىمىز ۋە تېلېۋىزور ئېكرانلىرىمىز ھېلىھەم زىراپە، بۆرە ۋە شىمپانزېلار بىلەن تولغان، ئەمما رېئال دۇنيادا ئۇلاردىن ناھايىتى ئاز قالدى. دۇنيادا 1.5 مىليارد كالىغا سېلىشتۇرغاندا پەقەت 80,000 زىراپە بار؛ 400 مىليون ئۆي ئىتىغا سېلىشتۇرغاندا پەقەت 200,000 بۆرە بار؛ نەچچە مىليارد ئىنسانغا سېلىشتۇرغاندا پەقەت 250,000 شىمپانزې بار. ئىنسانلار ھەقىقەتەن دۇنيانى ئىگىلىۋالدى.

ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇش بىلەن تەبىئي مەنبەنىڭ يېتىشمەسلىكى مەسلىسى ئوخشمايدۇ. ئالدىنقى بابتا كۆرگىنىمىزدەك، ئىنسانلارغا تەۋە مەنبەلەر داۋاملىق كۆپەيمەكتە ۋە شۇنداق داۋاملىششى مۇمكىن. شۇڭا مەنبە يېتىشمەسلىكى ھەققىدىكى قىيامەت بېشارەتلىرى مۇۋاپىق بولماسلىقى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇش خەۋپى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىدۇر. كەلگۈسىدە ساپىيانسلار يېڭى ماتېرىياللار ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى كونترول قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئي ياشاش مۇھىتىنىڭ قالدۇقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، باشقا تۈرلەرنى يوقلىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى ھومو ساپىيانسنىڭ ھايات قېلىشىنىمۇ خەۋپكە ئۇچرىتىشى مۇمكىن. يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، ئوكيانلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە كەڭ كۆلەملىك بۇلغىنىش قاتارلىقلار يەر شارىنى ئىنسانلارمۇ ياشىيالمايدىغان ماكان قىلىۋېتىشى مۇمكىن، شۇڭا كەلگۈسىدە ئىنسانلار بىلەن ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىئي ئاپەتلەر ئارىسىدا مۇسابىقە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئىنسانلار بارلىق كۈچىنى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە كۆڭۈل خاھىشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش

ئۈچۈن ئىشلەتكەندە، تېخىمۇ كۆپ كۈتۈلمىگەن ۋە خەتەرلىك يان تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇلارنى پەقەت ئېكولوگىيەلىك سىستېمىغا تېخىمۇ كەسكىن مۇداخىلە قىلىش ئارقىلىقلا كونترول قىلغىلى بولىدۇ، بۇ تېخىمۇ ئېغىر قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

نۇرغۇنلىرى بۇ جەرياننى تەبىئەتنىڭ ۋەيران قىلىنىشى دەپ ئاتايدۇ. ئەمما بۇ ھەقىقەتەن ۋەيران قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزگىرىش. تەبىئەتنى ۋەيران قىلغىلى بولمايدۇ. 65 مىليون يىل ئىلگىرى، بىر ئاستېروئىد دىنوزاۋۇرلارنى يوقاتقان، ئەمما شۇنداق قىلىش ئارقىلىق سۈت ئەمگۈچىلەرگە يول ئاچقان. بۈگۈن، ئىنسانىيەت نۇرغۇن تۈرلەرنى يوقىلىشقا ئېلىپ بارماقتا ۋە ھەتتا ئۆزىنىمۇ يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئەمما باشقا ئورگانىزملار خېلى ياخشى ئەھۋالدا. مەسىلەن، چاشقان ۋە قوڭغۇزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى دەۋرىنى كەچۈرمەكتە. بۇ چىداملىق مەخلۇقلار يادرو ئۇرۇشىنىڭ تۈتەك خارابىلىرى ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، DNAلىرىنى تارقىتىشقا تەييار ۋە قادىر بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم 65 مىليون يىلدىن كېيىن، ئەقىللىق چاشقانلار بىز بۈگۈن دىنوزاۋۇرلارنى يوقاتقان ئاستېروئىدقا رەھمەت ئېيتقاندەك، ئىنسانىيەت ئېلىپ كەلگەن ۋەيرانچىلىققا مىننەتدارلىق بىلەن قارىشى مۇمكىن.

شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ يوقىلىشىمىز ھەققىدىكى مىش-مىش پاراڭلارغا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. سانائەت ئىنقىلابىدىن بېرى دۇنيا نوپۇسى بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپەيدى. 1700-يىلى دۇنيادا تەخمىنەن 700 مىليون ئىنسان بار ئىدى. 1800-يىلى بىز 950 مىليون ئىدۇق. 1900-يىلغا كەلگەندە سانىمىز دېگۈدەك ئىككى ھەسسە كۆپىيىپ 1.6 مىلياردقا يەتتى. 2000-يىلغا كەلگەندە بۇ سان تۆت ھەسسە كۆپىيىپ 6 مىلياردقا يەتتى. بۈگۈن 7 مىلياردقا يېقىن ساپىيانس بار.

مودا دەۋرى

بۇ ساپىيانسلار تەبىئەتنىڭ تەسىرىگە بارغانسېرى تاقابىل تۇرالايدىغان بولسىمۇ، ئۇلار زامانىۋى سانائەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تېخىمۇ بېقىندى بولۇپ قالدى. سانائەت ئىنقىلابى ئىجتىمائىي ئىنژېنېرلىقتىكى بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرگە، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىنسان پسىخىكىسىدىكى تېخىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانسىز ئۆزگىرىشلەرگە يول ئاچتى. كۆپلىگەن مىساللاردىن بىرى شۇكى، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك رىتىملىرى سانائەتنىڭ بىرخىل ۋە ئېنىق جەدۋىلى بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.

ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك تەبىئىي ۋاقىت ۋە ئورگانىك ئۆسۈش دەۋرلىرىگە تايىناتتى. كۆپىنچە جەمئىيەتلەر ئېنىق ۋاقىت ئۆلچەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى ھەمدە بۇنىڭغا بەك قىزىقمايتتى. دۇنيا سائەت ۋە ۋاقىت جەدۋەللىرىسىز، پەقەت قۇياشنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش دەۋرلىرىگە بويسۇنۇپ ئىش-پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. مۇئەييەن ئىش كۈنى يوق بولۇپ، بارلىق كۈندىلىك ئىشلار پەسىلگە قاراپ كەسكىن ئۆزگىرەتتى. كىشىلەر قۇياشنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇنداقلا يامغۇر پەسلى بىلەن

هوسۇل ۋاقتىنىڭ بەلگىلىرىنى ئەنسىزلىك بىلەن كۆزىتەتتى، ئەمما ئۇلار سائەتنى بىلمەيتتى ۋە يىلنىمۇ ئانچە كۆزگە ئىلمايتتى. ئەگەر تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن بىر ۋاقىت ساياھەتچىسى ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر يېزىغا كېلىپ، يولدا ئۆتكۈچىدىن «بۇ قايسى يىل؟» دەپ سورىسا، يېزىلىق كىشى ساياھەتچىنىڭ كۈلكىلىك كىيىمگە ھەيران قالغاندەك، بۇ سوئالغىمۇ گاڭگىراپ قالاتتى.



42. «مودا دەۋرى» (1936-يىلى) ناملىق فىلىمدىن كۆرۈنۈش: چارلىز چاپلىن سانائەت قۇراشتۇرۇش لىنىيەسىنىڭ چاقلىرى ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان ئاددىي بىر ئىشچى رولىدا.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانلار ۋە موزدوزلارنىڭ ئەكسىچە، زامانىۋى سانائەت قۇياش ياكى پەسىلگە ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ ئېنىقلىق ۋە بىرخىللىقنى مۇقەددەس بىلىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كارخانىدا بىر موزدوز بىر جۈپ ئاياغنى چەمدىن پاشىنىسىغىچە ياسايتتى. ئەگەر ئۇ موزدوز ئىشقا كېچىكىپ كەلسە، باشقىلارنىڭ ئىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيتتى. ھالبۇكى، زامانىۋى ئاياغ زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە، بىر ئىشچى پەقەت ئاياغنىڭ كىچىك بىر قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ماشىنىنى باشقۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ كېيىنكى ماشىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئەگەر 5-نومۇرلۇق ماشىنىنى باشقۇرىدىغان ئىشچى ئۇخلاپ قالسا، باشقا بارلىق ماشىنىلارنىڭ توختاپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق پالاكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،

ھەممەيلەن ئېنىق ۋاقىت جەدۋىلىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. ھەر بىر ئىشچى دەل ئوخشاش ۋاقىتتا ئىشقا كېلىدۇ. ھەممەيلەن ئاچ بولسۇن ـ بولمىسۇن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بىرلىكتە دەم ئالىدۇ. نۆۋەتنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەت ئاۋازى چىققاندا ـ (ئۇلار ئۆز ئىشىنى تاماملىغان ياكى تاماملىمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر) ھەممەيلەن ئۆيگە قايتىدۇ.

سانائەت ئىنقىلابى ۋاقىت جەدۋىلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى بارلىق ئىنسانىي پائالىيەتلەرنىڭ قېلىپىغا ئاساسەن ئايلاندۇرۇپ بولدى. زاۋۇتلار ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىگە سالغاندىن كېيىنلا، مەكتەپلەرمۇ ئېنىق ۋاقىت جەدۋەللىرىنى قوبۇل قىلدى، ئاندىن دوختۇرخانىلار، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك دۇكانلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ۋە ماشىنىلار بولمىغان جايلاردىمۇ، ۋاقىت جەدۋىلى پادىشاھقا ئايلاندى. ئەگەر زاۋۇتتىكى نۆۋەت چۈشتىن كېيىن سائەت 5تە تۈگىسە، يەرلىك مەيخانا سائەت 02:5دە ئىشىكىنى ئېچىشى كېرەك.

ۋاقىت جەدۋىلى سىستېمىسىنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا ئاممىۋى قاتناش ئىدى. ئەگەر ئىشچىلار سائەت 08:00دە ئىش باشلىشى كېرەك بولسا، پويىز ياكى ئاپتوبۇس زاۋۇت دەرۋازىسىغا 07:55تە يېتىپ كېلىشى كېرەك. بىر نەچچە مىنۇتلۇق كېچىكىش ئىشلەپچىقىرىشنى تۆۋەنلىتىپ، ھەتتا تەلەيسىز كېچىككۈچىلەرنىڭ ئىشتىن بوشىتىلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. 1784 ـ يىلى بىرىتانىيەدە ئېلان قىلىنغان ۋاقىت جەدۋىلى بىر هارۋا مۇلازىمىتى بىلەن باشلاندى. ئۇنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى پەقەت يولغا چىقىش ۋاقتىنىلا بەلگىلىگەن بولۇپ، يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن. ئۇ چاغدا، بىرىتانىيەدىكى ھەر بىر شەھەر ۋە يېزىنىڭ ئۆز يەرلىك ۋاقتى بار بولۇپ، لوندون ۋاقتىدىن يېرىم سائەتكىچە پەرقلىنەتتى. لوندوندا سائەت 12:00 بولغاندا، لىۋېرپولدا بەلكىم 12:20، كانتېربۇرىدا 11:50 بولاتتى. تېلېفون، رادىئو، تېلېۋىزور ياكى تېز پويىزلار بولمىغان ئەھۋالدا بۇنى كىم بىلەتتى ۋە بۇنىڭغا كىم پەرۋا قىلاتتى؟

تۇنجى تىجارىي پويىز مۇلازىمىتى 1830 ـ يىلى لىۋېرپول بىلەن مانچېستېر ئارىسىدا باشلاندى. ئون يىلدىن كېيىن، تۇنجى پويىز ۋاقىت جەدۋىلى چىقىرىلدى. پويىزلار كونا ھارۋىلاردىن كۆپ تېز بولغاچقا، يەرلىك سائەتلەردىكى غەلىتە پەرقلەر ئېغىر بىئاراملىق پەيدا قىلدى. 1847 ـ يىلى، بىرىتانىيە پويىز شىركەتلىرى بىرلىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق پويىز ۋاقىت جەدۋەللىرىنىڭ لىۋېرپول، مانچېستېر ياكى گلازگونىڭ يەرلىك ۋاقىتلىرىغا ئەمەس، گرىنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ ۋاقتىغا ماسلاشتۇرۇلىدىغانلىقىغا كېلىشتى. بارغانسېرى كۆپ ئورگانلار پويىز شىركەتلىرىنىڭ يولىنى تۇتتى. ئاخىرىدا، 1880 ـ يىلى، بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن قەدەمنى بېسىپ، بىرىتانىيەدىكى بارلىق ۋاقىت جەدۋەللىرىنىڭ گرىنۋىچ ۋاقتىغا ئەگىشىشى كېرەكلىكىنى قانۇنلاشتۇردى. تارىختا تۇنجى قېتىم بىر دۆلەت دۆلەت ۋاقتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاھالىسىنى يەرلىك ۋاقىت ياكى كۈن چىقىش ـ پېتىش دەۋرلىرى بويىچە ئەمەس، سۈنئىي سائەت بويىچە ياشاشقا مەجبۇرلىدى.

بۇ كىچىك باشلىنىش سېكۇنتنىڭ كىچىك پارچىلىرىغىچە ماسلاشتۇرۇلغان دۇنياۋى ۋاقىت جەدۋەللىرى تورىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تارقىتىش ۋاستىلىرى (ئاۋۋال رادىئو، ئاندىن تېلېۋىزور) ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۇلار ۋاقىت جەدۋەللىرى دۇنياسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىجراچىلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلىرىغا ئايلاندى. رادىئو ئىستانسىلىرى تارقاتقان دەسلەپكى نەرسىلەرنىڭ بىرى ۋاقىت سىگناللىرى بولۇپ، بۇ يىراقتىكى يېزىلار ۋە دېڭىزدىكى كېمىلەرنىڭ سائەتلىرىنى توغرىلىشىغا ئىمكان بەردى. كېيىنچە، رادىئو ئىستانسىلىرى ھەر سائەتتە خەۋەر تارقىتىش ئادىتىنى قوبۇل قىلدى. ھازىر، ھەر بىر خەۋەر تارقىتىشتىكى تۇنجى تېما (ھەتتا ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىدىنمۇ مۇھىم) ۋاقىتتۇر. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، **BBC** خەۋەرلىرى نازىلار ئىشغال قىلغان ياۋروپاغا تارقىتىلدى. ھەر بىر خەۋەر پروگراممىسى بىگ بېننىڭ سائەت قوڭغۇرىقىنىڭ بىۋاستە تارقىتىلىشى بىلەن باشلىناتتى: ئەركىنلىكنىڭ سېھرىي ئاۋازى. ئەقىللىق گېرمان فىزىكلىرى تارقىتىلغان داڭ ـ دۇڭ ئاۋازلىرىدىكى كىچىك پەرقلەرگە ئاساسەن لوندوننىڭ ھاۋارايى ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلىنى تاپتى. بۇ ئۇچۇر لۇفتۋاففېغا ناھايىتى قىممەتلىك ياردەم بەردى. بىرىتانىيە مەخپىي مۇلازىمىتى بۇنى بايقىغاندا، ئۇلار بىۋاستە تارقىتىشنى داڭلىق سائەتنىڭ ئۈن ـ سىن خاتىرىسى بىلەن ئالماشتۇردى.

ۋاقىت جەدۋىلى تورىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئەرزان ئەمما ئېنىق كۆچمە سائەتلەر ھەممە يەردە كۆرۈلىدىغان بولدى. ئاسسۇرىيە، ساسانىي ياكى ئىنكا شەھەرلىرىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر نەچچە قۇياش سائىتى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرىدە ئادەتتە بىرلا سائەت بولۇپ، شەھەر مەيدانىدىكى ئېگىز مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئۇ مېخانىك سائەت ناھايىتى خاتا ئىدى، ئەمما شەھەردە ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان باشقا سائەتلەر بولمىغاچقا، بۇنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. بۈگۈن، بىر باي ئائىلىدە ئادەتتە پۈتۈن بىر ئوتتۇرا ئەسىر دۆلىتىدىكىدىن كۆپ سائەت بار. سىز قول سائىتىڭىزگە قاراپ، ئاندروئىدىڭىزغا نەزەر سېلىپ، كارىۋىتىڭىز يېنىدىكى قوڭغۇراقلىق سائەتكە تىكىلىپ، ئاشخانا تېمىدىكى سائەتكە قاراپ، مىكروۋولنىغا تىكىلىپ، تېلېۋىزور ياكى **DVD** نى كۆرۈپ، ياكى كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ۋەزىپە ئىستونىغا كۆز قىرىڭىزنى تاشلاپ ۋاقىتنى بىلەلەيسىز. ۋاقىتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلمەسلىك ئۈچۈن ئاڭلىق تىرىشچانلىق قىلىشىڭىز كېرەك.

نورمال بىر ئادەم بۇ سائەتلەرگە كۈنىگە ئون نەچچە قېتىم قارايدۇ، چۈنكى بىز قىلىدىغان ھەممە ئىش ۋاقتىدا قىلىنىشى كېرەك. قوڭغۇراقلىق سائەت بىزنى ئەتىگەن سائەت 7دە ئويغىتىدۇ، توڭلاتقان گىردىمىزنى مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا 50 سېكۇنت ئىسسىتىمىز، ئېلېكتىر چىش چوتكىسى سىگنال بەرگىچە ئۈچ مىنۇت چىش چوتكىلايمىز، **07:40** دا پويىزىغا ئۆلگۈرۈپ ئىشقا بارىمىز، تەنتەربىيە زالىدىكى يۈگۈرۈش ماشىنىسىدا قوڭغۇراق يېرىم سائەت توشقانلىقىنى جاكارلىغۇچە يۈگۈرىمىز، كەچ سائەت 7دە ياخشى كۆرىدىغان پروگراممىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرىمىز، ھەر سېكۇنتى **1,000** دوللارغا پۈتىدىغان ئېلانلار بىلەن ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا ئۈزۈلىمىز، ئاخىرىدا بارلىق غەم ـ قايغۇمىزنى

هازىر ئۆلچەملىك 50 مىنۇتلۇق داۋالاش سائىتىدە بىزنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىمىزنى چەكلەيدىغان ئۇسكۇنىگە چاتىمىز.

سانائەت ئىنقىلابى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە نەچچە ئون چوڭ ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سانائەت ۋاقتىغا ماسلىشىش ئۇلارنىڭ بىرى خالاس. باشقا مۇھىم مىساللار شەھەرلىشىش، دېھقانلارنىڭ يوقىلىشى، سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ كۈچىيىشى، دېموكراتىيەلىشىش، ياشلار مەدەنىيىتى ۋە ئاتىلىق تۈزۈمىنىڭ (ئەرلەر ھۆكۇمرانلىق قىلىدىغان ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ) پارچىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بۇ بارلىق ئۆزگىرىشلەر ئىنسانىيەتكە كەلگەن ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي ئىنقىلاب: ئائىلە ۋە يەرلىك جامائەتنىڭ يىمىرىلىشى ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە بازار بىلەن ئالمىشىشى ئالدىدا ھېچقانچە ئىش ئەمەس. بىلىشىمىزچە، ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىن تارتىپ، بىر مىليون يىلدىن ئارتۇق، ئىنسانلار كىچىك، يېقىن جامائەتلەردە ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇق ـ تۇغقان ئىدى. ئەقىل ئىنقىلابى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى بۇنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇلار ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قەبىلىلەر، شەھەرلەر، پادىشاھلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەرنى قۇردى، ئەمما ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەر بارلىق ئىنسان جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش بىرلىكى بولۇپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، سانائەت ئىنقىلابى ئىككى ئەسىردىن ئازراق ۋاقىت ئىچىدە بۇ قۇرۇلۇش بىرلىكلىرىنى ئاتومغا پارچىلىۋەتتى. ئائىلىلەر بىلەن جامائەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ۋەزىپىلىرى دۆلەت ۋە بازارلارغا تاپشۇرۇلدى.

ئائىلە ۋە جامائەتنىڭ يىمىرىلىشى

سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچ قەدىمىي قېلىپ ئىچىدە داۋاملاشتى: ئاساسىي ئائىلە، كەڭ ئائىلە ۋە يەرلىك يېقىن جامائەت. كۆپىنچە كىشىلەر ئائىلىۋى كەسىپتە، مەسىلەن، ئائىلە يېزا ئىگىلىكى ياكى ئائىلە كارخانىسىدا، يا بولمىسا قوشنىلىرىنىڭ ئائىلە كەسىپلىرىدە ئىشلەيتتى. ئائىلە يەنە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى، ساقلىق ـ ساغلاملىق سىستېمىسى، مائارىپ سىستېمىسى، قۇرۇلۇش سانائىتى، كەسىپلەر ئۇيۇشمىسى، پېنسىيە فوندى، كاپالەت شىركىتى، رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىت، بانكا ۋە ھەتتا ساقچى ئىدى.

بىر كىشى كېسەل بولۇپ قالسا، ئائىلە ئۇنىڭغا قارايتتى. بىر كىشى قېرىغاندا، ئائىلە ئۇنى قوللايتتى، ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ پېنسىيە فوندى ئىدى. بىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئائىلە بويىچە يېتىملەرگە قارايتتى. بىر كىشى ئۆي سالماقچى بولسا، ئائىلە ياردەم قىلاتتى. بىر كىشى تىجارەت باشلىماقچى بولسا، ئائىلە زۆرۈر پۇلنى يىغاتتى. بىر كىشى توي قىلماقچى بولسا، ئائىلە تاللايتتى ياكى ھېچ بولمىغاندا نامزاتنى تەكشۈرەتتى. قوشنا بىلەن توقۇنۇش چىقسا، ئائىلە ئارىلىشاتتى. ئەگەر بىر كىشىنىڭ كېسىلى ئائىلىنىڭ باشقۇرالايدىغىنىدىن ئېغىر

بولسا، ياكى يېڭى تىجارەت بەك چوڭ مەبلەغ تەلەپ قىلسا، ياكى مەھەللە ماجىراسى زوراۋانلىق دەرىجىسگە يەتسە، يەرلىك جامائەت ياردەمگە كېلەتتى.

جامائەت يەرلىك ئەنئەنىلەر ۋە خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ئاساسىدا ياردەم بېرەتتى، بۇ كۆپىنچە ئەركىن بازارنىڭ تەلەپ ـ تەمىنلەش قانۇنلىرىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى. كونا ئۇسلۇبتىكى ئوتتۇرا ئەسىر جامائىتىدە، قوشنام موھتاج بولغاندا، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى سېلىشقا ۋە قويلىرىنى بېقىشقا ياردەم قىلاتتىم، بۇنىڭدىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايتتىم. مەن موھتاج بولغاندا، قوشنام ياخشىلىقنى قايتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك ھۆكۈمران بىزنى قەلئەسىنى سېلىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن ئىدى، بىزگە بىر تىيىنمۇ تۆلىمەيتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە، بىز ئۇنىڭ بىزنى قاراقچىلار ۋە ياۋايىلاردىن قوغدىشىغا ئىشىنەتتۇق. يېزا تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئالماشتۇرۇشلار بولسىمۇ، ئاز تۆلەم بولاتتى. ئەلۋەتتە بەزى بازارلار بار ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ رولى چەكلىك ئىدى. سىز دورا ـ دەرمەكلەر، رەخت ۋە قوراللارنى سېتىۋالالايتتىڭىز، ئادۋوكات ۋە دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەلەيتتىڭىز. ئەمما كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتلەرنىڭ 10 پىرسەنتىكىمۇ يەتمەيدىغان قىسمى پۇل بىلەن سېتىۋېلىناتتى. كۆپىنچە ئىنسانىي ئېھتىياجلار ئائىلە ۋە جامائەت تەرىپىدىن ھەل قىلىناتتى.



ئائىلە، جامائەت بىلەن دۆلەت، بازارنىڭ رىقابىتى

يەنە ئۇرۇش قىلىش، يول سېلىش ۋە ئوردا قۇرۇش قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايدىغان پادىشاھلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەر بار ئىدى. بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن پادىشاھلار باج يىغاتتى ۋە بەزىدە ئەسكەرلەر بىلەن ئىشچىلارنى تەشكىللەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئاز ساندىكى

ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەرنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. ھەتتا ئۇلار ئارىلاشماقچى بولسىمۇ، كۆپىنچە پادىشاھلار بۇنى قىلالمايتتى. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدا نۇرغۇن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ساقچىلار، ئىجتىمائىي خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە دوختۇرلارنى بېقىشقا يېتەرلىك ئاشلىق يوق ئىدى. نەتىجىدە، كۆپىنچە ھۆكۈمرانلار ئومۇمىي خەلق پاراۋانلىق سىستېمىسى، ساقلىقنى ساقلاش ياكى مائارىپ سىستېمىسى قۇرمىدى. ئۇلار بۇنداق ئىشلارنى ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەرنىڭ قولىغا قويۇپ بەردى. ھەتتا ھۆكۈمرانلار دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئارىلاشماقچى بولغان ئاز ساندىكى ئەھۋاللاردىمۇ (مەسىلەن، جۇڭگودىكى چىن ئىمپېرىيەسىدە)، ئۇلار بۇنى ئائىلە باشلىقلىرى ۋە جامائەت ئاقساقاللىرىنى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق قىلدى.

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، قاتناش ۋە ئالاقە قىيىنچىلىقلىرى يىراق جامائەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى شۇنچە قىيىنلاشتۇردىكى، نۇرغۇن پادىشاھلىقلار ھەتتا ئەڭ ئاساسىي پادىشاھلىق ھوقۇقلىرىنى ـ مەسىلەن، باج ۋە زوراۋانلىق ـ جامائەتلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تاللىدى. مەسىلەن، ئوسمان ئىمپېرىيەسى چوڭ ئىمپېرىيە ساقچى كۈچى قۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئائىلە ئۆچ ئېلىشلىرىنىڭ ئادالەت يۈرگۈزۈشكە يول قويدى. ئەگەر تاغامنىڭ ئوغلى بىرىنى ئۆلتۈرسە، قۇربان بولغۇچىنىڭ ئاكىسى قانۇنلۇق ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن مېنى ئۆلتۈرەلەيتتى. ئىستانبۇلدىكى سۇلتان ياكى ھەتتا ئۆلكىلىك پاشامۇ، زوراۋانلىق قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان چەك ئىچىدە تۇرغان مۇددەتچە، بۇنداق توقۇنۇشلارغا ئارىلاشمايتتى.

خىتاي مىڭ ئىمپېرىيەسىدە (1368 ـ 1644)، نوپۇس باۋجيا سىستېمىسى بويىچە تەشكىللەنگەن. ئون ئائىلە بىر جيانى شەكىللەندۈرەتتى، ۋە ئون جيا بىر باۋنى تەشكىل قىلاتتى. بىر باۋنىڭ ئەزاسى جىنايەت سادىر قىلسا، باشقا باۋ ئەزالىرى، بولۇپمۇ باۋ ئاقساقاللىرى جازالىنىشى مۇمكىن ئىدى. باجمۇ باۋغا سېلىناتتى، ۋە ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى باھالاش ۋە ئۇلار تۆلىشى كېرەك بولغان باج مىقدارىنى بەلگىلەش دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەمەس، باۋ ئاقساقاللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى. ئىمپېرىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ سىستېمىنىڭ چوڭ پايدىسى بار ئىدى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ كىرىم ـ چىقىمىنى نازارەت قىلىدىغان مىڭلىغان كىرىم ئەمەلدارلىرى ۋە باج يىغقۇچىلارنى ساقلاشنىڭ ئورنىغا، بۇ ۋەزىپىلەر جامائەت ئاقساقاللىرىغا قالدۇرۇلدى. ئاقساقاللار ھەر بىر يېزىلىقنىڭ قانچىلىك بايلىقى بارلىقىنى بىلەتتى ۋە ئۇلار ئادەتتە ئىمپېرىيە ئارمىيەسىنى ئارىلاشتۇرماي باج تۆلەشنى يۈرگۈزەلەيتتى.

نۇرغۇن پادىشاھلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە باج يىغىدىغان تۈرلۈك يوللىرى بار ئىدى. پادىشاھ بولسا دۆلەت مۇداپىئە پۇلى توپلايدىغان ئەڭ چوڭ خوجايىن بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە قوشنا جايلاردىكى قارا گورۇھ ۋە يەرلىك قاراقچىلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن باشقا ئىش قىلمايتتى.

ئائىلە ۋە جامائەت قوينىدىكى ھايات كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشتىن يىراق ئىدى. ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەر ئۆز ئەزالىرىنى زامانىۋى دۆلەتلەر ۋە بازارلاردىن كەم بولمىغان دەرىجىدە رەھىمسىزلەرچە بېسىمغا ئۇچرىتالايتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كۆپىنچە جېدەل-ماجىرا ۋە زوراۋانلىق بىلەن تولغان ئىدى، ئەمما كىشىلەرنىڭ باشقا تاللىشى يوق ئىدى. 1750 ـ يىللار ئەتراپىدا ئائىلىسى ۋە جامائىتىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشى ئۆلگەنگە باراۋەر ئىدى. ئۇنىڭ خىزمىتى، مائارىپى، داۋالىنىشى ۋە قىيىنچىلىقىغا ھېچكىم ياردەم بەرمەيتتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا پۇل قەرز بەرمەيتتى ياكى ئۇ باشقا بىر يەردە ئىش تاپسا ھېچكىم ئۇنى قوغدىمايتتى. ساقچى، مەمۇر ياكى مەجبۇرىي مائارىپ ئورۇنلىرى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلمايتتى. بۇنداق كىشى ھايات قېلىش ئۈچۈن، دەرھال باشقا بىر ئائىلە ياكى جامائەت تېپىشى كېرەك ئىدى. ئۆيدىن قېچىپ كەتكەن ئوغۇل ـ قىزلار تەلىيى ئوڭ كەلسە يېڭى بىر ئائىلىدە خىزمەتكار بولالايتتى. يامان كۈنگە قالسا، بارىدىغان يېرى ئارمىيە ياكى پاھىشىخانا ئىدى.

بۇنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ئىككى ئەسىردە تېزلا ئۆزگەردى. سانائەت ئىنقىلابى بازارغا زور يېڭى كۈچلەرنى بەردى، دۆلەتنى يېڭى ئالاقە ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلىدى، ئاندىن كاتىپلار، ئوقۇتقۇچىلار، ساقچىلار ۋە مەمۇرلاردىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇننى ھۆكۈمەتنىڭ ئىختىيارىغا بەردى. دەسلەپتە بازار ۋە دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ يولىنى سىرتتىن كېلىدىغان، ئارىلىششنى ياقتۇرمايدىغان ئەنئەنىۋى ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەر توسۇۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئاتا ـ ئانىلار ۋە جامائەت ئاقساقاللىرى ياش ئەۋلادلارنىڭ مىللىي مائارىپ سىستېمىلىرى تەرىپىدىن تەربىيەلىنىشىگە، ئارمىيەگە ئەسكەرلىككە ئېلىنىشىغا ياكى جەمەتىنىڭ تايىنى يوق شەھەر ئاققۇنلىرىغا ئايلىنىشىغا قارشى تۇردى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، دۆلەتلەر ۋە بازارلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقان كۈچىنى ئائىلە ۋە جامائەتنىڭ ئەنئەنىۋى رىشتىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئىشلەتتى. دۆلەت ئۆزىنىڭ ساقچىلىرىنى ئائىلە ئىچىدىكى ماجىرا ۋە ئۆچ ئېلىشلارنى توختىتىشقا، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە سوت قارارلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئەۋەتتى. بازار ئۆزىنىڭ ساتقۇچىلىرىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ كەلگەن يەرلىك ئەنئەنىلەرنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تىجارىي مودىلار بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەمما بۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئائىلە ۋە جامائەتنىڭ كۈچىنى ھەقىقىي سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بەشىنچى قوشۇننىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى.

دۆلەت ۋە بازار كىشىلەرگە رەت قىلغىلى بولمايدىغان تەكلىپ بىلەن يېقىنلىشىپ، «مۇستەقىل شەخسكە ئايلىنىڭلار. ئاتا ـ ئاناڭلاردىن رۇخسەت سورىماي، خالىغان كىشىڭلار بىلەن توي قىلىڭلار. جامائەت ئاقساقاللىرى قوشۇلمىسىمۇ، ئۆزۈڭلارغا ماس كەلگەن خىزمەتنى قىلىڭلار. ھەر ھەپتە ئائىلە زىياپىتىگە بارالمىساڭلارمۇ، خالىغان يەردە ياشاڭلار. سىلەر ئەمدى ئائىلەڭلار ياكى جامائىتىڭلارغا بېقىنمايسىلەر. بىز، دۆلەت ۋە بازار، سىلەرگە قارايمىز. بىز

يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، مائارىپ، ساغلاملىق، پاراۋانلىق ۋە خىزمەت بىلەن تەمىنلەيمىز. بىز سىلەرگە تۇرمۇش كاپالىتى، خاتىرجەملىك ۋە پېنسىيە پۇلى بېرىمىز»دېدى.

رومانىنىڭ ئەدەبىيات كۆپ ھاللاردا بىرەر شەخسنى دۆلەت ۋە بازارغا قارشى كۈرەشكە چۈشكەن بىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئەمما بۇ ھال ھەقىقەتتىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەن. دۆلەت ۋە بازار شەخسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، شەخس پەقەت ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا ھايات قالالايدۇ. بازار بىزنى خىزمەت، تۇرمۇش كاپالىتى ۋە پېنسىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر كەسىپ ئۆگەنمەكچى بولساق، ھۆكۈمەتنىڭ مەكتەپلىرى بىزگە ئۆگىتىدۇ. تىجارەت باشلىماقچى بولساق، بانكا بىزگە پۇل قەرز بېرىدۇ. ئۆي سالماقچى بولساق، قۇرۇلۇش شىركىتى سالىدۇ ۋە بانكا بىزگە مۇددەتلىك قەرز بېرىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا دۆلەت تەرىپىدىن ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ ياكى كاپالەتلەندۇرۇلىدۇ. زوراۋانلىق يۈز بەرسە، ساقچى بىزنى قوغدايدۇ. بىر نەچچە كۈن كېسەل بولۇپ قالساق، ساغلاملىق سۇغۇرتىمىز بىلەن داۋالىنىمىز. بىر نەچچە ئاي ئىشقا چىقالمىساق، ئىجتىمائىي كاپالەت ياردەم قىلىدۇ. كېچە ـ كۈندۈز كۈتۈنۈشكە موھتاج بولساق، سىستېراغا پۇل بېرىپ باقتۇرالايمىز، ئادەتتە دۇنيانىڭ باشقا يېرىدىن كەلگەن، بىزگە ئۆز بالىلىرىمىزدىن ئۆتە كۆيۈنۈپ قارايدىغان ياتلار بار. ئىمكانىيىتىمىز بولسا، ئارامبەخش يىللىرىمىزنى ياشانغانلار ئۆيىدە ئۆتكۈزەلەيمىز. باج ئىدارىسى بىزنى شەخس سۈپىتىدە كۆرىدۇ ۋە قوشنىلارنىڭ بېجىنى تۆلىشىمىزنى كۈتمەيدۇ. سوتمۇ بىزنى شەخس سۈپىتىدە كۆرىدۇ ۋە تۇغقانلىرىمىزنىڭ جىنايەتلىرى ئۈچۈن بىزنى جازالىمايدۇ.

پەقەت چوڭ ئەرلەرلا ئەمەس، ئايال ۋە بالىلارمۇ شەخس سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. تارىخنىڭ كۆپ قىسمىدا، ئاياللار كۆپىنچە ئائىلە ياكى جامائەتنىڭ مۈلكى سۈپىتىدە كۆرۈلەتتى. زامانىۋى دۆلەتلەر بولسا، ئاياللارنى ئائىلە ۋە جامائەتتىن مۇستەقىل ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ھوقۇقلارغا ئىگە شەخسلەر سۈپىتىدە كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆز بانكا ھېساباتلىرىنى تۇتالايدۇ، كىم بىلەن توي قىلىشنى قارار قىلالايدۇ، ھەتتا ئاجرىشىش ياكى يالغۇز ياشاشنى تاللىيالايدۇ.

بىراق شەخسنىڭ ئازاد بولۇشى بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. كۆپىنچىمىز ھازىر كۈچلۈك ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەر يوقىلىپ كەتتى دەپ ھەسرەت چېكىمىز، شۇنداقلا دۆلەت ۋە بازارنىڭ ھاياتىمىزغا سىڭىپ كىرگەن كۈچىدىن ياتسىنىش ۋە تەھدىت ھېس قىلىمىز. يات شەخسلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەت ۋە بازارلار، كۈچلۈك ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەت ۋە بازارلارغا قارىغاندا ئۆز ئەزالىرىنىڭ ھاياتىغا تېخىمۇ ئاسان ئارىلىشالايدۇ. ئېگىز بىنادىكى قوشنىلار ھەتتا تازىلىق ئىشچىسىغا قانچىلىك مائاش تۆلەيمىز دېگەن مەسىلىدە كېلىشەلمىگەن يەردە، ئۇلارنىڭ دۆلەتكە قارشى تۇرالىشىنى قانداقمۇ كۈتەلەيمىز؟

دۆلەتلەر، بازارلار ۋە شەخسلەر ئارىسىدىكى كېلىشىم راھەتسىز بىر كېلىشىم. دۆلەت ۋە بازار ئۆزئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدا كېلىشەلمەيدۇ. شەخسلەر بولسا ھەر ئىككىلىسىنىڭ بەك كۆپ تەلەپ قىلىپ، بەك ئاز تەمىنلەيدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ.

كۆپىنچە ئەھۋالدا شەخسلەر بازارلار تەرىپىدىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدۇ، دۆلەتلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئارمىيە ۋە ساقچى كۈچلىرىنى شەخسلەرنى قوغداشقا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ كېلىشىمنىڭ (قانچىلىك مۇكەممەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) كارغا كېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش. چۈنكى ئۇ سانسىزلىغان ئەۋلادلارنىڭ ئىنسانىي ئادەت ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزىدۇ. نەچچە مىليون يىللىق تەرەققىيات بىزنى جامائەت ئەزالىرى سۈپىتىدە ياشاش ۋە ئويلاشقا لايىھىلىگەن. پەقەت ئىككى ئەسىر ئىچىدىلا بىز يات شەخسلەرگە ئايلاندۇق. مەدەنىيەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىگە بۇنىڭدىن ياخشىراق گۇۋاھلىق بېرىدىغان نەرسە يوق.

ئاساسىي ئائىلە زامانىۋى مەنزىرىدىن پۈتۈنلەي غايىب بولۇپ كەتمىدى. دۆلەت ۋە بازارلار ئائىلىدىن ئۇنىڭ كۆپىنچە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي رولىنى ئېلىپ كەتكەندە، ئۇنىڭغا بەزى مۇھىم ھېسسىي ۋەزىپىلەرنى قالدۇردى. زامانىۋى ئائىلە يەنىلا دۆلەت ۋە بازار (ھازىرغىچە) تەمىنلىيەلمەيدىغان يېقىن ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشى كېرەك. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردىمۇ ئائىلە كۈچىيىۋاتقان ئارىلىشىشلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

بازار كىشىلەرنىڭ رومانتىك ۋە جىنسىي ھاياتىنى بارغانسېرى كۆپتۈرمەكتە. ئەنئەنىۋى جەھەتتە ئائىلە ئەر ـ ئايالنى بىر ئۆيگە جەم قىلغان بولسا، بۈگۈن بازار بىزنىڭ رومانتىك ۋە جىنسىي ئىستەكلىرىمىزنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارنى يۇقىرى باھادا قاندۇرۇشقا ياردەم قىلىدۇ. ئىلگىرى توي قىلغۇچىلار ئائىلە مېھمانخانىسىدا كۆرۈشەتتى، پۇلمۇ بىر دادىنىڭ قولىدىن يەنە بىر دادىنىڭ قولىغا ئۆتەتتى. بۈگۈن ئۇچرىشىشلار قاۋاقخانا ياكى قەھۋەخانىلاردا قىلىنىدۇ، پۇل بولسا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ قولىدىن تىجارەتچىلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. تېخىمۇ كۆپ پۇل مودا لايىھىلىگۈچىلەر، تەنتەربىيە زاللىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى، پەرھىز مۇتەخەسسىسلىرى، گۈزەللىك ساھەسىدىكىلەر ۋە چىراي ئوڭشايدىغان دوختۇرلارنىڭ بانكا ھېساباتلىرىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇلار بازارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىگە مۇمكىنقەدەر ئوخشاش كۆرۈنۈشتە قەھۋەخانىغا بېرىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ.

دۆلەت ۋە بازار يەنە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ جىددىي نازارەت قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى دۆلەت مائارىپىغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر. بالىلىرىغا ئالاھىدە رەھىمسىز ياكى زوراۋان مۇئامىلە قىلغان ئاتا ـ ئانىلار دۆلەت تەرىپىدىن چەكلىنىشى مۇمكىن. زۆرۈر بولغاندا، دۆلەت ھەتتا ئاتا ـ ئانىلارنى تۈرمىگە تاشلىشى ياكى بالىلارنى باقفۇچى ئائىلىلەرگە يۆتكىشى مۇمكىن.

تېخى يېقىنقى دەۋرگىچە، دۆلەت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۇرۇش ياكى ھاقارەتلىشىنى توسۇشى كېرەك دېگەن تەكلىپ كۈلكىلىك ۋە ئەمەلگە ئاشمايدىغان پىكىر دەپ رەت قىلىناتتى. كۆپىنچە جەمئىيەتلەردە ئاتا ـ ئانىنىڭ ھوقۇقى مۇقەددەس ئىدى. ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش ئەڭ مۇقەددەس قىممەت قاراشلاردىن ئىدى، ئاتا ـ ئانىلار يېڭى تۇغۇلغان

بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش، باللارنى قۇللۇققا سېتىش ۋە قىزلارنى ئۆزلىرىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ ئەرلەرگە ياتلىق قىلىش دېگەندەك ھەر قانداق ئىشنى قىلالايتتى.

بۈگۈن، ئاتا ـ ئانا ھوقۇقى تولۇق چېكىنىش ھالىتىدە. ياشلار بارغانسېرى چوڭلارغا بويسۇنۇشتىن كەچۈرۈم قىلىنماقتا، ئاتا ـ ئانىلار بولسا بالىسىنىڭ ھاياتىدا خاتا كەتكەن ھەر قانداق ئىشقا جاۋابكار. ستالىن دەۋرىدە ھۆكىمى ئالدىن بېكىتىلگەن جىنايەتچىنىڭ ئاقلىنىش ئېھتىمالى بولمىغىنىدەك، بۈگۈنكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ باللار مەسىلىسىدە سوت زالىدا ئاقلىنىش ئېھتىماللىقى يوق.

تەسەۋۋۇردىكى جامائەتلەر

يادرولۇق ئائىلىگە ئوخشاش، جامائەتمۇ بۇ دۇنيايىمىزدىن ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلاردىن چەتنىگەن ھالدا پۈتۈنلەي يوقاپ كېتەلمەيدۇ. بۈگۈنكى بازار ۋە دۆلەتلەر بۇرۇن جامائەتلەر تەمىنلىگەن ماددىي ئېھتىياجلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تەمىنلەيدۇ، ئەمما ئۇلار يەنە قەبىلىۋى باغلىنىشلارنىمۇ تەمىنلىشى كېرەك.

بازارلار ۋە دۆلەتلەر بۇنى مىليونلىغان ناتونۇش كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دۆلەت ھەم تىجارەت ئېھتىياجلىرىغا ماسلاشتۇرۇلغان «تەسەۋۋۇردىكى جامائەتلەر»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇجامائەت بىر ـ بىرىنى ھەققىي تونۇمايدىغان، ئەمما تونۇيدۇ دەپ خىيال قىلىنىدىغان كىشىلەر توپىدۇر. بۇنداق جامائەتلەر يېقىندىن بارلىققا كەلگەن ئەمەس. پادىشاھلىقلار، ئىمپېرىيەلەر ۋە چېركاۋلار مىڭ يىللار داۋامىدا خىيالىي جامائەتلەر سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. قەدىمكى خىتايدا، نەچچە ئون مىليون كىشى ئۆزلىرىنى ئىمپېراتورنى دادا دەپ قارايدىغان چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى دەپ قارىغان. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى ئىسلام جامائىتىدىكى قېرىنداشلار (ئۇممەت) دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان.

بىراق تارىخ بويىچە، بۇنداق خىيالىي جامائەتلەر بىر ـ بىرىنى ياخشى تونۇيدىغان بىر قانچە ئون كىشىلىك يېقىن جامائەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. يېقىن جامائەتلەر ئەزالىرىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغان ۋە ھەر كىمنىڭ ھايات قېلىشى ۋە پاراۋانلىقى ئۈچۈن مۇھىم بولغان. كېيىنكى ئىككى ئەسىردە، يېقىن جامائەتلەر ئاجىزلاپ، خىيالىي جامائەتلەر ھېسسىي بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا باشلىدى.

تەسەۋۋۇردىكى جامائەتلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى ئىككى ئەڭ مۇھىم مىسال مىللەت ۋە ئىستېمالچى ئامما. مىللەت دۆلەتنىڭ خىيالىي جامائىتى. ئىستېمالچى ئامما بولسا بازارنىڭ خىيالىي جامائىتى. ئىككىلىسى خىيالىي جامائەت، چۈنكى بازاردىكى بارلىق خېرىدارلارنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ بۇرۇنقى يېزىلاردىكىدەك بىر ـ بىرىنى تونۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھېچقانداق گېرمانىيەلىك گېرمانىيە مىللىتىنىڭ باشقا 80 مىليون ئەزاسىنى، ياكى

ياۋروپا ئورتاق بازىرىدىكى (كېيىن ياۋروپا جامائىتى ۋە ئاخىرىدا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئايلانغان) 500 مىليون خېرىدارنى شەخسەن تونۇيالمايدۇ.

ئىستېمالچىلىق ۋە مىللەتچىلىك مىليونلىغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ بىز بىلەن ئوخشاش جامائەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئورتاق ئۆتمۈشىمىز، ئورتاق مەنپەئەتلىرىمىز ۋە ئورتاق كەلگۈسىمىز بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ يالغان ئەمەس، بۇ خىيال. پۇل، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇقلارغا ئوخشاش، مىللەتلەر ۋە ئىستېمالچى ئامما سۇبيېكتىپ مۇناسىۋەت جەھەتتە رېئاللىقتۇر. ئۇلار پەقەت بىزنىڭ كوللېكتىپ خىيالىمىزدىلا مەۋجۇت، ئەمما ئۇلارنىڭ كۈچى ناھايىتى زور. مىليونلىغان گېرمانىيەلىكلەر گېرمانىيە مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنگەن، گېرمانىيە مىللىي سىمۋوللىرىنى كۆرگەندە ھاياجانلانغان، گېرمانىيە مىللىي ئەپسانىلىرىنى سۆزلىگەن ۋە گېرمانىيە مىللىتى ئۈچۈن پۇل، ۋاقىت ۋە جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇرغان ۋاقىتتا، گېرمانىيە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

مىللەت ئۆزىنىڭ خىيالىي خاراكتېرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. كۆپىنچە مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ۋە مەڭگۈلۈك بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى، قەدىمكى دەۋرلەردە ۋەتەن تۇپرىقى بىلەن خەلق قېنىنىڭ ئارىلىشىشىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق دەۋالار ئادەتتە مۇبالىغە قىلىنغان. مىللەتلەر يىراق ئۆتمۈشتە مەۋجۇت بولغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى بۈگۈنكىدەك چوڭ ئەمەس ئىدى، چۈنكى دۆلەتنىڭ ئەھمىيىتى كىچىك ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى نۇرېنبېرگ شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىدىن كۆپىنچىسى گېرمانىيە مىللىتىگە سادىقلىق ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كۆپىنچە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان ئائىلىسى ۋە يەرلىك جامائىتىگە تېخىمۇ سادىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ھايات قالغان. نۇۋەتتىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن تەرەققىي قىلغان.

ئوتتۇرا شەرق بۇنىڭغا نۇرغۇن مىساللارنى تەمىنلەيدۇ. سۇرىيە، لىۋان، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق مىللەتلىرى يەرلىك تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئىقتىسادقا پەرۋا قىلمىغان فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە دىپلوماتلىرى قۇمغا سىزغان تەرتىپسىز چېگرالارنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ دىپلوماتلار 1918 ـ يىلى كۇردىستان، باغداد ۋە بەسرە خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن «ئىراقلىق» بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. كىمنىڭ سۇرىيەلىك ۋە كىمنىڭ لىۋانلىق بولىدىغانلىقىنى ئاساسەن فرانسىيەلىكلەر بەلگىلىدى. سادام ھۈسەيىن بىلەن ھافىز ئەسەد ئەنگلىيە، فرانسىيە تىكلەپ بەرگەن «مىللىي دۆلەت» ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگەننى قىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئىراق ۋە سۇرىيە مىللەتلىرى ھەققىدىكى دەبدەبىلىك نۇتۇقلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ ئىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، مىللەتلەرنى يوقتىن بار قىلغىلى بولمايدۇ. ئىراق ياكى سۇرىيەنى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقانلار ئۇ يەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىدىن

پايدىلاندى؛ بۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈز يىللار ۋە مىڭ يىللار بۇرۇنقى مىراسلار ئىدى. سەددام ھۈسەيىن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ۋە بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ مىراسىنى ئۆزلەشتۈردى، ھەتتا ئۆزىنىڭ زەربىدار قوراللىق قىسىملىرىدىن بىرىنى ھامۇرابى دىۋىزىيەسى دەپ ئاتىدى. بىراق بۇ ئىراق مىللىتىنى قەدىمىي مىللەتكە ئايلاندۇرمايدۇ. ئەگەر مەن ئىككى ئايدىن بېرى ئاشخانامدا تۇرغان ئۈن، ياغ ۋە شېكەردىن بىر پىرەنىك ياسىسام، بۇ، پىرەنىكنىڭ ئىككى ئايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ.

يېقىنقى ئون يىللاردا، مىللىي جامائەتلەر بارغانسېرى بىر-بىرىنى يېقىندىن تونۇمايدىغان، ئەمما ئوخشاش ئىستېمال ئادەتلىرى ۋە قىزىقىشلارنى ئورتاقلىشىدىغان، شۇڭا ئۆزلىرىنى ئوخشاش ئىستېمالچى ئاممىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېس قىلىدىغان بولدى. بۇ ناھايىتى غەلىتە ئاڭلىنىدۇ، ئەمما بۇنداق مىساللار كۆپ. مەسىلەن، ناخشىچى مادوننانىڭ مەستانىلىرى بىر ئىستېمالچى ئاممىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە سودا قىلىش ئادىتى بويىچە ئېنىقلىما بېرىدۇ. ئۇلار مادوننانىڭ ناخشا كېچىلىكى بېلەتلىرى، **CD** لىرى، پلاكاتلىرى، كۆينەكلىرى ۋە تېلېفون ئاۋازلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى بەلگىلەيدۇ. مانچېستېر يۇنايتېد مەستانىلىرى، گۆشسىز غىزالانغۇچىلار ۋە مۇھىت قوغدىغۇچىلار يەنە بىر تۈردىكى ئىستېمالچىلار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئاساسەن نېمىنى ئىستېمال قىلىدىغانلىقى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كىملىكىنىڭ ئۇل تېشىدۇر. گېرمانىيەلىك بىر گۆشسىز غىزالانغۇچى گېرمانىيەلىك گۆشخور كىشىگە قارىغاندا فرانسىيەلىك گۆشسىز غىزالانغۇچى بىلەن توي قىلىشنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن.

مەڭگۈلۈك ھەرىكەت

كېيىنكى ئىككى ئەسىردىكى ئىنقىلابلار شۇنچىلىك تېز ۋە رادىكال بولدىكى، ئۇلار ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئەڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەنئەنىۋى جەھەتتىن، ئىجتىمائىي تەرتىپ قاتتىق ۋە مۇقىم ئىدى. «تەرتىپ» مۇقىملىق ۋە داۋاملىششىنى كۆرسىتەتتى. تېز ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار ئىستىسنا ئىدى ۋە كۆپىنچە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر نۇرغۇن كىچىك قەدەملەرنىڭ توپلىنىشىدىن كېلىپ چىققان. ئىنسانلار ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى مۇقىم ۋە مەڭگۈلۈك دەپ پەرەز قىلاتتى. ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەر تەرتىپ ئىچىدىكى ئورنىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما تەرتىپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش پىكرى يات ئىدى. كىشىلەر مەۋجۇت ئەھۋالغا كۆنۈشكە مايىل بولۇپ، «بۇ دائىم مۇشۇنداق ئىدى ۋە دائىم مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ جاكارلايتتى.

كېيىنكى ئىككى ئەسىردە، ئۆزگىرىش سۈرئىتى شۇنچىلىك تېزلەشتىكى، ئىجتىمائىي تەرتىپ ھەرىكەتچان ۋە ئۆزگىرىشچان خاراكتېرگە ئىگە بولدى. ئۇ ھازىر دائىملىق ئېقىش ھالىتىدە مەۋجۇت. زامانىۋى ئىنقىلابلار ھەققىدە سۆزلىگەندە، بىز 1789-يىلدىكى فرانسىيە ئىنقىلابى، 1848-يىلدىكى لىبېرال ئىنقىلابلار ياكى 1917-يىلدىكى رۇسىيە ئىنقىلابىنى

ئويلايمىز. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا ھەر يىلى ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈن، ھەتتا ئوتتۇز ياشلىق بىر كىشىمۇ، بىر ئۆسمۈرگە «مەن ياش ۋاقتىمدا، دۇنيا پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى» دەپ سەممىي ئېيتالايدۇ. مەسىلەن، ئىنتېرنېت پەقەت 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، يەنى يىگىرمە يىل ئىلگىرىلا كەڭ قوللىنىشقا كىردى. بۈگۈن بىز ئىنتېرنېتسىز دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

شۇڭا زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنۇش دائىم رەڭ ئۆزگەرتىدىغان خاملېيوننىڭ رەڭگىنى ئېنىقلاشقا ئوخشايدۇ. بىز ئىشەنچ قىلالايدىغان بىردىنبىر خۇسۇسىيەت توختاۋسىز ئۆزگىرىشتۇر. كىشىلەر بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتتى ۋە كۆپىنچىمىز ئىجتىمائىي تەرتىپنى خالىغانچە لايىھەلەپ ئۇنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا بولىدۇ دەپ ئويلايمىز. ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاساسىي ۋەدىسى ئەنئەنىۋى تەرتىپنى ساقلاش ياكى يوقالغان ئالتۇن دەۋرگە قايتىش ئىدى. كېيىنكى ئىككى ئەسىردە، سىياسەتنىڭ ئاساسىي ۋەدىسى كونا دۇنيانى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشىراق بىر دۇنيانى قۇرۇش بولدى. ھەتتا ئەڭ كونسېرۋاتىپ سىياسىي پارتىيەلەرمۇ مەۋجۇت نەرسىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىشقىلا ۋەدە بەرمەيدۇ. ھەممىسى ئىجتىمائىي ئىسلاھات، مائارىپ ئىسلاھاتى، ئىقتىسادىي ئىسلاھات توغرۇلۇق ۋەدە قىلىدۇ ۋە كۆپ ھاللاردا بۇ ۋەدىلەرنى ئورۇنلايدۇ.

گېئولوگلار يەر قاتلىمى ھەرىكەتلىرىنىڭ يەر تەۋرەش ۋە ۋۇلقان پارتلاشلىرىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۈتكەندەك، بىزمۇ كەسكىن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ قانلىق زوراۋانلىق پارتلاشلىرىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۈتۈشىمىز مۇمكىن. 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەرنىڭ سىياسىي تارىخى كۆپ ھالدا پاجىئەلىك ئۇرۇشلار، قىرغىنچىلىقلار ۋە ئىنقىلابلار توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. يېڭى ئۆتۈك كىيگەن بالىنىڭ كۆلچەكتىن كۆلچەككە سەكرىگىنىگە ئوخشاش، بۇ كۆز قاراش تارىخنى بىر قان مۇنچىسىدىن يەنە بىرىگە سەكرەيدىغان، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ۋە سوغۇق ئۇرۇشقا، ئەرمەن قىرغىنچىلىقىدىن يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىغا ۋە رۋاندا قىرغىنچىلىقىغا، روبېسپىيېردىن لېنىنغا ۋە گىتلېرغا سەكرەيدىغان نەرسە دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭدا ھەقىقەت بار، ئەمما بىزگە بەك تونۇش بولغان بۇ پاجىئەلەر تىزىملىكى ئادەمنى بىر ئاز ئازدۇرىدۇ. بىز كۆلچەكلەرگە بەك دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قۇرۇق يەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز. كېيىنكى زامانىۋى دەۋر مىسلىسىز زوراۋانلىق ۋە ۋەھشىيلىكنىلا ئەمەس، مىسلىسىز تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىمۇ كۆردى. چارلز دىككېنس فرانسىيە ئىنقىلابى ھەققىدە «بۇ ئەڭ ياخشى زامان ئىدى، بۇ ئەڭ ناچار زامان ئىدى» دەپ يازغان. بۇ پەقەت فرانسىيە ئىنقىلابىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ باشلاپ بەرگەن پۈتۈن دەۋرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن.

بۇ، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يەتمىش يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىنسانىيەت تۇنجى قېتىم تولۇق ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىش ئېھتىماللىقى بىلەن يۈزلەشتى ۋە خېلى كۆپ رېئال ئۇرۇشلار ۋە قىرغىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئون

يىللار يەنە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ تىنچ دەۋر بولدى. بۇ ھەيران قالارلىق، چۈنكى دەل مۇشۇ ئون يىللار ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپرەك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. تارىخنىڭ يەر قاتلىمى تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، ئەمما ۋۇلقانلار ئاساسەن جىمجىت. يېڭى دۇنيا تەرتىپى زوراۋانلىق ۋە توقۇنۇشقا كىرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدا رادىكال ئۆزگىرىشلەر بولىدىغاندەك، ھەتتا ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ بولغاندەك كۆرۈنمەكتە.

زامانىمىزدىكى تىنچلىق

كۆپچىلىك بىز ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ قانچىلىك تىنچ ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. ھېچقايسىمىز مىڭ يىل بۇرۇن ياشىمىغاچقا، دۇنيانىڭ بۇرۇن قانچىلىك زوراۋان بولغانلىقىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمىز. ئۇرۇشلار ئازلاپ كەتكەنسېرى، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ دىققەت تارتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر برازىلىيە ۋە ھىندىستاندىكى كۆپچىلىك خەلقنىڭ تىنچ ياشاۋاتقانلىقىغا قارىغاندا، ئافغانىستان ۋە ئىراقتا داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇشلار ھەققىدە كۆپرەك ئويلايدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى، ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنىش پۈتۈن نوپۇسنىڭكىگە قارىغاندا ئاسانراق. شۇنداقتىمۇ، ماكرو-تارىخىي جەريانلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئايرىم ھېكايىلەرنى ئەمەس، ئومۇمىي سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. 2000-يىلى ئۇرۇشلار 310 مىڭ كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان، زوراۋان جىنايەتلەر يەنە 520 مىڭ كىشىنىڭ جېنىنى ئالغان. ھەر بىر ئۆلۈم بىر دۇنيانىڭ ۋەيران بولۇشى، بىر ئائىلىنىڭ خاراب بولۇشى، دوست-بۇرادەرلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قېلىشىدۇر. ئەمما ماكرو نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ 830 مىڭ قۇربان 2000-يىلى ئۆلگەن 56 مىليون كىشىنىڭ پەقەت 1.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. شۇ يىلى 1 مىليون 260 مىڭ كىشى قاتناش ۋەقەلىرىدە (ئومۇمىي ئۆلۈمنىڭ 2.25 پىرسەنتى) ئۆلگەن بولسا، 815 مىڭ كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان (1.45 پىرسەنت).

2002-يىلدىكى سانلار تېخىمۇ ھەيران قالارلىق. 57 مىليون ئۆلۈمدىن، پەقەت 172 مىڭ كىشى ئۇرۇشتا ۋە 569 مىڭ كىشى زوراۋانلىق جىنايىتىدە ئۆلگەن (جەمئىي 741 مىڭ قۇربان). ئەكسىچە، 873 مىڭ كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. «11-سىنتەبىر» ھۇجۇمىدىن كېيىنكى يىلدا، تېرورىزم ۋە ئۇرۇش ھەققىدىكى بارلىق گەپ-سۆزلەرگە قارىماي، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىمالىنىڭ تېرورچىلار، ئەسكەرلەر ياكى زەھەر ساتقۇچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىمالىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىدا، ئىنسانلار يېرىم كېچىدە قوشنا قەبىلىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنى قىرىپ تاشلىشىدىن قورقماي ئۇخلايدۇ. ھاللىق ئەنگلىيە پۇقرالىرى شېرۋۇد ئورمانلىقى ئارقىلىق نوتتىنگھامدىن لوندونغا يېشىل كىيىملىك قاراقچىلار توپىنىڭ ئۇلارنى

توسۇۋېلىپ پۇللىرىنى كەمبەغەللەرگە بېرىش ئۈچۈن ئىلىنۋېلىشىدىن (ياكى تېخىمۇ ئېھتىمالغا يېقىنى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ پۇلنى ئۆزلىرى ئىلىنۋېلىشىدىن) قورقماي سەپەر قىلىدۇ. ئوغۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تاياق جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ، بالىلار ئاتا ـ ئانىسى قەرزىنى تۆلىيەلمىگەندە قۇللۇققا سېتىلىپ كېتىشتىن قورقمايدۇ، ئاياللار قانۇننىڭ ئەرلىرىنىڭ ئۇلارنى ئۇرۇشى ۋە ھۇجرىسىغا سولاپ قويۇشىنى چەكلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دۇنيا مىقياسىدا، بۇ ئۇمىدلەر بارغانسېرى ئەمەلگە ئاشماقتا.

زوراۋانلىقنىڭ ئازىيىشى ئاساسەن دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تارىخ بويىچە، كۆپىنچە زوراۋانلىق ئائىلىلەر ۋە جامائەتلەر ئارىسىدىكى يەرلىك ماجىرالاردىن كېلىپ چىققان. (ھەتتا بۈگۈنمۇ، يۇقىرىقى رەقەملەر كۆرسەتكەندەك، يەرلىك جىنايەت خەلقئارالىق ئۇرۇشلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەجەللىك تەھدىت). بىز كۆرگەندەك، يەرلىك جامائەتتىن چوڭ سىياسىي تەشكىلاتلارنى بىلمەيدىغان دەسلەپكى دېھقانلار كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىققا ئۇچرىغان. پادىشاھلىقلار ۋە ئىمپېرىيەلەر كۈچەيگەنسېرى، ئۇلار جامائەتلەرنى تىزگىنلىگەن ۋە زوراۋانلىق دەرىجىسى تۆۋەنلىگەن. مەركەزلەشمىگەن ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا پادىشاھلىقلىرىدا، ھەر 100 مىڭ ئاھالىدىن يىلىغا يىگىرمە ـ قىرىق كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. يېقىنقى ئون يىللاردا، دۆلەتلەر ۋە بازارلار ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، جامائەتلەر يوقالغاندا، زوراۋانلىق نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەنلىدى. بۈگۈن دۇنيا بويىچە ئوتتۇرىچە ھەر 100 مىڭ كىشى ئىچىدە يىلىغا پەقەت توققۇز قېتىم قاتىللىق يۈز بېرىدۇ، بۇ ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ كۆپىنچىسى سومالى ۋە كولومبىيەگە ئوخشاش ئاجىز دۆلەتلەردە يۈز بېرىدۇ. مەركەزلەشكەن ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، ئوتتۇرىچە ھەر 100 مىڭ كىشى ئىچىدە يىلىغا بىر قېتىم قەستەن ئۆلتۈرۈش يۈز بېرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، دۆلەتلەرنىڭ ئۆز كۈچىنى ئۆز پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللىرى بار، بۇلار كۆپىنچە بىزنىڭ خاتىرىمىز ۋە قورقۇنچىمىزدا چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. 20 ـ ئەسىردە، نەچچە ئون مىليون، ھەتتا يۈز مىليونلىغان كىشى ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىك كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداقتىمۇ، ماكرو نۇقتىدىن قارىغاندا، دۆلەت باشقۇرىدىغان سوت ۋە ساقچى كۈچلىرى دۇنيا مىقياسىدىكى بىخەتەرلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا زۇلۇم قىلغۇچى دىكتاتورلۇقلاردىمۇ، بىر پۇقرانىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ قولىدا ئۆلۈش ئېھتىماللىقى بۇرۇنقى جەمئىيەتلەرگە قارىغاندا كۆپ تۆۋەن. 1964 ـ يىلى برازىلىيەدە ھەربىي دىكتاتورلۇق ئورنىتىلغان بولۇپ، دۆلەتنى 1985 ـ يىلغىچە باشقۇرغان. بۇ يىگىرمە يىل ئىچىدە، بىر قانچە مىڭ برازىلىيەلىك ھۆكۈمەت كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن؛ يەنە مىڭلىغان كىشى قاماققا ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان. شۇنداقتىمۇ، ھەتتا ئەڭ ناچار يىللاردىمۇ، رىيودىژانىرودىكى بىر برازىلىيەلىكنىڭ خەقنىڭ قولىدا ئۆلۈش ئېھتىماللىقى ۋائورانى، ئاراۋېتې ياكى يانومامولارغا قارىغاندا كۆپ تۆۋەن ئىدى. ۋائورانى، ئاراۋېتې ياكى يانومامولا ئامازون ئورمانلىقىنىڭ ئىچكىرى قىسمىدا ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەر بولۇپ، ئارمىيەسى، ساقچىسى ياكى تۈرمىسى يوق.

ئانتروپولوگىيەلىك تەتقىقاتلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك مۇلۇك، ئايال ياكى ئابرۇي ئۈچۈن بولغان زوراۋان توقۇنۇشلاردا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئىمپېرىيەلەرنىڭ چېكىنىشى

1945 ـ يىلدىن كېيىن دۆلەتلەر ئىچىدە زوراۋانلىق ئازايدىمۇ ياكى كۆپەيدىمۇ دېگەن مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھېچكىم خەلقئارالىق زوراۋانلىقنىڭ تارىختا ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرىنىڭ يىمىرىلىشىدۇر. تارىخ بويىچە ئىمپېرىيەلەر ئىسيانلارنى تۆمۈر مۇشت بىلەن باستۇرغان، شۇنداقلا ۋاقتى كەلگەندە، غۇلاۋاتقان ئىمپېرىيە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى ئىشلەتكەن، قوزغىلاڭلار ئادەتتە قانلىق پاجىئەگە ئايلانغان. ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى يىمىرىلىشى ئومۇمەن قالايمىقانچىلىق ۋە تەخت ۋارىسلىقى ئۇرۇشلىرىغا ئېلىپ بارغان. 1945 ـ يىلدىن كېيىن، كۆپىنچە ئىمپېرىيەلەر تىنچلىق بىلەن چېكىنىشنى تاللىدى. ئۇلارنىڭ يىمىرىلىش جەريانى نىسبەتەن تېز، تىنچ ۋە تەرتىپلىك بولدى.

1945 ـ يىلى برىتانىيە دۇنيانىڭ تۆتتىن بىرىنى باشقۇراتتى. ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئۇ پەقەت بىر قانچە كىچىك ئاراللا باشقۇردى. ئارىلىقتىكى ئون يىللاردا ئۇ مۇستەملىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن تىنچ ۋە تەرتىپلىك ھالدا چېكىندى. گەرچە مالايا ۋە كېنىيەگە ئوخشاش جايلاردا ئەنگلىيەلىكلەر قورال كۈچى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، كۆپىنچە جايلاردا ئۇلار ئىمپېرىيىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى غەزەپلەنمەي، ئۇھ تارتىش بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلار تىرىشچانلىقنى ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىشقا ئەمەس، بەلكى ئۇنى مۇمكىنقەدەر سىلىق يۆتكەشكە مەركەزلەشتۈردى. ماھاتما گەندىنىڭ «زوراۋانسىز قارشىلىق كۆرسىتىش» ئىدىيەسىگە بېرىلىدىغان ماختاشلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر قىسمى ئەمەلىيەتتە برىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە تېگىشلىك. كۆپ يىللىق غەزەپ ۋە زوراۋان كۈرەشكە قارىماي، راج ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندا، ھىندىستانلىقلار دېھلى ۋە كالكۇتتا كوچىلىرىدا ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولمىدى. ئىمپېرىيىنىڭ ئورنىنى بىر توپ مۇستەقىل دۆلەتلەر ئالدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇندىن بېرى مۇقىم چېگرالارغا ئىگە بولدى ۋە كۆپ قىسمى قوشنىلىرى بىلەن تىنچ ياشىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1989 ـ يىلدىكى يىمىرىلىشى بالقان، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېتنىك توقۇنۇشلارنىڭ پارتلىشىغا قارىماي، تېخىمۇ تىنچ بولدى. بۇنداق كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيە ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنداق تېز ۋە جىمجىت يوقالمىغان ئىدى. 1989 ـ يىلدىكى سوۋېت ئىمپېرىيىسى ئافغانىستاندىن باشقا ھېچقانداق ھەربىي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغان، تاشقى تاجاۋۇزغا ئۇچرىمىغان، ئىسيانلار كۆرۈلمىگەن، ھەتتا مارتىن لۇتېر كىڭ ئۇسلۇبىدىكى چوڭ كۆلەملىك پۇقرالار ئىتائەتسىزلىك ھەرىكەتلىرىمۇ بولمىغان ئىدى. سوۋېتلارنىڭ يەنىلا

ملىيونلىغان ئەسكىرى، ئون مىڭلىغان تانكا ۋە ئايروپىلانى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىر قانچە قېتىم يوقىتىشقا يېتەرلىك يادرو قورالللىرى بار ئىدى. قىزىل ئارمىيە ۋە باشقا ۋارشاۋا شەرتنامىسى ئارمىيەلىرى سادىق قالغان ئىدى. ئەگەر ئاخىرقى سوۋېت رەھبىرى مىخائىل گورباچېۋ بۇيرۇق بەرگەن بولسا، قىزىل ئارمىيە بويسۇندۇرۇلغان ئاممىغا قارىتىپ ئوق چىقارغان بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ، سوۋېت سىر خىللىرى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى كۆپىنچە كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتلەر (رۇمىنىيە ۋە سېربىيە بۇنىڭدىن مۇستەسنا) بۇ ھەربىي كۈچنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنىمۇ ئىشلىتىشنى تاللىمىدى. ئۇلار كوممۇنىزمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى چۈشەنگەندە، كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچتى، مەغلۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى، چامادانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتتى. گورباچېۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سوۋېت بېسىۋالغان جايلارنىلا ئەمەس، يەنە بالتىق دۆلەتلىرى، ئۇكرائىنا، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بېسىۋېلىنغان جايلاردىنمۇ كۈرەشسىز ۋاز كەچتى. ئەگەر گورباچېۋ سېربىيە رەھبەرلىكىگە ياكى ئالجىرىيەدىكى فرانسىيەلىكلەرگە ئوخشاش ئىش قىلغان بولسا نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاش كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

يادرو تىنچلىقى

بۇ ئىمپېرىيەلەردىن كېيىن قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلەر ئۇرۇشقا پەقەتلا قىزىقمىدى. 1945 ـ يىلدىن كېيىن، ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىش ۋە يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تاجاۋۇز قىلمايدىغان بولدى. بۇنداق بېسىۋېلىشلار قەدىمدىن تارتىپ سىياسىي تارىخنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلگەن. كۆپىنچە چوڭ ئىمپېرىيەلەر مۇشۇنداق قۇرۇلغان، كۆپىنچە ھۆكۈمرانلار ۋە خەلقلەرمۇ ئىشلارنىڭ شۇنداق داۋاملىششىنى كۈتەتتى. ئەمما رىملىقلار، موڭغۇللار ۋە ئوسمانلىلارغا ئوخشاش جاھانگىرلىك يۈرۈشلىرى بۈگۈن دۇنيانىڭ ھېچقايسى يېرىدە يۈز بېرەلمەيدۇ. 1945 ـ يىلدىن بېرى، ب د ت ئېتىراپ قىلغان ھېچقانداق مۇستەقىل دۆلەت بېسىۋېلىنىپ خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلمىدى. چەكلىك خەلقئارالىق ئۇرۇشلار ۋاقىت ـ ۋاقىتلاردا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ ۋە مىليونلىغان كىشىلەر يەنىلا ئۇرۇشلاردا ئۆلىدۇ، ئەمما ئۇرۇشلار ئەمدى نورمال ئەھۋال ئەمەس.

نۇرغۇن كىشىلەر خەلقئارالىق ئۇرۇشنىڭ يوقىلىشى غەربىي ياۋروپانىڭ باي دېموكراتىك دۆلەتلىرىگىلا خاس دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تىنچلىق ياۋروپاغا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن كېيىن كەلگەن. جەنۇبىي ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى جىددىي خەلقئارالىق ئۇرۇشلار 1941 ـ يىلدىكى پېرۇ ـ ئېكۋادور ئۇرۇشى ۋە 1932 ـ 1935 ـ يىللاردىكى بولىۋىيە ـ پاراگۋاي ئۇرۇشى ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، 1879 ـ 1884 ـ يىللاردىكى چىلى بىلەن بولىۋىيە

ۋە پېرۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن جەنۇبىي ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئارىسىدا جىددىي ئۇرۇش بولمىغان.

بىز ئەرەب دۇنياسىنى ئالاھىدە تىنچ دەپ ئويلىمايمىز. شۇنداقتىمۇ، ئەرەب دۆلەتلىرى مۇستەقىللىق قازانغاندىن كېيىن، پەقەت بىرلا قېتىم بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە تولۇق كۆلەملىك تاجاۋۇز قىلغان (1990 ـ يىلى ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشى). بىر قانچە چېگرا توقۇنۇشلىرى (مەسىلەن، 1970 ـ يىلى سۇرىيە بىلەن ئىئوردانىيە)، نۇرغۇن قوراللىق ئارىلىششلار (مەسىلەن، سۇرىيەنىڭ لىۋانغا ئارىلىششى)، كۆپلىگەن ئىچكى ئۇرۇشلار (ئالجىرىيە، يەمەن، لىۋىيە) ۋە نۇرغۇن ھەربىي ئۆزگىرىشلەر ۋە قوزغىلاڭلار بولغان. ئەمما پارىس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى ئارىسىدا تولۇق كۆلەملىك خەلقئارالىق ئۇرۇشلار بولمىغان.

بۈگۈن ئىنسانىيەت جاڭگالنىڭ قانۇنىنى بۇزدى. ئاخىرى ھەقىقىي تىنچلىق بار بولدى، پەقەت ئۇرۇشنىڭ يوقلۇقىلا ئەمەس. كۆپىنچە دۆلەتلەر ئۈچۈن، بىر يىل ئىچىدە تولۇق كۆلەملىك توقۇنۇشقا ئېلىپ بارىدىغان سېنارىيە يوق. كېلەر يىلى گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا، خىتاي بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا ياكى برازىلىيە بىلەن ئارگېنتىنا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىقىرىشى مۇمكىن بولغان نېمە ئىش بار؟ بەلكىم كىچىك چېگرا توقۇنۇشلىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئەمما ھەقىقىي بالايى ئاپەتلىك ئۇرۇشلا 2014 ـ يىلى برازىلىيە بىلەن ئارگېنتىنانى كونا زاماندىكىدەك كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا ئېلىپ بارالايدۇ.

بۇ ئەھۋال كەلگۈسىدە ئۆزگىرىشى مۇمكىن ۋە كېيىن قارىغاندا، بۈگۈنكى دۇنيا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ساددا كۆرۈنۈشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ساددىلىقىمىز قىزىقارلىق. ئىلگىرى تىنچلىق ھېچقاچان بۇنداق كەڭ تارقالمىغان ئىدىكى، كىشىلەر ھەتتا ئۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ئالىملار بۇ بەختلىك تەرەققىياتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سىز ئوقۇپ تۈگىتەلمىگۈدەك كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يازدى ۋە بىر قانچە تۆھپىكار ئامىللارنى بايقىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇرۇشنىڭ باھاسى تېك سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى روبېرت ئوپپېنھايمېر ۋە ئاتوم بومبىسىنىڭ باشقا قۇرغۇچىلىرىغا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. يادرو قورالىرى چوڭ كۈچلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشنى كوللېكتىپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ئايلاندۇردى ۋە قورال كۈچى بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى مۇمكىن بولمايدىغان قىلدى.

43. ئالتۇن كولاش قىزغىنلىقى مەزگىلىدىكى كالىفورنىيە ئالتۇن قازغۇچىلىرى ۋە سان-فرانسىسكوغا يېقىن جايلاشقان فېيىسبۇك (Facebook) باش شتابى. 1849-يىلى كالىفورنىيە ئۆز بايلىقىنى ئالتۇنغا تايىنىپ ياراتقان.

44. بۈگۈنكى كۈندە، كالىفورنىيە ئۆز بايلىقىنى كرېمنىيغا تايىنىپ يارىتىۋاتىدۇ. ئەمما 1849-يىلىدىكى ئالتۇنلار كالىفورنىيە تۇپرىقىدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان بولسا، كرېمنىي جىلغىسىنىڭ ھەقىقىي خەزىنىسى بۈگۈن يۇقىرى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مېڭىسىگە قاچىلانغان.

ئىككىنچىدىن، ئۇرۇشنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ پايدىسى تۆۋەنلىدى. تارىخنىڭ كۆپ قىسمىدا، دۆلەتلەر دۈشمەن زېمىنلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ياكى بېسىۋېلىش ئارقىلىق بېيىيالايتتى. بايلىقنىڭ كۆپ قىسمى يەر، چارۋا، قۇللار ۋە ئالتۇندىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنى بۇلاش ياكى ئىگىلىۋېلىش ئاسان ئىدى. بۈگۈن بايلىق ئاساسەن ئىنسان كاپىتالى، تېخنىكىلىق بىلىم ۋە بانكىلارغا ئوخشاش مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. نەتىجىدە ئۇنى ئېلىپ كېتىش ياكى ئۆز تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋېلىش تەس.

كالىفورنىيەنى ئويلاپ بېقىڭ. ئۇنىڭ دەسلەپكى بايلىقى ئالتۇن كانلىرىغا قۇرۇلغان. ئەمما بۈگۈن ئۇ سىلىكون ۋە سېللۇلوئىدقا، يەنى سىلىكون ۋادىسى بىلەن ھوللىۋۇدنىڭ سېللۇلوئىد دۆڭلىرىگە قۇرۇلغان. ئەگەر خىتاي كالىفورنىيەگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ، سان ـ فرانسىسكو دېڭىز ساھىلىغا بىر مىليون ئەسكەر چىقىرىپ بېسىپ كىرسە نېمە بولار؟ ئۇلار ئازلا نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ. سىلىكون ۋادىسىدا سىلىكون كانلىرى يوق. بايلىق گۇگىل ئىنژېنېرلىرى بىلەن ھوللىۋۇد سېنارىستلىرى، دوختۇرلىرى، رېژىسسورلار ۋە ئالاھىدە ئۇنۇم مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كاللىسىدا، ئۇلار خىتاي تانكىلىرى سۇنسېت بۇلۋارىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا باڭگالور ياكى بومبايغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. دۇنيادا ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشىغا ئوخشاش ئاز ساندىكى كەڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق ئۇرۇشلارنىڭ، بايلىق يەنىلا ئەنئەنىۋى مادىي بايلىق شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جايلاردا يۈز بېرىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. كۇۋەيت شەيخلىرى چەت ئەلگە قېچىپ كېتەلىگەن بىلەن، نېفىتلىكلەر ئۆز ئورنىدا قېلىپ ئىشغال قىلىندى.

ئۇرۇش پايدىسىز بولۇپ قالغاندا، تىنچلىق بۇرۇنقىدىن بەكرەك پايدىلىق بولدى. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئىگىلىكىدە يىراق مۇساپىلىك سودا ۋە چەتئەل مەبلىغى مۇھىم ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە، تىنچلىق ئۇرۇش چىقىملىرىدىن ساقلىنىشتىن باشقا ئانچە پايدا ئېلىپ كەلمەيتتى. مەسىلەن، 1400 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە تىنچ بولسا، فرانسۇزلار ئېغىر ئۇرۇش بېجى تۆلمەيتتى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ۋەيران قىلغۇچ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمايتتى، ئەمما باشقا جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ھەميانىغا پايدا كەلتۈرمەيتتى. زامانىۋى كاپىتالىستىك ئىقتىسادتا، چەتئەل سودىسى ۋە مەبلەغلىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. شۇڭا تىنچلىق ئالاھىدە پايدا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، دۇنيا سىياسىي مەدەنىيىتىدە يەر تەۋرىگەندەك غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. تارىختىكى نۇرغۇن سەرخىللار، مەسىلەن، ھون قەبىلە باشلىقلىرى، ۋىكىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئازتېك كاھىنلىرى ئۇرۇشنى ئاكتىپ، ياخشى ئىش دەپ قارايتتى. باشقىلار ئۇنى يامان ئەمما مۇقەررەر ئىش دەپ قارىغان. تارىخىمىزدا دۇنيا تۇنجى قېتىم تىنچلىقپەرۋەر سەرخىللار ــ سىياسەتچىلەر، تىجارەتچىلەر، زىيالىيلار ۋە

سەنئەتكارلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇشنى ھەم يامان ھەم ساقلانغىلى بولىدىغان ئىش دەپ قارايدۇ.

بۇ تۆت ئامىل ئارىسىدا ئەجايىپ تەسىر قايتۇرۇش ھالقىسى مەۋجۇت. يادرو ھالاكىتى تەھدىتى تىنچلىقپەرۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ تىنچلىقپەرۋەرلىك كېڭەيگەندە، ئۇرۇش چېكىنىدۇ ۋە سودا گۈللىنىدۇ؛ سودا ھەم تىنچلىقنىڭ پايدىسىنى ھەم ئۇرۇشنىڭ چىقىمىنى ئاشۇرىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بۇ تەسىر قايتۇرۇش ھالقىسى ئۇرۇشقا يەنە بىر توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

شۇڭا، زامانىۋى دەۋر مەنىسىز قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش ۋە زۇلۇمنىڭ دەۋرىمۇ، ياكى تىنچلىقنىڭ دەۋرىمۇ؟ جاۋاب ۋاقىتقا باغلىق. ئۆتمۈشكە بولغان كۆز قارىشىمىزنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىكى ۋەقەلەر تەرىپىدىن قانچىلىك بۇرمىلانغانلىقىنى چۈشىنىش بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. ئەگەر بۇ باب 1945 ياكى 1962 ـ يىلى يېزىلغان بولسا، بەلكىم تېخىمۇ قاراڭغۇ بولغان بولاتتى. 2014 ـ يىلى يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، زامانىۋى تارىخقا نىسبەتەن ئەجايىپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئۈمىدۋارلار ۋە ئۈمىدسىزلەرنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىز جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، بىرىنىڭ دەرۋازىسى بىلەن يەنە بىرىنىڭ كىرىش زالى ئارىسىدا جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز دەپ خۇلاسىلىيەلەيمىز. تارىخ تېخى بىزنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى قارار قىلمىدى، ئەمما تاسادىپىي ۋەقەلەر بىزنى بىرەر تەرەپكە يۆتكىلىشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

19. ئۇلار بەختلىك ياشىدى

كېيىنكى 500 يىل ھەيران قالارلىق ئىنقىلابلارغا گۇۋاھ بولدى. يەر شارى بىرلا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە تارىخىي ئاتموسفېرادا بىرلەشتى. ئىقتىساد تېز ئۆسۈپ، ئىنسانىيەت بۈگۈن ئىلگىرى چۆچەكلەردىلا بولىدىغان بايلىققا ئېرىشتى. پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەت ئىنقىلابى ئىنسانىيەتكە پەۋقۇلئاددە كۈچ ۋە چەكسىز ئېنېرگىيە بەردى. ئىجتىمائىي تەرتىپ پۈتۈنلەي ئۆزگەردى، سىياسەت، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىنسان پسىخولوگىيەسىمۇ ئۆزگەردى.

ئەمما بىز تېخىمۇ بەختلىكمۇ؟ ئىنسانىيەت كېيىنكى بەش ئەسىردە توپلىغان بايلىق يېڭى خۇشاللىققا ئايلاندىمۇ؟ تۈگىمەس ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ بايقىلىشى بىزگە تۈگىمەس بەخت ـ سائادەت ئامبارلىرىنى ئاچتىمۇ؟ تېخىمۇ ئارقىغا قايتىپ، ئەقىل ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 70 مىڭ يىللىق داۋالغۇشلۇق دەۋر دۇنيانى ياشاشقا تېخىمۇ ياخشى جاي قىلدىمۇ؟ ئايدىكى شامالسىز يەردە ئىز قالدۇرغان مەرھۇم نېيل ئارمسترونگ، 30 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇۋچى ـ غەنىمەتچىدىن بەختلىكمىدى؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، يېزا ئىگىلىك، شەھەرلەر، يېزىق، پۇل، ئىمپېرىيەلەر، پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

تارىخچىلار بۇنداق سوئاللارنى كام سورايدۇ. ئۇلار ئۇرۇك ۋە بابىلنىڭ پۇقرالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوۋچى ئەجدادلىرىدىن بەختلىكمىدى، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى مىسىرلىقلارنى تۇرمۇشىدىن تېخىمۇ مەمنۇن قىلدىمۇ، ياكى ئافرىقىدىكى ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرىنىڭ يىمىرىلىشى سان ـ ساناقسىز مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ بەختىگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى دېگەندەك سوئاللارنى سورىمايدۇ. ئەمما بۇلار تارىختا قويۇلىدىغان ئەڭ مۇھىم سوئاللاردۇر.

نۆۋەتتىكى كۆپىنچە ئىدىيەلەر ۋە سىياسىي پروگراممىلار ئىنسان بەختىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى توغرىسىدىكى ناھايىتى ئاجىز ئىدىيەلەرگە ئاساسلانغان. مىللەتچىلەر ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى بەلگىلەش بەختىمىز ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارايدۇ. كوممۇنىستلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرلۇقى ئاستىدا ھەممە كىشى بەختلىك بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ. كاپىتالىستلار پەقەت ئەركىن بازارلا ئىقتىسادىي ئۆسۈش ۋە ماددىي باياشاتلىقنى يارىتىش ھەمدە كىشىلەرگە ئۆزىگە تايىنىش ۋە تەشەببۇسكارلىقنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئەڭ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بەختىگە كاپالەتكە قىلالايدۇ دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

جىددىي تەتقىقات بۇ پەرەزلەرنى ئىنكار قىلسا نېمە بولار؟ ئەگەر ئىقتىسادىي ئۆسۈش ۋە ئۆزىگە تايىنىش كىشىلەرنى بەختلىك قىلمىسا، كاپىتالىزمنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئەگەر چوڭ ئىمپېرىيە پۇقرالىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىدىن بەختلىك ئىكەنلىكى، مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدا فرانسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان ئالجىرىيەلىكلەرنىڭ بۈگۈن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۈنلىرىدىن بەختلىك بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇ، مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇش جەريانى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي تەقدىرىنى بەلگىلەشنىڭ قىممىتى ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرەزىي ئىمكانىيەتلەر، چۈنكى ھازىرغىچە تارىخچىلار بۇ سوئاللارنى قويۇشتىن ساقلىنىپ كەلدى. ئۇلار ھەممە نەرسىنىڭ تارىخىنى ـ سىياسەت، جەمئىيەت، ئىقتىساد، جىنسىيەت، كېسەللىكلەر، جىنسىي مۇناسىۋەت، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. ئەمما بۇلارنىڭ ئىنسان بەختىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئاز توختالدى.

گەرچە ئاز ساندىكى كىشىلەر بەختنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىنى تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، ھەر بىر ئالىم ۋە ئاددىي پۇقرانىڭ بۇ ھەقتە مەلۇم چۈشەنچىسى بار. بىر ئورتاق كۆز قاراش شۇكى، ئىنسان قابىلىيەتلىرى تارىخ داۋامىدا ئۆسۈپ كەلگەن. ئىنسانلار ئادەتتە ئۆز قابىلىيەتلىرىنى قىيىنچىلىقلارنى يېنىكلىتىش ۋە ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، بىز ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەجدادلىرىمىزدىن بەختلىك بولۇشىمىز، ئۇلار تاش دەۋرىدىكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەردىن بەختلىك بولۇشى كېرەك.

ئەمما بۇ تەرەققىيپەرۋەر چۈشەندۈرۈش ئىشەنچلىك ئەمەس. كۆرگىنىمىزدەك، يېڭى قابىلىيەتلەر، ھەرىكەتلەر ۋە ماھارەتلەر مۇقەررەر ھالدا ياخشىراق تۇرمۇشنى بارلىققا كەلتۈرمەيدۇ. ئىنسانلار يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدا يېزا ئىگىلىكنى ئۆگەنگەندە، ئۇلارنىڭ

مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈش كوللېكتىپ كۈچى ئاشتى، ئەمما نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

دېھقانلار ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەردىن قاتتىقراق ئىشلەپ، تۇرى ئاز ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن يېمەكلىككە ئېرىشتى، ئۇلار كېسەل ۋە ئېكسپلاتاتسىيەگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىدى. شۇنىڭدەك، ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرى كېڭىيىش ئارقىلىق يېڭى سودا يوللىرىنى ئېچىپ، ئىدىيەلەر، تېخنولوگىيەلەر ۋە ئاشلىقلارنى ئالماشتۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ كوللېكتىپ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئەمما بۇ مىليونلىغان ئافرىقىلىقلار، يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ يەرلىك قەبىلىلىرى ئۈچۈن ياخشى خەۋەر ئەمەس ئىدى.

كۈچنى خاتا ئىشلىتىشتىن ئىسپاتلانغان ئىنساني مايىللىقنى نەزەر سالغاندا، كىشىلەرنىڭ تەسىرى قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە بەختلىك بولىدۇ دەپ ئىشىنىش ساددىلىق بولىدۇ. بۇ كۆز قاراشنى بەزىلەر ئىنكار قىلىپ، پۈتۈنلەي قارشى پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇلار ئىنسان قابىلىيەتلىرى بىلەن بەخت ئارىسىدا تەتۈر مۇناسىۋەت بولىدۇ، كۈچ ـ قۇدرەت ھەممىنى بۇزىدۇ دەيدۇ. ئىنسانىيەت قانچە كۆپ كۈچكە ئىگە بولغانسېرى، ھەقىقىي ئېھتىياجلىرىمىزغا ماس كەلمەيدىغان سوغۇق، ماشىنىلاشقان دۇنيا ياراتتى.

تەدرىجىي تەرەققىيات زېھنىمىز ۋە تېنىمىزنى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرغانىدى. ئاۋۋال يېزا ئىگىلىككە، كېيىن سانائەتكە ئۆتۈش بىزنى تەبىئىي بولمىغان تۇرمۇشتا ياشاشقا مەھكۇم قىلدى. بۇ تۇرمۇش بىزنىڭ تۇغما مايىللىقىمىز ۋە بىۋاستە تۇيغۇلىرىمىزنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەيدۇ، شۇڭا چوڭقۇر ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرالمايدۇ. شەھەرلىك ئوتتۇرا سىنىپنىڭ راھەت تۇرمۇشىدىكى ھېچقانداق نەرسە ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ماموت ئوۋىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېيىنكى ۋەھشىي ھاياجان ۋە ساپ خۇشاللىقىغا يېتەلمەيدۇ. ھەر بىر يېڭى ئىختىرا بىزنى باغۇ ئېرەم (جەننەت) باغچىسىدىن يەنە بىر قەدەم يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئەمما ھەر بىر ئىختىرانىڭ كەينىدىن پالاكەت كېلىدۇ دەپ چىڭ تۇرۇش تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكىگە بولغان ئىشەنچتەك دوگماتىك. بەلكىم بىز ئىچىمىزدىكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچى بىلەن ئالاقىمىزنى ئۈزگەن بولۇشىمىز مۇمكىن، ئەمما تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى يامان ئەمەس. مەسىلەن، كېيىنكى ئىككى ئەسىردە زامانىۋى تىببىي پەن بالىلار ئۆلۈم نىسبىتىنى 33 پىرسەنتتىن 5 پىرسەنتتىن تۆۋەنگە چۈشۈردى. بۇنىڭ پەقەت ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن بولغان بالىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ۋە دوستلىرىنىڭ بەختىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىغا كىم گۇمان قىلالايدۇ؟

تېخىمۇ نازۇك پوزىتسىيە ئوتتۇرا يولنى تۇتىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىغىچە كۈچ بىلەن بەخت ئارىسىدا ئېنىق مۇناسىۋەت يوق ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانلار ھەقىقەتەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوۋچى ـ غەنىمەتچى ئەجدادلىرىدىن بەختسىزرەك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىردە ئىنسانلار ئۆز قابىلىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئەقىل بىلەن ئىشلىتىشنى

ئۆگەندى. زامانىۋى تېببىي پەننىڭ غەلىبىلىرى پەقەت بىر مىسال. باشقا مىسلىسىز نەتىجىلەر، زوراۋانلىقنىڭ بىراقلا تۆۋەنلىشى، خەلقئارالىق ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسەن يوقىلىشى ۋە چوڭ كۆلەملىك ئاچارچىلىقنىڭ ئاساسەن ئايىغلىشىشى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

ئەمما بۇمۇ بىر ئاددىيلاشتۇرۇش. بىرىنچىدىن، بۇ ئۈمىدۋار باھا ناھايىتى ئاز يىللىق مىساللارغا ئاساسلانغان. كۆپچىلىك ئىنسانلار زامانىۋى تېببىي پەننىڭ نەتىجىلىرىدىن 1850 ـ يىلدىن بۇرۇن بەھرىمەن بولالمىدى، بالىلار ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ كەسكىن تۆۋەنلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ ھادىسىسى. چوڭ كۆلەملىك ئاچارچىلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازابلىدى. كوممۇنىست خىتاينىڭ ″چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش″ دەۋرىدە (1958 ـ 1961)، ئاز دېگەندە 40 مىليون ئىنسان ئاچلىقتىن ئۆلدى. خەلقئارالىق ئۇرۇشلار پەقەت 1945 ـ يىلدىن كېيىن، ئاساسلىقى يادرو قورالى تەھدىتى سەۋەبىدىن ئازايدى.

شۇڭا، گەرچە كېيىنكى بىر نەچچە ئون يىل ئىنسانىيەت ئۈچۈن مىسلىسىز ئالتۇن دەۋر بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭ تارىخ ئېقىمىدىكى ئاساسىي ئۆزگىرىشنى ياكى ۋاقىتلىق ياخشى پۇرسەتنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىش بەك بالدۇر. زامانىۋىلىقنى باھالىغاندا، 21 ـ ئەسىردىكى غەرب ئوتتۇرا قاتلام سىنىپىنىڭ كۆز قارىشىنى قوللىنىش بەك ئاسان. ئەمما بىز 19 ـ ئەسىردىكى ۋېلش كۆمۈر كان ئىشچىلىرى، خىتايدىكى ئەپيۇنكەشلەر ياكى تاسمانىيەدىكى يەرلىك قەبىلىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. تروۇگانى (تاسمانىيەدىكى ئاخىرقى يەرلىك ئادەم) نىڭ مۇھىملىقى ياۋروپالىق خومېر سىمپسوندىن تۆۋەن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، كېيىنكى يېرىم ئەسىردىكى قىسقا ئالتۇن دەۋرمۇ كەلگۈسىدىكى پاجىئەنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى بىر نەچچە ئون يىلدا، بىز پىلانېتىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ھەر خىل يېڭى ئۇسۇللار بىلەن بۇزۇپ كەلدۇق، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولىدىغاندەك قىلىدۇ. نۇرغۇن دەلىللەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھېچنېمىگە قارىماي ئىستېمال قىلىش دولقۇنىدا كېتىۋاتقان بىز، كېيىنكى ئىنسانلانىڭ گۈللىنىشىگە كېرەكلىك مەنبەرلەرنى ۋەيران قىلىۋاتىمىز.

ئاخىرىدا، ئەگەر بىز باشقا بارلىق ھايۋانلارنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلساقلا، زامانىۋى ئىنسانلارنىڭ مىسلىسىز نەتىجىلىرى بىلەن ماختىنالايمىز. بىزنى كېسەللىك ۋە ئاچارچىلىقتىن قوغدايدىغان ماددىي بايلىقنىڭ كۆپ قىسمى تەجرىبىخانا مايمۇنلىرى، سۈت كالىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى توخۇلارنىڭ بەدىلىگە توپلانغان. كېيىنكى ئىككى ئەسىردە نەچچە ئون مىليارد ھايۋان يەر شارى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان رەھىمسىز سانائەت ئېكسپلاتاتسىيەسىگە دۇچار بولدى. ئەگەر بىز ھايۋانلارنى قوغداش پائالىيەتچىلىرىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنىلا قوبۇل قىلساقمۇ، زامانىۋى سانائەت يېزا ئىگىلىكى تارىختىكى ئەڭ چوڭ جىنايەت بولۇشى مۇمكىن. دۇنياۋى بەختنى باھالىغاندا، پەقەت يۇقىرى تەبىقىنىڭ،

ياۋروپالىقلارنىڭ ياكى ئەرلەرنىڭلا بەختىنى ھېسابلاش خاتا. بەلكىم پەقەت ئىنسانلارنىڭلا بەختىنى ئويلاشمۇ خاتادۇر.

بەختنى ئۆلچەش

ھازىرغىچە بىز بەختنى ساغلاملىق، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە بايلىققا ئوخشاش ماددىي ئامىللارنىڭ مەھسۇلاتى دەپ مۇھاكىمە قىلدۇق. ئەگەر كىشىلەر تېخىمۇ باي ۋە ساغلام بولسا، ئۇلار چوقۇم تېخىمۇ بەختلىك بولۇشى كېرەك. ئەمما بۇ راستىنلا شۇنداقمۇ؟ پەيلاسوپلار، روھانىيلار ۋە شائىرلار مىڭ يىللاردىن بۇيان بەختنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي ئامىللارنىڭ بەختىمىزگە ماددىي شارائىتلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى يەكۈنلىگەن. بەلكىم زامانىۋى، باياشات جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بايلىقىغا قارىماي، ياتلىشىش ۋە مەنىسىزلىكتىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا بىزنىڭ ئانچە باي بولمىغان ئەجدادلىرىمىز جەمئىيەت، دىن ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان باغلىنىشتىن كۆپ قانائەت تاپقان بولۇشى مۇمكىن

يېقىنقى ئون يىللاردا، پسىخولوگلار ۋە بىئولوگلار كىشىلەرنى ھەقىقەتەن نېمىنىڭ بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ پۇل، ئائىلە، ئىرسىيەت ياكى پەزىلەتمۇ؟ تۇنجى قەدەمدە نېمىنى ئۆلچەپ نېمىنى ئېنىقلايمىز؟ بەختنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئېنىقلىمىسى «مەنىۋى تۇرمۇش». بۇ كۆز قاراش بويىچە، بەخت مەن ھېس قىلىدىغان، ھۇزۇرلىنىدىغان، كۆڭلىرىمدىن ئۇزاققىچە قانائەت ھاسىل قىلىدىغان بىر تۇيغۇ. ئەگەر بۇ سۇبيېكتىپ تۇيغۇ بولسا، ئۇنى سىرتتىن قانداق ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟ پەرەز قىلىشچە، بىز كىشىلەردىن ئۇزلىرىنى قانداق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى سوراش ئارقىلىق بۇنى قىلالايمىز. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك بەختلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى باھالىماقچى بولغان پسىخولوگلار ياكى بىئولوگلار ئۇلارغا سوئال ـ جاۋاب جەدۋىلى بېرىپ، نەتىجىلەرنى ھېسابلايدۇ.

بۇ راي سىناش جەدۋىلى سوئال سورالغۇچىلاردىن «مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ھالىمدىن مەمنۇن»، «مەن ھاياتنىڭ بۇيۈك ھەدىيە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن»، «مەن كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قارايمەن» ۋە «ياشىماق قالتىس ئىشتۇر» دېگەندەك بايانلارغا نۆلدىن ئونغىچە قوشۇلۇش دەرىجىسىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەتقىقاتچى ئاندىن بارلىق جاۋابلارنى قوشۇپ، سوئال سورالغۇچىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش دەرىجىسىنى ھېسابلايدۇ.

بۇنداق سوئال ـ جاۋاب جەدۋىلى بەخت تۇيغۇسىنى ھەر خىل ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بىر تەتقىقاتچى يىللىق كىرىمى 100 مىڭ دوللار بولغان مىڭ كىشى بىلەن 50 مىڭ دوللار تاپىدىغان مىڭ كىشىنى سېلىشتۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر تەتقىقاتچى بىرىنچى گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىچە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسى 8.7، كېيىنكىسىنىڭ پەقەت 7.3 ئىكەنلىكىنى بايقىسا، بايلىق بىلەن مەنىۋى تۇرمۇش ئارىسىدا ئىجابىي مۇناسىۋەت بار دەپ

خۇلاسە چىقىرالايدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، پۇل بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ئوخشاش ئۇسۇلنى «دېموكراتىيەدە ياشاۋاتقان كىشىلەر دىكتاتورلۇقتا ياشاۋاتقانلارغا قارىغاندا بەختلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ»، «توي قىلغانلار بويتاقلارغا، ئاجراشقانلارغا ياكى تۇل قالغانلارغا قارىغاندا بەختلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ» دېگەندەك تەكشۈرۈشلەرگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

بۇ تارىخچىلار ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ، ئۇلار ئۆتمۈشتىكى بايلىق، سىياسىي ئەركىنلىك ۋە ئاجرىشىش نىسبەتلىرىنى تەكشۈرەلەيدۇ. ئەگەر كىشىلەر دېموكراتىيەدە بەختلىكرەك بولسا ۋە نىكاھلانغانلار ئاجراشقانلارغا قارىغاندا بەختلىكرەك بولسا، تارىخچى يېقىنقى ئون يىللاردىكى دېموكراتىيەلىشىش جەريانىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە تۆھپە قوشقانلىقىنى، ئەمما ئۆسۈۋاتقان ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ بولسا تەتۈر يۆنىلىشنى كۆرسەتكەنلىكىنى دەلىللىيەلەيدۇ.

بىر قىزىقارلىق خۇلاسە شۇكى، پۇل ھەقىقەتەنمۇ بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما پەقەت مەلۇم چەككىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئاز. ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن، كۆپرەك پۇل كۆپرەك بەخت دېگەنلىك. ئەگەر سىز يىلدا 12 مىڭ دوللار تاپىدىغان ئامېرىكىلىق يالغۇز ئانا بولۇپ، لاتارىيەدىن تەلىيىڭىز كېلىپ 500 مىڭ دوللار ئۇتۇۋالسىڭىز، سىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىڭىزدا مۇھىم ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك يۈكسىلىش بولۇشى مۇمكىن. بالىلىرىڭىزنى قەرزگە پېتىپ قالماي ئوزۇقلاندۇرالايسىز ۋە كىيىندۇرەلەيسىز. ئەگەر سىز يىلدا 250 مىڭ دوللار تاپىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى بولۇپ، لاتارىيەدىن 1 مىليون دوللار ئۇتۇۋالسىڭىز ياكى شىركىتىڭىز تۇيۇقسىز مائاشىڭىزنى ئىككى ھەسسە ئۆستۈرسە، سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز پەقەت بىر نەچچە ھەپتىگە سوزۇلۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر قىزىقارلىق بايقاش شۇكى، كېسەللىك قىسقا مۇددەتتە بەخت تۇيغۇسى تۆۋەنلىتىدۇ، ئەمما كىشىنىڭ ئەھۋالى داۋاملىق ناچارلىشىۋاتقان، كېسىلى ئۇنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇ كېسەل ئۇزۇن مۇددەتلىك ئازاب مەنبەسى بولىدۇ. دىيابېت كېسىلى قاتارلىق ئۇزاق مۇددەتلىك كېسەللىك بىلەن دىئاگنوز قويۇلغان كىشىلەر ئادەتتە بىر مەزگىل چۈشكۈنلۈككە پاتىدۇ، ئەمما ئەگەر كېسەللىك ئېغىرلاشمىسا، ئۇلار يېڭى ئەھۋالغا كۆنۈپ، ساغلام كىشىلەرگە ئوخشاش دەرىجىدە بەختلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئائىلە ۋە جەمئىيەت پۇل بىلەن ساغلاملىقتا قارىغاندا بەختىمىزگە تېخىمۇ كۆپ تەسىر كۆرسىتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۈچلۈك ئائىلىسى بار ۋە مۇناسىۋەتلىرى زىچ باغلانغان، ئۆزلىرىنى قوللايدىغان جەمئىيەتتە ياشايدىغان كىشىلەر، ئائىلىسى پاراكەندە ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇش پۇرسىتىنى تاپالمىغان (ياكى ئىزدىمىگەن) كىشىلەرگە قارىغاندا خېلىلا بەختلىك.

ئەڭ مۇھىم بايقاش شۇكى، بەخت ھەقىقەتەن بايلىق، ساغلاملىق، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتلىرىگە باغلىق ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ ئوبيېكتىپ شارائىتلار بىلەن سۇبيېكتىپ ئۈمىدلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە باغلىق. ئەگەر سىز كالا هارۋىسى خالاپ، كالا

هارۋىسغا ئېرىشىسىڭىز، قانائەتلىنىسىز. ئەگەر يېڭى فېرراري خالاپ، پەقەت ئىككىنچى قول فىئات ئالسىڭىز، ئۆزىڭىزنى مەھرۇم قالغاندەك ھېس قىلىسىز. شۇڭا لاتارىيەدە ئۇتۇش، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىگە، مېيىپ قىلغۇچى ماشىنا ۋەقەسى بىلەن ئوخشاش تەسىرنى كۆرسىتىدۇ. ئەھۋال ياخشىلانغاندا ئۈمىد كۆپىيىدۇ، ھەتتا شارائىتىمىزنىڭ تېزلا ياخشىلىنىشىمۇ بىزنى قانائەتسىز قالدۇرۇشى مۇمكىن. ئەھۋال ناچارلاشقاندا، ئۈمىد ئازلايدۇ ، نەتىجىدە ھەتتا ئېغىر كېسەللىكمۇ سىزنى بۇرۇنقىدەك بەختلىك قالدۇرۇشى مۇمكىن.

سىز بەلكىم بۇنى بايقاش ئۈچۈن پسىخولوگلار ۋە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئېھتىياجىمىز يوق دېيىشىڭىز مۇمكىن. پەيغەمبەرلەر، شائىرلار ۋە پەيلاسوپلار مىڭلىغان يىللار بۇرۇنلا بار نەرسىدىن رازى بولۇشنىڭ، خالىغان نەرسىدىن تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىشتىن كۆپ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنداقتىمۇ، نۇرغۇن سانلار ۋە دىئاگراممىلار بىلەن كۆچەيتىلگەن زامانىۋى تەتقىقاتنىڭ قەدىمكىلەر يەتكەن خۇلاسىگە يېتىشى ياخشى ئەھۋال.

ئىنسان ئۈمىدلىرىنىڭ ھالقىلىق مۇھىملىقى بەخت تارىخىنى چۈشىنىشتە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. ئەگەر بەخت پەقەت بايلىق، ساغلاملىق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردەك ئوبيېكتىپ شارائىتلارغىلا باغلىق بولسا، ئۇنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش نىسبەتەن ئاسان بولاتتى. بەختنىڭ سۇبيېكتىپ ئۈمىدلەرگە باغلىق ئىكەنلىكى تارىخچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ. زامانىمىزدا نېرۋىنى تىنچلاندۇرغۇچى ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچ دورىلىرىمىز، ئۇسكۇنە ـ ئەسۋابلىرىمىز بار، ئەمما راھەت ۋە ھۇزۇرغا بولغان ئۈمىدىمىز، قولايسىزلىق ۋە بىئاراملىققا بولغان چىداملىقىمىز شۇ دەرىجىدە ئاشتىكى، ئەجدادلىرىمىزغا قارىغاندا بىزلەر تېخىمۇ كۆپ ئازاب چېكىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن.

بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىش تەس. مەسىلە بىزنىڭ پسىخىكىمىزغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن مەنتىقلىق خاتالىقتا. بىز باشقىلارنىڭ ھازىر قانچىلىك بەختلىك ئىكەنلىكىنى ياكى ئۆتمۈشتىكى كىشىلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماقچى بولغاندا، ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز. ئەمما بۇ ئۇسۇل ئىشلىمەيدۇ، چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئۈمىدلىرىمىزنى باشقىلارنىڭ ماددىي شارائىتلىرىغا باغلاپ قويىدۇ. زامانىۋى ھەم باياشات جەمئىيەتلەردە ھەر كۈنى مۇنچىغا چۈشۈپ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئادەتتىكى ئىش. ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانلار ئايلاپ يۇيۇنماي يۈرگەن ۋە كىيىملىرىنى ئاساسەن ئالماشتۇرمىغان. بۇنداق كىرلىشىپ، بەدبۇي پۇراپ ياشاش بىزگە يىرگىنچلىك تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانلار بۇنىڭدىن ئانچە رەنجىمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىت يۇيۇلمىغان كۆينەكنىڭ سېزىمى ۋە پۇرىقىغا كۆنۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كىيگۈدەك كىيىمى بولسىمۇ، لېكىن ئالماشتۇرۇشنى بەك خالاپ كەتمىگەن، ئۇلاردا خالىغان نەرسىسى بار ئىدى. شۇڭا، ھېچ بولمىغاندا كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە، ئۇلار قانائەتلەنگەن.

ئويلاپ باقسىڭىز، بۇ ئۇنچە ھەيران قالارلىق ئەمەس. بىزنىڭ شىمپانزىپ تۇغقانلىرىمىزمۇ كەمدىن كەم يۇيۇنىدۇ ۋە ھېچقاچان كىيىملىرىنى ئالماشتۇرمايدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىمىز بولغان ئىت ۋە مۈشۈكلەرنىڭ مۇنچىغا چۈشمەيدىغانلىقى ياكى يۇڭلىرىنى ھەر كۈنى ئالماشتۇرمايدىغانلىقىدىن يىرگەنمەيمىز. بىز يەنىلا ئۇلارنى سىلايمىز، قۇچاقلايمىز ۋە سۆيىمىز. باياشات جەمئىيەتتىكى كىچىك باللارنىڭ كۆپىنچىسى مۇنچىغا چۈشۈشنى ياقتۇرمايدۇ، قارىماققا جەلپكار كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەتنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيىسى كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇمىدلەرگە باغلىق.

45. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە گۈزەللىك ئۆلچىمىنى ئەتراپىڭىزدىكى بىر ئوچۇم كىشىلەرلا بەلگىلەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، تاراتقۇلار ۋە مودا ساھەسى بىزنى پۈتۈنلەي رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گۈزەللىك ئۆلچىمىگە دۇچار قىلماقتا. ئۇلار يەر شارىدىكى ئەڭ كېلىشكەن ۋە چىرايلىق كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئاندىن ئۇلارنى توختىماي كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ بىزنىڭ ئۆز تاشقى قىياپىتىمىزدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ نارازى بولۇشىمىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەگەر بەخت ئۇمىدلەر بىلەن بەلگىلەنسە، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى بولغان ئاممۋى ئاخبارات ۋە ئېلان ساھەسى دۇنيانىڭ قانائەت زاپىسىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەستىن تۈگىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز 5000 يىل بۇرۇن كىچىك بىر يېزىدا 18 ياشتا بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى چىرايلىق دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى، چۈنكى يېزىڭىزدا پەقەت 50 ئەر كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يا قېرى، تاتۇق، قورۇق ياكى كىچىك

باللار ئىدى. ئەمما بۈگۈن بىر ئۆسمۈر بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى يېتەرسىز ھېس قىلىش ئېھتىماللىقىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى. مەكتەپتىكى باشقا باللار سەت بولسىمۇ، سىز ئۆزىڭىزنى ئۇلار بىلەن ئەمەس، تېلېۋىزور، فېيسبۇك ۋە ئېلان تاختىلىرىدا كۈن بويى كۆرۈنىدىغان كىنو چولپانلىرى، تەنتەربىيە چولپانلىرى ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى مودېللار بىلەن سېلىشتۇرىسىز.

شۇڭا، ئۈچىنچى دۇنيا نارازىلىقى پەقەت نامراتلىق، كېسەللىك، پاراكەندىچىلىك ۋە سىياسىي زۇلۇمدىنلا ئەمەس، بەلكى بىرىنچى دۇنيا ئۆلچەملىرىگە دۇچ كېلىشتىنمۇ قوزغالغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتىكى بىر مىسىرلىق كىشى ھوسنى مۇبارەك دەۋرىدە رامسېس II ياكى كلېئوپاترا دەۋرىگە قارىغاندا ئاچارچىلىق، ۋابا ياكى زوراۋانلىقتىن ئۆلۈش ئېھتىماللىقى كۆپ تۆۋەن ئىدى. مىسىرلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماددىي شارائىتى ھېچقاچان بۇنداق ياخشى بولۇپ باقمىغان. سىز ئۇلارنى 2011-يىلى كوچىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ، بەختى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇلار غەزەپ بىلەن مۇبارەكنى ئاغدۇرۇشقا قوزغالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى پىرئەۋنلار دەۋرىدىكى ئەجدادلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوباما باشقۇرۇۋاتقان ئامېرىكىدىكى زامانداشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتاتتى.

ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا، ھەتتا ئۆلمەسلىكمۇ نارازىلىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. پەن-تېخنىكا بارلىق كېسەللەرگە داۋا، قېرىشقا قارشى ئۈنۈملۈك داۋالاش ۋە كىشىلەرنى مەڭگۈ ياش ساقلايدىغان يېڭى ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقتى دەپ پەرەز قىلايلى. ئەمما نەتىجە بەلكىم مىسلىسىز غەزەپ ۋە ئەندىشە يۇقۇمى بولىدۇ.

يېڭى مۆجىزە، داۋالاشلارنى كۆتۈرەلمەيدىغانلار (كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى) غەزەپتىن ئۆزلىرىنى تۇتالمايدۇ. تارىخ بويى، نامرات ۋە ئېزىلگەنلەر ئۆزلىرىنى ھېچ بولمىغاندا ئۆلۈم ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ؛ باي ۋە كۈچلۈكلەرمۇ ئۆلىدۇ دېگەن ئوي بىلەن تەسەللى تاپقان. نامراتلار ئۆزىنىڭ ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى ئويلىسا بىئارام بولمايدۇ، ھالبۇكى بايلار مەڭگۈ ياش ۋە گۈزەل تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

يېڭىچە داۋالاش چىقىملىرىنى كۆتۈرەلەيدىغان ئاز سانلىقلارمۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بولىدۇ. يېڭىچە داۋالاشلار ئۆمۈرنى ۋە ياشلىقنى ئۇزارتالىسىمۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ. مەن ۋە يېقىنلىرىم مەڭگۈ ياشىيالايمىز، ئەمما بىزنى يۈك ماشىنىسى سوقۇۋەتمىسە ياكى تېررورچىلار پارتلىتىۋەتمىسە بولاتتى-دە! بۇنى ئويلاش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ئۇ ھالدا، جاسارىتى تېخى ئۆلمىگەن كىشىلەرمۇ ئەڭ كىچىك خەتەرگە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ خوتۇن-باللىرى ياكى يېقىن دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابى چىدىغۇسىز بولىدۇ.

هورموندىكى بەخت

ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى مەنىۋى ھايات رازىمەنلىكى سىناق سوئالىنى تارقىتىپ، نەتىجىلەرنى بايلىق ۋە سىياسىي ئەركىنلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئامىللار بىلەن باغلايدۇ. بىئولوگلار ئوخشاش سوئالنامىلەرنى ئىشلىتىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ جاۋابلىرىنى بىئوخىمىيەلىك ۋە گېنېتىكىلىق ئامىللار بىلەن باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ بايقاشلىرى ھەيران قالارلىق.

بىئولوگلار بىزنىڭ روھىي ۋە ھېسسىي دۇنيايىمىزنى نەچچە مىليون يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بىئوخىمىيەلىك مېخانىزملار باشقۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. باشقا پۈتۈن روھىي ھالەتلەرگە ئوخشاش، بىزنىڭ مەنىۋى بايلىقىمىز مائاش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى سىياسىي ھوقۇقلارغا ئوخشاش تاشقى ئۆلچەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى سېروتونىن، دوپامىن ۋە ئوكسىتوسىن قاتارلىق مۇرەككەپ نېرۋا، نېيرون، سىناپس ۋە ھەر خىل بىئوخىمىيەلىك ماددىلار سىستېمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

لاتارىيەدە ئۇتۇش، ئۆي سېتىۋېلىش، تۇرمۇشتا راۋاج تېپىش، ھەتتا ھەقىقىي مۇھەببەتنى تېپىشمۇ ھېچكىمنى بەختلىك قىلالمايدۇ. كىشىلەرنى بەختلىك قىلىدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ بەدەندىكى يېقىملىق سېزىملار. لاتارىيەدە ئۇتقان ياكى يېڭى مۇھەببەتنى تېپىپ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتكەن كىشى ئەمەلىيەتتە پۇل ياكى سۆيگۈچىسىگە ئىنكاس قايتۇرۇۋاتقىنى يوق. ئۇ قان تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان ھەر خىل ھورمونلارغا ۋە مېڭىسىدە چاقناۋاتقان ئېلېكتر سىگناللىرىنىڭ ئېقىمىغا ئىنكاس قايتۇرۇۋاتىدۇ.

يەر يۈزىدە جەننەت يارىتىش ئۈمىدىگە كېلىۋاتقان بىر كېلىشمەسلىك شۇكى، ۋۇجۇدىمىزدىكى بىئوخىمىيەلىك سىستېما بەخت دەرىجىسىنى نىسبەتەن تۇراقلىق ساقلاشقا پروگراممىلانغاندەك قىلىدۇ. بەخت ئۈچۈن تەبىئىي تاللاش يوق، بەختلىك يالغۇز ياشىغۇچىنىڭ گېن لىنىيەسى يوقىلىدۇ، ئەنسىز ياشىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ گېنلىرى كېيىنكى ئەۋلادقا ئۆتىدۇ. بەخت ۋە بەختسىزلىك پەقەت ھايات قېلىپ كۆپىيىشنى رىغبەتلەندۈرۈش ياكى ئۇنى توسۇش ئۈچۈنلا رول ئوينايدۇ. شۇڭا، تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ بىزنى بەك بەختلىك ياكى بەك بەختسىز بولماسلىق قېلىپىغا سېلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇ بىزنىڭ ۋاقىتلىق يېقىملىق سېزىملەردىن ھۇزۇرلىنىشىمىزغا يول قويىدۇ، ئەمما بۇلار مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ. ھۇزۇرلار پەسىيىپ، يېقىمسىز سېزىملەرگە ئورۇن بېرىدۇ.

مەسىلەن، تەدرىجىي تەرەققىيات ئەركەكلەرگە تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق گېنلىرىنى تارقاتسۇن دەپ يېقىملىق سېزىملەرنى ھەدىيە قىلغان. ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەت بۇنداق ھۇزۇر بىلەن بىللە كەلمىگەن بولسا، بۇ ئىشقا ئاز ساندىكى ئەركەكلەرلا كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىيات بۇ يېقىملىق سېزىملەرنىڭ تېزلا پەسىيىشىگە كاپالەتلىك قىلغان. ئەگەر يۇقىرى پەللىدىكى جىنسىي ھاياجان مەڭگۈ

داۋاملاشقان بولسا، بەك بەختلىك ئەركەكلەر تاماق يېيىشكىمۇ رايى بارماي ئاچلىقتىن ئۆلەتتى ـ دە، باشقا ئايالىلارنى ئىزدەش جاپاسى تارتمايتتى.

بەزى ئالىملار ئىنسان بىئوخىمىيەسىنى ھاۋا ئىسسىق، سوغۇق ياكى قار ـ بورانلىق بولسۇن، تېمپېراتۇرىنى تۇراقلىق ساقلايدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچ سىستېمىسىغا ئوخشىتىدۇ. ۋەقەلەر تېمپېراتۇرىنى ۋاقىتلىق ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن، ئەمما ھاۋا تەڭشىگۈچ سىستېمىسى تېمپېراتۇرىنى دائىم بەلگىلەنگەن نۇقتىغا قايتۇرىدۇ.

بەزى ھاۋا تەڭشىگۈچ سىستېمىلىرى 25 سېلسىيە گرادۇسقا تەڭشەلگەن. باشقىلىرى 20 گرادۇسقا تەڭشەلگەن. ئىنسانلارنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى تەڭشەش سىستېمىلىرىمۇ ئادەملەرگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. بىردىن ئونغىچە بولغان ئۆلچەمدە، بەزى كىشىلەر كەيپىياتىنىڭ ئالتە بىلەن ئون ئارىسىدا ئۆزگىرىشىگە يول قويىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سەككىزدە تۇراقلىشىدىغان خۇشخۇي ھورمونلىرى بىلەن تۇغۇلىدۇ. بۇنداق كىشى يات، چوڭ شەھەردە ياشىسىمۇ، بازاردا بارلىق پۇلىنى يوقاتسىمۇ، دىيابېت كېسىلى دەپ دىئاگنوز قويۇلسىمۇ يەنىلا خۇشال ياشايدۇ. بەزى كىشىلەر ئۈچ بىلەن يەتتە ئارىسىدا ئۆزگىرىدىغان ۋە بەشتە تۇراقلىشىدىغان چۈشكۈنلۈك ھورمونى بىلەن لەنەتلەنگەن بولىدۇ. بۇنداق بەختسىز كىشى جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسىمۇ، لاتارىيەدە مىليون دوللارنى ئۇتسىمۇ ۋە تەنھەرىكەتچىلەردەك ساغلام بولسىمۇ يەنىلا چۈشكۈن ھالەتتە قالىدۇ. دەرۋەقە، ھەتتا بىزنىڭ غەمكىن دوستىمىز ئەتىگەندە 50 مىليون دوللار ئۇتسا، چۈشتە **SPID** ۋە راك كېسىلىگە داۋا تاپسا، چۈشتىن كېيىن ئىسرائىلىيەلىكلەر بىلەن پەلەستىنلىكلەر ئارىسىدا تىنچلىق ئورناتسا، ئاندىن كەچتە يىللار بۇرۇن يوقاپ كەتكەن بالىسى بىلەن قايتا ئۇچراشسىمۇ، ئۇ يەنىلا يەتتىنچى دەرىجىلىك بەختتىن يۇقىرى بەختنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇشاللىق ئۈچۈن يارىتىلمىغان.

بىر دەقىقە ئائىلىڭىز ۋە دوستلىرىڭىزنى ئويلاڭ. سىز قانداقلا بولسۇن دائىم خۇشال يۈرىدىغان بەزى كىشىلەرنى بىلىسىز. شۇنداقلا توققۇزى تەل تۇرۇپ، ھەمىشە نارازى بولىدىغانلار بار. ئەگەر خىزمەت ئورنىمىزنى ئۆزگەرتسەك، توي قىلساق، رومان يېزىشنى تاماملىساق، يېڭى ماشىنا ئالساق ياكى ئۆي قەرزىنى تۆلەپ بولساق، دۇنيانىڭ چوققىسىدا بولىمىز دەپ ئىشىنىمىز. بىراق، بىز ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشكەندە تېخىمۇ بەختلىك بولۇپ كەتمەيمىز. ماشىنا سېتىۋېلىش ۋە رومان يېزىش بىزنىڭ ھورمونلىرىمىزنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۇلار بىزنى بىر دەقىقە خۇش قىلىپ، ئاندىن تېزلا بەلگىلەنگەن نۇقتىسىغا قايتىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پسىخولوگىيەلىك ۋە سوتسىئولوگىيەلىك بايقاشلار، مەسىلەن، توي قىلغانلارنىڭ بويتاقلاردىن بەختلىك ئىكەنلىكى قانداق بىلىنىدۇ؟ بىرىنچىدىن، بۇ بايقاشلاردىكى سەۋەب ـ نەتىجە يۆنىلىشى بەزى تەتقىقاتچىلار ئويلىغاندىن ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن. توي قىلغانلارنىڭ بويتاقلار ۋە ئاجراشقانلاردىن بەختلىك ئىكەنلىكى راست، ئەمما بۇ

تويىنىڭ بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئىنسانلار بەختلىك بولىمىز دەپ توي قىلىشى مۇمكىن. ياكى تېخىمۇ توغرىسى، سېروتونىن، دوپامىن ۋە ئوكسىتوسىن قاتارلىق هورمونلار تويغا سەۋەب بولۇپ ئۇنى ساقلاپ قالىدۇ. خۇشاللىق هورمونى بىلەن تۇغۇلغانلار ئادەتتە بەختلىك ۋە رازى. بۇنداقلار جەلپكار ئىنسانلار بولۇپ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ توي قىلىش پۇرسىتى كۆپرەك. ئۇلارنىڭ ئاجرىشىش ئېهتىماللىقىمۇ تۆۋەن، چۈنكى بەختلىك ۋە رازىمەن ئىنسان بىلەن ياشاش چۈشكۈن ۋە نارازى بولغان بىرى بىلەن ياشاشتىن كۆپ ئاسان. نەتىجىدە، توي قىلغانلارنىڭ بويتاقلاردىن بەختلىك ئىكەنلىكى راست، ئەمما بىئوخىمىيەسى (هورمونلىرى) تۈپەيلىدىن غەمكىنلىككە مايىل قىز ـ يىگىت بىرلەشسە مۇقەررەر هالدا تېخىمۇ بەختلىك بولۇپ كەتمەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، كۆپىنچە بىئولوگلار مۇتەئەسسىپ ئەمەس. ئۇلار بەختنىڭ ئاساسەن بىئوخىمىيە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى قوللايدۇ، ئەمما پسىخولوگىيەلىك ۋە سوتسىئولوگىيەلىك ئامىللارنىڭمۇ رول ئوينايدىغانلىقىغا قوشۇلىدۇ. بىزنىڭ روهىي هاۋانى تەڭشەش سىستېمىمىز ئالدىن بەلگىلەنگەن چېگرا ئىچىدە قىسمەن بولسىمۇ ئەركىن هەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. يۇقىرى ۋە تۆۋەن هېسسىي چېگرالاردىن هالقىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس، ئەمما توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش ئىككى چېگرا ئارىسىدىكى رايوندا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بەشىنچى دەرىجىلىك (ئوتتۇراهال) بەخت هورمونى بىلەن تۇغۇلغانلار كوچىلاردا زوق ـ شوخ بىلەن ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ. ئەمما بەختلىك نىكاھ ئۇنىڭ پات ـ پات يەتتىنچى دەرىجىدىن هۇزۇرلىنىشىغا ۋە ئۈچىنچى دەرىجىدىكى ئۈمىدسىزلىكتىن ساقلىنىشىغا ئىمكان بېرىشى كېرەك.

ئەگەر هورمونلارنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى تەسىرىنى قوبۇل قىلساق، تارىخ بۇ يەردە ئانچە چوڭ رول ئوينىمىغاندەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى كۆپىنچە تارىخىي ۋەقەلەر بىزنىڭ بىئوخىمىيەمىزگە تەسىر كۆرسەتمىگەن. تارىخ سېروتونىننىڭ ئاجرىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان تاشقى قوزغاتقۇچلارنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئەمما كېيىنكى سېروتونىن دەرىجىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇڭا كىشىلەرنى تېخىمۇ بەختلىك قىلالمايدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى فرانسۇز دېهقىنى بىلەن زامانىۋى پارىژ بانكىرىنى سېلىشتۇرۇڭ. دېهقان چوشقا قوتىنىغا قاراپ تۇرىدىغان، ئىسسىتىلمىغان لاي كەپىدە ياشايدۇ، بانكىر بولسا بىنانىڭ ئەڭ ئۈست قەۋىتىدە، باغچىغا قاراپ تۇرىدىغان، ئەڭ يېڭى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن ئۆيدە ياشايدۇ. تەبىئىي سېزىمىمىز بويىچە، بىز بانكىرنى دېهقاندىن كۆپ بەختلىك دەپ ئويلايمىز. هالبۇكى، لاي كەپىلەر، بىنا ئۆيلەر، باغچىلار بىزنىڭ كەيپىياتىمىزنى هەقىقەتەن بەلگىلىمەيدۇ. سېروتونىن شۇنداق قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېهقان ئۆزىنىڭ لاي تېمىنى سېلىپ بولغاندا، ئۇنىڭ مېڭە نېيرونلىرى سېروتونىن ئاجرىتىپ، ئۇنى X دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولسا، 2014 ـ يىلى بانكىر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىنا ئۆيىگە ئاخىرقى پۇلنى تۆلىگەندە، مېڭە نېيرونلىرى ئوخشاش مىقداردىكى سېروتونىننى ئاجرىتىپ، ئۇنى

ئوخشاش X دەرىجىسگە كۆتۈردى. بىنا ئۆيىنىڭ لاي كەپىدىن كۆپ قۇلاي ئىكەنلىكىنى مېڭىدىكى هورمونلار ئايرىپ بولالمايدۇ. مېڭىگە مۇهىم بولغان بىردىنبىر نەرسە سېروتونىن دەرىجىسىنىڭ X ئىكەنلىكىدۇر. نەتىجىدە بانكىر ئۆزىنىڭ نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى بوۋىسى، نامرات ئوتتۇرا ئەسىر دېهقىنىدىن بەختلىكرەك بولمايدۇ.

بۇ پەقەت شەخسىي هاياتقىلا ئەمەس، بەلكى چوڭ كوللېكتىپ ۋەقەلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ. مەسىلەن، فرانسۇز ئىنقىلابىنى ئالايلى. ئىنقىلابچىلار ئالدىراش ئىدى: ئۇلار پادىشاهنى ئۆلتۈردى، يەرلەرنى دېهقانلارغا بەردى، ئىنسان هوقۇقلىرىنى جاكارلىدى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلدى ۋە پۈتۈن ياۋروپا بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەمما بۇلارنىڭ هېچقايسىسى فرانسۇزلارنىڭ بىئوخىمىيەسىنى ئۆزگەرتمىدى. نەتىجىدە، ئىنقىلاب ئېلىپ كەلگەن بارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىدىئولوگىيەلىك ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرگە قارىماي، ئۇنىڭ فرانسۇزلارنىڭ بەختىگە بولغان تەسىرى چوڭ بولمىدى. گېنېتىكىلىق تاللاشتا خۇشاللىق هورمونىغا ئېرىشكەنلەر ئىنقىلابتىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ ئوخشاشلا بەختلىك بولدى. چۈشكۈنلۈك هورمونىغا ئىگە بولغانلار روبېسپىيېر ۋە ناپولېئوندىن قاقشاپلا قالماي، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى لۇئىس XVI ۋە مارىيە ئانتوئانېتتادىنمۇ قاقشاپلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنداقتا، فرانسۇز ئىنقىلابىنىڭ نېمە پايدىسى بولدى؟ ئەگەر كىشىلەر تېخىمۇ بەختلىك بولۇپ كەتمىگەن بولسا، بۇنچە مالىمانچىلىق، قورقۇنچ، ئۇرۇش ۋە قان تۆكۈشنىڭ نېمە ئەهمىيىتى بار ئىدى؟ بىئولوگلار هەرگىز باستىلنى هۇجۇم قىلمىغان بولاتتى. كىشىلەر مەلۇم سىياسىي ئىنقىلاب ياكى ئىجتىمائىي ئىسلاهات ئۇلارنى بەختلىك قىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىئوخىمىيەسى ئۇلارنى قايتا ـ قايتا ئالدايدۇ.

پەقەت بىرلا تارىخىي تەرەققىيات هەقىقىي ئەهمىيەتكە ئىگە. بۈگۈن بىز ئاخىرى بەخت ئاچقۇچلىرىنىڭ بىئوخىمىيەلىك سىستېمىمىزنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەنسەك، سىياسەت، ئىجتىمائىي ئىسلاهات ۋە ئىدىئولوگىيەلەرگە ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنى توختىتىپ، بىزنى هەقىقەتەن بەختلىك قىلالايدىغان بىردىنبىر نەرسىگە دىققەت قىلالايمىز: بىئوخىمىيەمىزنى (هورمونىمىزنى) كونترول قىلىش.

ئەگەر بىز مېڭە خىمىيەسىنى چۈشىنىش ۋە مۇۋاپىق داۋالاشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مىليارد ـ مىليارد دوللارنى خەجلىسەك، ئىنقىلاب قىلماي تۇرۇپمۇ كىشىلەرنى بۇرۇنقىدىن كۆپ بەختلىك قىلالايمىز. مەسىلەن، پروزاك دېگەن نەرسە تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئەمما سېروتونىن دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

بىئو ـ خىمىيەنىڭ (هورمونىنىڭ) كۈچىنى ئىپادىلەشتە زامانىمىزدىكى مۇنۇ مەشهۇر شۇئاردىن ياخشىراق سۆز يوق: «بەخت ئىچىڭىزدىن باشلىنىدۇ». پۇل، هوقۇق، ئىجتىمائىي ئورۇن، هۆسن تۈزەش، چىرايلىق ئۆيلەر، بۇلارنىڭ هېچقايسىسى سىزگە بەخت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك بەخت پەقەت سېروتونىن، دوپامىن ۋە ئوكسىتوسىندىن كېلىدۇ.

ئالدوس خاكسلېينىڭ 1932 ـ يىلى ئىقتىسادىي كىرزىس يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە نەشر قىلىنغان «قايىل قىلارلىق يېڭى دۇنيا» ناملىق دىستوپىيە (غايىۋى جەمئىيەتكە قارشى) رومانىدا بەخت ئەڭ يۇقىرى قىممەت، روھىي ساغلاملىق دورىلىرى بولسا سىياسەتنىڭ ئاساسى سۇپىتىدە ساقچى ۋە سايلامنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. ھەر كۈنى، ھەر بىر كىشى «سوما» دەپ ئاتىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى ۋە نەتىجىلىرىگە تەسىر يەتكۈزمەي ئۇلارنى بەختلىك قىلىدىغان سۈنئىي دورىدىن بىر قوشۇق ئىچىدۇ. پۈتۈن يەر شارىنى باشقۇرىدىغان دۇنيا دۆلىتى ھېچقاچان ئۇرۇش، ئىنقىلاب، ئىش تاشلاش ياكى نامايىشلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق كىشىلەر ھازىرقى شارائىتلىرىدىن ئىنتايىن رازى. خاكسلېينىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى جورج ئورۋېلنىڭ «1984» ناملىق ئەسىرىدىنمۇ بەكرەك بىئارام قىلىدۇ. خاكسلېينىڭ دۇنياسى كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەرگە قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ، ئەمما نېمىشقا ئۇنداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش تەس. ھەممە كىشى ھەر ۋاقىت بەختلىك، بۇنىڭ نېمە خاتالىقى بولسۇن؟

ھاياتنىڭ مەنىسى

خاكسلېينىڭ كىشىنى بىئارام قىلىدىغان دۇنياسى بەختنى ھۇزۇرغا تەڭ دەپ قارايدىغان بىئولوگىيەلىك پەرەزگە ئاساسلانغان. بەختلىك بولۇش پەقەت يېقىملىق جىسمانىي سېزىملەرنى ھېس قىلىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ بىئوخىمىيەمىز بۇ سېزىملەرنىڭ مىقدارى ۋە داۋاملىشىش ۋاقتىنى چەكلىگەچكە، كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت يۇقىرى دەرىجىلىك بەختنى ھېس قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇلارنىڭ بىئوخىمىيەلىك سىستېمىسىنى كونترول قىلىشتۇر.

ئەمما بەختنىڭ بۇ خىل ئېنىقلىمىسىغا بەزى ئالىملار قارشى پىكىردە. نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى دانىيېل كاھنېمان ئېلىپ بارغان مەشھۇر تەتقىقاتتا، كىشىلەردىن نورمال بىر خىزمەت كۈنىنى ئەسلەپ، ھەر بىر ۋەقەنى باھالاپ، قايسى پەيتلەردە ھۇزۇرلانغان ياكى ياقتۇرمىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىغان. ئۇ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان قارىشىدا پارادوكس بارلىقىنى بايقىغان. مەسىلەن، بالا تەربىيىلەشنى ئېلىپ كۆرەيلى. كاھنېمان خۇشاللىق ۋە جاپالىق پەيتلەرنى سانىغاندا، بالا چوڭ قىلىش ناھايىتى يېقىمسىز ئىش بولۇپ چىققان. بۇ ئاساسەن زاكا ئالماشتۇرۇش، قاچا ـ قۇچا يۇيۇش ۋە بالىنىڭ مىجەزى يوق چاغدا ئۇنىڭغا قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق بەخت مەنبەسى دەپ جاكارلايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتەمدۇ؟

بۇ بىر ئېھتىماللىق. يەنە بىر ئېھتىماللىق، بۇ بايقاشلار بەختنىڭ پەقەت كۆڭۈللۈك ۋاقىتلارنىڭ كۆڭۈلسىز ۋاقىتلاردىن كۆپ بولۇشىلا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، بەخت

دېگىنىمىز بىراۋنىڭ ئۆز ھاياتىنى مەنىلىك ۋە قىممەتلىك دەپ قارىشىدىن ئىبارەت. بەختتە مۇھىم تونۇش ۋە ئەخلاقىي ئامىللار بار. قىممەت قاراشلىرىمىز ئۆزىمىزگە «كىچىك دىكتاتورغا قۇل بولغان بىچارە» ياكى «يېڭى ھاياتنى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن پەرۋىش قىلغۇچى» دەپ باھا بېرىشىمىزگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. نىتشې ئېيتقاندەك، ئەگەر سىزدە ياشاشنىڭ سەۋەبى بولسا، ھەر قانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيسىز. مەنىلىك ياشاۋاتقان ئادەم قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ قانائەت تاپالايدۇ، مەنىسىز ياشاۋاتقان ئادەم ھەر قانچە راھەت كۆرسىمۇ خۇشاللىق تاپالمايدۇ.

بارلىق مەدەنىيەت ۋە دەۋرلەردىكى كىشلەر ئوخشاش تىپتىكى ھۇزۇر ۋە ئازابلارنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ھايات تەجرىبىلىرىگە بەرگەن باھاسى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، بەختنىڭ تارىخى بىئولوگلار تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كۆپ مۇرەككەپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇلاسە زامانىۋىلىقنى ئىلگىرى سۈرمەيدۇ. ھاياتنى مىنۇت بويىچە باھالىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشلەرنىڭ ھاياتى جەزمەن قىيىن ئىدى. بىراق، ئۇلار ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش ۋەدىسىگە ئىشەنگەچكە، ئاخىرەتتە تولۇق ۋە مەنىسىز يوقىلىشنى كۈتىدىغان زامانىۋى دىنسىز كىشلەرگە قارىغاندا ئۆز ھاياتىنى تېخىمۇ مەنىلىك ۋە قىممەتلىك دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. «سىز ھاياتىڭىزدىن ئومۇمەن رازىمۇ؟» دېگەن سوئالغا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشلەر مەنىۋى تۇرمۇشىغا دائىر بەرگەن جاۋابىدا يۇقىرى نومۇر ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەجدادلىرىمىز ئاخىرەت ھەققىدىكى كوللېكتىپ خام خىياللاردىن ھاياتنىڭ مەنىسىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن بەختلىكمىدى؟ شۇنداق. ھېچكىم ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى بۇزمىغان بولسا، نېمىشقا بولمىسۇن؟ پەن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق. ئىنسانلار مەقسەتسىز ۋە نىشانسىز ئىشلەيدىغان قارىغۇلارچە تەرەققىيات جەريانىنىڭ نەتىجىسى. بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىز قانداقتۇر ئىلاھىي كائىنات پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، ئەگەر يەر شارى ئەتە ئەتىگەندە پارتلاپ كەتسە، كائىنات يەنىلا ئادەتتىكىدەك داۋاملىشىۋېرىدۇ. ھازىرغىچە بىلىشىمىزچە، ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى يوقالسا ھېچنېمە كەم بولمايدۇ. شۇڭا كىشلەر ئۆز ھاياتىغا بېرىدىغان ھەر قانداق مەنە پەقەت خام خىيالدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشلەر ھاياتىدىن تاپقان ئاخىرەتلىك مەنىلەر زامانىۋى كىشلەر تاپقان ھۇمانىزم، مىللەتچىلىك ۋە كاپىتالىزم ئىدىيەلىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئۆز ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن مەنىلىك دەيدىغان ئالىم، ۋەتىنىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ھاياتىنىڭ مەنىلىك ئىكەنلىكىنى جاكارلايدىغان ئەسكەر ۋە يېڭى شىركەت قۇرۇشتىن مەنە تاپقان تىجارەتچى ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي كىتابلارنى ئوقۇشتىن، ئەھلى سەلىپ يۈرۈشىگە قاتنىشىشتىن ياكى يېڭى چېركاۋ سېلىشتىن مەنە تاپقان زاماندىشلىرىدىن قېلىشمايدۇ.

شۇڭا بەخت دېگىنىمىز بەلكىم كىشىلەرنىڭ شەخسىي قىممەت قارىشى ۋە خام خىياللىرىنى جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان كوللېكتىپ خام خىياللار بىلەن ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. مەن ئۆزۈمنىڭ شەخسىي بايانىمنى ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ بايانلىرى بىلەن ماسلاشتۇرالىسام، ھاياتىمنىڭ مەنىلىك ئىكەنلىكىگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلەيمەن ۋە شۇ ئىشەنچتىن بەخت تاپالايمەن.

بۇ خېلىلا چۈشكۈن خۇلاسە. بەخت راستتىنلا ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداشقا باغلىقمۇ؟

ئۆزۈڭنى تونۇ

ئەگەر بەخت يېقىملىق تۇيغۇلارنى ھېس قىلىشقا ئاساسلانغان بولسا، تېخىمۇ بەختلىك بولۇش ئۈچۈن بىئوخىمىيەلىك سىستېمىمىزنى قايتا لايىھەلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بەخت ھاياتنىڭ مەنىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئاساسلانغان بولسا، تېخىمۇ بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچى بىر تاللاش بارمۇ؟

يۇقىرىقى ئىككى كۆز قاراش بەختنىڭ مەلۇم خىل سۇبيېكتىپ سېزىم (مەيلى ھۇزۇر ياكى مەنە بولسۇن) ئىكەنلىكىنى ۋە كىشىلەرنىڭ بەختنى باھالاش ئۈچۈن پەقەت ئۇلاردىن قانداق ھېس قىلىدىغانلىقىنى سوراش كېرەكلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. كۆپچىلىكىمىزگە بۇ مەنتىقىلىق تۇيۇلىدۇ، چۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ھۆكۈمران دىنى لىبېرالىزمدۇر. لىبېرالىزم شەخسلەرنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ. ئۇ بۇ تۇيغۇلارنى ئەڭ يۇقىرى ھوقۇق مەنبەسى دەپ قارايدۇ. نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ سەت ئىكەنلىكى، نېمىنىڭ بولۇشى، نېمىنىڭ بولماسلىقى كېرەكلىكى ھەر بىرىمىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

ھۆكۈمدارنى سايلىغۇچىلار لىبېرال سىياسەتنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ ۋە ھۆكۈمدارنىڭ (غوجا ئاكىنىڭ) بىزگە نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن ئىدىيەنى ياقلايدۇ. لىبېرال ئىقتىساد خېرىدار دائىم ھەقلىق دېگەن ئىدىيەگە ئاساسلانغان. لىبېرال سەنئەت گۈزەللىك كۆرگۈچىنىڭ كۆزىدە دەپ جاكارلايدۇ. لىبېرال مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئۆگىتىلىدۇ. ئېلان ـ داۋراڭلار بىزنى «پەقەت بۇنى قىلىڭ!» دەپ ئۈندەيدۇ. ھەرىكەت فىلىملىرى، سەھنە درامىلىرى، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى، رومانلار ۋە پوپ ناخشىلار بىزگە داۋاملىق: «ئۆزۈڭگە سادىق بول»، «ئۆزۈڭگە قۇلاق سال»، «قەلبىڭگە ئەگەش» دەپ تەلىم بېرىدۇ. جېن ـ جاك روسسو بۇ كۆز قاراشنى ئەڭ كلاسسىك ھالدا ئىپادىلىگەن: «مەن ياخشى دەپ ھېس قىلغان نەرسە ياخشى. مەن يامان دەپ ھېس قىلغان نەرسە يامان.»

كىچىكىدىن تارتىپ بۇنداق شوئارلار بىلەن ئوزۇقلانغان كىشىلەر بەختنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇ ئىكەنلىكىگە ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىنى ئەڭ

ياخشى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە مايىل. ئەمما بۇ كۆز قاراش پەقەت لىبېرالىزمغىلا خاس. تارىختىكى كۆپىنچە دىن ۋە ئىدىئولوگىيەلەر ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەر بار دەپ جاكارلىغان. ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە تاللاشلىرىغا گۇمان بىلەن قارىغان. دېلفىدىكى ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا زىيارەتچىلەر «ئۆزۈڭنى تونۇ!» دېگەن يېزىق بىلەن قارشى ئېلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ھەقىقىي بەختنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن دېگەنلىكتۇر. فرويد بەلكىم بۇنىڭغا قوشۇلغان بولاتتى.

خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىرىمۇ شۇنداق. مۇقەددەس پاۋلۇس ۋە مۇقەددەس ئاۋگۇستىن كىشىلەردىن سورىسا، كۆپىنچىسى خۇداغا دۇئا قىلىشتىن كۆرە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ بەختنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلامدۇ؟ پاۋلۇس ۋە ئاۋگۇستىننىڭ قارىشىچە، ياق. بۇ پەقەت ئىنسان تەبىئىتىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ۋە كىشىلەرنىڭ شەيتان تەرىپىدىن ئاسانلا ئازدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. خرىستىئانلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كۆپچىلىك كىشىلەر خىرئىن خۇمارلىرىغا ئوخشايدۇ. بىر پىسخولوگنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلغۇچىلار ئارىسىدا بەخت توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. ئۇ ئۇلاردىن سوراپ، ھەممىسىنىڭ پەقەت زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەتكەندىلا بەختلىك بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ چاغدا پىسخولوگ «خىروئىن بەختنىڭ ئاچقۇچى» دەپ ماقالە ئېلان قىلامدۇ؟

ھېس-تۇيغۇغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ دېگەن ئىدىيە پەقەت خرىستىئان دىنى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا ھېس-تۇيغۇنىڭ قىممىتى مەسىلىسىدە، ھەتتا دارۋىن بىلەن داۋكىنسمۇ مۇقەددەس پاۋلۇس ۋە مۇقەددەس ئاۋگۇستىن بىلەن ئورتاق تونۇشقا كېلىشى مۇمكىن. شەخسىيەتچى گېن نەزەرىيەسىگە ئاساسەن، تەبىئىي تاللىنىش كىشىلەرنى، باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش، ئۆزلىرى ئۈچۈن يامان بولسىمۇ، گېنلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى تاللاشقا مەجبۇرلايدۇ. كۆپىنچە ئەرلەر تىنچ-خاتىرجەم ياشاپ ھۇزۇر سۈرۈشنىڭ ئورنىغا پۈتۈن ھاياتىنى جاپا تارتىش، غەم قىلىش، رىقابەتلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ DNA سى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچى مەقسەتلىرى ئۈچۈن مەجبۇرلايدۇ. DNA بولسا شەيتانغا ئوخشاش، ئۆتكۈنچى ھۇزۇرلارنى كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

شۇڭا كۆپىنچە دىن ۋە پەلسەپەلەر بەخت مەسىلىسىدە لىبېرالىزمدىن تامامەن پەرقلىق يول تۇتقان. بۇ نۇقتىدا، بۇددىزمنىڭ پوزىتسىيەسى قىزىقارلىق. بۇددىزم بەخت مەسىلىسىگە باشقا ھەر قانداق ئېتىقادتىن بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن. 2500 يىل داۋامىدا، بۇددىستلار بەختنىڭ ماھىيىتى ۋە سەۋەبلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان، شۇڭا ئىلمىي جەمئىيەت

ئارىسىدا ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ۋە مېدىتاتسىيە (كاللىنى تىنچلاندۇرۇش مەشقى) ئۇسۇللىرىغا بولغان قىزىقىش كۈچەيمەكتە.

بۇددىزم بىئولوگىيەنىڭ بەختكە بولغان ئاساسىي چۈشەنچىسىنى، يەنى بەختنىڭ تاشقى دۇنيادىكى ۋەقەلەردىن ئەمەس، بەلكى كىشىنىڭ بەدىنى ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان جەريانلاردىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بىراق، ئوخشاش چۈشەنچىدىن باشلاپ، بۇددىزم تامامەن باشقىچە خۇلاسىگە كېلىدۇ.

بۇددىزمغا كۆرە، كۆپىنچە كىشىلەر بەختنى يېقىملىق تۇيغۇ، ئازابنى يېقىمسىز تۇيغۇ (ئازاب) بىلەن باغلايدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر ئۆز سېزىملىرىگە بەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ھۇزۇرلارنى ئىزدەپ، ئازابتىن قېچىشقا تىرىشىدۇ. پۈتىمىزنى قاشلاشتىن تارتىپ، ئورۇندۇقتا سەل مىدىرلاشقىچە، ياكى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى قىلىشقىچە، بىز پەقەت يېقىملىق سېزىملەرگە ئېرىشىشكە تىرىشىۋاتىمىز.

بۇددىزمغا كۆرە، مەسىلە شۇكى، بىزنىڭ سېزىملىرىمىز ئوكياندىكى دولقۇنلارغا ئوخشاش ھەر دەقىقىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈنچى تىترەشلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. بەش مىنۇت ئىلگىرى ئۆزەمنى خۇشال ۋە ئۈمىدۋار ھېس قىلغان بولسام، ھازىر بۇ سېزىملەر يوقاپ، غەمكىن ۋە ئۈمىدسىز ھالغا كېلىشىم مۇمكىن. شۇڭا ئەگەر مەن يېقىملىق نەرسىلەرنى ھېس قىلماقچى بولسام، داۋاملىق ئۇلارنىڭ كويىغا كىرىشىم، يېقىمسىز سېزىملەرنى قوغلىۋېتىشىم كېرەك. ھەتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانساممۇ، دەرھال قايتا باشلىشىم كېرەك، جاپالىرىم ئۈچۈن ھېچقانداق داۋاملىق مۇكاپات ئالالمايمەن.

بۇنداق ئۆتكۈنچى مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش نېمىشقا شۇنچە مۇھىم؟ پەيدا بولۇپلا يوقاپ كېتىدىغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن نېمىشقا شۇنچە قاتتىق كۈرەش قىلىمىز؟ بۇددىزمغا كۆرە، ئازابنىڭ يىلتىزى ئاغرىق، غەم-قايغۇ ياكى مەنىسىزلىك تۇيغۇسى ئەمەس. ئەكسىچە، ئازابنىڭ ھەقىقىي يىلتىزى بىزنى داۋاملىق جىددىيلىك، بىئاراملىق ۋە نارازىلىق ھالىتىدە تۇرۇشقا مەجبۇرلايدىغان، ئاخىرلاشمايدىغان ۋە مەنىسىز ئۆتكۈنچى سېزىملەرنى قوغلىشىشتۇر. بۇ قوغلىشىش تۈپەيلىدىن، نەپسىمىز ھېچقاچان قانائەتلەنمەيدۇ. ھەتتا ھۇزۇر ھېس قىلغاندىمۇ، بۇ تۇيغۇنىڭ تېزلا يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمىز-دە، ئۇنىڭ داۋاملىق كۈچىيىشىنى ئارزۇ قىلىپ، خاتىرجەم بولالمايمىز.

كىشىلەر ئۇنداق ياكى مۇنداق ئۆتكۈنچى ھۇزۇرنى ھېس قىلغاندا ئەمەس، بەلكى بارلىق ھېس-تۇيغۇنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشتەك تەبىئىتىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى قوغلىشىشنى توختاتقاندا ئازابتىن قۇتۇلىدۇ. بۇ بۇددىزم مېدىتاتسىيە ئۇسۇللىرىنىڭ مەقسىتىدۇر. مېدىتاتسىيەدە، سىز زېھنىڭىز ۋە بەدىنىڭىزنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، بارلىق ھېس-تۇيغۇڭىزنىڭ توختىماي پەيدا بولۇپ يوقىلىشىغا گۇۋاھ بولۇشىڭىز كېرەك. ھەر خىل تۇيغۇ-ھېسسىياتلار - خۇشاللىق، غەزەپ، زېرىكىش، شەھۋەت - داۋاملىق پەيدا بولۇپ يوقىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما مەلۇم تۇيغۇلارنى قوغلىشىشنى توختاتقىنىڭىزدا، ئۇلارنى نېمە بولسا شۇ پېتى

قوبۇل قىلالايسىز. نېمە بولۇشى مۇمكىن ئىدى دەپ خىيال قىلىشنىڭ ئورنىغا، ھازىرقى پەيتتە ياشايسىز.

نەتىجىدە كېلىپ چىققان خاتىرجەملىك شۇنچىلىك چوڭقۇركى، يېقىملىق تۇيغۇلارنى قوغلىشىپ ھاياتنى ئۆتكۈزگەنلەر بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. بۇ خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئۇن يىللاپ دېڭىز بويىدا تۇرۇپ، «ياخشى» دولقۇنلارنى قۇچاقلاپ ئۇلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقىنىغا، شۇنداقلا «يامان» دولقۇنلارنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئىتتىرىۋەتكىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇ كىشى بۇ مەنىسىز ھەرىكەت بىلەن كېچە-كۈندۈز ئۆزىنى قىرغاققا تۇردۇ. ئاخىرى، ئۇ قۇمدا ئولتۇرۇپ دولقۇنلارنىڭ خالىغانچە كېلىپ-كېتىشىگە يول قويىدۇ. نەقەدەر تىنچ-خاتىرجەم!

بۇ ئىدىيە زامانىۋى لىبېرال مەدەنىيەتكە شۇنچىلىك ياتكى، غەرب يېڭى دەۋر ھەرىكەتلىرى بۇددىزمنىڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنى لىبېرال ئاتالغۇلارغا تەرجىمە قىلىپ، مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. يېڭى دەۋر مەزھەپلىرى دائىم مۇنداق دەيدۇ: «بەخت تاشقى شارائىتلارغا باغلىق ئەمەس. ئۇ پەقەت بىزنىڭ ئىچكى سېزىملىرىمىزگە باغلىق. كىشىلەر بايلىق ۋە ئورۇن-مەرتىۋە قاتارلىق تاشقى نەتىجىلەرنى قوغلاشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىچكى سېزىملىرى بىلەن باغلىنىشى كېرەك.» ياكى قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «بەخت ئىچىڭىزدىن باشلىنىدۇ.» بۇ دەل بىئولوگلارنىڭ دېگىنى، ئەمما بۇددىزىم بۇنداق دېمەيدۇ.

بۇددا دىنى زامانىۋى بىئولوگىيە ۋە يېڭى دەۋر ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش، بەختنىڭ تاشقى شارائىتلارغا باغلىق ئەمەسلىكىگە قوشۇلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىسى شۇكى، ھەقىقىي بەخت بىزنىڭ ئىچكى سېزىملىرىمىزگىمۇ باغلىق ئەمەس. دەرۋەقە، سېزىملىرىمىزگە قانچە كۆپ ئەھمىيەت بەرسەك، ئۇلارنى شۇنچە كۆپ قوغلىشىمىز، ۋە شۇنچە كۆپ ئازاب چېكىمىز. بۇددانىڭ تەۋسىيەسى پەقەت تاشقى نەتىجىلەرنى قوغلاشنىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى سېزىملەرنى قوغلاشنىمۇ توختىتىش ئىدى.

يىغىنچاقلىغاندا، مەنىۋى بەخت راي سىناشلىرى پاراۋانلىقىمىزنى ھېس-تۇيغۇلىرىمىز بىلەن، بەخت قوغلىشىشنى بولسا مەلۇم ھېسسىي ھالەتلەرنى قوغلىشىش بىلەن باغلايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇددىزمغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەنئەنىۋى پەلسەپە ۋە دىنلار ئۈچۈن، بەختنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىز ھەققىدىكى ھەقىقەتنى بىلىش، كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشىنىشتۇر. كۆپىنچە كىشىلەر خاتا ھالدا ئۆزلىرىنى سېزىملىرى، پىكىرلىرى، ياقتۇرۇش ۋە ياقتۇرماسلىقلىرى بىلەن تەڭلەشتۈرىدۇ. غەزەپلەنگەندە، ئۇلار «مەن غەزەپلىنىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ غەزىپىم» دەپ ئويلايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ھاياتنى بەزى سېزىملەردىن قېچىش ۋە باشقىلىرىنى قوغلىشىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەقەت ھېس-تۇيغۇدىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىنى ۋە مەلۇم تۇيغۇنى توختىماي قوغلىشىشنىڭ ئۇلارنى بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ.

ئەگەر بۇ راست بولسا، بەخت تارىخى ھەققىدىكى بارلىق چۈشەنچىمىز خاتا بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم كىشىلەرنىڭ ئۈمىدلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە يېقىملىق سېزىملەردىن ھۇزۇرلىنىشى ئانچە مۇھىم ئەمەستۇر. ئاساسىي مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى ھەقىقەتنى بىلىش ـ بىلمەسلىكىدۇر. بۇگۈنكى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقىقەتنى قەدىمكى ئوۋچى ـ غەنىمەتچىلەر ياكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانلاردىن ياخشىراق چۈشىنىدىغانلىقىغا قانداق دەلىلىمىز بار؟

ئالىملار بەخت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى پەقەت بىر نەچچە يىل ئىلگىرىلا باشلىدى، بىز تېخى دەسلەپكى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمىز ۋە مۇۋاپىق تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئىزدەۋاتىمىز. ئېنىق خۇلاسە چىقىرىپ، تېخى ئەمدىلا باشلانغان بۇ مۇنازىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش تېخى بەك بالدۇر. مۇھىم بولغىنى، مۇمكىن قەدەر ھەر خىل ئۇسۇللارنى بىلىش ۋە توغرا سوئاللارنى سوراشتۇر.

كۆپىنچە تارىخ كىتابلىرى بۈيۈك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيەلىرى، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقى، مۇقەددەس كىشىلەرنىڭ خەير ـ ساخاۋىتى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىگە مەركەزلىشىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۇزۇلۇشى، ئىمپېرىيەلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىمىرىلىشى، تېخنولوگىيەلەرنىڭ بايقىلىشى ۋە تارقىلىشى ھەققىدە نۇرغۇن مەلۇمات بېرىدۇ. بىراق بۇلارنىڭ شەخسلەرنىڭ بەختى ۋە ئازابىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ. بۇ تارىخنى چۈشىنىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ بوشلۇق. بۇنى تولدۇرۇشنى باشلىشىمىز كېرەك.

بىر ـ بىرىگە زىت ئەھۋال شۇكى، مەنىۋى بەخت ھەققىدىكى پسىخولوگىيەلىك تەتقىقاتلار كىشىلەرنىڭ ئۆز بەختىگە توغرا دىئاگنوز قويالايدىغانلىقىغا تايانسا، پسىخىك داۋالاشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ھەقىقەتەن بىلمەيدىغانلىقى ۋە بەزىدە ئۆزىنى ۋەيران قىلىدىغان خۇلقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كەسپىي ياردەمگە موھتاج بولىدىغانلىقىدۇر.

20. ھومو ساپىيانسنىڭ ئاخىرلىششى

بۇ كىتاب تارىخنى فىزىكا، خىمىيە ۋە بىئولوگىيەلىك تەرەققىياتتىن كېيىنكى باسقۇچ سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇش بىلەن باشلانغان. ئىنسانلار بارلىق جانلىقلارنى باشقۇرىدىغان فىزىكىلىق كۈچ، خىمىيەلىك رېئاكسىيە ۋە تەبىئىي تاللاش جەريانلىرىغا بويسۇنىدۇ. تەبىئىي تاللاش ئىنسانلارغا باشقا ھەرقانداق جانلىققا بەرگىنىدىن كەڭ مەيدان بەرگەن بولسىمۇ، بۇ مەيداننىڭ يەنىلا چېگرىسى بار. يەنى ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە نەتىجىلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىئولوگىيەلىك چەكلىمىلەردىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئەمما 21 ـ ئەسىرنىڭ تاڭ سەھىرىدە، بۇ ئەمدى راست ئەمەس: ئىنسانلار بۇ چەكلىمىلەردىن ھالقىپ كەتمەكتە. ئۇلار ھازىر تەبىئىي تاللاش قانۇنلىرىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەقلىي لايىھەلەش قانۇنلىرىنى دەسسەتمەكتە.

تەخمىنەن 4 مىليارد يىل داۋامىدا، يەر شارىدىكى ھەر بىر ئورگانىزم تەبىئىي تاللاش ئاستىدا تەرەققىي قىلغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئەقىللىق ياراتقۇچى تەرىپىدىن لايىھەلەنمىگەن. مەسىلەن، زىراپە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن بويىنىنى ئۇست ئەقلىنىڭ (تەڭرىنىڭ) خاھىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەدىمكى زىراپىلار ئارىسىدىكى رىقابەت نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن. ئەڭ دەسلەپتە بويىنى ئۇزۇنراق زىراپىلەر كۆپرەك ئوزۇقلۇققا ئېرىشەلىگەن ۋە نەتىجىدە قىسقا بويۇنلۇقلارغا قارىغاندا كۆپرەك نەسىل قالدۇرغان. ھېچكىم، جۈملىدىن زىراپىلەرمۇ «ئۇزۇن بويۇن زىراپىلەرنىڭ دەرەخ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارنى يېيىشىگە ئىمكان بېرىدۇ. كېلىڭلار بويۇننى ئۇزارتايلى» دېمىگەن. دارۋىننىڭ نەزەرىيەسىنىڭ گۈزەللىكى شۇكى، زىراپىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن بويۇنلۇق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەقىللىق لايىھىلىگۈچىنى پەرەز قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

مىليارد يىللار داۋامىدا، ئەقىللىق لايىھەلەش ھەتتا بىر تاللاشمۇ ئەمەس ئىدى، چۈنكى نەرسىلەرنى لايىھەلىيەلەيدىغان ئەقىل يوق ئىدى. يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە بىردىنبىر جانلىق مەۋجۇدات بولغان مىكروئورگانىزملار ھەيران قالارلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ. بىر تۈردىكى مىكروئورگانىزم پۈتۈنلەي باشقا تۈردىكى گېنېتىك كودلارنى ئۆز ھۈجەيرىسىگە سىڭدۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئانتىبىيوتىكلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش قاتارلىق يېڭى ئىقتىدارلارغا ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، بىلىشىمىزچە، مىكروئورگانىزملارنىڭ ئېڭى، ھاياتتىكى نىشانى ۋە كەلگۈسىنى پىلانلاش ئىقتىدارى يوق.

مەلۇم باسقۇچتا زىراپە، دېلفىن، شىمپانزې ۋە نېئاندېرتاللارغا ئوخشاش ئورگانىزملار ئاڭ ۋە كەلگۈسىنى پىلانلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. ئەمما بىر نېئاندېرتال سەمرىپ كەتكەن، ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلىدىغان قۇشلارنى خىيال قىلغان بولسىمۇ، بۇ خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولى يوق ئىدى. ئۇ تەبىئىي تاللانغان قۇشلارنى ئوۋلاشقا مەجبۇر ئىدى.

تارىختىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش تەخمىنەن 10,000 يىل بۇرۇن، يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى مەزگىلىدە پەيدا بولدى. سەمرىپ كەتكەن، ئاستا ھەرىكەت قىلىدىغان توخۇلارنى خىيال قىلغان ئىنسانلار، ئەگەر ئەڭ سېمىز مېكىيان بىلەن ئەڭ قاشاڭ خورازنى جۈپلەشتۈرسە، ئۇلارنىڭ بەزى نەسىللىرىنىڭ ھەم سېمىز ھەم قاشاڭ بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئەگەر بۇ نەسىللەرنى بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلەشتۈرسە، سېمىز ۋە پەس ئۈچىدىغان قۇشلارنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرگىلى بولاتتى. بۇ تەبىئەتتە كۆرۈلمىگەن بىر توخۇ نەسلى بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ ئەمەس، بەلكى ئىنسان ئەقلىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، ھەممىگە قادىر ئىلاھ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانلارنىڭ لايىھەلەش ئىقتىدارى چەكلىك ئىدى. ئىنسانلار تاللاپ كۆپەيتىش ئارقىلىق توخۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن

نورمال تەبىئىي تاللاش جەريانلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تېزلىتەلەيتتى، ئەمما ياۋا توخۇلارنىڭ گېن ئامبىرىدا بولمىغان يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى كىرگۈزەلمەيتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار بىلەن توخۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەبىئەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان سىمبىيوتىك (بىر مۇھىتتىن تەڭ بەھرىلىنىپ ياشايدىغان) مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشايتتى. چاڭلاشتۇرغۇچى ھەرىلەر گۈللەرنى تاللاپ، ئوچۇق رەڭلىك گۈللەرنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولغاندەك، ئىنسانلارمۇ توخۇلارغا ئالاھىدە تاللاش بېسىمى يۈرگۈزۈپ، سېمىز ۋە قاشاڭ توخۇلارنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى.

بۈگۈن، 4 مىليارد يىللىق تەبىئىي تاللاش تۈزۈمى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تەجرىبىخانىلاردا، ئالىملار جانلىق مەۋجۇداتلارنى لايىھەلەۋاتىدۇ. ئۇلار تەبىئىي تاللاش قانۇنلىرىنى خالىغانچە بۇزۇۋاتىدۇ، ھەتتا ئورگانىزملارنىڭ ئەسلى خاراكتېرلىرىمۇ ئۇلارنى چەكلىيەلمەيۋاتىدۇ. برازىلىيەلىك بىئو-سەنئەتكار ئېدۇاردو كاك 2000-يىلى يېڭى بىر سەنئەت ئەسىرى: يېشىل نۇرلۇق توشقان ياراتماقچى بولدى. كاك فرانسىيەدىكى بىر تەجرىبىخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە نۇرلۇق توشقان ياساش ئۈچۈن ھەق تۆلىدى. فرانسىيەلىك ئالىملار ئادەتتىكى بىر ئاق توشقان ئېمبرىيوسىغا يېشىل نۇرلۇق مېدۇزادىن ئېلىنغان گېننى كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، جانابىنىڭ تەلىپى بويىچە بىر يېشىل نۇرلۇق توشقان پەيدا بولدى. كاك بۇ توشقاننى ئالبا دەپ ئاتىدى.

ئالبانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەبىئىي تاللاش قانۇنلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئەقلىي لايىھەلەشنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماي، كەلگۈسى ئىشلارنىڭ بېشارەتچىسى. ئەگەر ئالبانىڭ بىلدۈرگەن ئىمكانىيىتى تولۇق رېئاللىققا ئايلانسا (ئەگەر ئىنسانىيەت بۇ ئارىلىقتا ئۆزىنى يوقاتمىسا) ئىلمىي ئىنقىلاب ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىنقىلابىنىمۇ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن. بۇ يەر يۈزىدە ھايات پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم بىئولوگىيەلىك ئىنقىلاب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. 4 مىليارد يىللىق تەبىئىي تاللاشتىن كېيىن، ئالبا ئەقلىي لايىھەلەش تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان يېڭى بىر دەۋرنىڭ تاڭ سەھىرىدە تۇرماقتا. ئەگەر بۇ يۈز بەرسە، مۇشۇ ۋاقىتقىچە بولغان پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىنى كېيىنچە، ھاياتلىق ئويۇنى سىناق قىلىنغان شاگىرتلىق جەريانى دەپ قايتا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بۇنداق جەريان مىڭ يىللىق ئىنسانىي نۇقتىئىنەزەردىن ئەمەس، بەلكى مىليارد يىللىق كائىنات نۇقتىئىنەزىرىدىن چۈشىنىلىشى كېرەك.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىئولوگلار مەكتەپلەردە دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى ئۆگىتىشكە قارشى چىقىدىغان ۋە بارلىق جانلىق ھەممىنى ئالدىن ئويلىغان بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ دەپ داۋا قىلىدىغان ئەقلىي لايىھە ھەرىكىتى بىلەن كۈرەش قىلماقتا. بىئولوگلار ئۆتمۈش ھەققىدە توغرا بولۇشى، ئەمما ئەقلىي لايىھەلەش تەرەپدارلىرى كەلگۈسى ھەققىدە توغرا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ماقالە يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتا، تەبىئىي تاللاشنىڭ ئەقلىي لايىھەلەش بىلەن ئالمىشىشى ئۈچ خىل يول بىلەن يۈز بېرىشى مۇمكىن: بىئولوگىيەلىك ئىنژېنېرلىق، سايبورگ ئىنژېنېرلىقى (سايبورگلار ئورگانىك ۋە ئورگانىك بولمىغان قىسىملارنى بىرلەشتۈرگەن مەۋجۇداتلار) ياكى ئورگانىك بولمىغان ھاياتنى لايىھەلەش.

چاشقانلار ۋە ئىنسانلار ھەققىدە

بىئولوگىيەلىك ئىنژېنېرلىق بولسا ئورگانىزمنىڭ شەكلى، ئىقتىدارى، ئېھتىياجى ياكى ئىستەكلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىئولوگىيەلىك دەرىجىدە (مەسىلەن، گېن كىرگۈزۈش) قەستەن ئېلىپ بېرىلغان ئىنسانىي ئارىلىشىش بولۇپ، ئېدۇاردو كاكنىڭ سەنئەت مايىللىقىغا ئوخشاش ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىنغان مەدەنىي ئىدىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بىئولوگىيەلىك ئىنژېنېرلىقنىڭ ئۆزىدە يېڭى نەرسە يوق. كىشىلەر مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆزلىرى ۋە باشقا ئورگانىزملارنى قايتا شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئاددىي بىر مىسال پىچىۋېتىشتۇر. ئىنسانلار بۇقىلارنى ئۆكۈزگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تەخمىنەن 10,000 يىلدىن بېرى ئۇلارنى پىچىۋېتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۆكۈزلەر تېخىمۇ مۇلايىم بولۇپ، شۇڭا ئۇلارنى قوش تارتىشقا تەربىيەلەش ئاسانراق. ئىنسانلار يەنە ئوردا نەغمىكەشلىرى ۋە سۇلتانىنىڭ ھەرەمخانىسىنى باشقۇرۇشقا ئىشەنچلىك بولغان ئاغۋاتلارنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئوغۇللىرىنىمۇ پىچىۋەتكەن.

ئەمما ئورگانىزملارنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزدىكى يېقىنقى ئىلگىرىلەشلەر، ھۈجەيرە ۋە يادرو دەرىجىسىگىچە، ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىمكانىيەتلەرنى ئاچتى. مەسىلەن، بىز بۈگۈن بىر ئەرنى پەقەت پىچىۋېتىپلا قالماي، بەلكى ئوپېراتسىيە قىلىش ۋە ھورمونلۇق داۋالاش ئارقىلىق ئۇنىڭ جىنسىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيمىز. ئەمما بۇلارلا ئەمەس. 1996-يىلى گېزىت ۋە تېلېۋىزورلاردا تۆۋەندىكى سۈرەت پەيدا بولغاندا كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەيرانلىق، نەپرەت ۋە ئەندىشىنى ئويلاپ بېقىڭ:



46. ئالىملار كالا كېمىرچەك ھۈجەيرىسىدىن پايدىلىنىپ دۈمبىسىدە بىر «قۇلاق» ئۆستۈرگەن چاشقان. بۇ، شتادىل ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان شىر-ئادەم ھەيكىلىنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئەكس ساداسىدۇر. ئوتتۇز مىڭ يىل ئىلگىرى، ئىنسانلار ئوخشىمايدىغان تۈرلەرنى بىرىكتۈرۈش ھەققىدە ئاللىقاچان خىيال قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇنداق خىمېرالارنى (بىرىكمە مەخلۇقلارنى) يارىتالايدۇ.

ياق، بۇ فوتوشوپ ئەمەس. بۇ ئالىملار كالىنىڭ كۆمۈرچەك ھۈجەيرىلىرىنى كۆچۈرۈپ سالغان ھەقىقي چاشقانىنىڭ رەتلەنمىگەن سۈرىتى. ئالىملار يېڭى توقۇلمىنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلالىغان بولۇپ، بۇ ئەھۋالدا ئۇنى ئىنسان قۇلىقىغا ئوخشاش شەكىلگە كەلتۈرگەن. بۇ جەريان يېقىندا ئالىملارنىڭ سۈنئىي قۇلاق ياساپ، ئۇنى ئىنسانلارغا كۆچۈرۈپ سېلىشىغا ئىمكان بېرىشى مۇمكىن.

گېنېتىكىلىق ئىنژېنېرلىق بىلەن تېخىمۇ ھەيران قالارلىق مۆجىزىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ بىر قاتار ئەخلاقىي، سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. پەقەت تەقۋادار بىر خۇدالىق دىندارلارلا ئىنسان خۇدانىڭ رولىنى تارتىۋالماسلىقى كېرەك دەپ قارشى چىقىۋاتقىنى يوق. نۇرغۇن دىنسىزلارمۇ ئالىملارنىڭ تەبىئەتنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئىدىيەسىدىن ئوخشاشلا چۆچۈمەكتە. ھايۋانلارنى قوغداش پائالىيەتچىلىرى گېن قۇرۇلۇشى

تەجرىبىلىرىدە تەجرىبىخانا ھايۋانلىرىغا، ئېھتىياجى ھەم ئىستەكلىرى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىنغان فېرما ھايۋانلىرىغا كەلتۈرۈلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئەيىبلىمەكتە. كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى گېنېتىكىلىق ئىنژېنېرلىقنىڭ بىزدىن كېيىنكىلەرنى قۇل قىلىۋالىدىغان ئۈستۈن ئىنسانلارنى يارىتىشقا ئىشلىتىلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە. قىيامەت جاكارچىلىرى قورقماس ئەسكەرلەر ۋە ئىتائەتمەن ئىشچىلارنى كلونلايدىغان بىئو ـ دىكتاتورلۇقلار ھەققىدە قىيامەت كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلىمەكتە. ھۆكۈمران تۇيغۇ شۇكى، كۆپلىگەن پۇرسەتلەر ناھايىتى تېز ئېچىلماقتا ۋە گېنلارنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمىز بۇ ماھارەتنى دانا ۋە ئۇزاقنى كۆرەر ھالدا قوللىنىش ئىقتىدارىمىزدىن ئېشىپ كەتمەكتە.

نېمىلا دېگەنبىلەن، بىز ھازىر گېنېتىكىلىق ئىنژېنېرلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئىشلىتىۋاتىمىز. ھازىر ئىنژېنېرلىق قىلىنىۋاتقان ئورگانىزملارنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ ئاجىز سىياسىي لوبىغا ئىگە بولغانلار ـ ئۆسۈملۈكلەر، زەمبۇرۇغلار، باكتېرىيەلەر ۋە ھاشاراتلاردۇر. مەسىلەن، ئىنسان ئۈچەيلىرىدە ياشايدىغان (ۋە ئۈچەيدىن چىقىپ ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدىغان يۇقۇملارنى پەيدا قىلغاندا خەۋەر تېمىسى بولىدىغان E. coli) باكتېرىيەسىنىڭ نەسىللىرى بىيوماي ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن گېنېتىكىلىق ئۆزگەرتىلگەن. E. coli ۋە بىر قانچە تۈردىكى زەمبۇرۇغلار يەنە ئىنسۇلىن ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، دىيابېتنى داۋالاش چىقىمىنى تۆۋەنلەتكەن. ئاركتىكا بېلىقىدىن ئېلىنغان گېن ياڭيۇلارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۆسۈملۈكلەرنى قىرو ـ سوغۇققا تېخىمۇ چىداملىق قىلغان.

بىر قانچە سۈت ئەمگۈچىلەرمۇ گېنېتىكىلىق ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىغان. سۈت سانائىتى ھەر يىلى سېغىن كالىلارنىڭ يېلىنىنى زەخىملەندۈرىدىغان ماستىتىس كېسىلى سەۋەبىدىن نەچچە مىليارد دوللار زىيان تارتىدۇ. ئالىملار ھازىر گېنېتىكىلىق ئۆزگەرتىلگەن، سۈتىدە بۇ كېسەلگە سەۋەبچى بولىدىغان باكتېرىيەلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان لىزوستافىن بىئوخىمىيەلىك ماددىسى بار كالىلار ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارماقتا. چوشقا گۆشى ۋە سۈرلەنگەن چوشقا گۆشىدىكى ساغلام بولمىغان ماي ھەم ئىستېمالچىلارنىڭ ئەندىشىسى سەۋەبىدىن سېتىلىشى چۈشۈپ كەتكەن چوشقا گۆشى سانائىتى، قۇرۇتتىن ئېلىنغان گېنېتىك ماتېرىيال كىرگۈزۈلگەن، تېخى تەجرىبە باسقۇچىدىكى چوشقىلارغا ئۈمىد باغلىماقتا. يېڭى گېنلار چوشقىلارنىڭ ناچار ئومېگا 6 ماي كىسلاتاسىنى ساغلام بولغان ئومېگا 3 كە ئايلاندۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

كېيىنكى ئەۋلاد گېن قۇرۇلۇشى ساغلام مايلىق چوشقىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش تېخنىكىسىنى خۇددى بالىلارنىڭ ئويۇنىدەكلا ئاددىي ئىش قىلىپ قويىدۇ. گېنېتىكا ئالىملىرى قۇرتلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى كۆرۈش ۋاقتىنى ئالتە ھەسسە ئۇزارتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەستە تۇتۇش ۋە ئۆگىنىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن «تالانتلىق چاشقان»لارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئېتىز چاشقىنى چاشقانغا ئوخشايدىغان كىچىك، پاكار كېمىرگۈچىلەر بولۇپ، كۆپىنچە تۈردىكى ئېتىز چاشقانلىرى كۆپ جۈپلىشىدۇ. ئەمما بىر تۈردە ئەركەك ۋە چىشى ئېتىز چاشقىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرىدۇ.

گېنېتىكا مۇتەخەسسىسلىرى ئېتىز چاشقانلىرىنىڭ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە مەسئۇل گېنلارنى ئايرىپ چىققانلىقىنى ئېيتماقتا. ئەگەر بىر گېننى قوشۇش بىر ئېتىز چاشقىنىنى ساداقەتمەن، ۋاپادار ئەرگە ئايلاندۇرالايدىغان بولسا، كېمىرگۈچىلەرنىڭ (ۋە ئىنسانلارنىڭ) شەخسىي ئىقتىدارلىرىنىلا ئەمەس، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرىنىمۇ گېنېتىكىلىق لايىھەلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشقا ئاز قالدۇقمۇ قانداق؟

نېئاندېرتاللارنىڭ قايتىپ كېلىشى

گېنېتىكا مۇتەخەسسىسلىرى پەقەت ياشاۋاتقان نەسىللەرنى ئۆزگەرتىشنىلا خالىمايدۇ. ئۇلار پەقەت «يۇراسسىك پارك»تىكىدەك دىنوزاۋرلارنىلا ئەمەس، يەنە يوقاپ كەتكەن جانلىقلارنىمۇ تىرىلدۇرمەكچى. رۇسىيە، ياپونىيە ۋە كورېيەلىك ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا يېقىندا سىبىرىيە مۇزلۇقىدىن تېپىلغان قەدىمكى ماموتلارنىڭ گېنومىنى خەرىتىلىدى. ئۇلار ئەمدى ھازىرقى زامان پىلىنىڭ ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھۈجەيرىسىنى ئېلىپ، پىل **DNA** سىنى قايتا تىكلەنگەن ماموت **DNA** سى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، تۇخۇمنى پىلنىڭ بالىياتقۇسىغا سالماقچى. تەخمىنەن 22 ئايدىن كېيىن، **5000** يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ماموتنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتمەكتە.

ئەمما نېمىشقا ماموتلاردىلا توختاپ قالىمىز؟ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گېئورگې چۇرچ يېقىندا نېئاندېرتال گېنوم لايىھەسىنىڭ تاماملىنىشى بىلەن، ھازىر قايتا تىكلەنگەن نېئاندېرتال **DNA** سىنى ساپىيانس تۇخۇمىغا سېلىپ، **30,000** يىلدىن بۇيانقى تۇنجى نېئاندېرتال بالىنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۇرچ بۇ ئىشنى پەقەت **30** مىليون دوللارغىلا قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر قانچە ئايال ھامىلە كۆتۈرگۈچى ئانا بولۇشقا ئاللىقاچان تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

نېئاندېرتاللار بىزگە نېمىگە كېرەك؟ بەزىلەر تىرىك نېئاندېرتاللارنى تەتقىق قىلالىساق، ھومو ساپىيانسنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆزگىچىلىكى ھەققىدىكى ئەڭ بىئارام قىلغۇچى سوئاللارغا جاۋاب تاپالايمىز دەپ قارايدۇ. نېئاندېرتال مېڭىسى بىلەن ھومو ساپىيانس مېڭىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى پەرقلەرنى خەرىتىلەش ئارقىلىق، بەلكىم بىز ھازىرقىدەك ئاڭ ـ سەزگۈنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشنى ئېنىقلىيالىشىمىز مۇمكىن. يەنە بىر ئەخلاقىي سەۋەبمۇ بار ـ بەزىلەر ئەگەر ھومو ساپىيانس نېئاندېرتاللارنىڭ يوقىلىشىغا مەسئۇل بولسا، ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈش ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايدۇ. بىر قانچە نېئاندېرتالنىڭ بولۇشى پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇن سانائەتچىلەر ئىككى ساپىيانسنىڭ قىلىدىغان ئاددىي ئىشنى بىر نېئاندېرتالغا قىلدۇرۇشتىن خۇشال بولىدۇ.

ئەمما نېمىشقا نېئاندېرتاللاردىلا توختاپ قالىمىز؟ نېمىشقا خۇدانىڭ لايىھە تاختىسىغا قايتىپ، تېخىمۇ ياخشى ساپىيانس لايىھەلىمەيمىز؟ ھومو ساپىيانسنىڭ ئىقتىدارى، ئېھتىياجى

ۋە ئىستەكلىرىنىڭ گېنېتىكىلىق ئاساسى بار، شۇنداقلا ساپىيانس گېنومى[52] چاشقانلارنىڭكىدىن مۇرەككەپ ئەمەس. (چاشقان گېنومىدا 2.5 مىليارد نۇكلېئوباز، ساپىيانس گېنومىدا 2.9 مىليارد باز بار ـ يەنى كېيىنكىسى پەقەت 14 پىرسەنت چوڭراق.)

ئوتتۇرا مەزگىلدە (بەلكىم بىرنەچچە ئون يىلدىن كېيىن) گېن قۇرۇلۇشى ۋە باشقا بىيولوگىيەلىك قۇرۇلۇش تېخنىكىلىرى بىزنىڭ پەقەت فىزىئولوگىيەمىز، ئىممۇنىتېت سىستېمىمىز ۋە ئۆمرىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي ۋە ھېسسىي ئىقتىدارلىرىمىزدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر گېن قۇرۇلۇشى «تالانتلىق چاشقان»لارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدىكەن، نېمىشقا تالانتلىق ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمىسۇن؟ ئەگەر ئۇ بىرلا جۈرىگە سادىق بولىدىغان دالا چاشقانلىرىنى يارىتالايدىكەن، نېمىشقا ئۆز جۈرىسىگە سادىق بولۇش گېنىغا ئىگە ئىنسانلارنى يارىتالمىسۇن؟

ھومو ساپىيانسنى ئەرزىمەس مايمۇندىن دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرغان ئەقىل ئىنقىلاۋى فىزىئولوگىيەدە ياكى ھەتتا ساپىيانس مېڭىسىنىڭ چوڭلۇقى ۋە تاشقى شەكلىدە ھېچقانداق كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلمىدى. بۇ پەقەت مېڭە ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى بىر قانچە كىچىك ئۆزگىرىشنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەلكىم يەنە بىر كىچىك ئۆزگىرىش ئىككىنچى ئەقىل ئىنقىلابىنى قوزغاپ، پۈتۈنلەي يېڭى بىر خىل ئاڭنى يارىتىپ، ھومو ساپىيانسنى پۈتۈنلەي باشقىچە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتەلىشى مۇمكىن.

راست، بىز تېخى بۇنىڭغا يېتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس، ئەمما بىزنى ئۈستۈن ئىنسانلارنى يارىتىشتىن توسىدىغان ۋە تېخنىكىلىق جەھەتتە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان مەسىلە يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئاساسلىق توسالغۇلار ئىنسانلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئاستىلاتقان ئەخلاقىي ۋە سىياسىي قارشىلىقلاردۇر. ئەخلاقىي پاكىتلار كىشىلەرنى قانچىلىك قايىل قىلسۇن، ئۇلارنىڭ كېيىنكى قەدەمنى ئۇزاققىچە توسۇپ تۇرالىشى تەس، بولۇپمۇ ئىنسان ئۆمرىنى چەكسىز ئۇزارتىش، داۋالىغىلى بولمايدىغان كېسەللەرنى يېڭىش، ئىدراكىي ۋە ھېسسىي ئىقتىدارلىرىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولغاندا ئۇ تېخىمۇ تەس.

مەسىلەن، ئەگەر بىز ساغلام كىشىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاش بىلەن بىرگە، دىۋەڭلىك كېسىلىگە داۋا تاپساق نېمە بولار؟ بىرەرسى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتنى توختىتالامدۇ؟ داۋا تېپىلغاندا، قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى ئۇنى دىۋەڭلىك كېسەللىرىگىلا چەكلەپ، ساغلام كىشىلەرنىڭ ئۈستۈن ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئېرىشىشىنى توسۇپ تۇرالامدۇ؟

بىئو قۇرۇلۇشنىڭ راستتىنلا نېئاندېرتاللارنى تىرىلدۈرەلەيدىغان ـ تىرىلدۈرەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ھومو ساپىيانسنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈشى مۇقەررەر.

---

[52] گېنوم (Genome) بىر جانلىقنىڭ بارلىق گېن ئۇچۇرلىرىنىڭ يىغىندىسى

گېنلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بىز هومو ساپىيانسنى شۇ دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىشىمىز مۇمكىنكى، بىز ئەمدى هومو ساپىيانس بولماي قالىمىز.

بىئونىك هايات

سايبورگ[53] ئىنژېنېرلىقى هايات قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان يەنە بىر يېڭى تېخنىكا. سايبورگلار ئورگانىك ۋە ئورگانىك بولمىغان قىسىملارنى بىرلەشتۈرگەن مەۋجۇداتلار بولۇپ، بىئونىك قوللۇق ئىنسانلار بۇنىڭ بىر مىسالى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، هازىر ھەممىمىز دېگۈدەك سايبورگ، چۈنكى بىزنىڭ تەبىئىي سېزىم ۋە فۇنكسىيەلىرىمىز كۆزئەينەك، يۈرەك تېزلەتكۈچ، ئورتوپېدىك بۇيۇملار، ھەتتا كومپيۇتېر ۋە يانفونلار (مېڭىمىزنىڭ مەلۇمات ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش يۈكىنى يېنىكلىتىدىغان) قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر بىلەن تولۇقلانماقتا. بىز ھەقىقىي سايبورگقا ئايلىنىش گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتىمىز، يەنى تېنىمىزدىن ئايرىغىلى بولمايدىغان، ئىقتىدارىمىز، ئىستەكلىرىمىز، خاراكتېرىمىز ۋە كىملىكىمىزنى ئۆزگەرتىدىغان ئورگانىك بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز.

ئامېرىكا ھەربىي تەتقىقات ئورگىنى بولغان دۆلەت مۇداپىئەسى ئىلغار تېخنىكا تەتقىقات ئورنى (DARPA) ھاشاراتلاردىن سايبورگ ياساۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى چىۋىن ياكى قوڭغۇزنىڭ بەدىنىگە ئېلېكترونلۇق چىپ، دېتېكتور ۋە پروسېسسورلارنى ئورنىتىپ، ئىنسان ياكى ئاپتوماتىك باشقۇرغۇچنىڭ ھاشاراتنىڭ ھەرىكىتىنى يىراقتىن كونترول قىلىشى، ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ھەم يەتكۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. بۇنداق چىۋىن دۈشمەن قارارگاھىنىڭ تېمىغا قونۇپ، ئەڭ مەخپىي سۆھبەتلەرنى تىڭشاپ، ئەگەر ئۆمۈچۈككە تۇتۇلۇپ قالمىسا، دۈشمەننىڭ نېمە پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىزگە دەلمۇ دەل يەتكۈزەلەيدۇ.

2006 ـ يىلى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى سۇ ئاستى ئۇرۇش مەركىزى سايبورگ ئاكۇلا يېتىلدۈرۈش پىلانىنى ئېلان قىلىپ: «مەركىزىمىز نېرۋا سىستېمىسىغا ئورنىتىلىدىغان قۇرۇلمىلار ئارقىلىق ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان بېلىق بەلگىسى يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ» دېدى. تەتقىقاتچىلار ئاكۇلالارنىڭ ئىنسان ياسىغان دېتېكتورلاردىن ئۈستۈن

---

[53] سايبورگ (cyborg) سۆزى سۈنئىي ئادەم مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئادەمنىڭ جىسمانى ۋە سۈنئىي تەرەققىيات (تېخنىكا، كومپيۇتېر، ئىنژېنېرلىق) ئارقىلىق ياسالغان قىسىملىرىنىڭ بىرلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ جىسمانى ۋە روھىي خۇسۇسىيەتلىرى سۈنئىي تەرەققىيات بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن ھالىتىمۇ سايبورگ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، تەنھەرىكەت ۋە سىگنالنى بەلگىلىگۈچى سۈنئىي قوراللار، ياكى تەننىڭ بىر قىسمىغا قوشۇلغان سۈنئىي ئەزا (مەسىلەن، سۈنئىي قول) سايبورگ دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

بولغان تەبىئىي ماگنىت بايقاش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، سۇ ئاستى كېمىلىرى ۋە مىنالار پەيدا قىلغان سۇ ئاستى ئېلېكتروماگنىت مەيدانلىرىنى بايقاشنى ئۈمىد قىلماقتا.

ساپىيانسلارمۇ سايبورگقا ئايلاندۇرۇلماقتا. ئەڭ يېڭى ئەۋلاد ئاڭلاش ئاپپاراتلىرى بەزىدە «بىئونىك قۇلاق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۈسكۈنە قۇلاقنىڭ تاشقى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىكروفون ئارقىلىق ئاۋازنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئاۋازلارنى سۈزۈپ، ئىنسان ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنى بىۋاسىتە مەركىزىي ئاڭلاش نېرۋىسىغا ۋە ئۇ يەردىن مېڭىگە يوللىنىدىغان ئېلېكتر سىگناللىرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىئانە قىلغان **Retina Implant** شىركىتى قارىغۇلارنىڭ قىسمەن كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغان تور پەردە پروتېزى يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ كۆزىگە كىچىك مىكروچىپ سېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فوتو ھۈجەيرىلەر كۆزگە چۈشكەن يورۇقلۇقنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنى تور پەردىدىكى ساق نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى قوزغايدىغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ھۈجەيرىلەردىن كەلگەن نېرۋا ئىمپۇلسلىرى مېڭىنى قوزغاپ، ئۇ يەردە كۆرۈش سېزىمىگە ئايلىنىدۇ. ھازىرقى تېخنولوگىيە كېسەللەرنىڭ بوشلۇقتا يۆنىلىش تېپىشى، ھەرپلەرنى پەرقلەندۈرۈشى، ھەتتا چىرايلارنى تونۇشىغا يول قويىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئېلېكتر تېخنىكى جېسسى سۇلليۋان 2001 ـ يىلىدىكى بىر ۋەقەدە ئىككى قولىنى مۈرىسىگىچە يوقاتقان. بۈگۈن ئۇ چىكاگو ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنستىتۇتى تەمىنلىگەن ئىككى بىئونىك قولنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. جېسسىنىڭ يېڭى قوللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار پەقەت ئوي ـ پىكىر بىلەنلا باشقۇرۇلىدۇ. جېسسىنىڭ مېڭىسىدىن كەلگەن نېرۋا سىگناللىرى مىكرو كومپيۇتېرلار تەرىپىدىن ئېلېكتر بۇيرۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ ۋە قوللار ھەرىكەتلىنىدۇ. جېسسى قولىنى كۆتۈرمەكچى بولغاندا، نورمال ئادەم ئاڭسىز قىلىدىغان ئىشنى قىلىدۇ ۋە قول كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ قوللار ئورگانىك قوللارغا قارىغاندا ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، جېسسىنىڭ ئاددىي كۈندىلىك پائالىيەتلەرنى قىلىشىغا ئىمكان بېرىدۇ. يېقىندا موتوسىكلىت ۋەقەسىدە قولىنى يوقاتقان ئامېرىكا ئەسكىرى كلاۋدىيا مىتچېلغىمۇ ئىبئونىك قول ئورنىتىلدى. ئالىملار يەنە ئىرادە بىلەنلا ھەرىكەتلىنىدىغان ئەمەس، مېڭىگە سىگنال قايتۇرالايدىغان، ھەتتا كېسىۋېتىلگەن ئەزالارنىڭ تۇيغۇ سېزىمىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان بىئونىك قوللارغا ئىگە بولىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىدۇ!

47. جېسسى سۇللىۋان ۋە كلاۋدىيا مىتچېل قول تۇتۇشۇپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ بىيونىك (تەقلىدىي) قوللىرىنىڭ ئەڭ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار ئوي-خىيال ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ.

ھازىرقى بۇ بىئونىك قوللار بىزنىڭ ئەسلى ئورگانىك قوللىرىمىزنىڭ ئاجىز ئورۇنباسارى، ئەمما ئۇلارنىڭ چەكسىز تەرەققىيات ئىمكانىيىتى بار. مەسىلەن، بىئونىك قوللارنى ئورگانىك قوللاردىن كۈچلۈك قىلىپ ياسىغىلى، ھەتتا بوكس چېمپىيونىنىمۇ ئاجىزدەك ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىئونىك قوللارنى بىر نەچچە يىلدا ئالماشتۇرغىلى ياكى تەندىن ئايرىپ يىراقتىن باشقۇرغىلى بولىدۇ.

شىمالىي كارولىنادىكى دۇك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىملىرى يېقىندا مېڭىسىگە ئېلېكترود ئورنىتىلغان رېسۇس مايمۇنلىرى بىلەن بۇنى نامايەن قىلدى. ئېلېكترودلار مېڭىدىن سىگناللارنى توپلاپ، تاشقى ئۈسكۈنىلەرگە يەتكۈزىدۇ. مايمۇنلار پەقەت ئوي ـ پىكىر بىلەنلا تەندىن ئايرىلغان بىئونىك قول ـ پۇتلارنى باشقۇرۇشقا كۆندۈرۈلگەن. ئاۋرورا ئىسىملىك بىر مايمۇن ئۆزىنىڭ ئىككى ئورگانىك قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايرىۋېتىلگەن بىئونىك قولىنى ئوي ـ پىكىر بىلەن باشقۇرۇشنى ئۆگەندى. ھىندى ئىلاھىغا ئوخشاش، ئاۋرورانىڭ ئەمدى ئۈچ قولى بار،ۋە ئۇنىڭ قوللىرى ئوخشىمىغان ئۆيلەردە ـ ھەتتا شەھەرلەردە بولالايدۇ. ئۇ شىمالىي كارولىنادىكى لابوراتورىيەدە ئولتۇرۇپ، بىر قولى بىلەن دۈمبىسىنى تاتىلاپ، ئىككىنچى قولى بىلەن بېشىنى قاشلاپ، ئۈچىنچى قولى بىلەن نيۇيوركتا

بىر باناننى ئوغرىلىيالايدۇ (گەرچە يىراقتىن تۇرۇپ ئوغرىلانغان مېۋىنى يېيىش تېخىچە چۈش بولسىمۇ). يەنە بىر رېسۇس مايمۇن ئىدويا 2008 ـ يىلى شىمالىي كارولىنادىكى ئورۇندۇقدا ئولتۇرۇپ، ياپونىيەنىڭ كيوتو شەھىرىدىكى بىر جۈپ بىئونىك پۇتنى ئوي ـ پىكىر بىلەن باشقۇرغاندا دۇنياغا تونۇلدى. بۇ پۇتلار ئىدويانىڭ ئېغىرلىقىدىن يىگىرمە ھەسسە ئېغىر ئىدى.

قۇلۇپلانغان سىندرومى شۇنداق بىر كېسەللىككى، كېسەل كىشى ئىدراكىي ئىقتىدارى ساقلانغان ھالدا، تېنىنىڭ ھەر قانداق قىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى تولۇق ياكى قىسمەن يوقىتىدۇ. بۇ سىندرومدىن ئازابلانغان كېسەللەر ھازىرغىچە تاشقى دۇنيا بىلەن پەقەت كىچىك كۆز ھەرىكەتلىرى ئارقىلىقلا ئالاقە قىلالايتتى. ھالبۇكى، بەزى كېسەللەرنىڭ مېڭىسىگە مېڭە سىگناللىرىنى توپلايدىغان ئېلېكترودلار ئورنىتىلدى. بۇنداق سىگناللارنى پەقەت ھەرىكەتلەرگىلا ئەمەس، يەنە سۆزلەرگىمۇ ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلمەكتە. ئەگەر تەجرىبىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، بىر ئۆيگە سولانغان كېسەللەر ئاخىرى تاشقى دۇنيا بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشەلەيدۇ، بىزمۇ ئاخىرىدا بۇ تېخنىكىنى باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئوقۇشقا ئىشلىتەلەيمىز.

ھازىر تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان بارلىق لايىھەلەر ئىچىدە، ئەڭ ئىنقىلابىي بولغىنى كومپيۇتېرلارنىڭ ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئېلېكتر سىگناللىرىنى ئوقۇشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مېڭە ئوقۇيالايدىغان سىگناللارنى يوللىشىغا يول قويىدىغان بىۋاسىتە ئىككى تەرەپلىمە مېڭە ـ كومپيۇتېر ئۇلانمىسىنى لايىھەلەش ئۈرۈنۈشىدۇر. ئەگەر بۇنداق ئۇلانمىلار مېڭىنى بىۋاسىتە ئىنتېرنېتقا، ياكى بىر قانچە مېڭىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاشقا ئىشلىتىلسە، شۇ ئارقىلىق مېڭىلەر ئارا تور ئالاقىسى يارىتىلسا نېمە بولار؟ ئەگەر مېڭە جامائەت خاتىرە ئامبىرىغا بىۋاسىتە ئۇلانسا، ئىنسان خاتىرىسى، ئىنسان ئېڭى ۋە ئىنسان كىملىكىگە نېمە بولار؟ بۇنداق ئەھۋالدا (مەسىلەن، بىر سايبورگ باشقا بىرسىنىڭ خاتىرىلىرىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ) ئۇلار ھەققىدە گەپ ئاڭلاش، تەرجىمىھالىنى ئوقۇش، ياكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭكىدەك بىۋاسىتە ئەسلەش كېرەك. مېڭىلەر جامائەتلەشكەندە، «مەن» ۋە جىنسىي كىملىك ئۇقۇملىرىغا نېمە بولىدۇ؟ ئەگەر چۈش سىزنىڭ مېڭىڭىزدە ئەمەس، بەلكى بىر جامائەتنىڭ ئارزۇ ـ ئامبىرىدا بولسا، ئۆزىڭىزنى قانداق بىلەلەيسىز ياكى چۈشىڭىزنىڭ كەينىدىن قانداق ماڭالايسىز؟

بۇنداق سايبورگ ئەمدى ئىنسان، ھەتتا ئورگانىك مەۋجۇداتمۇ بولمايدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر نەرسە بولىدۇ. ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن باشقا خىل مەۋجۇدات بولىدۇكى، بىز ئۇنىڭ پەلسەپىۋى، پىسخولوگىيەلىك ياكى سىياسىي تەسىرلىرىنى چۈشىنىشىمۇ يېتەلمەيمىز.

باشقا بىر ھايات

ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈچىنچى يولى پۈتۈنلەي ئورگانىك بولمىغان مەۋجۇداتلارنى ياساشتۇر. ئەڭ ئوچۇق مىساللار مۇستەقىل تەرەققىي قىلالايدىغان كومپيۇتېر پروگراممىلىرى ۋە كومپيۇتېر ۋىرۇسلىرىدۇر.

پروگراممىلاش ساھەسى بۈگۈنكى كومپيۇتېر دۇنياسىدىكى ئەڭ قىزىقارلىق نۇقتىلارنىڭ بىرى. ئۇ گېنېتىك تەرەققىيات ئۇسۇللىرىنى دوراشقا ئۇرۇنىدۇ. نۇرغۇن پروگراممىستلار ياراتقۇچىسىدىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل ھالدا ئۆگىنەلەيدىغان ۋە تەرەققىي قىلالايدىغان پروگراممىا يارىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، پروگراممىست تۇنجى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ياراتقىنى ياراتقۇچىسى ياكى باشقا ھەر قانداق ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان يۆنىلىشلەردە ئەركىن تەرەققىي قىلالايدۇ.

بۇنداق پروگراممىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئاللىقاچان مەۋجۇت، ئۇ كومپيۇتېر ۋىرۇسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنتېرنېت ئارقىلىق تارقىلىۋاتقاندا، ۋىرۇس ئۆزىنى مىليونلارچە قېتىم كۆپەيتىدۇ، شۇ جەرياندا ئانتىۋىرۇس پروگراممىلىرىنىڭ ئوۋلىشىغا ئۇچراپ، تور بوشلۇقىدىكى ئورۇن ئۈچۈن باشقا ۋىرۇسلار بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. بىر كۈنى ۋىرۇس ئۆزىنى كۆپەيتكەندە خاتالىق يۈز بېرىدۇ، كومپيۇتېرلاشقان مۇتاتسىيە دېگىنىمىز ئەنە شۇ. بەلكىم بۇ مۇتاتسىيە ئىنسان ئىنژېنېرىنىڭ ۋىرۇسنى ئاربلاپ تاساددىپىي كۆپىيىش خاتالىقى ئۆتكۈزۈشكە پروگراممىلىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم مۇتاتسىيە تاساددىپىي خاتالىقتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر تاساددىپىي ھالدا، ئۆزگەرتىلگەن ۋىرۇس باشقا كومپيۇتېرلارغا كىرىش ئىقتىدارىنى يوقاتماي تۇرۇپ، ئانتىۋىرۇس پروگراممىلىرىدىن قېچىشتا تېخىمۇ ئۇستا بولسا، ئۇ تور بوشلۇقىدا تارقىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، مۇتانتلار ھايات قالىدۇ ۋە كۆپىيىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، تور دۇنياسى ھېچكىم ياسىمىغان ۋە ئورگانىك بولمىغان تەدرىجىي تەرەققىياتقا ئۇچرايدىغان يېڭى ۋىرۇسلار بىلەن تولىدۇ.

بۇلار جانلىق مەخلۇقلارمۇ؟ بۇ سىزنىڭ «جانلىق مەخلۇقلار» دېگەننى قانداق چۈشىنىشىڭىزگە باغلىق. ئۇلار شۈبھىسىزكى ئورگانىك تەرەققىياتنىڭ قانۇن ۋە چەكلىمىلىرىدىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولغان يېڭى بىر تەرەققىيات جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن.

يەنە بىر ئىمكانىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ ـ مېڭىڭىزنى كۆچمە قاتتىق دىسكىغا زاپاسلاپ، ئاندىن ئۇنى كومپيۇتېرىڭىزدا ئىشلىتەلەيدىغان بولسىڭىز قانداق بولار؟ سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىز خۇددى ساپىيانسقا ئوخشاش ئويلىيالامدۇ ۋە ھېس قىلالامدۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇ سىزمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ؟ ئەگەر كومپيۇتېر پروگراممىستلىرى پۈتۈنلەي يېڭى ئەمما رەقەملىك، كومپيۇتېر كودىدىن تەركىب تاپقان، ئۆزلۈك تۇيغۇسى، ئاڭ ـ سەزگۈسى ۋە خاتىرىسى بار مېڭە يارىتالىسىچۇ؟ ئەگەر سىز پروگراممىنى كومپيۇتېرىڭىزدا ئىجرا قىلسىڭىز، ئۇ بىر ئادەم بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتسىڭىز، سىزگە قاتىللىق جىنايىتى ئارتىلامدۇ؟

بىز بۇنداق سوئاللارنىڭ جاۋابىنى پات يېقىندا بىلەلىشىمىز مۇمكىن. 2005 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىنسان مېڭىسى لايىھەسى كومپيۇتېردىكى ئېلېكترونلۇق زەنجىرلەرنىڭ مېڭىدىكى نېرۋا تورلىرىنى دورىشى ئارقىلىق، كومپيۇتېر ئىچىدە تولۇق بىر ئىنسان مېڭىسىنى قايتا يارىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لايىھە باشلىقى، «ئەگەر مۇۋاپىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەنسە، ئون ياكى يىگىرمە يىل ئىچىدە كومپيۇتېر ئىچىدە خۇددى ئىنساندەك سۆزلىيەلەيدىغان ۋە ھەرىكەت قىلالايدىغان سۈنئىي ئىنسان مېڭىسىگە ئىگە بولالايمىز» دەپ جاكارلىدى. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، بۇ 4 مىليارد يىل ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ كىچىك دۇنياسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ھاياتنىڭ تۇيۇقسىز ئورگانىك بولمىغان كەڭ ساھەگە چىقىپ، بىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي خىياللىرىمىزدىنمۇ ھالقىغان شەكىللەرنى ئېلىشقا تەييار بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بارلىق ئالىملار مېڭىنىڭ بۈگۈنكى رەقەملىك كومپيۇتېرلارغا ئوخشاش ئۇسۇلدا ئىشلەيدىغانلىقىغا قوشۇلمايدۇ، ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ھازىرقى كومپيۇتېرلار ئۇنى تەقلىد قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، سىناپ كۆرۈشتىن بۇرۇن بۇ ئىمكانىيەتنى قەتئىي رەت قىلىش ئەخمەقانىلىك بولىدۇ. 2013 ـ يىلى بۇ لايىھە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن 1 مىليارد ياۋرو مەبلەغ ئالدى.

يالغۇزلۇق

2014 ـ يىلدىكى دۇنيا ئاللىقاچان مەدەنىيەتلەر بىئولوگىيەنىڭ كىشەنلىرىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋاتقان دۇنيا بولۇپ قالدى. بىزنىڭ پەقەت ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانىلا ئەمەس، ئاساسلىقى تېنىمىز ۋە مېڭىمىز ئىچىدىكى دۇنيانى لايىھەلەش ئىقتىدارىمىز تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلماقتا. بارغانسېرى كۆپ پائالىيەت ساھەلىرى ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۇسۇللىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولماقتا. ئادۋوكاتلار شەخسىي مەخپىيەتلىك ۋە كىملىك مەسىلىلىرىنى قايتا ئويلىنىشقا؛ ھۆكۈمەتلەر ساقلىقنى ساقلاش ۋە تەڭلىك مەسىلىلىرىنى قايتا ئويلىنىشقا؛ تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ۋە مائارىپ ئورۇنلىرى ئادىل مۇسابىقە ۋە نەتىجىلەرنى قايتا ئېنىقلاشقا؛ پېنسىيە فوندلىرى ۋە ئەمگەك بازارلىرى 60 ياش يېڭى 30 ياش بولۇپ قالغان دۇنياغا ماسلىشىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىئو ـ قۇرۇلۇش، سايبورگلار ۋە ئورگانىك بولمىغان ھايات قاتارلىق چىگىش مەسىلىلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك.

تۇنجى ئىنسان گېنومىنى خەرىتىلەش 15 يىل ۋە 3 مىليارد دوللار تەلەپ قىلغان. بۈگۈن سىز بىر ئادەمنىڭ DNA سىنى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە ۋە بىر قانچە يۈز دوللار خىراجەت بىلەن خەرىتىلىيەلەيسىز. شەخسىيلەشتۈرۈلگەن مېدىتسىنا ـ داۋالاشنى DNA غا ماسلاشتۇرىدىغان مېدىتسىنا دەۋرى باشلاندى. ئائىلە دوختۇرى پات يېقىندا سىزگە جىگەر راكى خەۋپىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، يۈرەك كېسەللىكىدىن ئانچە ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئېيتالايدۇ. ئۇ 92 پىرسەنت كىشىگە پايدىلىق بولغان

مەشھۇر دورىنىڭ سىزگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا نۇرغۇن كىشىگە ئۆلۈم ئېلىپ كېلىدىغان ئەمما سىزگە ماس كېلىدىغان باشقا بىر دورىنى ئىچىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئېنىقلىيالايدۇ. مۇكەممەلگە يېقىن مېدىتسىنا يولى ئالدىمىزدا تۇرماقتا.

شۇنداقتىمۇ، مېدىتسىنا بىلىملىرىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن يېڭى ئەخلاقىي چىگىش مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەخلاقشۇناسلار ۋە قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى ئاللىقاچان DNA غا مۇناسىۋەتلىك شەخسىي مەخپىيەتلىك مەسىلىسى بىلەن جىددىي كۈرەش قىلماقتا. تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى DNA تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتىنىڭ جىنسى، بويى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى بىلەلەيدۇ. ئەمما بۇ ئۆچۈرلارنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟ سۇغۇرتا شىركەتلىرى بىزنىڭ DNA تەسۋىرىمىزنى تەلەپ قىلىپ، خەتەرلىك ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن گېنېتىك مايىللىقنى بايقىسا، سۇغۇرتا تۆلىمىنى ئۆستۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولامدۇ؟ پوتېنسىيال خىزمەت بەرگۈچىلەرگە خىزمەت تەرجىمىھالىمىزنىڭ ئورنىغا DNA مىزنى يوللىشىمىز تەلەپ قىلىنامدۇ؟ خىزمەت بەرگۈچى DNA سى ياخشىراق كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن بىر نامزاتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالامدۇ؟ ياكى بۇنداق ئەھۋاللاردا «گېنېتىك كەمسىتىش» دەپ دەۋا قىلالامدۇ؟ يېڭى بىر مەخلۇق ياكى يېڭى بىر ئەزانى ياراتقان شىركەت ئۇنىڭ DNA زەنجىرىگە پاتېنت تىزىملىتالامدۇ؟ مەلۇم بىر توخۇغا ئىگىدارچىلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئېنىق، ئەمما پۈتۈن بىر تۈرگە ئىگىدارچىلىق قىلغىلى بولامدۇ؟

بۇنداق چىگىش مەسىلىلەر گىلگامىش لايىھەسى ۋە بىزنىڭ كامىل ئىنسانلارنى يارىتىش كۆچىمىزنىڭ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەسىرلىرى ئالدىدا كىچىك مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى، ھۆكۈمەت مېدىتسىنا پروگراممىلىرى، دۆلەت ساغلاملىق سۇغۇرتا پروگراممىلىرى ۋە دۆلەت ئاساسىي قانۇنلىرى جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئادىل مېدىتسىنا مۇئامىلىسى قىلىشى ۋە ئۇلارنى نىسبەتەن ياخشى ساغلاملىق ھالىتىدە ساقلىشى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مېدىتسىنا ئاساسلىقى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەللەرنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە بۇ ياخشى ئىدى. ئەمما مېدىتسىنا ئىنسان ئىقتىدارلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتسە نېمە بولىدۇ؟ بارلىق ئىنسانلار بۇنداق كۈچەيتىلگەن ئىقتىدارلارغا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولامدۇ، ياكى يېڭى بىر كامىل ئىنسان قوشۇنى شەكىللىنەمدۇ؟

كېيىنكى زامانئۋى دۇنيايىمىز تارىختا تۇنجى قېتىم بارلىق ئىنسانلارنىڭ تەڭ باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئەمما ئۇ تارىختىكى ئەڭ تەڭسىز جەمئىيەتنى يارىتىشقا تەييارلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تارىخ بويىچە، يۇقىرى تەبىقىلەر ھەمىشە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەردىن ئەقىللىقراق، كۈچلۈكرەك ۋە ئومۇمەن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئالدايلا كەلگەن. نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بوۋاقمۇ شاھزادىلەرگە ئوخشاش ئەقىللىق بولالايدۇ. يېڭى مېدىتسىنا

ئىقتىدارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ دەۋالىرى پات يېقىندا ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن.

بۇ ئىلمىي فانتازىيە ئەمەس. كۆپىنچە ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىلىرى بىزگە ئوخشاش ساپىيانسلار يورۇقلۇق تېزلىكىدىكى ئالەم كېمىلىرى ۋە لازېر قوراللىرىغا ئوخشاش ئۈستۈن تېخنىكىلاردىن بەھرىمەن بولىدىغان دۇنيانى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ھېكايىلەردىكى ئەخلاقىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت ھېسسىي ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىمىزنى كەلگۈسىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا قايتا ئىجرا قىلىدۇ. ئەمما كەلگۈسى تېخنىكىنىڭ ھەقىقىي كۈچى قوراللىرىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى ھومو ساپىيېنىنىڭ ئۆزىنى، جۈملىدىن بىزنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىمىز ۋە ئىستەكلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشتە كۆرۈلىدۇ. قېرىمايدىغان، كۆپەيمەيدىغان، جىنسىي ئىستەكلىرى يوق، باشقا مەۋجۇداتلار بىلەن ئوي-پىكىرلەرنى بىۋاستە ئورتاقلىشالايدىغان، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئەسلەش ئىقتىدارى بىزنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە كۈچلۈك، غەزەپلەنمەيدىغان ياكى قايغۇرمايدىغان، ئەمما بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ھېس-تۇيغۇ ۋە ئىستەكلەرگە ئىگە سايبورگقا سېلىشتۇرغاندا، ئالەم كېمىسى ھېچنېمە ئەمەس.

ئىلمىي فانتازىيە بۇنداق كەلگۈسىنى كام تەسۋىرلەيدۇ، چۈنكى توغرا تەسۋىر ئېنىقلىما بويىچە چۈشىنىكسىز. دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنسان مودېلى بولغان سايبورگنىڭ ھاياتى ھەققىدە فىلىم ئىشلەش نېئاندېرتال تاماشىبىنلار ئۈچۈن «ھاملېت»نى قويۇشقا ئوخشايدۇ. دەرۋەقە، كەلگۈسىدىكى دۇنيانىڭ خوجايىنلىرى بىز بىلەن نېئاندېرتاللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىنمۇ بەكرەك بىزدىن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. بىز ۋە نېئاندېرتاللار ھېچ بولمىغاندا ئىنسان بولساق، بىزنىڭ ۋارىسلىرىمىز ئىلاھقا ئوخشاش بولىدۇ.

فىزىكا ئالىملىرى چوڭ پارتلاشقا يەككە ھادىسە دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ. بۇ بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق تەبىئەت قانۇنلىرى مەۋجۇت بولمىغان نۇقتا. ۋاقىتمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭا چوڭ پارتلاشتىن «ئىلگىرى» بىرەر نەرسە مەۋجۇت ئىدى دېيىشمۇ ئاقمايدۇ. بىز يېڭى بىر يالغۇزلۇققا تېز يېقىنلىشىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن، بۇ چاغدا دۇنيايىمىزغا مەنە بېرىدىغان بارلىق ئۇقۇملار ــ مەن، سىز، ئەرلەر، ئاياللار، مۇھەببەت ۋە نەپرەت - مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق ئىش بىزگە مەنىسىز تۇيۇلىدۇ.

فرانكېنستېيىن پەيغەمبەرلىكى

1818-يىلى مارى شېللېي «فرانكېنستېيىن» نى نەشر قىلدى. بۇ بىر سۈنئىي مەۋجۇداتنى ياراتقان، ئەمما ئۇ كونتروللۇقتىن چىقىپ ۋەيرانچىلىق كەلتۈرگەن بىر ئالىمنىڭ ھېكايىسى. كېيىنكى ئىككى ئەسىردە، ئوخشاش ھېكايە سانسىز نۇسخىلاردا قايتا-قايتا سۆزلەندى. ئۇ بىزنىڭ يېڭى ئىلمىي ئەپسانىلىرىمىزنىڭ تايانچ نۇقتىسىغا ئايلاندى. دەسلەپتە،

فرانكېنستېيىن ھېكايىسى بىزنى ئەگەر خۇدا بولۇشقا ئۇرۇنۇپ ھاياتنى قايتا لايىھەلىسەك قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ھېكايىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىسى بار.

فرانكېنستېيىن ئوبرازى ھومو ساپىيانسنى ئاخىرقى كۈنلەرنىڭ تېز يېقىنلىشىۋاتقانلىقى بىلەن يۈزلەشتۈرىدۇ. ئەگەر يادرو ياكى ئېكولوگىيەلىك ئاپەت يۈز بەرمىسە، ھېكايە شۇنداق داۋاملىشىدۇ، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى پات يېقىندا ھومو ساپىيانسنىڭ پەقەت جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي باشقىچە تونۇش ۋە ھېسسىي دۇنياغا ئىگە بولغان مەۋجۇداتلار بىلەن ئالمىشىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ كۆپىنچە ساپىيانسلارنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدىغان بىر ئىش. بىز كەلگۈسىدە بىزگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ تېز ئۇچىدىغان ئالەم كېمىلىرىدە سەييارىدىن سەييارىغا ساياھەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى ياقتۇرىمىز. بىز كەلگۈسىدە بىزگە ئوخشاش ھېس ـ تۇيغۇ ۋە كىملىكلەرگە ئىگە مەخلۇقلارنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى، ئېھتىمال بىزنىڭ ئورنىمىزنى ئىقتىدارلىرىمىزنى كىچىك كۆرسىتىدىغان ماددىي ھايات شەكىللىرىنىڭ ئالىدىغانلىقىنى ئويلاشنى ياقتۇرمايمىز.

بىز دوكتور فرانكېنستېيىننىڭ قورقۇنچلۇق بىر ئالۋاستى ياراتقانلىقى، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى يوقىتىشىمىز كېرەكلىكى ئىدىيەسىدىن قانداقتۇر تەسەللى تاپىمىز. بىز ھېكايىنى شۇنداق سۆزلەشنى ياقتۇرىمىز، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىكەنلىكىمىزنى، بىزدىن ياخشىراق جانلىق تۈرى بولمىغانلىقى ۋە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنى ياخشىلاشقا قىلىنغان ھەر قانداق ئۇرۇنۇش چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، چۈنكى ئىنسان تېنىنى ياخشىلىغىلى بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىغا تەگكىلى بولمايدۇ.

ئالىملارنىڭ روھلارنى تەنلەرگە ئوخشاشلا لايىھەلىيەلەيدىغانلىقى، كەلگۈسىدىكى دوكتور فرانكېنستېيىنلارنىڭ روھىنىڭ بىزدىن ھەقىقەتەن ئۈستۈن ئىكەنلىكى، بىزگىمۇ خۇددى بىز نېئاندېرتاللارغا قارىغاندەك كەمسىتىش بىلەن قارايدىغان بىر نەرسە يارىتالايدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىش بىزگە قىيىن بولىدۇ.

بۈگۈنكى فرانكېنستېيىنلارنىڭ بۇ پەيغەمبەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ـ ئاشۇرالمايدىغانلىقىغا جەزم قىلالمايمىز. كەلگۈسى نامەلۇم، شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى بىر قانچە بەتتىكى مۆلچەرلەر تولۇق ئەمەلگە ئاشسا ھەيران قالارلىق بولاتتى. تارىخ بىزگە شۇنى ئۆگەتتىدۇكى، كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغاندەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلمىغان توسالغۇلار تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشماسلىقى مۇمكىن، ۋە باشقا تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان سىنارىيەلەر ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىدۇ. 1940 ـ يىللاردا يادرو دەۋرى پارتلىغاندا، 2000 ـ يىلدىكى كەلگۈسى يادرو دۇنياسى ھەققىدە نۇرغۇن مۆلچەرلەر قىلىنغان. سپۇتنىك ۋە ئاپوللو 11 دۇنيانىڭ خىيالىنى قوزغىغاندا، ھەممەيلەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كىشىلەر مارس ۋە پلۇتوندىكى ئالەم مۇستەملىكىلىرىدە ياشايدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن. بۇ مۆلچەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ئەمەلگە ئاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېچكىم ئىنتېرنېتنى ئالدىن كۆرەلمىگەن.

شۇڭا رەقەملىك مەۋجۇداتلار تەرىپىدىن ئەرز قىلىنىشقا قارشى جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى سېتىۋېلىشقا ئالدىرىماڭ. يۇقىرىقى خىياللار (ياكى قورقۇنچلۇق چۈشلەر) پەقەت خىيالىڭىزنى قوزغايدىغان تۈرتكىلەردۇر. بىزنىڭ جىددىي قارىشىمىز كېرەك بولغىنى، تارىخنىڭ كېيىنكى باسقۇچىنىڭ پەقەت تېخنىكىلىق ۋە تەشكىلىي ئۆزگىرىشلەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسان ئېڭى ۋە كىملىكىدىكى ئاساسىي ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئىدىيەسىدۇر. بۇلار «ئىنسان» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزىگە سوئال قويىدىغان ئاساسىي ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن. يەنە قانچىلىك ۋاقتىمىز بار؟ ھېچكىم راستىنلا بىلمەيدۇ. ئاللىقاچان تىلغا ئېلىنغاندەك، بەزىلەر 2050 ـ يىلىغا كەلگەندە بىر قىسىم ئىنسانلار ئاللىقاچان ئۆلمەس بولىدۇ دەيدۇ. تېخىمۇ كونسېرۋاتىپ مۆلچەرلەر كېيىنكى ئەسىر ياكى كېيىنكى مىڭ يىلنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما 70،000 يىللىق ساپىيانس تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر قانچە مىڭ يىل ھېچنېمە ئەمەس.

ئەگەر ساپىيانس تارىخىنىڭ پەردىسى راستىنلا چۈشەي دەپ قالغان بولسا، بىز ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئاخىرقى بىر سوئالغا جاۋاب بېرىشكە بىرئاز ۋاقىت ئاجرىتىشىمىز كېرەك: بىز نېمىگە ئايلىنىشنى خالايمىز؟ بەزىدە «ئىنسانىي كۈچەيتىش» سوئالى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ سوئال، ھازىر سىياسىيونلار، پەيلاسوپلار، ئالىملار ۋە ئاددىي خەلقنى مەشغۇل قىلىۋاتقان مۇنازىرىلەردىن كۆپ مۇھىم. ئاخىرى كېلىپ، بۈگۈنكى دىنلار، ئىدېئولوگىيەلەر، دۆلەتلەر ۋە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى بۈگۈنكى مۇنازىرىلەر ئېھتىمال ھومو ساپىيانس بىلەن بىللە يوقىلىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ۋارىسلىرىمىز راستىنلا باشقىچە بىر ئاڭ سەۋىيەسىدە ئىش قىلسا (ياكى بەلكىم بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاڭدىن ھالقىغان بىر نەرسىگە ئىگە بولسا)، خرىستىئان دىنى ياكى ئىسلامنىڭ ئۇلارغا قىزىقارلىق تۇيۇلۇشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتىنىڭ كوممۇنىستىك ياكى كاپىتالىستىك بولالىشى، ياكى ئۇلارنىڭ جىنسىنىڭ ئەر ياكى ئايال بولالىشى گۇمانلىق.

شۇنداقتىمۇ تارىختىكى چوڭ مۇنازىرىلەر مۇھىم، چۈنكى ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىلاھلارنىڭ تۇنجى ئەۋلادى ئۇلارنىڭ ئىنسان لايىھىلىگۈچىلىرىنىڭ مەدەنىي ئىدىيەلىرى بىلەن شەكىللىنىدۇ. ئۇلار كاپىتالىزم، ئىسلام ياكى فېمىنىزمنىڭ ئوبرازىدا يارىتىلامدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

كۆپىنچە كىشىلەر بۇ ھەقتە ئويلاشنى خالىمايدۇ. ھەتتا بىئوئېتىكا ساھەسىمۇ باشقا بىر سوئالنى، يەنى «نېمىنى قىلىش چەكلىنىدۇ؟» دېگەن سوئالنى مۇھاكىمە قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. ھايات ئىنسانلار ئۈستىدە گېنېتىكىلىق تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىش قوبۇل قىلىنامدۇ؟ چۈشۈپ كەتكەن ھامىلىلەردىچۇ؟ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىدىچۇ؟ قوي كلونلاش ئەخلاقىچۇ؟ شىمپانزىلارچۇ؟ ئىنسانلارچۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم سوئاللار، ئەمما ھومو ساپىيانسنى باشقىچە بىر مەۋجۇداتقا كۆتۈرۈۋاتقان ئىلمىي لايىھەلەرنى پەقەت توختىتىپ قويالايمىز دەپ ئويلاش ساددىلىق. چۈنكى بۇ لايىھەلەر گىلگامېش لايىھەسى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن.

ئالىملاردىن نېمە ئۈچۈن گېنومنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى، مېڭىنى كومپيۇتېرغا تۇتاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى ياكى كومپيۇتېر ئىچىدە ئەقىل يارىتىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى سوراڭ. ئۇن قېتىمنىڭ توققۇزىدا سىز ئوخشاش ئۆلچەملىك جاۋابنى ئالىسىز: بىز كېسەللەرنى داۋالاش ۋە ئىنسان هاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇنى قىلىۋاتىمىز. كومپيۇتېردا ئەقىل يارىتىشنىڭ تەسىرلىرى پسىخىكىلىق كېسەللەرنى داۋالاشتىن كۆپ دراماتىك بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاقلىنىدۇ، چۈنكى هېچكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ. شۇڭا گىلگامېش لايىهەسى پەننىڭ بايراق كېمىسى. ئۇ پەننىڭ قىلغان هەممە ئىشىنى ئاقلايدۇ. دوكتور فرانكېنستېين گىلگامېشنىڭ مۈرىسىگە مىنىۋالىدۇ. گىلگامېشنى توختىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، دوكتور فرانكېنستېيننىمۇ توختىتىش مۇمكىن ئەمەس.

بىز قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىش ئالىملارنىڭ ئېلىۋاتقان يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشتۇر. بىز پات يېقىندا ئىستەكلىرىمىزنىمۇ لايىهەلىيەلەيدىغان بولغاچقا، بەلكىم بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى هەقىقىي سوئال «بىز نېمىگە ئايلىنىشنى خالايمىز؟» ئەمەس، بەلكى «بىز نېمىنى خالاشنى خالايمىز؟» بولۇشى مۇمكىن. بۇ سوئالدىن چۆچۈمەيدىغانلار ئېهتىمال ئۇنىڭ ئۈستىدە يېتەرلىك ئويلانمىغان.

خاتىمە: ئىلاهقا ئايلانغان هايۋان

70،000 يىل ئىلگىرى، هومو ساپيېنس تېخى ئافرىقىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان ئەرزىمەس هايۋان ئىدى. كېيىنكى مىڭ يىللاردا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈن سەييارىنىڭ خوجايىنى ۋە ئېكوسىستېمىنىڭ تەهدىتكارىغا ئايلاندۇردى. بۈگۈن ئۇ ئىلاهقا ئايلىنىش گىرۋىكىدە تۇرۇۋېتىۇ، ئۇ پەقەت مەڭگۈلۈك ياشلىقنىلا ئەمەس، بەلكى يارىتىش ۋە ۋەيران قىلىشتەك ئىلاهىي ئىقتىدارلارنىمۇ ئىگىلىمەكچى.

بەختكە قارشى، ساپيېنسنىڭ يەر يۈزىدىكى هۆكۈمرانلىقى هازىرغىچە بىز پەخىرلىنەلىگۈدەك ئاز نەرسە ياراتتى. بىز ئەتراپىمىزنى كونترول قىلدۇق، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى كۆپەيتتۇق، شەهەرلەر قۇردۇق، ئىمپېرىيەلەر قۇردۇق ۋە يىراق ـ يېقىن سودا تورلىرىنى بەرپا قىلدۇق. ئەمما بىز دۇنيادىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ مىقدارىنى ئازايتتۇقمۇ؟ ئىنسان كۈچىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى ئايرىم ساپيېنسلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى مۇقەررەر هالدا ياخشىلىمىدى ۋە باشقا هايۋانلارغا زور ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى.

يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدا، بىز ئاخىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەهۋالىغا مۇناسىۋەتلىك هەقىقىي ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئاچارچىلىق، ۋابا ۋە ئۇرۇشلار ئازايدى. ئەمما باشقا هايۋانلارنىڭ ئەهۋالى بۇرۇنقىدىنمۇ تېز ناچارلاشماقتا، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىدىكى ياخشىلىنىشمۇ تېخى يېقىنقى مەزگىلدىكى ئىش بولۇپ، مۇقىم ئەمەس.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسانلارنىڭ قىلالايدىغان ھەيران قالارلىق ئىشلىرىغا قارىماي، بىز يەنىلا نىشانلىرىمىزغا يېتەلمەيدىغاندەك ۋە بۇرۇنقىدەكلا نارازى كۆرۈنىمىز. بىز قولۋاقتىن پالاق كېمىگە، پالاق كېمىدىن پار كېمىگە، پار كېمىدىن ئالەم كېمىسىگە تەرەققىي قىلدۇق، ئەمما ھېچكىم قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيدۇ. بىز بۇرۇنقىدىن بەكرەك كۈچلۈك، ئەمما بۇ كۈچنى نەگە ئىشلىتىشنى ئانچە بىلمەيمىز. تېخىمۇ يامىنى، ئىنسانلار بۇرۇنقىدىنمۇ مەسئۇلىيەتسىز كۆرۈنىدۇ. بىز پەقەت فىزىكا قانۇنلىرى ھەمراھ بولغان، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ياراتقان ئىلاھلار بولۇپ، بىز ھېچكىمگە جاۋابكار ئەمەس. نەتىجىدە بىز ئۆيدىكى ھايۋانلىرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئېكوسىستېمىغا ۋەيرانچىلىق سېلىۋاتىمىز، پەقەت ئۆز راھىتىمىز ۋە كۆڭۈل ئېچىشىمىزنى ئىزدەۋاتىمىز، ئەمما ھەرگىز قانائەت تاپالمايۋاتىمىز.

نېمىنى خالايدىغانلىقنى بىلمەيدىغان، ھەممىدىن نارازى ۋە مەسئۇلىيەتسىز ئىلاھلاردىن خەتەرلىكرەك نەرسە بارمۇ؟

ئاپتور پايدىلانغان مۇھىم مەنبەلەر:

1. ئانن گىببونس(**Ann Gibbons**) ، «تەپەككۇر ئۇچقۇن ئوزۇق: تۇنجى پىشۇرۇلغان تائاملار ئىنسان مېڭىسىنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەدرىجىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانمۇ؟» **Science** ژۇرنىلى (2007 ـ يىل)، 1558 ـ 1560 ـ بەتلەر.

2. روبىن دۇنبار(**Robin Dunbar**) ، «غەيۋەت ۋە تىلنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى» (كەمبرىج، ماسساچۇسېتس: خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىل).

3. فرانس دې ۋائال(**Frans de Waal**) ، «شىمپەنزىلەر سىياستى: مايمۇنلار ئارىسىدىكى ھوقۇق ۋە جىنسىيەت» (بالتىمور: جون خوپكىنس ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىل).

4. كرىستوفېر رايان (**Christopher Ryan**) ۋە كاسلدا جېتا (**Cacilda Jetha**)، «دەسلەپكى دەۋردىكى جىنسىيەت: زامانىۋى جىنسىيەتنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەنبەسى» (نيۇ ـ يورك: خارپېر نەشرىياتى، 2010 ـ يىل).

5. برايان خېر(**Brian Hare**) ، «ئىتلارنىڭ تالانتى: ئىتلار سىز ئويلىغاندىنمۇ ئەقىللىق» (دۇتتون: پىنگۇين گۇرۇھى، 2013 ـ يىل).

6. جارېد دايموند(**Jared Diamond**) ، «مىلتىق، مىكروب ۋە پولات: ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ تەقدىرى»، نيۇ ـ يورك **W. W. Norton**: نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.

7. داۋىد گرېبېر(**David Graeber**) ، «قەرز: دەسلەپكى 5000 يىل» (برۇكلىن، نيۇ ـ يورك: مېلۋىل ئۆيى، 2011 ـ يىل).

8. نىيال فېرگۇسون(**Niall Ferguson**) ، «پۇلنىڭ قەد كۆتۈرۈشى» (نيۇ ـ يورك: پىنگۋىن نەشرىياتى، 2008 ـ يىل).

9. داۋىد كرىستىيان(**David Christian**) ، «ۋاقىت خەرىتىسى: چوڭ تارىخقا كىرىش» (بېركلېي: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل)، 344 ـ 345 ـ بەتلەر.

10. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تىنچلىق توغرىسىدىكى تەپسىلىي مۇھاكىمىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە كۆرۈڭ: ستىۋېن پىنكېر(**Steven Pinker**) ، «تەبىئىتىمىزدىكى ياخشى پەرىشتىلەر: زوراۋانلىق نېمە ئۈچۈن ئازايدى» (نيۇ ـ يورك: ۋىكىڭ نەشرىياتى، 2011 ـ يىل).

11. دانىيېل كانېمان(**Daniel Kahneman**) ، »تېز ۋە ئاستا تەپەككۇر قىلىش» (نيۇ ـ يورك: فاررار، ستراۋس ۋە گىرۇكس نەشرىياتى، 2011 ـ يىل).

12. مىگۇئېل نىكولېلىس (**Miguel Nicolelis**)، «چېگرادىن ھالقىش: مېڭە بىلەن ماشىنىنى تۇتاشتۇرۇشنىڭ يېڭى نېرۋا ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىمىزنى قانداق ئۆزگەرتىدىغانلىقى» (نيۇ ـ يورك: تايمىس كىتابلىرى، 2011 ـ يىل).

(مەركۇز كىتاب ئاپتورنىڭ 2014-يىل نەشر قىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. نەشر ھوقۇقى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن رەسمىي نەشر قىلىندۇ. كۆچۈرۈپ تارقىتىش قەتئىي مەنئىي قىلىندۇ)